# ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما



ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما

(پوۋېستلار)

مىللەتلەر نەشرىياتى



ئاپتور چىڭغىز ئايتماتوۋ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# مۇندەرىجە

جەملە ........................................ 1

سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم ........................ 98

بىرىنچى مۇئەللىم ............................. 273

يەر ئانا ....................................... 367

# جەملە

هەر دائىم بىر ياققا يولغا چىقىش ۋاقتىدا مەن رامكىسى ئاددى ياغاچتىن ياسالغان، چاققانغىنە رەسىمنىڭ ئالدىغا كېلىپ بىر دەم تۇرۇۋالاتتىم. ئەتە مەن ئايىلغا① ماڭىدىغانلىغىمدىن، ئاق يول تىلەپ دۇئا قىلىسىكەن دېگەندەك، بۈگۈنمۇ بۇ رەسىمگە ئۇزاقىچە كۆز ئۈزمەي قاراپ كەتتىم.

مۇشۇ كەمگىچە بۇ رەسىمنى ھېچبىر كۆرگەزمىلەرگىمۇ بەرمىگەن ئىدىم. كۆرگەزمىگە بېرىش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، ئايىلدىن تۇققانلىرىم مېنى يوقلاپ كەلگەندىمۇ، ئۇنى ئۇلارنىڭ كۆزىدىن نېرى قىلىپ يوشۇرۇپ قوياتتىم. ئىش يۈزىدە، بۇنىڭغۇ كىشىگە كۆرسەتكىلى بولمايدىغان يېرى يوق ئىدى، بىراق ئۇ ناھايىتى كۆركەم بەدىئى ئەسەرمۇ ئەمەس ئىدى. رەسىمدە سىزىلغان يەر قانداق ئاددى بولسا، رەسىمنىڭ ئۆزىمۇ شۇنداق ئاددى ئىدى.

رەسىمنىڭ ئىچكىرى تەرىپى كۆز ئاسمىنىنىڭ ئالا-بۇلماچ چەت-ياقىسى ئىدى. شامال پارچە-پارچە بۇلۇتلارنى بىر تەرەپكە سۈرۈپ، يىراقتا كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ چوققىلىرىنىڭ ئۈستى بىلەن ھەيدەپ بارماقتا. ئۇنىڭدىن بېرىقى كۆرۈنۈشتە يالىڭاچلىنىپ بوزارغان ساغۇچ دالا، چەت-ياقىلىرى چىغ بىلەن قاپلانغان، يامغۇردىن كېيىن

---

①ئايىل — يېزا، كەنت، يۇرت مەنىسىدە. — ت.

تېخى قۇرۇمىغان قاپ-قارا يول ئىدى. يامغۇر يالاپ ئۆتكەن ھارۋا چاقىنىڭ ئىزى ئۈستىدە ئىككى ئادەمنىڭ تەك ماڭغان ئىزى ئۇزاق-لارغا كەتكەن بولۇپ، بارغانسېرى ئاران-ئاران كۆرۈنەتتى ۋە بۇ ئىككى يولۇچى يەنە بىر-ئىككى قەدەم ماڭسىلا رامكىنىڭ سىرتىغا چىقىپ كېتىدىغاندەك كۆرۈنەتتى. ئېھتىماقچى، يولۇچىنىڭ بىرى... بەس، سۆزنى باشتىن باشلاي.

بۇ ۋەقە مېنىڭ بالىلىق ۋاقتىمدا بولۇپ ئۆتكەن. ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى يىلىغا قەدەم قويۇلغان مەزگىل ئىدى. بىزنىڭ قېرىنداشلىرىمىز ئۇزاق ئالدىنقى سەپتە — كۇرسك ۋە ئورېل ئەتراپىدا پىداكارلىق بىلەن جەڭ قىلماقتا ئىدى. ئۇ چاغدا بىز تېخى ئون تۆت-ئون بەش ياشلاردىكى بالا بولۇپ، كولخوزدىكى ئېغىر ئىشلار بىزنىڭ زىممىمىزگە چۈشكەن ئىدى. ئوما ۋاقىتلىرىدا ھاۋا ئاجايىپ ئىسسىپ كېتەتتى. ھەپتىلەپ ئۆيىمىزگە قايتماي، كېچە-كۈندۈز دالىدا، خاماندا ياكى ئىستانسىغا ئاشلىق توشۇيدىغان يولدا بولاتتۇق.

ھاۋا ئەنە شۇنداق تازا ئىسسىق كۈنلەرنىڭ بىرىدە — ئوغاقلىرىمىز ئىسسىقتا ئوما ئورۇپ ئوتتەك قىزىپ كېتىدىغان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، مەن ئىستانسىدىن قۇرۇق ھارۋىنى ھەيدەپ كېلىۋېتىپ، ئۇزاقتىن بېرى بارمىغان ئۆيۈمگە كىرىپ ئۆتكەچ كېتەي دېگەن خىيالغا كەلدىم.

سايغا يېقىن دۆڭدە، مەھەللىنىڭ ئۇ چېتىدە، تاملىرى پۇختا ئىككى ھويلا بار بولۇپ، ئۇنى قاتار كەتكەن ئىگىز سۇۋادان تېرەكلەر ئارىغا ئېلىپ تۇراتتى. بىزنىڭ ئۆيىمىز ئەنە شۇ. ئۇزاقتىن بېرى بۇ ئىككى ئائىلە يېقىن خوشنا ئولتۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. مەن چوڭ ئۆينىڭ بالىسىمەن. تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىككى ئاكام ئۇرۇشقا كەتكەن،

ئۇلاردىن ئۇزاقتىن بېرى خەت-خەۋەر يوق ئىدى.

قېرىغان دادام كولخوزنىڭ ياغاچچىلىق دۇكىنىدا ئىشلەيتتى، ئەتىگىنى ناماز ئوقۇپلا ئىشقا كەتسە، قاراڭغۇدا ئۆيگە قايتاتتى.

ئۆيدە ئاپام بىلەن بىر سىڭلىملا قالاتتى.

بېرىسىدىكى كىچىك ئۆيدە بولسا بىزنىڭ يېقىن تۇغقانلىرىمىز تۇراتتى. يېقىن تۇغقانلىرىمىز دېگىنىمدە، ئىككى-ئۈچ ئەۋلات ئۆتسىمۇ بەرىبىر بىر ئائىلىدە ئۆتەتتۇق. كۆچمەن چارۋىچىلىق دەۋرىدىن، ئاتا-بوۋىلىرىمىز بىرلىكتە ئۆي تىكىپ، بىرلىكتە مال باققان ۋاقتىمىزدىن تارتىپ مۇشۇنداق ئىناق ئۆتۈپ كېلىۋاتىمىز. بۇنداق ئەنئەنە بىزدە داۋام قىلىپ كەلمەكتە. كولخوزلاشتۇرۇلغاندا، ئاتا-ئانىلىرىمىز قورا-جايلىرىنى بىر يەرگە سېلىشقان. شۇلا ئەمەس، كەنتتىن ئۆتۈپ، سايغا تۇتىشىدىغان بىزنىڭ ئارال كوچىمىزغا پۈتۈنلەي ئۆز ئۇرۇغىمىزدىكى تۇغقانلار ئولتۇراقلاشقان.

كولخوزلاشتۇرۇلۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا كىچىك ئۆينىڭ خوجايىنى دۇنيادىن ئۆتۈپ، ئۇنىڭدىن خوتۇنى ۋە ئىككى كىچىك ئوغلى قېپتىكەن. بۇرۇندىن قالغان ئادەت بويىچە، بالىلىق تۇل خوتۇننى ياتقا بەرگىلى بولمايدۇ دېگەن رەسىم بويىچە، ئەل-ئاغىنە ۋە ئۇرۇق-تۇغقانلار تۇل قالغان خوتۇننىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويايلى دەپ، ئۇنى يېقىن تۇغقىنى ھېساپلانغان مېنىڭ دادامغا ئېلىپ بېرىپتىكەن. شۇنداق قىلغاندا، ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىڭ روھى ئالدىدا مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلغان بولىدىكەن.

شۇنداق قىلىپ بىز ئىككىنچى ئۆيگىمۇ ئىگە بولۇپ قالغانمىز. كىچىك ئۆينىڭ ئىگىلىك ئىشلىرى ئۆز ئالدىغا ئىدى: يېرى، مال-چارۋىسى بار ئىدى، لېكىن. ئەمەلىيەتتە، بىز بىرلىكتە

تۇرمۇش كەچۈرەتتۇق.

كىچىك ئۆيدىكى ئىككى ئوغۇلمۇ ھەربى سەپتە ئىدى. چوڭ ئوغلى سادىق ئۆيلىنىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇرۇشقا كەتكەن، كىچىكى بولسا تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىدى. بىز ئۇلاردىن خەت ئېلىپ تۇراتتۇق، لېكىن ناھايىتى ئۇزاقتا بىر قېتىم خەت ئالاتتۇق.

كىچىك ئۆيدە كىچىك ئاپام بىلەن ئۇنىڭ كېلىنى ــ سادىقنىڭ خوتۇنى قېلىشتى. ئۇ ئىككىسى ئەتىدىن ـ كەچكىچە كولخوزدا ئىشلەيتتى. كىچىك ئاپام ناھايىتى ئاق كۆڭۈل، مۇلايىم، يۇۋاش ئايال بولۇپ، ئۆستەڭ چېپىش، يەر سۇغىرىش، كەتمەن چېپىش ئىشلىرىدا، ھەرقانداق ئىشتا ياشلاردىن قالمايتتى، خۇدايىم كىچىك ئاپامنىڭ ئىشچانلىقىنى تەقدىرلەپ ئىشچان كېلىن بېرىپتۇدىمىكىن، ئۇنىڭ كېلىنى جەمىلە ئىشتا غەيرەتلىك، پۇختا ۋە چاققان ئىدى، بىراق مىجەزى سەل باشقىچە ئىدى.

مەن جەمىلەنى قەۋەتلا ياخشى كۆرەتتىم. ئۇمۇ ماڭا بەك ئامراق ئىدى. بىز بەك ياخشى چىقىشىپ ئۆتەتتۇق. بىراق بىز بىر بىرىمىزنىڭ ئىسمىنى ئاتىمايتتۇق، بىز بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرى بولمىساققۇ مەن چوقۇم ئۇنى جەمىلە دەپ ئاتىغان بولاتتىم. لېكىن مەن ئۇنى ــ ئاكامنىڭ خوتۇنىنى يەڭگە دەيمەن. مەن ئۇنىڭدىن بەكمۇ كىچىك بولمىسامۇ، ئىككىمىزنىڭ يېشىمىز بەك پەرقلەنمىسىمۇ، ئۇ مېنى ئۇكام دەيدۇ. لېكىن بۇ مەھەللىنىڭ ئادىتى بويىچە، يەڭگە بولغان كىشى ئېرىنىڭ ئىنىسىنى ئۇكام دېيىشى كېرەك.

ئىككى ئۆينىڭ تىرىكچىلىكى ئاپامنىڭ زىممىسىدە ئىدى. سىڭلىم سىڭىلەك قويۇپ ئويناپ يۈرگەن كىچىك بالا بولغىنىغا قارىماي، سادىغاڭ كېتەي، ئاپامغا ياردەملىشەتتى. ئاشۇنداق مۇشكۇل كۈنلەردە

ئۇنىڭ چىدام بىلەن ئىشلىگەن ئىشلىرىنى مەن مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئىككى ئۆينىڭ قوزا-ئوغلاقلىرىنى ۋە موزايلىرىنى سىڭىلىم باقاتتى، ئۇ يەنە تېزەك تېرەتتى، تەمەچ تېرەتتى. ئۆيدە ئوچاققا قالايدىغان ئوتۇن ۋە تېزەك ئۈزۈلمەيتتى. ئۇ، مېنىڭ ئاشۇ قاڭشالىق سىڭىلىم ئاكىلىرىمدىن خەت-خەۋەر ئالالمىغان ئاپام ئوغۇللىرىنى سېغىنىپ قالمىسۇن دەپ ھامان ئۇنى زېرىكتۈرمەسلىككە تىرىشاتتى.

بىزنىڭ ئۆم-ئىتتىپاق ئۆتۈشىمىز، كىيىم-كېچەك، يېمەك-ئىچ-مەكتىن غەمسىز ئۆتۈشىمىز پۈتۈنلەي ئاپامنىڭ تۆھپىسى ئىدى. ئاپام ئىككى ئۆينىڭ تولۇق ھوقۇقلۇق خوجايىنى، ئۇرۇق-ئەۋلادى-مىزنىڭ ئىشلىرىنى داۋاملاشتۇرغۇچى ئىدى. ئۇ ياش ۋاقتىدىلا بىز-نىڭ كۆچمەن قەبىلىمىزنىڭ بوسۇغىسىدىن ئاتلاپ كىرىپ، چوڭلار-نىڭ تەربىيىسىنى ئېلىپ ۋە ئۇلارغا ھۆرمەت-ئىززەت بىلدۈرۈپ، ئىككى ئۆينىڭ ئىشلىرىنى خالىس باشقۇرۇپ، ئائىلىدا ئاق كۆڭۈل، كۆپنى بىلىدىغان ئايال دېگەن ھۆرمەتكە سازاۋەر بولغان ئىدى. دادامغا كەلسەم، راستىنى ئېيتقاندا، ئائىلىدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنى ئۆينىڭ خوجايىنى ھېساپلىمايتتى. "ۋاي، ئۇستامدىن — بىزدە ھۈنەرۋەنلەرنى ھۆرمەتلەپ، ئۇستام دەپ ئاتايتتى — سورىمايلا قوي، ئۇ پەقەت پالتا قاتارلىق ئەسۋاپلىرىنىلا بىلىدۇ. ئۇنىڭ خوتۇنىلا ئۆينىڭ خوجايىنى، خوتۇنىدىن سورىساڭ چاتاق يوق..." دەيتتى كىشىلەر بىرەر ئىش توغرىلىق كەلگەنلەرگە.

شۇنى دەپ ئۆتۈش كېرەك، مەن ياش بولغىنىمغا قارىماي، دائىم ئۆينىڭ ئىش-كۈشلىرىگە ئارىلىشاتتىم، چۈنكى ئاكىلىرىم ئۇرۇشقا كەتكەن. كىشىلەر مېنى ئىككى ئۆينىڭ يىگىتى، مۇھاپىزەت-چىسى ۋە باققۇچىسى دېيىشەتتى، بۇ گەپلەر تولا چاغلاردا چاقچاق

www.uyghurkitap.com

قىلىپ ئېيتىلىسىمۇ، بەزىدە راستتىن شۇنداق دېيىلەتتى. مەن ئەنە شۇ سەۋەپلىك مەغرۇرلىناتتىم، بىر خىل جاۋاپكارلىق دائىم كۆڭلۈمدە بولاتتى. بۇنىڭدىن باشقا، ئاپام مېنىڭ بۇنداق ئۆز ئالدىمغا جاسارەت بىلەن ئىشلىشىمنى ماقۇل كۆرەتتى. ئۇ مېنىڭ دادامدەك ئەتىدىن-كەچكىچە ئۈن-تىنسىز ياغاچ رەندىلەشتىن، ياغاچ ھەردىدەشتىن باشقىنى بىلمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالماي، ئىگىلىك ئىشلىرىغا قولى ئەپلىك، ئىشتا چاققان ئادەم بولۇپ يېتىلىشىمنى ئارزۇ قىلاتتى.

مەن ھارۋامنى ھويلىنىڭ يېنىغا، سايىغا ھەيدەپ كەلسەم، بىزنىڭ دۆيجاڭ ئۇرازمات قولتۇق تايىقىنى بۇرۇنقىدەكلا ئىگەرگە باغلىۋېلىپ، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئاتلىق تۇرۇپ، ئاپام بىلەن نىمدۇر بىر ئىش توغرىسىدا تالاش-تارتىش قىلىپ تۇرۇپتىكەن. يېقىنراق كەلگىنىمدە، ئاپامنىڭ ئۈنى ئاڭلاندى:

— بارمايدۇ! يۈرىگىڭ ئەجەپ يوغىناپ كېتىپتىغۇ، ئايال خەقنىڭ ھارۋا ھەيدىگىنىنى نەدە كۆرگەن؟ قوي، ئايلىناي، كېلىنىمنى تېچراق كۈن كەچۈرگىلى قويغىن! بۇرۇنقى ئىشىنى قىلىۋەرسۇن! ئۈنىڭسىزمۇ يالغۇزلۇقنىڭ ئازاۋىنى تارتىپ، ئىككى ئۆيىنىڭ ئىشلىرىنى بىر تەرەپ قىلالماي جېنىم چىققاي دېدى. قىزىممۇ چوڭ بولۇپ قېلىۋاتىدۇ،... بىر ھەپتىدىن بېرى تۆگمەننىڭ تېشىنى ئارتىپ قويغاندەك بېلىمنى تۈز قىلالماي كېتىۋاتىمەن، قارىغىنا، قوناقلار سارغىيىپ كەتتى، تېخى ئۇنى سۇغىرىش كېرەك!

ئۇ بارغانسېرى خاپا بولۇۋاتاتتى ۋە ھەدەپ ياغلىقىنىڭ بىر ئۇچىنى قايرىپ ياقىسىنىڭ ئىچىگە قىستۇرۇپ تۇراتتى. ئۇ خاپا بولغان ۋاقىتلىرىدا تولىسى ئاشۇنداق قىلاتتى.

— سىز تازا قىزىق گەپ قىلىسىز-دە! — دېدى ئۇرازمات ئات

ئۈستىدە سەل قىڭغىيىپ، ئۈمىتسىزلەنگەن ھالدا. — مېنىڭ پۇتۇم ساق بولغان بولسا، قولتۇق تاياقنى چۆرۈپ تاشلاپ قالمىغان بولسام سىزنىڭ ئالدىڭىزغا يالۋۇرۇپ كېلەمتىم؟ ئەڭ ياخشىسى، بۇرۇنقىدەكلا، ئۆزەم قىلاتتىم، قاپ-تاغارلارنى ھارۋىغا ئىرغىتىپ-ئىرغىتىپ تاشلاپ، "تىرت-چۇ" دەپ ھەيدەپ كېتىۋېرەتتىم!... مەن بىلىمەن، بۇ ئاياللار قىلىدىغان ئىش ئەمەس، بىراق ئىلاج يوق، ئەرلەرنى نەدىن تاپاي؟... مۇشۇنداق بولغاچقا كېلىنلەرنى ھارۋا ھەيدەشكە سالماقچىمەنغۇ. سىز كېلىنلىرىڭىزنى ھارۋا ھەيدەشكە بېرىشكە ئۇنىمىسىڭىز پىلاننى ئورۇنلىغىلى بولمايدۇ. يۇقۇرىدىن بىزگە جەڭچىلەرگە ئاشلىق كېرەك، دەۋاتىدۇ. پىلاننى ئورۇنلىماي بولامدۇ؟ ئۇنداق بولسا مۇۋاپىق كەلمەس.

نېرى ياقتىن ئۇزۇن قامچىنى سۆرەپ كېلىۋاتقىنىمنى كۆرگەندە، دۈيجاڭ ئالىقانداق ئامال تاپقاندەك، خوشال بولۇپ كەتتى:

كېلىنلىرىڭىزگە بىرەرسى چېقىلىپ قويارمىكىن دەپ ئەنسىرىسىڭىز، مانا — قېيىنىڭىزنىسى تۇرمامدۇ! — دىدى ئۇ مېنى كۆرسىتىپ. — بۇ ئىنىم يەڭگىسىگە بىراۋنى يېقىن يولاتقۇزمايدۇ. ماقۇل دەۋېتىڭ، سېيىت دىگەن ئەزىمەت ئۆزى، بىزنىڭ جېنىمىزنى ئامان ساقلاپ قېلىۋاتقان مانا مۇشۇ باللارغۇ ھازىر، سادىغىسى كېتەيلەر...

ئاپام مېنى كۆرۈپلا، دۈيجاڭنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ يىغلىدى:

— ۋايىيەي، قاراماۋۇ تەنتەكنى... چېچىڭ بىر غېرىچ ئۆسۈپتۇ. دادىسى بولغان ئادەمنىڭ بالىنىڭ چېچىنى ئېلىپ قويۇشقىمۇ چولىسى تەگمەيدۇ... دادا بولۇپ قېپتۇ تېخى...

— ئۇنداق بولسا، بۈگۈن چېچىنى ئالدۇرۇپ، دادىسى بىلەن ئوبدان پاراڭلىشىۋالسۇن، — دەپ ئورازمات ئاپامنىڭ گېپىگە جور

www.uyghurkitap.com

بولدى. — سىيىت ئىنىم، بۇگۈن ئۆيدە قونۇپ، ئاتىلىرىڭنى دەم ئالغۇزغىن. ئەتە جەمىلەگە ھارۋا بېرىمىز، يەڭگەڭگە ئۆزەڭ مەسئۇل بولغىن، بىللە ھارۋا ھەيدەڭلەر. بايىىچە، ئەنسىرىمەيلا قويۇڭ سىيىت تۇرغاندا. ئاندىن قالسا، دانىيارنى قوشۇپ بېرەي: ئۆزىڭىز بىلىسىز، ئۇ دىگەن ئادەمگە زىيىنى تەگمەيدىغان بىچارە...ئۆزەڭلەرچە ئۈچ ھارۋا بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئىستانسىغا قاتناۋېرىسلەر، باشقىلارنى بۇلارنىڭ قېشىغا قوشمايلا قوياي... ھە، سىيىت، سەن قانداق دەيسەن؟ جەمىلە ھارۋا ھەيدىسۇن دىسەم، ئاپاڭ كۆنمەي تۇرىدۇ، ئۆزەڭ ئېيتقىنا...

بىر تەرەپتىن، دۈيجاڭنىڭ مېنى ماختاپ كۆككە كۆتىرىۋاتقىنىغا، يەنە بىر تەرەپتىن، ماڭا چوڭ كىشىلەردەكلا مەسلىھەت سېلىۋاتقىنىغا خوشال بولسام، بىر تەرەپتىن يەڭگەم يېنىمدا ھارۋا ھەيدەپ يۈرسە نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى، دىگەن بالىلارچە ئوي بىلەن ئاپامغا:

— ھەيدەۋەرسۇن، ئۇنى قاشقىر يەپ كېتەمتى! — دىدىم-دە چوڭ ھارۋىكەشلەردەك چىرت قىلىپ تۈكۈرۈپ قامچامنى سۆرەپ، يەلكەمنى لىڭشىتىپ قويدۇم.

— ھە، قالتىسقۇسەن! — دىدى ئاپام ھەيران بولغان ھالدا، لېكىن دەرھال خاپا بولۇپ مېنى ئەيىپلەپ كەتتى. — مەن ساڭا كۆرستىمەن قاشقىرنى، سەن ھەممىنى بىلىپ بوپسەن-دە!

— ھە، پىلمەي ئۇ، ئىككى ئۆيىنىڭ يىگىتى تۇرسا ئۇ، — دىدى ئورازمات. ئۇ ئاپامنى كاجلىق قىلىپ تۇرۇۋالارمىكىن دەپ ئەنسىرەپ قاراپ تۇراتتى. ئاڭغىچە ئاپام ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ، يۇمشىغان ئاۋازى بىلەن مۇنداق دىدى:

— ۋاي خۇدايىم، مۇشۇ تىرناقتەك بالىمىزنىڭ ئۆمرىنى

بېرەرسەن... بالىغۇ تېخى ئۇ، شۇنداق بولغىنىغا قارىماي كېچە-كۈندۈز باش چۆكۈرۈپ ئىشلىگىنى ئىشلىگەن،...ئەر بولۇپ يېتىشكەن يىگىتلىرىمىز نەلەردە، مانا بىز ئۆينىڭ تۈۋرۈكىدىن ئايرىلغاندەك بولۇپ قالدۇقمۇ...

مەن نېرىغا كەتكەچكە، ئاپامنىڭ يەنە نىمىلەرنى دىگەنلىگىنى ئۇقمىدىم. تامنىڭ بۇرجىكىگە قامچا بىلەن ئۇرۇپ، چاڭ-توزاڭ چىقىرىۋېتىپ، كىچىككىنە قوللىرى بىلەن شاپىلدىتىپ تىزەك يېيىپ، ماڭا خوشال هالدا كۈلۈمسىرىگەن سىڭلىمغا ئانچىۋالا نەزەر سالماي، لەمپىدە تۇرغان چۆيۈن ئىۋرىق بىلەن ئاستا قولۇمنى يۇيۇپ قولتۇغۇمغا قىسىپ ئېرتتىم-دە، ئۆيگە كىرىپلا هە دىگەندە چوڭ بىر ئاپقۇر قېتىقنى ئىچىۋەتتىم. ئىككىنچى بىر ئاپقۇر قېتىقنى دەرىزە تۈۋىگە ئېپبېرىپ، نان تۇگۇرۇپ يىدىم. هويلىدا ئاپام بىلەن ئۇرازمات يەنىلا سۆزلىشىپ تۇرۇپتۇ. يىراق بۇ قېتىم ئۇلار ئادەتتىكىدەك مۇڭدىشىپ تۇرغاندەك بىلىندى. ئۇلار ئاكىلىرىم توغرىسىدا گەپلىشىۋاتقاندەك قىلاتتى. ئاپام پات-پات يېڭى بىلەن كۆزلىرىنى سۈرتۈپ، ئېغىر-ئېغىر هالدا بېشىنى ئېگىپ، تەسەللى بېرىۋاتقان ئۇرازماتقا جاۋاپ بېرىۋاتقاندەك قىلسا، بىر تەرەپتىن كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ، دەل-دەرەخ، چاتقاللىقلارنىڭ نېرىسىدا، ئۇزاق بىر يەرلەردە تۇرغان ئوغۇللىرىنى كۆرگەندەك قىلاتتى. ئەهۋالدىن قارىغاندا، هەسرەت ئاپامنى يېنىكلەتكەندەك، ئۇرازماتنىڭ پىكرىگە ماقۇل دىگۈزگەندەك قىلاتتى. ئۇرازمات مەقسىدىگە يەتكەچكە بۆلەكچىلا خوشال بولۇپ، ئېتىغا بىر قامچا سالدى، ئات بولسا يېنىككىنە يورغىلاپ هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

ئەمدى بۇ ئىشنىڭ ئاخىرىنىڭ نىمە بولىدىغانلىغى ئاپامغىمۇ،

www.uyghurkitap.com

ماڭىمۇ قاراڭغۇ ئىدى.

جەمىلەنىڭ ئىككى ئاتنى باشقۇرۇپ، ھارۋا ھەيدەپ كېتىشىگە مەن ھېچقانداق گۇماندا بولمىدىم، ئۇنىڭ ئۆزى كىچىكىدىنلا يىلقا ئىچىدە ئۆسكەن بولۇپ، باقايىر دىگەن ئايىلدىكى بىر يىلقىچىنىڭ قىزى ئىدى. بىزنىڭ سادىقىمۇ يىلقىچى بولۇپ يۈرۈپ، يايلاۋدا بولغان بىر قېتىملىق قىز قوۋاردا① جەمىلەگە يېتىشەلمەي قېلىپ، شۇنىڭدىن كېيىن نومۇسىغا ئېلىپ ئۇنى ئېپقېچىپ كېتىپ دەپ ئاڭلىغانىدىم. ئۇنداق ئەمەس، ئىككىسى بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ توي قىلىشقان، دىگەن گەپلەرمۇ بار. نىمە بولسا بولسۇن، ئۇلار ئۈچ-تۆت ئايچە بىللە بولالىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئۇرۇش باشلىنىپ، سادىق ئاكام ئەسكەرلىككە كەتتى.

بىلمىدىم، بەلكىم، ياش ۋاقتىدىنلا دادىسى بىلەن بىللە ئويقىردا يىلقا ھەيدىشىپ، ئات چاپتۇرۇپ، قىزغىنمۇ، ئوغۇلغىمۇ تەئەللۇق ئىشلارنى قىلغاچقىمىكىن، ئەيتاۋۇر، جەمىلەدە ئەرلەردە بولىدىغان غەيرەت، چوسلۇق ھەتتا ئالدىراڭغۇلۇق بار ئىدى. ھەر بىر ئىشقا كىرىشكىنىدە ئەركەكلەردەك ئىشلەيتتى، باشقا كېلىنلەردەك ۋاي بېشىم، ۋاي بېلىم دەپ تۇرۇۋالمايتتى. ئۇنىڭدىن باشقا خولۇم-خوشنىلار بىلەنمۇ ئىناق ئۆتەتتى. لېكىن بىراۋ ئۇنى بوزەك ئەتمەكچى بولسا، تىللاشقانلار بىلەن تىللىشاتتى، تېخى بىرنەچچە قېتىم خەقنىڭ چىچىنىمۇ يۇلغان ئىدى. يېقىن خوشنىلاردىن تېخى: ”بۇ

① قىز قوۋار — قىز-يىگىتلەرنىڭ ئات ئۈستىدە قوغلىشىپ ئوينايدىغان ئويۇنى. — ت.

قانداق كېلىن ئۆزى، بوسۇغا ئاتلىغىلى بىرنەچچە كۈن بولماي تۇرۇپ، ئاغزىنىڭ يامانلىغىنى، چوڭ-كىچىگىنى بىلمىسە، ئەر-ئايال دېمىسە، بۇ قانداق بولغىنى!“ دەپ ئەرز-شىكايەت قىلىپ كەلگەنلەرگە ئاپام: ”مۇشۇنداق بولغىنى ياخشى، — دەيتتى، — كېلىنىمىز مۇشۇنداق ئۇچۇق-يورۇق، ئۇچۇق-يورۇق ئادەم كۆرۈنۈشتە مۇلايىم بولۇپ، تۈيدۈرماي چىشلىۋالىدىغانلاردىن ياخشى. كېلىنىڭىز مۇلايىم-يۇۋاش بولۇپ كۆرۈنۈشكە ئۇستا، بىراق بۇنداق مۇلايىم كېلىنلەر تېشى سىلىق، ئىچى سېسىق تۇخۇمغا ئوخشايدۇ.“

دادام بىلەن كىچىك ئاپام جەمىلەگە ھەرگىز باشقا قېينىئاتا-قېينىئانىلاردەك قاتتىق قول ئەمەس ئىدى، ۋاقىراپ-جاقىراپ يۈرمەيتتى. ئۇنى بەك ياخشى كۆرەتتى. ”خۇدايىم ئۆزىگە ئىنساپ بەرسۇن، تۈز يۈرۈپ نېيىتىنى بۇزمىسىلا بولىدىغۇ“ دەيتتى.

مەن ئۇلارنى چۈشىنەتتىم. ئۇلار تۆت ئوغلىنى ھەربى سەپكە ئۇزىتىپ قويغاندىن كېيىن ئىككى ئۆي ئوتتۇرىسىدىكى بىردىن-بىر كېلىن بولغان جەمىلەنى ئۆزلىرى ئۈچۈن ئەڭ زور تەسەللى ھېساپلاپ، ئۇنىڭغا بەكمۇ كۆيۈنەتتى. لېكىن مەن ئاپامنى چۈشەنمەيتتىم. ئۇ كۆرگەنلا بىراۋنى ئاسانلا ياخشى كۆرۈپ كەتمەيتتى. باشقىلارغا قاتتىق تەلەپ قوياتتى. ئۆي تۇتۇشتا ئۆزىنىڭ قائىدىسى بار ئىدى، ئۇنى ئۆزگەرتكىلى ئۇنىمايتتى. ھەر يىلى ئەتىياز كىرىشىگە دادام ياش چېغىدا ياسىغان ئالتە قاناتلىق بوز ئۆيىنى قوراغا تىكىپ، ئارچا بىلەن ئىسلاپ ياخشى تۇتاتتى. بىزگە جەزمەن ئەمگەك سۆيۈڭلا، چوڭلارنى ھۆرمەتلەڭلا دەپ نەسىھەت قىلاتتى. ئۆيدىكى ھەممىمىزدىن شەرتسىز بوي سۇنۇشنى تەلەپ قىلاتتى.

جەمىلە بىزنىڭ ئۆيگە كەلگەندىن كېيىن كېلىنلەردە بولۇشقا تېگىشلىك قىياپەتتە بولمىدى. راست، جەمىلە چوڭلارنى ھۆرمەتلەيتتى، ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلايتتى، لېكىن ھېچقاچان باشقا كېلىنلەردەك بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، بېلىنى ئېگىپ، ئىزا تارتىپ يۈرمەيتتى. نىمىنى ئويلىغان بولسا توپ-توغرىسىنىلا ئېيتاتتى، ئۆزىنىڭ قارشىنى ئېيتىشتىنمۇ قورقمايتتى. ئاپام دائىم ئۇنى قوللايتتى. ئۇنىڭ پىكرىگە ماقۇل بولاتتى، لېكىن كېيىش يەنىلا ئاپامنىڭ ئىلكىدە بولاتتى. مېنىڭچە، ئاپام ئۇنىڭ مىجەزىنىڭ تۈزلۈكى، ئادىللىقى تەرەپتىن ئۆزىگە يېقىن، ئۆزىگە تەڭ كۆرۈپ، كېلىنچەكتە ئۇنى ئىككى ئۆينىڭ ئابرويلۇق باشقۇرغۇچىسى، پۈتۈن ئائىلىنىڭ بەرىكىسىنى ساقلىغان ئۆزىدەك پۇختا ۋارىسلاردىن قىلىپ قالدۇرۇپ كەتمەكچى بولسا كېرەك.

— ئاللاغا شۈكۈر، بالام، — ئاپام دائىم جەمىلەگە تەربىيە بېرەتتى، — ھىلىمۇ سەن تېگى پۇختا، قۇتلۇق ئائىلىگە چۈشتۈڭ. بۇ سېنىڭ بەختىڭ. بىرنەچچە بالا چوڭ قىلىپ، توق ئۆتسەكلا بولدى. بىز چال-كەمپىرلەر تاپقان-تەرگىنىمىزنى ئۆزىمىز بىلەن ئېلىپ كەتمەيمىز. بىراق ئابرويىمىزنى ساقلاپ، ياخشى نىيەتلىك ئادەم بولساق، بەختىمىز ئۇزاققا داۋام قىلىدۇ. بۇ گەپنى ئېسىڭدە تۇت، دائىم ئۆزەڭنى تەكشۈرۈپ تۇرغىن!...

بىراق ئانىلارنى سەل چۆچۈتكەن بىر نەرسە بار ئىدى: جەمىلە بالىلاردەك تولىمۇ شوخ-خۇشخۇي ئىدى. بەزىدە ھېچنىمىدىن ھېچنىمە يوق كۈلۈپ كېتەتتى، كۈلگەندىمۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى. ھەر قېتىم ئىشتىن قايتقىنىدا خۇددى شاش قىزلاردەك ئېرىقتىن تاقلاپ ئۆتۈپ، يۈگۈرۈپ ھويلىغا كىرىپ كېلەتتى، بەزىدە ھېچبىر

سەۋەپسىزلا بىر دەم ئۇ مومايىنى، بىر دەم بۇ مومايىنى سۆيۈپ كېتەتتى.

جەمىلە ناخشا ئېيتىپ يۈرۈشكە ئامراق ئىدى، ھامان ئاللىقانداق ئاھاڭدا ناخشىلارنى ئېيتىپ يۈرەتتى، چال-كەمپىرلەر ئالدىدىمۇ ئۆزىنى قاچۇرمايتتى. بۇ ھال ئايىلدىكى كېلىنلەرنىڭ يۈرۈش-تۇرۇش ئادىتىگە، تەبىئى ھالدا ماس كەلمەيتتى، لېكىن ئىككى كەمپىر: جەمىلە ئاستا-ئاستا تۈزۈلۈپ قالىدۇ، شۇدە، ياش ۋاقتىدا ھەممەيلەن شۇنداق بولىدۇ-دە، — دەپ ئۆزلىرىگە تەسەللى بېرىشەتتى. مېنىڭچە بولسا، دۇنيادا ھېچكىم جەمىلەگە تەڭ كېلەلمەيتتى. بىز بىللە بولغان ۋاقىتلىرىمىزدا بەكمۇ يايراپ كېتەتتۇق، ھېچ نەرسىدىن تەپ تارتماستىن قاقاقلاپ كۈلۈشەتتۇق، ھويلىدا بىر بىرىمىزنى قوغلىشىپ ئوينايتتۇق.

جەمىلە ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. بويى كېلىشكەن، تولغان ئىدى. ئىككى ئۆرۈمگە پاتمايدىغان، ئۇزۇن ئۆسكەن قېلىن چېچىنى قىسىپ تۇرۇپ، بىر ئاق ياغلىق بىلەن ماڭلىيىغا قىيپاش قىلىپ تېڭىۋالىدىغان بولسا، ئۇنىڭ قۇياش تەپتىدىن قىزارغان، پارقىراپ تۇرغان چىرايىنى ئاجايىپ گۈزەل قىلىۋېتەتتى. جەمىلە كۈلگەندە، ئۇنىڭ قارا قوڭۇرراق كۆزىدە ياشلىق ئوتى يالقۇنلاپ كېتەتتى، ئۇ بىردىنلا ئايىل ناخشىلىرىنى چاڭ كەلتۈرۈپ ئېيتىپ كېتەتتى.

ئايىلدىكى يىگىتلەر، بولۇپمۇ فرونتتىن قايتىپ كەلگەنلەردىن جەمىلەگە قىزىقىپ چاقچاق قىلىپ يۈرگەنلەرنى مەن بىرقانچە قېتىم كۆرگەن ئىدىم. ئويۇن-چاقچاقنى ياخشى كۆرىدىغان يەڭگەم ئۇلار بىلەن ئوينىشىپ، چاقچاقلىشىپ يۈرەتتى، بىراق قولى ئىتتىكلەرنى يېنىغا ھەرگىز يولاتمايتتى. شۇنداق بولسىمۇ مەن تولىمۇ ئىچى تارلىق قىلاتتىم، قىزغىناتتىم، ئۇنىڭ چېچىغا تېگىۋاتقان "بۇزۇقلار"غا ئۆزەمنى

تونۇتۇپ قوياي دېگەندەك: "ھېزى بولۇڭلار، مانا مەن، قېيىنئىنىسى مەشەدە تۇرۇپتىمەن! ئۇنى ھېچقانداق ئادىمى يوقـتەك بوزەك قىلـ ۋەرمەڭلا!" دەپ، ئۇلارنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ تاشلاپ ھۇرپىيەتتىم، بۇ ئىشىم نەتىجە بەرمىسە، كۆزۈمنى ئالايتىپ، شالىمـنى چاچرىتاتتىم. يەڭگىلەر بولسا پاراققىدا كۈلۈپ كېتىشەتتى:

ــ ۋوي، قاراڭلار! مانىڭ ئەلپازىغا! ئەلپازىدىن قارىـغانـدا ئۇ بۇنىڭ يەڭگىسى ئوخشىمامدۇ، قىزىق، تېخى بىلمەيتۇق بۇنى!

بۇنـداق چاغـلاردا مەن ئۆزەمـنى سالماق تۇتۇشقا تىرىـشاتتىم، لېكىن قىزىرىپ-تاتىرىپ ئۆلەي دېـگىنىمـنى ئاز دەپ كۆزۈمگـمۇ ياشـلار يىغىلـىپ قالغان بولاتتى. مېـنى چۈشەنـگەن يەڭـگەم بولسا خوشاللىق كۈلكىسىنى تەستە توختىتىپ:

ــ سىلەرزە يەڭگە دېـگەننى يولدىن تېپىۋالـدىۇ دەمـسىلەر؟ ــ دەيـتتى يەڭگىلەرگە قىيپاش قاراپ. ــ سىلەر يەڭـگەڭلەرنى يولدىن تېپىۋالغان بولساڭلار، مەن ئۇنداقلاردىن ئەمەسمەن! نېرى كېتىڭلار، قېينئىنىم كۆزۈڭلەرگە كۆرستىدۇ بىكار، يۇر كەتتۇق، قېينئىنىم!

مەن ئۇنىڭ كۈلكىسىدىن ھەم خاپىلىق، ھەم خوشاللىق سېزەتتىم. شۇ چاغـدا ئىچـتىمال: "سەن بىر بالا-دە، بالا! مۇبادا مېنىـڭدە يامان ئوي بولىدىغان بولسا، كىممۇ مېنى توسىۋالالايتتى؟ ھەممىڭلار مېنى نازارەت قىلىمەن دېسەڭلەرمۇ نازارەت قىلىپ كېتەلمەيسلەر!" دەپ ئويلايـدىغاندۇر. بۇنـداق چاغلاردا مەن ئۇن-تىن چىـقارماي شۇك تۇراتتىم. ئۇمۇ ئامراقلىقىدىن مېنى باغرىغا بېسـىپ، پېشانەمگە سۆيۈپ كېتەتتى. راستىنى ئېيتقاندا، جەملەگە ئامراقلىقىمدىن ئۇنى باشقىلاردىن قىزغىناتتىم، ئۇنى ھۆرمەتلەيتتىـم؛ چۈنـكى ئۇ مېنىڭ يەڭـگەم، مەن ئۇنىڭ گۈزەللىـگى، شوخ-ئەركىن مىجەزى بىلەن

پەخىرلىنەتتىم. ئۇ مېنىڭ سىردىشىم ئىدى، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر بىرىمىزدىن يوشۇرىدىغان سىر يوق ئىدى.

ئۇ كەملەردە ئايىلدا ئەر كىشىلەر ئاز ئىدى، شۇنداق بولغاچقا، بەزى يىگىتلەر "مەنلا بار" دەپ ئويلاپ، ئاياللارنى تولىمۇ كەمسىتەتتى. "ئۇلار بىلەن شالتاي-پالتاي دەپ ئولتۇرۇشنىڭ ھاجىتى يوق، مۇنداقلا بىر شەرەت قىلىپ قويساقلا، قايسىسى بولمىسۇن، ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىدۇ" دېيىشەتتى بەزىلىرى.

بىر قېتىم، ئوت ئورۇش ۋاقتىدا، ئوسمان دېگەن بىزنىڭ بىر شىرەم تۇققىنىمىز جەمىلەگە غىلجىڭلىغىلى تۇردى. ئۇ ئۆزىچە ھەر-قانداق خوتۇن مەن "كەھ" دىسەم كېلىپ قولۇمغا قونماي قويمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. جەمىلە بولسا قەتئى تۇردە ئۇنى سىل-كىپ تاشلىدى-دە، دۆۋىلەگىلىك ئوتنىڭ سايىسىدىن تۇرۇپ كەتتى:

— تۇرغىنا نېرى! — دېدى. ئاندىن تەتۈر قاراپ، خاپا بولۇپ سۆزلەپ كەتتى. — تەلەتىڭ ئادەم، تەبىئىتىڭ ھايۋان!

ئوت دۆۋىسىنىڭ تۈۋىدە ئوڭدىسىغا ياتقان ئوسمان كەمسىتكەن ھالدا كالپۇكىنى يالاپ قويدى:

— مۇشۇك گۆشكە بويى يەتمىگەندىن كېيىن ئۇنى سېسىق دەيدۇ... نىمە ئانچە ھال ساڭا، ئۆمۈر بويى قىسىر ئۆتەرسەن تېخى، ئۆزىچە كۆزىگە ئىلمايدا ئادەمنى.

جەمىلە شارتتىدا بۇرۇلۇپ قارىدى:

— ئېھتىمال، ئۆمرۈم بويى مۇشۇنداق ئۆتەرمەن! بۇ خۇدانىڭ بېشىمىزغا سالغىنى! پېشانىمىزگە پۈتۈلگىنى شۇنداق ئىكەن. سەن، ئەخمەق، بۇنىڭغا خوشال بولۇپ ھىجىيىۋال. مەن مىڭ يىل تەنھا ئۆتسەممۇ ساڭا ئوخشاش ئەخمەقلەرگە قاراپ تۇكۇرۇشنىمۇ ئۆزەمگە

www.uyghurkitap.com

راۋا كۆرمەيمەن. بېشڭنى يەيدىغان، ئەگەر ئۇرۇش بولۇپ قالسىغان بولسا، سەندەك بىرنىملەر بىلەن سۆزلىششكە نۆۋەتمۇ تەگمەيتتى!
— شۇنى دەيمەن-دە. ئۇرۇشنىڭ كاساپىتىدىن قامچىغا تويىماي يۈرسەنغۇ! — دىدى ئوسمان كۆرەڭلىگەن ھالدا ھىجىيىپ. — مېنىڭ خوتۇنۇم بولۇپ قالغان بولساڭ، ئاستىمدا يېتىپ جان ئاكا دەپ يالۋۇرغان بولاتتىڭ...
كالپۇكلىرى دىرىلدەپ كەتكەن جەمىلە ئوسمانغا بارلىق كۈچى بىلەن ئېتىلىپ، يەنە نىمىدۇر بىرنىملەرنى دىمەكچى بولدىيۇ، لېكىن "بۇنىڭغا گەپ قىلىپ ئېغىز ئۇپرىتىپ نىمە كېپتۇ" دەپ ئويلىدىمىكىن، "تۇفي!" دەپ يىرگىنگەن ھالدا بىر تۇكۇردى-دە، يەردە ياتقان ئارىنى ئېلىپ، ئۇنچىقماي بىر چەتكە كەتتى. مەن بىرى تەرەپتە ھارۋىنىڭ ئۇستىدە ئوت چۇشۇرۇۋاتاتتىم، ئۇ مېنى كۆرۈپلا ئۆزىنى بىر چەتكە ئالدى. شۇ چاغدىكى روھى-ھالىمنى جەمىلە چۇشەندى. سۆز ئۇنىڭغا ئەمەس، ماڭا تەككەندەك، مەن ئۇنىڭ ئۇچۇن ئىزا تارتىپ، نومۇسۇم كېلىپ: "ئۇنداقلارغا نىمىشقا ئارىلىشىسەن، ئۇلار بىلەن نىمە ئۇچۇن سۆزلىشىسەن؟" دىگۇدەك بولۇپ، يەڭگەمگە ئىچىم ئاغرىپ، ئىچ-ئىچىمدىن جىلە بولۇپ كەتتىم.
جەمىلە شۇ كۇنى كەچكىچە قاپىغىنى تۇرۇپ، سولىشىپ، كۇلمەي، ئۇنچىقماي يۇردى. مەن شادىلىق ھارۋىنى ھەيدەپ ئۇنىڭ يېنىغا كەلگىنىمدە، ئۇ مېنى سۆزلەتكۇزمەسلىك ئۇچۇن ئەتەي ئىشقا بېرىلىپ، ئىچىنى كۆيدۇرۇپ تۇرغان ئوي-پىكرىنى بىلدۇرمەسلىك ئۇچۇن قولىدىكى ئارىنى ئوت-چۆپ دۆۋىسىگە زەرىپ بىلەن سانچىپ ئىككىدە كۆتىرىۋالاتتى-دە، ئارىغا سانچىلغان ئوتىنىڭ دالدىسىدا تۇرۇپ ئۇنى ھارۋامغا سىلكىپ تاشلايتتى ۋە دەرھال بۇرۇلۇپ بېرىپ

ئىككىنچى بىر دۆۋىگە ئارا سانچىيتتى. ھارۋام تېزلا تولدى. مەن ئۇزاپ نېرىراق بېرىپ ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم، ئۇ ئارىغا يۆلىنىپ بىر ـ ئىككى مىنۇتچە تۇردى، نىمىنىدۇر خىيال قىلىپ، ئاندىن كېيىن يەنە ئىتتىك ـ ئىتتىك ئىشقا كىرىشىپ كەتتى.

بىز ئاخىرقى بىر قېتىم ھارۋىغا ئوت بېسىپ بولغان ۋاقىتتا، جەملە خۇددى دۇنيادىكى ھەممە ئىشنى ئېسىدىن چىقىرىپ قويىغاندەك، ئولتۇرۇۋاتقان كۈنگە ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ قالدى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، قازاق يايلىغىنىڭ ئۇ چېتىدا، ئوت يېقىلغان تونۇرنىڭ ئاغ-زىدەك، قۇياشنىڭ ھارغىن قىزىل نۇرى ئاسماندىكى بۇلۇتلارنى قىزىل ـ سۇر تۇسكە بوياپ، بىلىنەر ـ بىلىنمەس ھالدا پەسلەپ كېتىۋاتاتتى، ئوتلاقنىڭ پەس ـ چوڭقۇر يەرلىرىگە سايە چۈشۈشكە باشلىدى. جەملە ئالقىنىنى پېشانىسىگە سايىۋەن قىلىپ، شۇ تەرەپتە قانداقتۇر بىر ئاجايىپ دۇنيا ئېچىلىپ كېلىۋاتقاندەك، مۆگىلىنىپ، كۈلۈمسىرەپ قاراپ تۇراتتى. باياتىن تۇرۇلگەن چىرايى ئېچىلىپ، يۈزىگە كۈلكە يۈگۈرگەن ئىدى. بۇ چاغدا جەملە مېنىڭ ئېيتىلمىغان، بىراق يۈرىگىمنى پۈچىلاپ، تىلىمنىڭ ئۇچىدا تۇرغان: "ئۇنداقلارغا نىمىشقا ئارىلىشىسەن، ئۇلار بىلەن نىمە ئۈچۈن سۆزلىشىسەن؟" دىگەن سوئالىمغا جاۋاپ بەرگەندەك تەلەپپۇز بىلەن سۆزلىدى:

— سەن بايىقى ئىشنى خىيالىڭغا كەلتۇرمەيلا قوي، كىچىك بالا، — دەپ قويدى، — مۇشۇ ئوسمانغا ئوخشىغانلارمۇ ئادەممۇ؟...

جەملە سەل توختاپ، ئاستا ـ ئاستا ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈنگە قاراپ بىر نەپەس ئالدى ـ دە، چوڭقۇر ھەسسىيات بىلەن سۆزنى داۋاملاشتۇردى:

— ئوسماندەك ئادەملەر كىشىنىڭ قەلبىنى قانداقمۇ چۈشەنسۇن؟...

www.uyghurkitap.com

خۇدايىم بىلىدۇ، ئۇنداق ئەرلەر دۇنيادا يوقتۇر...

مەن ئۇنداق ـ مۇنداق قىلىپ هارۋىنى بۇرىغىچە ئارىلىقتا جەملە نېرى تەرەپتە ئىشلەۋاتقان ئايالىلارنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، ئۇلار بىلەن قىزغىن چاخچاقلىشىپ يۈرۈپتۇ. كۆڭلىنىڭ تولۇق پاتقانلىقىنى كۆرۈپ كۆڭلى ئېچىلدىمۇ، ياكى ئىشنى ئويلىغىنىدەك پۈتتۈرگەنلىكىگە مەمنۇن بولدىمۇ، بىلمىدىم، ئوت ـ چۆپ بېسىلغان هارۋىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ جەملەگە نەزەر سالسام، ئۇ بېشىدىن ئاق ياغلىقىنى ئېلىپ، غۇلچىنى كەڭ كېرىپ، ئوتى ئورۇلۇپ بولغان ئوتلاقتا بىر دوستىنى قوغلاپ يۈرۈپتۇ. ئۇنىڭ ئەگلى شامالدا ئاستا يەلپۈلەيتتى. مېنىڭ كۆڭلۈمۇ ئېچىلدى:

— راست ـ تە، ئوسمانىنىڭ گېپىمۇ گەپمۇ؟

— چۇ، ئاتلىرىم، تېز مېڭىش! — دەپ، هارۋامنى تېزرەك هەيدەشكە باشلىدىم.

دۈيجاڭ ئورازمات ئېيتقاندەك، ھىلىقى كۈنى مەن چېچىمنى ئالدۇرۇپ كېتەي دەپ، ئاتام قايتقىچە، سادىق ئاكامنىڭ خېتىگە جاۋاپ يازدىم. ئۇ چاغدا بىزدە مۇنداق بىر ئادەت بار ئىدى: ئاكىلىرىم خەت يازسا دادامنىڭ نامىغا يازاتتى، پوچتىچى ئۇنى ئاپامنىڭ قولىغا تاپشۇراتتى، خەتنى ئوقۇپ بېرىش ۋە جاۋاپ خەت يېزىش مېنىڭ ۋەزىپەم ئىدى. خەتنى ئوقۇماي تۇرۇپلا، سادىقىنىڭ خەتتە نېمىلەرنى يازغانلىقىنى بىلەتتىم. ئۇنىڭ يازغان خەتلىرىنىڭ ھەممىسى قوشكېزەك قوزىلاردەك بىر بىرىگە ئوخشايتتى. سادىق ئاكام خەت يازغاندا، ھە دېگەندىلا خەتنى "سالام خەت" دەپ باشلاپ، ئاندىن كېيىن: "گۈللەنگەن تالاس رايونىنىڭ سالقىن ھاۋاسىدىن ئەركىن

نەپەس ئېلىپ ياشاۋاتقان، جاندىن ئارتۇق كۆرىدىغان دادام جولچۇ بايغا" دەپ باشلاپ ئاندىن ئاپامنىڭ ۋە كىچىك ئاپامنىڭ نامىنى ئاتاپ، شۇ تەرىقىدە، ھەممىمىزنى بىر-بىرلەپ ئۆز رېتى بويىچە ئاتاپ، يېقىن تۇققانلىرىمىزنىڭ ئامانلىغىنى سوراپ، ئەڭ ئاخىرىسىدا "يەنە ئايالىم جەمىلە ئامان-ئېسەن تۇرامدۇ" دەپ، جەمىلەدىن ھال-ئەھۋال سوراپ ئۆتەتتى.

ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلار ھايات چېغىدا ئايالىنىڭ نامىنى بىرىنچى بولۇپ ئاتاپ، خەتنى ئۇنىڭ نامىغا يېزىش سادىقلىق ئەمەس، مەن ئەر، دەپ يۇرىدىغانلارنىڭ ھەممىسىگە مۇۋاپىق ئەمەستەك كۆرۈنەتتى. بىراق بىر مۇشۇنداق ئادەتكە كۆپىتىن-كۆپ رازىمىز، ئايىل جامائەتچىلىگىنىڭ چۈشىنىشىچە، بۇنىڭ ئۆزى يوللۇق ئىش. بۇ چاغدا بۇ ئىشلار توغرىسىدا باشقىچە ئويلاشقا ۋاقتىمىزمۇ يوق ئىدى. ھەر قېتىم خەتنىڭ كېلىشى بىز ئۇزاقتىن-ئۇزاق كۈتكەن ۋە ھەممىمىز ئۈچۈن خوشاللىق ئىش ئىكەنلىگى ئېنىق ئىدى.

ئاپام خەتنى بىر ئەمەس، ئىككى-ئۈچ قېتىم ئوقۇتۇۋالغاندىن كېيىن، قاتتىق تەسىرلەنگەن ھالدا، يېرىلغان قولىغا ئېلىپ، ھازىرلا ئۇچۇپ كېتىدىغان قۇشنى سىقىمدىغاندەك ئاۋايلاپ سىقىملاپ، ئۈچ بۇرجەكلەپ پۈكلەيتتى. ئاندىن "ئاھ باللىرىم، تۇماردەك بولغان خېتىڭلاردىن ئايلىناي!" دەپ قويۇپ، كۆزىگە ئىسسىق ياش ئالاتتى. "ئاتا-ئانا، ئۇرۇق-تۇققانلار قانداق دەپ سوراپسىلە. بىزنى قويۇپ، ئۆزەڭلەر ئامان بولساڭلار بولغىنى، بىز نىمىدۇق... ئۆيدە تۇرۇۋاتە-مىز-دە... مەن ئامان-ئېسەن تۇرۇۋاتىمەن. بىر ئېغىز سۆز يېزىپ قويساڭلار، شۇمۇ بىزگە چوڭ غەنىمەت..."

ئاپام ئاندىن كېيىن بىر ھازاغىچە تۇمارغا قاتتىق تەلمۈرۈپ-

www.uyghurkitap.com

تىكىلىپ قاراپ تۇراتتى ـ دە، ساندۇقتىكى خەت ساقلايدىغان تۇلۇمغا سېلىپ قوياتتى.

ئەگەردە مۇشۇنداق چاغلاردا جەملەمۇ ئۆيدە بولۇپ قالسا، خەتنى ئۇنىڭغا بېرەتتى. ھەر قېتىم جەملە بۇ تۇمارنى قولىغا ئالغان ۋاقتىدا ئۇنىڭ قاتتىق ھاياجانلىنىدىغانلىقىنى سېزەتتىم. ئۇ ئىچىدە ئوقۇيتتى، باشتىن ـ ئاياق تەقەززالىق ئىچىدە كۆز يۈگۈرتۈپ چىقاتتى ۋە خەت تۈگەي دېگەنسېرى يەلكىسى تىترەپ، ئېگىلگەن قېشى يېيىلىپ، چىرايى سولىشىشقا باشلايتتى. ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن جەملە ئۇنىڭ چىقماستىن، خەتنى ۋاقىتلىق قەرزگە ئالغاندەك، قايتىدىن ئاپامغا بېرەتتى. خەت ساقلىنىدىغان تۇلۇمنى ساندۇققا سېلىۋېتىپ، كېلىنىنىڭ بوزارغان چىرايىنى بايقىغان ئاپام ئۇنى غەيرەتلەندۈرمەكچى بولۇپ، جىملەپ قوياتتى.

— خەۋەر كەلگىنىگە خوشال بولماي، كۆڭلۈڭنى يېرىم قىلغىنىڭ نىمىسى، بالام. يالغۇز سېنىڭ ئېرىڭلا ھەربى سەپتە ئەمەسقۇ. ئەل تارتقان ئازاپنى ئەل بىلەن بىللە تارت... خۇدا قوشقان يارىنى كىم سېغىنمىسۇن، سېغىنساڭمۇ ئىچىڭدە بولسۇن، ئىچىڭدە ساقلا...

جەملە ئۈنچىقمايتتى. ئۈنچىقمىغىنى بىلەن مۇشۇ توغرىدا سەل خاپا بولغاندەك قاراپ، "سىز چۈشەنمەيلا گەپ قىلىۋېرىدىكەنسىز!" دېگەندەك بولاتتى.

سادىق ئاكامنىڭ بۇ قېتىمقى خېتىمۇ ساراتوۋ شەھىرىدىن كېپتۇ. ئۇ ئاشۇ يەردىكى گوسپىتالدا ئىكەن. خۇدا بۇيرۇسا كۈزنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا ئۆيگە قايتارمەن، دەپتۇ. بۇرۇنىمۇ مۇشۇنداق خەۋەر كەلگەچكە، پات ئارىدا كۆرۈشىدىغان بولدۇق دەپ ناھايىتى خوشال بولۇپ يۈرگەن ئىدۇق.

دادام ئىشتىن كەلگەندە، چېچەمنى تېز ئالدۇرۇۋالدىم-دە، ئۆيدە قونماي، ئاتلارنى بېدىلىككە قويۇپ بېرىپ، ئادەتتىكىدەك خامانغا بېرىپ تۈنىدىم. رەئىس مالنى بېدىلىككە قويۇپ بېرىشكە رۇخسەت قىلمايتتى، بىراق مەن ئاتلىرىم ئۇبدانراق تويسۇن دەپ، كۆزدىن نېرىراق، يىراقراق يەردىكى ئويمانلىق يەردىكى بېدىلىككە كېچىسى چۈشەپ قوياتتىم. ھېچكىم ئۇنى بىلمەيتتى. بۇ قېتىم ھارۋىنى خامانغا توختىتىپ، ئاتلارنى چۈشەپ قويۇپ قارىسام، كىمدۇر بىرسى ئاتتىن تۆتنى بېدىلىككە قويۇپ بېرىپتۇ. ئاچچىغىم كېلىپ، بۇ ئاتلارنى نېرىراق بىر يەرگە ھەيدىۋېتەي دېدىم. بىراق ئىككى ئاتنىڭ بايلا دۈيجاڭ ئېيتقان دانىيارنىڭ ئېتى ئىكەنلىكىنى تونۇپ، ئەتىدىن باشلاپ ھەممىمىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ، ئىستانسىغا بىرلىكتە ئاشلىق توشۇيدىغانلىقىمىزنى ئويلىدىم-دە، بولدىلا دېدىم. خاماندىكى سامان دۆۋىسىدە ياتاي دەپ كەلسەم، دانىيارمۇ شۇ يەردە ئىكەن. ھارۋا چاقلىرىنى كەچلىك يورۇقتا ھىلىلا مايلاپ بولۇپ، بۇرمىلىرىنى چىڭىتىۋاتقان ئىكەن.

— دانىكە، سايدىكى ئاتلار سېنىڭكىمۇ؟ — دېدىم. ئۇ بولسا بۇرۇلۇپ مۇنداقلا قاراپ قويدى:

— ئىككىسى مېنىڭكى.

— قالغان ئىككىسىچۇ؟

— ھە، جەمىلە دەمدۇ...شۇ كېلىنچەكنىڭكى. ئۇ سېنىڭ يەڭگەڭ بولامدۇ؟

ھەئە.

— بۈگۈن كېچىچە يېقىپ بېرىسەن دەپ، دۈيجاڭ تاشلاپ كەتتى.

”ئو-ھو، بابا ئاتلارنى ھەيدىۋەتمىگىنىم ياخشى بولغان ئىكەن“ دەپ

www.uyghurkitap.com

قويدۇم مەن ئىچىمدە.

تۈن نىسپىدا، يۇقۇرىدىن سوققان شامال توختاپ، خامان تېنچىدى، مەن ياتقان سامانغا دانىيارمۇ كېلىپ ياتتى. بىراق، بىرئازدىن كېيىن ئۇ تۇرۇپ كېتىپ، سۇ ئېقىپ تۇرغان چوڭ ساي بويىدىكى تىك ياردا تۇرۇپ قالدى. ئۇ شۇ يەردە ئىككى قولىنى ئارقىسىغا ئېلىپ، بېشىنى بىر ياققا سەل قىشايتىپ، كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى. ئارقىسىدىن قارىسىڭىز، دانىيارنىڭ خۇددى پالتا بىلەن قىر چىقىرىپ يونىغاندەك ئېگىز قىياپىتى ئايىنىڭ كۆكۈم يۇمشاق يورۇغىدا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. ئۇ گويا دەريانىڭ دولقۇنلىغان ئاۋازىنى تازا كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى ــ كېچىسى دەريا دولقۇنى بارغانسېرى ئۇچۇق ئاڭلىناتتى. ئېھتىمال ئۇ مەن ئاڭلىيالمايدىغان بەزى كېچىلىك ئاۋاز ۋە ۋاراڭ-چۇرۇڭلارغا قۇلاق سېلىۋاتقان بولسا كېرەك. "ئادىتى بويىچە سۇ بويىغا بېرىپ ياتاي دېگەن ئىكەنغۇ!" دەپ كۈلۈپ قويدۇم مەن.

دانىيار بىزنىڭ ئايىلغا يېقىندىلا پەيدا بولدى. ئوت چېپىش يېڭى باشلانغاندا، فۇرونتتىن بىر ياردار ئەسكەر قايتىپ كەلدى دېگەن خەۋەرنى ئايىلدىن يۈگۈرۈپ كەلگەن بالا ئېيتقان ئىدى. بىراق ئۇ ئەسكەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بالىنىڭ ئۆزى بىلمەيدىكەن. ئايىلدا بەلگىلىك: بىرەر ئەسكەر قايتىپ كېپتۇ دېسە، قېرى-ياش ھەممىسى ئۈپۈر-توپۇر بولۇشۇپ كېلىپ، كەلگۈچى بىلەن كۆرۈشەتتى، ئۆز تۇققانلىرىنى كۆرگەن-كۆرمىگەنلىگىنى سورايتتى، فۇرونت خەۋەرلىرىنى ئاڭلايتتى. قىسقىسى ناھايىتى خوشال بولۇپ كېتىشەتتى. بۇ قېتىم بولسا تەسەۋۋۇر قىلغۇسىز چۇقان كۆتىرىلدى. ھەممەيلەن ئۆز كۆڭلىدە پەرەز قىلىشاتتى: ئاكام يېنىپ كەلدىمىكىن؟ كىم بىلىدۇ،

بىرەر تۇۋقـقىنىمىزمۇ؟ ئەنە شۇ تەرىزدە، ئوت چىپىۋاتقانـلار ئايلـغا قاراپ چىپىشتى.

ئەسلـدە، بايا بىزنىڭ ئايلـلىق دانىيار ئىـكەن. كىشـلەرنىڭ ئېيتىشلىرىغا قارىغاندا، ئۇ كىچىك ۋاقتىدا يېتىم قېلىـپ، ئۈچ-تۆت يىل تىلەمچىلىك قىلىپ يۈرۈپ، ئاخىرى چاقماقتىـكى قازاق بايلىرىغا بېرىپ تۇرۇپ قالـغان ئىـكەن. ئۇنىڭ ئانا جەمەتى قازاق ئىمىـش. ئۇنىڭ ئىز-دېرىكىنى قىلىدىـغان ئۇرۇق-تۇققانلىـرى بولمىغاچـقا، خەقلەر ئۇنى ئۇنتۇپمۇ كەتكەن ئىكەن. ئايلىدىن كەتكەندىن كېيىنكى تۇرمۇشى توغرىسىدا دانىيارمۇ مۇنداقلا جاۋاپ بېرىپ قويىدىـكەن. بىراق، ھازىر ئويلاپ قارىسام، ئۇنىڭ كۆرمىـگەن كۈنى، تارتمىغان ئازاۋى قالمىغان بولسا كېرەك.

ھېچنىمىسى يوق كىچىككىنە يېتىم بالـىنى تۇرمۇش بىر يەردىـن ئىككىنچـى بىر يەرگە ھەيـدەپ، سۈرۈپ، تالاي يەرلەرنى قىـدىر-غۇزغان. دانىيار خېلى زامانلارغىچە چاقماقنىڭ شورتاڭلىقىـدا قوي باققان، چوڭ بولغاندا چۆلدە قانال قازغان، دۆلەت ئىگىلىكىدىـكى يېڭى پاختىچىلىق مەيدانىدا ئىشلەپ، ئاخىرى تاشكەنتنىڭ يېنىدىكى ئانگرېن خېنىدا ئىشلەپ، شۇ يەردە ئەسكەرلىككە كەتكەن.

نىمە بولسىمۇ كىشلەر ئۇنىڭ قايتىپ كەلگەنلىكىنى توغرا تاپتى: ”ھە، بىچارە، تۇز-نېسـۋىسى بار ئىكەن، ئاخىـرى ئۆز يۇرتىـنى ئىزدەپ كەلـگەنلىكـگە قاراڭلارچۇ! شۇنچە يىل سىرتتا يۈرۈپ ئۆز تىلىمىزنى ئۇنتۇماپتۇ، ئازراق قازاق چېلىش سوزلىسىمۇ“ دېيىشـىپ، بىر بىرىگە ئۇنىڭدىن مەمنۇن ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈشەتتى.

— تۇلپار ئايلىنىپ-ئايلىنىپ ئۆز ئۇيۇرىـنى تاپىـدۇ. تۇغۇلغان يەر، ئەل-يۇرتنى ئايرىلىش دېگەن ئوڭايمۇ. كەلگەنلىكىڭ ئەرۋاھ-

www.uyghurkitap.com

لارغا ياقىدۇ. ماۋۇ گېرمانلارنى يېگىپ، تېچلىققا يەتسەك، سەنمۇ ئەل قاتارى بىر موردىن تۇتۇن چىقىرىپ، بالا ـ چاقىلىق بولارسەن! ــ دېيىشكەن چاللار دانىيارنىڭ يەتتە ئەۋلادىغىچە سۈرۈشتۈرۈپ، ئۇنىڭ قايسى قەبىلىدىن ئىكەنلىگىنى، ئايىلدىكى ئانچە ـ مۇنچە تۇققانلىرىدىن كىم بار ئىكەنلىگىنى تېپىپ بەردى. خەقلەر ئۇنى ”يېگى قوشۇلغان دانىيار“ دەيدىغان بولدى.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي، بىر كۈنى شىنېلىنى مۈرىسىگە ئارتىپ، سول پۇتىنى سىلكىپ باسىدىغان ئۇزۇن بويلۇق، بويىنى سەل ئىگىشكەن بىراۋنى دۈيجاڭ ئورازمات ئەگەشتۈرۈپ كەلدى. خۇددى چۇقچۇلداق تەك يورغا بايتالنى مىنىپ كېلىۋاتقان پاكار ئورازماتنىڭ يېنىدا، ئۇزۇن بويلۇق ئەسكەر سالمىغىنى ئوڭ پۇتىغا چۈشۈرۈپ، ئىگىشكەن هالدا ئۇنچىقماستىن قېلىشماي كېلىۋاتاتتى. بالىلار ئۇلارغا قاراپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

دانىيارنىڭ يارىدار بولغان پۇتى سەللىمازا ساقىيىپ كەتمىگەن ئىدى، تىزىنى ئېگەلمەيتتى، شۇ سەۋەپتىن ئوت چېپىشقا يارىماي، ئۇمۇ بىز بىلەن بىللە ئوت ئوروش ماشىنىسىدا ئىشلىدى. راستىنى ئېيتقاندا، بىز ئۇنى ئانچە ياقتۇرۇپ كەتمىدۇق. چۈنكى دانىيار كىشىلەر بىلەن كۆپ سۆزلەشمەيتتى. سۆزلەشسىمۇ شۇ ۋاقىتتا ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان باشقا ئوي ـ خىياللاردا بولىدىغانلىغى ئۈچۈن، كىشىگە تىكىلىپ قاراپ تۇرسىمۇ كۆڭلى باشقا ياقتا ئىكەنلىگى سېزىلىپ تۇراتتى. ئۇنى بايقىغان كىشىلەر: ”ۋاي بىچارە، سوقۇشتا بەك گاڭگىراپ ئېسىنى يوقىتىپ قويغان بولسا كېرەك، تېخى ئېسىگە كېلەلمەيۋاتقان ئوخشايدۇ!“ دېيىشەتتى.

بىراق دانىيارنىڭ مۇشۇنداق مىجەزى ۋە ھەركىتى ئۇنىڭ تېز

ئىشلىشىگە، چاپسان يۇرۇش-تۇرۇشىغا زادىلا كاشىلا قىلمايتتى، سىرتىدىن قاراپ تۇرسىڭىز ئۇنى ئوچۇق، چىچەن بىرنىمىكەنغۇ دەپ ئويلاپ قالسىز. ئېھتىمال، يىتىملىكنىڭ دەردىنى كۆپ تارتقاچقا، تۇرمۇش ئۇنى كۆپ ئىشلەشكە، بىراق كۆپ سۆزلىمەي، سىرىنى ئىچىگە يۇتۇپ ساقلاشقا ئۆگەتكەنمىكىن؟ بەلكىم شۇنداقتۇر.

دانىيارنىڭ جاۋغىيىسىنى چوڭقۇر قورۇق باسقان بولۇپ، كالپۇكى هامان هىم تۇراتتى، كۆزى بىر قىلىپتا سالماق تۇراتتى، پەقەت ئەگىم، روھلۇق قىشلا ئۇنىڭ يادىڭغۇ، هامان هارغىن كۆرۈنىدىغان يۈزىگە ئازراق روھ بىرىپ تۇراتتى. ئۇ بەزىدە ناھايىتى زەڭ قويۇپ بىرنىمىنى ئاڭلاۋاتقاندەك، باشقىلار ئاڭلىيالمايدىغان بىر خىل ئاۋازنى ئاڭلاۋاتقاندەك قىلاتتى، بۇنداق چاغلاردا ئۇنىڭ قاشلىرى ئويناپ، كۆزلىرىدىن چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل خوشاللىق ئوتى يالقۇنلاپ تۇرغاندەك بىلىنەتتى. ئاندىن كىيىن ئۇ نىمىدۇر بىرنىمە ئۈچۈن ئۇزاققىچە كۈلۈمسىرەپ، ئۆزىنىڭ ئىنتايىن خوشال ئىكەنلىگىنى بىلدۈرەتتى. بۇلارغا قاراپ بىز هەيران بولاتتۇق. بۇلا ئەمەس، ئۇنىڭ باشقا قىزىقچىلىقلىرىمۇ بار ئىدى. كەچقۇرۇنلۇغى بىز ئاتلىرىمىزنى چىقىرىپ، هامان كەپىنىڭ يېنىغا يىغىلىپ، تاماق قاچان تەييار بولاركىن دەپ كۈتۈشەتتۇق. دانىيار بولسا يېنىمىزدىكى قورول ئۈستىگە چىقىپ، قاراڭغۇ چۈشكىچە شۇ يەردە ئولتۇراتتى. ”نىمە بار ئۇ يەردە، كۆزەتچىلىك قىلامدۇ نىمە؟“ دەپ كۈلۈشەتتۇق بىز.

بىر كۈنى قىزىقىپ، مەنمۇ دانىيارنىڭ قېشىغا — قورولغا چىقىپ ئولتۇردۇم. بۇ يەردە ئالاھىدە هىچنىمە يوق ئىدى. تۆت ئەترا پتىكى تاغ باغىرىدىكى قىزغۇچقا مايىل ئوتلاق چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلغان ئىدى. قاپ-قاراڭغۇ، ئازراق تۇمان كۆتىرىلگەن زىمىن گويا جىمجىتلىق

www.uyghurkitap.com

ئىچىدە ئېرىپ كېتىۋاتقاندەك قىلاتتى.

دانىيار ھەتتا مېنىڭ ئۆزىنىڭ يېنىغا كەلگەنلىكىمگە دىققەت قىلىپمۇ قويمىدى. ئۇ سىگار تىزىنى قۇچاقلاپ، ئۆزىچە خىيالغا پېتىپ، يالتىراپ تۇرغان كۆزىنى يىراقلارغا تىكىپ ئولتۇراتتى. شۇ سەۋەپتىن ماڭا يەنە بىر قېتىم ئۇ ئاللىقانداق ماڭا ئاڭلانمايدىغان بىر نىمىلەرنى تىڭشاپ، شۇنىڭغا جان-دىلى بىلەن بېرىلىپ، قۇلاق سېلىپ ئولتۇرغاندەك تۇيۇلدى. بەزىدە ئۇ بېشىنى قىڭغايتىپ، قېشىنى سۆزۈپ، كۆزىنى چۆچەكتەك ئېچىپ جىمجىت قۇلاق سالاتتى. ئۇنى نىمىدۇر بىر نىمە قىينايتتى، كۆكرىگىنى ئېچىپ، مېنى ئەمەس — ئۇ مېنى بايقىمىدى — غايەت زور، چەكسىز ۋە ماڭا كۆرۈنمەيدىغان بىر نەرسىنى قۇچاقلىماقچى بولغاندەك قىلاتتى. بىر دەمدىن كېيىن قارىغىنىمدا ئۇنى تونيالماي قالدىم: بايىقى ھالەت يوق، خۇددى خېلى چارچىغان، روھى چۈشكەن ھالەتتە، دەم ئېلىپ ئولتۇرغاندەك بىلىندى.

بىزنىڭ كولخوزىنىڭ چۆپ چېپىش ئورنى كۇركۇرەۋ ۋادىسىدىكى سايدا ئىدى. كۇركۇرەۋ دەرياسى بىزگە يېقىنلا بىر يەردە بىر قىساڭدىن گۈكىرەپ چىقىپ، يوگەنسىز ئاتتەك دەھشەتلىك چېپىپ كېلىپ تۈزلەڭگە قاراپ ئاقاتتى. ئوت ئورۇش ۋاقتى دەل تاشقىن بولىدىغان ۋاقىتلار ئىدى. تاشتىن-تاشقا ئۇرۇلۇپ، قوملارنى ئويىنىتىپ، ساپ-سېرىق كۆۋۈكلىنىپ ئاقىدىغان سۇنىڭ كەچتە ئۇلغىيىپ، كېچىچە يەر تەۋرەۋاتقاندەك شارقىرىغىنىدىن بەزىدە چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتەتتىم. قايىمغى ئېلىنغان سۈتتەك تىنىق ھاۋادا سوغاق شامال ئوينايتتى، كەڭ زىمىن قاتتىق ئۇيقۇغا پاتقان، كۆزىنى پارقىرىتىپ تۇرغان يۇلتۇزلار بولسا كەپىمىزگە مارىلاپ قارايدۇ، پەقەت ھۆۋلىغان دەريا

سۈيىلا ھەيۋە قىلىپ كېلىۋاتقان يولۋاستەك، بىزگە قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ. گەرچە بىز ياتقان يەر دەريانىڭ لېۋىدە بولمىسىمۇ، لېكىن كېچىدە، دەريا سۈيى ئىنتايىن يېقىندەك تۇيۇلاتتى، كۆپ چاغلاردا: ئۇشتۇمتۇت سۇ بېسىپ كەتسىچۇ؟ سۇ كېلىپ كەپە-مىزنى ئۆرۈۋېتىپ ئېلىپ كەتسىچۇ؟ دېگەن قورقۇنچ كۆز ئالدىمغا كېلىۋالاتتى. مېنىڭ ھەمراھلىرىم ئويغاتقىلى بولمايدىغان ئوت ئورۇغۇ-چىلاردەك تاتلىق ئۇيقۇغا كەتكەن، مەن بولسام ئۇخلىيالماي تالاغا چىقاتتىم.

كۆركۆرەۋ دەرياسىدا كېچە ھەم چىرايلىق، ھەم قورقۇنچلۇق بولاتتى. ئوتلاقنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىدە چۈشەپ قويغان ئاتلار قارا-قۇرا بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئاتلار شەبنەم چۈشكەن ئوتقا تويۇپ، ئۆگدەپ تۇرۇشاتتى، ياكى بەزىدە پۇشقۇرۇپ قويۇشاتتى. ئەنە شۇنىڭ يېنىدا، كۆركۆرەۋ دەرياسىنىڭ سۈيى سۇنىڭ ئىچىدە قالغان كۆپ زەربە يېگەن تال-سۆگەتلەرنى بېسىپ، دەريا لېۋىگە ئۆرۈلۈپ، تاشلارنى دومىلىتىپ تۇراتتى. تىنىمسىز دەريا ئېقىنى قاراڭغۇ كېچىدە ھۆۋلاپ، يەر ئاستىدىن چىققاندەك قورقۇنچلۇق شارقىرايتتى. ئۇنى ئاڭلىغان ئادەمنىڭ تېنى شۈركىنەتتى.

شۇنداق كېچىلىرى مەن دانىيارنى ئەسلەپ كېتەتتىم. ئۇ ئادەتتە دەرياغا يېقىنلا يەردىكى ئوت دۆۋىسىدە ئۇخلايتتى. ئۇ قورقمامدىغان-دۇ؟ دەريانىڭ شارقىرىغان، گۈكىرىگەن ئاۋازى ئۇنىڭ قۇلىقىنى پاڭ قىلىپ قويمامدىغاندۇ؟ ئۇ ئۇخلىيالامدىغاندۇ؟ نېمىشقا يالغۇز بىر ئۆزىلا دەريا بويىدا ياتىدىغاندۇ؟ بۇ يەردە يېتىپ نېمە لەززەت ئالار؟ تازا قىزىق بىرنېمىكەن ئۇ، ئادەمدىن نېرى... دەپ ئويلاپ كېتەتتىم. ھازىر نەدىدۇ، دەپ قارايتتىم، تىڭشايتتىم، ئەمما ھېچكىمنى كۆرمەيت-

تىم. دەريانىڭ ئىككى قاسنىغى ئىككى تەرەپكە چۈشكەن تاغدەك يىراق-يىراقلارغا كېتەتتى، كېچە قاراڭغۇسىدا تاغ دۈمبىسى يىراقتىن كۆرۈنەتتى. يۇقۇرى تەرىپىدە بولسا سان-ساناقسىز يۇلتۇزلار ئۈن-تىنسىز پارقىراپ-يالتىراپ تۇراتتى.

ئايىلغا كەلگىنىگە خېلى كۈنلەر بولغان بولسىمۇ، دانىيار ھېچكىمگە قوشۇلماي، ھەر دائىم يالغۇز يۈرەتتى، تېخى ئۆزىگە بىرەر يار-يولداش تاپمىدى. بىرەر كىشى بىلەن دوستلىشىش، دۈشمەنلىشىش ئۇنىڭغا ياتتەك، بىرەر كىشى توغرىلىق يا ياخشى گېپىنى قىلىش، يا يامان گېپىنى قىلىش ئۇنىڭغا ماس ئەمەستەك ئىدى. ئۆزى ئۈچۈنمۇ، ئۆزگىلەر ئۈچۈنمۇ ئوتتۇرىغا چىقىپ گەپ قىلالايدىغان يىگىتلەرلا ئايىلدا كۆزگە تاشلىناتتى، ئۇلارنىڭ قولىدىن ياخشىلىقمۇ، يامانلىقمۇ كېلەتتى، يىغىنلاردا ئوتتۇرىغا چىقىپ سۆز سۆزلەپ، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراقلاردا ئىش باشقۇرۇپ يۈرىدىغان، ئەل باشلىقلىرىدىن كەم تۇرمايدىغان ئەنە شۇنداق يىگىتلەر قىز ۋە كېلىنچەكلەرنىڭ كۆزىگە چۈشەتتى.

ئەمدى دانىيارغا ئوخشاش، ئەگەر بىر كىشى ھەممە ئىشنىڭ سىرتىدا بولسا، ئايىلنىڭ ئىشلىرىغا ئارىلاشمىسا، بەزىلەر بۇنداق بىرەر ئادەمنىڭ بارلىغىنى ھىس قىلمايدۇ، بەزىلەر بولسا: "ئەمدى بىر جان ساقلاپ يۈرگەن بىچارە بايقۇشقۇ" دەپ قويۇشىدۇ، خالاس. بۇنداق ئادەملەر، ئادەت بويىچە، شاڭخو ئۈچۈن نىشان، يا ئىچ ئاغرىتىدىغان نىشان بولۇپ قالاتتى. بىزگە ئوخشىغان بالىلار ئۆزلىرىمىزنى چوڭراق يىگىتلەردەك قىلىپ كۆرسىتىشكە ئامراق كېلىمىز، شۇڭا يۈزىدىن-يۈزىگە بولمىسىمۇ، يوق يەرلەردە دانىيارنى زاڭلىق قىلىپ ئوينايمىز. ھەتتا ھەربى كۆينەكنى سوغا چىلاپ يۇيۇشلىرىنىمۇ

www.uyghurkitap.com

شاڭخو قىلىمىز: ھەربى سەپتىن كىيىپ كەلگەن كۆينىكى شۇ بىرلا بولغانلىقتىن، ئۇنى يۇيۇپ چالا قۇرۇتۇپلا كىيىۋالاتتى.

بىراق بىر قىزىق يېرى شۇكى، دانىيار مۆمىن-يۇۋاش بولسىمۇ، بىز ئۇنى ھۆرمەتلەپ-ئىززەتلەپ يېقىنچىلىق قىلىپ كەتمەيتتۇق. بۇ ئۇنىڭ بىزدىن چوڭ بولغانلىقىدىنمۇ ئەمەس، — ئويلاپ بېقىڭلارچۇ، بىز ئۇنىڭدىن ئۈچ-تۆت ياش كىچىك بولساقمۇ، ئۇنىڭدىن تەپ تارتىپ كەتمەيتتۇق، "سەن"لەپ سۆزلىشىۋېرەتتۇق؛ قاپىغىنى تۈرۈپ ياكى ئاللىقانداق كىبىر بىلەن يۈرگەنلىكىدىنمۇ ئەمەس، — قاپىغىنى تۈرۈپ سۆرۈن چىراي يۈرسىمۇ ياكى ئاللىقانداق كىبىرلىك قىلىپ يۈرسىمۇ بەزىدە كىشىدە ھۆرمەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىدۇغۇ، — ياق، بىر خىل چۈشەنمەك تەس بولغان نەرسە ئۇنىڭ جىمغۇر، خىيالچان تۇرقىغا يوشۇرۇنغانكى، كىمنى كۆرسەك ئاسانلا چىقىشىپ كېتىدىغان بىزدەك باللارنى ئۇنىڭدىن يىراقلاشتۇرۇپ تۇراتتى. ئۇنىڭ سەۋىيى مۇنداق بىر ئىش بولۇشىمۇ مۇمكىن دەپ ئويلايمەن. مەن ئۆزەم خەقنىڭ كۆرگەن-بىلگەنلىرىنى، ھەتتا فۇرونتتا بولۇشى مۇمكىن بولغان ئۇششاق-چۈششەك ئىشلارغىچە سوراپ بىلىۋېلىشقا قىزىققۇچى ھېرىسمەنلەردىن ئىدىم، مەندە سورايدىغان سوئاللار تۈگەپ قالمايتتى، شۇ سەۋەپتىن "سېيىت ھېرىس" دەپمۇ ئاتىلىپ قالغانتىم.

دانىيار كەلگەن دەسلەپكى كۈنلەردە ئۇنىڭدىن سوقۇشتا بولغان ۋەقەلەرنى بىر سوراپ كۆرەيچۇ دەپ كۈتۈپ يۈردۈم. بىر كۈنى ئىشتىن قايتقاندىن كېيىن تامىقىمىزنى يەپ بولۇپ، گۈلخان يېقىپ ئەتراپىغا ئولىشىپ تېپچىقىنا ئولتۇردۇق-تە، دانىياردىن سوراپ قالدىم:

— دانىكە، سوقۇشتىن باشلاپ ھېكايە ئېيتىپ بەرسەڭچۇ؟

دانىيار ھە دېگەندە ئۈنچىقماي، ئاچچىقى كەلگەندەك جىم تۇرۇپ

قالدى. ئۇ ئۇزاقىچە گۈلخانىغا قاراپ ئولتۇردى-دە، ئاندىن بېشىنى كۆتىرىپ بىزگە قارىدى.

— سوقۇش دەمسەن؟ — دېدى ئۇ نېمىگىدۇر ئاۋازىنى پەسەيتىپ تۇرۇپ. — سوقۇش دېگىنىڭ قۇرۇپ كەتسۇن، سىلەر ئۇنى بىلمەيلا قويۇڭلار!

دانىيار شۇ گەپنى قىلدى-دە، بېرى تەرەپتە تۇرغان قالدى-قاتتى قورايلاردىن چوڭ بىر تۇتام ئېلىپ ئوتقا تاشلاپ، ئوتنى كوچىلاپ، تېز-تېز پۈلەپ تۇتاشتۇردى، ھېچقايسىمىزغا قارىماي، قولىنى ئوتقا قاخلاپ، يالقۇنلاپ كۆيگەن ئوتقا كۆزىنى قىسىپ قاراپ ئۈنچىقمىدى.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق قىلغانلىقىنى كىم بىلسۇن، بىراق ئۇنىڭ ئاشۇنداقلا ئېيتقان سۆزىدىن سوقۇش دېگەن چۆچەك قاتارى ئويناپ سۆزلەيدىغان نەرسە ئەمەس، بەلكى ئادەمنىڭ يۈرىكىگە چوڭقۇر پاتىدىغان، ئېيتىشقا ناھايىتى قىيىن نەرسە ئىكەنلىكى سېزىلدى. ئىزا تارتقىنىمدىن يەرگە قاراپ قالدىم. سوقۇش توغرىلىق ئىككىنچى دانىيارغا سوئال قويغىنىم يوق، باللاردىنمۇ ھېچكىم ئۇنىڭغا بۇ توغرىلىق چاخچاق قىلىپ باقمىدى.

بىراق، ئۇ مۇشۇنىڭ بىلەنمۇ ئۆزگە كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت-ئىززىتىنى تارتالمىدى. خۇددى ئايىلدىكىلەرنىڭ دانىيارغا بولغان قىزىقىشى پاتلا غايىپ بولغىنىغا ئوخشاش، ھېلىقى گۇڭگۇم ۋاقتىدىكى ئىش تېزلا ئەستىن چىقىپ كەتتى. ئۇنىڭ مۇئامىلىدىكى سۇسلۇقى ۋە دائىم يالغۇز يۈرۈشى كىشىلەردە بىر خىل سوغاق مۇئامىلە قىلىدىغان ۋە بىچارە دەپ ئىچ ئاغرىتىدىغان ھالەتنى كەلتۈرۈپ چىقاردى.

— ئۆي-ماكانسىز، ئەپلەپ-سەپلەپ جان ساقلاپ يۈرگەن بىر

بىچارە ـ غېرىپ، ـــ دەيتتى كىشىلەر، ـــ ھەلىمۇ كولخوزنىڭ بېقىۋاتقىنى، بولمىسا قەلەندەرچىلىك قىلىپ يۈرمەكتىن باشقا نىمە چارە،...ئۆزىغۇ خۇدايىمنىڭ مۆمىن بەندىسى.
كىشىلەر بارا ـ بارا دانىيارنىڭ مىجەزىگە كۆنۈپ، ئۈگىنىپ قالغانلىقتىن، ئۇ توغرىلىق گەپ قىلىشتىنمۇ قالدى. ئېھتىمال، ئىش شۇندىلىقتۇر: بىرەر كىشى ئالىلىقاندىلا بىرنىمىلەر بىلەن ئۆزىنى كۆرسىتىپ تۇرمىسا، خەق ئۇنى ئاستا ـ ئاستا ئۇنتۇپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ.

ئەتىسى كۈن چىقماي تۇرۇپ دانىيار ئىككىمىز ئاتلارنى خامانغا ئېلىپ كەلدۇق. ئاڭغىچە جەمىلە يەڭگەممۇ ئوت ئورۇپ يۈرگەن يېرىدىن كېلىپ بولغان، ئىكەن بىزنى كۆرۈپ، يىراقتىنلا توۋلىدى:
ـــ ھوي، ئۈكام، مېنىڭ ئېتىمنى بۇ ياققا يېتىلەپ كەل! خامۇتنى قېنى؟ ـــ ئۇ خۇددى كونا ھارۋىكەشلەردەك، ھارۋا چاقىنى پۇتى بىلەن تېپىپ تەكشۈرۈۋاتاتتى.
دانىيار ئىككىمىز ئاتلارنى ئېلىپ كەلگەندە ئىككىمىزنىڭ تۇرقىمىز قىزىق تۇيۇلدىمۇ، جەمىلە چاخچاقنى باشلىدى. دەرۋەقە، دانىيارنىڭ ئىنچىكە ئۇزۇن پاچاقلىرى يالىڭاچ ھالدا پىلتىڭلاپ، قونجى كەڭ ۋە چوڭ بىرىزىنت ئۆتۈكى پۇتىدىن چۈشۈپ قالايلا دەپ قالغان بولسا، مېنىڭ تاپانلىرىم قاداق بولۇپ قېتىپ كەتكەن يالىڭاياق پۇتۇم ھە دەپ ئاتنى دىۋىتىپ تۇراتتى.
ـــ بەللى، ئەجەپ كېلىشكەن ئۇزۇن ـ قىسقىلار ـ دە سىلەر! ئىزدەشمەي تېپىشقانلار! ـــ جەمىلە كۈلۈپ بېشىنى كۆتەردى. ئۇ ۋاقتىنى قولدىن بەرمەي بىزگە بۇيرۇق چۈشۈرۈشكە باشلىدى، ـــ

چاققان بولۇڭلار، ھاۋا سالقىن ۋاقتىدا مېڭىپ كېتەيلى!
جەمىلە ئاتلارنى تارتىپ، ئىشەنچلىك ھالدا ھارۋا ئالدىغا ئېلىپ كېلىپ ھارۋىغا قوشۇشقا باشلىدى. ئۇ ھارۋىنى ئۆزى قاتاتتى، پەقەت بىر قېتىملا مەن ئۇنىڭغا چۇلۋۇرنى قانداق ئۆتكۈزىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بەرگىنىم بولمىسا، ھارۋىنى پۈتۈنلەي ئۇنىڭ ئۆزى قاتاتتى. ئۇ، دانىيار بۇ يەردە ئەمەستەك، ئۇنىڭغا دىققەت قىلىپمۇ قويمىدى.
جەمىلەنىڭ كەسكىنلىكى ۋە ئۆزىگە بولغان قاتتىق ئىشەنچى دانىيارنى ھەقىقەتەن ھەيران قالدۇردى. ئۇ ھۆرمەت بىلەن يىراقتىن جەمىلەگە سەپسېلىپ تۇراتتى، جەمىلەنى ياراتمىدى، لېكىن ئۆز ئىچىدە ئاپىرىن ئوقۇپ قاراپلا تۇردى. دانىيار ئۈن-تىنسىز ھالدا گىردىن قاپلارنى كۆتىرىپ ھارۋىغا بېسىشقا ئېلىپ ماڭغاندا، جەمىلە ئېتىلىپ كەلدى:
— نىمە گەپ بۇ؟ ھەركىم ئۆز كۆچىنى ئۆز ئالدىغا ئىشلىتەمدۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ، ئېپكەل قولۇڭنى، قوللاشقاننى خۇدا قوللايدۇ! ھەي، بالا، نىمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن، چىق ھارۋىغا، قاپلارنى جاي-جايىغا قوي!
جەمىلە بېرىپ دانىيارنىڭ قولىنى تۇتۇپ، قاپلارنى قولمۇ-قول ھارۋىغا ئاتقان چېغىدا، بىچارە دانىيار ئىزا تارتىپ شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار قولىغا قول تۇتۇپ، قاپلارنى توشۇپ بېشى بىر يەرگە كېلىپ قالغان چاغلاردا، دانىيارنىڭ ئۆزىنى قويىدىغان يەر تاپالماي، تەمتىرەپ كالپۇكلىرىنى چىشلەپ، جەمىلەگە قارىماسلىققا قاتتىق تىرىشۋاتقانلىقىنى سېزەتتىم. جەمىلەنىڭ ھېچنىمە بىلەن كارى يوق ئىدى، ئۆزىنىڭ قولدىشى بارلىقىنى تۇيمىغاندەك، گىرچى ئايال بىلەن ھە دەپ چاخچاقلىشاتتى. ھارۋىلارغا

www.uyghurkitap.com

ئاشلىق قاپلىرى بىسىلىپ بولۇپ، ئاتنىڭ بوجىنى قولغا ئالغان چاغدىلا، بۇ ياققا قاراپ كۆزىنى قىسىپ قويۇپ دانىيارغا دېدى:

— ھەي، كىم ئىدى، دانىيار، شۇنداقمۇ؟ قارىساق سەن ئەر كىشى ئىكەنسەن، ئەمسە يول باشلا!

دانىيار غىدىك-پىدىك قىلماستىن ھارۋىسىنى ھەيدىدى. "ۋاي شورۇڭ قۇرۇسۇن، ئىزا تارتقىنىنى بۇنىڭ!" دەپ ئويلىدىم مەن.

يول يىراق ئىدى. يىگىرمە چاقىرىمدەك دالىنى كېزىپ، تۆۋەندە ياتقان قارا تاغنىڭ جىلغىسىدىن ئۆتۈپ ئىستانسىغا بېرىش كېرەك ئىدى. بىر ياخشى يېرى خاماندىن چىقىپ ئىستانسىغا يەتكىچە يول پەسكەي ئىدى، ئاتلار ئۈچۈن بۇ كۆپ يەڭگىل ئىدى. بىزنىڭ ئايىل كۈركىرەۋ ئىگىز تاغنىڭ باغرىغا جايلاشقان بولۇپ، جىلغىغا يەتكەنچە ئاشكارا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۆمۈريول بولسا جىلغىنىڭ ئىتىگىدە ئىدى.

مانا مۇشۇ ھالدا. بىز كۈنگە بىر بېرىپ-كېلىپ ئاشلىق توشۇپ يۈردۇق. ئايىلدىن ئەتىگىنى چىقىپ، ئىستانسىغا چۈش مەھەلدە يېتىپ باراتتۇق.

ھاۋا ناھايىتى ئىسسىق بولۇپ، ئىستانسىدا ئادەم ناھايىتى جىق ئىدى: پۈتۈن مەيدان ئاشلىق توشۇۋاتقان ھارۋا ۋە ئېشەك-كالىلار بىلەن تولغان. مالغا ئاشلىق ئارتىپ كەلگەنلەرنىڭ ھەممىسى باللار ۋە ئايالىلار بولۇپ، چاڭ باسقان يۈزلىرى قاپ-قارا بولۇپ كەتكەن، يالىڭاياق پۇتلىرى يېرىلغان، كالپۇكلىرى ئىسسىقتا ۋە چاڭ-توپىدا يېرىلىپ قاناپ كەتكەن بولاتتى.

ئاشلىق پونكىتىنىڭ قوراسىدا ۋاڭ-چۇڭ كۆتىرىلگەن بولۇپ، دەرۋازا بېشىغا: "بارلىق ئاشلىق—فرونت ئۈچۈن" دېگەن شوئار

يېزىلغان. سول تەرەپتە، پاكار تامنىڭ سىرتىدا، پاراۋوز ۋاگونلىرى بىرى-بىرى ھەركەتلىنىپ، ئىسسىق پار ۋە كۆمۈر قۇرۇملىرىنى پۇرقۇپ يۈرەتتى. پويىزلار قۇلاقنى يارغۇدەك گۈدۈك بىرىپ ئۆتۈپ تۇراتتى. چۈكۈرۈپ قويۇلغان تۆگىلەر تۇرغۇسى كەلمەي، شۆلگەيلىرىنى چاچرىتىپ ئاچچىقلانغاندەك قىلىشاتتى.

ئۆگزىسى قاڭالتىر بىلەن قاپلانغان ئاشلىق پونكىتىنىڭ ئىچى بەك ئىسسىپ كەتكەن بولۇپ، تاغدەك دۆۋىلەنگەن ئاشلىق بىلەن تولغان ئىدى. قاپلارغا قاچىلانغان ئاشلىقنى يۈدۈپ، تاختايدىن ياسالغان شوتىلار ئارقىلىق ئاشلىق دۆۋىسىنىڭ ئۈستىگە ئىپچىقىپ تىزىش كىرەك ئىدى. ئىسسىقتا بۇغدايىنىڭ چاڭ-توزاڭلىرى نەپەسنى بوغاتتى.

— ھەي بالا، كۆزۈڭگە قارا، ئۈستىگە ئىپچىق! كۆرگۈلۈكىنى كۆرىسەن بولمىسا! — دەپ، ئۇيقۇسىز كۆزلىرى قىزىرىپ كەتكەن پونكىت خادىمى تۆۋەندە قولىنى شىلتىيتتى.

نىمىگە تىللايدۇ ئۇ بىزنى؟ تىللىمىسىمۇ قەيەرگە ئىپبىرىپ قەيەرگە قويۇشنى بىلىمىز. بۇ ئاشلىقلارنى بىز يەلكىمىزدە كۆتىرىپ ئىتىزدىن ئىلىپ كەلدۇق، ئۇ يەردە ئايالار، چاللار، باللار بىر-بىرلەپ تىرىپ-ئۆستۈرۈپ، ئورۇپ تەييارلىغان، ئۇ يەردە، مۇشۇ تۇرقۇم، تازا قاتىلاڭ دىخانچىلىق مەۋسۇمىدە، كومبايىنچىلار ئەيجەنى چىقىقان. ئالىلىقاچان تاشلاش لازىم بولغان كومبايىنلارنىڭ يېنىدا جاپالىق كۈرەش قىلماقتا، ئۇ يەردە، ئايالار قىزىپ كەتكەن ئوغاقلىرىنى كېچە-كۈندۈز قولىدىن چۈشۈرمەي، ئىگىلگەن بېلىنى كۆتەرمەي ئوما ئورۇماقتا. ئۇ يەردە، يەرگە چۈشكەن ھەر بىر داننى ئانچە-مۇنچە ئىشقا ياراپ قالغان باللارنىڭ قوللىرى پەخەس بىلەن تىرىپ يىغماقتا. مۇشۇ كۈنلەردە بىزنىڭ بارلىق تاپقان-تەرگىنىمىز — فۇرونت ئۈچۈن،

غەلىبە ئۈچۈن بەرگەن تەر بىلەن قىنىمىز.

ياش بالا بولغىنىمغا قارىماي، قىران يىگىتلەر ئاران كۆتىرىدىغان
مۇشۇنداق قاپلارنى مۇرەمگە ئېلىپ، چىشىم بىلەن قوشۇپ چىشلەپ،
يۇقۇرىغا ئۆرلەپ كېتىۋاتقىنىمدا. قوۋۇرغىلىرىم ئېگىلىپ، كۆزۈم
قاراڭغۇلىشاتتى. ھەر قەدەم باسقىنىمدا تاختاي ئېگىلىپ غىچىرلايتتى.
پونكىتنىڭ ئېچىدىكى چاڭ-توزاڭ ئۆپكەمنى قىساتتى، نەچچە قېتىم
ھالىمدىن كېتىپ، قاپلار ئۈستۈمدىن سىرىلىپ چۈشۈپ كېتىۋاتقاندەك
بولغان ئىدىم، قاپنى تاشلىۋەتكىم، ئۆزەمنىمۇ قوشۇپ تاشلىۋەتكىم
كېلەتتى. بىراق، ئارقامدا قاپ كۆتىرىپ كېلىۋاتقانلار بار. ئۇلارمۇ
ماڭا ئوخشاش ياش بالا. يا بولمىسا مەنچىلىك بالىسى بار ئايال-
لاردۇر. ئەگەر ئۈرۈش بولۇپ قالمىغان بولسا، بۇنداق ئېغىر يۈك-
لەرنى كىممۇ بۇلارغا كۆتەرتەتتى؟ ياق، ئاياللار چېغىدا مېنىڭدەك
ئىش قىلىۋاتقان تۇرسا، ئۇنى تاشلىۋېتىشكە مېنىڭ نىمە ھەققىم؟

قاراڭلار، كۆپچىلىكنىڭ ئالدىدا يەڭگەم جەمىلە كېتىپ بارىدۇ.
ئېتىگىنى يۇقۇرىراق قىلىپ، چاچلىرىنى تۈگۈۋالغان جەمىلەنىڭ
قاپ-قارا، چىرايلىق پۇتىنىڭ مۇسكۇللى تومپىيىپ چىققان، تارمۇشلىرى
ئۈزۈلۈپ كېتەي دىگەن دەرىجىدە چىڭايغان ئىدى، ئېغىر قاپنىڭ
بېسىمىدا ئۇ خۇددى پۈرژىنىدەك ئېگىلەتتى، ئۇنىڭ يۇمران بەدىنىنى
قانچىلىك كۈچ كۆتىرىپ تۇرىدىكىن. ئۇ بىرنەچچە قەدەم تاشلاپ بىر
توختايتتى. گايى چاغلاردىلا مېنىڭ ھالسىراپ كېتىۋاتقانلىقىمنى
سەزگەندەك، توختاپ قالاتتى-دە:

— غەيرەت قىل، ئۇكا، بىرنەچچە قەدەملا قالدى! — دەپ
قوياتتى. بىراق ئۆزىنىڭمۇ ئۇنى ئاران-ئاران چىقاتتى.

بىر بۇغداينى تۆكۈۋېتىپ، ئارقىمىزغا قايتقان چاغدا، دانىيارغا

www.uyghurkitap.com

دۈچكەلدۇق. ئۇ سەل ـ پەل ئاقسىغان هالـدا، مەزمۇت ۋە تەكـشى قەدەم تاشلاپ. ئادەتتىكىـدەك ئۈن ـ تىنسىز ۋە يالغۇز كېلىۋاتاتـتى. بىز ئۇنىڭدىن يانداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا، دانىيار ئىڭىشىپ كۆينـ گىنىڭ ئېتەكلىرىنى تۈزەپ كېلىۋاتقان جەملەگە قىيا بېقىپ ئۆتتى. خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك، هەر قېتىم شۇنداق قىلاتتى. بىراق، جەملە ئۇنى خىيالىغىمۇ كەلتۈرۈپ باقمايتتى. بىز بىرلىكتە ئىشلىگەن ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇ ئىككىسىنىڭ ئوتتۇرىسىدىكى مۇئامىلە ئەنە شۇنداق ئىدى.

راست، هەممە ئىش ئادەتتىكىدەك: جەملە گايىدا ئانچىكىم تاماشا ئۈچۈن ئۇنىڭغا غالىپلارچە كۈلۈپ سۆزلەپ قويسا، گايىدا ئۇنىڭ بار ياكى يوقلۇغىنى ئۇنتۇغان ئادەمدەك، هېچنىمە دېمەيتتى. بۇمۇ ئۇنىڭ كەيپىياتىغا باغلىق ئىدى. كۆڭلى خالىسا، يولدا كېلىۋېتىپ جەملە ماڭا: "هەيدە ئاتلارنى، كەتتۇق!" دەپ توۋلاپ قوياتتى ـ دە، ئولتۇرغان يېرىدىلا ئۆرە تۇرۇپ، قامچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، هارۋىنى ئىتتىك هەيدەپ كېتەتتى. مەنمۇ قالمايتتىم. كۆز يۇمۇپ ـ ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا، يول باشلاپ ئالدىدا كېتىۋاتقان دانىيارنى قوغلاپ يېتىپ ئۆتۈپ كېتەتتۇق. هەممە چاڭ ـ توزاڭ دانىيارنى قاپلاپ ئالاتتى ـ دە، ئۇ ئارقىدا قالاتتى، بۇ بىر چاخچاق بولسىمۇ، لېكىن هەممىلا ئادەم بۇنىڭغا چىداپ تۇرۇۋېرەلمەيتتى. شۇنداق بولسىمۇ دانىيار خاپا بولىدىغاندەك ئەمەس ئىدى. توپا ـ چاڭ كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتساقمۇ، ئۇ ئەيىپلىك ئادەمدەك، قاقاقلاپ كۈلۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان جەملەگە قاراپ قالاتتى. قانداق قىلىۋاتىدىكىن دەپ ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارايتتىم: قويۇق چاڭ ـ توپا ئىچىدىمۇ، دانىيار بۇنىڭغا رازى بولغاندەك،

جەملەدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. ئۇنىڭ قاراشلىرىدىن ئاق كۆڭۈللۈك، ياش بالىلارنىڭ شوخلۇغىنى مەيلى دەپ كەچۈرگەندەك كەيپىيات بىلىنىپ تۇراتتى، ھەتتا مەن ئۇنىڭدىن بىر خىل قەيسەرلىك، چوڭقۇر سېغىنىش ھېس قىلاتتىم.

جەملەنىڭ مۇشۇنداق چاخچاقلىرى بولسۇن ياكى سوغاق مۇئامىلە-سى بولسۇن، بىر قېتىممۇ دانىيارنىڭ ئاچچىغىنى كەلتۈرگەندەك ئەمەس ئىدى، ئۇ ھەممىسىگە چىدايتتى، بىر قېتىممۇ سۆز قايتۇرمايتتى. دەسلەپتە مېنىڭ دانىيارغا ئىچىم ئاغرىپ:

— يۇۋاش بىر ئادەمنى شۇنچىۋالا زاڭلىق قىلغىنىڭ نېمىسى، يەڭگە؟ — دىسەم، جەملە:

— ئوھوي، قويساڭا ئۇنى! — دەپ قولىنى شىلتىپ قوياتتى. — بىكار ئىش، مۇنداقلا چاخچاق قىلىپ قويغىنىم بولمىسا، بۇ بىچارىگە مېنىڭدە باشقا نىيەت يوق!...

بارا-بارا يەڭگەمنىڭ بۇنداق چاخچاقلىرىغا مەنمۇ كېلىپ قوشۇلدۇم. چۈنكى دانىيار جەملەگە بولۇپمۇ باشقىچە قادىلىپ قارايدىغان بولدى. جەملە قاپ كۆتىرىپ ماڭغاندا، ئىش ئارىلىغىدا سەل توختىغاندا، كۆزىنىڭ قىرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. دەرۋەقە، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ۋە چۇقان كۆتىرىلگەن، قىستا-قىستاڭچىلىق ھۆكۈم سۈرگەن بۇ پونكىتتا، ئالدىراپ ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈشۈپ تۇرغان، ئۈنلىرى پۈتكەن كىشىلەر ئارىسىدا جەملە ئالاھىدە كۆزگە تاشلىناتتى، ئۇنىڭ ئەپچىل، ئىشەنچلىك، چەبدەس ھەركىتى ۋە مېڭىشلىرى كىشىلەرنىڭ كۆزىگە چۈشمەي قالمايتتى.

راست، ئۇنىڭغا قارىماي مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ھارۋىنىڭ قىرىغا تىك قويۇلغان، ئاغزى ئىزمىلانغان قاپنى جەملە ئارقىسىغا توغرىلاپ،

قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ قامااللاپ تۇتقاندا، پۇت ۋە بەدىنى ئېگىلىپ، بوينى، كۆكرىكى كېرىلىپ، كۆندە كۆيگەن قارا كۆرەك چاچىنىڭ ئۆرۈمى ئۈزۈراپ كەتكەندەك يەرگە تېگىپ قالاتتى. كىرپىكلىرىنىڭ ئارىسىدىن كۆزىنىڭ نۇرى يالت ـ يۇلت قىلىپ قالاتتى. مۇشۇنداق قاپ كۆتەرگەن جەملە بوسۇغىغا يەتكىچە دانىيار ئۇنى بايىقىدەك تېكىر- قىغان كۆزقاراش بىلەن سەزدۇرمەي قاراپ ئۆزىتىپ قالاتتى. بىراق مەن ئۇنى بايقاپ يۈرەتتىم. باشتا ئۇنچىۋالا كۆڭلۈمگە ئېلىپ كەتمە- سەممۇ، كېيىنچەرەك دانىيارنىڭ ئاشۇنداق قىياپەتتە جەملەگە قىزد- قىپ قارىغانلىغى ماڭا ياقماق تۇگۇل نومۇسۇمنى كەلتۈردى. ھېچكىمگە تەك قىلماي قىزغىنىپ يۈرگەن يەڭگەمنى دانىياردىگەنگە تەڭ قىلامتىم.

"قاراڭ بۇنى، ئەقەللىسى دانىيارمۇ يەڭگەمدىن كۆزىنى ئۈزەلمەي- ۋاتقان يەردە، باشقىلار ئاپايلا كۆيىدۇ ـ دە! ۋاي تۇۋا!" دەپ ئاچچىقلىنىپ، قىينىلىپ يۈردۈم. دانىيارنى مۆمىن بەندە دەپ ئاياش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، يامان كۆرۈشكە باشلىدىم. مۇشۇنداق قىزغىنىش ئارقىسىدا، مەن يەنە يەڭگەمگە قوشۇلۇپ ئۇنى شاڭخو قىلىدىغان، خەق ئۇنى شاڭخو قىلسا ئىچىمدە خوشال بولىدىغان بولدۇم.

بىراق، بىزنىڭ بىر قېتىملىق چاخچىغىمىزنىڭ ئاخىرى ئۇياتلىق بولۇپ چىقتى.

ئاشلىق توشۇيدىغان قاپلارنىڭ ئىچىدە قوي يۇڭىدا توقۇلغان، يەتتە پۇت① ئاش سىغىدىغان بىر چوڭ چىپار قاپ بار ئىدى. ئۇنى ھەر دائىم يەڭگەم ئىككىمىز ساڭغا يەتكۈزۈپ باراتتۇق ۋە بىرلىكتە تۆكەتتۇق، چۈنكى ئۇنىڭغا بىر كىشىنىڭ كۈچى يەتمەيتتى. بىر كۈنى

① بىر پۇت 16.3 كىلوگىرامغا تەڭ كېلىدۇ. ـــ تەرجىماندىن.



www.uyghurkitap.com

خاماندا ھارۋىلارغا بۇغداي بېسىۋېتىپ، يەڭگەم ئىككىمىز بايىقى چىپار قاپنى دانىيارنىڭ ھارۋىسىغا تاشلاپ، ئۈستىگە باشقا قاپلارنى بېسىپ قويدۇق. راستىنى ئېيتقاندا، قانداق قىلاركىن، دەپ چاخچاق قىلدۇق.

شۇنداق قىلىپ، كۈن چىقىش بىلەن تەڭ خاماندىن قوزغالدۇق. جەمىلە ئىككىمىز يولدا، رۇسلارنىڭ بىر قىشلىقىدا، بىراۋنىڭ بېغىغا كىرىپ ئالما ئوغرىلاپ چىقتۇق-تە، يول بويى كۈلۈپ، ئويناپ ماڭدۇق. جەمىلە ئالمىنى دانىيارغا ئاتتى. ئاندىن كېيىن بىز ئاۋالقىدەكلا ئاتلىرىمىزنى قامچىلاپ، چاڭ-توزاڭ پۇرقىرىتىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتۇق. دانىيار بىزگە جىلغىدىن چىقىش ۋاقتىدىلا ئاران يېتىشتى. تۆمۈريول توسالغان ئىكەن، بىز شۇ يەردە كۈتۈپ تۇرغان ئىدۇق. بۇ يەردىن ئىستانسىغا بىللە كەلدۇق. مانا مۇشۇ ئارىدا بايىقى يەتتە پۇت ئاشلىق سىغىدىغان قاپ ئېسىمىزدىن چىقىپ قېپتۇ، باشقا نىيىتىمىزمۇ يوق ئىدى، بۇغدايلارنى توشۇپ بولاي دەپ قالغان ئىدۇق. بىر ۋاقىتتا جەمىلە بېقىنىمدىن تۈرتۈپ قالدى-دە، دانىيارغا قاراپ كۆزىنى قىسىپ، كۈلۈپ قويدى. دانىيار ھارۋىنىڭ ئۈستىدە تۇرغان ئىكەن. ”بۇنى قانداق قىلسام بولاركىن“ دىگەندەك، بايىقى قاپنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىگە قاراپ، جەمىلىنىڭ كۈلكىسىنى باسالماي قېلىۋاتقانلىقىنى بايقاپ، قىزىرىپ كەتتى. ئۇ بىزنىڭ سىناپ باقماقچى بولغانلىقىمىزنى بىلگەن ئوخشايدۇ.

— ھەي، ئىشتان بېغىڭنى چىڭىتىۋال، يېرىم يولدا ئىشتىنىڭ چۈشۈپ كەتمىسۇن يەنە! — دىدى جەمىلە.

دانىيار بىزگە يامان كۆزى بىلەن يالت قىلىپ بىر قارىدى-دە، قاپنى نېرى-بېرى يۇلقۇپ، ھارۋىنىڭ قىرىغا تۈرغۈزۈۋېلىپ، بىر

www.uyghurkitap.com

قولى بىلەن يۆلەپ تۇرۇپ يەرگە سەكرەپ چۈشتى. بىز "ئاپلا" دەپ بولغىچە قاپنى كۆتەرگەن دانىيار ئىڭىشكەن هالدا ساڭنى كۆزلەپ مېڭىپ كەتتى. هە دېگەندە بىز قانداق قىلارىن دەپ، بايقىمىغان بولۇپ، هېچبىر ئىش بولمىغاندەك تۇرىۋەردۇق. باشقىلارمۇ دانىيارغا كۆڭۈل بۆلمىدى، هەممەيلەن قاپ كۆتىرىپ يۈرۈيدۇغۇ، كىم بىلەن كىمنىڭ ئىشى. بىراق دانىيار ساڭغا يېقىنلاپ كەلگەندە، جەمىلە ئارقىسىدىن قوغلاپ باردى:

— ساقمۇسەن ئۆزەڭ، تاشلا مۇشۇ يەرگە، چاخچاقنى بىلمەمسەن؟

— نېرى تۇر! — دەپ دانىيار ئۇنى سىلكىۋەتتى ۋە تاختاي شوتىغا ئاياق باستى.

— قارىساڭوي، ئۆلەرمەننى، كۆتىرىپ كېتىۋاتىدۇ! — دىدى جەمىلە، خۇددى ئۆزىنىڭ خاتا قىلمىغانلىغىنى ئىسپاتلىماقچى بولغان ئادەمدەك.

جەمىلە يەنىلا ئاستا كۈلۈپ تۇراتتى، بىراق ئۇنىڭ كۈلكىسى بارغانسېرى قاملاشماي، زورغا كۈلۈۋاتقاندەك ئاڭلىناتتى.

دانىيارنىڭ يارىدار پۇتىغا كۈچ كېلىپ، ئاقساشقا باشلىغاندا، بىز ئۇنى قانداق ئازاپقا سالغانلىغىمىزنى ئەمدى چۈشەندۇق. دانىيارنىڭ پۇتىنىڭ يارىدارلىغىنى نىمە ئۈچۈن ئويلاپ باقمىغاندىمىز؟ هەي، مېنىڭ بالىلىغىمغۇ! بۇ تەنتەكلىگىمنى ئۆمۈرۋايەت كەچۈرمەسمەن — بۇنى ئويلاپ چىقارغان مەنغۇ!

— قايت ئارقاڭغا! — دەۋەتتى جەمىلە كۈلكە ئارىلاش ئازاپلانغان هالدا. بىراق، ئارقىغا قايتىشنىڭمۇ ۋاقتى ئۆتكەن ئىدى، دانىيارنىڭ ئارقىسىدىن قاپ كۆتەرگەنلەر ئۈزۈلمەي كېلىۋاتاتتى.

شۇنىڭدىن كېيىن نىمە بولغىنى ئېسىمدە يوق. مېنىڭ كۆرگۈنۈم پەقەتلا دانىيار. كۆز ئالدىمغا كەلگىنى باداڭدەك چوڭ چىپار قاپ.

دانىيار ئۇنىڭ ئاستىدا پۇكلىنىپ، ئېگىلىپ، چىشىنى چىشلەپ كېتىپ بارماقتا. يارىدار بولغان پۇتىنى سۆرەپ شىلتىپ، ئۇنىڭغا ئۇنچىۋالا كۆچ كەلتۈرمىگىنى بىلەن، ھەر قېتىم يېڭىدىن قەدەم باسقىنىدا، ئۇنىڭغا قانچىلىك ئازاپ بولۇۋاتقانلىقىنى كۆرۈشكە بولاتتى. ئۇ بىر دەم دەم ئالغاندەك بولاتتىيۇ، يەنە ئالغا چامدايتتى. چېپار قاپ ئۇنى بىر ئۇ ياققا، بىر بۇ ياققا لىڭشىتاتتى. يۇقۇرىلىغانسېرى شۇنچە بەك ئىغاڭلىغاندەك بولاتتى. شۇ چاغدا يەڭگەم ئىككىمىز ھەم قورقتۇق، ھەم قاتتىق خىجالەت بولدۇق، خىجالەتچىلىكتە ئاغزىم قۇرۇپ كەتتى. پۈتۈن ئەزايى بەدىنىمگە ئېغىرلىق چۈشۈۋاتقاندەك، ئۇنىڭ يارىدار بولغان پۇتىغا چۈشكەن چىداپ بولغۇسىز ئاغرىق ماڭا چۈشكەندەك بولۇپ كەتتى. ئەنە، ئۇ يەنە دەلدەڭشىپ كەتتى، تۇرۇۋېلىپ، بېشىنى ئېچىگە تىقتى، مېنىڭمۇ بېشىم ئايلىنىپ، پۈتۈن يەر-جاھان پىرقىراۋاتقاندەك بولۇپ كەتتى، بىر چاغدا ھوشۇمدىن كەتكەندەك، ھېچنىمىنى بىلمەي قالدىم.

ئۇشتۇمتۇت كىمدۇر بىرى بېلىگىمدىن خۇددى ئۇشتۇۋېتىدىغاندەك قاماپ تۇتتى. مۇنداق قارىسام جەملە ئىكەن. ئۇنىڭ رەڭگى-رويى يۇغان لاتىدەك بوزىرىپ، كالپۇكلىرى كۆلكىدىن ھەيرانلىقتا ئورۇن بەرگەن ۋە ئاغزى ئېچىلىپ قالغان. ئۇ كۆزىنى دانىياردىن ئالماي تەلمۈرۈپ قېپتۇ. بىزنىڭ يېنىمىزغا پونكىت خادىملىرىمۇ، باشقىلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كېپتۇ. ئۇلارمۇ نېمە بولغانلىقىنى ياخشى چۈشەنمەي، دانىيارغا قارىشاتتى.

دانىيار كېتىۋېتىپ، سېرىلىپ تۆۋەنلىگەن قاپنى ئوڭلاي دەپ يۇقۇرىغاراق سىلكىگىنىدە، بەرداشلىق بېرەلمەي سەنتۈرۈلۈپ كەتتى. جەملە ئىككى ئالقىنى بىلەن كۆزىنى ئەتتى-دە:

— تاشلا! قاپنى تاشلا! — دەپ ۋاقىردى.

لېكىن دانىيار نىمىشقىدۇر قاپنى تاشلىمايتتى. ئۇ قاپنى تاختاي شوتىنىڭ يان تەرىپىگە ئۆرۈۋەتسىلا بولاتتى، ئۇنداق قىلسا ئارقىدىن كېلەرگىمۇ ھېچبىر دەخلىسى بولمايتتى، بىراق، دانىيار ئۇنداق قىلمىدى. جەمىلەنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىغاندا، بېشىنى بۇراپ بىر قارىدى-دە، ئىلگىرىلەپ قەدەم تاشلىدى. ئازراق مېڭىپ، يەنە سەنتۈرۈلۈپ ئىغاڭلاشقا باشلىدى.

— تاشلا، تاشلا دەيمەن ئىتنىڭ بالىسى! — دېدى پونكىت خادىمى.

— تاشلا! - دېيىشتى كۆپچىلىك.

دانىيار بۇ قېتىممۇ ئۆزىنىڭ ئىرادىسىدىن قايتماي، ئۇ ياق-بۇ ياققا ئىغاڭلىغان ھالدا ئالغا چامدىدى.

— ۋوي، ئۇ بەربىر تاشلىمايدۇ! — دېدى قاراپ تۇرغانلاردىن بىرى ئۇنىڭغا كۆزى يېتىپ تۇرغان ئادەمدەك قولىنى سىلكىپ. يالغۇز شۇلا ئەمەس، يېنىمىزدا تۇرغانلارمۇ، قاپ كۆتىرىپ دانىيارنىڭ ئارقىسىدىن پونكىت خادىمى بىلەن بىللە چىقىپ كېتىۋاتقانلارمۇ، بۇ ئىشنىڭ تېگىدە بىر سىر بارلىقىغا چۈشەنگەندەك، دانىيارنىڭ قاپ بىلەن بىللە ئۆڭتۈرۈلۈپ چۈشۈشكە رازىكى، ھەرگىز قاپنى تاشلىمايدىغانلىقىغا كۆزى يەتكەندەك، بىر دەقىقە جىمجىت بولۇپ قالدى.

سىرتتا، ۋاگونلارنىڭ قوزغالغانلىقى، پاراۋوزلارنىڭ پۇشقۇرۇپ گۈدۈك بەرگەنلىكى ئوچۇق ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

دانىيار دۆڭگە يۈك سۆرىگەن ئاتتەك، كۈچەپ قەدەم تاشلىماقتا. ئۇ ئۆزىنى تەڭشىۋالالماي يىقىلىپ كېتەي دەپ قالغان ۋاقتىدا، توختىۋالاتتى-دە، كۈچ يىغىپ، يېڭىۋاشتىن ئالغا ئىنتىلەتتى. دانىيارنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋاتقانلار ئۇنىڭ رايىغا بېقىپ، ئۇ توختىغاندا

توختاپ، ئۇ ماڭغاندا ماڭاتتى. دانىيارنىڭ ئارقىدىن ماڭغاچقا، ئۇلارمۇ ماغدۇرسىزلىنىپ، قارا تەرگە چۈمگەن ئىدى. بىراق، بىر ئادەممۇ ئۇنى ئەيىپلىگىنى ۋە تىللىغىنى يوق. مۇشۇنداق قىستاق يولدا بىرىگە بىرى قارىشىپ كېلىۋاتقاندەك، قاپ كۆتەرگەنلەر ئۇنىسىز ـ تىنىسىز ھەركەتتە ئىدى. مۇبادا بىرەيلەن ئالىمادىن ماغدۇرسىزلىنىپ يىقىلىپ كېتىدىغان بولسا، باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يىقىلىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى. ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئۈنسىز ھەركىتىدە قانداقتۇر ئېغىر سالماق، بىر ئېغىزدىن چىقىۋاتقان تىنىق بار ئىدى. دانىيارنىڭ ئارقىسىدىن دەممۇ ـ دەم كېتىۋاتقان ئايالنىڭ پۇتى تېلىپ، يىقىلىشقا ئاز قالغاندەك كۆرۈنسىمۇ، لېكىن ئۇ ئايال ئۆزىگە ئەمەس، دانىيارغا خۇدادىن مەدەت تىلەپ، ئەرۋاھلارغا سىغىنىۋاتقاندەك، ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ قارايتتى.

مانا ئەمدى بىرنەچچە چامدا ملا قالدى. دانىيار يەنە ئازراقلا ماڭسا، شوتىنىڭ تۈز يېرىگە كېلەتتى. شۇ ئەسنادا، ھالىدىن كەتكەن دانىيار يارىدار بولغان پۇتىنى ئاياپ بېسىشقا كۆچى يەتمەي، بېسىپ تۇرغان قاپنى قويۇۋەتمىسە بولمايدىغان ھالغا يەتتى.

— يۈگۈر! ئارقىسىدىن يۆلىشىپ بەر! — دېدى ماڭا جەمىلە. ئۆزى بولسا دانىيارغا يۆلىشىپ بېرىۋاتقان ئادەمدەك تەمتىرىگەن ھالدا ئىككى قولىنى يايدى.

مەن قويۇپ قويغان تاختايلاردا قاپ كۆتىرىپ كېتىۋاتقان ئادەملەر ئارىسىدىن ۋە قاپلار ئارىسىدىن ئۆتۈپ دانىيارنىڭ يېنىغا كەلدىم. دۈمبىسىگە بۇغداي قاچىلانغان چوڭ قاپنى ئېلىپ، ئېڭىشىپ كېتىۋاتقان دانىيار قولتۇغىنىڭ ئاستىدىن ماڭا بىر قارىۋالدى، ئۇنىڭ يۈزىدىن تەر چېپىلداپ ئېقىپ تۇراتتى، ماڭلىيىدىكى تومۇرلار يېرىلىپ

كەتكۈدەك كۆپكەن، قىزارغان كۆزىگە قەھرى-غەزەپ تولغان ئىدى. دانىيارغا ياردەملىشەي دەپ ئۇمتۇلۇۋىدىم، ئۇ:

— تۇر نېرى! — دېدى ۋە زەردە بىلەن قاراپ، قاپىنى يەنە بىر سىلكىپ ئۆرەرەك قىلىپ، جېنىنى ئاغزىدا چىشلىگەنىدەك ئاخىرقى كۈچى بىلەن ئالغا ئاتلاتتى.

دانىيار ئېغىر-ئېغىر نەپەس ئېلىپ، ئاقساپ ئىغاڭلىغان ھالدا تۆۋەنگە قاراپ ماڭغان ۋاقتىدا، ئۇنىڭ ئىككى قولى خۇددى قوغۇن پېلىگىدەك ئىككى ياندا ساڭگىلاپ تۇراتتى. ھېچكىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماي ئۇنىڭغا يول بېرىشتى، پەقەت تەكشۈرگۈچىلا ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي ۋاقىراپ كەتتى:

— قانداق بالا سەن، ساراڭ بولدۇڭمۇ؟ مەن شۇنچىلىك قىلىدىغانغا ھايۋان ئەمەسقۇ، تۆۋەنرەك بىر يەرگە تۆكەي دېسەڭ ئۇنىماي قوياتتىممۇ؟ نېمە دەپ شۇنچىۋالا چوڭ قاپنى كۆتىرىسەن؟ كىم سېنى مۇشۇنداق قاپنى كۆتەر دەپتۇ؟

— ئىشىڭ بولمىسۇن، ئۆزەم بىلىمەن! — دېدى دانىيار مۇنداقلا ۋە ئاندىن كېيىن چىرت قىلىپ تۈكۈرۈپ قويۇپ، ھارۋىسىنى كۆزلەپ مېڭىپ كەتتى. جەملە بولسا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن شۇنىرلاپ قالدى:

— ھوي چاخچاقنى بىلمىگەن ئەخمەق!

ئۇ شۇنداق دېگىنى بىلەن بېشىنى كۆتىرىشكە جۈرئەت قىلالمىدى. دانىيار ئۇنى ئۇقتىمۇ، ئۇقمىدىمۇ بىلمەيمەن. بىراق ئۇ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپلا بىزگە ھەرنېمە دېسە، يەڭگەم ئىككىمىز ئۇنىڭ چىرايىغا تىكىلىپ قارىيالمىغان بولاتتۇق.

ئايلىغا قايتىپ كېتىۋېتىپ يول بويى بىرىمىزمۇ گەپ قىلمىدۇق. دانىيار ئۇچۇن بۇنىسى ئادەتتىكى بىر ئىش. ئۇ ئاڭسىز بولسىمۇ

سۆزگە كۆپ ئارىلاشمايدۇ، شۇنداق بولسىمۇ بۈگۈنكىسى بىزگە قاتتىق تېگىپ كەتتى: يا ئۇنىڭ بىراقلا بىزگە چىراي ئاچماي تەرىنى تۈرۈپ تۇرغىنىمۇ، بولمىسا ئاق كۆڭۈللۈك قىلىپ، ھىلىلا سادىر بولغان ئىشلارنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتتىمۇ، كىم بىلسۇن ئۇنى؟ بىزنىڭ ئۈنچىقمىغىنىمىزغۇ چۈشىنىشلىك: بىر تەرەپتىن، ئۇيالغانلى-غىمىزدىن يەرگە قاراپ قالدۇق، يەنە بىر تەرەپتىن، ئانچىكىم قىلىپ قويغان بىر چاخچاقنى دانىيارنىڭ چىنغا ئېلىپ، تولىمۇ ئەستايىدىل مۇئامىلە قىلغانلىقىنى يامان كۆرۈپ قالدۇق.

ئەتىسى ئەتىگەندە خاماندا ھارۋىلارغا بۇغداي بېسىۋاتقان چاغدا، جەملە بايىقى چىپار قاپنى ئالدى-دە، دەسسەپ تۇرۇپ، تىكىشلىرىنى ئىككى قوللاپ سۆكۈپ تاشلىدى. پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن قاپنى گىرچىنىڭ ئالدىغا تاشلىدى:

— مە، ئال ماۋۇ قاپنى! دۈيجاڭغا ئېيتىپ قوي، ئىككىنچى بۇنداق قاپنى بەرگۈچى بولمىسۇن!

— ھوي، سەن ئۆزەڭ ساقمۇسەن، بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟

— ھېچنىمە ئەمەس!...

ئەتىسى كۈن بويى دانىياردا ھېچقانداق خاپىلىق ئالامىتى كۆرۈن-مىدى، ئۇ كىشىلەرگە سىلىق مۇئامىلە قىلاتتى، بىراق تولا گەپ قىل-مايتتى، پەقەت ئادەتتىكىدىن بەكرەك ئاقسايتتى، بولۇپمۇ تاغار كۆتەرگەن چاغلاردا بەكراق ئاقسايتتى، بۇ ئۇنىڭ پۇتىدىكى جارا-ھەتنىڭ تۈنۈگۈن بەكمۇ قاتتىق ئاغرىغانلىقىنىڭ ئالامىتى ئىدى. بۇ ھال ئۆزىمىز قىلىپ قويغان گۇنانى دائىم ئېسىمىزگە سېلىپ تۇردى. ئۇ كۈلۈپ قويغان بولسا، ياكى ئانچە-مۇنچە چاخچاق

قىلىپ قويغان بولسا، بىز بېنىكلىشىپ قالغان ۋە شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئارىمىزدىكى چۈشىنىشمەسلىكمۇ تۈگەپ كەتكەن بولاتتىمۇ.

ھاكاۋۇر جەمىلە مۇمكىن قەدەر بىرەر ئىش بولمىغاندەك قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، يەنىلا قاقاقلاپ كۈلۈپلا يۈرەتتى، ئەمما كۈن بويى ئۇنىڭ بىئارام بولۇپ يۈرگەنلىكىنى بايقىدىم.

بىز ئىستانسىدىن پەقەت قاش قارايغان چاغدىلا قايتتۇق. دانىيار ئالدىدا ماڭدى. پاھ، شۇ كۈنكى كېچىلىك مەنزىرە ئاجايىپ گۈزەل ئىدى. ئاۋغۇست كېچىلىرىنى كىم بىلمەيتتى دەيسىز، ئاۋغۇست كېچە-سىدىكى يىراق-يېقىن يۇلتۇزلار ئاجايىپ نۇرلىنىپ، پارقىراپ تۇراتتى! ھەر بىر يۇلتۇز بىزگە كۆز قىسىپ قارايتتى. چەت-چېتىدىن چىچەك چىقىرىپ، ئەتراپقا سوغاق نۇر چاچاتتى. قاپ-قاراڭغۇ ئاسماندىن نىمىگىدۇر ھەيران بولغاندەك كەڭ زېمىنغا جىمىرلاپ قارىشاتتى.

بىز ئەنە شۇنداق كېچىدە ئايىلغا قاراپ كېتىۋاتىمىز، ئۇزاق-ئۇزاقتىكى يۇلتۇزلارغا قارىشىمىز. ئاتلىرىمىز رازىمەنلىك بىلەن بىر خىل تېزلىكتە قاتراپ ماڭماقتا. شېغىللار ھارۋا چاقى ۋە ئات تۇياق-لىرى ئاستىدا شىرىلدىماقتا. سالقىن شامال كەڭ دالىدا ئېچىلىپ كەتكەن شىۋاق ۋە ئەمەنلەرنىڭ، ئېگىزدا شاماللاپ ياتقان سامانىنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس پۇرىقىنى ئۇچۇرۇپ ئېپكېلەتتى، بۇ پۇراقلار، قارامايىنىڭ ۋە چىلىيا-قامۇتلارنىڭ ئارىلاشما ھىدى ئادەمنى گاراڭ ۋە مەس قىلغاندەك بولاتتى.

يولنىڭ بىر تەرىپىدە، ياۋا گىيا قاپلاپ كەتكەن سوغاق قورام تاش قىڭغىر كۆلەڭگە چۈشۈرۈپ ئارقىمىزدا قالاتتى، يەنە بىر تەرىپىدە، ناھايىتى يىراق تۆۋەن تەرەپتە، كۈركىرەۋ دەرياسى توختىماي شاۋقۇن-سۈرەن كۆتىرىپ ئاقماقتا. ئارقىمىزدا قالغان تۆمۈريولدا

پويىزلا، قۇلاقنى يارغۇدەك تاراقلاپ ئاۋاز چىقىرىپ تۆمۈر كۆۋرۈك-
تىن ئۆتتۈپ، ئاستا-ئاستا يىراق-يىراقلارغا كېتەتتى، چاقىنىڭ
رېلىستا تەككەن ئاۋازى ئۇزاققىچە ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مۇشۇنداق تۈندە يول يۈرگەن قانداق ياخشى! قاراڭغۇدا قاتىراپ
كېتىۋاتقان ئاتلارنىڭ دۈمبىسىگە قاراپ ئولتۇرسىڭىز، شۇ كېچىدىكى
تاۋۇشلارغا قۇلاق سېلىپ، شۇ كېچىدىكى ھاۋادىن نەپەس ئالسىڭىز
نىمە دېگەن پەيزى!

جەملە مېنىڭ ئالدىمدا كېتىۋاتاتتى. ئۇ ئاتىنىڭ تىزگىنلىرىنى
قويۇۋېتىپ، ئىككى تەرىپىگە كۆز سالغان ھالدا ئاستاغىنا ئاللىنىمە-
لەرگىدۇ ناخشا ئېيتماقچى بولدى. بىزنىڭ ئۈنچىقماي كېلىۋاتقانلى-
غىمىزنىڭ ئۇنىڭغا ئېغىر تۇيۇلغانلىغى ماڭا مەلۇم ئىدى. راستىنى
ئېيتقاندا، مۇشۇنداق تۈندە ئۈنچىقماي قويۇشقا بولامدۇ؟ ئادەم
دېگەننىڭ تىلى بار، ئۇنىڭ جېنى بولسىلا، ئۇ تەبىئەتنىڭ مۇشۇن-
داق كۆرۈنۈشىگە جاۋاپ بەرمەيتتىمۇ؟

جەملە جىم تۇرالمىدى، ئاخىرى ئاۋازىنى كۆتىرىپ ناخشا باش-
لىۋەتتى. مېنىڭچە بۇنىڭغىمۇ بىر نەرسە سەۋەپ بولدىغۇ دەيمەن:
جەملە مۇشۇ يول بىلەن دانىيارنىڭ دىلىنى داۋالاپ، خاپىلىغىنى
چىقارماق بولسا كېرەك. گايىدا ئادەملەر بىرىنىڭ گۇناسىنى بىرى
كەچۈرۈشكە تەييار تۇرۇشىدۇ، شۇنداق بولسىمۇ دەسلەپكى تۈرتكە
كېرەككۇ، جەملەنىڭ ئويىغا شۇ كەلدىمۇ، ئىش قىلىپ ئۇ ئىخلاس
بىلەن، چىن كۆڭلىدىن چىقىرىپ ياڭرىتىپ ناخشا باشلىۋەتتى.

”يەلپۈللەيدۇ شايى ياغلىق“ ياكى ”يېنىمدا تۇرساڭ جېنىم يارىم“
دېگەنگە ئوخشاش ناخشىلار جەملەدە جىق ئىدى، يەنە كېلىپ جەم-
لە ناخشىنى ناھايىتى يېقىملىق ئېيتاتتى. ئۇنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشمۇ

خوشاللىق بېغىشلايدىغان ئىش ئىدى. لېكىن ئۇ ئۇشتۇمتۇت ناخشىسىنى توختىتاتتى ــ دە، دانىيارغا قاراپ تولۇلدى:

ــ ھەي، دانىيار، ناخشا ئېيتىپ قويساڭ بولمامدۇ؟ تىرىكمۇ سەن ياكى ئۆلۈكمۇ؟

دانىيار ھارۋىسىنى توختىتىپ قويۇپ بۇ ياققا قارىدى ــ دە، ئوڭايسىزلانغاندەك بولۇپ:

ــ ناخشاڭنى ئېيتىۋەر جەمىلە، قۇلىقىم سېنىڭدە! ــ دەپ قويدى.

ــ باشقا خەقنىڭ قۇلىقى يوقمىكەن؟ ناخشا ئېيتىشنى خالىمىساڭ ئېيتماۋەرگىن! ــ دېدى جەمىلە تەئەددى قىلىپ. ئاندىن كېيىن "سەن ناخشا ئېيتمىساڭ مەن ئېيتىمەن" دېگەندەك قىلىپ ئۆزى ناخشا ئېيتىشنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇنىڭ نېمە ئۈچۈن دانىيارنى ناخشا ئېيتىشقا ئۈندىگەنلىكىنى كىم بىلىدۇ. يا مۇشۇنىڭ بىلەن ئۇنى تىلغا كىرگۈزمەك بولدىمۇ؟ مېنىڭچە شۇنداق بولدىمىكىن، چۈنكى بىرئاز ئۆتكەندىن كېيىن، جەمىلە دانىيارنى يەنە ناخشا ئېيتىشقا ئۈندىدى:

ــ ھەي، دانىيار، زادى سەن بىراۋ بىلەن مۇھەببەتمۇ باغلىغاندۇ؟ ــ بۇ سۆزنى دەپ جەمىلەنىڭ ئۆزى نېمە ئۈچۈندۇر كۈلۈپ كەتتى.

دانىيار جاۋاپ بەرمىدى، جەمىلەمۇ ئۈنچىقماي قالدى. بىرئاز ۋاقىت جىرا ئىچى تىنچىپ قالدى. ھارۋىنىڭ چاقلىرىلا ئايلىنىپ، ئاتلار بېشىنى سىلكىپ پۇشقۇراتتى.

"ناخشىغا ئۇستا ئادەمنى تېپىپسەن زادى!" دەپ كۈلۈپ قويدۇم مەن ئىچىمدە.

يولنى كېسىپ ئۆتكەن ۋە شارقىراپ ئېقىپ تۇرغان سۇغا كەلگەندە، ئاتلار ئاق قاشتېشىدەك نەم تاش-شېغىللارنى تاراقلىتىپ دەسسەپ قەدىمىنى ئاستىلاتتى. بىر سايدىن ئۆتكەندە دانىيار ئاتلارنى ”چۇ“ دەپ ھەيدىدى-دە، كۆتىمىسىگەن يەردىن تىترەك ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ناخشا باشلىۋەتتى:

**ھوي، ئالاتاۋ، ئالا-تاۋ**
**ئاتا-بوۋام ئۆسكەن يەر!**

ئۇ ھارۋا سىلكىنگەندە قوشۇلۇپ سىلكىنىپ، تىترىگەن ئاۋاز بىلەن ناخشا ئېيتاتتى. بىراق بۇ يىگىت ئىنزا تارتىپ كەتكەنگە ئوخشايتتى، ئۇنىڭ ئۈنى بوغۇلۇپ چىقماي قالدى-دە، كېيىنكى ئىككى مىسراسىنى كۆكرىكىنى ھاۋاغا تولدۇرۇپ، ئىگىز كۆتىرىپ ئېيتتى:

**ھوي، ئالاتاۋ، ئالا-تاۋ،**
**ئاق بۇلۇتلار ئۈزگەن يەر!**

نىمە بولغانلىغىنى بىلمەيمەن، بۇ يەرگە كەلگەندىمۇ يەنە ئاۋازى ئۈزۈلۈپ، ناخشىسىنى توختاتتى. ھەي، ئۇياتچان كىشى دىگىنىڭ قۇرۇسۇن، ئۇنىڭدىن كۆرە ناخشا ئېيتمايلا قويسا بولمىدىمۇ! خۇدا بىلىدۇ، ئۇنىڭ يۈزى ۋىلىلداپ كۆيۈپ كېتىۋاتقاندۇ. مەنىمۇ ئوڭايسىزلىنىشقا باشلىدىم. بىراق ئۇنىڭ ئاۋازىنى ياخشى دىيىشكە بولاتتى، راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇ ناخشىنى دانىيارنىڭ ئېيتىۋاتقانلىغىغا ئىشىنەلمەي قالدىم.

www.uyghurkitap.com

— قارىغىنا! — دەپ سالدىم مەن هاڭ-تاڭ قېلىپ. جەمىلە بولسا هەيرانلىقتا ۋاقىراپ كەتتى:

— ۋاي هەيرانمەن، باشتا نىمىشقا ئېيتمىدىڭ؟ ناخشاڭنى ئېيت، ئېيتىۋەر!

دانىيار ئۈنچىقماي مېڭىۋەردى. ئالدى تەرەپتىن جىلغىنىڭ چىقىش ئاغزى ئاقىرىپ، تۇزلەڭلىككە چىقىپ قالغانلىغىمىز بىلىندى، يۈزىمىزگە شامال كېلىپ تەگدى. بايىقى ناخشىسىنى يەنە باشلىسىكەن دەپ تاقەتسىزلىنىشكە باشلىدىم. بىرئاز ۋاقىت ئۆتۈپ، ناخشىسىنى يەنە باشلىغاندا، مەن چىن كۆڭلۈمدىن سۆيۈنۈپ كەتتىم. دانىيار هە دىگەندە سەل بوغۇلۇپ، جۈرئەتسىزلىك بىلەن ناخشا ئېيتقاندەك قىلدى، لېكىن بارا-بارا ئۇنىڭ ئاۋازى كۆچكە تولۇپ، پۈتۈن جىلغىنى بىر ئالدى، ناهايىتى يىراقلاردىكى هاڭلاردىن ئەكس سادا قايتاتتى.

بۇ ناخشىنىڭ شۇنچە يالقۇنلۇق، ئوت كەبى كۈچكە تولغانلىغى مېنى هەممىدىن بەك هەيران قالدۇردى. بۇنىڭ ئۆزىنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى، ئۇنى نىمە دەپ ئاتىشىمنى بىلمەي قالدىم: ناخشىچىنىڭ بوغۇزىدىن چىققان نەرسە ئاۋازمۇ ياكى بولمىسا يۈرەكنىڭ ئۆزىدىن ئۇرغۇپ چىققان باشقا بىر نەرسىمۇ؟ ئادەمنىڭ شۇنىڭغا ئوخشاشلا هىس-تۇيغۇسىنى قوزغاپ، يۈرەك سىرىنى ئاشكارىلاشقا ئېلىپ كەلگەن نەرسىنىڭ ئۆزى نىمە؟

قولۇمدىن كەلسە، دانىيارنىڭ ناخشىسىنى دورىيالىسام، ئازراقلا بولسىمۇ دورىيالىسام نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى-هە! ئۇنىڭ ئېيتقان ناخشىسىدا ئوقۇلىدىغان سۆز بولمىسىمۇ، لېكىن ئۇ ئادەملەرنىڭ قەلبىنى يورۇتۇپ بېرەلەيتتى. مەن شۇ كەمگىچە بۇنداق ناخشىنى

ئاڭلىماپتىكەنمەن: ئۇ قىرغىز ئاھاڭىغىمۇ، قازاق ئاھاڭىغىمۇ ئوخشى-
مايتتى، بىراق ئۇنىڭدا قىرغىز ئاھاڭىمۇ، قازاق ئاھاڭىمۇ بار
ئىدى. دانىيارنىڭ ناخشىسى قېرىنداش ئىككى مىللەتنىڭ ئەڭ
يېقىملىق، ئەڭ چىرايلىق ئاھاڭىنى يۇغۇرۇۋەتكەن ھەمدە ئۇلاردىن
بىر بىرىگە تازا ماس كەلگەن، تولىمۇ قاملاشقان بىر ئاھاڭنى ھاسىل
قىلغان ئىدى. تاغ ناخشىسى بىلەن يايلاق ناخشىسى بىرلەشتۈرۈلگەن،
ئېيتىلىشى قىرغىز تاغلىرىغا ئوخشاش ئېگىز، قازاق يايلىقىغا ئوخشاش
تۈز ئىدى.

— قالتىسقۇ! — دەۋەتتىم مەن. — دانىيار مۇشۇنداق ئىكەن-دە،
قاراڭلا بۇنى، بۇنداق بولۇشى كىمنىڭ خىيالىغا كەلسۇن؟

بىز جىلغىدىن چىقىپ يايلاقتا بىزگە تونۇش بولغان يۇمشاق
توپىلىق يولدا كېتىۋاتىمىز، دانىيارنىڭ ناخشىسى كۆكرەك قېپىنى
يېرىپ، يېڭى كۈچ بىلەن ئارقا-ئارقىدىن ئەركىن-ئازادە ئېيتىل-
ماقتا، ئۆمرۈمدە ئاڭلاپ باقمىغان ئاھاڭلار بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى
ئېتىلىپ چىقماقتا. دانىيارنىڭ بۈگۈن نىمە بولغانلىقىنى چۈشىنەلمەي
قالدىم. دەل بۈگۈن، دەل مۇشۇ سائەتتە ئاي-كۈنى يەتكەندەك،
ئىچىگە يىغىلىپ قالغان بارلىق سىرىنى، بايلىقىنى ئاشكارا قىلىۋاتقان-
دەك، دانىيار ئىچىدىكىنى تۆكۈۋەتتى. مانا ئەمدىلا مەن دانىيارنىڭ
نىمە ئۈچۈن خەققە كۆلكىلىك تۇيۇلۇپ كەلگەنلىكىنى، نىمە ئۈچۈن
كەچقۇرۇنلۇغى قاراۋۇلخانىغا چىقىۋېلىپ، ئۆزى يالغۇز خىيالغا
پېتىپ ئولتۇرغانلىقىنى، نىمە ئۈچۈن كەلكۈن ۋاقىتلىرىدا دەريا بويىغا
بېرىپ تۈنەپ يۈرگەنلىكىنى، نىمە ئۈچۈن بىلىنەر-بىلىنمەس ئاۋاز-
لارنى تىڭشاۋاتقاندەك، قاش-كۆزىنى ئوينىتىپ خوشاللىقتا چۆم-
گەندەك بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ بىر تەرىپىنى مانا ئەمدىلا چۈشەنگەن-

دەك بولدۇم. بۇ ئادەم يۈرىگىگە چوڭ مۇھەببەت قاچىلىغان ئادەم، ئۇنىڭ مۇھەببەت قويغىنى يالغۇز ئالىلىقاندىلا بىر ئادەمىلا ئەمەس، بۇ باشقىچە بىر خىل، ئۇلۇغ مۇھەببەت — تۇرمۇشقا بولغان، كەڭ زېمىنغا بولغان مۇھەببەت. راست، ئۇ بۇنداق مۇھەببەتنى قەلبىدە ساقلاپ ئۆچۈرمىگەن، ئۆز ناخشىلىرىغا سىڭدۈرگەن ۋە ئەنە شۇنىڭ ئۈچۈن ياشاپ كېلىۋاتقان ئادەم ئىكەن. ئەگەر ئۇنداق بولماي باشقىچە بولسا، ئەگەر يۈرىكى مۇز بولسا، تاۋۇشى ھەرقانچە ياخشى بولسىمۇ بۇنچىلىك ناخشا ئېيتالمىغان بولاتتى. دانىيارنىڭ ئاۋازى شۇ تاپتا، كېچىدە، شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريانىڭ ئۈستىدە يېيىلىپ، كۆزنى ئۇيقۇ بېسىپ ئۇيقۇغا كېتىۋاتقان كەڭ دالىنىڭ بۆشۈكىنى ئاللىقانداق تەۋرەتكەندەك، يىراق-يىراقلارغا يۇمشاق سوزۇلۇپ، ئاستا-ئاستا ئۆچمەكتە، يېڭىدىن كۆتىرىلىپ، قاتتىق ئۇيقۇغا كەتكەن يايلاقنى يېڭىۋاشتىن ئويغىتاتتى. ئويغانغان زېمىن ئۆزى يارىتىپ، ئۆزى تەربىيىلىگەن ناخشىچىنىڭ كۈيىگە قۇلاق سالاتتى. ئېرىق بويىلاپ ئۆسكەن، ئوغاق كۈتۈپ ياتقان زىرا-ئەتلەر ئاي يورۇغىدا غۇۋا كۆلەڭگە چۇشۇرۇپ، ئۈستى-ئۈستىلەپ شىلدىرلايدۇ. ئەسكى تۈگمەن يېنىدىكى ئاسمان-پەلەك تېرەكلەرنىڭ ياپراقلىرى ئاللىقانداق شۇۋىرلىشاتتى. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئۇ يەر-بۇ يەرگە جايلاشقان خامانلاردا كىشىلەر گۈلخان يېقىپ، ئەتىكى غىزا-سىنى پىشۇرماقتا. كىمدۇر بىرى ئاللىقانداق ئىش بىلەن ئالدىرىغان ھالدا دەريا بويىدىكى يولنى بويلاپ، قىشلاقنى كۆزلەپ چېپىپ كېتىۋاتىدۇ. ئالدىدا قىشلاقنىڭ باغ ۋە دەرەخلىرى يېنىدا پەيدا بولۇپ، بىر دەمدىن كېيىن ئۇنىڭ يېنىدا غايىپ بولاتتى. ئۇ يەر-دىن كەلگەن شامال ئوبدان پىشقان ئالمىنىڭ ھىدىنى، باش تۇتقان

كۆممە قوناق سۈتىنىڭ ھىدىنى ۋە تېخى قۇرۇمىغان تىزەك ھىدىنى دىماققا ئۇراتتى.

دانىيار يەنىلا ئۆزىنى ئۇنتۇغان ھالدا ناخشا ئېيتماقتا. ئادەمنى مەس قىلغۇدەك ئاۋغۇست كېچىسى ئۇنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سېلىپ، مەھلىيا بولغاندەك جىملىققا چۆمگەن. ئاتلارمۇ بۇ گۈزەل مەنزىرىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن قەدىمىنى تەكشى باسقاندەك قىلاتتى.

ئەنە شۇ تەرىزدە، ئادەمنىڭ بەدىنىنى تەۋرىتىپ ياڭرىتىپ ناخشا ئېيتىپ كېلىۋاتقان دانىيار ناخشىسىنىڭ يۇقىرى ئەۋجىدە شىپپىدە توختاپ قالدى-دە، ئاتلارغا تارس-تۇرس قامچا ئۇرۇپ ھەيدەپ كەتتى. مەن جەملە چوقۇم دانىياردىن قالماي ئاتلىرىنى قامچىلاپ يېتىشىپ ماڭىدۇ، دەپ ئويلاپ، تىزگىنلەرنى يىغىپ، ئۇلارنىڭ ئارقىدىن قالماي ماڭماقچى بولدۇم، بىراق جەملە قوزغىلىپمۇ قويمىدى. بېشىنى بىر ياققا قىيسايتقان قېلىپىدا چوڭقۇر خىيالغا پېتىپ، ھاۋاغا تارقاپ تېخى ئۆچمىگەن ناخشىنىڭ قالغان ئاۋازىغا تېخىمۇ دىققەت بىلەن قۇلاق سېلىۋاتقاندەك مىدىر قىلماستىن ئولتۇرىۋەردى.

دانىيار شۇ پېتى توختىماي، بىر ئازدىن كېيىن كۆرۈنمەي قالدى. بىز بولساق ئايىلغا يەتكىچە بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىشمىدۇق. نېمە دەيتتۇق، كۆڭۈلدىكى ئىشنى ھەرقانداق ۋاقىتتا سۆز بىلەن تازا جايىدا ئىپادىلەپ بەرگىلى بولمايدۇغۇ...

شۇ كۈندىن تارتىپ بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزغا بىر تۈرلۈك يېڭى نەرسە كېلىپ قوشۇلغاندەك بولدى. مەن دائىم قانداقتۇر بىر خىل گۈزەل نەرسىنى كۆڭۈلۈمگە پۈكۈپ يۈردۈم. ئەتىسىدىن باشلاپ خاماندىن يولغا چىقىپ، ئىستانسىغا كېلىپ، ئىشنى تۈگىتىپ قايتىش ئۈچۈن يولغا چىققىچە، جىلغىغا پاتراق يېتىپ بېرىشقا، كەچكى سالقىن بىلەن

ئۇرالغان دانىيارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلاشقا ئىنتىزار بولۇپ كېتەتتىم.
ئۇنىڭ ئۈنى، ئۇنىڭ ئاۋازى قۇلىقىمغا سىڭىپ، نەگىلا دەس-
سەم، نەدىلا تۇرسام ئارقامدىن قالماي ئەگىشىپ كېلىۋاتقاندەك
بىلىنەتتى. ھەر كۈنى ئەتىگەندە مەن دانىيارنىڭ ناخشىلىرىنى ئىڭ-
شىپ ئېيتىپ، شەبنەم چۈشكەن بىدىلىك ئارقىلىق سايغا چۈشەپ قويغان
ئاتلارغا قاراپ يالڭاياق، يالاڭۋاش ماڭغان ۋاقتىمدا، قۇياش ئۈنى
چۈشىنىپ تۇرغاندەك كۈلۈمسىرەپ تاغدىن كۆتىرىلىپ چىقىپ كېلەتتى.
بۇغداي سورۇۋاتقان بوۋايلارنىڭ گۈرجەكلىرىدىكى ئالتۇن يامغۇردەك
چۈشكەن دانلارنىڭ يۇمشاق ئاۋازىدىمۇ، كۆكتە ئايلىنىپ يۈرگەن
جان-جانىۋارلارنىڭ ئۈرغان، يايغان قاناتلىرىدىمۇ — ئىش قىلىپ
مەن ئاڭلىغان ۋە كۆرگەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىدە دانىيارنىڭ
ئېيتقان ناخشىسىنى ئاڭلىغاندەك بولاتتىم.

كەچقۇرۇنلۇغى، جىلغا ئىچىدە ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقىنىمىزدا،
مەن باشقا بىر دۇنياغا كۆچۈپ كەتكەندەك بولۇپ قالاتتىم. دانىيار-
نىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سېلىپ، قەلبىم دولقۇنلىنىپ كېتەتتى-دە،
كۆزۈمنى يۇماتتىم. ئەنە شۇ چاغدا ئانا سۈتى بىلەن قېنىمغا سىڭىپ،
كىچىكىمدىن تونۇش بولغان كۆرۈنۈشلەر كۆز ئالدىمدىن ئۆتەتتى:
بەزىدە ئۆيىمىزنىڭ ئۈستىدىن، قاقىرىلار ئۇچۇپ ئۆتىدىغان ئېگىز-
لىكتە باھار سەيلىسىگە چۈشكەن ئاق-بوز بۇلۇتلار يۇمشاققىنا
ئۈزۈشۈپ ئۆتەتتى، بەزىدە يەرلەرنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ، كىشنىشىپ
ئۆتكەن يىلقىلار توپ-توپى بىلەن يايلاۋغا قاراپ يول ئېلىپ ئۆتەت-
تى، قوتازنىڭ موزايلىرى تېخى قىرقىم چۈشمىگەن يۈڭلىرىنى
لەپپەڭشىتىپ، كۆزلىرىدىن قاپ-قارا، قولىغا كۆنمىگەن شاشلىق
نۇرىنى يالتىرىتىپ، ھاكاۋۇرلۇق-تەنتەكلىك بىلەن ئۇركۈپ-مۆككۈپ

ئانىلىرىنى قوغلاپ كېتىشەتتى، بەزىدە جىلغىدا ئوتلاۋاتقان قوي-ئۆشكىلەر تارىلىپ تېچ شارائىتتىكى ئەسكەرلەرنىڭ تارقاق لىنىيىسىنى ھاسىل قىلاتتى، بەزىدە ئېگىزدىن چۈشكەن شارقىراتمىنىڭ بۈژغۈنى كۈننىڭ نۇرىدا كۆزنى قاماشتۇراتتى، بەزىدە دەريانىڭ ئۇ قېتىدىكى كەڭ ئوتلاق چايقىلىپ، چىغلارنىڭ ئارىسىغا چۆكۈپ كېتىۋاتقان كۈن مىتىلداپ، ئۇيپۇقتا يالغۇز ئاتلىق بىر كىشى ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان قۇياشنى قوغلاپ كېتىۋاتقاندەك ۋە ھازىرلا قاماللاپ تۇتۇۋالىدىغاندەك ئۈزاقلاپ بارماقتا، ئېگىز ئۆسكەن ئوت-چۆپلەر ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولماقتا.

دەريانىڭ ئۇ قېتىدا قازاق يايلىغى پايانسىز كەڭ يېيىلغان. ئۇ بىزنىڭ تاغلىرىمىزنى ئىككى تەرەپكە كېرىپ تاشلاپ، چىغ بىلەن شىۋاققا ئورۇلۇپ، كۆز يەتكۈسىز دېڭىزدەك چايقىلىپ تۇراتتى. كىم بىلىدۇ، سەندە ياتقان كۈچنى! بىراق، سىرتىڭدىن قارىغاندا، ھېچبىر جان يوقتەك بوزىرىپ ياتقىنىڭ ياتقان.

بىراق، ئاشۇ ئەسنىن چىققۇسىز يازدا ئۇرۇش باشلىنىپ، دۈشمەنلەر ئۆلكىمىزگە قول سالغاندا، تۈش-تۈشتىن دالىدا ئوتلار يالقۇنجاپ، تۈش-تۈشقا ئاتلىق خەۋەرچىلەر ئەۋەتىلگەن، نۆكەرلىرىمىز مىنسۇن دەپ ھەيدەلگەن قاناتلىق تۇلپارلار ئىسسىق چاڭ-توزاڭ چىقىرىپ، دۈپۈر-دۈپۈر بىلەن يەر-زېمىننى زىلزىلىگە كەلتۈرگەن. ھېلىمۇ ئېسىمدە، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن كەلگەن ئاتلىق قازاق خەۋەرچى چارۋىچىلارنىڭكىدەك ياڭراق ئاۋازى بىلەن:

— ئاتلان قىرغىز قېرىنداشلار، تېز ئاتلان! دۈشمەن بېسىپ كەلدى! — دەپ، ئېتىنى قامچا سېلىپ، ساراتان قۇيۇنى ئىچىدە چېپىپ

كەتكەن ئىدى.

شۇ چاغدا كەڭ دالىلىرىم، دەريالىرىم، تاغلىرىم سىلكىنىپ، ئۆز ئېلىنى ئاتقا مىنگۈزدى. يىگىتلەر ئات يۈگىنىنى تارتىپ، بىردەك ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغاندا، يەر دولقۇنلىنىپ، داقا-دۇمباقلار ياڭرىدى. سەپنىڭ ئالدىدا سانجاق-سانجاق قىزىل تۇغ لەپىلدەيتتى؛ ئارقىدا، ئات تۇيىقىدىن كۆتىرىلگەن چاڭ-توزاڭنىڭ كەينىدە، مېھرىۋان ئانىلارنىڭ، سۆيۈملۈك خوتۇنلارنىڭ يىغىسى ئاڭلىناتتى: "سىلەرنى كەڭ دالا قوللايدۇ! خاسىيەتلىك ئانا يەر قوللايدۇ! باتۇرىمىز ماناس① قوللايدۇ!"

ئاھ ئېلىمگە شۇنچىۋالا كۈچ-غەيرەت بەرگەن خاسىيەتلىكتىن ئايلىناي كەڭ دالىلىرىم، تاغلىرىم!...

دانىيارنىڭ ناخشىسىدا كەڭ دالىنىڭ مۇشۇنداق گۈزەللىكى ۋە داۋالغۇپ تۇرغان تەبىئەت مېنىڭ كۆز ئالدىمدا تولۇق زاھىر بولدى. "ياپىرەي، بۇلارنىڭ ھەممىسىنى قەيەردىن ۋە قانداق ئۆگەندىكىن؟" دەپ ھەيران بولۇپ قىزىقاتتىم. مەن چۈشەندىمكى، ئانا يۇرتىنى يىل بويى ۋە پۈتۈن قەلبىدىن قاتتىق سېغىنغان، ئانا يۇرتنى سېغىنىشنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلگەن كىشىلا ئۆز يېرىنى مانا مۇشۇنداق قىزغىن سۆيىدۇ. ئۇ ناخشا ئېيتقان ۋاقىتدا، ئۇنىڭ — بىر كىچىك بالىنىڭ پۈتۈن يايلاقتا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزىنىمۇ كۆرگەندەك بولدۇم. ئېھتىمال ئاشۇ چاغلاردا ئۇنىڭ يۈرىكىدە ئۆزىنىڭ ئانا يۇرتىنى ناخشىغا قېتىپ ئېيتىدىغان جىق ناخشىلار ھاسىل بولغانمىكىن؟ ۋە ياكى قوماچ قورۇغاندەك ئېتىلىپ تۇرغان توپ-زەمبىرەك ئوقلىرى

① ماناس — قىرغىز خەلق داستانى «ماناس»تىكى قەھرىمان.

ئىچىدە جەڭگىۋار سەپەردە كېتىۋاتقان چاغلاردا پەيدا بولغانمىكىن؟

دانىيارنىڭ ناخشىسىنى ئاڭلىغىنىمدا، ئۇنى چۈشىنىپ تۇرۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدىكى بوز تۇپراقلىق كەڭ دالىسنى، ئادەم بالىسىنى شۇنچىۋالا سۆيۈندۈرگىنى ئۈچۈن، يېتىشىپ مېھرىۋان ئانامنى قۇچاقلىغاندەك قاتتىق قۇچاقلىغىم كېلەتتى. شۇ چاغدا بىر خىل يېڭى نەرسىنىڭ قەلبىمدە ئويغانغانلىغىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدىم، ئۇ چاغدا ئۇنىڭ قانداق نىمە ئىكەنلىگىنى ئېيتىپ بېرەلمەيتتىم، لېكىن ئۇ بېسىۋالغىلى بولمايدىغان نەرسە ئىدى، بىر خىل تەلەپ ئىدى — ئۇنى ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلاتتى، ھەئە، ئىپادىلەشنى تەلەپ قىلاتتى، دۇنيانى ئۆزەملا كۆرۈشنى، ھىس قىلىشنى تەلەپ قىلىپ قالماي، ئۆزەمنىڭ كۆزىتىشىم، پىكرىم ۋە ھىسسىياتىمنى باشقىلارغا يەتكۈزۈشىنى، يۇرتىمىزنىڭ گۈزەللىگىنى كىشىلەرگە بايان قىلىپ بېرىشىنى، بايان قىلغاندىمۇ دانىيار بايان قىلغاندەك تەسىرلىك بايان قىلىپ بېرىشنى تەلەپ قىلاتتى. ھەيران قالغۇدەك بۇنداق ھاياجانلىنىشتىن ھەم بەك قورقتۇم، ھەم بەك خوشال بولدۇم، يۈرىگىمنىڭ سوقۇشى توختاپ قالغىلى تاس قالدى. لېكىن ئۇ چاغدا مەن تېخى تۇرمۇشنى بوياقلار، سۈرەتلەر ئارقىلىق كۆرسىتىشكە قولۇمغا قەلەم ئېلىش كېرەكلىگىنى بىلمەيتتىم.

مەن كىچىكىمدە رەسىم سىزىشقا ئامراق ئىدىم. ئوقۇش كىتاپلىرىدىكى سۈرەتلەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئوخشىتىپ سىزىپ چىقسام، باللار: ”ھوي، خۇددى ئۆزىدەك بوپتۇ، قاراڭلار!“ دېيىشىپ كېتەتتى. مۇئەللىملەرمۇ مەكتەپنىڭ تام گېزىتىنى ماڭا تاپشۇراتتى ۋە مېنىڭ سىزغان رەسىملىرىمنى ماختايتتى. بىراق، كېيىن رەسىم سىزىشنى ئەستىن چىقىرىشقا توغرا كەلدى. ئۇرۇش باشلىنىپ، ئاكا-

لىرىم ئۇرۇشقا كەتكەندە، مەن ئوقۇشنى تاشلاپ، ئۆز قۇرداشلىرىم
قاتارىدا كولخوزدا ئىشلەپ كەتتىم، ئۇ چاغلاردا رەسىم دېگەن كىشىنىڭ
ئېسىگە كەلسۇن. مەن بوياقلارنى ۋە قەلەمنى ئەستىن چىقاردىم،
يەنە كېلىپ كەلگۈسىدە، كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇلارنى ئېسىمگە
ئېلىپ قېلىشىم مۇمكىنلىكىنى ئويلاپمۇ باقماپتىمەن. ئەمدىلىكتە
دانىيارنىڭ ناخشىسى خىيالىمنى دولقۇنلىتىپ، تۇرمۇشنىڭ كۆركەم-
لىكىنى ھىس قىلدۇردى. يول ماڭسام ئوڭۇمدا ئەمەس، چۈشۈمدە
ماڭغاندەك، تاتلىق خىيالغا بېرىلىپ دۇنياغا نەزەر سالاتتىم. كۆزۈمگە
ھەيرانلىق تولاتتى، گويا ھەممىسىنى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك
بولاتتىم.
ئەمدى جەمىلەنىڭ ئۆزگىرىپ كەتكىنىنى دىمەمسىز! بايىقى چاخ-
چاقچى، قىزىقچى كېلىن يوقالغاندەك، نىمە ئۈچۈندۇر يۇۋاشلىشىپ
كەتكەن ئىدى، ئۆتكۈر كۆزلىرى ئىچىدىن مۇڭلانغان، باھار ئاپتىۋى-
دەك مېھرىۋان، نازۇك نۇر يالقۇنلاپ تۇراتتى. يولدا كېتىپ بارغى-
نىمىزدا، جەمىلەنىڭ يۈزىدىن دائىم بىر خىل ئوي-خىيال كەتمەي،
كالپۇكلىرىغا ئولاشقان كۈلكىنىڭ سايىسى ئادىشىپ كېتەتتى، پەقەت
ئۆزىگىلا مەلۇم بولغان قانداقتۇر ياخشى بىر نەرسىگە قاراپ ئىچى
ئىسسىغاندەك، شۇنىڭغا خوشاللانغاندەك تۇيۇلاتتى. گايىدا بولسا،
بۇنىڭ ئەكسىچە، نىمىدىندۇر قورققاندەك، قاپىنى ھارۋىدىن يەلكى-
سىگە سىلكىپ ئېلىپ، شۇ پېتى ئورنىدىن قوزغالماي تۇرۇپ قالاتتى.
ئۆركەشلەپ ئاققان سۇ تۇيۇقسىز ئالدىدىن چىقىپ قالغاندەك، شۇ
ئۇلۇغ سۇنى كېچىپ ئۆتەيمۇ ياكى ئۆتمەيمۇ دېگەندەك، ئالغا چام-
داشتىن قورقۇپ تۇرۇپ قالاتتى. دانىيارغا بولسا، نىمە ئۈچۈندۇر
يېقىنلاشماي، كۆزىگە تىكىلىپ قاراشتىن قېچىپ، نېرى يۈرەتتى.

جەملە ئۇنىڭغا بۇرۇنقىدەك نەزەر سالمىغاندەك بولۇپ يۇرۇشكە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ، ئەخىر بىر قېتىم خاماندا ئىچى پۇشقاندەك، دانىيارغا ئاچچىقلانغاندەك گەپ قىلدى:

— ئاۋۇ ئۇستۇڭدىكى كۆينەكنى يەشسەڭ بولار! ئېپكېلە، يۇيۇپ بېرەي!

ئاندىن كېيىن جەملە كۆينەكنى دەريادا يۇيۇپ، سىقىپ يېيىپ قويۇپ، ئۆزى ئۇنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ ئۇزاققىچە قولى بىلەن سىلاپ-تەكشىلەپ قاتلىشىپ قالغان يەرلىرىنى تۈزلىدى. بەزىدە كۆينەكنىڭ سۇزۇلۇپ كەتكەن مۈرىلىرىنى كۈنگە قاخلاپ، مۇڭلانغان ھالدا تىكىلىپ، نىمىگىدۇر كايىغاندەك بېشىنى چايقايتتى.

شۇ كېيىنكى كۈنلەردە جەملە پەقەت بىرلا قېتىم تازا خوشال يايراپ كۈلدى ۋە كۆزلىرىمۇ بۇرۇنقىدەك نۇرلىنىپ كەتتى. ئۇ كۈنى چوكان-جۇۋانلار، قىزلار ۋە ئالدىنقى سەپتىن قايتقان جەڭچى-لەر بىدە دۆۋىلىرى ئارقىسىدىن كۈلكە-چاخچاقلار بىلەن چىقىپ كېلىپ خامانغا قاراپ يول ئالغان ئىدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىكى ئەسكەرلىكتىن بوشىنىپ كەلگەن يىگىتلەر:

— ھەي ئاياللار، بۇغداي ئېنىنى ئۆزەڭلەرلا يەمسىلەر، بىزگە بېرىدىغىنىڭلار قايسى، بولمىسا سىلەرنى پىرقىرىتىپ سۇغا تاشلاي-مىز! — دېيىشىپ، ئارىلىرىنى تەڭلىشىپ، چاخچاق بىلەن ھەيۋە قىلىشتى.

— ئاراڭلاردىن كىم قورقاتتى! — دىدى جەملە جاراڭلىق ئاۋاز بىلەن جاۋاپ ئورنىدا. — مانا بۇ كېلىن-قىزلارغا بېرىدىغان سوغى-لىرىمىز بار، سىلەر ئۆز يولۇڭلارغا مېڭىڭلار!

يىگىتلەر بانا تاپالماي تۇرسا كېرەك، بايىقىدىن بەتتەر ھەيۋە

www.uyghurkitap.com

قىلىشتى:

ــ ئۇنداق بولسا قىز ـ كېلىنلەر بىلەن قوشۇپ ھەممىڭلارنى سۇغا تاشلايمىز!

شۇ ھامان بىر بىرىنى قاماپ تۇتۇشۇپ كەتكەن ياشلار چۇقان ـ سۈرەن بىلەن بىرىنى بىرى كىيىمى بىلەن، ئۆتۈكى بىلەن سۇغا سۆرەپ مېڭىشتى. شۇ ئويۇن ـ چاخچاق ئىچىدە جەملە ھەممىسىدىن بەكرەك چۇقان كۆتىرىپ:

ــ تارت، تۇت، سۆرە! ــ دەپ يىگىتلەر بىلەن يەكمۇ ـ يەك ئېلىشىپ، ھېچكىمگە بوي بەرمەي تۇراتتى.

لېكىن، قىزىغى، يىگىتلەر پەقەت جەملەنىلا كۆرۈپ تۇرغاندەك، ھەممىسى جەملەگە يېپىشتى، جەملەنى قۇچاقلاپ قىسىشقا ھەركەتلىنەتتى. بىر ۋاقىتتا ئۇلاردىن ئۆچەيلەن بىرلىشىپ جەملەنى يەرگە يىقىتتى ـ دە، تۇش ـ تۇشتىن قاماپ، سۇغا ئېلىپ مېڭىشتى:

ــ سۆيۈپ قوي ئەمدى، بولمىسا سۇغا تاشلايمىز! سۆيۈپ قوي! ــ دېيىشىپ، جەملەنى قىرغاقتىن ساڭگىلىتىشتى.

ــ ھە باللار! ئايلاندۇرايلى!

قاقاقلاپ كۈلگەن جەملە خۇددى بېلىقتەك توختىماي تولغىنىپ، قىز ـ كېلىنلەرنى ياردەمگە چاقىرىپ چۇقان سالاتتى، بىراق قىز ـ كېلىنلەر قىقاس كۆتىرىپ، چىقىرىشىپ، سۇدا ئېقىپ كېتىۋاتقان ياغلىقلىرىنى سۈزۈش بىلەن ھەلەك ئىدى.

يىگىتلەر جەملەنى ئايلاندۇرۇپ ـ دەسسەپ تۇرۇپ سۇغا ئىرغىتقاندا، بىردىنلا يىپىرىلغاندەك بولۇپ كۆتىرىلگەن كۈلكىگە سۇمۇ "پاق" قىلىپ قوشۇلۇپ، كۆمۈشتەك چاچراندىلىرىنى تەرەپ ـ تەرەپكە

چاچراتتى. تېخىچە كۆلكىسىنى باسمىغان جەملە سۇدا كۆلگەن پېتى ئورنىدىن تۇردى. بۇ چاغدا ئۇ تېخىمۇ گۈزەل بولۇپ كۆرۈندى. چىت كۆينىگى بەدەنلىرىگە چىپپىدە چاپلىشىپ، تولغان-يېتىشكەن يوتىسى، ساغرىسى ۋە كوتىرىلگەن ئەمچەكلىرى مانا مەن دەپلا چەقىپ تۇراتتى، جەملەنىڭ بۇلار بىلەن كارى يوق، ئۇ يەنىلا كۈلەتتى، ئىتتىك-ئىتتىك ماڭاتتى، يۈز-كۆزىدىن، ئۈستى-بېشىدىن شورۇلداپ ئېقىۋاتقان سۇنىمۇ بايقىمايتتى.

— بىزنى سۆيۈپ قوي! ھە، سۆي! — دەيتتى ئۇنى قورشىۋالغان يىگىتلەر.

جەملە ئۇلارنى سۆيۈپمۇ قويىدى، بىراق يىگىتلەر يەنە ئۇنى پىلتىڭلىتىپ سۇغا تاشلاشتى. جەملەگە بۇ يېقىسپ قالدىمۇ، يېڭىۋاشتىن ئورنىدىن تۇرۇپلا، يەنە مەيدىسىنى تۇتقان پېتى كۈلكىسىنى داۋاملاشتۇردى. ياشلارنىڭ بۇ ئويۇنغا خاماندا كۈلمىگەن بىرمۇ ئادەم قالمىدى. بۇغداي سورۇۋاتقان بوۋايلار گۈرجەكلىرىنى تاشلاپ، بىللە قوشۇلۇپ كۈلەتتى، كۆز ياشلىرىنى سۈرتەتتى، مىستەك يۈز-كۆزىنى قاپلىغان قورۇقلىرىمۇ خوشال-خوراملىق ھەم بىر دەقىقە ئەسلىگە كەلگەن ياشلىق نۇرىنى جەۋلان قىلاتتى. "ھە، تۇت، ئىتىگىدىن بۇراپ تارت!" دېيىشىپ، خۇددى ئوغلاق تارتىشقان ۋاقىتلىرىدىكىدەك خوشال قىقاس سالاتتى. مەنمۇ قىزىققان ھالدا ئايىماي كۈلۈپتىمەن. بۇ قېتىم يەڭگەمنى قىزغىنىپ خەقتىن قوغداشنىمۇ ئۇنتۇپ قېپتىمەن. شۇنچە ئادەمنىڭ ئىچىدە كۈلمىگەن، ئۇنچىقمىغان پەقەت دانىيارلا بولدى. ئۇنى كۆرۈپ قېلىپ جىملا بولۇپ قالدىم. خاماننىڭ چېتىدە دانىيارنىڭ ئۆزى يالغۇز تۇرغان ئىكەن. ئۇ خۇددى ئالغا قاراپ ئېتىلىپ، يۈگۈرگەن پېتى بېرىپ جەملەنى

يىگىتلەرنىڭ قولىدىن يۇلۇپ ئالىدىغانىدەك ئەلپازدا تۇراتتى. ئۇنىڭ
جەملەدىن كۆزى ئۈزۈلمەيتتى، ھەم ئۆزى قول تەككۈزۈشتىن تارتىن-
ناتتى، ھەم ئۆزىنىڭ پەرىشتىسىدەك كۆرگەن جەملەنى خەقنىڭ
قۇچاقلاپ، مىجىقلاپ ئوينىغانلىقى جېنىغا تەككەندەك بولاتتى. يىگىت-
لەر جەملەگە تۇش-تۇشتىن ئېسىلىپ، يۈزلىرى ئوپتۇرغاندا، دانى-
يارنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، يىراقـراق كېتىشكە تەمشىلىپ تۇراتتى،
بىراق يىراقراق كېتەلمەي، ئورنىدا قېتىپ قالغاندەك تۇرۇپ قالدى.
بىر ۋاقىتتا جەملە ئۇنىڭ قاراپ تۇرغانلىقىنى بايقاپ قالدى بولغاي،
كەيپى بۇزۇلغاندەك شۈمشىيىپ قالدى. ئويۇنغا قىزىقىپ كەتكەن
يىگىتلەر ئۇنىڭغا يەنە ئېسىلىۋىدى، جەملە:
— بەس، ئويۇن دېگەن شۇنچىلىك بولسا بولار! — دەپ ئۇلارنى
سىلكىۋەتتى.
— ۋىيەي، ساڭا نېمە بولدى؟ — كىمدۇر بىرى ئويناپ يەنە ئېسى-
لىشقا تەمشەلگەندە، جەملە ئۇنىڭ مەيدىسىدىن ئىتتىرىۋەتتى:
— نېمە قىلاتتىڭ؟ ماڭ نېرى! — جەملە بېشىنى كۆتىرىپ،
ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، دانىيار تەرەپكە يالت قىلىپ قارىۋالدى-دە،
چاتقاللىقتا كۆينىگىنى سىققىلى يۈگۈردى.
دانىيار بىلەن جەملەنىڭ مۇشۇنداق مۇناسىۋىتىنىڭ ئاخىرىنىڭ
نېمە بولۇپ چىقىدىغانلىقىنى بىلمەيمەن. راستىنى ئېيتقاندا، بۇ
توغرىدا ئويلاشتىنمۇ قورقاتتىم، شۇڭا مۇمكىن قەدەر بۇ ھەقتە
ئويلىماسلىققا تىرىشاتتىم. بىراق، جەملەنىڭ دانىياردىن قېچىپ.
يول بويى چەتنەپ يۈرگىنى نېمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈمنى خىرەلەشتۈ-
رۈپ، مېنى خاپا قىلاتتى. بۇنىڭدىن كۆرە ئاۋالقىدەكلا گايىدا
كۈلۈپ، گايىدا چاخچاق قىلىپ قويۇپ، ئوچۇق-ئاشكارا، ئەركىن-

ئازادە يۈرسە بولمامدۇ، دەپ ئويلايتتىم. لېكىن شۇنىڭ بىلەن
بىر ۋاقىتتا، ھەر قېتىم كەچلىكى ئائىلىغا قايتقىنىمىزدا، يول بويى
دانىيارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلاپ كېتىۋېتىپ، بۇ ئىككىسى ئۈچۈن
يۈرەككە تولغان خۇشاللىقىم قايناپ تاشاتتى.
جىلغىدا كېتىۋاتقىنىمىزدا جەملە ھارۋىدا ئولتۇراتتى، تۆزلەڭلىك-
كە چىققاندا، ھارۋىدىن چۈشۈپ پىيادە ماڭاتتى. مەنمۇ پىيادە ماڭات-
تىم، يولدا مېڭىپ كېتىۋېتىپ ناخشا ئاڭلاش تېخىمۇ راھەت ئىدى.
ھە دىگەندە جەملە ئىككىمىز ئۆز ھارۋىلىرىمىزنىڭ يېنىدا ماڭات-
تۇق، لېكىن بىر بېسىپ-ئىككى بېسىپ، دانىيارغا بارغانسېرى يېقىن-
لىشىپ قالغانلىقىمىزنىمۇ ئۇقماي قالاتتۇق. قانداقتۇر كۆزگە كۆرۈنمەي-
دىغان كۈچ ئادەمنى دانىيارغا قاراپ يېتىلەپ ماڭغاندەك،
ئىختىيارسىز تۈردە يېقىنراق بېرىپ، مۇشۇ ناخشا ئېيتىپ كېتىۋاتقان
ھىلىقى جىمغۇر، ئادەمگە يېقىنلاشمايدىغان دانىيارنىڭ ئۆزىمۇ،
ئەمەسمۇ، شۇ بولسا، دەل مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ يۈزى قانداقتۇر، ئاۋازى
قانداق ئاۋازدۇر، دەپ كۆرگۈڭ كېلەتتى.
كۆڭلى تارتىپ، ئۇنىڭغا سىلجىغان جەملە ھەر دائىم ئاشۇ ھالدا
ئۇنىڭغا يېقىنلاپ باراتتى-دە، ئۆزىمۇ سەزمىگەن ھالدا دانىيارغا
ئاستاغىنا قولىنى سوزاتتى. بىراق جاراڭلىتىپ ناخشا ئېيتىپ كېتىۋات-
قان دانىيار ئۇنى بايقىمايتتى. ئۇنىڭ ئوي-خىيالى ئاسماندا
ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتقاندەك، قاياقتىدۇر ئۇزاق بىر يەرگە كۆز
تىكىپ، يەلكىسىنى ئالقىنى بىلەن تىرەپ، ناخشىسىنىڭ دولقۇنىنى
ئەۋج ئالدۇراتتى. جەملەنىڭ بايا سوزۇلغان قولى ئىتتىك يىغىۋېلى-
نىپ، ھارۋىنىڭ قىرىغا بېرىپ تەككەندىلا، جەملە چۆچۈپ، قولىنى
تارتىۋېلىپ، ئورنىدىن قىمىر قىلماي تۇرۇپ قالاتتى. يولنىڭ ئوتتۇ-

رىسىدا ھەيرانلىقتا تۇرۇپ قالغان جەملە، دەل شۇ چاغدا روھسىز-لىنىپ، مۇڭلىنىپ، ئاندىن تەلپۈنگەن، يالقۇنلىغان كۆزقارىشى بىلەن بىر ھازاغىچە دانىيارنىڭ كەينىدىن قاراپ قالاتتى-دە، يىغىۋاشنى ئالغا چامدايتتى.

بەزىدە مەن، جەملە ئىككىمىزلا چۈشىنىپ بولمايدىغان بىر خىل ھىسسىيات ئىچىدە تىنچىيالماي قىيلىۋاتىمىزغۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئېھتىمال، ئۇ سىرىم ھەر ئىككىمىزدىلا بىلىنمەي يوشۇرۇن ھالەتتە تۇرىدىغاندۇر، ھەرنىمە بولسا ۋاقتى-قەرەلى يېتىپ ئاشكارىلىنىدىغان ۋاقتى يەتتى.

ئىش ۋاقىتلىرىدا، ئىش ھەلەكچىلىكىدە جەملە ئانچە سىر بەرمەيتتى. گايى چاغلاردا ئاللىقانداق بىر ئىش بىلەن خاماندا قېلىپ قالغان چاغلاردا، جەملە ئۆزىگە ئورۇن تاپالماي ھەلەك بولاتتى. بوشچىلىقتا نىمە قىلارىنى بىلمىگەنىدەك، نېرى بېرىپ، بېرى بېرىپ، بۇغداي سورۇۋاتقانلارنىڭ يېنىغا بېرىپ، ئۇلارغا ياردەملەشمەكچى بولۇپ، ئىككى-ئۈچ كۈرەك بۇغداينى سورۇيتتى-دە، شۇ ھامان تەمتىرەپ، كۈرەكنى چەتكە تاشلاپ مېڭىپ كېتەتتى. سامان دۆۋىسىنىڭ سايىسىدا ئولتۇرغاندەك قىلسىمۇ، بىراق ئۇ يەردىمۇ ئىچى پۇشۇپ چىدىيالماي قالاتتى:

— مەيەگە كەلگىنە، كىچىك بالا! — دەپ، يالغۇز ئولتۇرغىنىدىن قورققاندەك ھەر دائىم مېنى يېنىغا چاقىرىۋالاتتى.

شۇنداق قىلغان ۋاقىتلىرىدا يەكگەم ماڭا ئىچىدىكى قانداقتۇر سىرىنى ئېچىپ، خاپىلىقىنى ئېيتىدىغۇ دەپ كۈتەتتىم. بىراق، ئۇ ھېچنىمە دىمەيتتى، پەقەت ئەركىلىتىپ، بېشىمنى ئۆزىنىڭ تىزىغا قويۇپ، ئۆزاققا كەتكەن كۆزقاراش بىلەن مېنىڭدىن كۆپ

يىراققا تىكىلىپ، تىكەندەك دىلىڭ-دىلىڭ تۇرغان چېچىمنى قولى بىلەن تاراپ، تىترىگەن ئىسسىق ئالقىنى بىلەن يۈزۈمنى ئاۋايلاپ سىلايتتى. شۇنداق چاغلاردا يەڭگەمنىڭ قايغۇ بىلەن ئەنسىزلىككە تولغان يۈزىگە قاراپ، نېمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدىن ئۆزەمنىڭ روھىنى كۆرەتتىم. چۈنكى ئۇنىڭمۇ كۆكرىكىنى قانداقتۇر بىر نەرسە مۇجۇۋاتقاندەك، قانداقتۇر يېڭى تىلەكلەر ئۇنىڭ قەلبىگە يېغىلىپ كەتكەندەك، ئاستا-ئاستا پىشىپ يېتىلىپ، باش كۆتىرىپ چىقىشنى تەلەپ قىلىۋاتقاندەك تۇيۇلاتتى. مېنىڭ ھېس قىلىشىمچە، جەمىلە ئۆزىنىڭ ئىشقى-مۇھەببەت ئوتىدا كۆيۈپ يۈرگەنلىگىنى ئۆز ئۆزىگە بەكمۇ ئېتىراپ قىلغۇسى كېلەتتى، ئەينى زاماندا زادىلا ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيتتى. خۇددى مېنىڭمۇ بىر تۇرۇپ يەڭگەم دانىيارنى ياخشى كۆرۈپ قالسىكەن، دەپ، بىر تۇرۇپ ياخشى كۆرۈپ قالمىسدى، دەپ تىلەپ يۈرگىنىمگە ئوخشاش. چۈنكى قانچە ئېيتقان بىلەنمۇ جەمىلە بىزنىڭ ئۆينىڭ كېلىنى، مېنىڭ بىر تۇققان ئاكامنىڭ ئايالىدە. ئۇنى قانداقمۇ بۆلەك بىرسىگە لايىق كۆرەي. بىراق، شۇنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈندۇر مەن بۇنداق ئوي-خىياللارنى ئۆزەمگە يېقىن يولاتماي نېرى قىلىشقا تىرىشاتتىم. مەن ئۈچۈن بېشىمنى جەمىلەنىڭ تىزىغا قويۇپ، ئۇنىڭ باللارنىڭكىدەك ئېچىلىپ تۇرغان ئىسسىق لېۋىگە قاراپ، كۆزلىرىگە يېغىلغان تىنىق ياشنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغىنىنى كۆرۈش دۇنيادا ئەڭ ئىسىل راھەت ئىدى. بۇنىڭدىن باشقا ماڭا ھېچ نەرسىنىڭ لازىمى يوقتەك تۇيۇلاتتى. جەمىلەنىڭ شۇ ھالەتتىكى چىرايلىقلىقىچۇ، ھا-ھاي! ئۇنىڭ سۈزۈك-چىرايلىق يۈزىدە چاقناپ تۇرغان نۇر، قىزغىنلىق ئادەمنى نېمە دېگەن مەدلىيا قىلىدۇ-ھە! ئۇ چاغدا مەن ئاشۇلارنىلا كۆرەتتىم. ئەمما ھەممىسىنى

چۇشەنمىسەم كېرەك. ئەمدىلىكتە، نەچچە كۈنلەر ئۆتكەندىن كېيىن، ئاشۇ چاغدىكىلەرنى ئەسلەپ، كۆپ تەرەپتىن ئۆزەمگە سوئال قويـ-دۇم: ئېھتىمال، مۇھەببەت دېگەن سەنئەتكارلار ۋە شائىرلارنىڭ ئىلھام دېگىنىدەك بىر خىل تۇيغۇمۇ نېمە؟ ھاياتنىڭ دەل مۇشۇ يالقۇنلۇق مەزگىلىدە ئادەمگە مۇھەببەت تۇيغۇسى ئۇلىشىپ، يېڭى تىلەك ۋە تۇرمۇشنىڭ يېڭى ئىقبالىغا ئەگىشىپ، ئالغا ئىنتىلدۈرەمدۇ نېمە؟ ئېھتىمال، ئاشىقلىقنىڭ خاسىيىتى دەل مۇشۇنىڭدىدۇر؟ ئۇنداق دېيىشىم، مەن ئەنە شۇ تەرىقىدە جەملەنىڭ يۈزىگە قاراپ، گايىبىر ئۇچۇردا ئۆزەممۇ ئۇنىڭ دولقۇنلانغانلىقىغا بىرىلگەنىدەك، قانداقتۇر چۈشىنىكسىز خوشاللىق بىلەن خاۋاتىرلىنىش ئىچىدە ئايىلىنىڭ سىر-تىدىكى كەڭ دالىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈرىگىمنى ئويناتقان بۇ چۈشە-نىكسىز خوشاللىق بىلەن خاۋاتىرلىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ داۋاسى نېمە ئىكەنلىكىنى پايانسىز دالا ۋە چەكسىز كۆكتىن ۋاقىراپ تۇرۇپ سورىغىم كېلەتتى.

بۇنىڭ جاۋابىنى مەن كىمدىندۇر بىراۋدىن كۈتكەنىدەك يۈردۈم، بىراق بىر كۈنى بۇنىڭغا جاۋاپ تېپىلغانىدەك بولدى.

شۇ كۈنى بىز ئادەتتىكىدەك ئىستانسىدىن چىقىپ، ئايىلىغا قايتىپ كېتىۋاتاتتۇق. ئاسماندا يۇلتۇزلار پارقىراپ، كېچە بولۇپ كەتكەندىن دېرەك بېرەتتى، دالا ئۇيقۇغا قۇچاق ئاچقان ئىدى، پەقەت دانىيارنىڭ ناخشىسىلا تۈن جىمجىتلىقىنى بۇزۇپ جاراڭلىماقتا ۋە يۇمشاق قاراڭغۇلۇقتا يىراق-يىراقلارغا سىڭىپ بارماقتا. جەمىلە ئىككىمىز ئۇنىڭ كەينىدىن كېتىۋاتىمىز.

بۇ قېتىم نېمە ئۈچۈندۇر دانىيارنىڭ ئاۋازى باشقىچە بىر خىل نازۇك ھېسسىيات بىلەن يالغۇزلۇقنىڭ ئارمانىغا تولۇپ، ئادەمنىڭ

كۆڭلىنى مۇڭغا تولدۇراتتى. كۆزۈمگە ئىسسىق ياش يىغىلىپ، ئۇنىڭغا چەكسىز ھەسداشلىق قىلىش ۋە ئاياش تۇيغۇسى مېنى چىرمىۋالدى.

جەملە بۇ قېتىم قولىنى دانىيارغا سۇنۇپ، يېقىنلاپ باردى-دە، شۇ پېتىچە ھارۋىنى تۇتۇپ، بېشىنى سېلىپ، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ كېلەۋەردى. بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن دانىيارنىڭ ئاۋازى ئاستا-ئاستا پەسىيىپ، قايتىدىن يۇقۇرىلاپ، كېچىلىك دالاغا يېڭىۋاشتىن يالقۇنلۇق لېۋىنى تەككۈزگەندە، جەملە بېشىنى كۆتەردى-دە، ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ بىر ئىرغىپلا ھارۋىغا چىقتى. دانىيارنىڭ يېنىغا ئولتۇرۇپ، بۇ ھەركەتتىن قورققاندەك قولى بىلەن كۆكرىكىنى قىسقان ھالدا، ئولتۇرغان يېرىدە قېتىپلا قالدى. ئەمدى نېمە بولار دېگەندەك ئوي-خىيال بىلەن، يولنىڭ چېتى بىلەن ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ كېتىۋېتىپ، ئۇلاردىن زادىلا كۆزۈمنى ئۈزمىدىم. دانىيار جەملەنىڭ ئۆز يېنىغا كېلىپ ئولتۇرغانلىقىنى بىلمىگەندەك قىلاتتى، ئۇنىڭغا قاراپمۇ قويمىدى، ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرۇۋەردى. بىرئازدىن كېيىن جەملەنىڭ قوللىرى ئېچىلىپ، دانىيارغا بوي سېلىپ يۆلىنىپ قالدى-دە، بېشىنى ئاستاغىنا ئۇنىڭ ئىڭىكىگە يۆلىدى. شۇ چاغدا، قىزىق كېتىۋاتقان يورغا ئات يورغىسىدىن يېنىلىپ يەنە دەرھال ئوڭلىنىۋالغاندەك، دانىيارنىڭ ئاۋازىمۇ مۇدىرەپ كەتكەندەك ئۈزۈلدى-دە، دەرھال يېڭىۋاشتىن ياڭراپ كەتتى. بۇ ئاۋاز باشقىلارغا ئوخشىمىغان ئاشىقلىقنىڭ، مۇھەببەتنىڭ يېڭى ئاۋازى بولدى! تۈن ئىككى ياققا سۈرۈلۈپ، دەرياغا يورۇق تۆكۈلۈپ، كەڭ دالىنىڭ گۈللەنگەن چىرايى ئېچىلغاندەك. مۇشۇ كەڭ دالىنىڭ ئوتتۇرىسىدا مەن بىر بىرىگە كۆڭلى چۈشكەن ئىككى ياشنى كۆردۈم. ئۇلار ماڭا نەزەر سالمىسىمۇ، مەن ئۇلاردىن كۆزۈمنى ئالماي، ئۇلارنىڭ

دۇنيادىكى جىمىكى نەرسىنى ئۇنتۇغان ھالدا، ناخشا رىتىمىغا ئەگىشىپ بىرلىكتە تەۋرىنىپ كېتىۋاتقانلىقىغا قاراپ كېتىۋاتىمەن. مەن ئۇلارغا قاراپ، جەمىلە بىلەن دانىيارنى تونۇماي قالدىم. بۇلار، مەن باشتا كۆرمىگەن قانداقتۇر يېڭى، مىسلىسىز بەختلىك كىشىلەر ئىدى. قاراڭلارچۇ، ئۇنىڭ بىرى كۆزى قاراڭغۇدا ئۇتتەك يېنىپ تۇرغان، ئالدى ئوچۇق ۋە يىرتىلغان ھەربى كۆينەك كىيگەن دانىيار! قاراڭلارچۇ، ئۇنىڭ بىرى دانىيارغا ئەركىلەپ، ئۇنچىقماي بېشىنى سىلىپ ئولتۇرغان يەڭگەم جەمىلە! چەكسىز بەختتە يەتكەندەك، جەمىلەنىڭ كىرپىكلىرىدە ياش مۆلدۈرلەپ، قاراڭغۇدا يالت-يۇلت قىلىدۇ. ھەقىقى بەخت دېگەن مۇشۇمۇ، ئەمەسمۇ؟ — قاراڭلار، دانىيار يۇرتىغا بولغان پۈتكۈل ئۇلۇغ مۇھەببىتىنى — قەلبىدە مۇزىكا ھاسىل قىلغان ئاشۇنداق مۇھەببىتىنى ئازراقمۇ قالدۇرماي جەمىلەگە بېرىپ، جەمىلەگە بېغىشلىدى. بۇ بەخت بولماي نىمە؟

چۈشىنىكسىز بولغان ۋە ھامان دانىيارنىڭ ناخشىسىغا ئەگىشىپ پەيدا بولىدىغان ھاياجانغا يەنە بىر قېتىم چۆكتۈم. بىردىنىلا، نىمە قىلىشىم كېرەكلىگى ماڭا روشەن بولۇپ قالدى. مەن ئۇلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقماقچى بولدۇم.

بىراق، شۇ زاماتىلا ئۆزەمنىڭ بۇ خىيالىدىن چۆچۈدۈم. "بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلەرمۇ؟" دەپ ئويلىدىم ۋە ئۆز ئىچىمدە بۇنى بىلىپ تۇرساممۇ، خىيالىمنى توختىتالمىدىم. "مەن بۇلارنىڭ رەسىمىنى سىزىپ چىقىمەن، دەل ھازىرقى تۇرقىغا ئوخشىتىمەن. ئۇلار مەن سىزغان رەسىمدىمۇ دەل ھازىرقىدەك بەختلىك بولسۇن!" دەپ يولۇمنى داۋاملاشتۇردۇم. مۇشۇنداق خىياللارغا بېرىلىپ، ئەتراپىمغا قارىسام، كۆزۈمگە ئاۋغۇست ئاخشىمىدىكى ۋاللىدىغان

يۇلتۇزلار، گۈلگە پۈركەنگەن پايانسىز دالا كۆرۈندى. مەنمۇ ئۆزەمنى بەختلىك سېزىپ، بايىقىدەك تىلسىمگە ھازىرلا يېتىدىغاندەك ئىشەنچ بىلەن كەلمەكتىمەن. لېكىن، ئۇ چاغدا بالا ئىكەنمەن، كېلىچەكتە بۇ مەقسەتكە يېتىش ئۈچۈن قانچىلىك قىيىنچىلىقلارنى تارتىپ، قانچىلىك ھەرەج تارتىدىغانلىقىمنى بىلمىگەن ئىكەنمەن. ئۇ چاغدىكى مەقسىدىم: دانىيارنىڭ ئاۋازىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ ناخشا ئېيتقانلىقىنى مەن بوياقلار بىلەن سىزىپ، ئاشۇنداق تاغ، ئاشۇنداق ئاسمان، بۇلۇت، يەر-سۇنى دانىيار كۈيلەۋاتقاندەك كۆرسىتىپ بېرىش ئىدى. بۇ ئىشقا چوڭ ماھارەت كېرەك ئىكەنلىكىنى بىلمەي تۇرۇپ مەن تېخى "بوياقلارنى قەيەردىن تاپارمەن؟ مەكتەپتىن سورىساممىكىن، ھەي، بەرمەس، ئۇزلىرىگە كېرەك ئەمەسمۇ!" دەپ كېتىپتىمەن، گويا پۈتۈن مەسىلە مۇشۇنىڭدىكىدەك، پاھ، بالىلىقىم-دە!

مەن مۇشۇ تەرىقىدە كېلىۋاتقىنىمدا، دانىيارنىڭ ناخشىسى چورتلا ئۈزۈلۈپ قالدى. مەن مۇشۇنداقلا قارىسام، جەمىلە دانىيارنى قاتتىق قۇچاقلاپ، ئۇنى يۈرىكىگە بېسىپ قىسىۋالغان ئىكەن. بىراق شۇ ئارىدا چۆچۈگەندەك قولىنى بوشاتتى-دە، ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشتى. دانىيار ھودۇقىنىدىن تىزگىنلەرنى تارتىپ، ئاتلارنى توختاتتى. جەمىلە تەتۈر قارىغان پېتى يولدا سەنتۈرۈلۈپ تۇردى-دە، بىر ۋاقىتتا بېشىنى شارتتىدا قايرىپ، ئېتىلىپ چىقىۋاتقان يېشىنى تەسلىكتە تۇتۇۋالغاندەك ھالەتتە ئاچچىقلانغان تەرىزدە گەپ قىلىپ كەتتى:

— نىمىگە قارايسەن؟ نىمەڭ بار مېنىڭدە؟ — دېدى ۋە سەل تۇرۇۋالغاندىن كېيىن: — قارىما ماڭا، ھەيدە ھارۋاڭنى، ماڭ! — دېدى-دە،

ئارقىدا قالغان ھارۋىسىنى كۆزلەپ مېڭىپ كەتتى. مەن ھاڭ-
تاڭ بولۇپ، ئۇنىڭغا قاراپ قالغان ئىكەنمەن، يەڭگەم ماڭسىمۇ خاپا
بولۇپ كەتتى:
— ھە، ساڭا نىمە بولدى؟ چىق ھارۋاڭغا ھاڭۋېقىپ تۇرماي! بىر
قېلىپتىن چىققان ھاڭۋاقتىلار، خۇدانىڭ ئازاۋىغىلا قالغان ئىكەنمەن-
غۇ سىلەر بىلەن!
”ۋاي تووا، بۇ نىمىسىكىنا، جىن تەگدىمۇ نىمە بۇنىڭغا؟“ دەپ
مېڭىپ كېلىۋاتىمەن مەن يول قاتارىدا. جەمىلەگە ئاسان ئەمەس
ئىدى، ئۇنىڭ قانۇنىي ئېرى بار، تېخى ھايات، ساراتوۋدىكى
گوسپىتاللارنىڭ بىرىدە ياتسا، يېقىندا قايتىپ كېلىمەن دىسە،
ئۇنىڭغا ئوڭايمۇ! بىراق مەن بۇ تەرەپلىرىنى ئويلىماق تۇگۇل،
ئەكسىچە جەمىلەگە ئاچچىغىم كېلىپ، ئۇنى يامانلاپ كېلىۋاتىمەن.
مۇبادا دانىيارنىڭ ئىككىنچى ناخشا ئېيتماسلىغىنى بىلگىنىمدە،
ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئەمدى ھىچقاچان ئاڭلىيالمايدىغانلىغىمنى بىلگىنىمدە،
جەمىلەگە تېخىمۇ بەك ئاچچىغىم كەلگەن بولاتتى.
ھازىر بولسا پۈتكۈل بويۇم شالاق-شالاق بولۇپ كەتكەندەك،
كۆڭلۈم نىمىگىدۇر رەنجىپ، تېزرەك خامانغا يېتىپ بارسام، سامان
دۆۋىسىگە ئۆزەمنى تاشلاپ ياتسام دەپ كېلىۋاتىمەن. ھارۋىمۇ
ئادەمنى قىيناپ، داقىلاڭ-دۇقىلاڭ سەكرەيتتى، چۇلۋۇر قولۇمدىن
چىقىپ كېتىۋاتقاندەك، يول بۈگۈن ئوڭغۇل-دوڭغۇل بولۇپ
كەتكەندەك تۇيۇلاتتى. خامانغا بارغاندا ئەپلەپ تۇرۇپ ئاتلارنىڭ
چىلىيا-قامۇتلىرىنى ئېلىپ، ئۇنى ھارۋىنىڭ ئاستىغا سۇرەپ كېلىشكە
ھالىم يەتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن سامان دۆۋىسىنىڭ يېنىغا بېرىپ
يىقىلغانلىغىمنى بىلمەن. دانىيار شۇ كۈنى ئاتلارنى ئوتلاقتا ئۆزى

ئېپېرىپ چۈشەپتۇ.

ئەتىسى ئويغانغىنىمدا، تاڭ ئاتقان ۋە ھاۋا ناھايىتى چىرايلىق ئېچىلغان ئىكەن، شۇ كۈنكى تاڭ قانداق تازا بولسا، مېنىڭمۇ كۆڭلۈم شۇنداق ئېچىلىپ، قەلبىم خۇشاللىققا تولۇپ، ئاللىقانداق بىر ئەر ياخشىلىقنىڭ يېتىپ كېلىشىنى كۈتكەندەك تۇيۇلدى. ھە دېگەندە نېمىگە بۇنچىلىك خۇشال ئىكەنلىكىمنى بىلمەي، ئۇنىڭدىن كېيىن تۈنۈگۈن-كىلەرنى ئەسلەپ، دانىيار بىلەن جەمىلەنىڭ رەسىمىنى سىزماقچى بولغانلىقىمنى ئەسلەپ، تېخىمۇ خۇشال يايراپ كەتتىم. "ئوخشىتالار-مەنمۇ" دېگەن گۇمان خۇددى كۆلەڭگىدەك پۈتۈن بويۇمنى چىرمىدى. ئاندىن كېيىن كۆزۈمنى يۇمۇپ ئەسلىدىم-دە، تۈنۈگۈنكى كۆرۈنۈش ئوپ-ئوچۇق، ھازىرلا سىزىپ چىققاندەك كۆز ئالدىمغا كەلدى.

ئورنۇمدىن تۇرۇپلا دەريا بويىغا يۈگۈرۈپ بېرىپ، يۈز-كۆزۈمنى يۇدۇم-دە، سايدا چۈشەكلىك تۇرغان ئاتلارنى كۆزلەپ ئېتىلدىم. ئەتىگەنلىك شەبنەمدە مۇزدەك سوغاق بولۇپ كەتكەن بىدە پاچاقلىرىمغا تېگىپ، يېرىلغان تاپانلىرىمنى ئېچىشتۇرۇۋەتتى. بىراق بۇلار مەن ئۈچۈن ھېچ گەپ ئەمەس، ئۇيۇقتىن مارىلاپ چىقىپ كېلىۋاتقان كۈننى تويسۇۋالغۇچىدەك خۇشاللىق كەيپىياتى ئىچىدە، ئەتراپىمدى-كىلەرگە كۆز سېلىپ، قېيغىتىپ كېتىۋاتىمەن. ئېرىق بويىدا ئۆسكەن ئاپتاپپەرەسلەر كۈن چىققانسېرى بېشىنى كۈنگە قارىتىپ يىراقتىن تۆكۈلۈپ كېلىۋاتقان كۈننى كۆزلەي سوزۇپ، بويىنى ئوڭلىماقتا. ئاقۋاش بۇيىلار ئۇنى دائىرە قىلىپ قىسماققا ئالغان، بىراق ياش ئاپتاپپەرەس ئۇ بۇيىلارغا بوي بەرمەي، كۈننىڭ شولىسىغا بۇيىدىن بۇرۇنراق ئىنتىلىپ، سېرىق گۈللۈك بېشىنى قاڭقايتىپ، كۈن نۇرىنى تويۇپ-تويۇپ شۈمۈيدۇ. ئەنە، ھارۋىلار سۇدىن ئۆتىدىغان ئۆتكەل،

www.uyghurkitap.com

هارۋا چاقىنىڭ ئىزى بىلەن سۇ بۆلۈنۈپ بەنە چاقتىن قالغان ئېرىقچىلارغا تولغان. شۇ سۇ كەلگەن يەرنى بويلاپ يالپۇز پېيلغان بولۇپ، ئۇنىڭ سالقىن ھىدى دىماقىقا ئۇرۇلىدۇ. ئاھ، ئايلىناي، تۇغۇلغان يېرىم! مەن يۇگۇرۇپ كېتىۋاتىمەن، بېشىمدا قالغاچلارمۇ ماڭا قوشۇلۇپ، بەيگىگە چۈشكەندەك شىپىلداپ ئۇچۇشماقتا. ”ئاھ، رەسسىمچى بولسام، مۇشۇ ئەتىگەنلىك كۆننى، ئالا-بۇلماچ تاغلارنى، ئەتىگەنلىك شەبنەمگە تويغان يېشىل بىدىنى، ئېرىق بويىدىكى سېرىق گۈللەرنى، ئاپتاپپەرەسلەرنى سىزىپ چىقسام، قانداق بولار ئىدى-ھە!“

بىراق، خامانغا قايتىپ كەلگىنىمدە، مېنىڭ بۇ ئالتۇن خىياللىرىم، ئوتقا سۇ قۇيغاندەك، ئۆچۈپ، سوۋۇدى. چۈنكى، جەمىلە تۈنۈگۈن كېچە ئۇخلىمىغان بولسا كېرەك، قاپىغى ئىششىپ، روھى چۈشۈپ جۇدەپلا كەتكەن ئىدى. ئۇ ماڭا قاراپ كۈلۈپمۇ قويمىدى، گەپمۇ قىلمىدى. لېكىن دۇيجاڭ ئورازمات كەلگەندە بولسا، جەمىلە ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ سالاممۇ قىلماستىن گەپ قىلدى:

— ھارۋىڭىزنى ئېلىڭ! مېنى قەيەرگە ئەۋەتسىڭىز مەيلى، بىراق ئىستانسىغا ئاشلىق توشۇمايمەن!

— ھە، ساڭا نېمە بولدى، جامالتاي، كۆكۈيۈن چاقتىمۇ؟ — دېدى ئورازمات ئۇنى ئەركىلەتكەندەك كۈلۈمسىرەپ ھەيرانلىقتا.

— كۆكۈيۈننىڭ مەندە ھەققى يوق! بارمايمەن دېدىممۇ، بولدى. دېگىنىم دېگەن!

ئورازماتنىڭ چىرايىدىكى كۈلكە غايىپ بولدى.

— ئېيتساڭمۇ، ئېيتمىساڭمۇ شۇ: ئىستانسىغا ئاشلىق توشۇشقا ھارۋا ھەيدەيسەن، باشقا گەپ يوق! — دېدى قولتۇق تايىقىنى غىچىلدىتىپ

يەرگە ئۇرۇپ ئۇ، — ئەگەر بىراۋ چېقىلغان بولسا ئېيت ھازىر. قولتۇق تايىقىمنى بېشىغا سالاي ئۇنىڭ. خوش، ئۇنداق ئەمەس ئىكەن — ئىشىڭغا ماڭ! ئاشلىق مېنىڭ ئەمەس، ھەربىلەرنىڭ ئاشلىقى. سېنىڭ ئېرىڭمۇ شۇ ياقتا! — دۈيجاڭ تۇرغان يېرىدىن شارتتىدا بۇرۇلۇپ، قولتۇق تايىقىنى چوڭ-چوڭ ئېلىپ، چەتكە قاراپ كەتتى.

جەمىلە جاۋاپ بەرمەي، قولىدىكى قامچىسىنى قامالاپ، گويا قىلغاندەك قىزىرىپ تۇرۇپ قالدى. بىرىسىدا تۇرغان دانىيارنى كۆر-گەندە، يېنىككىنە نەپەس ئېلىۋالدى. دانىيار ئاتلارنى ھارۋىغا قوشۇۋاتاتتى. بايىقى گەپلەرنى ئۇققىنى بىلەن سىر بەرمەي تۇراتتى. قانداقتۇر باشقا تەرەپكە قاراپ، چىلىيا-خامۇتلارنى ئۇ ياق-بۇ ياققا تارتىپ باغلاۋاتاتتى. جەمىلە بىر ھازاغىچە خامانىنىڭ ئوتتۇرىسىدا يالغۇز تۇردى-دە، ئاندىن كېيىن نىمە بولسا بولار، دىگەندەك قولىنى شىلتىپ، ھارۋىسىغا قاراپ مېڭىپ كەتتى.

شۇ كۈنى بىز ئايلىغا ئادەتتىكىدىن بۇرۇنراق قايتتۇق. چۈنكى كېتىۋاتقىنىمىزدىمۇ، قايتىۋاتقىنىمىزدىمۇ دانىيار ئاتلارنى توختاتماي قوغلاپ ماڭدى. جەمىلەمۇ قاپىقى سېلىنغان ھالدا كۆڭۈلسىز ماڭدى. مەن بولسام قاغجىراپ قالغان دالىنى كۆرۈپ، ئۆزەمگە ئىشەنمەي ماڭدىم: تۈنۈگۈن پايانسىز دالا ئۇنداق ئەمەستى. گويا چۆچەكلەردە ئاڭلىغاندەك، تۈنۈگۈنكى گۈللەنگەن دالا بۈگۈن يوق ئىدى. شۇنداق بولسىمۇ بەختلىك كۆرۈنۈش خىيالىمدىن كەتمەي، كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرىۋالدى. تۇرمۇشنىڭ ئەڭ يارقىن، كۆركەم بىر قىسمىنى تۇتۇۋالغاندەك بولدۇم-دە، بۇ كۆرۈنۈشلەر ئېسىمدىن كەتمەي، پۈتۈن دىققىتىمنى ئۆزىگە تارتىپلا ئالدى. شۇنداق قىلىپ، خاماندىكى ھېلىقى ئايال گىرچىمنىڭ بىر ۋاراق ئاق قېلىن قەغىزىنى

www.uyghurkitap.com

ئۇغرىلىقچە ئېلىۋېلىپ، ئۇيلىغان تىلىگىمگە يەتمىگۈنچە جىمىنىم تىنمىدى. سامان دۆۋىسىنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنۇپ، ئاپپاق قەغەزنى بۇغداي سورۇغان ياغاچ گۈرجەكنىڭ ئۈستىگە قويغىنىمدا، بۇرنىم قىنىدىن چىقىپ كېتىدىغاندەك دۈكۈلدەپ ئاغزىمغا تىقىلدى. دادام مېنى بىرىنچى قېتىم ئاتقا مىنگۈزگەندىكىنى دوراپ: "بىسمىللا!" دىدىم ــ دە، قەلەمنى قەغەزگە تەككۈزدۈم. ھە دىگەندە دانىيارنىڭ قىياپەتلىرى ئۇنىڭ ئۆزىگە ئوخشىغلى تۇرغاندا، كۆڭلۈم قانات چىقىرىپ ئۇچتى، ئۆزەمنىڭ نىمە قىلىۋاتقىنىمنى ئۇنتۇدۇم. مەن كۆرگەن ئاشۇ ئاۋغۇست ئاخشىمى، چەكسىز ئۈزۈنغا سوزۇلغان كەڭ دالا قەغەز يۈزىگە كۆچۈپ كەلگەندەك، دانيارنىڭ جاراڭلىق ناخشىسى قۇلىغىمغا كىرىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. كۆز ئالدىمغا كۆينىگىنىڭ ياقىسىنى ئېچىۋەتكەن دانيار بىلەن ئۇنىڭغا يېقىن كېلىپ ئولتۇرغان جەمىلە كەلدى. بۇ مەن تۇنجى قېتىم ئۆز ئالدىمغا سىزغان رەسىم ئىدى. ئەنە ھارۋىنىڭ قىرى، ئەنە يېنىچە ئولتۇرغان دانيار بىلەن جەمىلە، تىزگىنلەر ھارۋا ئالدىدا بوش تۇرماقتا، ئاتنىڭ دۈمبىسى قاراڭغۇدا مىدىرلاپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ نېرىسى كېچىلىك دالا، يىراقتىكى يۇلتۇزلار. بۇلارنىڭ ھەممىسىنى شۇنچە بېرىلىپ سىزىپتىمەنكى، بىر ۋاقىتتا ئۈستۈمدە بىراۋنىڭ خاپا بولۇپ سۆزلەپ كەتكەنلىگىنى ئاڭلاپ ئېسىمگە كەلدىم. قارىسام جەمىلە ئىكەن.

ــ ساڭا نىمە بولدى، گاس بولۇپ قالدىڭمۇ نىمە؟

بايا ئۇ مېنى ئىزدەپ يۈرۈپتىكەن، ھودۇققىنىمدىن سىزغان رەسىمنى يوشۇرۇشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي قالدىم.

ــ بۇغدايلارنى ئاللىقاچان قاچىلاپ قويۇپ، بىر ئاش پىشىمدىن بۇياغى سېنى تولۇدۇق، يا سەن ھە، دەپ قويمىدىڭ... قولۇڭدىكى

نېمە ئۇ؟ — دەپ جەمىلە رەسىمنى مېنىڭدىن تارتىۋالدى.

— ھوي، شورۇڭ قۇرغۇر!.. — دېدى-دە، رەڭگى-رويى ئۆچۈپ، قەغەزگە تەلمۈرۈپ قاراپلا قالدى. ۋاھ، شۇ چاغدا مېنىڭ ئۇيالغىنىمنى دېسەڭلەرچۇ! ئۆلمىسەممۇ يەرگە كىرىپ كەتكۈدەك بولۇپ كەتتىم. جەمىلە رەسىمگە قاراپ تۇردى-دە، بىر ھازادىن كېيىن چانىغى ياش بىلەن تولغان كۆزىنى يۇقۇرى كۆتىرىپ پەس ئاۋاز بىلەن:

— ماڭا بەرگىنە بۇنى، ئۇكا! — دېدى. — مەن خاتىرە قىلىپ ساقلاپ قوياي.

ئاندىن ئۇ قەغەزنى ئىككى پۈكلەپ، قوينىغا سېلىۋالدى.

بىز يولغا چىقىپ، ئايىلدىن خېلى ئۇزاپ كەتكىچە مەن ئۆز قىلىپىمغا تولۇق كېلەلمەي قالدىم. قەلبىمنى قاتتىق چۇلغىۋالغان كۆرۈنۈشنى ھەقىقەتەن ئۆزگە ئازراق بولسىمۇ ئوخشىتىپ سىزىپ چىققىنىم ئېنىقمۇ ياكى بۇ بىر چۈشمۇ، دەپ گۇمانلىنىپ يۈردۈم. شۇنداق بولسىمۇ ئىچىمدە باللىق ماختىنىش ئۆپكەمنى كۆپتۈرۈپ، ھەتتا ئادەتتىن تاشقىرى خىياللار بېشىمنى ئايلاندۇرۇپ، يېقىندا مەن بوياق تاپسام، تولۇپ ياتقان كۆرۈنۈشلەرنى سىزىپ، مەكتەپكە قويۇپ قويىمەن، دەپ خىيال سۈردۈم. ئەمدى قارىسام، بۇنداق خىياللار شۇنداق باللىق چاغلاردىلا بولۇشى مۇمكىن ئىكەن. ئۇنىڭ بىلەن مېنىڭ كارىم يوق، قانچىلىك تېزلىكتە كېتىۋاتقانلىغىمىزنىمۇ ئېسىمگە ئېلىپ قويمىدىم. ئالدىمىزدا ھارۋا ھەيدەپ كېتىۋاتقان دانىياردىن قالماي دەپ ئاتلارنى تېزلىتىپ ھەيدەپ كېلىۋاتىمەن.

جەمىلە دانىيارنىڭ ئارقىسىدىنلا كېلىۋاتاتتى. يول بويى ئۇ ئىككى ياققا قاراپ، بەزىدە قانداقتۇر گۇناكار ئادەمدەك مەيۈس

www.uyghurkitap.com

جىلمىيىپ قوياتتى. بۇ ھالىنى كۆرۈپ مەنمۇ جىلمىياتتىم. ”رەسىم سىزىپ، يەڭگەمنىڭ ئاۋۇ كۈنكى ئاچچىغىنى چىقىرىپ، كۆڭلىنى ئېچىپتىمەن. يەڭگەم ئەمدى دانىيارنى ناخشا ئېيت دىسە، ئۇ، سۆزسىز، ناخشا ئېيتىدۇ.... دىمەك، بۈگۈن دانىيارنىڭ ئاۋازىنى ئاڭلاپ، كۆڭلۈم ئېچىلىپ كېتىدىغان بولدى. بۈگۈن دانىيار ناخشا ئېيتسىكەن، ئەلۋەتتە، ئېيتىدۇ! ناخشا ئېيتسىكەن!“ دەپ ئويلايتتىم بۇ چاغدا مەن.

بۇ دۆرەم ئىستانسىغا ئادەتتىكىدىن كۆپ بالدۇر كەلدۇق، لېكىن ئاتلىرىمىز چىلىق-چىلىق قارا تەرگە چۆمگەن ئىدى. تارازا بوش ئىكەن، ھارۋىدىن چۈشۈش بىلەنلا دانىيار ئاشلىقلارنى توشۇشقا باشلىدى. ئۇ قانداقتۇر ئالاقزادە بولغاندەك ئىدى، ئەيتاۋۇر ئۈنچىقمايلا ئۇ يان-بۇ يان ماڭاتتى. پويىزلار نېرى-بېرى ئۆتكەندە دانىيار توختاپ قېلىپ، ئارقىدىن ئۇزاقىچە ئۇزىتىپ قاراپ، ئاللىقانداق ئويلارغا پاتاتتى. جەمىلەمۇ ئۇ قارىغان تەرەپكە قاراپ تىنچىپ كېتىپ، دانىيارنىڭ خىيالىدا نىمىلەر بارلىغىنى بىلگۈسى كەلگەندەك قىلىپ تۇراتتى. بىر ۋاقىتتا جەمىلە ھارۋىنىڭ يېنىغا بېرىپ، دانىيارنى يېنىغا چاقىردى:

— ماۋۇ يەرگە كەلگىنە دانىيار. قاشقا ئاتنىڭ تاقىسى شالاقشىپ قېپتۇ، يۇلۇپ تاشلىغىنا، مەن تۇتۇپ بېرەي!

دانىيار ئاتنىڭ تۇيىغىنى ئىككى تىزىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىسىپ، تاقىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئۆرە بولغىنىدا، جەمىلە ئۇنىڭغا قاراپ ئاستاغىنا دىدى:

— نىمە قىلغىنىڭ، سەن ھىچنىمىنى چۈشەنمەمسەن؟... يا مەندىن باشقا قىز-كېلىنچەكلەر تۈگەپ كېتىپتۇمۇ؟

دانىيارگەپمۇ قىلماستىن كۆزىنى ئېلىپ قاچتى.

— ماڭا شۇنچە يېنىك دەپ ئويلامسەن؟ — دېدى جەمىلە ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ.

دانىيارنىڭ قېشى بىر-ئىككى قېتىم لىكىلدىدى-دە، جەمىلەنى مۇگىلانغان قىياپەتتە ئەركىلىتىپ قاراپ، بىر نەرسە ئېيتقاندەك بولدى، بىراق مەن ئۇقماي قالدىم، چۈنكى ئاتـقا ئېغىزدۇرۇق سېلىپ قاماپ تۇراتتىم، ئات شۇ چاغدا بېشىنى سىلكىپ قالدى. دانىيار بولسا بىر نەرسىگە مەمنۇن بولغاندەك، قولىدىكى تاقىنى سىلاپ، نېرى چەتكە كېتىپ قالدى. مەن ئۇنىڭغا قاراپ بىر نەرسىنى چۈشەنمىگەندەك بولدۇم: جەمىلە ئېيتقان سۆزلەرنىڭ ئۇنىڭغا نىمىسى يېقىپ قالـدى؟ مەسىلەن، بىراۋغا: "ماڭا شۇنچە يېنىك دەپ ئويلامسەن؟" دېسە، ئۇنىڭ نىمىسى ياخشى؟

قاپلارنى توشۇپ بولۇپ كەينىمىزگە قايتايلى دەپ تۇرغىنىمىزدا، يېنىدا شىنېلىسى بار، پۈرلاشقان كونا شىنېل كىيگەن بىر ئورۇق يارىدار سولدات قوراغا كىرىپ كەلدى. شۇنىڭدىن بىر ئازلا ئىلگىرى ئىستانسىغا بىر پويىز كېلىپ توختىغان ئىدى. ھېلىقى سولدات ئىككى تەرىپىگە سەپسىلىپ، خوشال كۈلۈمسىرەپ تۇردى-دە، بىر ۋاقىتتا:

— كۈركۈرەۋدىن كىم بار؟ — دەپ توۋلىدى.

"بۇ كىم بولغىيدى؟" دەپ ئويلاپ، ئاندىن كېيىن:

— مانا مەن كۈركۈرەۋدىن! — دېدىم.

— سەن كىمنىڭ بالىسىسەن، ئىنىم؟ — دەپ ماڭا قاراپ كېلىۋاتقاندا، جەمىلەنى كۆرۈپ قېلىپ، ھەيران بولۇپ كۈلـۈپ تۇرۇپ قالدى.

— سەن كېرىممۇ؟ — دېـدى خـوشال بولۇپ كەتـكەن جەمىلە

ھەيران بولۇپ.

— ئوھۇ، جەمىلە، قېرىندىشىم! — سولدات جەمىلەنىڭ ئالدىغا ئېتىلىپ كېلىپ، ئۇنىڭ ئالقىنىنى ئىككى قوللاپ قىستى.

بايا ئۇ جەمىلە بىلەن بىر ئايىلدىن ئىكەن.

— ماۋۇ ئىشنى قاراڭلار، بۇ يەرگە خۇددى ئالدىدىن بىلگەندەك ئايلىنىپ كېلىپ قالغىنىمنى! — دېدى ئۇ ھاياجانلانغان ھالدا. — سادىقنىڭ يېنىدىن چىققىنىمغا ئۇزۇن بولمىدى، بىز گوسپىتالدا بىللە ياتتۇق، خۇدا بۇيرۇسا ئۇمۇ بىر-ئىككى ئايدا كېلىپ قالار. بۇ ياققا مېڭىشىمدا: يولدىشىڭغا خەت ياز، ئۆز قولۇم بىلەن قولىغا تاپشۇراي دەپ خەت يازدۇرۇۋالغانتىم... ئەجەپ ياخشى بوپتىكەن، مانا ئامانىتىڭ، بوينۇمدىكى قەرزدىن قۇتۇلاي! — دەپ، سولدات ئۈچ بۇرجەكلىك خەتنى جەمىلەگە ئۇزاتتى.

قولىدىن يۇلۇپ ئالغاندەكلا، جەمىلە خەتنى ئۆزىگە تارتىۋالدى-دە، خوشاللىغىدىنمۇ ياكى ئۇيالغىنىدىنمۇ ھە دېگەندە قىپ-قىزىل بولۇپ قىزىرىپ، ئاندىن كېيىن تاتىرىپ، تۇرۇپ قالدى. ھەي، يۈرەك دېگەن قۇرۇسۇن، دەل مۇشۇ چاغدا جەمىلە ئاستاغىنا كۆزىنىڭ قىرى بىلەن دانىيار تەرەپكە قارىدى. دانىيار ئۇمىدى ئۈزۈلگەن، قايغۇرغان ھالدا جەمىلەگە ئارمان بىلەن قاراپ، ھارۋىنىڭ يېنىدا ئۆزى يالغۇز تۇراتتى. ھىلىقى خاماندىكىدەك يا كۆپچىلىكنىڭ ئىچىگە كىرىپ ئارىلىشالماي، يا چەتكە چىقىپ كەتمەي، پۇتىنى كەرگەن پېتى جەمىلەگە قاراپ تۇرۇپتۇ. ئاڭغىچە تۇش-تۇشتىن يۈگۈرۈشۈپ كەلگەن كىشىلەر سولداتنى چۆرىدىۋېلىپ، بەزىلىرى تۇققان، بەزىلىرى ئايىلداش چىقىپ، ئۇچرىشىپ، سورىشىپ كېتىشتى. جەمىلە ئايىلدىشىغا رەھمەت ئېيتىشقىمۇ ئۈلگۈ-

رەلمەي تۇرغان پەيتتە، دانىيارنىڭ ھارۋىسى تاقىراك-تۇقۇرۇك قىلىپ جەمىلەنىڭ يېنىدىن ئۆتتى-دە، چاڭ توزاتقان پېتى يولغا چۈشتى.

— ۋوي، بۇنىڭغا جىن تەگدىمۇ، ساقمۇ؟ — دەپ چۇقان كۆتىرىپ قېلىشتى خەقلەر ئۇنىڭ ئارقىدىن.

سولداتنى كىشىلەر بىر چەتكە ئېپچىقىپ كەتكەن ئوخشايدۇ، يەڭ-گەم ئىككىمىز ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قېلىپ، يىراقتا كۆتىرىلگەن چاڭغا قاراپ قالدۇق. بىرئازدىن كېيىن ھارۋا كۆرۈنمەي قالدى.

— يۈر يەڭگە، ئۆيگە كېتەيلى، — دېدىم مەن.

— كېتىۋەر، مەن ئۆزەم بارىمەن! — دېدى جەمىلە ئازاپلانغان ھالدا.

ئەنە شۇنداق قىلىپ، بىز بىرىنچى قېتىم بىر بىرىمىزدىن بۆلۈ-نۈپ، ھارۋىمىزنى ئۆزىمىز ھەيدەپ يولغا چىقتۇق. ھاۋا تازا دىمىق بولۇپ، يەردىن كۆتىرىلگەن ئىسسىق قۇرۇپ كەتكەن كالپۇكلىرىمنى قىزدۇرۇپ تۇراتتى. كۈن بويى قىزىپ تۇرغان ھاۋا يەرلەرنى يېرىپ، زىمىننى قوقاستەك قىلىۋەتكەن، يەرنىڭ ئۈستىنى شورغا پۈركىگەن ئىدى. ئىسسىق ئاستا-ئاستا قايتماقتا. ئوخشاش شۇ ئاق تۇماندا، غەرپ تەرەپتە، يۇمشاق قۇياش ئۇپۇقتا لۆمشۈپ پېتىۋاتاتتى. پايانسىز ئاسماننىڭ قەھرىدە، قىزىل قاتتىق يەل-يېغىن بۇلۇتلىرى توپلانماقتا. قۇرۇق ئىسسىق شامال بەزىدە ئاتلارنىڭ بېشىغا ئاق شور پۈركۈپ، ئاتلارنىڭ قۇيرۇق-يايلىلىرىنى پۇلاڭلىتىپ ئۆتۈپ كېتەتتى-دە، شۋاقلارنىڭ بېشىنى تەۋرىتەتتى.

"يامغۇر ياغاي دەمدۇ نىمە؟" دەپ ئويلىدىم مەن.

بۇ چاغدا يالغۇزلۇق ھىس قىلىپ، ئالاقزادە بولغاندەك

بولدۇم-دە، ھامان ئاستا مېڭىشقا ئۇرۇنغان ئاتلارغا قامچا سېلىشقا باشلىدىم. مەنلا ئەمەس، ئۇزۇن پۇتلۇق بوز دوغداقلارمۇ ئالاقزادە بولۇپ، چىغلارنى ئارىلاپ يۈگۈرۈشەتتى. شامال قارايغان ياۋا ئوت — قېرىقىز ئوتىنى دومىلىتىپ، ئۇزاق-ئۇزاقلاردىن يول ئۈستىگە ھەيدەپ كەلمەكتە. بىز تەرەپتە قېرىقىز دېگەن بۇنداق ئوت بولمايدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ قازاقىستان چۆلىدىن كېلىپ قالغان قېرىقىز بولسا كېرەك. ئەتراپىمدا ھېچبىر ئادەمزات يوق: دانيارمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ئارقىمىزدا قالغان جەمىلەمۇ يوق. پەقەت ھېرىپ-چارچىغان ئوتلاقلا تۇراتتى.

خامانغا قاش قارايغان پەيتتە يېتىپ كەلدىم. خامان تېپ-تېنچ ئۇيقۇدا، ئازراقمۇ شامال يوق. دانيارنى چاقىرسام، ئۇنىڭ ئورنىغا قاراۋۇل جاۋاپ بەردى:

— دەريا بويىغا كەتتى. بەك دىمىق بولۇپ كەتتى، ھەممەيلەن ئۆيلىرىگە كېتىشتى. شامال بولمىسا، خاماندا قىلىدىغان نىمە ئىش بولاتتى!

ئاتلارنى بىدىلىككە چۈشەپ قويۇپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىمدا دەريا بويىغا بارغۇم كەلدى — يار بويىدا دانيارنىڭ دائىم ئولتۇرىدىغان يېرىنى مەن بىلەتتىم.

دانيار، ئادىتىچە، تاك يار لېۋىدە ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ىسىگە تىزىنى قۇچاقلاپ، بېشىنى سېلىپ، يارنىڭ ئاستىدا گۈرۈلدىگەن دەريا شاۋقۇنىنى تىڭشاپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ بىچارە بولۇپ ئولتۇرۇشى يۈرىكىمنى مۇجۇۋەتتى. يېنىغا بارغۇم كېلىپ، دانيارنى باغرىمغا باسقۇم، ئۇنىڭغا ئۆزەم بىلىدىغان ئەڭ ياخشى سۆزلەرنى ئېيتىپ، خاپىچىلىقىغا ئورتاقلاشقىم كەلدى. بىراق مەن ئۇنىڭغا نىمە دېيەلەي-

مەن، قانداق قىلىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالايمەن؟ بىر هازىغىچە قاراپ تۇرغاندىن كېيىن خامانغا قايتىپ كەلدىم. شۇنىڭدىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالماي، ساماندا ياتقان يېرىمدە ئاسماندا ئۈزۈپ يۈرگەن بۇلۇتلارغا قاراپ: "ئادەمنىڭ تۇرمۇشى نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا مۇرەككەپ، چۈشىنىكسىز بولىدۇ؟" دەپ ئويلاپ كەتتىم.

جەمىلەدىن تېخىچە خەۋەر يوق. "ئۇ نېمانچە كېچىكتى، نەدە يۈرىدىغاندۇ؟" دەپ، هارۋىنىڭ تاراقلىغان ئاۋازىنى ئاڭلاشقا زار بولۇپ، قۇلىقىمنى دىڭ تۇتۇپ ياتتىم. يا ئۇخلىغاندەك ئۇخلاپ كېتەلمەي، يا تۇرۇپ كەتمەي، هارغانلىقىمدىن بوشىشىپ قىينالدىم. تاغ تەرەپتىكى ئاسماندا قويۇق قارا بۇلۇت ئارىسىدىن ئاۋازسىز چاقماق يالقۇنى يالت-يۇلت قىلىپ ئۇچقۇندايتتى.

دانىيار دەريا بويىدىن قايتىپ كەلگەندە مەن تېخى ئۇخلىيالماي ياتقان ئىدىم. ئۇ نېمە قىلىشىنى بىلمەي، يول تەرەپكە قايتا-قايتا قاراپ، خاماندا مېڭىپ يۈردى-دە، بىر كەمدىن كېيىن يېنىمغا كېلىپ، سامانغا ئۆزىنى تاشلىدى. "هەي، ئەمدى بىر ياققا كېتىدۇ، ئايلىدا قالمايدۇ! — دەپ ئويلىدىم مەن. — بىراق، بىچارە قەيەرگە بارىدۇ؟... ماكانى يوق بىر مۇساپىر كىمگىمۇ كېرەك بولار؟ هەي، يامان بولدى، قانداق قىلار ئەمدى؟" ئەنە شۇنداق خىياللار بىلەن كۆزۈم ئۇيقۇغا كېتىۋاتقاندا، خامانغا ئاستا كېلىۋاتقان هارۋىنىڭ تاقىراق-تۇقۇرۇغى ئاڭلىنىپ قالدى. "جەمىلە كەلگەن ئوخشايدۇ" دەپ مۆلچەرلىدىم ئۇيقۇ ئارىلاش.

قانچىلىك ئۇخلىغىنىمنى بىلمەيمەن، بىر ۋاقىتتا، دەل قۇلىقىمنىڭ تۈۋىدە، ساماننى شىرىقلىتىپ بىرەيلەن كېلىۋاتقاندەك بولدى. قانات يەلپۈپ ئۆتكەندەك، قانداقتۇر بىر ھۆل نەرسە يۈزۈمنى سىلاپ

www.uyghurkitap.com

ئۆتتی. کۆزۈمنی ئاچسام جەملە ئىكەن. سۇغا چۆمۈلۈپ کەلگەندەك کۆرۈنەتتی، کۆینىگىنى سالقىنلىتىش ئۈچۈن سۇغا چىلاپ، سىقىپ کىيپتۇ، ئۆزىمۇ بىر تۈرلۈك يېقىملىق سالقىننى ئەگەشتۈرۈپ كېپتۇ. جەملە توختاپ، تۆت ئەتراپىغا سەپسېلىپ قاراپ قويدى-دە، دانىيارنىڭ باش تەرىپىگە ئولتۇردى.

— دانىيار، مانا مەن ئۆزەم كەلدىم! — دىدى ئۇ ئاستا شىۋىرلاپ.

ئەتراپ جىمجىت، ئۇنىسىز چاقماق يىراقتا ۋال-ۋۇل كۆرۈنۈپلا كۆزدىن غايىپ بولدى.

— ساڭا ئېغىرمۇ؟ قاتتىق ئېغىر كېلىۋاتامدۇ، ھە؟...

پۈتۈن ئەتراپ يەنە جىمجىت، پەقەت دەريا بويىدا ياردىن ئىۆپ ئۆرۈلگەن بىر پارچىسىنىڭ چولتوك قىلىپ سۇغا چۈشكەن ئاۋازىلا ئاڭلاندى.

— بىراق، بۇنىڭغا مەن ئەيىپلىكمۇ؟... سەنمۇ ئەيىپلىك ئەمەس...

تاغ ئۈستىدىن قاتتىق گۈلدۈرماما ئاۋازى كەلدى. چۆچۈپ كەتكەن جەملە يالت قىلىپ بۇرۇلۇپ قارىغىنىدا، چاقماق نۇرى ئۇنىڭ يۈزىنى يوپ-يورۇق قىلىپ كۆرسەتتى. شۇ زامات جەملە دانىيارنى قۇچاقلاپ يېقىنلاپ كەلگەندە، دانىيار ئۇنى قۇچاقلاپ ئۆزىگە تارتىپ قىستى.

يايلاق تەرەپتىن ۋىژىلداپ كەلگەن شامال سامان ۋە مەڭگەنلەرنى تۈرۈپ-ئۈچۈرۈپ خامان چېتىدە قىڭغىيىپ تۇرغان بوز ئۆيگە ئېپ-بېرىپ ئۇردى، سامان ۋە مەڭگەنلەر يەنە چوڭ يولغا چىقىپ قۇيۇندەك پىرقىرغىلى تۇردى. چاقماقلار بۇلۇتنىڭ ئارىسىدا كۆكۈش يالقۇن چىقىرىپ، قارىغاي سۇنغاندەك قاراسلىغان ئاۋاز بىلەن دەھشەت

سالاتتى. ھەم قورقۇنچلۇق، ھەم خوشاللىق ئىدى — ئەڭ ئاخىرقى بىر قېتىملىق يازنىڭ قارا يامغۇرى يېقىنلاپ كەلمەكتە ئىدى. جەملە شۇنىر لايىتتى:

— راستىن ماڭا گۇمان بىلەن قارىدىڭمۇ، مەن سېنى قانداقمۇ ئۇنىڭغا تەڭ قىلاي!... ئۇمۇ مېنى ھېچقاچان سۆيگەن ئەمەس. سالام يوللىسىمۇ خەتنىڭ ئاخىرىغا — بىر بۇرجىكىگىلا ئىسمىمنى يېزىپ قويىدۇ. ماڭا ئۇنىڭ چۈشتىن كېيىنكى مۇھەببىتى كېرەك ئەمەس، مەيلى، كىم نىمە دىسە دىسۇن، مەن سېنىڭكىمەن! يالغۇزۇم، يارىم، مەن ھېچكىمنىڭ سېنى تارتىپ كېتىشىگە يول قويمايمەن!... مەن سېنى بۈگۈن ئەمەس، تۈنۈگۈن ئەمەس، سىرتىڭدىن بىلگەنىدەك، بالا بولۇپ ئەقلىمگە كەلگەندىن بېرى سۆيىمەن... مانا ئەمدى سەنمۇ مېنى ئىزدەپ كەلدىڭ!...

يېشىل، ئالا، كۆكۈش چاقماقلار ئەگىم-ئەگىم سۇنۇپ، يارنىڭ ئاستىغا — سۇغا چۈشۈپ كېتەتتى. ئۇ يەر-بۇ يەردە تاراسلاپ، سامانى يانتۇ چېكىپ، يامغۇرنىڭ دەسلەپكى تامچىلىرى چۈشۈشكە باشلىدى.

— جەملەم، جېنىم، قالقىنىم، قىزىل گۈلۈم، جامالتاي! — دەپ، دانىيار قىرغىز بىلەن قازاقلاردا بولىدىغان ئەڭ نازۇك ئىسىملارنى سۆيگۈنىگە بېغىشلاۋاتاتتى. — مەنمۇ سېنى ئاللىقاچان سۆيگەن ئىدىم، ئاكوپلاردا يېتىپ سېنى ئويلىغان ئىدىم! قارىسام مېنىڭ سۆيگۈنۈم تۇغۇلغان يېرىمدە تۇرماسمۇ! قارىسام، ئۇ سەن ئىكەنسەن، جەملەم، قىزىل گۈلۈم!

— بۆركۈتۈم! چاڭقىغان بۆركۈتۈم! بۇ ياققا قارىغىنا، يۈزۈڭنى كۆرسەتكىنە، مانا ئەمدى يۈرىكىم قانسۇن!

يامغۇر كۆچىيىپ كەتتى. شامال ئۇچۇرغان بوز ئۆينىڭ ئاغامچا-كىگىزلىرى قانات قاققاندەك لەپپەڭشىپ كېتەتتى. يانتۇ قويۇلۇپ تۇرغان يامغۇر يەرنى سېغىنغاندەك ئۈستى-ئۈستىگە ئۆپەتتى، ئاسماننىڭ قاپتىلىدىن كۆچ بىلەن ئېتىلاتتى، ھاۋا گۈلدۈرلەپ پۈتۈن ئالەمنى لەرزىگە كەلتۈرمەكتە. تاغ ئۈستىنى خۇددى ئەتىيازدىكى قىزغالداقنىڭ ئوتىدەك يالقۇنلىغان چېقىلغان چاقماقنىڭ يالقۇنى قاپلىغان ئىدى. شامال جىرادا كۈچلۈك ئۇشقۇرتاتتى.

يامغۇر كۆچىيىۋەردى، مەن بولسام سامانغا كۆمۈلۈپ، دەل قولتۇقنىڭ ئاستىدا كۆپۈلدىگەن يۈرەكىنى سېزىپ ياتىمەن. شۇ چاغدا مېنىڭدىن بەختلىك، مېنىڭدىن تەلەيلىك ھېچكىم بولمىغان بولسا كېرەك. ئۇزاقتىن بېرى كېسەل بولۇپ ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ، مانا بۈگۈن ئىشىك ئالدىغا چىققاندا، ئاسماندا پارقىرىغان كۈننى كۆرگەندەك، يەر ئۈستىدە ياشاشنىڭ ئۆزى قانچىلىك راھەت ئىكەنلىكىنى بىلگەندەك بولدۇم. يامغۇرمۇ، چېقىلغان چاقماقنىڭ يورۇغىمۇ سامانىڭ ئاستىدا ياتقان يېرىمگە يەتتى، بىراق مەن ئۈچۈن بۇنىڭدىن ياخشى ھېچقانداق نەرسە يوق، كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىۋېتىپ كۈلۈمسىرەپ ياتتىم؛ قۇلىقىمغا كىرگىنى نىمىكىن: جەمىلە بىلەن دانىيارنىڭ شىۋىرلاشقىنىمۇ، ياكى پەسلەپ كېلىۋاتقان يامغۇرنىڭ سامانغا شارتىلداپ تەگكىنىمۇ؟ "مانا ئەمدى يامغۇر كۆپىيىدۇ، كۆز كېلىپ قالدى!" دەپ ياتتىم مەن ئۆزەمچە. راستلا كۈزنىڭ خەۋەرچىسىدەك، ھاۋادا شىۋاقنىڭ ۋە يامغۇردا قېلىپ چىرىگەن سامانىنىڭ نەمخۇش ھىدى دىماققا ئۇرۇلدۇ.

خوش، ئەمدى كۆزدە تەقدىرىمىزنىڭ قانداق بولىدىغانلىغىنى، نىمە ئۈچۈندۇر، مەن پۈتۈنلەي خىيالىمغا كەلتۈرمىدىم.

مۇشۇ كۆزدە، ئىككى يىل ئوقۇش توختاتقاندىن كېيىن، مەن يېڭىۋاشتىن مەكتەپكە كىرىپ ئوقۇشنى داۋاملاشتۇردۇم. دەرستىن كېيىنكى بوش ۋاقىتلاردا، كۆپ ھاللاردا، بايىقى دەريا بويىدىكى يار لېۋىگە بېرىپ تۇردۇم. خامان ئۇ چاغدا كۆن بويى ئادەمسىز چۆلدەرەپ تۇراتتى. بۇ يەردە مەن مەكتەپتىن ئالغان بوياقلار بىلەن، ئۆزەمنىڭ بىرىنچى ئاددى سىزمىلىرىمنى سىزدىم. ئۇ چاغدا سىزغان رەسىملىرىم ئانچە ياخشى چىقمىغان، چۈنكى شۇ چاغدىلا ماڭا ئانچە يارىمىغان ئىدى. ”بوياقلىرىم ياخشى ئەمەس، — دەپ ئويلايتتىم مەن، — جىمىڭ بوياق بولسا ئىدى، خەپ!“ مەن شۇنداق دىگىنىم بىلەن، ئاشۇ جىمىڭ بوياقنىڭ ئۆزى قانداق بولىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. پەقەت خېلىلا كېيىن، رەسساملار ئىشلەتكەن سىقما بوياقلارنى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكە مۇۋەپپەق بولدۇم.

بوياقلارغۇ بوياق بولسۇن، بىراق مۇئەللىملەرنىڭ ئېيتقانلىرى توغرىدەك قىلىدۇ: رەسىم سىزىدىغان رەسسام بولۇش ئۈچۈن رەسساملىقنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭدىن ساۋاتلىق بولۇش كېرەك. بىراق، ئوقۇش توغرىسىدا بۇرۇن ھەتتا خىيالمۇ قىلىپ باقماپتىكەنمەن.

ئوقۇش دىگەن نەدە: ئاكىلىرىم شۇ كەتكەنچە دېرەكسىز بولۇپ تۇرسا، ئاپام مېنىڭدەك بىردىن-بىر ئوغلىنى، ئىككى ئائىلىنىڭ چەۋەندازى ۋە باققۇچىسىنى قانداق قىلىپ بولىسۇن ئوقۇشقا ئەۋەتمەيتتى. مەن بۇ ھەقتە ھەتتا ئېغىز ئاچالمايتتىم. لېكىن بۇ يىلقى كۆز، خۇددى ئادەمگە چاخچاق قىلىۋاتقاندەك، ئالامەت چىرايلىق ئىدى، سىزنى رەسىم سىزىشقا ئۈندەيتتى.

كۈركۈرەۋ دەرياسىنىڭ سۈيى تارتىلىپ، كۆپ-كۆك بولۇپ

www.uyghurkitap.com

تىنغان. سۇنىڭ ئاستىغا يوشۇرۇنغان بايىقى قازاندەك-قازاندەك تاشلار ئەمدى سىرتىقا چىقىپ قالغان، ئۇلارنىڭ ئۈستىنى ياپ-يېشىل، ساپ-سېرىق دۇخاۋا رەڭلىك مۇخلار قاپلىغان. ئەتىگەنلىك ئۆشۈكتە سۆگەتنىڭ يالىڭاچ چىۋىقلىرى نازۇك قىزىرىپ، ياۋا تېرەكلەر كۈندىن-كۈنگە سارغىيىپ بېرىۋاتقان يوپۇرماقلىرىنى تاشلىغۇسى كەلمەي تىك تۇراتتى.

چارۋا بىلەن يايلاۋدا يۈرگەن يىلقىچىلارنىڭ ئىس-تۈتەككە پىشىپ قالغان ئۆيلىرى يېغىۋاشتىن چوڭ سايىنىڭ جەينەكسىمان ئەگىمىگە تىكىلىپ قارىيىپ تۇراتتى، ئوچاقلىرىنىڭ مورىلىرىدىن چىققان ئاق-بوز تۈتۈنلەر ئاللىقاياقلارغا ئۇچۇپ ئەگىپ تۇراتتى، ئەتراپتا يىلقىلار ئوتلىماقتا، ئۆز ئالدىغا تاراپ كەتكەن تىمەن بايتاللار بولسا كۆزنىڭ سالقىنىدا بولۇشچە كىشنەپ ئۆز توپىنى ئىزدىمەكتە. پەقەت بىرلا بايتال تاكى ئەتىيازغىچە بايتاللار توپى ئىچىدە قالغان بولۇپ، سۆزسىز، ئۇنىڭغىمۇ يېنىك چۈشمىگەن بولسا كېرەك. تاغدىن قايتقان ماللار توپ-توپ بولۇشۇپ ئېگىزدا مېڭىپ يۈرمەكتە. قۇرۇپ سارغايغان يايلاقتا تەرەپ-تەرەپكە ئىز چۈشۈپ يول پەيدا بولغان.

كۆز مۇشۇ پېتىلا تۇرۇپ قالغىنى يوق. ئۇزاق ئۆتمەي قارا بوران چىقىپ، ئالەم-مالەم بولۇشقا باشلىدى، ئاسماننىڭ ئەلپازى بۇزۇلۇپ، قار ئارىلاش يامغۇر باشلاندى. بىر كۈنى ئاستاغىنا ئايلىنىپ كېلىش مەقسىدىدە دەريا بويىغا كەلدىم — مەن سايدا ئوتىقاشتەك قىزارغان تاغ ئامۇتىغا مەھلىيا بولۇپ تۇرۇپ قالدىم-دە، كېچىككە يېقىنراق بىر سۆگەتلىك ئىچىدە ئولتۇردۇم، نامازشام ۋاقتى ئىدى. ئۇشتۇمتۇت دەريانى كېچىپ كېلىۋاتقان ئىككى ئادەمگە كۆزۈم چۈشتى.

بۇنىڭ دانىيار بىلەن جەملە ئىككەنلىگىنى دەرھال تونۇدۇم. مېنىڭ كۆزۈم ئۇلارنىڭ جىددى، ئالاقزادە بولغان چىرايىدىن زادىلا نېرى بولالمايتتى. دانىيار ئادەتتىچە شىگىلىسىنى يۇدۇپ ئىتتىك-ئىتتىك ماڭماقتا، تۇگمىسى ئېتىلمىگەن شىنېلىنىڭ ئىككى پېشى قونجى پۇرلىشىپ كەتكەن بىرىزىنىت ئۆتۈگىنىڭ قونجىغا ئۇرۇلۇپ-ئۇرۇلۇپ تۇراتتى. جەملە بولسا، ئاپپاق يۇيۇلغان يۇڭ ياغلىغىنى ئارتىپ، ئۈستىگە بازارلىق قىزىل-ئالا گۈللۈك كۆينىكى بىلەن مەخمەل چاپىنىنى كىيۋاپتۇ. بىر قولىغا بوپىسىنى ئالغان، ئىككىنچى قولى بىلەن دانىيارنىڭ ئاسما سومكىسىنىڭ تاسمىسىنى تۇتۇپ كېلىۋاتاتتى. ئىككىسى گايى-گايىدا بىر نەرسە توغرىلىق سۆزلىشىپ قويۇشاتتى. ئۇلارنىڭ بىزنىڭ ئايلىنى تاشلاپ، بىر ياققا كېتىۋاتقانلىغىنى چۈشەنگىنىمدە، يۈرىگىم شۇر-ر قىلىپ قالدى-دە، خۇددى ئۈزۈلۈپ چۈشكەندەك بولۇپ كەتتى.

ئۇلار ئاق تاشلىۋەتكەن ئېتىزدىكى قوراي، چىغ ۋە تىكەنلەر بىلەن قاپلانغان چىغىر يول بىلەن كېتىپ باراتتى، مەن دىلىغۇل بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن قارىغان پېتىم نىمە قىلارىمنى بىلمەي تۇرۇپ قالدىم. تۇۋۋلاي دىسەم، تىلىم تاڭلىيىمغا چاپلىشىپ قالغاندەك تۇيۇلدى.

تاغنى قۇچاقلاپ ئۈزۈۋاتقان بۇلۇتلارغا كۈننىڭ قىيپاش نۇرى ئاخىرقى قېتىم بىر تېگىپ، يەرگە گۈگۈم چۈشتى ۋە تېزلا قاراڭغۇلۇق باشلاندى. دانىيار بىلەن جەملە ئارقىسىغا قارىماستىن پويىز ئىستانسىسىغا قاراپ تېز-تېز قەدەم تاشلىماقتا. ئۇلارنىڭ قارىسى ئاستا-ئاستا ئۈزاقلىشىپ بېرىپ، بىرئازدىن كېيىن چىغىنىڭ ئارىسىدا كۆرۈنمەي قالدى.

مەن ئەنە شۇ چاغدىلا ئېسىمگە كەلدىم.

— جەملە-ە-ە-ە! — دەپ كۈچۈمنىڭ بىرىچە ۋاقىرىدىم.

"جەملە-ە-ە-ە!" دىگەن ئەكس سادا بۇ يەردىمۇ، ئۇ يەردىمۇ ئاڭلىناتتى.

— جەملە-ە-ە! — دىدىم مەن يەنە بىر قېتىم ئاچچىق ۋاقىراپ ۋە ئاندىن كېيىن ئولتۇرغان ئورنۇمدىن چاچراپ تۇردۇم-دە، ھېچنىمىگە قارىماستىن يۈگۈردۈم. سۇنى سۇ دىمەي، ئۆتۈك ۋە كىيىملىرىم بىلەنلا ئالىچاڭلاپ يۈگۈرگىنىمدە، مۇزدەك سۇنىڭ چاچراندىلىرى يۈز-كۆزۈمگە، پۈتكۈل ئۈستى-بېشىمغا چاچراپ چىلىق-چىلىق ھۆل قىلىۋەتتى. ئۇنىڭغىمۇ قارىماي يەنە كۈچەپ يۈگۈردۈم. بىر ۋاقىتتا بىر نەرسىگە پۈتلىشىپ كېتىپ، گۈپ قىلىپلا دۈم چۈشتۈم. شۇ ياتقىنىمچە بېشىمنىمۇ كۆتەرمەي، يۈزۈمنى پاتقاققا يېقىپ، ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم. ئاستىمدىكى نەم ئوت يىغلىپ قالغان يەر قولۇمنى، يۈزۈمنى مۇزلىتىپ، تۈن قاراڭغۇسى يەلكەمدىن خۇددى يوغان تاشتەك بېسىپ تۇرغاندا، ئۆپكەم قىسىلىپ، چىغلار مېنىڭ قايغۇمغا بولۇشۇپ، يان-يېنىمدىن مۆڭلىنىپ يىغلىغاندەك بولدى. بايا جەملەنى قىچقارغان ئۈنۈم يەنىلا جىملىققا چۆمگەن كەڭ دالىنىڭ ئۈستىدە ياڭراپ، قۇلىقىمدىن كەتمەيتتى.

"جەملە، جەملە!" دەپ، كىچىك باللاردەك ئۆكسۈپ يىغلىدىم.

مەن ئۆزۈم ھەممىدىن ياخشى كۆرىدىغان قىممەتلىك كىشىلىرىم بىلەن خوشلىشىپ ياتتىم. ئەنە شۇ چاغدىلا، يەر قۇچاقلاپ يىغلاپ ياتقان ۋاقتىمدىلا، ئۇشتۇمتۇت، جەملەگە مۇھەببەت قويۇپ قالغانلىغىمنى چۈشەندىم. ھەئە، بەلكىم بۇ بالىلىق ۋاقتىمدىكى مېنىڭ ئەڭ پاك، تۇنجى مۇھەببىتىم بولۇپ قالغاندۇر!

كۆز يېشىم بىلەن ھۆللەنگەن يېڭىمگە بېشىمنى قويۇپ، يۈزۈمنى يېقىپ، يەنىلا ئۇزاقتىچە يىغلاپ ياتتىم. قارىسام، مەن شۇ چاغدا يالغۇز جەمىلەر بىلەنلا خوشلاشماي، ئۆزەمنىڭ باللىق چاغلىرىم بىلەنمۇ خوشلىشىپ ياتقان ئىكەنمەن.

قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ ئۆيگە كەلگەن چېغىمدا، بىزنىڭ قورادا چاك-تۇزاك كۆتىرىلىپ، كىمدۇر بىراۋلار ئات توقۇپ، پايپېتەك بولۇپ يۈرگەن ئىكەن. ئوسمان بولسا ئادىتىچە مەس ھالەتتە ئېتىنى يۇلقۇشلاپ ۋاقىراپ تۇرۇپتۇ:

— ھەي، مەن ئېيتىپ يۈردۈمغۇ! مانا ئەمدى، پۈتۈن ئولجا باي ئۇرۇغىغا شەرمەندىچىلىك بولمىدىمۇ؟ بولۇڭلار، ئاتلىنىڭلار، يېتىشۋالغان يەردىلا بۇ تەمتىرەپ يۈرگەن چالا قازاقنى جايلىۋەتىمسەم ئېنىم ئۆچسۇن، مەيلى ئون يىل كېسىلىپ كەتسەممۇ كۆرۈنگەنلا بىراۋغا ئولجاباي قىزلىرىدىن بىرەرىنى تارتقۇزۇپ قويۇپ تۇرالماي-مەن! ئاتلان يىگىتلەر، كەتتۇق! قەيەرگە كېتىدۇ دەيسەن، ئىستان-ىدا قوغلاپ يېتىشىمىز!

قوغلىغۇچىلار قايسى ياقىقا ئات قوياركىن دىگىنىمدە يۈرىگىم شۇر-ر قىلىپ مۇزلاپ كەتتى. نىمە قىلارىمنى بىلمەي، ئايلىنىڭ سىرتىغىچە ئاتلىقلارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ، ئۇلارنىڭ كىچىك ئىستانىسىنى كۆزلەپ ئەمەس، ۋوگزالغا بارىدىغان چوڭ يولغا چۈشكەن-لىگىنى كۆردۈم، ئەنە شۇ چاغدىلا تىنچلاندىم. ئاندىن كېيىن ئۆيگە كەلدىم-دە، يىغلىغىنىمنى ھېچكىمگە كۆرسەتمەي، ئاتامنىڭ جۇۋىسىغا ئورۇنۇۋېلىپ، جىمكىنىپ ياتتىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئايلىدا نۇرغۇن سۆز-چۆچەك، مىش-مىش

www.uyghurkitap.com

گەپلەر بولدى. ئاياللارنىڭ ھەممىسى دىگۇدەك جەملەنى يامانلىشىپ كەتتى:

— ئەخمەق-تە! بولمىسا كىممۇ ئۆز بەختىگە ئۆلتۈرۈپ، تەمتىرەپ يۈرگەن بىر مۇساپىرغا ئەگىشىپ كېتىدۇ!

— شۇنى دىسەڭچۇ! نىمىسىگە قىزىققاندۇ ئۇنىڭ دەيمەن-دە! ئەسكى شىنېلى بىلەن جۇلغى چىققان ئۆتۈگىدىن باشقا ھىچنىمىسى يوق-تە ئۇنىڭ!...

— يا قورو-قورو مېلى بولمىسا! — دەپ يەنە بىرەيلەن گەپ قىستۇراتتى. — ئۆيى يوق، جايى يوق تېنەپ يۈرگەن بىرنىمە-دە! مەيلى، ئۆز ئۇۋالى ئۆزىگە، تېخى قىلغان قىلغىنىغا ئۆكۈنۈپ بارمىغىنى چىشلەر... كۆرىسىز، شۇ چاغدىلا چىرايلىقمەن دەپ يۈرگىنىگە تويار!

— توۋا، سادىقتىن ئارتۇق ئەرنى نەدىنمۇ تاپاتتى دىسەڭلارچۇ، ئايىلىنىڭ نوچى يىگىتى ئەمەسمۇ، تىرىكچىلىككىمۇ پۇختا ئىدى...

— ئۇنى دىمە، قېيىنئانىسىچۇ؟ مۇشۇنداق پەيغەمبەردەك قېيىنئانىنى ئەمدى نەدىنمۇ تاپسۇن! ئۆزىنىڭ شورى، مەيلى!

مۇمكىن، يالغۇز مەنلا ئۆزەمنىڭ بۇرۇنقى يەڭگەمنى يامانلىماي، ئەكسىچە ئۇنىڭ قىلغىنىنى توغرا دەپ بىلگەندۇرمەن. دانيارنىڭ ئەسكى شىنېلى بىلەن جۇلغى چىقىپ كەتكەن ئۆتۈگى بۇ ياقتا تۇرسۇن، پەقەت ئۇنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى، ئۇنىڭ ئىچكى دۇنياسىنىڭ قانچىلىك زور ئىكەنلىگىنى مەن بىلمىسەم كىم بىلەتتى. جەملە دانيارغا ئەگىشىپ كېتىپ تەلەيسىز بولۇپ قالىدىغان بولدى دىگەن گەپلەرگە مەن ھىچبىر ئىشەنمەيمەن، ئەكسىچە تەلىيىنى ئەمدى تاپتى دەپ ئىشەندىم. پەقەتلا ئاپامغا ئىچىم ئاغرىپ كەتتى.

جەملەنىڭ كېتىشى بىلەن تەڭ ئاپامنىڭ غەيرىتى كېتىپ قالغاندەك، ئۆزىدىن ئۆزى قايغۇرۇپ، مۇڭلىنىپ قالاتتى. ئاپام جۇدەپ كەتتى. بىچارە. مېنىڭ ھازىرقى چۈشەنچەمچە، تۇرمۇش ئېقىمىنىڭ بەزىدە ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۇلىنى كۇمپاي-كۇم قىلىپ، شۇ زىمىندا يېڭى ئىستىقبالغا يۈز ئاچىدىغانلىقىنى ئاپامنىڭ ئېتىراپ قىلغۇسى كەلمەيدى-غاندەك تۇرىدۇ. مىسال ئالايلى، چوڭ، كۈچلۈك تېرەكنى بوران يىلتىزى بىلەنلا قومۇرۇپ كەتسە، ئۇ ئىككىنچى ئۆرە بولالمايدۇ... ئاپام ئەنە شۇ ھالدا: بۇرۇنقى ھالىدىن قالغىنى ھەر بىر ھەركىتىدە بىلىنىپ تۇراتتى. بۇرۇن ھېچكىمگە يىڭنىگە يىپ ئۆتكۈزۈپ بەر دىمەيتتى، ئۇنداق قىلىشنى نومۇس ئېلىپ يامان كۆرەتتى. ئەمدى بولسا، بىر كۈنى مەكتەپتىن كەلسەم، ئاپام يىڭنىنىڭ كۆزىنى تاپالماي، يورۇققا تەلمۈرۈپ يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ.

— مە، يىپ ئۆتكۈزۈپ بەرگىنە! — دىدى ئۇ يىپ-يىڭنىنى تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن ماڭا سۇنۇپ. — ئاھ، شورلۇق كېلىنىم-ھەي، ھېچ گەپتىن ھېچ يوق نەگىمۇ كەتكەندۇرسەن، ھەيران مەن جەملە... ئۆزەڭنى ئۆزەڭ ئۆلتۈردۈڭ... چاندىڭ بىزدىن، كەتتىڭ ئەمدى... نىمىشقا كەتكەندۇرسەن؟ بىزنىڭ ئۆيدە ساڭا نىمە كەم بولغاندۇ! ھەي شور پىشانە جەملە...

ئاپامنىڭ مۇشۇنداق دەپ ئولتۇرغانلىقىنى كۆرۈپ يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. "ياق، نەدىكىنى، ئۇ شور پىشانە ئەمەس!" دەپ توۋلىۋېتىشكە تاس قالدىم. ئاپامنى قۇچاقلىۋېلىپ، دانىيارنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى، ئۆزەمنىڭ ئۇنى قانداق ياخشى كۆرىدى-غانلىقىمنى دەپ بېرىپ، ئۈن سېلىپ يىغلىۋەتكىم كېلىپ كەتتى. بىراق، بۇ توغرىلىق مەن قايسى يۈزۈم بىلەن گەپ قىلىمەن:

ئۆنداق قىلسام ئاپامنى ئۆمۈرۋايەت باش كۆتىرەلمەيدىغان قىلىۋېتە-مەنغۇ. شۇنداق قىلسامۇ، مېنىڭ بۇ گۇناسىز "گۇنايىم" بىلىنمەي قالغىنى يوق.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي سادىق قايتىپ كەلدى. راستىنى ئېيتقاندا، سىرتىدىن بىلىندۈرمىگىنى بىلەن ئۇ خېلىلا نومۇس قىلىپ، زەردىسى قايناپ يۈردى. راست، ئوسمانلار بىلەن ئىچكۈلۈك ئۈستىدە ئولتۇرغاندا تازا چوڭ گەپ قىلاتتى:

— قۇرۇپ كەتسۇن، كەتسە كەتمەمدۇ! يولدا ئاخىر بىر يەردە ئاچتىن ئۆلىدۇ-دە! هازىر خوتۇندىن تولا نىمە يوق، بىر چەتتىن چېكىپ تۇرۇپ... ئالتۇن باشلىق خوتۇندىن پاقا باشلىق ئەر ئارتۇق...

— ئۇنداق دىگىنىڭغۇ توغرا، — دەپ جاۋاپ بېرەتتى ئوسمان، — بىراق مەشەدە قولۇمغا چۈشۈرەلمىدىم-دە، خەپ، ئاۋۇنى قىيما-چىيما قىلىپ، ماۋۇنى چىپچىدىن ئاتنىڭ قۇيرۇغىغا باغلاپ سۆرىتەتتىم-دە! جەنۇپ تەرەپكە كېۋەز تېرىغىلى كەتتى، يا بولمىسا قازاقلار تەرەپكە كەتتى، سەرسان بولۇپ يۈرۈشى بىرىنچى قېتىم ئەمەسقۇ، ئاخىر! ئەمدى بىر هەيران قالغان يېرىم بۇ ئىشنى هىچكىم بىلمىگەن، هىچكىم سەزمىگەن، قانداقلارچە ئۇنداق بولۇپ كەتكىنىنى سەزمەيلا قالدۇق... هىلىقى تۇۋلەپ كەتكەن قانجىقنىڭ هارامزا-دىلىگىنى دىگىنە، زادىلا چاندۇرماپتۇ دىگىنە، بولمىسىغۇ ئۇنى...

بۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىغاندا قېنىم قايناپ، مۇشتۇمۇم تۈگۈلۈپ كېتەتتى. كۈچۈم يەتسە، مۇشۇ ئوسماننىڭ يۈزىگە تۈكۈرۈپ تۇرۇپ: "هىلىقى ئوت ئۇرۇش ۋاقتىدا ئەدىۋىڭنى بېرىپ قويغىنىنى ئېسىڭدىن چىقارماي يۈرۈپتىكەنسەن-دە، هەقىقى هارامزادە، هەقىقى يۈزسىز

دىگەن مانا سەن!“ دىگۈم كىلەتتى.

بىر كۈنى ئۆيدە ئولتۇرۇپ، مەكتەپنىڭ تام گېزىتى ئۈچۈن رەسىم سىزىۋاتاتتىم، ئاپامۇ مەشىنىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ مەشكە ئوت قالاۋاتاتتى، بىر ۋاقىتتا ئىشىك جالاقىدا ئېچىلىپ، ئۆيگە ساپ-سېرىق سارغىيىپ-تاتىرىپ سادىق ئاكام كىرىپ كەلدى. ئۇ مەن تەرەپنى كۆزلەپ يۇلقۇنۇپ قەدەم باسقاندا، ئۈستىگە يېپىنچاقلىۋالغان شىنېلى ئۇچۇپ چۈشتى.

— ماۋۇنى كىم سىزغان؟ — دەپ چوڭ بىر ۋاراق قەغەزنى كۆزۈمگە تەڭلىدى ئۇ.

قەغەزگە سىزىلغان رەسىمنى كۆرۈپ ئەرۋايىم ئۇچتى: بايا بۇ مەن سىزغان ھېلىقى رەسىم ئىكەن. دانىيار بىلەن جەملە مۇشۇ ئىش ۋەجىدىن ماڭا باشقىچە كۆزقاراشتا بولغاندەك تىكىلىپ تۇراتتى.

— مەن سىزغان ئىدىم! — دىدىم مەن.

— بۇ كىم؟

— دانىيار.

— قارا يۈز ئىكەنسەن سەن! — تىترەپ تۇرغان سادىق ئاكام رەسىمنى پارچە-پارچە قىلىپ يىرتتى-دە، يەرگە تاشلاپ، ئىشىكنى قاتتىق يېپىپ سىرتقا چىقىپ كەتتى.

ئۆينىڭ ئىچىنى ئۇزاققىچە سوزۇلغان سۈرلۈك جىملىق قاپلىدى.

سەن بىلەمتىڭ؟ — دەپ سورىدى بىر ھازادىن كېيىن ئاپام.

— ھەئە، بىلەتتىم.

ئاپام مەشكە يۆلىنىپ، ماڭا ناھايىتى خىجالەت بولغاندەك بىر خىل نەزەر بىلەن تەلمۈرۈپ تىكىلگەندە، مەن نىمە بولسام شۇنى كۆرەرمەن دەپ:

— مەن ئۇلارنى يەنە سىزىمەن! — دېدىم.

ئاپام بېشىنى قايغۇلۇق چايقاپ، تۆۋەن چۈشۈردى.

مەن يەردە تىتىلىپ ياتقان قەغەز پارچىلىرىغا قاراپ، يۈرەك-باغرىمنى كۆيدۈرۈپ چۇچۇلىغاندەك ئىزا-ئاھانەتكە چىدىماي تۇردۇم: مېنى قارا يۈز دېسەڭ دەۋەرگىن. مەن كىمگە قارا يۈزلۈك قىپتىمەن؟ ئائىلىمىزگىمۇ؟ ئۇرۇق-جەمەتىمىزگىمۇ؟ بىراق مەن ھەقىقەتكە خىيانەت قىلغىنىم يوق، تۇرمۇش ھەقىقىتىگە خىيانەت قىلغىنىم يوق، ئاشۇ ئىككىسىنىڭ توغرا قىلغانلىقىدىن ئىبارەت ھەقىقەتكە خىيانەت قىلغىنىم يوق! مېنىڭ مۇشۇ ئاق نىيەتلىكىمنى ھېچكىم بىلگەن ئەمەس، ئۇنى باشقىلارغا ئېيتىشقىمۇ بولماس. چۈنكى باشقىلار تۇگۇل جېنىمدەك كۆرىدىغان ئۆز ئاناممۇ بۇنىڭ مەنىسىنى چۈشەنمەس، بەلكىم.

يەردە ياتقان رەسىم پارچىلىرى، خۇددى قايىنامدا پىرقىراۋاتقاندەك، مىدىرلاشقا باشلىدى. دانىيار بىلەن جەمىلەنىڭ رەسىمدە ماڭا قاراپ تۇرغان سىياقى كاللامغا چىڭ ئورناپ كەتكەن ئىكەن، ھەتتا كۆز ئالدىمغا بايىقى ئاۋغۇست كېچىسىدىكى گۈللەنگەن دالا كېلىپ، دانىيارنىڭ يالقۇنلۇق ناخشا ئاۋازى قۇلىقىمغا ئاڭلانغاندەك بولدى. دانىيار بىلەن جەمىلەنىڭ شۇ چاغدىكى ھالىتىنى ئەسلەپ، مۇلايىمغىنا كۈلۈمسىرەپ ئولتۇردۇم. ئۇلارنىڭ ئايىلدىن كەتكەن چاغدىكى ھالىتىنى ئەسلىگەندە ۋۇجۇدۇمغا غەيرەت تولۇپ، مەنمۇ شۇلارغا ئوخشاش، ئۆز بەختىم ئۈچۈن قىيىن يولغا ئاتلىنىشقا قەتئىي بەل باغلىدىم.

— مەن ئوقۇشقا كېتىمەن! — دېدىم مەن ئاپامغا. — رەسسام بولغۇم بار، رەسساملار مەكتىۋىگە بارىمەن، ئاتامغىمۇ مۇشۇنى ئېيتىپ

قوي...

بۇ سۆزنى ئېيتقىنىمدا، ئاپام ئورۇشتا قازا تاپقان ئاكىلىرىمنى ئەسلەپ، ئۈن سېلىپ يىغلاپ كېتىدىغۇ دېگەن ئوي بىلەن، ئۆزەمنى شۇنىڭغىمۇ چىدىغۇدەك غەيرەتلەندۈردۈم. بىراق، بەختىمگە يارىشا، ئاپام بۇ دۆرەم كۆزىدىن بىر تامچىمۇ ياش چىقارمىدى. پەقەتلا غەمگە پاتقان ھالدا پەس ئاۋاز بىلەن:

— مەيلىڭ، بارساڭ ئۆزەڭ بىل... تۆمۈر قانات بولۇپ يېتىشكەندىن كېيىن ھەرقايسىڭلار ئۆزەڭلەرچە قانات قېقىپ ماڭىمدىڭلارمۇ... بىز نەدىن بىلەيلى، بەلكىم سىلەرنىڭكى توغرىدۇر، بەلكىم ئۇزاق-ئۇزاقلارغا ئۇچۇپ كېتەرسىلەر... ھازىرقى زامان مۇشۇنداق بولىدۇغۇ... ئوقۇشقا بارساڭ، ئۆزەڭ بىل... بەلكىم شۇ ياققا بارغاندا، رەسىم سىزىشنىڭ بىر كەسىپ ئەمەسلىكىنى بىلەرسەن. ئۆيۈڭنى، ئاتا-ئاناڭنى ئۇنتۇما، دەيدىغانلىرىم مۇشۇ...

شۇ كۈندىن تارتىپ، كىچىك ئۆي ئۆز ئالدىغا ئۆتۈپ، بىزدىن بۆلۈنۈپ كەتتى. مەن بولسام ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا ئوقۇشقا ماڭدىم.

بولۇپ ئۆتكەن پۈتۈن ۋەقە مانا مۇشۇ.

رەسساملار مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاكادېمىيىگە بىلىم ئاشۇرۇش ئۈچۈن يەنە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدىم، ئاكادېمىيىگە ئۆزەمنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش يۈزىسىدىن سىزىپ چىققان ئەسىرىمنى — ئۇزاقتىن بېرى نىيەت قىلىپ، دىلىمغا پۈكۈپ يۈرگەن ئاشۇ رەسىمنى سۇندۇم.

ئەلۋەتتە، سىلەر بۇ رەسىمدە دانىيار بىلەن جەمىلەنىڭ سىزىلغانلىقىنى دەرھاللا سەزگەندۇرسىلەر. ھەئە، ئەنە، كەڭ كۈز دالاسى ۋە

ئۇنىڭدا تۇگمىلەنمىگەن شىنىل كىيگەن، شىنىلى بەلىپۇنۇپ تۇرغان، ئۇدۇل ئالدىغا كېتىۋاتقان دانىيار بىلەن ئۇنىڭ يېنىدا سومكىسىنىڭ تاسمىسىنى تۇتۇپ، خوشال ـ خورام كېتىۋاتقان جەمىلە...

ئۇلارنىڭ يۆنىلىشى دانىيار ناخشىغا قوشۇپ ئېيتقان ئۇچ ـ قىرى يوق، پايانسىز زېمىن...

مەن ئۆزەم سىزغان بۇ رەسىمنى ھەممە جەھەتتىن ناھايىتى ياخشى سىزىلغان دەپ ئېيتالمايمەن، چىۋەرلىك بارا ـ بارا ئەمگەك بىلەن بارلىققا كېلىدۇ ئەمەسمۇ... شۇنداق بولسىمۇ بۇ رەسىم مەن ئۇچۈن دۇنيادا ئەڭ قىممەتلىك نەرسە، چۈنكى مەن يۈرىگىمنىڭ ئىسسىق، ئەڭ دەسلەپكى يالقۇنىنى مۇشۇ رەسىمگە بەرگەنمەن.

بۇ چاغدا مەن خېلى تەجرىبىلىك بولۇپ قالغان بولسامۇ، بەزىدە سىزغانلىرىم كۆڭۈلدىكىدەك چىقماي قالاتتى، ئۆز كۈچۈمگە ئىشەنمەي، ئۆزەمگە گۇمان بىلەنمۇ قارايتتىم. ئاشۇنداق چاغلاردا مېنىڭ يۈرىگىمنىڭ داۋاسى ـــ رەسىمدىكى دانىيار بىلەن جەمىلە بولاتتى، ئۇلار كۆزۈمگە شۇنچە ئىسسىق كۆرۈنۈپ، مېنى ئۆزىگە تارتىپ تۇرغاندەك تۇيۇلاتتى. رەسىمدىكى دانىيار بىلەن جەمىلەدىن ئۇزاقىقچە كۆز ئۈزمەي، ئۇلار بىلەن پىكىرلىشىپ، سۆزلىشىپ كېتەتتىم:

"قەيەردىسىلەر ھازىر، قايسى يول بىلەن كېتىپ بېرىۋاتىسىلەر؟ بىزنىڭ يېرىمىزدە مۇنداق كەڭ دالا، مۇنداق يوللار كۆپ: قازاقىستاندىن تارتىپ، ئالتاي بىلەن سىبىرگىچە كەتكەن كەڭ زېمىندا يول ئۇچۇق! كۆپلىگەن باتۇر ئەزىمەتلەر بۇ يەرلەردە يېڭى تۇرمۇش قۇرۇش يولىدا ئەمگەك قىلماقتا. سىلەرمۇ شۇ تەرەپلەرگە كەتتىڭلارمىكىن! ئۇنداق بولسا، يول بولسۇن!... جەمىلە! مېنىڭ

ئالتۇن جەمىلەم، سەن كەتكەندە ئىككىلەنمەستىن، بېشىڭنى تىك تۇتۇپ، كەڭ دالا بىلەن كەتكەن ئىدىڭ... ھازىرمۇ شۇنداقمىسەن، ھازىرمۇ بۇغداي باسقان چاغدىكىدەك ھارمامسەن؟ ھە، ھارغان كۆڭلىرىڭمۇ بولغاندۇ؟ يا ئۆز كۈچۈڭگە ئىشەنمەي، گۇمانلىنىپ قالغان كۆڭلىرىڭمۇ بولدىمۇ؟ ئەگەر شۇنداق بولسا، ھالسىزلىقتا تەن بەرمە، دانىيارنى مەھكەم تۇتۇپ يۆلىنىۋال! ئۇ ھالدا قانداق يىراق يول بولسىمۇ يېقىلمايسەن! شۇنداق چاغلاردا دانىيار ئاشۇ چاغدىكىدەك مۇھەببەت، كەڭ زېمىن، نۇرلۇق دۇنيا، يارلاق تۇرمۇش توغرىسىدىكى يالقۇنلۇق ناخشىلىرىنى ياڭراق ئاۋازى بىلەن ئېيتىپ بەرسۇن! شۇنداق چاغلاردا كۆز ئالدىڭدا كەڭ دالا ئۇسۇل ئويناپ، رەڭگا-رەڭ تۈسكە كىرسۇن! ھىلىقى ئاۋغۇست كېچىسىدىكى چاقماق يورۇغىنى پۈتۈن جاھان تۆكۈپ بەرسۇن! قورقما، جەمىلە، ئالغا ماڭ، ھەرگىز ئۆكۈنمە، ئەمدى سەن ئاسانغا توختىمىغان بەختىڭگە ئېرىشتىڭ!“

ئۇلارغا قاراپ، ئۇلار بىلەن سىردىشاتتىم. ئەنە، دانىيار ئاۋازىنى قويۇپ بېرىپ ناخشىغا چۈشتى، دېمەك، جەمىلە ئىككىسى مېنى يولغا چاقىرماقتا. ھەئە، مەن يولغا چىقىشىم كېرەك! ھەئە، چايقىلىپ تۇرغان كەڭ دالا ئارىلاپ كەتكەن يول بىلەن مەن ئۆز يېزامغا بارىمەن! تۇغۇلغان-ئۆسكەن يېرىمدە يېڭى تېما تاپىمەن.

مەن سىزغان رەسىمنىڭ ھەر بىر سىزىقىدىن دانىيارنىڭ ئاۋازى ياڭرىسۇن! مەن سىزغان بوياقنىڭ ھەر بىر سىزىقىدا جەمىلەنىڭ يۈرەك ئوتى لاۋۇلدىسۇن!

1958-يىل.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

# سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم

## مۇقەددىمە

مۇخبىر بولغانلىقىمدىن پات-پات تىيانشان تەرەپلەرگە بېرىپ تۇراتتىم. بىر يىلى ئەتىيازدا، ئوبلاستنىڭ مەركىزى بولغان نارىندىكى چېغىمدا، تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېز قايتىشىم توغرىسىدا ئەۋەتكەن ئۇقتۇرۇشىنى تاپشۇرۇۋالدىم. ئالدىراپ-تېنەپ ماشىنا بېكىتىگە كەلسەم، ئەتتەگەي، ئاپتوۋوز بۇنىڭدىن بىرنەچچە مىنۇت ئىلگىرى مېڭىپ كەتكەن ئىكەن. نۆۋەتتىكى ئاپتوۋۇزنىڭ مېڭىشىغا بەش سائەتچە ۋاقىت بار ئىدى. ئامال قانچە، بىرەر ماشىنا ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ شەھەر سىرتىدىكى تاش يولغا قاراپ ماڭدىم.

تاش يولدىكى جەينەككە جايلاشقان بېنزىن پونكىتىنىڭ يېنىدا بىر يۈك ماشىنىسى تۇراتتى. شوپۇر بېنزىن قاچىلاپ بولۇپ، باكىنىڭ ئاغزىنى ئېتىۋېتىپتىكەن. بۇنى كۆرۈپ خوشال بولۇپ كەتتىم. كابىنكا دەرىزىسىگە سوۋېت خەلقارا ماشىنىلىرىدا بولىدىغان "C" بەلگىسى يېپىشتۇرۇلغان ئىدى. دېمەك، بۇ ماشىنا جۇڭگودىن رىباچ خەلقارا ئاپتوموبىل مەيدانىغا كېتىۋاتقان ماشىنا ئىدى، ئۇ يەردىن فرۇنزىغا دائىم ماشىنا قاتناپ تۇراتتى.

— ھازىر ماڭامسىز؟ مېنى رىباچقىچە ماشىنىڭىزغا سېلىۋالسىڭىز! — دېدىم مەن شوپۇرغا يالۋۇرۇپ.

ئۇ بېشىنى بۇراپ ماڭا كۆز تاشلاپ قويدى-دە، گەۋدىسىنى رۇسلاپ، ئاندىن كېيىن مۇلايىملىق بىلەن ماڭا مۇنداق دېدى:

— بولمايدۇ قېرىندىشىم، سىزنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن.

— سادىغاڭ كېتەي، فرۇنزىغا بارىدىغان بەك ئالدىراش ئىشىم بار ئىدى، ئۇنداق قىلماي مېنى ئالغاچ كەتسىڭىزا!

شوپۇر قاپىقى سېلىنغان ھالدا، يېڭىۋاشتىن ماڭا يەنە بىر كۆز تاشلىدى.

— بىلمەن. لېكىن بۇرادەر، خاپا بولماڭ، مەن ھېچكىمنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن.

مەن ھەيران بولدۇم. قىزىق ئىش، ماشىنا قۇپ-قۇرۇق تۇرىدۇ، بىرەر ئادەمنى ئېلىۋالسا، بۇنىڭ نېمىسى يامان ئىكەنا؟

— مەن مۇخبىرمەن، ئىشىم تولىمۇ ئالدىراش ئىدى. قانچە پۇل ئالسىڭىز مەن تۆلىسەم...

— گەپ پۇلدا ئەمەس، بۇرادەر! — شوپۇر بىردىنلا گېپىمنىڭ قاپ بېلىگە تېپىش بىلەن بىللە خاپا بولغان ئەلپازدا ماشىنىنىڭ چاقىنى تېپىپ قويدى. — ئادەتتىكى چاغ بولسا، پۇل بەرمىسىڭىزمۇ سىزنى ئېلىپ كېتىۋېرەتتىم. لېكىن ھازىر... سىزنى ئېلىپ كېتەلمەيمەن. خاپا بولماڭ. كىچىككىنە تۇرۇپ تۇرسىڭىز، بىزنىڭ ماشىنىلىرىمىز يېتىپ كېلىدۇ، ئۇلارنىڭ قاندىقىغا چۈشسىڭىزمۇ بولىۋېرىدۇ، لېكىن مەن سىزنى...

يول ئۈستىدە باشقا بىراۋنى سېلىۋالسا كېرەك دەپ ئويلىدىم-دە:

— ماشىنىنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرسام بولامدۇ؟ — دېدىم.

— ئوخشاش،... ئەپۇ قىلىڭ، بۇرادەر.

www.uyghurkitap.com

شوپۇر سائىتىگە قارىدى ـ دە، ئالدىراشقا باشلىدى.

بۇ ھال ماڭا غەلىتە بىلىندى، دولامىنى كۆتىرىپ قويۇپ، چۆشەنمىگەندەك قىلىپ بېنزىن قاچىلاپ بەرگۈچى ئايالغا قارىدىم. بۇ ئوتتۇرا ياشلىق بىر رۇس ئايال بولۇپ، بىزگە سەپسالغان ھالدا دەرىزىدىن بېشىنى چىقىرىپ گېپىمىزنى تىڭشاپ تۇردى ۋە بېشىنى چايقاپ:

ـــ بولدى، ئۇنى تېز قويۇڭ! ـــ دىدى. غەلىتە ئىش!

شوپۇر كابىنىكىغا چىقىپ، تۇتاشتۇرۇلمىغان بىر تال تاماكىنى كالپۇكىغا قىستۇرۇپ، موتورنى ھەركەتلەندۈردى. ئۇ تېخى ئوتتۇز ياشلار چامىسىدىكى سەل دۆمچەك، ئىگىز بويى بىر ياش ئىدى. ئۇنىڭ رول تۇتقان يوغان قولى ۋە يېرىم يۇمۇلغان ھارغىن كۆزى مەندە ئۇنتۇلغۇسىز تەسىرات قالدۇردى. ئۇ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇشتىن ئىلگىرى ئالقىنى بىلەن يۈزىنى سىپاپ، ئېغىر خورسىنغان ھالدا غەلىتە ۋە خاۋاتىرلانغان پېتى تاققا كىرىپ كېتىدىغان ئالدىدىكى يولغا قاراپ قويدى.

ماشىنا يۈرۈپ كەتتى.

بېنزىن قاچىلاپ بەرگۈچى ئايال كىچىككىنە ئۆيىدىن چىقىپ كەلدى. ئەلپازىدىن ئۇ ماڭا تەسەللى بەرمەكچىدەك قىلاتتى.

كۆڭلىڭىزنى يېرىم قىلماڭ، ھايال قىلماي مېڭىپ كېتىسىز.

مەن جاۋاپ بەرمىدىم.

ـــ ئۇ يىگىتنىڭ كۆڭلى يېرىم، قىلساق گەپ جىق... ئۇ بۇرۇن بىزنىڭ مۇشۇ يەردىكى گاراژدا تۇرغان...

بۇ ئايالنىڭ پارىڭى تۇگمەيلا بىر «پوبىدا» كېلىپ قالدى.

بىز خېلى ئۇزاق يول مېڭىپ ـــ دولۇن ئېغىزىغا يېقىن كەلگەن

چاغدا — ئاندىن ھېلىقى يۈك ماشىنىسىغا يېتىشىۋالدۇق. ئاپتوموبىل ئۇچقاندەك غۇيۇلداپ كېتىپ باراتتى، ماشىنىنى مۇنداق تېز ھەيدەشكە ھەتتا تيانشان تاغلىرى ئىچىدە ماڭىدىغان ئەڭ تەجرىبىلىك شوپۇرلارغىمۇ رۇخسەت قىلىنمايتتى. ئۇ بولسا ئايلانمىدىمۇ ماشىنىسىنى ئاستىلاتماي، ئېگىز ھاڭ ئارىلىقلىرىدا غۇيۇلداپ بىر ئۆرلەپ، تاش يولدىكى چوڭقۇرلۇققا چۈشۈپ كەتكەندەك بىر پەسىيىپ، يەنە يېڭىۋاشتىن ئالدىمىزدا پەيدا بولاتتى. ماشىنىدىكى بىرىنىت لەپپەڭشىپ، ماشىنىنىڭ ئىككى بېقىنىنى كاچاتلاپ پاق-يۇق، پاق-پۇق ئاۋاز چىقىراتتى.

"پويىدا" ئاخىر ئۇستىلىقىنى ئالدى: بىز يۈك ماشىنىسىنىڭ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتۇق. مەن ماشىنىنى ئۆلە-تىرىلىشكە باقماي بۇنداق تېز ھەيدەيدىغان قارام شوپۇرنى كۆرۈش ئۈچۈن ئارقامغا ئۆرۈلۈپ قارىماقچى بولدۇم. بۇ چاغدا مۆلدۈر يېغىۋاتاتتى، تاغ ئاغزىدا بۇنداق ئىش بولۇپلا تۇراتتى. مۆلدۈر يېغىۋاتقان بۇ شۇۋۇرغاندا، ماشىنىنىڭ ئەينەك دەرىزىسى ئىچىدە، يۈزلىرى ئاقارغان، جىددىي تۈس ئالغان، كالپۇكىغا تاماكا قىستۇرۇلغان بىر قىياپەت غىل-پال قىلىپ كۆرۈنۈپ قالدى. ئۇ ماشىنا رولىنى ئىتتىك-ئىتتىك ئايلاندۇراتتى، ئىككى قولى رولدا چوڭ-چوڭ ئايلىناتتى. كابىنكىدىمۇ، ماشىنىنىڭ ئۈستىدىمۇ باشقا ھېچكىم كۆرۈنمەيتتى.

نارىندىن قايتىپ كېلىپ ئۇزاق ئۆتمەيلا قىرغىزىستاننىڭ جەنۇبىدىكى ئوش ئوبلاستىغا كوماندىروپكىغا چىقتىم. مۇخبىرلارنىڭ ۋاقتى، بۇرۇنقىدەكلا، ھامان زىچ بولاتتى. پويىز ماڭاي دەپ قالغان چاغدىلا ۋوگزالغا يېتىپ كەلدىم. مەن ئالمان-تالمان پويىزغا چىققانلىغىمدىن، يېنىمدا يۈزىنى دەرىزىگە قىلىپ ئولتۇرغان بىر

يولۇچىغا دەرھال دىققەت قىلماپتىمەن. پويىزنىڭ مېڭىشى تېزلەشكەندىن كېيىنمۇ ئۇ ئاۋالقىدەكلا ئولتۇراتتى.

رادىيودىن مۇزىكا ساداسى كەلدى: قومۇز بىلەن قىرغىزلارنىڭ ناھايىتى تونۇشلۇق بىر مۇزىكىسى ئورۇنلىنىۋاتاتتى. مەن بۇ مۇزىكىنى ناماز شام ۋاقتىدا يايلاقتا كېتىۋاتقان چەۋەندازنىڭ ناخشىسى دەپلا ھېس قىلدىم. يول يىراق، يايلاق كەڭرى، بۇنداق شارائىتتا ئۆز ئىشلىرىڭنى ئويلىشىڭمۇ، پەس ئاۋازدا ناخشا ئېيتىشىڭمۇ مۇمكىن. كۆڭلۈڭگە نېمە كەلسە، شۇنى ئېيتىشىڭ مۇمكىن. يېنىڭدا ھېچكىمى يوق، پەقەت ئېتىڭنىڭ تۇيىقىنىڭ ئاۋازىنىلا ئاڭلاپ كېتىۋاتقان بىر كىشىنىڭ ئۇنداق چاغلاردا ئوي-خىيالى ئاز بولۇشى مۇمكىنمۇ؟ قومۇز تارلىرىدىن چىققان زىل سادا گويا سۈپ-سۈزۈك سۇ تۇپ-تۈز ۋە سىلىق ئۆستەڭدە ئېقىۋاتقاندەك بولاتتى. ئۇنىڭدا ئاستا پېتىۋاتقان قۇياش، كەڭ زېمىن يۈزىنى سىپاپ ئۆتۈۋاتقان غۇر-غۇر شامال، كۆك شىۋاق ۋە سارغىيىشقا باشلىغان چىغنىڭ ساغۇچ يولنىڭ بويىدا يېنىك كىنە ئىغاڭلىشى ۋە چىچەك توزاڭلىرىنى چېچىشى ئورۇنلىناتتى. ئوتلاق چەۋەندازنىڭ ناخشىسىغا قۇلاق سېلىۋاتقاندەك، يەنە كېلىپ ئۇنىڭغا جۆر بولۇپ ئېيتىماقچى بولغاندەك ئىدى.

ئېھتىمال، چەۋەندازلار بۇ يەردىن ئۆتكەن بولغىيدى... ئېھتىمال، ھازىرقىدەك، كۈن ئولتۇراي دېگەن مەزگىلدە، ئۆتكۈر نۇر ئاجىزلىشىپ، پەيدىن-پەي ساغۇچ ھالغا كەلگەن بولغىيدى؛ ئېھتىمال، ھازىرقىدەك، يىراق تاغ چوققىلىرىدىكى ئاپپاق قارلار ئولتۇرۇپ كېتىۋاتقان كۈننىڭ ئاجىز نۇرىدا جىلۋىلىنىپ كۆركەم ھالغا كېلىپ، ئارقىدىنلا ھايت-ھۇيت دېگىچە نۇرىنى يوقاتقاندۇ...

گۈللۈكلەر، ئۈزۈمزارلىقلار، قوناقلىرى بۈككىدە ئۆسكەن ياپ-

يېشىل قوناقلىق پويىز دەرىزىسىدىن تېز ـ تېز ئۆتۈپ ئارقىدا قالماقتا. يېڭى ئورۇۋېلىنغان بىدىنى تولدۇرۇپ باسقان بىر بىرىچكا تۆمۈريول ئۆتكىلىگە كەلدى ۋە يول توسىدىغان خادىنىڭ ئالدىدا توختىدى. ئاپتاپتا كۆيگەن، ئۆڭۈپ كەتكەن كونا مايكا كىيىپ، ئىشتىنىنىڭ پۇشقىقىنى ئىگىز تۈرۈۋالغان بالا هارۋىدا تىك تۇرۇپ، پويىزغا قاراپ كۈلۈمسىرەپ، پويىزدىكى مەلۇم بىر يولۇچىغا قول ئىشارىتى قىلماقتا.

رادىيودا بېرىلگەن ناخشا پويىزنىڭ ئىلگىرىلەۋاتقان ئاۋازىغا ئاجايىپ تەڭكەش بولۇپ كەتكەن ئىدى. پويىز چاقىنىڭ رېلىسقا ئۇرۇلغان ئاۋازى ئات تۇيىغىنىڭ ئورنىنى ئالغان ئىدى. يېنىمدىكى بۇ يولۇچى كىچىك ئۈستەلنىڭ يېنىدا يۈزىنى ئالقىنى بىلەن ئېتىپ ئولتۇرماقتا. ماڭا ئۇمۇ بۇ چەۋەندازغا جۆر بولۇپ ئاۋازسىز ناخشا ئېيتىۋاتقاندەك تۇيۇلدى. ئۇ، قانداقتۇر، كۆڭلى يېرىمدەك، ياكى خىيال سۈرۈپ ئولتۇرغاندەك بىلىنەتتى؛ ئۇنىڭ چىرايىدىن ئاللىقانداق ئېچىنىش، بېسىش قىيىن غەم چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ كۆڭلى زادىلا جايىدا بولمىغاچقا، ماڭا دىققەتمۇ قىلىپ قويمىدى. مەن ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسېلىشقا تىرىشتىم. بۇ كىشىنى نەدە كۆر- گەندىمەن؟ ھەتتا ئۇنىڭ قارا، ئۇزۇن ۋە قاتتىق بارماقلىق قولىمۇ ماڭا شۇنچە تونۇشتەك بىلىندى.

ئۇشتۇمتۇت يادىمغا چۈشتى، مېنى ماشىنىسىغا سېلىۋېلىشقا كۆنمىگەن ھېلىقى شوپۇر شۇ. مەن بۇ ئىشنى ئاللىقاچان كۆڭلۈمدىن چىقىرىۋەتكەن ئىدىم. مەن قولۇمغا كىتاپتىن بىرنى ئالدىم. ئۆزەم نوغرىلىق ئۇنىڭغا بىرنىمە دېيىشىم كېرەكمۇ، قانداق؟ ياكى ئۇ مېنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەندۇ. شوپۇرلارنىڭ يول ئۈستىدە

ئۇشتۇمتۇت كۆرۈشۈپ قالىدىغان ئادەملىرى ئاز بولىدۇ دەمسىز!

شۇ تەرىقىدە بىز يەنە بىر ھازا ماڭدۇق. ھەركىم ئۆز ئىشىنى قىلماقتا. سىرتتا گۈگۈم چۈشۈشكە باشلىدى. مېنىڭ ھەمرىيىم تاماكا چەكمەكچى بولدى. ئۇ بىر تال تاماكا چىقىرىپ، سەرەڭگە يېقىشتىن ئاۋال قاتتىق بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، بېشىنى كۆتىرىپ، ماڭا ئەجەپلەنگەندەك بىر قاراپ، شەلپەردەك قىزىرىپ كەتتى. ئۇ مېنى تونۇپ قالدى.

— ياخشىمۇسىز، بۇرادەر! — دېدى ئۇ خىجالەت بولغاندەك كۈلۈپ قويۇپ.

مەن ئۇنىڭغا قولۇمنى ئۇزاتتىم:

— سەپىرىڭىز يىراقمۇ؟

— ھەئە... ناھايىتى يىراق بىر يەرگە بارىمەن! — ئۇ تاماكا ئىسىنى ئاستا پۈركىدى، ئازراق جىملىقتىن كېيىن سۆزىنى داۋاملاشتۇردى. — پامىر ئېگىزلىكىگە بارىمەن.

— پامىرغا؟ ئۇنداقتىزە بىز ھەمرا ئىكەنمىز-دە. مەن ئۇش ئوبلاستىغا بارىمەن.... سىز ئاتپۇسكىغا بارامسىز؟ ياكى خىزمىتىڭىز يۆتكەلدىمۇ؟

— ھەئە، شۇنداق دېيىشكە بولىدۇ... تاماكا چېكەمسىز؟

بىز بىرلىكتە تاماكا چېكىپ يەنە جىم بولۇپ قېلىشتۇق. ئۇزايەدىن دەيدىغانغا گەپ يوقتەك قىلاتتى. مېنىڭ ھەمرىيىم يەنە خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. ئۇ پويىزنىڭ ئىلگىرىلىشىگە ئەگىشىپ، ئىككى يېنىغا تەۋرەنگەن ھالدا بېشىنى سىلىپ ئولتۇراتتى. مەن ئۇنى ئالدىنقى قېتىم كۆرگەن ۋاقتىمدىكىدىن كۆپ ئۆزگىرىپ كەتكەندەك ھىس قىلدىم. جۇدەپ، يۈزى سوزۇقچاق بولۇپ قالغاندەك ئىدى،

پىشانىسىدا ئۈچ يول روشەن قورۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. تۈرۈلگەن قاپىغىدىن بىر خىل سوغاق چىقىپ تۇراتتى. ھەمرىيىم ماڭا قاراپ ئۇشتۇمتۇت سوغاققىنا بىر كۈلدى ۋە سورىدى:

— بۇرادەر، ئالدىنقى قېتىم مېنىڭدىن خاپا بولۇپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن؟

— قاچان؟ ھېچبىر ئېسىمدە يوقا؟ — مەن باشقىلارنىڭ مېنىڭ ئالدىمدا خىجالەت بولۇشىنى ياقتۇرمايتتىم. لېكىن ئۇنىڭ ئاشۇنداق بىر خىل ئۆكۈنۈش ھالىتىدە قاراپ تۇرغانلىقىدىن ئىقرار قىلىشقا مەجبۇر بولدۇم. — ھە... شۇنداق بىر ئىش بولۇپ ئۆتكەنتى... ئەرزىمەس ئىش. مەن ھەتتا ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن. يول ئۈستىدە ھەر قىسما ئىشلار بولۇپ تۇرىدۇ-دە. بۇ ئىش تېخىچە يادىڭىزدا بار ئىكەن؟

— باشقا ۋاقىتلاردا بولسىغۇ ئۇنى ئۇنتۇپ كېتىشىممۇ مۇمكىن ئىدى، ھالبۇكى ئۇ كۈنى...

— ئۇ كۈنى نىمە بولغانتى؟ چاتاق چىققانمىدى؟

— نىمە دىسەم بولار، چاتاققۇ چىقمىدى، باشقا بىر ئىش يۈز بەرگەن ئىدى...، — ئۇ مۇۋاپىقراق بىر سۆز بىلەن ئېيتماقچى بول-دىيۇ، لېكىن كېيىنچە كۈلدى، كۈلگەندىمۇ زورىغا كۈلدى. — ئەگەر ھازىر بولىدىغان بولسا، نەگە بېرىشنى خالىسىڭىز شۇ يەرگىچە ئېپپىرىپ قوياتتىم، ئەمما ھازىر مەنمۇ پويىزدىكى بىر يولۇچى بولۇپ ئولتۇرۇپتىمەن...

— ھېچقىسى يوق، ئاتمۇ ئۆزىنىڭ ئىزىنى كۆرمەك قېتىملاپ باسىدۇ، كەلگۈسىدە يەنە كۆرۈشۈپ قالساقمۇ ئەجەپ ئەمەس.

— ئەلۋەتتە، ئەگەر يەنە سىزنى ئۇچرىتىپ قالسام، مەن

ئۆزەملا سىزنى ماشىنىغا سېلىۋالاتتىم، — دېدى ئۇ بېشىنى ھەركەتلەندۈرۈپ.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ ھە؟ — مەن ئۇنىڭغا چاقچاق قىلدىم.

— بۇرادەر، مەن دېگىنىمنى قىلماي قويمايمەن! — دېدى ئۇ خېلى خۇشاللىنىپ.

— بىراق، ئاۋۇ كۈنى نېمىشقا مېنى ماشىنىڭىزغا سېلىۋالمىدىڭىز؟

— نېمىشقا؟ — قايتۇرۇپ سورىدى ئۇ ھەمدە چىرايىنى دەرھال غەم باستى. ئۈن-تىن چىقارماستىن، كۆزىنى يۇمۇپ، ئېگىشكەن ھالدا تاماكىسىنى قاتتىق بىر شورىدى. مەن ئۇنىڭغا بۇ سوئالنى قويماسلىقىم كېرەك ئىكەن، دەپ ئويلاپ قالدىم ۋە بۇ سەۋەنلىكىمنى قانداق تۈزىتىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇ تاماكىسىنى ئۆچۈرۈپ، تاماكا قالدۇقىنى كۈلدانغا تاشلىدى-دە، ئاران دېگەندە ئاغزىدىن بىر ئېغىز گەپ چىقاردى:

— مەن سىزنى ئېلىپ يۈرەلمەيتتىم،...ئوغلۇمنى ئېلىپ ماڭماقچى بولۇپ...ئۇ چاغدا ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇراتتى...

— ئوغلۇم؟ — مەن ھەيران بولۇپ قالدىم.

— ۋەقە مۇنداق ئىدى...سىزگە مەلۇم...نېمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولاركىن...، — ئۇ يەنە تاماكا تۇتاشتۇردى، ئۆزىنىڭ ھاياجىنىنى بېسىپ، بىردىنلا كەسكىن، جىددىي ھالدا ماڭا قاراپ قويۇپ ئۆز كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە باشلىدى.

ئەنە شۇ تەرىقىدە، مەن بۇ شوپۇرنىڭ ھېكايىسىنى ئاڭلاشقا مۇۋەپپەق بولدۇم.

ۋاقىت ناھايىتى كەچكىرى ئىدى، ئۇش ئوبلاستىغا يېتىپ بارغىچە پويىز ئىككى سوتكىچە ماڭاتتى. مەن زادىلا ئالدىرىمايتتىم، سوئال

قويۇپ گېپىنى بۆلۈشنىڭمۇ ھاجىتى يوق ئىدى. بىرەر كىشى ھەممە كەچۈرمىشلىرىنى سۆزلەشكە كىرىشىپ، باشتىن كەچۈرگەن سەرگۈ-زەشتىلىرىنى يېڭىۋاشتىن كۆز ئالدىدىن ئۆتكۈزۈپ، ئۆتكەن ئىشلار ئۈستىدە پىكىر قىلىۋاتقىنىدا، بەزىدە گېپىنىڭ يېرىمىنى قىلىپ، قالغان يېرىمىنى دىمىگەن ۋاقتىدا، ئاشۇنداق قىلغان ياخشى. لېكىن، ئۇنىڭ بايانىنى بۇزۇۋەتمەسلىك ئۈچۈن ماڭا قانچىلىك چىدام كېرەك-ھە! چۈنكى، ئىشلارنىڭ كېلىشىپ كەتكەنلىگى، شۇنداقلا مېنىڭ تەرەپ-تەرەپكە چاپقىلاپ يۈرىدىغان مۇخبىرلىق كەسپىم تۈپەيلىدىن ئۇ توغرىلىق شۇنداقلا ئۇنىڭ تەقدىرىگە مۇناسىۋەتلىك كىشىلەرنىڭ ئىشلىرىدىن مېنىڭ بىرئاز خەۋىرىم بار ئىدى. ئۇنىڭ بايانىنى تولۇقلاپ تۇرۇشۇم، نۇرغۇن ئىشلارنى ئۇنىڭغا چۈشەندۈرۈپ بېرىشىم مۇمكىن ئىدى، لېكىن مەن ئۇنىڭ گېپى تۈگىگەندىن كېيىن شۇنداق قىلاي دىگەن يەرگە كەلدىم. ئۇ سۆزلەپ بولغاندىن كېيىن ئازراق ئويلىدىم. ئەمدى ئويلىسام، شۇ چاغدا توغرا قىلغان ئىكەنمەن. تۆۋەندىكىسى مۇشۇ پوۋېست قەھرىمانىنىڭ ئۆز بايانى.

## شوپۇرنىڭ ھېكايىسى

...بۇلارنىڭ ھەممىۋاسى تولىمۇ ئۇشتۇمتۇت باشلانغان. ئەمدىلا ھەربى سەپتىن قايتقان ۋاقتىم ئىدى. مەن موتورلاشقان قىسمدا خىزمەت قىلغانمەن. ئارمىيىگە مېڭىشتىن ئاۋال تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ، شوپۇرلۇق قىلىۋاتاتتىم. ئۆزەم دارىلىتامدا چوڭ بولغانمەن. دوستۇم ئەلىبېك جانتولىن مېنىڭدىن بىر يىل ئاۋال ھەربى سەپتىن قايتقان ئىدى. ئۇ رېباچ ئاپتوموبىل مەيدانىدا

ئىشلەيتتى. شۇ سەۋەپتىن مەن ئۇ يەرگە بارغان ئىدىم. ئەلبېك ئىككىمىز تىيانشانغا ياكى پامىر ئىگىزلىگىگە بىر بارساق دەپ خىيال قىلاتتۇق. ئۇ يەردە مېنى ياخشى كۈتتى. مەن ياتاقتا ياتتىم. ماشا يېپ-يېڭى دىگۈدەك "زىل"دىن بىرنى بەردى، ئاپتوموبىلدا سىزىلىپ كەتكەن ئازراقمۇ يەر يوق ئىدى...ئېيتىش كېرەككى، مەن ئۆزەمنىڭ بۇ ماشىنامنى خۇددى مەن كۆكۈل بەرگەن ئادەمنى ياخشى كۆرگەندەك ياخشى كۆرەتتىم. ئۇنى بەكمۇ ئاياتتىم. قالتىس ماشىنا ئىدى-دە ئۇ! موتورى چوڭ ئىدى. دۇرۇس، ماشىنىغا ھەر دائىم لىق يۈك بېسىلمايتتى. بىلىسىزغۇ، قانداق يول بۇ. تىيانشان تاش-يولى دۇنيادا ئەڭ ئىگىز بولغان تاغ يوللىرىدىن بىرى ئىدى، يەنە كېلىپ ساپلا جىلغا، بەل ۋە چوڭقۇرلۇق ئىدى. تاغدا سۇ كۆپ بولسىمۇ، لېكىن دائىم سۇ ئېلىپ يۈرەتتۇق. دىققەت قىلغان بولسىڭىز كېرەك، كوزۇپنىڭ ئالدى تەرىپىگە بىر تاختاي مىخلاپ قويغانمىز، ئۇنىڭغا بىر باك ئورۇنلاشتۇرۇلغان. چۈنكى ئەگرى-بۈگرى يوللاردا موتور چوغدەك قىزىپ كېتەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي يۈكنى ئاز باساتتۇق. دەسلەپتە ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە جىقراق يۈك باسسامكەن دەپ تازا باش قاتۇرغان ئىدىم. لېكىن بۇ ھالنى زادىلا ئۆزگەر-تەلمىدىم. تاغلىق دىگەن تاغلىقتە!

ئىشىمدىن ناھايىتى رازى ئىدىم. بۇ يەرنىمۇ ياخشى كۆرەتتىم. ئاپتوموبىل مەيدانى ئىسسىق كۆلنىڭ يېنىغا جايلاشقان ئىدى. بەزى چاغلاردا چەتئەللىك سەيياھلار بۇ يەرگە ئېكىسكۇرسىيىگە كېلىپ، نەچچە سائەتلەپ كۆل بويىدا تۇرۇپ كېتەتتى. شۇ سەۋەپتىن، ئۆز ئۆزەمدىن خوشال بولۇپ: "قاراڭلار!! نىمەدىگەن گۈزەل-ھە بىزنىڭ ئىسسىق كۆل، دۇنيادا نەدىمۇ بۇنچىلىك گۈزەل يەرنى

www.uyghurkitap.com

تاپقىلى بولىدۇ!" دەپ ئويلاپ كېتەتتىم.

دەسلەپكى كۈنلەردە پەقەت بىرلا نەرسە ناھايىتى بەك ئىچىمنى پۇشۇراتتى. ئۇ دەل تازا قاتىلاڭ پەسىل ــ ئەتىياز ئىدى. كولخوزلار پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ سېنتەبىر ئومۇمىي يىغىنىدىن كېيىن غەيرەت بىلەن ئىشلىمەكتە ئىدى. كىشىلەر تازا غەيرەت قىلىپ ئىشلەيتتىيۇ، ماشىنا كەم ئىدى. ئاپتوموبىل مەيدانىدىكى بىر قىسىم ماشىنىلار كولخوزلارغا ياردەمگە ئەۋەتىلدى. بولۇپمۇ يېڭى شوپۇرلار تاكى ھەر بىر كولخوزلارغىچە ياردەمگە ئەۋەتىلدى. ئەلۋەتتە، مەنمۇ شۇلارنىڭ بىرى ئىدىم. يوللار بىلەن ئەمدىلا تونۇ-شۇپ بولۇشۇمغا يېڭىۋاشتىن باشقا ياقىغا يۆتكەپ كېتەتتى، بىر ئايلىدىن ئىككىنچى بىر ئايلىغا يوتكىلىپ كېتەتتىم. بۇ خىزمەتنىڭ مۇھىملىقى ۋە مۇشۇنداق قىلىش زۆرۈرلۈكىنىمۇ بىلەتتىم، لېكىن مەن بەرىبىر شوپۇر ــ دە، ماشىنامغا ئىچىم ئاغرىيتتى، ئىگىز ــ پەس يوللاردا ماشىنام ئەمەس، خۇددى ئۆزەم سىلكىنىپ كېتىۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بۇنداق ئەسكى يوللارنى مەن چۈشۈمدىمۇ كۆرمىگەنمەن...

بىر قېتىم مەن بىر كولخوزغا ئېغىل سېلىشقا ئىشلىتىشكە تاش توشۇغىلى باردىم. بۇ ئايىل تاغ باغرىدا بولۇپ، بىر ئۆتلاقتىن ئۆتۈشكە توغرا كېلەتتى. ھەممە ئىش جايىدا ئىدى، يوللار قۇرۇغان، ئايلىغا يېقىنلاپلا قالدىم. ئۇشتۇمتۇت، ماشىنام بىر ئۆستەڭنىڭ كېچىكگە كېلىپ قالدى. بۇ كىچىك ئەتىيازدىن تارتىپلا يېتىقچىلىقتا كارامەت ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىكەن، ھەتتا تۆگە-لەرمۇ دەسسىسە پۇتىنى سۇغۇرۇۋالالمايدىغان دەرىجىگە يەتكەن ئىكەن، ھەقىقەتەن بۇنداق يولنى كۆرمەپتىكەنمەن. مەن ئۆتۈپ كېتىش ئۈچۈن ئۇ يان ئايلىنىپ، بۇ يان ئايلىنىپ ھېچ ئامال قىلالمى-

دىم. خۇددى ئامبۇر بىلەن مەھكەم قىسىۋالغاندەك، لاي چاقنى مەھكەم تۇتۇۋالغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئاچچىغىمدا رولنىمۇ تولغاپ بۇزۇپ قويۇپتىمەن، تارتقۇچنىڭ قەيەردۇر بىر يېرى قىسىلىپ قېپتۇ، ماشىنىنىڭ ئاستىغا چۈشۈپ ئوڭلىشىم كېرەك بولۇپ قالدى... يەرگە چۈشۈپ ماشىنىنىڭ ئاستىغا كىردىم، ھەممە يېرىم غىچچىدە لاي ۋە تەر بولۇپ كەتتى، مەن ئاچچىغىمدا بۇ يولنى تىللاپ كەتتىم. بىر كىشىنىڭ ئاياق تاۋۇشى قۇلىقىمغا كىردى. ماشىنىنىڭ ئاستىدا ئۇنىڭ رېزىنكە ئۆتۈكىنىلا كۆرەلىدىم. رېزىنكە ئۆتۈك ماشىنىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئالدىمدا توختىدى. تازا ئوغام قايناپ تۇراتتى، ئىچىمدە: قانداق نىمە بۇ، نىمە دەپ تاماشا كۆرۈپ تۇرىدۇ، بۇ يەردە بىراۋ سېرىك ئويۇنى قويۇۋېتىپتىمۇ؟ دەپ ئويلىدىم مەن.

— نېرى تۇر، پۇتلاشماي! — ماشىنىنىڭ ئاستىدا يېتىپ تۇرۇپ توۋلىدىم. كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا قارىغىنىمدا، كۆزۈمگە تىزەك يۇقۇندىلىرى بىلەن بۇلغانغان كونىچە كۆينەكنىڭ ئېتىكى كۆرۈندى. روشەنكى، بۇ، ئايلىغىچە ماشىنىغا سىلىۋالسىكەن دەپ كۈتۈپ تۇرغان بىر موماي ئىدى.

— موما، يولۇڭغا كېتىۋەرگىن! — دىدىم مەن ئۇنىڭغا. — مەن بۇ يەردە خېلىغىچە ھايال بولۇپ قالىمەن، بەك ساقلاپ كېتىسەن...

— مەن موماي ئەمەس.

ئۇنىڭ گېپى بىرئاز خىجىل بولغاندەك ۋە چاخچاق بىلەن ئېيتىلغاندەك بىلىندى.

— ئەمىسە سەن قانداق ئادەم؟ — مەن ھەيران بولدۇم.

— مەن قىزمەن.

— قىز؟ — مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا رېزىنكە ئۆتۈككە قاراپ قويۇپ، چىشىغا تېگىپ سورىدىم، — چىرايلىقمۇ؟

رېزىنكە ئۆتۈك مېڭىش تەرەددۇتىدا ئىككى قەدەم چامدىدى. مەن ئىتتىك ماشىنا تېگىدىن چىقىپ قارىسام، دەرۋەقە، كېلىشكەن بىر قىز ئىكەن، قاپىقىنى تازا تۈرۈپ تۇرۇپتۇ، بېشىغا قىزىل ياغلىق سالىغان، ئۇچىسىغا، دادىسىنىڭ بولسا كېرەك، كېلەڭسىز چاپان يېپىنچاقلىۋاپتۇ. ئۇ ئۇن-تىنسىز قاراپ تۇراتتى. مەن ھەتتا غىچچىدە پاتقاققا ئولتۇرۇپ قالغانلىقىمنى سەزمەيلا قېپتىمەن.

— راست، چىرايلىق قىز ئىكەنسىز! — مەن كۈلدۈم. ئۇ ھەقىـقەتەن بىر چىرايلىق قىز ئىدى. — پەقەت ئاشۇ ئۆتۈكىڭىزلا...! — مەن چاخچاق قىلىپ ئورنۇمدىن تۇردۇم.

قىز بىردىنلا بۇرۇلدى-دە، قاراپمۇ قويماستىن ئىلدام-ئىلدام مېڭىپ كەتتى.

بۇ نېمە قىلغىنى؟ خاپا بولۇپ قالغانمىدۇ؟ مەن بىئارام بولۇشقا باشلىدىم. ئۇشتۇمتۇت نىمنى ئويلىدىمكىن، يۈگۈرۈپ يېتىشىۋالغىم كەلدى، لېكىن بۇرۇلدۇم-دە، نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئىلدام-ئىلدام يىغىشتۇرۇپ، سەكرەپلا ماشىنامغا چىقتىم، موتورنى ئىتتىك ئوت ئالدۇرۇپ، بىر ئالغا، بىر ئارقىغا ھەيدىگىلى تۇردۇم. مېنىڭدە قانداق قىلىپ بولمىسۇن ئۇنىڭغا يېتىشىۋېلىشىم كېرەك دىگەن بىر ئوي بار ئىدى. موتور گۈكىرەپ، ماشىنا قاتتىق سىلكىنىپ، ئىككى تەرەپكە ئىغاڭلاشقا باشلىدى، لېكىن بىر چامداممۇ ئالغا باسالمىدى. ئۇ ئۇزاپ كېتىۋاتاتتى. مەن قۇرۇقتىن-قۇرۇق پىرقىراۋاتقان چاققا قاراپ ئۆزەممۇ ئۇقماي ۋاقىراپ كەتتىم:

— مېنى قويۇۋەت، مېنى قويۇۋەت، ئەڭلاۋاتامسەن؟

مەن پۈتۈن كۈچۈم بىلەن تەپكىنى باستىم، ماشىنا ئاستا ـ ئاستا ئۈمىلىمەكتە، ئۈمىلەپ تازا گىدىگىرىمەكتە. نىمە كارامەت بولدىكىن، ماشىنا بىردىنلا پاتقاقتىن قۇتۇلۇپ چىقىپ كەتتى. مىنىڭ خۇشال بولۇپ كەتكىنىمنى دىمەمدىغان! يولغا چىققاندىن كىيىن كىيىملىرىمنى سەل بوشىتىپ، يۈز ـ كۆزۈمدىكى لايىنى قولۇم بىلەن سۈرتۈۋېتىپ، چاچلىرىمنى تۈزىدىم. ماشىنا قىزغا يېتىشىۋالدى، مەن تورمۇز بەردىم. نەدىنمۇ ئۆگىنىۋالغانىمكىن مۇشۇنداق بىر كۆرەڭلىكنى، ئورنۇمدا خۇددى ئوڭدامغا ياتقاندەك بىر ھالدا تۇرۇپ ئىشىكنى ئېچىۋەتتىم.

— قېنى، مەرھەمەت قىلىپ ماشىنىغا چىقىڭ! — مەن قولۇمنى سۇنۇپ ئۇنى ماشىنىغا چىقىشقا تەكلىپ قىلدىم.

قىز توختاپمۇ قويماستىن ئۆز يولىغا ئۇدۇل مېڭىۋەردى.

كۆرەڭلىكىمدىن ھىچنىمە قالمىدى. مەن يېڭىۋاشتىن ماشىنىنى ھەيدەپ ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم، بۇ قېتىم ئۇنىڭدىن ئەپۇ سورىدىم:

— بولدى، خاپا بولماڭ! مەن پەقەت...قېنى، ماشىنىغا چىقىڭ!

لېكىن قىز زادىلا جاۋاپ بەرمىدى.

مەن ماشىنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئۆتكۈزۈپ، يولىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ماشىنىنى توغرا قىلىپ توختاتتىم. ماشىنىدىن چۈشۈپ، ماشىنىنىڭ ئوڭ تەرىپىگە ئۆتۈپ ئىشىكنى ئېچىپ، قولۇمنىمۇ يىغىۋالماستىن ئۆزەم بىر چەتتە تۇردۇم. مەن ئۇن ـ تىن چىقارماستىن ئۇنىڭ ماشىنىغا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ ئالدىمغا كېلىپ، ئېھتىياتچانلىق بىلەن ماڭا سەپسېلىپ قاراپ قويۇپ مېنى نىمىشقا ئالدىمنى توسىسەن، دىگىلى تۇردى. مەن ھىچنىمە دىمەستىن ئۇنىڭ ماشىنىغا چىقىشىنى كۈتۈپ تۇردۇم. ئۇ يا ماڭا ئىچ ئاغرىتتى، يا باشقا

سەۋىۋى بارمۇ، بېشىنى چايقاپ قويۇپ، زۇۋان سۇرمەستىن كابىنكىغا كىرىپ، ئولتۇردى.

مەن ماشىنىنى ھەيدەپ كەتتىم.

ئۇنىڭ بىلەن قانداق گەپلىشىشنى بىلمەيتتىم. قىزلار بىلەن تونۇشۇش ۋە پاراڭ سېلىش مەن ئۈچۈن تۇنجى قېتىملىق ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن بۇ دۆرەم سەل قورقتۇم. گەپنى نەدىن باشلىغۇلۇق؟ مەن رولنى ئايلاندۇرۇپ، كۆزۈمنىڭ قۇيرۇقىدا ئۇنىڭغا ئاستا قاردىم. ئۇنىڭ بوينىدا بۇدرە، يۇمشاق ۋە لېكىن قاپقارا چاچ يېيىلىپ ياتاتتى. چاپىنى مۇرىسىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولۇپ، قولتۇغىغا قىسىۋاپتۇ، ماڭا تېگىپ كېتىشتىن ئېھتىيات قىلغاندەك، مەندىن يىراق ئولتۇراتتى. كۆزىدىن ئەستايىدىللىق چىقىپ تۇراتتى، ئەمما ھەر تەرەپتىن ئېيتقاندا، بۇ، ئادەمنىڭ تولىمۇ ھەۋىسىنى كەلتۈرىدىغان سىلىق قىز ئىدى. يۈزىگە چىققان خۇلقى ناھايىتى تەبىئى ئىدى، قاپىقىنى تۈرۈپ ئولتۇرغاندەك قىلغىنى بىلەن، بەربىر قاپىقىنى تۈرەلمىگەن ئىدى. ئاقىۋەت ئۇ ماڭا ئېھتىياتچانلىق بىلەن كۆزىنىڭ قۇيرۇقىدا بىر قارىدى. بىزنىڭ كۆزىمىز ئۇچرىشىپ قالغاندا، ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈۋەتتى. مەن بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ گەپ قىلدىم.

— بايا سىز ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ نېمە قىلماقچى ئىدىڭىز؟

— سىزگە ياردەملىشەي دېگەنىدىم؟ — قىز جاۋاپ بەردى.

— ياردەملىشەي دېگەنىدىم؟ — مەن كۈلدۈم. — دەرۋەقە سىز ماڭا ياردەم بەردىڭىز! مۇبادا سىز بولمىغان بولسىڭىز، كىم بىلىدۇ، كېچىچە شۇ يەردە تۇراتتىممىكىن... سىز ئادەتتە كۆپىنچە مۇشۇ يول بىلەن ماڭامسىز؟

www.uyghurkitap.com

— ھەئە. مەن فىرمىدا ئىشلەيمەن.

— ناھايىتى ياخشى! — دېدىم مەن خوشال بولۇپ، لېكىن ئۆز كېپىمنى دەرھال تۈزەتتىم، — بۇ يول ناھايىتى ياخشى!

دەل مۇشۇ چاغدا، ماشىنىنىڭ چاقى بىر كاتاڭغا چۈشۈپ سىلكىنىپ كەتتى-دە، مۈرىلىرىمىز تېگىپ كەتتى. مەن "ۋاھ" دەپ سالدىم-يۈزۈم قىزىرىپ، نەگە قارىشىمنى بىلمەي قالدىم. ئۇ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. مەنمۇ ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم.

— مەن كولخوزغا ماشىنا ھەيدەپ كەلگىلى ئۆگىنىمغان ئىدىم! — كۈلكە ئىچىدە مەن راست گېپىمنى ئېيتتىم، — ئەگەر يولدا بۇنداق ياخشى ياردەمچى بارلىقىنى بىلگەن بولسام، ھەرگىزمۇ شوپۇر بەلگىلىگۈچىلەرنى تىللىمايدىكەنمەن،...ھەي ئىلياس، ھەي ئىلياس! — مەن ئۆزەمنى ئەيىپلەپ تۇرۇپ، ئۇنىڭغا چۈشەندۈردۈم، — بۇ مېنىڭ ئىسمىم بولىدۇ.

— مېنىڭ ئىسمىم ئاسىل.

بىز ئايىلغا يېقىنلاشتۇق. يول خېلى تۈز ئىدى. دەرىزىدىن كىرگەن شامال ئۇنىڭ بېشىغا ئارتقان قىزىل ياغلىقىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، چاچلىرىنى بۇزۇۋەتتى. بىز قايتا گەپ قىلىشمىدۇق، لېكىن مەن ناھايىتى خوشال بولدۇم. دائىم مۇنداق ئەھۋال بولىدۇ: سېنىڭ يېنىڭدىلا بىر ئادەم ئولتۇرۇپتۇ، ئۇنى سەن بىر سائەت ئىلگىرى تونۇمايتتىڭ، ئەمدىلىكتە بولسا، نىمە ئۈچۈندۈر، شۇنى ئويلاشنىلا خالايسەن، بۇ چاغدا كۆڭلۈڭنىڭ يېنىڭ ۋە خوشال ئىكەنلىكىنى ھىس قىلىسەن...كىم بىلىدۇ، بۇ چاغدا ئاسىل نىملەرنى ئويلاۋاتىدىكىن، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىدىن خوشاللىق نۇرى چاقناپ تۇراتتى.

مەن بىزنىڭ مۇشۇ پېتى تۇرۇپ قېلىشىمىزنى نەقەدەر خالايتتىم-ھە! ئۇزاققىچە مۇشۇنداق تۇرساق، مەڭگۈ ئايرىلمىساق،...لېكىن ماشىنا مەھەللە كوچىسىغا كېلىپ قالدى. بىردىنلا، ئاسىل نېمىدۇر بىرنېمىنى قورققان ھالدا ئېسىگە ئالدى:

— ماشىنىنى توختىتىڭ، مەن چۈشۈپ قالاي!

مەن ماشىنىنى توختاتتىم.

— سىز مەشەدە تۇرامسىز؟

— ياق، — ئۇ نېمە ئۈچۈندۇر ھاياجانلانغاندەك ۋە ئەنسىرىگەندەك قىلاتتى، — ئەڭ ياخشىسى مەن مەشەدە ماشىنىدىن چۈشۈپ قالاي.

— نېمىشقا؟ مەن سىزنى ئۆيىڭىزگىلا ئېپىپىرىپ قوياي! — مەن ئۇنىڭ قارشىلىقىغا قارىماستىن ماشىنىنى ھەيدەپ يۈرۈپ كەتتىم.

— مەشەدە، — دېدى ئۇ يالۋۇرغان ھالدا ماڭا قاراپ تەلمۈ-رۈپ، — رەھمەت سىزگە!

— مەرھەمەت! — دېدىم مەن چاخچاق ئارىلاش ئەستايىدىل تۇردە، — مۇبادا ئەتىمۇ ماشىنام پاتقاققا پېتىپ قالسا، سىز ياردەملەشكىلى كېلەمسىز؟

ئۇ تېخى جاۋاپ بەرگىلى ئۈلگۈرمەستىنلا يول بويىدىكى بىر ئىشىك ئېچىلدى-دە، ئەنسىرەپ تەئەججۈپلەنگەن ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال چىقىپ كەلدى.

— ئاسىل! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، — نەلەردە ئويناپ يۈرىسەن، خۇدا ئۇرغۇر! ماڭە، تېزرەك كىيىملىرىڭنى يەڭگۈشلە، ئەلچىلەر كېپتۇ! — ئۇ ئاغزىنى قولى بىلەن توساپ پەس ئاۋازدا سۆزلەيتتى.

ئاسىل خىجالەت بولغان ھالدا مۇرىسىدىن چاپىنىنى ئالدى، ئاندىن كېيىن قولىدا تۇتقان پېتى ئىتائەتمەنلىك بىلەن ئاپىسىنىڭ

www.uyghurkitap.com

ئارقىسىدىن ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ بوسۇغىسىدىن ئۆتۈپ ئارقىغا
قارىغان ئىدى، لېكىن ئىشىك تاراق قىلىپ يېپىلدى. پەقەت ئەنە
شۇ چاغدىلا، كۆچىدىكى موما يېنىدا تەرلەپ سۇ بولۇپ كەتكەن بىر
نەچچە ئىگەرلىك ئاتنىڭ باغلاغلىق تۇرغىنىنى كۆردۈم، ئەلپازىدىن
يىراق بىر يەردىن كەلگەندەك قىلاتتى. مەن كابىنكىدا، رولنىڭ
ئارقىسىدىن سەل كۆتىرىلىپ ھويلىنىڭ ئىچىگە سەپسالدىم. ھويلىدا،
ئوچاق بېشىدا بىرنەچچە ئايال پايپېتەك بولۇپ يۈرۈشەتتى. چوڭ
بىر ساماۋاردىن ئىس چىقىپ تۇراتتى. ئىككىيلەن لەمپە ئاستىدا
قوي سويماقتا. دېمەك، كەلگەن ئەلچىلەر ھەممە قائىدە-يوسۇن
بويىچە كۈتۈۋېلىنماقتا ئىدى. بېرىپ يۈكنى چۈشۈرۈشتىن باشقا، بۇ
يەردە مەن قىلىدىغان ئىش قالمىغان ئىدى.

كەچتە مەن ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتىپ كەلدىم. ماشىنامنى
يۇيۇپ-تازىلاپ، ماشىنا ئىسكىلاتىغا ئېپكىرىۋەتتىم. خېلى ھايال
بولدۇم، ۋاقتىنى ئۆتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇششاق-چۈششەك ئىشلار
بىلەن ھەپىلىشىپ يۈردۈم. بۈگۈن يولۇقتۇرغان ئىشنىڭ مېنى نىمە
ئۈچۈن بۇنچىلىك ئالاقزادە قىلىۋېتىۋاتقىنىنى بىلمەيتتىم. يول بويى
ئۆزەمنى تىللاپ كەلدىم: ”ھە، نىمە قىلماقچى بولۇۋاتىسەن؟ قاپاق-
ۋاش! ئۇ زادى سېنىڭ نىمەڭ ئىدى؟ توي قىلماقچى بولغان لايە-
غىڭمۇ؟ ھەدەڭ ياكى سىڭلىڭمۇ؟ ئويلاپ باققىنا، تاسادىپى تونۇشۇپ
قېلىپ، ئۆيىگە ئېپبېرىپ قويۇش بىلەنلا ئاشىق بولۇپ قالغاندەك خىيال
قىلىپ كەتكىنىڭنى. ئېھتىمال ئۇ سېنى خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ قويمە-
غاندۇ. ئۇ نىمە قىلاتتى سېنى! ئۇنىڭ توي قىلىدىغان رەسمىي يىگىتى
بار. سەن نىمىدىڭ؟ سەن يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر شوپۇرغۇ،
بۇنداقلار ساماندەك، سېنى كىم تونۇيتتى... يەنە كېلىپ ئۇنىڭدىن

ئۇمىت كۈتۈشكە سىزنىڭ نىمە ھەققىڭ بار؟ خەققە ئەلچى كېتىپتۇ، پات ئارىدا توي قىلىدۇ، بۇنىڭ سىزنىڭ بىلەن نىمە مۇناسىۋىتى بار؟ بۇنداق خام خىياللىرىڭىزنى تاشلاپ ماشىنىڭىزنى ھەيدەشنى بىل، ھەممە ئىش ئۆز جايىدا كېتىۋېرىدۇ!...»

لېكىن، يامىنى، ئۆزەمنى ھەرقانچە قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇپ باقساممۇ، بەرىبىر ئاسىلنى ئەستىن چىقىرالمايتتىم.

ماشىنىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە قىلىدىغان ھېچبىر ئىش قالمىدى. ياتاققا بېرىپ ئويناپ كېلەيمىكى، ئۇ يەر ناھايىتى قىزىپ كېتىدۇ، مەدىنىي كۆڭۈل ئېچىش ئۆيىمۇ بار دەپ ئويلاپ باقساممۇ بارغۇم كەلمەيتتى. بىرلا ئۆزەم يالغۇز تۇرغۇم كەلگەنلىكتىن ماشىنىنىڭ چاق تاختىسىدا ئىككى قولۇمنى بېشىمغا ياستۇق قىلىپ قويۇپ ياتتىم. ماڭا يېقىنلا يەردە جانتاي ماشىنىسىنىڭ ئاستىدا ئىشلەۋاتاتتى. ئۇمۇ ئاپتوموبىل مەيدانىنىڭ شوپۇرى ئىدى. ئۇ ئۆرەكتىن بېشىنى چىقىرىپ ماڭا گەپ قىلدى:

— يىگىت، نىمە ئويلاۋاتىسەن؟

— پۇل! — دىدىم مەن ئۇنىڭغا تەنە قىلىپ.

مەن ئۇنىڭغا ئۆچ ئىدىم. ئۇ ئىنتايىن ئاچكۆز، قۇۋ، ھەسەتخور بىرنىمە ئىدى. ئۇ باشقىلاردەك ياتاقتا ياتماي، بىر ئايالنىڭ ھويلىسىدا تۇراتتى. ئۇ ھىلىقى ئايالنى ئالىمەن دەپتىكەن، نىمە بولسا بولسۇن، ئۇ ئايالنى ئالسا، ئۇ قورا-جايلىق بولۇپ قالاتتى.

مەن ئۆرۈلۈپ ياتتىم. ھويلىدىكى ماشىنا يۇيىدىغان يەرنىڭ يېنىدا ھەمرالىرىمىز راسا قىزىق ئىشلەۋاتاتتى. كىمدۇ بىرى كابىنكىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋېلىپ، ماشىنىلىرىنى يۇيۇشقا نۆۋەت كۈتۈپ تۇرغان شوپۇرلارغا شىلانكا بىلەن سۇ چاچقىلى تۇردى. مەيداندا كۈلكە

كۆتىرىلدى. شىلانكىدىن ئېتىلىپ چىققان سۇ كىمگە بېرىپ تەگسە، شۇ كىشى تۇرالماي قالاتتى. كىشىلەر ھېلىقى يىگىتنى ماشىنىنىڭ ئۈستىدىن تارتىپ چۈشۈرمەكچى بولاتتى، لېكىن ئۇ خۇددى ئاپتوماتتىن توختىماي ئوق ئېتىۋاتقاندەك، ئۇ ياق-بۇ ياققا سەكرەپ يۈرۈپ كىشىلەرگە سۇ چاچاتتى، كىشىلەرنىڭ شەپكىلىرىنى سۇ ئوقلىرى بىلەن ئۇچۇرۇۋېتەتتى. بىردىنلا سۇ يۇقۇرىغا قاراپ ئېتىلىپ، قۇياش نۇرىدا ھەسەن-ھۈسەن پەيدا قىلىپ ئەگىم بولۇپ چۈشۈشكە باشلىدى. سۇ چۈشۈۋاتقان يەرگە قارىسام، بايا ئۇ بىزنىڭ ئاپتوموبىل باشقۇرغۇچىمىز كاتىپژا تۇرغان يەر ئىكەن. كاتىپژا قاچمىدى. ئادەتتە ئۇ ئۆزىنىڭ ئىززىتىنى ساقلاشقا ئۇستا ئىدى، ھېچكىم ئۇنىڭغا يېقىنلىشالمايتتى. ئەمدىلىكتە ئۇ قورقۇپمۇ قويماستىن ۋە چىرايىنى ئۆزگەرتىپمۇ قويماستىن تىك تۇراتتى. ئۇ ھېلىقى يىگىتكە: ماڭا چېقىلىشقا جۈرئەت قىلالمىغىنىڭ يىگىت ئەمەس، دەپ توۋلايتتى. ئۇ بەتىنكە كىيگەن پۇتىنى كېرىپ، ئىككى قولى بىلەن چوڭ چازىنى بېسىپ، كىچىك چازىنى چىشلەپ، كۈلگەندەك قىياپەتتە تۇراتتى. كۈمۈشتەك ئاپپاق سۇ چاچراندىلىرى ھە دەپ ئۇنىڭ بېشىغا چۈشمەكتە. يىگىتلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشۈپ، كابىنكىنىڭ ئۈستىدىكى ھېلىقى يىگىتنىڭ بولۇشىچە سۇ چېچىشىنى ئالقىشلىماقتا:

— كوزۇپنى يۇغاندەك ئۇنى تازا يۇغىن!

— ھە، يەنە!

— ھېزى بول كاتىپژا!!

لېكىن ھېلىقى يىگىت كاتىپژانى سۇ بىلەن جوپپا-جوپپاك قىلىۋېتىشكە جۈرئەت قىلالماي، پەقەت ئۇنىڭ تۆت ئەتراپىغىلا سۇ چاچرىتىش بىلەن كۇپايىلەنمەكتە ئىدى. ئەگەر مەن بولسام، چوقۇم

ئۇنى سۇدا جوپپا-جوپپاڭ قىلىۋەتكەن بولاتتىم، كاتېۋا غىدىڭ-
پىدىڭ قىلماي، پەقەت كۆلۈپلا تۇرغان بولاتتى. مەن هامان ئۇنىڭ
ماڭا باشقىچە، يۇمشاق مۇئامىلە قىلىدىغانلىغىنى ھەتتا بىرئاز ناز
بىلەن قارايدىغانلىغىنى ھىس قىلاتتىم. بەزىدە ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ
ئەركىلىتىپ قويسام ناھايىتى ئامراقلىغى تۇتۇپ كېتەتتى. مەن شۇنىڭغا
ناھايىتى خوشال بولاتتىمكى، ئۇ هامان مېنىڭ بىلەن جاڭجاللىشاتتى،
مېنى تىللاپ كېتەتتى، لېكىن ناھايىتى تېزلا ماڭا تىز پۈكەتتى،
ھەتتا مەن يېڭىلىشقان ۋاقىتلاردىمۇ شۇنداق قىلاتتى. بەزىدە، ياتاققا
قايتىدىغان ۋاقتىمدا، يول ئۈستىدە ئۇنى كىنوخانىغىچە ئېپپىرىپ
قوياتتىم. مەن ماشىنا باشقۇرۇش بۆلۈمىگە ئۇنى ئىزدەپ كەلگە-
نىمدە هامان بۆلۈمگە كىرەتتىم، باشقىلارنى بۆلۈمىگە كىرگۈزمەي،
پەقەت تۆشۈكنىڭ نېرىسىدىلا تۇرغۇزۇپ قوياتتى.

لېكىن ھازىر مېنىڭدە ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسەم دەيدىغان خىيال
يوق. ئويناشسا ئوينىشىۋەرمەمدۇ.

كاتېۋا ئاخىرقى بىر تال چازىسىنىمۇ قىستۇرۇپ قويدى.

— بولدى، بەس ئەمدى! — بۇيرۇق ئاھاڭدا سۆزلىدى ئۇ.

— خوپ، يولداش باشقۇرغۇچى! — كابىنكىنىڭ ئۈستىگە چىقىۋال-
غان ھىلىقى يىگىت ئۇنىڭغا ھەربىچە سالام بەردى-دە، قاقاقلاپ
كۈلۈۋاتقان يېرىدىن تارتىپ چۈشۈرۈلدى.

كاتېۋا بىزنىڭ ماشىنا ئىسكىلاتىمىزغا قاراپ كەلمەكتە. ئۇ كىمنىدۇر
بىرسىنى ئىزدىگەندەك، جانتايىنىڭ ماشىنىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ
قالدى. ماشىنا ئىسكىلاتىنىڭ ئىچى تور بىلەن ئايرىپ قويۇلغان
بولغاچقا ئۇ مېنى دەرھال بايقىمىدى. جانتاي ئۆرەكتىن بېشىنى
چىقىرىپ، سىلىق سۆزلىدى:

www.uyghurkitap.com

ــ ياخشمۇسەن گۈزىلىم!

ــ خا، جانتاي...

جانتاي ئاچكۆزلۈك بىلەن ئۇنىڭ بىر جۈپ بەتىنكىسىدىن كۆزىنى ئۈزمەيتتى. كاتىۋا نارازى كەيپىياتتا مۈرىسىنى كۆتىرىپ قويدى.

ــ خوش، قارىغۇدەك نىمە بار ئىكەن؟ ــ ئۇ پۇتىنى كۆتىرىپ، بەتىنكىسىنىڭ ئۇچىنى ئۇنىڭ ئىڭىگىگە ئاستاغىنا تەككۈزۈپ قويدى.

ئەگەر باشقا ئادەم بولغان بولسا، خاپا بولغان بولاتتى، لېكىن جانتاي بۇنى ئازراقمۇ كۆڭلىگە ئالمىدى. ئۇ خۇددى سۆيۈۋالغاندەك خوشال بولۇپ يەنە شۇ ئۆرەككە چۆكتى.

كاتىۋا مېنى كۆرۈپ قالدى.

ــ ياخشى دەم ئالدىڭمۇ، ئىلياس؟

ــ ماۋۇق تۈشەكتە ياتقاندەك بوپتىمەن!

ئۇ يۈزىنى تورغا تەككۈزۈپ ماڭا سەپسىلىپ قاراپ ئاستاغىنا دىدى:

ــ بۆلۈمگە بارغىن.

ــ ماقۇل.

كاتىۋا يۈرۈپ كەتتى. مەن ماڭماق بولۇپ ئورنۇمدىن تۇردۇم. جانتاي يەنە ئۆرەكتىن بېشىنى چىقاردى:

ــ بۇ خوتۇن يامان ئەمەس-ھە، ــ ئۇ كۆزىنى چىمىلدىتىپ قويدى.

ــ ھەئە، يامان ئەمەس، بىراق ساڭا ھىچنىمىسى تەگمەيدۇ ئۇنىڭ! ــ مەن كەسكىن جاۋاپ بەردىم.

مەن تېخى ئۇنى ئاچچىقلاپ، ئۆرەكتىن چىقىپ مېنىڭ بىلەن ئۇرۇشارمىكىن دىگەن ئىدىم. مەن ئۇرۇشۇشنى ياخشى كۆرمىسەممۇ

هازىر ئۇنىڭ بىلەن بىر ئۇرۇشسام ھېچقىسى يوق ئىدى: ئىچىم تىت ـ تىت بولۇپ، نېمە قىلىشىمنى بىلمەي تۇراتتىم.

لېكىن جانتاي خاپا بولۇپمۇ قويمىدى.

ــ ھېچقىسى يوق! ــ دەپ غودۇڭشىدى ئۇ، ــ كۆرىمىزغۇ تېخى...

باشقۇرۇش بۆلۈمىدە بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. نېمە ئويۇن بۇ؟ كاتىپژا نەگە مۆكۈۋالدى؟ مەن ئارقامغا ئۆرۈلگەن ئىدىم، مەيدەم بىردىنلا كاتىپژاغا تېگىپ كەتتى. ئۇ ئىشىككە يۆلىنىپ تۇراتتى، بېشىنى ئارقىغا تاشلىغان، كىرپىكلىرىنىڭ ئاستىدا كۆزلىرىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. ئالغان نەپەسلىرىدىن يۈزلىرى كۆيەتتى. مەن ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي، ئۇنىڭغا يېقىنلاپ كەلدىم، لېكىن دەرھال چېكىندىم. ھەيرانمەن، دەل ئەنە شۇ ۋاقىتتا، ئاشۇنداق قىلىشنى ئاسىلىغا خىيانەت قىلىش دەپ ھېس قىلدىم.

ــ مېنى نېمىگە چاقىردىڭ؟ ــ نارازى بولۇپ سورىدىم.

كاتىپژا ئۈن ـ تىنسىز ماڭا قاراپ تۇراتتى.

ــ نېمىگە؟... ــ ئاچچىقلانغان ھالدا تەكرارلىدىم مەن.

ــ سەن نېمە ئۈچۈن مۇنداق ۋاپاسىزلىق قىلىسەن؟ ــ ئاچچىقلانغان ھالدا جاۋاپ بەردى ئۇ، ــ بىرەر قىزغا كۆڭلۈڭ چۈشۈپ قالدىغۇ دەيمەن؟...

مەن شۇ ئارىلىقتا تەمتىرەپ قالدىم. ئۇ نېمە ئۈچۈن مېنى ئەيىپلەيدۇ؟ ئۇ نەدىن بىلىپ قالغاندۇ؟

دەل شۇ چاغدا كىچىك دەرىزە تاراق قىلىپ ئېچىلدى. جانتاي بېشىنى تىقىپ قارىدى. ئۇنىڭ يۈزىدە كۆرەڭلىك كۈلكىسى جىلۋىلەندى.

ــ يولداش باشقۇرغۇچى، ماۋۇنى ئېلىڭ! ــ ئۇ بېشىنى ئويناقشى-

تىپ قولىنى سۇنۇپ، كاتىپژاغا ئالدىقانداق بىر قەغەزنى بەردى.

كاتىپژا فەزەپلەنگەن هالدا ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ، يەنە ماڭا ئاچچىقلىنىشقا باشلىدى:

— سىنىڭ ماشىنا قەغىزىڭنى بىراۋ ئېلىشى كېرەكمىدى؟ يەنە سېنى ئالدىڭغا بېرىپ تەكلىپ قىلىش كېرەكمۇ؟

ئۇ مېنى ئىتتىرىۋېتىپ، ئىتتىك-ئىتتىك ئۇستەل ئالدىغا كەلدى.

— ئالە! — ئۇ ماڭا ماشىنا قەغىزىنى سۇندى.

قەغەزنى ئالدىم. يەنە ھېلىقى كولخوزغا بارىدىغان ماشىنا قەغىزى. يۈرىكىم قاتتىق قىلىپ كەتتى: ئۇ يەرگە بارسام، ئېنىقكى، يەنە ئاسىل بىلەن كۆرۈشۈپ قالىمەن...يەنە كېلىپ، ئومۇمەن، ئۇيەرگە نېمە ئۈچۈن باشقىلارنى ئەۋەتمەي، مېنىلا ئەۋەتىدۇ؟

ئاچچىغىم كەلدى.

— يەنە شۇ كولخوزغا بارامدىمەن؟ يەنە قىغ ۋە خىش توشۇمدىمەن؟ بارمايمەن! — مەن ماشىنا قەغىزىنى ئۇستەلگە تاشلىدىم، — بەس، پاتقاقلىق-كاتاڭلاردا ماڭغىنىم يېتەر، باشقىلارمۇ مېڭىپ باقسۇن!...

— ئۇنىڭنى پەسەيت! قەغەزگە بىر ھەپتىلىك دەپ يېزىلدى! لازىم بولسا، يەنە ئۇستىلەپ قوشۇشقا بولىدۇ، — دېدى ئۇ خاپا بولۇپ.

ئەمدى مەن ئېغىر-بېسىقلىق بىلەن گەپ قىلدىم:

— بارمايمەن!

ئاۋالقىدەكلا، كاتىپژا بىردىنلا بوشاپ قالدى.

— مەيلى، مەن رەھبەرلىككە ئېيتىپ كۆرەي.

ئۇ ئۇستەل ئۈستىدە ياتقان ماشىنا قەغىزىنى قولىغا ئالدى. "بۇنداقتىزە بارمايدىغان بولدۇم، ئاسلىنى مەڭگۈ كۆرەلمەيدىغان بولدۇم" دەپ ئويلىدىم مەن. روھىم تېخىمۇ چۈشۈپ كەتتى. ماڭا

ناھايىتى ئايانكى، مۇشۇ سەۋەپتىن مەن مەڭگۈ ئۆكۈنەتتىم. نىمە بولسا بولسۇن، يەنىلا باراي!...

— بوپتۇ، باراي! — ماشىنا قەغىزىنى ئىتتىك ئېلىۋالدىم.

جانتاي يەنە دەرىزىدىن بېشىنى تىقتى:

— موماڭغا مېنىڭدىن سالام ئېيتقىن!

مەن گەپمۇ قىلمىدىم. كاچتىغا بىرنى سالاي دەپتىم!...مەن ئىشىكنى ئېچىپ چىقتىم-دە، ياتاققا كەتتىم.

ئەتىسى كۆزۈم يولدىن ئۈزۈلمىدى. ئۇ نەدىدۇ؟ ئۇنىڭ سەرۋىدەك قامىتى كۆزگە چېلىقارمۇ؟ ئاھ، قىزىل ياغلىقلىق دىلبىرىم! ئاھ، يايلاقتىكى سەرۋى! گەرچە ئۇ پۈتىنى رېزىنكە ئۆتۈك، ئۇچىسىنى دادىسىنىڭ چاپىنىنى كىيگەن بولسىمۇ — بۇنىڭ كارايىتى چاغلىق — مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈمكى، ئۇ تازا كېلىشكەن قىز ئىدى!

ئاسىل مېنىڭ يۈرىگىمنى سەكپارە قىلدى، جېنىمنى ئەنسىزلىككە سالدى.

ماشىنامنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ ئىككى ياققا قارايتتىم. يوق، ئۇ ھېچنەدە كۆرۈنمەيتتى. ئايىلغا، ئۇنىڭ ئىشىگى ئالدىغا كەلگەندە ماشىنىغا سەل تورمۇز بەردىم. ئۆيدىدۇ بەلكىم؟ ئەمما مەن ئۇنى نىمە دەپ قىچقىرىمەن؟ نىمە دەيمەن؟ ئېخ! ئۇنى يەنە بىر مەرتەم كۆرۈش پىشانەمگە پۈتۈلمىگەندۇ.

مەن يۈك چۈشۈرۈش ئۈچۈن ماشىنىنى ھەيدەپ كەتتىم. يۈك چۈشۈرۈۋېتىپ، قايتاشىمدا كۆرۈشۈپمۇ قالارمەن، دېگەن ئۈمىتتىمۇ بولدۇم. لېكىن، قايتاشىمدىمۇ ئۇنى ئۇچرىتالمىدىم. شۇ سەۋەپتىن، ئايلىنىپ چارۋىچىلىق فېرمىسىغا باردىم. ئۇلارنىڭ چارۋىچىلىق فېر-

مىسى ئايلىدىن ناھايىتى يىراق ئىدى. مەن بىر قىزدىن ئۇنىڭ قەيەردىلىكىنى سورىدىم. ئۇ قىز ئۇنىڭ بۇ يەردە يوقلۇقىنى، بۈگۈن ئىشقا كەلمىگەنلىكىنى ئېيتتى. "يولدا ئۇچرىشىپ قالماي دەپ ئەتەي ئىشقا كەلمىگەن بولۇشى مۇمكىن" دەپ ئويلاپ، كۆڭلۈم ناھايىتى يېرىم بولغان ھالدا سالپىيىپ ماشىنا مەيدانىغا قايتىپ كەلدىم.

ئەتىسى يەنە يولغا چىقتىم. يول بويى ئۇچرىتىپ قالارمەن، دىگەن خام خىيالدا بولمىدىم. ئەمىلىيەتتە، مەن ئۇنىڭ نىمىسى ئىدىم؟ نىمە ئۇچۇن باشقىلارغا ياتلىق قىلىشقا كېلىشىپ قويغان بىر قىز ئۈچۈن شۇنچىلىك بىئارام بولىمەن؟ لېكىن، ھەممە ئىشنىڭ مۇشۇ ھالەتتە ئاخىرلىشىشىغىمۇ ئىشەنمەيتتىم، چۈنكى تاكى ھازىرغىچە ئايلىدىكى ياتلىق قىلىنىدىغان قىزلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ ماقۇللۇغى ئېلىنمايتتى. بۇنداق ئىشلارنى كېزىتتىن مەن جىق ئوقۇغان ئىدىم. لېكىن بۇنىڭ نىمە ئەھمىيىتى بار؟ ئەرگە بېرىلگەن قىز دىگەن يەرگە تۆكۈلگەن سۇ، ئۇنى قايتۇرۇۋېلىش مۇمكىن ئەمەس، تۇرمۇشتا تۆگەشتىمغۇ... — مىنىڭ كاللامدىكى خىياللار مانا مۇشۇ ئىدى...

بۇ مەزگىل رەڭگا ـ رەڭ گۈللەر تازا ئېچىلىپ كەتكەن ئەتىياز پەسلى ئىدى. تاغ باغرى ئېچىلىپ كەتكەن كۆركەم بىلەن تولغان. باللىق چېغىمدىن تارتىپلا بۇنداق گۈللەرنى ياخشى كۆرەتتىم. مىنىڭ چوڭراق بىر گۈلدەستە تىزىپ ئۇنىڭغا تۇتقۇم كېلەتتى! ئۇنى ئۇچرىتىپ قالسام...

ئۇشتۇمتۇت، ئۆز كۆزۈمگە ئىشەنمەي كەتتىم: مەن ئاسلىنى كۆرۈپ قالدىم! ئۇ يول بويىدىكى بىر دۆگۈلەك تاش ئۈستىدە، ئۆتكەن قېتىم ماشىنامدىن چاتاق چىققان يەردە بىر كىمنى كۈتۈۋاتقاندەك ئولتۇراتتى. مەن ماشىنىنى ئۇنىڭ ئالدىغا ئېپكەلدىم. ئۇ چۆچۈپ

ئۇرنىدىن تۇردى ـ دە، نىمە قىلارىنى بىلمەي، بېشىدىكى ياغلىقنى ئېلىپ، غىجىملىغىلى تۇردى. بۇ قېتىم ئاسىل ئۇچىسىغا چىرايلىق كۆينەك، يولنىڭ ناھايىتى يىراقلىقىغا قارىماي، پۇتىغا ئىگىز ئۆكچەلىك خۇرۇم توفلى كىيگەن ئىدى. مەن ماشىنىنى تېزلا توختاتتىم، يۈرىكىم چىقىپ كېتىدىغاندەك قىلاتتى.

ـــ سالام، ئاسىل!

ـــ سالام! ـــ ئۇ پەس ئاۋازدا جاۋاپ بەردى.

مەن يۆلەپ ماشىنىغا چىقىراي دىگەن ئىدىم، لېكىن ئۇ بۇرۇلۇپ، يولنى بويلاپ ئاستا ماڭدى. ئۇ ماشىنىغا چىقىدىغاندەك ئەمەس. مەن ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئىشىكنى ئوچۇق قويىغان پېتى ئۇنىڭ بىلەن قاتارلىشىپ ئاستا ماڭدىم. ئىككىلىمىز ئۈن ـ تىنسىز كېتىۋاتىمىز. نىمە دەيتتۇق؟ كېيىن ئۇ سورىدى:

ـــ تۈنۈگۈن فېرمىغا باردىڭىزمۇ؟

ـــ ھەئە، نىمە بولدى؟

ـــ ھىچنىمە. ئۇ يەرگە بارماڭ.

ـــ سىزنى كۆرەرمەنمىكىن دىگەن ئىدىم.

ئۇ گەپ قىلمىدى.

بۇ چاغدا مېنىڭ كاللامغا كەلگىنى ھىلىقى ئەلچىلەرنىڭ ئەلچىلىككە كېلىشى بولدى. بۇنىڭ نىمە ۋەقە ئىكەنلىگىنى بىلگۈم كېلەتتى. سوراي دىسەم، بىئەپ، قورقاتتىم، ئۇنىڭ جاۋابىدىن قورقاتتىم.

ئاسىل ماڭا قاراپ قويدى.

ـــ بۇ راستمۇ؟

ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى. ماشىنىنىڭ رولى قولۇمدا تىترەپ كەتتى.

ـــ توي قاچان؟ ـــ سورىدىم مەن.

www.uyghurkitap.com

— پات ئاردا، — دىدى ئۇ بوش ئاۋازدا.

مەن ماشىنىنى كۆزۈم تىكىلگەن تەرەپكە ئۇشتۇمتۇت ھەيدەپ كېتىپ قالغىلى تاس قالدىم. لېكىن، سۈرئەتنى تېزلەتمەي، خوتلىي تارتتىم. ماتوردىن قۇرۇق ئايلىنىۋاتقان گۈكىرىگەن ئاۋاز كەلدى. ئاسىل ئۆزىنى ئىنتىك چەتكە ئالدى. مەن ھەتتا ئۇنىڭدىن ئەپۇمۇ سورىمىدىم. مېنىڭدە ئۇنداق قىلغۇدەك كەيپىيات يوق ئىدى.

— بۇنداقچىزە، كۆرۈشەلمەيدىكەنمىز ـ دە؟

— بىلمەيمەن. ئەڭ ياخشىسى كۆرۈشمەيلى.

— لېكىن مەن، مەن بەرىبىر ...خالامسىز ـ خالىمامسىز، بەرىبىر سىزنى ئىزدەپ كېلىمەن!

ھەر ئىككىمىز يەنە شۈك بولۇپ قېلىشتۇق. ئېھتىمال، ئىككىمىزنىڭ ئويلاۋاتقىنى بىر ئىشتۇ، لېكىن بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا بىر پەردە بولۇپ، ئۇنىڭغا يېقىنلىششىمغا بولمايۋاتاتتى، ئۇنىڭ ماشىنامغا چىقىپ ئولتۇرۇشىغىمۇ يول قويمايۋاتاتتى.

— ئاسىل، — دىدىم مەن، — مېنىڭدىن ئۆزىڭىزنى قاچۇرماڭ، مەن سىزگە زادىلا كاشىلا بولمايمەن. مەن سىزنى يىراقتىن كۆرۈپ تۇراي، ماقۇلمۇ؟

— بىلمەيمەن، ئېھتىمال...

— ماشىنىغا چىقىڭ، ئاسىل.

— ياق، سىز كېتىۋېرىڭ، ئايلىغا ئاز قالدۇق.

شۇنىڭدىن كېيىن بىز يولدا يەنە بىرنەچچە قېتىم ئۇچراشتۇق. ھەر قېتىمقى ئۇچرىششىمىز تاسادىپىدەكلا ئىدى. ئوخشاشلا، ئۇ يول بويىدا ماڭاتتى، مەن ماشىنىدا ئاستا ماڭاتتىم. بۇ ماڭا قىيىن، ئەمما ھېچبىر ئىلاجىم يوق ئىدى.

مەن ئۇنىڭدىن كىم بىلەن توي قىلماقچى بولغانلىغىنى سورى-
مىدىم. بۇنداق ئىشلارنى سوراش ئەپسىز ئىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
سورىغىم كەلمىدى. لېكىن ئۇنىڭ گېپىدىن بىلدىمكى، ئاسىل ئۇ
يىگىتنى بىلمەيدىكەن. ئۇ يىگىت ئۇنىڭ ئاپىسىنىڭ ئاللىقانداق بىر
تۇققىنى بولۇپ، تاغدىكى يىراق بىر ئورمانچىلىق مەيدانىدا تۇرىدى-
كەن. بۇ ئىككى ئائىلە ئۇزۇندىن بۇيان قۇدىلىشىپ كەلگەن ئىكەن.
ئاسىلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇنى ياقا يۇرتلۇقلارغا بېرىشنى ئويلاپمۇ
باقمايدىكەن. ماڭا تېخىمۇ بەرمەيتتى. مەن نىمىدىم؟ مەن ئۇرۇق-
تۇققانىمۇ ئەمەس، تونۇشىمۇ ئەمەس ياقا يۇرتلۇق شوپۇرمەن.
مەن ئۆزەممۇ بۇ توغرىلىق گەپ ئاچالمايتتىم.

مۇشۇ كۈنلەردە ئاسىل ناھايىتى كەم سۆز بولۇپ قالغان ئىدى.
ئۇنىڭ كۆڭلى غەش ئىدى. لېكىن مېنىڭ ئۇنىڭدىن قىلچە ئۈمىدىم
يوق. ئۇنىڭ تەقدىرى بەلگىلىنىپ بولغان، كۆرۈشۈش پايدىسىز
ئىدى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، كىچىك بالىغا ئوخشاش، بۇ ئىش
توغرىلىق گەپ قىلىشتىن ئۆزىمىزنى قاچۇرۇپ، ئادەتتىكىدەكلا كۆرۈ-
شۈپ تۇردۇق، چۈنكى بىز كۆرۈشمەي تۇرالمايتتۇق. ھەر ئىككىلى-
مىزلا بىرىمىزدىن ئايرىلساق ياشىيالمايدىغانلىغىمىزنى ھېس قىلاتتۇق.

ئەنە شۇ تەرىقىدە بەش كۈن ئۆتتى. بىر كۈنى ئەتىگىنى ماشىنا
مەيدانىغا بېرىپ، ماشىنامنى ھەيدەپ ماڭاي دەۋاتقىنىمدا، ئۇشتۇم-
تۇت باشقۇرۇش بۆلۈمىگە بېرىشىمنى ئېيتتى.

— خوشال بولۇشۇڭ مۇمكىن، — دىدى كاتىپ خوشال ھالدا ئال-
دىمغا كېلىپ، — ئەمدى سېنى شىنجاڭ يولىغا مېڭىشقا بەلگىلىدۇق!

مەن تۇرۇپ قالدىم. ئاخىرقى بىرنەچچە كۈنلۈك تۇرمۇشتىن
مەن مەڭگۈ كولخوزغا قايتالمايدىغان ماشىنىنى ھەيدەيمەنغۇ، دىگەن

ھىسسىياتقا كەلگەن ئىدىم. بىر قېتىم جۇڭگوغا بېرىپ كەلگەچكە، خېلى كۆڭۈن كېتەتتى، قاچان بىر ۋاقىت چىقىرىپ ئاسلىنى كۆرۈپ كېلىشىمنى كىم بىلسۇن؟ ئۇنىڭغا ئۇقتۇرۇش قىلىپمۇ قويماستىن مۇشۇنداق ئۇشتۇمتۇت يوقلىسام كەتسەم قانداق بولغىنى؟

— ئانچە خوشال بولمايدىغاندەك قىلىسەن، شۇنداقمۇ؟ — كاتېرا سورىدى.

— كولخوزغا كىم باردى؟ — ھاياجانلانغان ھالدا سورىدىم مەن. — ئۇ يەردىكى ئىشلار تېخى تۈگىمىدىغۇ.

كاتېرا ھەيران بولغان ھالدا مۈرىسىنى كۆتىرىپ قويدى:

— بۈرۈن ئۆزەك بېرىشنى خالىمىغانتىك.

— بۈرۈنقى ئىشلار كۆپ، — دىدىم مەن زەردە بىلەن.

مەن نىمە قىلارىمنى بىلمەي بىر ئورۇندۇققا بېرىپ ئولتۇردۇم. جانتاي يۈگۈرۈپ كەلدى. بايا ئۇ مېنىڭ ئورنۇمغا باردىغان بوپتىكەن. مەن بىرئاز ھەيران بولۇپ قالدىم، ئىچىمدە: بۇ يولغا ماشىنا تاپىدىغان پۇل ئازراق بولغاچقا جانتاي كولخوزغا بېرىشنى رەت قىلارمىكىن، دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن ئۇ ماشىنا قەغىزىنى ئالدى ۋە بىر ئىغىز گەپمۇ قوشۇپ قويدى:

— كاتېرا، مېنى نەگە بۇيرۇساڭمۇ مەيلى، ھەتتا دۇنيانىڭ ئۇ چېتىگە بار دىسەڭمۇ بارىمەن! ئايلىدا قىزلار تازا چوڭ بولۇپ كەتتى، ساڭا بىرنەچچىنى ئېپكېلىپ بەرسەم قانداق؟

ئاندىن كېيىن جانتاي ماڭا قاراپ قويدى ۋە:

— كەچۈرۈڭ، سىزگە كاشىلا بولدۇمغۇ دەيمەن! — دىدى.

— يوقال!... — دىدىم مەن بېشىمنىمۇ كۆتەرمەستىن ئاستاغىنا.

— ئىلياس، بۇ يەردە ئولتۇرۇپ نىمە قىلىسەن؟ — دىدى كاتېرا

مۇرەمنى ئىتتىرىپ قويۇپ

— مەن كولخوزغا بىرىشىم كېرەك، ئۇ يەرگە مەن باراي. كاتىۋا! — دەپ يالۋۇردۇم مەن كاتىۋاغا.

— كاللاڭ بارمۇ سىنىڭ؟ مەن سىنى ئۇ يەرگە ئەۋەتەلمەيمەن، ئىشلار ئورۇنلاشتۇرۇۋېتىلگەن! — دىدى ئۇ خاۋاتىرلانغان هالدا چىرايىمغا قاراپ، — سەن نىمىشقا ئاشۇ يەرگىلا بىرىشنى ئويلايسەن؟

مەن هىچقانداق جاۋاپ بەرمەستىن، جىممىدە باشقۇرۇش بۆلۈمىدىن چىقىپ، ماشىنا ئىسكىلاتىغا ماڭدىم. جانتاي مىنىڭ يىنىمدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ھەييارلىق بىلەن ماڭا بىر كۆز تاشلىدى-دە، يۈزلىنىپ كېتىشكە تاس قالغان هالدا ئۆز ماشىنىسىغا چىقتى.

مەن ئۇزاققىچە تىتماسلاپ يۈردۈم-دە، ئىلاجىسىز ماشىنامنى يۈك باسىدىغان يەرگە ئىپپاردىم. يۈك بېسىشنى كۈتۈپ تۇرغانلار كۆپ ئەمەس ئىدى.

يولداشلار مىنى تاماكا چېكىشكە تەكلىپ قىلدى، لېكىن مەن ماشىنامدىن چۈشۈپمۇ قويمىدىم. كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ، ئاسىل يول بويىدا قۇرۇقتىن-قۇرۇق مىنى كۈتۈپ تۇرغان هالەتلەرنى ئويلاپ كەتتىم. بىر كۈن، ئىككى كۈن، ئۈچ كۈن، كۆزى تېشىلگۈدەك بولۇپ كۈتسە... ئۇنداقتا ئۇ مىنى نىمە دەپ قالار؟

ماشىنامغا يۈك بېسىش نۆۋىتى كېلەي دەپ قالدى. ئالدىمدىكى ماشىنىغا يۈك بېسىلىشقا باشلىدى. يەنە بىر مىنۇتتىن كېيىن مەنمۇ ماشىنامنى كىران ئاستىغا توختىتىشىم كېرەك. "كەچۈرۈڭ مىنى، ئاسىل!" دەپ ئويلىدىم مەن، "كەچۈرۈڭ مىنى، يايلاقتىكى سەرۋى!" ئۇشتۇمتۇت كاللامغا بىر خىيال كەلدى: ئالدى بىلەن ئۇنىڭغا ئېيتىپ قويۇپ كەلسەم بولمىدىمۇ! لېكىن يولدىن ئۆز مەيلىمچە چەتلەپ،

بىرنەچچە سائەت كېچىكىپ قالسام، چوڭ چاتاق بولىدۇ. كېيىن مۇدىرغا بۇنىڭ سەۋەبىنى چۈشەندۈرۈپ قويسام، ئېھتىمال، چۈشەنەر. ياق، ئۇ مېنى ئەيىپلىشى، ماڭا ئاگاھلاندۇرۇش بېرىشى مۇمكىن... مەن بۇنداق قىلالمايمەن! ماڭاي!“

مەن موتورنى ھەركەتلەندۈردۈم. ماشىنىنى ئارقىغا قايتۇرماقچى بولغان ئىدىم، لېكىن ماشىنىلار قاتار تىزىلىپ كەتكەچكە، ئارقىغا قايتۇرۇش مۇمكىن بولمىدى. بۇ چاغدا يۈك بېسىلىپ بولغان ماشىنا يۈرۈپ كەتتى. ئەمدى مېنىڭ ماشىنامغا يۈك بېسىش كېرەك ئىدى.

— يېقىنراق ئېپكەل، ھەي، ئىلياس! — كىران شوپۇرى ۋاقىرىدى.

كىران بىلگىنى مېنىڭ بېشىمدا ئويناتقىلى تۇردى. ھەممە ئىش تۈگىدى! چەتئەلگە توشۇيدىغان مالنى ئېلىپ ھېچنەگە بارغىلى بولمايتتى. نىمشقا بالدۇرراق تىكۋەتمىدىم؟ يۈك بەرگۈچى تالوننى ئېلىپ ئالدىمغا كەلدى. مەن ماشىنىنىڭ ئارقا دەرىزىسىدىن قارىدىم: كىران كۆتەرگەن يۈكنى ئۇ ياق-بۇ ياققا ئىغاڭلاتقان ھالدا مېنىڭ ماشىنامغا ئېلىپ كەلمەكتە. ئەنە، يۈك يەشىكلىرى بارغانسېرى يېقىنلاپ كەلمەكتە.

بۇ چاغدا مەن توۋلىدىم:

— دىققەت!

ماشىنام يۈك قاچىلانغان يەشىكلەر ئاستىدىن ئۇشتۇمتۇت چىقىپ كەتتى. يۈك قاچىلاشقا تەرەددۇت قىلىنىۋاتقان چاغدا مەن ماشىنامنىڭ موتورىنى ئۆچۈرمىگەن ئىدىم. ئارقامدىن قىيا، چىيا، ۋاقىراش-تىللاشلار ئاڭلاندى...

مەن ماشىنامنى يۈكلەر، دۆۋىلەنگەن ياغاچ ۋە كۆمۈرلەرنىڭ

يېنىدىن ئۆتكۈزۈپ يۈرۈپ كەتتىم. بۇ چاغدا مەن خۇددى رولغا مىخلاپ قويغاندەك ئىدىم. يەر ماشىنىنىڭ ئاستىدا پىرقىرىماقتا، ماشىنىمۇ، مەنمۇ ئوڭغا ـ سولغا قاتتىق سىلكىنەكتىمەن. راست، بىز ئۇنداق قىلىشقا ئانچە ئۆگەنمەپتىكەنمىز...

ناھايىتى تېزلا جانتايغا يېتىشىۋالدىم. ئۇ ماشىنىسىنىڭ ئىچىدە ماڭا ئىككى كۆزىنى پارقىرىتىپ قاراپ ئولتۇراتتى: ئۇ مېنى تونۇپ قالدى. ئادەت بويىچە، ئۇ مېنىڭ ئالدىراشلىقىمنى كۆرگەندىن كېيىن ماڭا يول بېرىشى كېرەك ئىدى، لېكىن ئۇ ماڭا يول بەرمىدى، مېنى ئالدىغا ئۆتكۈزمىدى. مەن ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە چىقىرىپ، ئېتىز-لىق ئارقىلىق مېڭىپ ئالدىغا ئۆتۈپ كەتمەكچى بولدۇم. جانتاي يەنىلا ماڭا يول بەرمىدى، ئېتىزدىن يولغا چىقىۋېلىشىمغا ئۇنىمىدى. بىز ئەنە شۇ تەرىقىدە ـــ ئۇ يولدا، مەن ئېتىزدا غۇيۇلداپ كېتىۋاتىمىز. ھەر ئىككىمىزنىڭ كۆكسى ئېگىلىپ رولغا تېگىپ ـ تېگىپ تۇراتتى، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانلاردەك ئۆزئارا خىرىس قىلىپ، تىلللىشىپ كېتىۋاتىمىز.

ـــ سەن نەگە بارىسەن؟ نىمىش قىلىسەن؟ ـــ دەپ توۋلايتتى ئۇ.

مەن مۇشتۇمنى تەڭلەپ قوياتتىم. مېنىڭ ماشىنام قۇرۇق بولغاچقا، ئاقىۋەت ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كەتتىم.

ئاسلىنى ئۇچرىتالمىدىم. ئايىلغا كەلگەن ۋاقتىمدا، خۇددى يۈگۈ-رۈپ كەلگەندەك، ھاسىرىپ كەتكەن ئىدىم، ئاران تەسلىكتە دېمىمنى ئالدىم. لېكىن، ئۇنىڭ ئىشىكى ئالدىدا ۋە كوچىدا ئادەمنىڭ سايە-سىمۇ كۆرۈنمەيتتى، پەقەت ئىگەرلەگلىك بىرلا ئات مومىدا باغلاغلىق تۇراتتى. قانداق قىلارمەن؟ سەل ساقلاپ تۇرماقچى بولدۇم. ماشىنامنى كۆرسە چىقىدۇغۇ، دەپ ئويلايتتىم مەن. مەن ماشىنىنىڭ موتورىنى

رېمونت قىلغان بولۇپ تۇردۇمۇ، لېكىن ئىككى كۆزۈم ئۇنىڭ ئىشگىدە ئىدى. ئۇزاق ئۆتمەي ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى-دە، ئاسلىنىڭ ئاپىسى بىلەن قارا ساقاللىق، سېمىز-كېلەڭسىز بىر چال چىقىپ كەلدى. ئۇ چال ئىككى قات ئۇزۇن چاپان: ئىچىگە مەخمەل چاپان، تېشىغا چىبەرقۇت چاپان كىيگەن ئىدى. قولىدا چىرايلىق بىر قامچا. ھىللا چاي ئىچىپ چىققان بولسا كېرەك، يۈزى قىزارغان ۋە تەرلەپ پارقىراپ كەتكەن ئىدى. ئۇلار موما يېنىغا كەلدى. ئاسلىنىڭ ئاپىسى ئىززەت-ھۆرمەت بىلەن ئاتىنىڭ تىزگىنىنى تۇتۇپ، ئۇزەڭگىسىنى توغرىلاپ ئۇنى ئاتلاندۇردى.

— قۇدا، سىلەردىن ناھايىتى رازىمىز! — دېدى ئاسلىنىڭ ئاپىسى، — بىزدىن ئەنسىرىمەڭ. قىزىمىز ئۈچۈن بىز ھېچ نەرسىنى ئايىمايمىز. خۇدايىم بار. بىزمۇ قۇرۇق قول ئەمەس.

— ھەي، يەڭگە، بىز سىلەرنى ئەيىپكە بۇيرۇمايمىز، — دېدى ئۇ جاۋاۋەن ئېگەرگە ئوبدان جايلىشىۋېلىپ، — خۇدايىم ياشلارنى سالامەت قىلسۇن. مال-بىساتقا كەلسەك، ئۇنى يات ئادەملەرگە ئەمەس، ئۆز باللىرىمىزغا بېرىمىزغۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز تۇنجى قېتىم قۇدا بولۇۋاتمايمىزغۇ...ماقۇل، يەڭگە، سالامەت بولۇڭ. ئەمسە كېلىشتۇق: جۈمە كۈنى-ھە!

— ھەئە، جۈمە كۈنى. قۇتلۇق كۈنىغۇ بۇ. ئاق يول بولسۇن. قۇداغىغا سالام ئېيتىڭ.

"ئۇلارنىڭ جۈمە كۈنى دېگىنى نېمىدۇ؟ — دەپ ئويلىدىم مەن، — بۈگۈن كۈنگە نېمە؟ چارشەنبە.... جۈمە كۈنى توي قىلىپ قىز كۆچۈرىدىغان ئىش بولمىسۇن يەنە؟ ئېخ! بىز ياشلارنىڭ تۇرمۇشىنى بەربات قىلىدىغان بۇنداق كونا ئادەتلەر قاچانمۇ تۈگەر!..."

چال ئېتىنى دېۋىتىپ، ئاستا تاقىقا قاراپ مېڭىپ كەتتى. ئاسلىنىڭ ئاپىسى تاكى چالنىڭ قارىسى يوقالغىچە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇردى ـ دە، ئاندىن ئۆرۈلۈپ ماڭا يامان كۆز بىلەن بىر قاراپ قويدى.

ــ سەن نىمە ئانچە مۇشۇ تەرەپكە چېپىشىنلا ياخشى كۆرسەن، يىگىت؟ ــ دېدى ئۇ، ــ بۇ يا مېھمانخانا بولمىسا! بۇ يەردە تۇرۇشىنىڭ ئورنى يوق، ماڭ يولۇڭغا! ئاڭلىدىڭمۇ؟ مەن ساڭا گەپ قىلىۋاتىمەن.

ئۇ بىلىپ قالغاندەك قىلاتتى.

ماشىنام بۇزۇلۇپ قالدى! ــ مەن تەرسالىق بىلەن جاۋاپ بەردىم ـ دە، پۈتۈن بەدىنىمنى ماشىنا قاپقىغىنىڭ ئىچىگە ئالدىم. ئۇنى كۆرمىگىچە ھېچيەرگە بارمايمەن، دەپ ئويلىدىم مەن.

موماي يەنە نىمىلەرنىدۇ دەپ غودۇڭشىپ كىتىپ قالدى.

مەن ماشىنا پەلەمپىيىگە ئولتۇرۇپ تاماك تۇتاشتۇردۇم. نەدىندۇ بىر قىز بالا پەيدا بولۇپ قالدى. ئۇ بىر پۈتى بىلەن سەكرەپ مېڭىپ ماشىنىنى ئايلىنىپ ئوينايتتى. ئۇ بىرئاز ئاسلىغا ئوخشايتتى. ئاسلىنىڭ سىڭلىسى بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟

ئاسىل كەتتى! ــ دەيتتى ئۇ بىر پۈتى بىلەن سەكرەپ مېڭىپ.

ــ نەگە كەتتى؟ ــ مەن ئۇنى تۇتۇۋېلىپ سورىدىم، ــ ئۇ نەگە كەتتى؟

ــ مەن نەدىن بىلەي! قويۇپ بېرىڭ مېنى! ــ ئۇ مېنىڭ قولۇمدىن چىقىپ كەتتى ـ دە ماڭا قاراپ تىلىنى چىقىرىپ، خەير خوش دېگەننى بىلدۈردى.

مەن ماشىنا قاپقىغىنى تاراق قىلىپ ئەتتىم ۋە كابىنىكىغا چىقىپ رولىنى تۇتتۇم. نەگە باراي؟ ئۇنى نەلەرگە بېرىپ ئىزدەي؟

www.uyghurkitap.com

قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالغان ئىدى. مەن تاشيولدا ئاستا مېڭىپ، يايلاققا كىرىپ كەتتىم، ئۆستەڭ بويىغا كېلىپ كېچىكتە توختىدىم. نېمە قىلىش كېرەك؟ ھېچبىر پىكىرگە كېلەلمىدىم ـ دە، ماشىنىدىن چۈشۈپ، يەردە سۇنايلىنىپ ياتتىم. ئەجەپ دومىلە باستى ـ ھە، ئاسىلنى تاپالمىدىم، خىزمەتكىمۇ دەخلى يەتكۈزدۈم... مەن خىيالغا كەتتىم، دۇنيادىكى ھېچنەرسىنى كۆرمىدىم ۋە ئاڭلىمىدىم. قانچىلىك ئۇزاق ۋاقىت ياتتىمكىن، بېشىمنى كۆتىرىپ قارىغىنىمدا، ماشىنىنىڭ ئۇ تەرىپىدە پۈتىغا توفلى كىيگەن بىر قىزنىڭ پۇتى كۆرۈندى. شۇ! مەن دەرھال تونىدىم. مەن شۇنداق خوشال بولۇپ كەتتىمكى، يۈرىكىم ئاغزىمدىن ئېتىلىپ چىقىپ كېتەي دەپ قالدى. مەن ئورنۇمدىن تۇرالماي تىزلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. بۇ يەنە ھېلىقى دەسلەپكى كۆرۈشكەن يەر ئىدى.

— يولىڭىزغا كېتىۋېرىڭ، موما! — دېدىم مەن ھېلىقى توفلىگە قاراپ.

— مەن موماي ئەمەس! — دېدى ئاسىل مېنىڭ گېپىمگە ئۇلاپلا چاخچاق بىلەن.

— ئەمىسە سىز نېمە ئادەم؟

— مەن قىز.

— قىز؟ چىرايلىقمۇ؟

— ئۆزىڭىز قاراپ بېقىڭ!

ھەر ئىككىمىز تەڭلا قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتۇق. مەن سەكرەپ ئورنۇمدىن تۇردۇم ـ دە، ئۇنىڭغا قاراپ ئېتىلدىم. ئۇمۇ ماڭا قاراپ ماڭدى. ئىككىمىز يۈزمۇ ـ يۈز قارىشىپ تۇردۇق.

ئەڭ چىرايلىق قىز! — دېدىم مەن. ئۇ بولسا شامالدا چايقىلىپ

تۇرغان مەجىنۇنتالدەك ئەۋرىشىم، نازاكەتلىك قىياپەتتە قىسقا يەڭلىك كۆينەك كىيىپ، قولىغا ئىككى دانە كىتاپ تۇتقان ھالدا تۇراتتى. — مېنىڭ بۇ يەردىلىكىمنى قانداق بىلدىڭىز؟
— قىرائەتخانىدىن چىقىپ قارىسام، ماشىنىڭىزنىڭ چاقىنىڭ ئىزى تۇرۇپتۇ.
— شۇنداقمۇ؟ — بۇ سۆز ماڭا "سىزنى ياخشى كۆرىمەن" دېگەن سۆزدىنمۇ ئەھمىيەتلىكرەك ئىدى. ئىش يۈزىدە، ئۇ مېنىڭ ماشىنامنىڭ ئىزىنى ئىزدىگەن ئىكەن، دېمەك، بۇ ئۇنىڭ مېنى ئويلىغانلىقىدىن، مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى.
— شۇ سەۋەپتىن بۇ يەرگە كېلىشىم، قانداقتۇر سىز مېنى كۈتۈۋاتقاندەك ھېس قىلدىم...
ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدىم:
— ماشىنىغا چىقىڭە، ئاسىل، بىر دەم شامالداپ كېلەيلى.
ئۇ خۇشاللىق بىلەن ماقۇل بولدى. مەن ئۇنىمۇ، ئۆزەمنىمۇ تونۇيالماي قالدىم. بارلىق قورقۇنچ ۋە غەم-ئەندىشىلەر نەلەرگە كەتتى. بىز ئىككىمىزلا ئىدۇق، يەنە بىزنىڭ بەختىمىز، ئاسمان ۋە يول بىز بىلەن بىللە ئىدى. مەن ماشىنىنىڭ ئىشىگىنى ئېچىپ ئۇنى ئولتۇرغۇزۇپ، ئۆزەم رولنىڭ يېنىغا ئۆتتۇم.
بىز ماشىنىنى ئوت ئالدۇرۇپ، ئەنە شۇ تەقلىتتە يولنى بويلاپ مېڭىپ كەتتۇق. بىز نەگە ۋە نىمىشقا بېرىشنى بىلمەيتتۇق. لېكىن بۇلار بىز ئۈچۈن ئەھمىيەتسىز ئىدى. پەقەت مۇرىگە مۇرە، قولغا قول تېگىپ تۇرسا ۋە كۆز تاشلىشىپ تۇرساقلا، بۇنىڭ ئۆزى بىزگە كۇپايە ئىدى. ئاسىل بېشىمدىكى ھەربىچە شەپكەمنى (مەن بۇ شەپكىنى ئىككى يىل كىيگەن ئىدىم) تۈزەپ قويدى.

— ھە، مۇنداق تۇرسا يارىشىدىكەن! — دېدى ۋە ئېچكى ھىسسىياتىنى ئىپادىلەپ مۇرەمگە بېشىنى قويدى...

ماشىنا يايلاقتا ئۇچقان قۇشتەك ئىلگىرىلىمەكتە. پۈتكۈل دۇنيا چاپماقتا: تاغلار، دالىلار، دەل-دەرەخلەر ئارقىمىزدا قالماقتا. توختىماي ئالغا ئىلگىرىلەپ كېتىپ بارغىنىمىز ئۈچۈن شامال يۈزىمىزگە قاتتىق-قاتتىق تېگەتتى. قۇياش ئاسماندا ئالەمنى يورۇتماقتا، بىز كۆلكىگە بۆلەنمەكتىمىز، شۋاق ۋە چىغ ھىدى قاپلىغان ھاۋادىن مەيدىمىزنى كېرىپ تۇرۇپ تويغىچە سۈمەرمەكتىمىز...

بىر كۈنى قەۋرە تېشىغا قونۇپ ئولتۇرغان يايلاق بۈركۈتى قانىتىنى كېرىپ كۆتىرىلدى-دە، خۇددى بىز بىلەن بەيگىگە چۈشكەندەك يولنى بويلاپ پەس ئۇچۇپ ماڭدى.

ئاتلىق ئىككيلەن چۆچۈپ يول بوشاتتى ۋە بىزنى تىللىغان پېتى ئارقىمىزدىن قوغلاشقا چۈشتى.

— ھەي، توختا! توختا دەيمەن! — دېگىنىچە قاتتىق چېپىپ كېتىۋاتقان ئېتىغا ھە دەپ قامچا ئۇراتتى ئۇلار. ئۇلارنىڭ كىملىكىنى ئاسىل بىلەمدىكىن، مەن بىلمەيتتىم. لېكىن ئۇلار بىر دەمدىلا چاڭ-توزاڭ ئىچىدە كۆرۈنمەي قالدى.

ئالدىمىزدا بىر ئات ھارۋىسى باشقا تەرەپكە ئەگىپ كېتىپ باراتتى. بىر يىگىت بىلەن بىر قىز ھارۋىدا ئورنىدىن قوپۇپ بىزنى كۆردى، ئۇلار بىر بىرىنىڭ دولىسىنى تۇتقان ھالدا ئۆرە تۇراتتى. بىزگە قىزغىن قول ئىشارىتى قىلدى.

— رەھمەت! — دېدىم مەن ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئۇلارغا قاراپ ۋاقىراپ.

بىز يايلاقنىڭ ئۇ بېشىغا چىقىپ، تاش يولغا چۈشتۇق، قاراماي



www.uyghurkitap.com

ياتقۇزۇلغان يولدا ماشىنىنىڭ چاقىدىن شىپ ــ شىپ قىلغان ئاۋاز چىقىپ تۇراتتى.

ئىسسىق كۆل بۇ يەرگە يېقىن بولۇشى كېرەك ئىدى. مەن ماشىنىنىڭ بېشىنى بىردىنلا بۇراپ، دالىغا چىقتىم ــ دە، چاتقال ۋە ئوت ــ چۆپلەر ئارىسىدىن ئۆتۈپ ماشىنىنى كۆل بويىغا قاراپ ھەيدىدىم، كۆل بويىدىكى بىر كىچىك دۆڭگە كېلىپ توختىدۇق.

كۆپ ــ كۆك سۇ دولقۇنلىنىپ، ئارقا ــ ئارقىدىن كۆلنىڭ ساغۇچ قىرغىقىغا كېلىپ ئۇرۇلاتتى. كۆن ئولتۇراي دەپ قالغان ئىدى، يىراق سۇ ئۈستى ئەتىرگۈل تۈسىنى ئالدى.

ئۇ تەرەپتىكى قىرغاقنىڭ نېرىسىدا قارلىق قوڭۇر تاغ كۆرۈندى. تاغ ئۈستىدە بىرقانچە پارچە ئاق بۇلۇت ئۈزۈپ يۈرمەكتە.

ــ قارىغا ئاسىل! ئاققۇ!

ئاققۇ ئىسسىق كۆلگە پەقەت كۈز ۋە قىشتىلا كېلەتتى. ئەتىيازدا ناھايىتى ئاز كېلەتتى. كىشىلەر بۇنى جەنۇپتىن شىمالغا كېتىۋاتقان ئاققۇ دېيىشەتتى. كىشىلەر يەنە بۇنى بەخت ــ سائادەتنىڭ ئالامىتى دەپ پاراڭ سېلىشاتتى.

بىر توپ ئاققۇ كۆلنىڭ ئۈستىنى بويلاپ ئۇچۇپ ئۆتتى. ئاققۇلار قانىتىنى يېيىپ بىر دەم ئېگىز، بىر دەم پەس ئۇچۇشاتتى، بەزىدە سۇنىڭ يۈزىدە سۇنى شالاپشىتىپ ئوينىشىپ، يىراقلارغا تۈرۈلۈپ ــ تۈرۈلۈپ كېتىۋاتقان دولقۇننى قوغلىشاتتى، ئاندىن كېيىن يەنە كۆتىرىلىپ، لەيلەپ تۇرغان ئۈزۈن يىپتەك تىزىلىپ، قاناتلىرىنى تەكشى قېقىپ، كۆلنىڭ سوزۇنچاق قىرغىقىدىكى سايغا ــ قونالغۇغا كېتىشەتتى.

ئىككىمىز ماشىنىدا ئۈن ــ تىنسىز ئالىغا قاراپ ئولتۇرۇپتىمىز.

www.uyghurkitap.com

كېيىن، گويا بىزنىڭ ھەممە ئىشىمىز بەلگىلىنىپ بولغاندەك، مۇنداق بىر تەلەپپۇزدا سۆزلەپ كەتتىم.

— قارىڭا قىرغاقتىكى لەمپىگە، ئاشۇ بىزنىڭ ماشىنا مەيدانىمىز ماۋۇسى، — مەن قولۇم بىلەن ماشىنىنى كۆرسەتتىم، — بىزنىڭ ئۆيىمىز!

مەن قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتىم. راست، ئاسلى تۇرغۇدەك ئۆيۈم يوق ئىدى-دە.

ئاسلى كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قارىغان پېتى ئۆزىنى قوينۇمغا تاشلىدى-دە، مېنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كەتتى ۋە ئارقىدىن يەنە كۈلۈپ تاشلىدى.

— جېنىم، سۆيۈملۈكۈم! ماڭا مەڭگۈ ئۆي كېرەك ئەمەس. پەقەتلا ئاتا-ئانامنىڭ كېيىنرەك بولسىمۇ كەچۈرۈشىنى تىلەيمەن. ئۇلار خاپا بولدۇ، ئۆمۈرۋايەت خاپا بولدۇ، بىلىپ تۇرۇپتىمەن... لېكىن، مېنىڭ قىلغىنىم خاتامۇ؟...

پاتلا قاراڭغۇ چۈشتى. قويۇق بۇلۇت ئاسماننى قاپلىدى، بۇلۇت كۆلنىڭ يۈزىنى بىر ئالدى. كۆل جىمجىت، ھەممە يەر قاپ-قاراڭغۇ ئىدى. تاغ تەرەپتە ئېلىكتىر بىلەن كەپشەرلىگۈچى ئىشچىلار نىملەرنىدۇر كەپشەرلەۋاتقاندەك بولۇپ كۆرۈنەتتى. ئۇچقۇنلار بىر دەم يالت-يۇلت قىلىپ كۆزنى چاقنىتاتتى، بىر دەم تەرەپ-تەرەپكە چاچراپ يوق بولۇپ كېتەتتى. يامغۇر يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئاقىقۇلارنىڭ تۈنەش ئۈچۈن بۇ يەرگە كېلىشى ئاشۇ سەۋەپتىنكەن-دە، ئاقىقۇلار تاغدا شىۋىرغانغا يولۇقۇپ قېلىشنى سەزگەن ئىكەن-دە.

گۈلدۈرمامىنىڭ قاراسلىغان ئاۋازى بىلەن تەڭلا چېلەكتە

سۇ تۆككەندەكلا قارا يامغۇر يېغىپ كەتتى. كۆلنىڭ ئۈستىدە گۈلدۈرلىگەن شاۋقۇن كۆتىرىلدى، سۇ دولقۇنلانماقتا ۋە تۈرۈلۈپ-تۈرۈلۈپ قىرغاققا ئۇرۇلماقتا. بۇ باش باھاردىكى گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر ئىدى. شۇنداقلا بىزنىڭ تۇنجى كېچىمىز ئىدى. يامغۇر ماشىنىغا ۋە ماشىنىنىڭ ئەينەكلىرىگە ئۇرۇلماقتا، يامغۇر سۈيى بۇلاقتىن چىققان سۇدەك ئاقماقتا. كۆلنىڭ پايانسىز قاپ-قاراڭغۇ بېتىدە بىرنەچچە نۇر چاقناپ ئۆتتى. بىز بىر بىرىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ، پەس ئاۋازدا گەپلەشمەكتىمىز. ئاسىل يا قورقتىمۇ، يا توڭدىمۇ سىلكىنىگەندەك بولدى. مەن كىيىمىمنى يېپىپ ئۇنى تېخىمۇ قاتتىق قۇچاقلىدىم، بۇ چاغدا ئۆزەمنى ناھايىتى كۈچلۈك بىر ئادەمدەك ھېس قىلدىم. مېنىڭدە بۇنچىلىك ھېسسىيات بارلىقىنى ئويلاپمۇ باقماپتىكەنمەن؛ باشقىلارنى قوغداشنىڭ ۋە باشقىلارغا كۆڭۈل بۆلۈشنىڭ نەقەدەر ياخشى ئىش ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيدىكەنمەن. مەن ئاسىلنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدىم:

— ئېخ، مېنىڭ سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم، مەن سىزنى مەڭگۈ خەققە بوزەك قىلغۇزمايمەن!...

گۈلدۈرمامىلىق يامغۇر قانداق تېز يېتىپ كەلگەن بولسا شۇنداق تېزلا ئۆتۈپ كەتتى. لېكىن ئەنسىز كۆلدىكى دولقۇن تېخى بېسىلمىغان ئىدى، يەنىلا ئۇششاق يامغۇر يېغىپ تۇراتتى.

مەن يولدا ئىشلىتىدىغان كىچىك رادىيو پىرىيومنىكىنى ئالدىم. بۇ شۇ چاغدا مېنىڭدىكى بىردىن-بىر ئىسىل بايلىق ئىدى. مەن دولقۇننى تۈزەپ، ئىستانسىغا توغرىلىدىم. ھازىرمۇ ئېسىمدە، شۇ چاغدا شەھەردىكى تىياتىردا قويۇلۇۋاتقان باليېت — «چولپان» ئاڭلىتىلىۋاتقان ئىكەن. تاغنىڭ ئۇ تەرىپىدىن، خۇددى ئاشۇ باليېتتا

تەسۋىرلىنىۋاتقان مۇھەببەتكە ئوخشاش، بىزگە مۇزىكا، يېقىملىق ۋە كۈچلۈك مۇزىكا يېتىپ كەلدى. تىياتىر زالىدىن گۈلدۈراس ئالقىش سادالىرى ياڭرىدى، كىشىلەر ئەرتىسلەرنىڭ ئىسمىنى توۋلايتتى، ئېھتىمال ئۇلارنىڭ پۇتى ئاستىغا گۈلدەستە تاشلاۋاتقاندۇ. لېكىن تىياتىرخانىدا ئولتۇرغان كىشىلەرنىڭ ھېچقايسىسى غەزەپلىك ئىسسىق كۆل بويىدا بىز ھېس قىلىۋاتقان خوشاللىق ۋە ھاياجاننى ھېس قىلغىنى يوقتۇر. بۇ بالېت بىزنى، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنى تەسۋىرلىگەن ئىدى. ئۆز بەختىنى ئىزدىگەن قىز چولپاننىڭ تەقدىرى قەلبىمىزنى قاتتىق ھاياجانغا سالماقتا ئىدى. مېنىڭ چولپىنىم — مېنىڭ يۇلتۇزۇم مېنىڭ بىلەن بىللە ئىدى. يېرىم كېچە، ئاسىل مېنىڭ مۈرەمگە تايىنىپ ئۇخلىماقتا، مەن ئۇزاقىچە تىنچلىنالمىدىم، ئاسىلنىڭ يۈزىنى ئاستا سىلايتتىم، ئىسسىق كۆلنىڭ چوڭقۇر يېرىدىكى قاتتىق تىنىقتا قولاق سالاتتىم.

ئەتىسىگىنى بىز ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتىپ كەلدۇق. مېنى قاتتىق ئەيىپلەشتى. لېكىن ئۇلار مېنىڭ بۇنداق قىلىشىمدىكى سەۋەپلەرنى بىلگەندىن كېيىن مېنى كەچۈرۈشتى. كېيىن ئۇلار مېنىڭ كىران ئاستىدىن قېچىپ كەتكىنىمنى ئەسلەپ بىر ھازاغىچە كۈلۈشتى.

شۇنىڭدىن كېيىن مەن جۇڭگوغا ماڭدىم، ئاسىلنى بىللە ئېلىپ ماڭماقچى، يېرىم يولدا دوستۇم ئەلىبېكنىڭ خەۋەر ئېلىپ تۇرۇشىغا تاپىلاپ قويۇپ كەتمەكچى بولدۇم. ئەلىبېك نارىننىڭ يېنىدىكى گاراژدا — چېكىرىغا يېقىن بىر يەردە تۇراتتى. بۇ يولدىن ئۆتكىنىمدە دائىم ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ ئۇلارنى يوقلاپ تۇراتتىم. ئەلىبېكنىڭ خوتۇنى تولىمۇ ئوبدان ئايال ئىدى، مەن ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتىم.

بىز يولغا چىقتۇق. بىرىنچى قىلغان ئىشىم — يول ئۈستىدىكى بىر

دۇكاندىن ئاسىلغا بىرنەچچە قۇر كىيىم ئېلىپ بېرىش بولدى. ئۇ چاغدا ئۇ پەقەت بىرلا كۆينەك بىلەن ئىدى. باشقا نەرسىلەرنىڭ سىرتىدا يەنە ئوچۇق رەڭلىك بىر ياغلىقمۇ ئېلىپ بەردىم. ئۇ بېشىغا ئارتىۋىدى، بەك ياراشتى. يولدا بىز يەنە ئاپتوموبىل مەيدانىنىڭ پىشقەدەملىرىدىن ھۆرمەت دىگەن ياشانغان بىر شوپۇرنى ئۇچراتتۇق. ئۇ خېلى يىراقتىنلا بىزگە توختاڭلار دەپ قول ئىشارىتى قىلدى. مەن ماشىنىغا تورمۇز بېرىپ توختاتتىم. چۈشۈپ ئامان-ئېسەنلىك سوراشتۇق:

— ھۆرمەت، ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئىلياس. قولۇڭدىكى ئاۋۇ بۇركۈتنى چىڭراق باغلىۋالغىن! — ئۇ ئادىتىمىز بويىچە مېنى قۇتلۇقلىدى. — خۇدايىم سىلەرگە بەخت ۋە پەرزەنت ئاتا قىلسۇن!

— رەھمەت سىزگە، ھۆرمەت. سىز نەدىن ئاڭلىدىڭىز؟ — مەن ھەيران بولۇپ سورىدىم.

— ۋاي، بالام، ياخشى ئىشنىڭ خەۋىرى نە-نەلەرگە كەتمەيدۇ دەيسەن بۇ يولدا بىرى يەنە بىرىگە يەتكۈزۈپ...

— ھە، مۇنداق دەڭ! — مەن تېخىمۇ ھەيران بولدۇم.

بىز يولدا تۇرۇپ پاراڭلاشتۇق، ھۆرمەت ھەتتا ماشىنىنىڭ يېنىغا ئاسىلنى كۆرۈشكە كېلىپمۇ قويمىدى. ناھايىتى ياخشى، ئاسىل نىمە ۋەقە ئىكەنلىگىنى پەرەز قىلىپ يەتتىمۇ، بېشىدىكى ياغلىق بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالدى. بۇ چاغدا ھۆرمەت رازىمەنلىك بىلەن كۈلدى.

— ھە، مانا بۇ ئادىتىمىزدىكىدەك بولدى! — دىدى ئۇ، — قىزىم، رەھمەت بىلدۈرگەن ھۆرمىتىڭگە. ھازىردىن باشلاپ سەن بىزنىڭ كېلىنىمىز سەن، پۈتۈن ئاپتوموبىل مەيدانىدىكى پىشقەدەم-

www.uyghurkitap.com

لەرنىڭ كېلىنسەن. ئىلىياس، مە، بۇ مېنىڭ كۆرۈملۈكۈم! — ئۇ يېنىدىن پۇل چىقىرىپ ماڭا ئۇزاتتى. مەن رەت قىلالمايتتىم، رەت قىلسام ئۇنىڭغا سەتچىلىك بولاتتى.

بىز ئايرىلدۇق. ئاسىل بېشىدىن ياغلىقنى ئېلىۋەتمىدى. يولدا تونۇش شوپۇرلار ئۇچرىغاندا ئاسىل كابىنكىدىن چۆشمەيتتى، خۇددى مۇنتىزىم قىرغىز ئائىلىسىدىكىدەك، ئىزا تارتىپ، ياغلىقى بىلەن يۈزىنى ئېتىۋالاتتى. ئىككىمىز يالغۇز قالغان ۋاقتىمىزدا كۈلۈشۈپ كېتەتتۇق.

ئاسىل بېشىغا ياغلىق سېلىۋالسا، ماڭا تېخىمۇ چىرايلىق كۆرۈنەتتى.

— ئامرىغىم، ئېچكە كۆزىڭىزنى، مېنى بىر سۆيۈپ قويىڭە! — دەيتتىم مەن ئۇنىڭغا.

— ياق، چوڭلار كۆرۈپ قالىدۇ، — دەپ جاۋاپ بېرەتتى ئۇ، شۇنىڭ بىلەن بىللە كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ، خۇددى باشقىلار كۆرۈپ قالىدىغاندەك، ئوغرىلىقچە سۆيۈپ قوياتتى.

ئاپتوموبىل مەيدانىدىكى شوپۇرلار بىزنى ئۇچرىتىپ قالغان ۋاقىتلىرىدا، توسۇۋېلىپ، بىزگە بەخت تىلەيتتى. بىرمۇنچە كىشىلەر يول ئۈستىدە بىزگە گۈلدەستە تەييارلاپلا قالماستىن، سوغاتمۇ تەييارلاپتۇ، كىم ئەقىل كۆرسەتتىكىن، ئېھتىمال رۇس يىگىتلىرى ئويلاپ تاپقان بولسا كېرەك، ئۇلار ئۆز ئادىتى بويىچە، توي قىلغان ۋاقىتلىرىدا ماشىنىنى تازا بېزەيتتى، شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، بىزنىڭ ماشىنىمىزنىمۇ ئالا-يېشىل لېنتا، ياغلىق ۋە گۈللەر بىلەن بېزەۋېتىشتى. ماشىنىمىز نەچچە ئون كىلومېتىر يىراقلىقتىمۇ كۆزگە ئالاھىدە كۆرۈنگۈدەك چىرايلىق بولۇپ كەتتى. ئاسىل ئىككىمىز ئۆزىمىزنى

ناھايىتى بەختلىك ھېس قىلىشتۇق، مەن ئاشۇنداق ئاغىنىلىرىم بولغانلىقى بىلەن ناھايىتى پەخىرلىنەتتىم، كونىلار دوست باشقا كۈن چۈشكەندە سىنىلىدۇ، دەيتتى، مەن بەخت ـ سائادەت ئىچىدىمۇ سىنىغلىق بولىدىغانلىقىنى ھېس قىلدىم.

يولدا بىز مېنىڭ جان ـ جىگەر دوستۇم ئەلبېكنى ئۇچراتتۇق. پاكارراق، سېمىز، يوغان باش بۇ يىگىت مېنىڭدىن ئىككى ياش چوڭ ئىدى. ئۇ چوڭ بولسىمۇ، ئىشقا ناھايىتى سالماق مۇئامىلىدە ئىدى. ئاپتوموبىل مەيدانىدا كۆپچىلىك ئۇنى بەكمۇ ھۆرمەتلەيتتى، شۇ سەۋەپتىن كۆپچىلىك ئۇنى ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىنىڭ خىزمىتىگە سايلاشقان. ئەمدى ئۇ قانداق ئۆيدە بولاركىن، دەپ ئويلاپ قالدىم.

ئەلبېك ئۈن ـ تىنسىز ماشىنامغا قارىدى ـ دە، بېشىنى چايقاپ قويدى. ئۇ ئاسلىنىڭ يېنىغا كېلىپ قول ئېلىشىپ كۆرۈشتى ۋە مۇبارەكلىدى.

— ماقۇل، شوپۇرلۇق كىنىشكاڭنى ئېپكەل! — دېدى ئۇ. مەن ھاڭ ـ تاڭ بولۇپ، ئۇندىمەستىن كىنىشكىنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم. ئۇ قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، كىنىشكىنىڭ ئۈستىگە توغرا قىلىپ: "توي ماشىنىسى، 167" دەپ يېزىپ قويدى. 167 دېگىنى كىنىشكامنىڭ نومۇرى ئىدى.

— ۋوي بۇ نېمە قىلغىنىڭ؟ — مەن ھودۇقۇپ قالدىم. — بۇ دېگەن كىنىشكا تۇرسا!

— تارىخي خاتىرە بولسۇن! — دېدى، ئۇ كۈلۈمسىرەپ، — سەن بوغالتىر بولۇمىدە ئولتۇرغانلارنى ئادەم دەپ ھېسابلىمامسەن؟ ئەمدى ئېپكەل قولۇڭنى! — ئۇ مېنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيۈپ قويدى. ھەم-

www.uyghurkitap.com

مىمىز كۈلۈپ كېتىشتۇق. كېيىن بىز ماڭىدىغان چاغدا ئەلبىك مېنى توسۇۋالدى:

— نەدە تۇراي دەۋاتىسەن؟

مەن ئىككى قولۇمنى كەردىم ۋە ماشىنامنى كۆرسەتتىم:

— بىزنىڭ ئۆيىمىز مانا مۇشۇ!

— ماشىنىدا؟ بالىلىق بولغاندىمۇ مەشەدە تۇرامسىلەر؟...قارا، سەن گاراژدىكى مېنىڭ ئۆيۈمگە بېرىپ تۇرغىن، مەن ئاپتوموبىل مەيدانىغا بېرىپ رەھبەرلىككە ئېيتىمەن، مەن ئۆزەم سالغان ئاشۇ ئۆيدە تۇرىمەن.

— ئۇ ئۆي تېخى پۈتمىدى ئەمەسمۇ؟

ئەلبىك رىباچتا ئاپتوموبىل مەيدانىغا يېقىن بىر يەرگە كىچىككىنە بىر ئۆي سالغان ئىدى، خىزمەتتىن بوشىغان ۋاقىتلىرىمدا مەن ئۇنىڭغا ياردەملەشكەن ئىدىم.

— ھېچقىسى يوق. ئىشى ئاز قالغان. ئۆيىنى چوڭراق بولسا ئىدى دەپ ئارزۇ قىلمايلا قوي، ئۆزەڭگە مەلۇم، مەنمۇ ئۆيدىن قىسىلىپ ئۆتۈۋاتىمەن.

— بوپتۇ، رەھمەت ساڭا. بىزگىمۇ بەك چوڭ ئۆي كېرەك ئەمەس. مەنغۇ ئاسلىنى ۋاقىتنچە سىلەرنىڭكىدە تۇرۇپ تۇرسۇن دەپ ئويلىغان ئىدىم، ھالبۇكى پۈتۈن ياتىغىڭنى ماڭا ئۆتۈنۈپ بېرىۋاتىسەن...

— قىسقىسى، بىزنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرۇڭلا. قايتاشىڭدا مېنى كۈتكىن. شۇ چاغدا بىز ئاندىن خوتۇن بىلەن بىرلىكتە بىرەر قارارغا كېلەرمىز، — دىدى ئۇ ۋە كۆزىنىڭ قىرىدا ئاسلىغا قاراپ قويىدى.

— ھەئە، ھازىر بىز ئەر-خوتۇنىمىز!

— توي سەپىرىڭلاردا سىلەرگە بەخت تىلەيمەن! — ئەلبېك ماشىنىمىزنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ۋاقىرىدى.

قارا بۇنى! راست-تە، بۇ دەل بىزنىڭ توي سەپىرىمىزغۇ! ئۇنداق بولماي نىمە بولاتتى؟

بىز ناھايىتى خوشال ئىدۇق، چۈنكى ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدۇق، پەقەت بىر ئىشلا كۆڭلۈمنى سەل غەش قىلاتتى.

بىر ئايلانمىدا جانتاينىڭ ماشىنىسى كۆرۈندى. ئۇ يالغۇز ئەمەس، يېنىدا يەنە كاتېژا ئولتۇراتتى. جانتاي قول ئىشارىتى قىلدى. مەن ماشىنامغا قاتتىق تورمۇز بەردىم. ئىككى ماشىنا بىر بىرىگە ئۇسسىدىۋالغىلى تاس قالدى. جانتاي ماشىنا دەرىزىسىدىن بېشىنى چىقىرىپ سورىدى:

— سەن نىمە دەپ توي قىلىدىغاندەك ياسىنىۋالدىڭ؟

— دەل توي قىلدىم! — دىدىم مەن.

— شۇنداقمۇ؟ — ئۇ ئاۋازىنى سوزۇپ چىقىرىپ، بۇرۇلۇپ كاتېژاغا قاراپ قويىدى-دە، ئىتتىكلا دىدى. — بىز بولساق سېنى ئىزدەپ يۈرىمىز!

كاتېژا ماشىنىدا داڭقېتىپ، تامدەك تاتىرىپ، ئەرۋايى ئۇچقاندەك بولۇپ ئولتۇراتتى.

— كاتېژا، ياخشىمۇسەن! — دىدىم مەن ئۇنىڭغا ئەدەپ بىلەن.

ئۇ ئۈن-تىنسىز بېشىنى لىڭشىتىپ قويىدى.

— بۇنداقتىزە ئۇ سېنىڭ ئامرىغىڭ ئىكەن-دە؟ — جانتاي ئەمدىلا بۇنىڭ راست ئىكەنلىكىنى پەرەز قىلدى.

— ياق، ئۇ مېنىڭ خوتۇنۇم، — دىدىم مەن ئۇنىڭغا رەددىيە بېرىپ ۋە ئاسلىنىڭ مۈرىسىنى قۇچاقلاپ قويدۇم.

— نىمە؟ — جانتاينىڭ كۆزى چانىغىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى، ئۇنىڭ خوشال بولغانلىغىنىمۇ، خاپا بولغانلىغىنىمۇ بىلگىلى بولمايتتى. — ھە، قۇتلۇق بولسۇن، چىن كۆڭلۈمدىن قۇتلۇقلايمەن...

— رەھمەت!

جانتاي كۆرەڭلىگەن ھالدا كۈلدى ۋە سورىدى:

— قارا سىنىڭ چاققانلىغىڭنى، قالىڭمال① بەرمەيلا بىر خوتۇننى قولغا كىرگۈزۈۋاپسەن-دە؟

— كالۋا! — تىللىدىم مەن. — ھەيدە ماشىناڭنى!

دۇنيادا مۇشۇنداقمۇ كىشىلەر بولىدۇ دىسە! ئۇنى تىللاپ تويغۇزۇۋېتەي دېۋىدىم، لېكىن ماشىنا دەرىزىسىدىن قارىسام، جانتاي ماشىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ، قولى بىلەن يۈز-كۆزىنى ئۇۋۇلاپ نىمىدۇر دەپ غودۇراۋاتاتتى ھەمدە كاتيژاغا مۇشتۇمى بىلەن تەھدىت سېلىۋاتاتتى كاتيژا بولسا يولدىن يۈگۈرگەن پېتى ئېتىزلىققا كىرىپ كەتتى. ئۇ يۈگۈرۈپ-يۈگۈرۈپ يەرگە يىقىلدى-دە، ئىككى قولى بىلەن بېشىنى توسىۋالدى. ئۇلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا نىمە ۋەقە ئۆتۈلدىكىن، ھەر ھالدا كاتيژاغا ئىچىم ئاغرىدى. مېنىڭدە ئۆزەمنى گۇناكاردەك ھىس قىلغان بىر تۇيغۇ پەيدا بولدى. مەن ئاسلىغا ھېچ نىمە دەپ چۈشەندۈرمىدىم.

بىر ھەپتىدىن كېيىن بىز گاراژ يېنىدىكى كىچىك ئۆيگە كۆچۈپ كېلىۋالدۇق. ئۆي ئانچە چوڭ ئەمەس، پەقەت بىر ئېغىز مېھمانخانا

---

① قالىڭمال — كونا ئادەت بويىچە قىز ئالغۇچى تەرەپ كېلىشىم بويىچە قىز تەرەپكە بېرىدىغان مال، ئاساسەن ئات، كالا، قوي قاتارلىقلار.

ۋە ئىككى ئېغىز ياتاقخانىلا بار ئىدى. بۇنداق ئۆيلەردىن بۇ يەردە بىرنەچچىسى بار ئىدى، بۇ يەردە ئائىلىلىك شوپۇر ۋە بېنزىن پونكىتىدىكى ئىشچىلارلا تۇراتتى. لېكىن جايلاشقان ئورنى ناھايىتى بەلەن ئىدى، تاشيولنىڭ ئىككى ياقىسىغا جايلاشقان بولۇپ، نارىنغا يېقىن ئىدى، قانداق دېگەن بىلەنمۇ ئوبلاستنىڭ مەركىزىگە جايلاشقان ـ دە، كىنوخانىلارغىمۇ، ماگىزىنلارغىمۇ بارغىلى بولاتتى، دوختۇرخانىمۇ بار ئىدى. بىزنى يەنىمۇ خوشال قىلغىنى گاراژنىڭ دەل قاتناش لىنيىسىنىڭ ئوتتۇرىسىغا جايلاشقانلىقى بولدى. بىزنىڭ قاتناش لىنيىمىز ئاساسەن نارىن بىلەن شىنجاڭ ئارىلىقىدا ئىدى. ئارىلىقتا ئۆيگە قايتىپ قونۇپ ئۆتكىلى بولاتتى. ھەر كۈنى دىگۈدەك ئاسىل بىلەن ئۇچرىشىپ تۇراتتىم. يول ئۈستىدە كاشىلا بولۇپ، يېرىم كېچىگە قالسامۇ بەرىبىر ئۆيگە قايتاتتىم. ئاسىل ھامان مېنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى. مەن قايتىپ كەلمىگىچە ئۇخلىماي ئەنسىرەپ ئولتۇرغان بولاتتى. بىر ئانچە ـ مۇنچە ئۆي سەرەمجانلىرىمۇ ئالدۇق. قىسقىسى، تۇرمۇشىمىزنى پەيدىن ـ پەي غەملىۋالدۇق. بىز ئاسىل ئۈچۈن بىرەر خىزمەت تېپىش كويىغا چۈشتۇق، بۇنىمۇ ئاسىل ئۆزى تەلەپ قىلىپ تۇرۇۋالغان. مەن بېزىدا چوڭ بولغان، ئىشتىن توختاپ قالمىغان، دەيتتى ئۇ. لېكىن ئارمان قىلغىنىمىزدەك خوشاللىققا چۆمدۇق: ئاسىل پات ئارىدا ئانا بولماقچى.

...ئاسىل يەڭگىيدىغان كۈنى مەن جۇڭگودىن قايتىپ كەلدىم. ئەنسىرەپ دەرھال دوختۇرخانىغا باردىم. ئۇ نارىندىكى تۇغۇتخانىدا ئىدى. تۇغۇتخانىغا بېرىشىمغىلا ئۇ بىر ئوغۇل تۇغدى! ئۇلار مېنى كىرگۈزمەيتتى، ئەلۋەتتە. مەن ماشىنامغا ئولتۇرۇپ ناققا قاراپ چاپتىم. بۇ تازا قەھرىتان سوغاق كۈنلەر ئىدى. تۆت ئەتراپ ئاق

قار ـ كۆك مۇز بىلەن قاپلانغان ھالغ ئىدى. كۆزۈمگە ھەممە ياق ئاق، قارا، ئاق، قارا بولۇپلا كۆرۈنەتتى... مەن دولقۇن ئېغىزىنىڭ چوققىسىغا چىقتىم. بۇ يەر پۈتۈنلەي بۇلۇتقا تاقاشقان بولۇپ، بۇلۇتلار يەر ئۈستىدە لەيلەپ يۈرەتتى، ئاستىدىكى كىچىك تاغ چوققىلىرى چالمىدەك كىچىك كۆرۈنەتتى. مەن ماشىنامدىن چۈشۈپ ھاۋانى قاتتىق سۈمەردىم ۋە ئۈنلۈك ۋاقىردىم:

— ھەي، تاغ! مەن ئوغۇل تاپتىم!

ماڭا تاغلار زىلزىلىگە كەلگەندەك تۇيۇلدى، تاغلار ئاۋازىمنى تەكرارلايتتى، ئەكس سادا دولقۇنسىمان ئايلىنىپ، بىر جىلغىدىن ئىككىنچى بىر جىلغىغا ئۆتۈپ ئۇزاققىچە جاراڭلايتتى.

ئوغلىمىزغا سامات دەپ ئات قويدۇق. تېخى بۇ ئىسمنى مەن تاپقان. سامات، بىزنىڭ سامات، سامات كۈلدى، ساماتقا چىش چىقىپتۇ — ئەنە شۇ تەرىقىدە، بىزنىڭ پۈتۈن گەپ ـ سۆزىمىز ساماتتىن ئايرىلمايتتى. قىسقىسى، ياش ئاتا ـ ئانىلار ئادەتتە قىلىدىغان قىلىقنى بىزمۇ قىلاتتۇق.

بىز تولىمۇ ئىناق، ئامراق ئۆتەتتۇق. لېكىن كېيىنچە نەس باستى.

ھازىر مەن پالاكەتنىڭ نەدىن كەلگىنىنى ئېنىق چۈشەندۈرۈپ بېرەلمەيمەن. ھەممە ئىش چىگىش ـ مۇرەككەپ بولۇپ گىرەلىشىپ كەتكەن ئىدى... دۇرۇس، ئەمدى مەن نۇرغۇن ئىشلارنى چۈشەندىم، لېكىن بۇنىڭ نىمە كېرىكى.

بۇ ئادەم بىلەن مەن يول ئۈستىدە ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قېلىپ كېيىن ئايرىلىپ كەتكەن، لېكىن شۇنىسى گۇمانسىزكى، بۇ ھەرگىز بىزنىڭ ئاخىرقى مەرتەم كۆرۈشىشىمىز ئەمەس ئىدى.

كەچ كۆز مەزگىلى ئىدى، بىر كۈنى مەن ماشىنامىنى ھەيدەپ يولغا چىقتىم. ھاۋا ئادەمنى بىزار قىلاتتى. يامغۇر دىسە يامغۇر ئەمەس، قار دىسە قار ئەمەس، شەيتان بىلەمدۇ، ئىش قىلىپ ھول، ئۇششاق بىرنىمە يېغىپ تۇراتتى. داۋاننى تۇمان قاپلاپ كەتكەن. يامغۇردا ماشىنا ئەينىكى تۇتۇق بولۇپ كەتكەچكە، يول بويى دىگۇدەك ئەينەك چوتكىسىنى توختاتمىدىم. بۇ چاغدا مەن تاقىقا ئىچكىرىلەپ كىرىپ، دولۇنغا يېقىنلىشىپ قالغان ئىدىم. ئېخ دولۇن، دولۇن، تىيانشاننىڭ غايەت زور تۇسالغۇسى! مىڭىڭدە قانچىلىغان نەرسە سىڭنىڭ بىلەن باغلانغان-ھە! بۇ پۈتكۈل لىنىيە ئەڭ مۇشكۈل، ئەڭ خەتەرلىك يەر ئىدى. يول خەتەرلىك تاشلار ئارىسىدىن نەچچىلىگەن يەردە ئايلىنىپ، تىك تاغ باغرىنى بويلاپ يۇقۇرىغا قاراپ ئۆرلەپ، بۇلۇتلار ئىچىگە كىرىپ كېتەتتى، ماشىنىنىڭ چاقى بۇلۇت ئۈستىدە ماڭغاندەك ماڭاتتى، بىر دەم ئولتۇرغان ئورنىمىزدىن قىمىرلىيالماي قالاتتۇق، بېلىمىزنى سوزۇشقا بولماي قالاتتى، بىر دەم تېز ئايلىنىپ تۆۋەنگە سىرىلەتتۇق، ئىككى قولىمىزدىن تەر چىقىپ كېتەتتى، رولنىڭ قولىمىزدىن چىقىپ كېتىشىدىن بەك ئەنسىرەيتتۇق. تاغ ئېغىزىدىكى ھاۋا رايى شاش تۆگىدەك ئىدى. دولۇن ئېغىزىدا يازمۇ، قىشمۇ ئوخشاش بولاتتى: ھايت-ھۇيت دىگىچىلىك ئارىلىقتا قارا بوران چىقىپ، قارا يامغۇر يېغىپ، يەر يۈزىنى مۆلدۈر قاپلاپ كېتەتتى، ياكى بولمىسا پاختەكتەك-پاختەكتەك قار يېغىپ ھېچنىمىنى كۆرگىلى بولمايدىغان بولۇپ كېتەتتى. دولۇن ئېغىزى دىگەن ئەنە شۇ!... لېكىن بىز تىيانشانغا تولا قاتناپ يۈرۈپ بۇ ھالغا ئۆگىنىپ كەتكەنمىز، ھەتتا كېچىلىرىمۇ پات-پات بۇ يەردىن ئۆتەتتۇق. ھازىر شۇ چاغدىكى ئىشلارنى ئەسلىسەم، بۇ جاپا-مۇشەققەتلىك

www.uyghurkitap.com

مۇساپە كۆز ئالدىمدىن بىر-بىرلەپ ئۆتىدۇ، ۋاھالەنكى، شۇ چاغلاردا يىل بويى شۇ يەردە قاتناپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىمدا بۇ ھەقتە تولىمۇ ئويلاپ كەتمەيتتىكەنمەن.

دولۇن ئېغىزىغا يېقىن بىر جىلغىدا مەن بىر يۈك ماشىنىسىغا يېتىشىۋالدىم. بۇ ماشىنىنىڭ "گاز — 51" ئىكەنلىكى ئېنىق ئېسىمدە. ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا، مەن ئۇنىڭغا يېتىشىۋالمىدىم، ئۇ ئاشۇ يەردە تۇرغان ئىكەن. ئىككىيلەن ماتورنىڭ يېنىدا نىمىنىدۇر ئوڭلاپ تۇراتتى. بىرەيلەن ھېچبىر تەمتىرىمەستىن يول ئوتتۇرىسىغا كېلىپ قولىنى كۆتەردى. مەن تورمۇز بەردىم. بۇ ئادەم ھۆل بولۇپ كەتكەن بىرىزىنت يامغۇرلۇق كىيگەن بولۇپ، يامغۇرلۇقىنى بېشىغا كىيىۋالغان ئىدى، ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كەلدى. ئۇ قىرىقلارغا بېرىپ قالغان كىشى بولۇپ، ھەربىلەرنىڭكىدەك قىسقا قوڭغۇر بۇرۇت قويىۋالغان ئىدى، ئۇنىڭ چىرايى سەل تۇتۇق بولسىمۇ، لېكىن كۆز نۇرى ناھايىتى تەمكىن ئىدى.

— بۇرادەر، مېنى دولۇن ئوچاستىكىسىغىچە ئالغاچ كەتسەڭ، — دېدى ئۇ، — موتور بۇزۇلۇپ قالدى، بېرىپ سۆرەپ ئېپكېتىشكە بىر تىراكتور ئېپكېلەي دەيمەن.

— ماشىنىغا چىقىڭ، ئالغاچ كېتەي. بولمىسا بىرەر ئامالىنى كۆرىمىزمۇيا؟ — دېدىم-دە، ماشىنىدىن چۈشتۈم.

— قىلىدىغان نىمە ئامالىمىز بار دەيسەن، موتور كۆيۈپ كەتتى-دە، كۆرۈلدەپمۇ قويمايدۇ، — ئۇ روھسىزلانغان ھالدا تاراق قىلىپ ماشىنا قاپقىقىنى يېپىپ قويدى. بۇ بىچارە ئادەم توڭۇپ كۆكىرىپ كېتىپتۇ، ئۇ تىترەپ تۇراتتى. ئۇزايىدىن بىزنىڭ ئاپتوموبىل مەيدانىمىزدىكىلەردىن ئەمەس، بەلكى جۇمھۇرىيەت پايتەختىنىڭ قەيەرىدىندۇر بىر

يېرىدىن كەلگەندەك قىلاتتى. ئۇ ئامالسىز تۆت ئەتراپىمغا قارايتتى. ئۇلار فرۇنزىدىن مال توشۇش ئۈچۈن ئوچاستىكىغا كېتىۋاتقان ئىكەن. "قانداق قىلغۇلۇق؟" دەپ ئويلايتتىم مەن. شۇ چاغدا كاللامغا قارام بىر ئوي كەلدى. لېكىن ئېيتماي ئالدى بىلەن تاغ ئېغىزىغا نەزەر سالدىم. هاۋا تۇتتۇق بولۇپ، بۇلۇتلار تاغ ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرەتتى. شۇنداق بولۇشىغا قارىماي، مەن يەنىلا قارارغا كەلدىم. بۇ قالتىس ياخشى ئامال بولمىسىمۇ، لېكىن شۇ چاغدا مەن ئۈچۈن ئېيتقاندا تەۋەككۇلچىلىك ئىدى.

— تورمۇزۇڭلار ياخشىمۇ؟ — سورىدىم مەن.

— نېمە دەۋاتىسەن،... تورمۇز ياخشى بولمىسا ماشىنا هەيدىيەلەمتىم؟ ساڭا ئېيتتىمغۇ، موتور بۇزۇلۇپ قالدى دەپ.

— ئاغامچا بارمۇ؟

— بار!

— ئەمىسە چىقىڭلار.

ئۇلار بىر هازاغىچە گەپ قىلماي، گۇمان بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇشتى.

— نېمە، ساراڭ بولۇپ قالدىڭمۇ؟ — دېدى شوپۇر ئاستا ئاۋازدا. ياخشىمۇ، يامانمۇ ئۇقمايمەن، مېنىڭدە بىرەر پىكىرگە كەلسەم جان تىكىپ بولسىمۇ دېگەن مەقسىدىمگە يەتمەي توختىمايدىغان بىر مىجەز بار ئىدى.

— هەي، دوستۇم، چاتقىنا! راستىمنى ئېيتسام، مەن سىلەرنى چوقۇم يەتكۈزەلەيمەن! — دېدىم مەن ئۇنىڭغا بىر قەدەم يېقىنلىشىپ.

لېكىن شوپۇر مېنى ئىتتەردى.

www.uyghurkitap.com

— ئۆزەڭ كېتۋەر! نىمە، سەن بۇ يەردە چاتما چىتىپ يۈرۈشكە بولمايدىغانلىقىنى بىلمەمسەن؟ ھەتتا پەرەز قىلىشمۇ مۇمكىن ئەمەس.

خۇددى مىنىڭ ئەڭ چوڭ تەلۋىمنى رەت قىلغانــدەك، ناھايىتى خىجىل بولــدۇم.

— كالۋا، توخۇ يۈرەك! — دەۋەتتىم مەن.

مەن يول ئاسراش ئىشچىسىنى (ئۇنىڭ يول ئاسراش ئىشچىسى ئىكەنلىكىــنى كېــيىن بىلــدىم) چاقىــردىم. ئۇ ماڭــا قاراپ قويۇپ شوپۇرغا دىدى:

— ئىپپىكەل ئاغامچىنى.

شوپۇر ھەيران بولدى:

— سەن جاۋاپكار بولۇشۇڭ كېرەك، بايتېمىر.

— پۈتۈن جاۋاپكارلىقنى مانا مەن ئۈستۈمگە ئالىمەن! — دىــدى ئۇ قىسقىغىنا.

بۇنداق پوزىتسىيە ئادەمنى خوشال قىلاتــتى. بۇنــداق ئادەمــگە بىر دەمدىلا ھۆرمەت قىلغۇڭ كېلىدۇ.

بىز ماشىنىنى ھەيدىدۇق، ئىككى ماشىنا ئاغامچا بىلەن چىتىلــغان ئىدى. ھە دىگەندە ھىچقانداق ئىــش چىقمىــدى، ھەمــمە ناھايىتى نورمال ئىــدى. لېــكىن دولۇن ئېغىزىــدىن ئۆتىدىــغان چاغــدا يول دۆڭ ۋە خەتەرلىك ئىدى. موتور قۇلاقنى گاس قىلــغۇدەك غوڭۇل-دايتتى. "يالغاندىن غوڭۇلداۋاتىسەنغۇ، كۈچۈڭدىن تاكى ئاخىرىغىچە پايدىلانمىــسام ھىــساپ ئەمەس" دەپ ئويلىــدىم مەن. بۇرۇن مەن دولۇن ئېغىزىدا يول قانچىــلىك خەتەرلىك بولىــسىمۇ ماشىنىــدا يەنە ئازراق نەرسە سۆرىــگۈدەك كۈچ ئېــشىپ قالىدىغانلىقىــغا دىقــقەت قىلغان ئىدىم. بۈگۈن بېسىشتىمۇ ناھايىتى دىققەت قىلاتتۇق، نورمىنىڭ

يەتىمىش پىرسەنتىدىن ئاشۇرمايتتۇق. دۇرۇس، ئۇ چاغلاردا مەن بۇنداق بولۇشنى ئويلاپ باقمىغان ئىدىم. تەنھەركەت مەيدانىدىكىدەك، ۋۇجۇدۇم كۈچلۈك بىر غەيرەتكە تولدى: خەقنىڭ ماشىنىسىنى ئۇچاستىكىغىچىلىك ئېيىپىرىپ بېرىپ ئۆز مەقسىدىمگە يەتمەي قويمايمەن، دىگەن غەيرەتتە بولدۇم. لېكىن بۇنى ئىشقا ئاشۇرماق ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەس ئىدى. ماشىنا ئىترەپ، ئەڭ زور كۈچىنى چىقارماقتا. ھۆل بىرنەمە كېلىپ ماشىنا ئەينىكىگە چاپلاشتى، چوتكا توختىماي ھەركەتلەنمەكتە. نەدىندۇر بىر يەردىن بىر پارچە قاپ ـ قارا بۇلۇت لۆمشۈپ كەلدى ـ دە، توپمۇ ـ توغرا ماشىنا چاقىغا تاقىلىپ، يولنى كۆرگىلى بولمايدىغان قىلىپ قويدى. بۇ يەردە ئايلانمىلارنىڭ ھەممىسى ناھايىتى خەتەرلىك ئىدى. نىمىشقا ماشىنىنى چېتىپ قويدۇم، باشقىلارنىمۇ سۆرەپ ھالاك قىلمىسام بولاتتىغۇ، دەپ ئىچىمدە ئۆزەمنى گۇناكارنى ئەيىپلىگەندەك ئەيىپلىدىم. ھازىر ماشىنىدىن كۆرە ئۆزەم ئازاپلىماقتىمەن. مەن ئۈستىبېشىمنى ــ شەپكەمنى، تۇجۇركامنى، يۇڭ پوپايكا ۋە تىۋىت پوپايكامنى ــ قويماي سېلىۋېتىپ كۆينەكچان بولۇپ ئولتارساممۇ، لېكىن خۇددى مونچىدىكىدەك تەرلەپ كەتكەن ئىدىم. بىر ماشىنىنى يەنە كېلىپ يۇك بېسىلغان بىر ماشىنىنى سۆرىنىش ئاسانمۇ، ئېغىردە ئۇ، چاخچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس! ھەر ھالدا بايتېمىر ماشىنا ئىشىگىنىڭ سىرتىدا تۇرۇپ، ئىككى ماشىنىنىڭ ھەركىتىنى تەكشەپ، ماڭا تۇۋلاپ، سۆرىتىلگەن ماشىنىدىكى شوپۇرغا قول ئىشارىتى قىلىپ تۇردى ـ دە. ماشىنا دۆڭگە ياماشقان چاغدا بايتېمىر بىرەر ۋەقەگە ئۇچراپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ، بەرداشلىق بېرەلمەي بىرەر يەرگە ئۆزىنى ئاتارمىكىن دەپ ئويلىغان ئىدىم. لېكىن ئۇ قىسمىر قىلماي

www.uyghurkitap.com

تۇردى. ماشىنا خۇددى بۈركۈت ئاسمانغا قاراپ ئۇچـقاندەك ئاستا-ئاستا يۇقۇرىغا قاراپ ئۆرلىمەكتە، بايتېمىر بولسا يەنىلا ماشىنا ئىشىگىنى تۇتۇپ ئۆز ئورنىدا چىڭ تۇرماقتا. ئۇنىڭ چىرايىغا سەپسالدىم. ئۇنىڭ چىرايى خۇددى تاش ھەيكەلنىڭكىدەك تەمكىن ئىدى. يامغۇر ئۈزلۈكسىز تۆردە ئۇنىڭ چېكىسىگە، ساقال-بۇرۇتلىرىغا تېگىپ ئېقىپ چۈشۈپ تۇراتتى. يۈرىكىم خېلى ئورنىغا چۈشتى.

ئالدىمىزدا يەنە بىر داۋان بار ئىدى، بۇ داۋاندىن ئۆتۈپ كەتسەكلا، غەلبە بىزنىڭ بولاتتى. بۇ چاغدا بايتېمىر ماشىنا ئىشىگىنىڭ دەرىزىسىدىن توۋلىدى:

— ھېزى بول، ئالدىمىزدىن ماشىنا كېلىۋاتىدۇ، ئوڭغا بۇرۇل.

مەن ماشىنىنى ئوڭغا بۇرىدىم. تاغدىن بىر يۈك ماشىنىسى — جانتايىنىڭ ماشىنىسى كېلىۋاتاتتى! ئاپلا، دەپ ئويلىدىم مەن، ئەمدى مەن بىخەتەرلىك مەسئۇلىنىڭ تەنقىدىگە قالدىغان بولدۇم-دە، جانتاي چوقۇم چېقىشتۇرىدۇ. جانتاي بارغانسىرى يېقىنلاپ كەلمەكتە. ئۇ رولغا مەھكەم ئېسىلىپ ماشىنىسىنى داۋاندىن چۈشۈرمەكتە، قاپىغىنى تۈرۈپ، ئالغا قارىماقتا. ئىككىمىزنىڭ ماشىنىسى بىر بىرىمىزگە قول بەرسەك يەتكۈدەك يېقىن تەڭلەشتى. ماشىنا قاتارلاشقان چاغدا، جانتاي بېشىنى قاراپ تۇرغان كىچىك دەرىزىدىن تارتتى-دە، تولكە تۇماق كىيگەن بېشىنى مېنى ئەيىپلىگەن كەيپىياتتا چايقىدى. ”قوپە نېرى! — دەپ ئويلىدىم مەن. — تىلىڭنى چاينىساڭ چايناۋەرگىن.“

بىز داۋانغا چىقىپ بولدۇق، ئەمدى تۆۋەندە تىك بەل تۇراتتى، ئاندىن كېيىن سەل يانتۇ بەل بولۇپ، بىر ئايلانساقلا ئوچاستكا جايلاشقان جاڭزىغا باراتتۇق. مەن شۇ ياققا بۇرىدىم. ئاخىر سۆرتىپ

ئېپكەلدىم! مەن موتورنى ئۆچەردىم، قولغىم ئېتىلىپلا قالدى. مەن ئۆزەم پاك ئەمەس، تەبىئەت گاچا بولۇپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ھېچبىر ئاۋاز ئاڭلانمايتتى. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، پەلەمپەيدە ھەسرەپ ئولتۇراتتىم، بەكمۇ ھېرىپ كەتكەندەك بولدۇم، يەنە كېلىپ تاغدا ھاۋا ناھايىتى شالاڭ ئىدى. بايتېمىر ئىتتىك ئالدىمغا كېلىپ شەپكەمنى كىيگۈزۈپ، يۇڭ پوپايكامنى يېپىنچاقلىنىپ قويدى. ئۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئىزا تارتقان، تاتارغان ھالدا تەسلىكتە يېنىمغا كېلىپ ئۈن-تىنسىز ئالدىمدا ئولتۇردى ۋە بىر قاپ تاماكا سۇندى. مەن بىر تال تاماكا ئالدىم، قولۇم يەنىلا تىترەپ تۇراتتى. بىز بىر دەم تاماكا چېكىپ بىرئاز تېنچىدۇق. مېنىڭدىكى ھىلىقى ئۆلگۈر تەۋەككۈلچىلىك يەنە يېڭىۋاشتىن ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىدى.

— خا! — دېدىم مەن، — كۆردۈڭمۇ! — مەن ھىلىقى شوپۇرنىڭ مۈرىسىگە ئۇرۇپ قويدۇم، ئۇ بولسا ئاۋالقىدەكلا زوڭزىيىپ ئولتۇراتتى. ئاندىن كېيىن ئۈچلىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق، بىر بىرىمىزنىڭ مۈرىسىگە ۋە غولىغا ئۇرۇپ قويۇپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىشتۇق، خوشال ھالدا بىمەنە چاخچاقلارنى قىلىشتۇق...

ئاخىر ھەممىمىز تىنچىپ، ئىككىنچى تاماكىنىمۇ چېكىشۋەتتۇق. مەن ئەڭلىمنى كىيىپ، سائىتىمگە قارىدىم. بىردىنلا ئۆز ئىشىم يادىمغا چۈشتى.

— بولدى، مەن كەتتىم!

بايتېمىر تۇمشۇغىنى ئۈچلىدى:

— قويە، ئۆيگە كىرىپ بىر دەم ئولتۇرۇپ كەتكىن، سېنى بىر مېھمان قىلايلى!

لېكىن مېنىڭ بىر مىنۇتمۇ بوش ۋاقتىم يوق ئىدى.

www.uyghurkitap.com

— رەھمەت، — دېدىم مەن مەمنۇنلۇق بىلەن، — ئەمدى ئولتۇرالمايمەن. تېزرەك قايتمىسام بولمايدۇ، خوتۇنۇم كۈتۈپ قالىدۇ.

— يا بولمىسا قونۇپ قالغىن، ئىككى رۇمكىدىن ئىچىشىۋالايلى! — يېڭى شوپۇر ئاغىنەممۇ دەۋەت قىلدى.

— بوپتۇ، كېتىۋەرسۇن! — دېدى بايتېمىر ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلۈپ، — خوتۇنى كۈتۈپ قالىدۇ. ئېتىڭ نىمە سىنىڭ؟

— ئىلياس.

— بوپتۇ، ماڭە ئىلياس. بىزنى قۇتقازغىنىڭغا رەھمەت.

بايتېمىر ماشىنامنىڭ دەرىزىسىگە ئېسىلىپ تۇرۇپ مېنى يولغىچە ئۇزىتىپ قويدى ۋە ئۇندىمەستىن قول ئېلىشىپ چۈشۈپ كەتتى.

ماشىنامنى ھەيدەپ تاغدىن چۈشۈپ كېتىۋېتىپ سىرتقا قارىدىم. بايتېمىر يەنىلا يولدا تۇراتتى. ئۇ شەپكىسىنى مىجىقلاپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، نىمىنىدۇر بىرنىمىنى ئويلاۋاتاتتى.

بۇ ئىشنىڭ پۈتۈن جەريانى مانا مۇشۇنداق.

مەن بۇ ئىشنىڭ ھەممە تەپسىلاتىنى ئاسلىغا دەپ يۈرمىدىم. ئۇنىڭغا پەقەت يول ئۈستىدە بىراۋلارغا ياردەملىشىمەن دەپ ھايال بولۇپ قالدىم، دەپلا قويدۇم. مەن خوتۇنۇمدىن ھېچنىمىنى يوشۇرمايتتىم، لېكىن بۇنداق ئىشلارنى ئېيتىشقا جۈرئەت قىلمايتتىم. ئۇ بۇنداق ئىشنى بىلمىسىمۇ كۆپ بويىچە مېنىڭدىن ئەنسىرەپ ئولتۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق ئىشنى قىلماسلىق كويىدا بولدۇم. ئۆمرۈمدە دولۇن ئېغىزى بىلەن مۇشۇنداق بىرەر قېتىم ئېلىشقىنىممۇ يېتەرلىك ئىدى. ئەگەر قايتىشىمدا يولدا ئاغرىپ قالمىغان بولسام — شۇ چاغدا ماڭا سوغاق تېگىپ قېپتىكەن — ئەتىسى بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتىم. شۇ كۈنى ئۆيگە

تەستە قايتتىم، كېلىپلا يېتىپ قالدىم. شۇ چاغدا نىمە بولغانلىقىمنى بىلمەيتتىم، خۇددى بىر ماشىنىنى سۈرتۈپ دولۇن ئېقىنىدا كېتىۋاتقاندەك ئېلىڭ-سىلىڭ بولۇپ كەتتىم. ئىسسىق شىۋىرغان يۈزۈمنى كۆيدۈرەتتى، تېنىم ئېغىرلىشىپ، نەپىسىم بوغۇلاتتى. رول خۇددى پاختىدا ياسالغاندەك ئىدى، ئۇنى ئايلاندۇرسام، ئۇ خېمىردەك بولۇپ كېتىپ باراتتى. ئالدىمدا تاغ ئېغىزى — لېكىن چېتىنى كۆرەلمەيتتىم، ماشىنا ئالدىدىكى سوۋۇتقۇچىنى قانىتى ھىساۋىدا لەپىلدىتىپ، ئاسماننىڭ قەرىگە توختىماي ئۆرلەپ كېتىۋاتاتتى، گۈكىرەيتتى، بىردىنلا تىك ياردىن غۇلاپ چۈشۈپ كەتتى... روشەنكى، "باش قېيىش" كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ قېپتىمەن. ئۈچىنچى كۈنى بارا-بارا ئۆگىلىنىپ قالدىم. شۇنىڭدىن كېيىن يەنە ئىككى كۈن ياتتىم، سەل ياخشى بولۇپ قالغاندەك بولۇپ ئورنۇمدىن تۇرماقچى بولغان ئىدىم، لېكىن ئاسىل زادىلا ئۇنىمىدى، قوپماي ياتسەن دەپ زورلىدى. مەن كۆزلىرىمنى پارقىرىتىپ يېتىپ تۇرۇپ ئويلايتتىم: مەن كېسەل بولۇپ قالدىممۇ، ئاسىلمۇ؟ مەن ئۇنى ھەتتا تونۇيالماي قالدىم: ئۇ قىينالغانلىقتىن كۆزىنىڭ ئەتراپلىرى قارىداپ كەتكەن ئىدى، ئۆزىمۇ جۇدەپلا كېتىپتۇ، شامال چىقسا ئۇچۇپ كېتىدىغاندەكلا كۆرۈنەتتى. يەنە كېلىپ ئۇنىڭ قولىدا بالا تۇراتتى. مەن بۇنداق قىلسام بولمايدۇ دېگەن قارارغا كەلدىم. ھېچبىر ئىش قىلماسلىقىقا ھەققىم يوق. ئاسىل دەم ئېلىشى كېرەك. مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كىيىنىشكە باشلىدىم.

— ئاسىل! — دەپ ئاستا قىچقاردىم مەن، چۈنكى سامات ئۇخلاپ قالغان ئىدى، — ساماتنى خوشنىلارنىڭ قاراپ تۇرۇشىغا تاپشۇرۇپ، بىز كىنو كۆرۈپ كېلەيلىچۇ.

ئۇ ئىنتايىن كېلىپ مېنى بېسىپ ياتقۇزۇپ، خۇددى تۇنجى قېتىم كۆرۈۋاتقاندەك قاراپ كەتتى، ئۇ يېشىنى چىقارماسلىققا تىرىشتى، لېكىن ياش مونچاقلىرى كىرپىكىنى ھۆل قىلىۋەتتى، ئاغزى ئۆمچىيىپ كەتتى. ئاسىل يۈزىنى باغرىمغا بېسىپ يىغلاپ كەتتى.

— نىمە بولدۇڭ ئاسىل، نىمە بولدۇڭ؟ — مەن ھەيران بولۇپ قالدىم.

— سەن ساقايغاچقا خوشال بولۇۋاتىمەن.

— مەنمۇ خوشال، لېكىن سەن نىمە دەپ بۇنچىۋالا ھاياجانلىنىپ كەتتىڭ؟ نەچچە كۈن ئاغرىپ قالغان بولساممۇ، لېكىن سېنىڭ بىلەن بىللە ئۆيدە بولدۇم، سامات بىلەنمۇ تازا خوشال ئوينىدىم. — بۇ چاغدا ئوغلىمىز ئۆسمىلىگەن، ئايىغى چىقاي دەپ قالغان ئىدى، بۇ ئادەمنى تازا خوشال قىلىدىغان ۋاقتى-دە. — بىلەمسەن، يەنە بىر قېتىم مۇشۇنداق كېسەل بولۇپ قالسام مۇ مەيلى، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا چاخچاق قىلىپ.

— دەۋاتقان گېپىنى، مەن ئۇنداق بولۇشىنى خالىمايمەن جۇمۇ! — دېدى ئاسىل مېنىڭ سۆزۈمنى رەت قىلىپ.

سامات ئويغاندى. ئاسىل ئۇنى كۆتىرىۋالدى. ئۈچىلىمىز كارۋاتتا يېتىپ، قول-پۇتىمىزنى غىدىقلاپ تازا ئوينىدۇق. سامات خۇددى ئېيىقتەك كارۋاتتا ئۆمىلەپ، بىزنى بېسىپ-چەيلەپ ئوينايتتى.

— قارا، نىمە دېگەن ياخشى! — دېدىم مەن. — ساڭا راھەتمۇ؟ يات ئاردا ئايىلغا سىلەرنىڭگە بارىمىز. ئۇلار بىزنى كەچۈرمىگەن تەقدىردىمۇ ئوغلىمىزنى كۆرۈپ ئۇنىڭغا ئامراقلىقى كېلىدۇ-دە، ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ.

دەرۋەقە، بىز ئاسىلنىڭكىگە گۈنايىمىزنى تىلەپ بارماقچى بولدۇق،

بۇ ھالدا شۇنداق قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە. روشەنكى، ئاسلىنىڭ ئاتا-ئانىسى بىزدىن قاتتىق خاپا ئىدى. ھەتتا ئۇلار نارىنغا كەلگەن بىرەيلەندىن قىزىمىزنىڭ قىلغىنىنى مەڭگۈ كەچۈرمەيمىز، دەپ خەۋەر ئېيتىپ بېرىپتىكەن. بىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىمىزنى زادىلا بىلگۈسى يوقلۇغىنىمۇ ئېيتىپتىكەن. لېكىن بىز بوۋاي، مومايلارنىڭ ئالدىغا بارساق ۋە گۇنايىمىزنى كەچۈرۈشىنى تىلىسەكلا، ھەممە ئىش ئوبدان ھەل بولۇپ كېتىدۇ، دەپ ئارزۇ قىلاتتۇق.

لېكىن، ئالدى بىلەن رۇخسەت سوراشقا، تەييارلىق قىلىشقا توغرا كېلەتتى: بارلىق ئۇرۇق-تۇققانلارغا سوغا-سالام ئېلىش لازىم ئىدى. مەن قۇرۇق قول بېرىشنى خالىمايتتىم.

قىش كېلىپ قالدى. تيانشاننىڭ قىشى بەك قاتتىق بولاتتى: تاغدا شۇۋىرغان بولاتتى، قار كۆچەتتى ۋە تاشلار ئۆرۈلەتتى. شۇ ۋەجدىن بىز شوپۇرلارنىڭ ئەندىشىمىز ئاشسا، يول ئىشچىلىرىنىڭ ئەندىشىسى تېخىمۇ ئاشاتتى. بۇنداق چاغلاردا يول ئىشچىلىرى كۆچكەن قارنى تازىلاش ۋەزىپىسىنى ئۆتەيتتى. ئاسان قار كۆچىدى-غان يەرلەردە ئالدى بىلەن قارنى پارتلىتىپ، يولنى سۈپۈرۈپ پاكىزلاشقا توغرا كېلەتتى. لېكىن بۇ يىل قىش خېلى بىخەتەر ئۆتتى، ياكى بىز بىرەر ئىشنى ھېس قىلمىدۇق، چۈنكى شوپۇرلار ھامان ئالدىراش بولاتتى. بۇ چاغدا يەنە ئاپتوموبىل مەيدانىمىزغا ۋەزىپە قوشۇلدى. ئېنىقراق ئېيتقاندا، بۇ ۋەزىپىلەرنى ئورۇنلاشنى بىز شوپۇرلار بەلكى ئالدى بىلەن مەن ئوتتۇرىغا قويغان. ھازىرمۇ بۇنداق تەشەببۇستا بولغانلىقىمغا ئۆكۈنمەكچى ئەمەسمەن، لېكىن، مېنىڭ ھەنىنىۋا بەختسىزلىكىم ئەنە شۇنىڭدىن پەيدا بولغاندەك قىلىدۇ. ۋەقەنىڭ جەريانى مۇنداق:

www.uyghurkitap.com

بىر كۈنى كەچتە ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتقىنىمدا ئاسىل ماڭا ئەلىبېكنىڭ خوتۇنىغا ئېيتىپ بەرسەڭ دەپ بىر بولاق نەرسە بەردى. مەن ئۇلارنىڭكىگە بېرىپ ئىشىگىنى چەكسەم، ئەلىبېكنىڭ يولدىشى چىقىپ كەلدى. ئۇنىڭدىن جۈڭگو ئىشچىلىرى بىزنىڭ ئاپتوموبىل مەيدانىمىزغا زاۋۇت ئۈسكۈنىلىرىنى تېزرەك يەتكۈزۈپ بېرىشىنى تەلەپ قىلىپ تېلېگرامما ئەۋەتكەنلىكىنى ئۇقتۇم.

— ئەلىبېك قەيەردە؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— قەيەردە؟ يۈك پونكىتىدا، ھازىر ھەممە ئادەم شۇ يەردە. پويىز كېلىپ بوپتۇ ئىمىش.

مەن ھەممە ئەھۋالنى بىلىشىم كېرەك دەپ ئويلاپ، يۈك پونكىتىغا باردىم. يۈك پونكىتى ئىسسىق كۆل تەرەپكە بارىدىغان بىر جىلغىدا ئىدى. تۆمۈريولنىڭ ئاخىرقى بېكىتى مەشەدە ئىدى. تۆت ئەتراپ غۇۋا بولۇپ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ ئاۋاز كېلىپ تۇراتتى. جىلغىدىن شامال ئۇرسىلا سىمتاناپلاردىكى يول چىراقلىرى لەپپەڭشىپ كېتەتتى، پويىز يولىدىكى قارلار ھەر ياق-ھەر ياققا ئۇچۇپ كېتەتتى. پاراۋوز بىر دەم ئۇ ياققا، بىر دەم بۇ ياققا ماڭاتتى، ۋاگونلارنى چاتاتتى. تۆمۈريولنىڭ بېشىدا كرانلار بىلەكلىرىنى ئويىنىتىپ، قاڭالتىر بىلەن ئورالغان ۋە چەمبەرلەنگەن يەششىكلەرنى پويىز سۇپىسىدىن چۈشۈرەتتى. بۇ شىنجاڭ ماشىنىسازلىق زاۋۇدىغا توشۇلىدىغان مال ئىدى. ئۇ يەردىكى قۇرۇلۇش غايەت زور بولۇپ، بىز ئۇلارغا بىر قىسىم ئۈسكۈنىلەرنى يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىدۇق.

پونكىتقا چىققىنا يۈك ماشىنىسى يىغىلغان بولسىمۇ، لېكىن بىرىگىمۇ يۈك بېسىلمىغان ئىدى. كىشىلەر نىمدۇر بىرنىمىنى كۈتەتتى. بەزىلەر كابىنىكىدا، بەزىلەر ماشىنا پەلەمپىيىدە ئولتۇراتتى، يەششىك-

لەرنىڭ يېنىدا، شامالدىن ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ ئولتۇرغانلارمۇ بار ئىدى. ھېچكىم مېنىڭ سوئالىمغا تۈزۈككىنە جاۋاپ بەرمىدى. كۆپچىلىگى تاماكىسىنى غەشلىك بىلەن چېكىپ ئولتۇرۇشاتتى.

ئەلبىيك بىر چەتتە تۇرۇپتۇ. مەن ئۇنىڭ ئالدىغا باردىم.

— بۇ يەردە نىمە قىلىپ تۇرىسىلەر؟ تېلېگرامما كېپتىمۇ؟

— ھەئە. ئۇلار زاۋۇتقا مالنى مۇددەتتىن ئىلگىرى يەتكۈزۈپ بەرسەڭلار دەپتۇ.

— بۇ قانچىلىك ئىشتى؟

— ئىش بىزنىڭ زىممىمىزگە يۈكلەنگەن... قارا، يولدا قانچىلىك مال تۇرۇپتۇ، يەنە كېلىدۇ تېخى. بىز ئۇنى قاچان توشۇپ بولىمىز؟ ئۇلار بىزگە قاراپ تۇرۇپتۇ، بىزدىن ئۈمىت كۈتۈپ تۇرۇپتۇ!... ھەر بىر كۈن ئۇلار ئۈچۈن ناھايىتى قىممەتلىك!...

— سەن ماڭا نىمانچە ئاچچىق بىلەن گەپ قىلىسەن! بۇنىڭ بىلەن مېنىڭ نىمە ئىشىم!

— نىمە ئىشىم! بۇ نىمە دىگىنىڭ؟ سەن قانداق ئادەمسەن؟ چەتئەللىكمىدىڭ؟ ياكى سەن بىزنىڭ ئىشىمىزنىڭ نىمە ئىكەنلىگىنى بىلمەمسەن؟

— سەن تازا ئەخمەق ئىكەنسەن، خۇدايىمەي! — دىدىم ھەيران بولۇپ ۋە بىر چەتكە ئۆتتۈم.

بۇ چاغدا ئاپتوموبىل مەيدانىنىڭ مۇدىرى ئامانجونوۋ ئالدىمىزغا كەلدى. ئۇ چاپىنىنى دالىدا قىلىپ تۇرۇپ، ئۇن چىقارماستىن بىر شوپۇرنىڭ يېنىغا كېلىپ تاماكىسىنى تۇتاشتۇرۇپ كۆپچىلىككە سەپسالدى.

— يولداشلار! — دىدى ئۇ. — مەن بىرىپ مىنىستىرلىككە

تېلېفون بېرەي، بىزگە ياردەم بېرىپ قالار. لېكىن بۇنىڭغا بۇل-
نىۋېلىشقا بولمايدۇ. قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ھازىر ئۆزەممۇ
بىلمەيمەن...

— شۇنى دەڭە! يولداش ئامانجونوۋ، بىرەر چارىسىنى قىلىش
ھەقىقەتەن تەس! — بىرەيلەن ئۇنىڭغا ماسلىشىپ گەپ قىلدى. —
مالنىڭ چوڭ-كىچىكلىكى پۈتۈنلەي ئوخشاش ئىكەن. ئىككى-ئۈچ
يەششىك مال باسقاندىن كېيىن توشۇپ قالىدىكەن. كىچە-كۈندۈز
توختىماي توشۇغاندىمۇ، ۋاي خۇدايىمەي، كېلەر يىلى ئەتىيازدا
ئاران توشۇپ بولالايدىكەنمىز.

— گەپ مەشەدە، — دېدى ئامانجونوۋ، — لېكىن بۇ ۋەزىيەتنى
ئۆزگەرتىش كېرەك. ئەمدى ھەر بىر ئۆيدىكى ھەر بىر كىشى بۇنىڭ
چارىسىنى ئويلىسۇن!

ئۇ گاز ماركىلىق يېنىك ماشىنىسىغا ئولتۇرۇپ كېتىپ قالدى.
شوپۇرلاردىن بىرسىمۇ ئولتۇرغان يېرىدىن قوزغالمىدى.
قاپ-قاراڭغۇ بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرغان بىرەيلەن ئۆز ئۆزىگە
گەپ قىلىپ كەتتى:

— پاراڭ بولدى-دە! بىر تېرىدە ئىككى جۇۋا چىقمايدۇ!
بۇنداق بولۇشنى بالدۇرراق ئويلاش كېرەك-تە. — ئۇ ئورنىدىن
تۇردى-دە، تاماكىسىنى ئۆچۈرۈپ، ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدى.

يەنە بىرەيلەنمۇ ئۇنىڭ گېپىگە ھە-ھۇ دېيىشىپ بەردى:

— بىزدە ھامان شۇنداق، ئۇسسىغاندا قۇدۇق كولايمىز، پوق
قاپلاشقاندا ھاجەتخانا، بولالمىغان يەرگە كەلگەندە: ۋاي شوپۇر
قېرىنداشلار، بىزنى قۇتقۇزۇڭلار، دەيمىز.

بەزىلەر ئۇنىڭ گېپىگە رەددىيە بەردى:

— قېرىنداش ئەل ئۈچۈن قىلىنىۋاتقان ئىش بۇ، لېكىن سەن، ئىسمايىل، بازاردىكى ۋالاقتەككۇر خوتۇنلاردەك ۋالاقلاۋاتىسەن.

مەن تالاش-تارتىشقا قاتناشمىدىم، لېكىن بىردىنلا دولۇن ئېغىزىدا ماشىنا سۆرەتكەن ئىش يادىمغا يەتتى-دە، ئاۋالقىدەكلا جىم تۇرالماي قالدىم.

— مەن بىر ئامالنى ئويلىدىم! — مەن خەقلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا كەلدىم. — ھەر بىر ماشىنىنىڭ ئارقىسىغا بىردىن چاتما چاتىساق!

ھېچكىم مىدىرلاپمۇ قويمىدى، بەزىلەر ھەتتا قاراپمۇ قويمىدى. ئۇلارنىڭ نەزىرىدە تۇزەلمەس كالۋالا بۇنداق ئەخمىقانە گەپنى قىلاتتى.

جانتاي يېنىككىنە ئىسقىرتىپ قويۇپ گەپ قىلدى:

— كۆردۇڭلارمۇ!

مەن ئۇنىڭ ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدىم.

ئەتراپىمغا قاراپ، ئۆزەم ئۇچراتقان ئىشنى سۆزلەپ بېرىش كويىدا ئۆرە تۇراتتىم. بىردىنلا قاۋۇل بىر يىگىت يەششىك ئۈستىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، پەلىيىنى يېنىدىكى بىرەيلەنگە تۇتقۇزۇپ قويۇپ ئالدىمغا كەلدى-دە، ياقامدىن تۇتۇپ، بۇرنىنى بۇرنۇمغا ئۇدۇل قىلىپ:

— نىمە، ھا-دىگىنە! — دىدى.

— پاھ! — دىدىم مەن ۋە ئۇنىڭ يۈزىگە قارىتىپ "ھاھ" دىدىم.

— مەس ئەمەسكەن! — دىدى ھىلىقى بەستلىك يىگىت ھەيران بولۇپ ۋە ياقامنى قويۇۋەتتى.

— ئەمىسە كالۋاكەن! — دىدى ئۇنىڭ دوستى ئۇلاپلا ۋە ئاندىن كېيىن ئىككىسى بىرلىكتە ماشىنىسىغا چىقتى-دە، ماشىنىسىنى ھەيدەپ

كېتىپ قالدى. باشقىلارمۇ ئوخشاشلا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ئورنىدىن تۇرۇپ تارقىلىشقا تەرەددۇت قىلدى. ھېچقاچان خەقنىڭ مۇنداق زاڭلىق قىلىشىغا قالمىغان ئىدىم. بۇنداق ئىزا ـ ئاھانەتتىن ھەتتا بېشىمدىكى شەپكەممۇ قىزىرىپ كەتتى.

ــ توختاڭلار، نەگە بارىسىلەر؟ ــ دېدىم مەن خۇددى قازانغا چۈشكەن چۈمۈلىدەك، شوپۇرلار ئارىسىدا پىرقىراپ. ــ راست گەپ قىلىۋاتىمەن. چاتما سۆرەتكىلى بولىدۇ...

ياشانغان بىر شوپۇر ــ بۇ يەردىكى پىشقەدەم ــ ئالدىمغا كېلىپ، پۇشايمان قىلغان ھالدا دېدى:

ــ مەن بۇ يەردە ماشىنا ھەيدەشكە باشلىغان چاغدا سەن تېخى ئىشتانسىز يۈرەتتىڭ، بالىجان. تىيانشان دېگەن سەھنە ئەمەس. ساڭا ئىچىم ئاغرىۋاتىدۇ، خەققە كۈلكە قىلىپ بەرمىگىن...

كىشىلەر پاراقىدا كۈلۈشۈپ كەتتى ۋە كۈلۈشكەن پېتى ئۆز ماشىنىلىرىغا قاراپ مېڭىشتى. بۇ چاغدا مەن قاتتىق ۋاقىراپ سۆزلەپ كەتتىمكى، ئاۋازىم پۈتۈن يوك پونكىتىدىكىلەرگە ئاڭلانغۇدەك قاتتىق چىقىپ كەتتى:

ــ سىلەر، شوپۇر بولامسىلەر، ھەممىڭلار خوتۇن كىشى!

مېنىڭ بۇنداق گۇكىرەشلىرىم بىكار ئىدى، كىشىلەر ئاچچىغىنى مەندىن چىقىرىۋالماقچى بولۇشتى.

كۆپچىلىك قەدىمىنى توختاتتى ـ دە، بىرلىكتە ماڭا قاراپ يوپۇرۇلۇپ كېلىشكە باشلىدى.

ــ كاساپەت، نېمە بولدۇڭ سەن؟ باشقىلارنىڭ جېنى بىلەن ئويناشماقچىمۇ؟

ــ يېگىملىق ياراتقۇچى بولماقچى، مۇكاپات ئالماقچى! ــ دېدى

جانتاي ئۇلاپلا.

غۇلغۇلا ئىچىدە كۆپچىلىك مېنى چوڭ يەششىكلەر يېنىغا قىستاپ كەلدى، ئۇلار يوپۇرۇلۇپ كېلىپ مېنى تازا سالىدىغان بولدى، دەپ ئويلاپ، يەردە ياتقان كۆلۈچتىن بىرنى قولۇمغا ئالدىم.

— نېرى تۇرۇڭلار! — كىمدۇ بىرى ۋاقىرىدى-دە، خەقنى ئىتتىرىپ-ئىتتىرىپ ئارىنى ئاچتى. بۇ ئەلىيېك ئىدى.

— تېچ-چ! — دەپ ۋاقىرىدى ئۇ، ئاندىن ماڭا قارىدى. — ئىلياس، سەن گېپىڭنى ئېنىق قىلىپ ئېيتە! ھە، تېز بول!

— ئېيتىدىغان نىمىسى بار! — مەن ھەسرەپ تۇرۇپ دىدىم. — كىيملىرىمنىڭ تۈگمىلىرىنى قويماي ئۈزۈۋېتىشتى، مەن يۈك باسقان بىر ماشىننى سۆرىتىپ دولۇن ئېغىزى ئارقىلىق ئوچاستىكىغا بارغانتىم. مانا شۇ.

كۆپچىلىك گۇمانسىراپ جىم-جىت تۇرۇپ قالدى.

— قانداق، سۆرەپ ئېپبارالىدىڭمۇ؟ — دىدى بىرەيلەن گۇمان بىلەن.

— ئېپباردىم. پۈتكۈل دولۇن ئېغىزى ئارقىلىق ئوچاستىكا ھويلىسىغىچە ئېپباردىم.

— يارايدۇ! — دىدى بىرەيلەن ھەيران بولۇپ.

— جۆيلۈش! — ئىككىنچى بىرەيلەن قارشى گەپ قىلدى.

— ئاۋۇ ئىت جۆيلۈيدۇ. جانتاي ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەن. ھەي، جانتاي، نەدىسەن؟ سەن ئېيتە! يادىڭدىدۇر، بىز قانداق دوقۇرۇشۇپ قالغان...

لېكىن جانتاي لام-جىم دىمىدى. ئۇ خۇددى يەرگە كىرىپ كەتكەندەك ئىدى. لېكىن بۇ چاغدا ئۇنىڭ بىلەن ھىساپلىشىپ

ئولتۇرۇشقا نەدە ۋاقىت. شوپۇرلار ئوتتۇرىسىدا تالاش-تارتىش باشلىنىپ كەتتى، بەزىلەر مېنىڭ گېپىمنى قوۋۋەتلەشكە باشلىدى. لېكىن بىر گۇمانخور دەرھال ئۇلارنىڭ قارىشىنى ئۆزگەرتىۋەتتى.

— پۇتۇنلەي بولمىغان گەپ! — دېدى ئۇ ئەنسىرىگەن ھالدا. — تۇرمۇشتا بىر ئادەم مەلۇم بىر ئىشنى قىلغان تاسادىپى ئىشلار ئازمۇ؟ يەنە كېلىپ بىز بالا ئەمەس. بىز ماڭىدىغان بۇ يولدا چاتما چېتىشقا رۇخسەت قىلىنمايدۇ. بۇنداق قىلىشقا ھېچكىم رۇخسەت قىلمايدۇ. سىناپ باقاي دېسەڭ، بىخەتەرلىك ئىنژېنېرىغا ئېيتىپ باقىنا، ياڭىغىڭغا ئىككى مۇشت سالمىغىنىنى كۆرەي. ئۇ سېنىڭ ئۆچۈن سوتقا بېرىشنى خالىمايدۇ... مېنىڭ ھەممە پىكرىم مانا مۇشۇ.

— كۆتە پېشكىنى! — ئىككىنچى بىرەيلەن گەپكە ئارىلاشتى. — رۇخسەت قىلمايدۇ دېگەن نىمكەن ئۇ؟ ئىۋان ستېپانوۋىچ بىر مىڭ توققۇز يۈز ئوتتۇزىنچى يىلى بىر يېرىم تونىلىق بىر يۈك ماشىنىسىنى ھەيدەپ، تۇنجى قېتىم دولۇن ئېغىزى لىنىيىسىنى ئاچقاندا، ھېچكىم ئۇنىڭغا رۇخسەت قىلىپ ئولتۇرمىغان. ئۇ ئۆزى ماڭغانتى. قاراڭلار، ئۇ ھازىرمۇ ھاياتقۇ...

— ھەئە، بۇرۇن ھەقىقەتەن ئاشۇنداق بولغان، — ئىۋان ستېپانوۋىچ دەلىللىدى. — بىراق، — دېدى ئۇ گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، — ھازىر مەنمۇ گۇمانلىنىپ تۇرۇۋاتىمەن: دولۇن ئېغىزىدا ھەتتا يازدىمۇ چاتما چېتىپ ئۆتكەن ئىش بولمىغان، ۋاھالەنكى ھازىر قىش...

باياتىننىڭكىزى گەپ قىلمىغان ئەلىبېك ئەمدى ئېغىز ئاچتى:

— تالاش-تارتىش يېتەر ئەمدى. بۇ ئەزەلدىن قىلىپ باقمىغان

www.uyghurkitap.com

ئىش، ئىنچىكە ئويلاشقا توغرا كېلىدۇ. ئىلياس، ساڭا ئوخشاش ھەش-پەش دېگىچە چاتمىنى چېتىپ چېپىپ چىقىپ كېتىشكە بولمايدۇ. تەييارلىق كۆرۈش كېرەك، ھەممە ئىشنى ئەتراپلىق ئويلاپ، مەسلىھەتلىشىپ، ئاندىن سىناپ بېقىش كېرەك. قۇرۇق گەپ بىلەن ھېچنىمىنى ئىسپاتلىغىلى بولمايدۇ.

— مەن سىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىمەن! — جاۋاپ قايتۇردۇم مەن. — ھازىر سىلەر ئويلىشىپ بېقىڭلار، پال ئېچىپ بېقىڭلار، مەن سىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىمەن. شۇ چاغدا سىلەر ئىشىنىسىلەر!

ھەممە ئادەمنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق مىجەزى بار. ئەلۋەتتە، ھەر بىر ئادەم ئۆزىنى ئۆزى باشقۇرۇشى كېرەك، لېكىن كىشىلەر ئۆزىنى باشقۇرۇپ كېتەلمەي قالىدىغان چاغلارمۇ بولىدۇ. مەن ماشىنامنىڭ كابىنكىسىغا كىرىپ، رولنى تۇتتۇم، لېكىن ماشىنا بىلەن يولنى يەتتە قات ئاسماننىڭ نېرىسىغا چۆرۈۋەتتىم. ئازاپ، ھاقارەت، خاپىلىق، غەزەپ مېنى چۇلغىۋالدى. ماشىنا يىراقلىغانسېرى شىكەست يېگەن غۇرۇرۇم شۇنچە ھاياجانلىنىپ كەتتى. ياق، مەن سىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىمەن! مەن سىلەرگە ئىسپاتلاپ بېرىمەن، نىمىنىڭ ئىشەنمەسلىك، مەسخىرە قىلىش ئىكەنلىگىنى، نىمىنىڭ ئېھتىياتچان-لىق، توخۇ يۈرەكلىك بولىدىغانلىغىنى كۆرسىتىمەن!... مانا ئەلىبېك يارايدۇ: ئۇ ئىنچىكە ئويلاش، تەييارلىق كۆرۈش، سىناپ بېقىش كېرەك دەيدۇ! ئەقىللىق، ئېھتىياتچان ئادەم دېگەن مانا شۇ! بىراق مەن بۇنداق قىلىشنى يامان كۆرىمەن. مەن تۈزۈت قىلىپ ئولتۇر-ماستىن ھەركىتىمدە سىلەرگە كۆرسىتەي، مېنىڭ ھەممىدىن قابىل ئىكەنلىگىمنى كۆرۈپ قويۇڭلار!

مەن ماشىنىنى ماشىنا ئىسكىلاتىغا ئېپكىرىپ، ماشىنىنىڭ يېنىدا

خېلى ئۇزاق ۋاقىتنى ئۆتكۈزدۈم. قەلبىم ھاياجانلىنىپ چېكىگە يەتتى. چاتمىدىن بىرنى چېتىپ تاغ ئېغىزىغا بارسام، دېگەننىلا ئويلايتتىم. ھەرقانداق قىلىپ بولسىمۇ بۇنى ئىشقا ئاشۇرماي قويمايمەن. لېكىن ماڭا كىممۇ چاتما بېرەر؟

مەن مۇشۇنداق پىكىردە ھويلىدا ئايلىنىپ - تېڭىرقاپ يۈرەتتىم. ئاللىقاچان قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتتى. پەقەت باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ دەرىزىسىدىنلا يورۇق كۆرۈنۈپ تۇراتتى. مەن قەدىمىمنى توختاتتىم ۋە ئىچىمدە ئويلىدىم: ئو - ھو! باشقۇرغۇچى ھەممىنى ئورۇنلاشتۇرالايدۇ. بۈگۈن باشقۇرۇش بۆلۈمىدە نۆۋەتچى كاتىپژادەك تۇراتتى. ئۇنداق بولۇپ قالسا تېخىمۇ ياخشى بولغىنى. ئۇ رەت قىلمايدۇ، رەت قىلماسلىقى كېرەك. توغرا، مېنىڭ مۇنداق قىلىشىم جىنايەت ئۆتكۈزۈشكە بېرىش ئەمەس، ئەكسىچە، ئۇ پەقەتلا كۆپچىلىككە پايدىلىق ۋە زۆرۈر بىر ئىشنى قىلىشىمغا ياردەم بەرگەن بولىدۇ.

باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ ئىشىگىگە كەلگەن ۋاقتىمدا، بىردىنلا، بۇ ئىشىككە پۈتۈمنى تىقمىغلى ئۇزاق بولۇپ كەتكەنلىكىنى ئويلىدىم، ئادەتتە دەرىزىدە تۇرۇپلا ئىشنى پۈتتۈرەتتىم. مەن سەل ئىككىلىنىپ قالدىم. ئىشىك ئېچىلدى، كاتىپژا بوسۇغىدا پەيدا بولدى.

— سىنىڭ بىلەن كۆرۈشمەكچى ئىدىم، كاتىپژا! ئەپ كېلىپ بەرگىنىنى قارا، سىنى ئۇچرىتىپ قالدىم.

— ھازىر مەن ئىشتىن چۈشتۈم.

— بىللە كېتەيلى، ئۆيۈڭگىچە ئېپىرىپ قوياي.

كاتىپژا ھەيران بولغان ھالدا قېشىنى كۆتەردى - دە، ماڭا شۈبھىلىك قاراپ قويۇپ كۈلۈمسىرىدى.

— ماقۇل، ئەمسە ماڭايلى!

بىز دالاندىن چىقتۇق. كوچا قاپ-قاراڭغۇ ئىدى. ئىسسىق كۆلدىن دولقۇن شاۋقۇنى كەلمەكتە، سوغ شامال ئۇرۇلماقتا. كاتىرىنا مېنى قولتۇقلاپ، يېقىن چاپلىشىپ، شامالدىن ئۆزىنى قاچۇرماقتا.

— توڭلىدىڭمۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن.

— سەن تۇرغان يەردە مۇزلاپ قالمايمەن! — ئۇ چاخچاق قىلدى.

بۇنىڭدىن بىر مىنۇت ئىلگىرى تولىمۇ بەك ھاياجانلىنىپ كېتىۋىدىم، ئەمدى نىمە ئۈچۈندۇر تىنچىپ قالدىم.

— ئەتە سەن قايسى ۋاقىتتا نۆۋەتچىلىك قىلىسەن، كاتىرىنا؟

— ئىككىنچى ئىسمىنىدا مەن، نىمە ئىدى؟

— بىر ئىش بار ئىدى، ئىنتايىن مۇھىم ئىش. ھەممە ئىش ساڭا باغلىق...

ھە دىگەندە كاتىرىنا ئاڭلاشنىمۇ خالىمىدى، لېكىن مەن زېرىكمەي سۆزلەپ ئۇنى قايىل قىلدىم. بىز يول چىرىغى ئاستىدا توختىدۇق.

— ۋاي، ئىلياس! — كاتىرىنا ماڭا قورقىقاندەك قارايتتى. — سەن بۇنداق قىلىپ بىكاردىن بىكار ئاۋارە بولسەن!

لېكىن مەن ئۇنىڭ مېنىڭ تەلىۋىم بويىچە ئىش قىلىدىغانلىغىنى بىلىۋالدىم. مەن ئۇنىڭ قولىنى تۇتتۇم:

— سەن ماڭا ئىشەن! ھەممە ئىش جايىدا بولىدۇ. ماقۇل، ئەمدى كېلىشكەندۇق؟

ئۇ ئۇلۇغ-كىچىك تىندى.

— سېنىڭ ئالدىڭدا ھەققەتەن ئامالىم يوق! — ئۇ بېشىنى لىڭشىتتى.

مەن ھاياجانلىنىپ ئۇنىڭ مۇرىسىنى مەھكەم قۇچاقلىدىم.

— سەن ئوغۇل بالا بولۇپ قالغان بولساڭچۇ، كاتيېژا! ماقۇل، ئەتە كۆرۈشەيلى! — مەن ئۇنىڭ قولىنى مەھكەم قىستىم ۋە يەنە بىر قېتىم تاپىلىدىم. — كەچ كىرگىچە ھەممە ھۆججەتنى تەييارلاپ قوي، بىلدىڭمۇ؟

— ئالدىرىما! — دىدى ئۇ قولۇمنى قويۇۋېتىپ. ئاندىن كېيىن ئويلىمىغان يەردىن بۇ ياقىغا قاراپ بۇرۇلدى. — ماقۇل، خوش... بۈگۈن كېچە ياتاقتا قونامسەن؟

— ھەئە، كاتيېژا!

— خەير، ئوبدان چۈش كۆرگەيسەن!

ئىككىنچى كۈنى بىزنىڭ بۇ يەردە بىخەتەرلىك بويىچە تەكشۈرۈش بولىدىغان بولدى. ئاپتوموبىل پونكىتىدىكىلەر جىددىيلەشكەن ئىدى: تەكشۈرگۈچى ھامان كۈتمىگەن يەردىن چىقىپ، ھامان تىرناق ئاستىدىن كىر ئىزدەپ، ھەممىنى بىر قۇر تەكشۈرۈپ چىقاتتى، ئاندىن كېيىن بەزى نەھى-مۇنكىرلەرنى بەلگىلەيتتى. تەكشۈرگۈچىلەر بىلەن خېلى ئېلىشىشقا، خېلى جىق ئېغىز ئۇرۇشۇشقا توغرا كېلەتتى! لېكىن بۈگۈنكى تەكشۈرگۈچىلەرنىڭ پوزىتسىيىسى خېلى مۇلايىم ئىدى.

مەن ئۇلارنىڭ ماشىنامنى تەكشۈرۈشىدىن ئەنسىرەپ قىلمايتتىم، شۇنداق بولسىمۇ مۇمكىن قەدەر ئۇلاردىن يىراقراق تۇردۇم. ماشىنامنى رېمونت قىلغۇاتقان قىياپەتكە كىرىۋالدىم. كاتيېژانىڭ نۆۋەتچىلىك ۋاقتى كەينىگە سۈرۈلدى. ھېچكىم مېنىڭ بىلەن گەپلەشمىدى، تۈنۈگۈنكى ئىشنى تىلغا ئالمىدى. بۇ چاغدا كىشىلەرنىڭ مەن بىلەن گەپلىشىشكە ۋاقتى يەتمەيدىغانلىقىنى بىلەتتىم: كۆپچىلىك تېزرەك تەكشۈرۈشتىن ئۆتۈپ، يولغا چىقىشقا، بىكاردىن-

بىكار زايا بولۇپ كەتكەن ۋاقىتنى تولدۇرۇۋېلىشقا ئالدىرايتتى. ھالبۇكى مېنىڭ كۆڭلۈمدىكى ئاغرىنىش تۇيغۇسى تېخى تۈگىمىگەن ئىدى.

كۈنىنىڭ كېيىنكى يېرىمىدا ئاران مېنىڭ ماشىنامغا تەكشۈرۈش نۆۋىتى كەلدى. تەكشۈرگۈچىلەر كەتكەندىن كېيىن ھەممە ياق تىنچىپ، قۇپ-قۇرۇق بولۇپ قالدى. ھويلىدىكى ئۇچۇقچىلىقتا بىرنەچچە چاتما تۇراتتى. بۇ مەملىكەت ئىچىدىكى تۈز يول تىرانسېپورتىدا ئىشلىتىلىدىغان چاتما بولۇپ، مەن ئۇلاردىن ئادەتتىكى تۆت چاقلىق بىرىنى كۆزلەپ قويدۇم. مېنىڭ بارلىق ئەقىل-پاراسىتىم شۇ بولدى! لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە شۇ ئىشىم ئۈچۈن قانچىلىك ئازاپقا قالغانلىقىمنى دېمەمسىز!... شۇ چاغدا مېنى نېمە قىسمەت كۈتۈپ تۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم. مەن ئۆيگە خاتىرجەم قايتتىم. ئالدىمدىكى يول ناھايىتى مۇشكۈل بولغاچقا، قوساقنى راسا تويغۇزۇپ، ئوبدان بىر ئۇخلىۋېلىشىم كېرەك ئىدى. لېكىن كارۋاتتا ئۇ يان ئۆرۈلۈپ، بۇ يان ئۆرۈلۈپ زادىلا ئۇخلىيالمىدىم.

گۈگۈم چۈشكەندە مەن ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتىپ كەلدىم.

كاتېرا شۇ يەردە ئىكەن. ھەممىنى تەق قىلىپ قويۇپتۇ. مەن يول خېتىنى ئالدىم-دە، ماشىنا ئىسكىلاتىغا ئالدىرىدىم. "ئەمدى راسا كۆرسەتمىسەم!" — مەن ماشىنىنى ياندۇرۇپ، چاتمىنىڭ يېنىغا ئېپكەلدىم-دە، تورمۇز بېرىپ، ماشىنىدىن چۈشۈپ تۆت ئەتراپىمغا سەپسالدىم. بىرمۇ ئادەم يوق، پەقەت رېمونت زاۋۇتىدىكى ئىستانوكلارنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازى بىلەن ئىسسىق كۆل دولقۇنلىرىنىڭ قىرغاققا كېلىپ تەككەن شاۋقۇنلىرىلا ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ھاۋا ئۇچۇقتەك قىلاتتىيۇ يۇلتۇز كۆرۈنمەيتتى. ماشىنىنىڭ موتورى ئاستا

www.uyghurkitap.com

ئايلانماقتا، يۈرىكىممۇ ئوينىقلىماقتا. مەن تاماكا چەكمەكچى بولدۇم، لېكىن سەل تۇرۇپ چېكەيچۇ دەپ، تاماكىنى يانچۇققا سالدىم.

پوس دەرۋازا ئالدىدا مېنى توسۇۋالدى.

— توختا، نەگە بارىسەن؟

— يۈك توشۇشقا، ئاقساقال، — دېدىم مەن ئۆزەمنى خاتىرجەم تۇتۇشقا تىرىشىپ، — مانا يول خېتى.

ئاقساقال بۇرنىنى قەغەزگە تەككۈزدى، لېكىن يول چىرىغىنىڭ غۇۋا يورۇغىدا قەغەزدىكى خەتلەرنى يەنىلا ئىلغا قىلالمايۋاتاتتى.

— كېچىكتۈرمە ئاقساقال! — مەن بىرئاز تاقەتسىزلەندىم، — مېنى ئىش كۈتۈپ قالدى.

يۈك بېسىش ئىشى ناھايىتى نورمال ئۆتتى. بۇ قېتىم يۈك تولۇق بېسىلدى: ئىككى چوڭ يەشىك ماشىنىغا بېسىلغاندىن باشقا، چاتما-غىمۇ ئىككى يەشىك بېسىلدى. ھېچكىم بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلمى-دى — بۇنىڭغا ھەتتا ئۆزەممۇ ناھايىتى ھەيران بولدۇم. ماشىنامنى ھەيدەپ يولغا چىقتىم، پەقەت ئەنە شۇ چاغدىلا تاماكا تۇتاشتۇردۇم. مەن ئۆزەمنى تۈزەپ ئولتۇرۇۋېلىپ، ماشىنىنىڭ چىرىغىنى يېقىپ، بولۇشىغا قويۇۋەتتىم. يول ياقىسىدىكى قاپ-قارا كۆلەڭگىلەر غىل-پال قىلىپلا ئۆتۈپ كېتەتتى. يول بىكار، ماشىنىنى ئەڭ تېز سۈرئەت-تە ھەيدىشىمگە ھېچكىم كاشىلا قىلمايتتى. ماشىنا يېنىك چاپماقتا، ئارقىغا چېتىلغان تاراق-تۇرۇق قىلىدىغان چاتما يوق دېگۈدەكلا ئىدى. دەرۋەقە، ئايلىنىش ۋاقتىدا ماشىنا يان تەرەپكە قىيسىياتتى. ماشىنىنى ھەيدەش قىيىنراق بولاتتى، لېكىن مەن بۇنى ئادەتلەنمىگەن-لىكتىن بولۇۋاتقان ئىش، ئاستا-ئاستا كۆنۈپ قالىمەن، دەپ ئويلاي-تتىم. "دولون ئېغىزىغا بارماي قويمايمەن! شىنجاڭغا بارماي قويماي-

مەن!" دەپ ئۆزەمگە ئۆزەم توۋلاپ، خۇددى ئات ئۈستىدە ئېگىشىپ كېتىۋاتقان چەۋەندازدەك رولنى سەل ئېگىشكەن ھالدا مەھكەم تۇتۇپ ماڭماقتىمەن. تۈز يولغا چىققاندا تېخىمۇ شىددەت بىلەن ئىلگىرىلەيتتىم. يېرىم كېچە مەزگىلىدە دولۇن تاغ ئېغىزىغا ھۇجۇمغا تەييارلاندىم.

بىر مەھەل ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى ئۆيۈمدىكىدىنمۇ ئاشۇرۇۋەتتىم. لېكىن تاققا كىرگەندە، سەل ھېزى بولۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولدۇم. بۇ ھەرگىز موتورنىڭ چىدىيالماي قېلىشىدىن ئەمەس ئىدى. يولنىڭ ئۆرىلىگى توسقۇن بولۇۋاتىدۇ، دىگەندىن كۆرە مېنىڭ ئۈچۈن پەسكە چۈشۈش توسقۇن بولۇۋاتىدۇ، دىگەن تۈزۈك ئىدى. پەسكە قاراپ ماڭغاندا چاتما تاقىراق-تۇقۇرۇق قىلىپ، ئاچىرلاپ ماشىنىغا سوقۇلۇپ، دۆڭدىن چۈشۈشۈمگە توسقۇن بولاتتى. مىنۇتىغا دىگۈدەك ماشىنىنىڭ سۈرئىتىنى يەڭگۈشلەشكە، تورمۇز بېرىپ سېرىلدۇرۇپ مېڭىشقا مەجبۇر بولاتتىم. باشتا چىداپ، ئۇنىڭغا ئانچە بەك دىققەت قىلىپ كەتمىدىم. لېكىن ئالغا ماڭغانسېرى تاراق-تۇرۇق سوقۇلۇشلار ئەۋج ئېلىپ خاۋاتىرسىزلاندىم ۋە ئاچچىقلاندىم. يولدا قانچىلىك ئوي ۋە دۆڭ باردۇ؟ بۇنى ھىساپلاپ ئولتۇرۇش كىمنىڭمۇ ئېسىگە كەلسۇن! لېكىن بەربىر بوشىشىپ قالمىدىم. ھىچنىمە ماڭا تەھدىت سالالمايتتى، پەقەت ناھايىتى ھاردىم. "ھىچقىسى يوق! — دەپ تەسەللى بېرەتتىم ئۆزەمگە، — دولۇن ئېغىزىغا بېرىپ ئازراق ھاردۇق ئالاي. بۇ ئېغىزدىن چوقۇم ئۆتۈپ كېتىمەن!" نىمە ئۈچۈندۇر ھازىر كۆزدە ماشىنا سۆرەتكەنگە قارىغاندا نىمە ئۈچۈن بۇنچىلىك قىيىن بولۇۋاتقانلىغىنى مەن بىلمەيتتىم.

دولۇن ئېغىزىغا يېقىنلىشىپ قالدىم. ماشىنىنىڭ چىرىغى قاپ-قاراڭغۇ

جىلغىدىكى غايەت زور قورام تاشلارغا چۈشەتتى، ئاپپاق قار بىلەن چۈمكەلگەن تىك ياز يولىنىڭ ئىككى قاسنىغىدا غادىيىپ تۇرماقتا. قۇشقاچتەك ـ قۇشقاچتەك قار ماشىنىنىڭ ئالدىدا لەپپەڭشىپ ئۇچاتتى. ئىچىمدە: "بۇ قار تاغ چوققىلىرىدىن ئۇچۇپ چۈشۈۋاتسا كېرەك" دەپ ئويلىدىم، لېكىن قار ئۇچقۇنلىرى ماشىنا ئەينىكىگە تېگىپ سىرىلىپ چۈشەتتى، ئەھۋالىدىن قارىغاندا قار يېغىۋاتاتتى. قار ئۇچقۇنلىرى بەك قېلىن بولمىسىمۇ ھۆل ئىدى. "بۇ تېخى كۈپايە ئەمەسمىدى!..." دەپ چىشىمنى غۇچۇرلىتىپ تىللاپ، ماشىنا چوتكىسىنى ئىشقا سالدىم.

ماشىنا دولۇن تېغىنىڭ دەسلەپكى بىرقانچە داۋىنىنى بېسىپ ئۆتتى. موتور تونۇش ئاھاڭدا ناخشا ئېيتماقتا. يولنىڭ ئىككى قاسنىقىدىكى دالىدىن بىرلا خىل، چىڭقىلىغان ئاۋاز كېلەتتى. ئاخىر داۋانغا چىقتىم، ئالدىمدا ئۇزاققا سوزۇلغان پەسلىك ئىدى. موتور گۈرۈلدىگىلى تۇردى، ماشىنا تۆۋەنگە قاراپ سىرىلمەكتە، لېكىن دەرھال بىر تەرەپتىن ئىككىنچى تەرەپكە بۇرۇلاتتى. دۈمبەم چاتمىنىڭ پاراكەندە تۇغدۇرۇۋاتقانلىغىنى سەزدى، ئۇ ماشىنىغا ئۇرۇلماقتا ئىدى، چاتما بىلەن ماشىنىنىڭ ئىلمىگى تۇتاشتۇرۇلغان يەردىن شاراقلىغان ـ سوقۇلغان ئاۋاز كەلمەكتە. سوقۇلغان بۇ ئاۋازدىن بېلىم تېلىپ ئاغرىيتتى، بىلەكلىرىممۇ زىڭىلداپ ئاغرىيتتى. ماشىنىنىڭ چاقى تورمۇز بېرىلگىنىگە قارىماي، قار ئېرىپ ھۆل بولۇپ كەتكەن يولدا ئالغا قاراپ تېيىلماقتا. چاتمىنى سۆرەپ ماڭغان ماشىنىنىڭ پۈتۈن قىسمى ئۈزلۈكسىز سىلكىنىپ ـ تىترەپ تۇراتتى، رول قولۇمدىن بوشىنىپ چىقىپ كەتتى، ماشىنا پەسكە قاراپ تېيىلماقتا. مەن رولنى تۇتۇۋېلىپ ماشىنىنى توختاتتىم. مىڭمىشقا بولمايتتى، ھېرىپ ھالىم



www.uyghurkitap.com

قالمىدى. مەن ماشىنىنىڭ چىرىغىنى ۋە موتورنى ئۆچۈردۈم، ئىككى قولۇم خۇددى ياساپ سېلىپ قويغان يالغان قولدەك بولۇپ، كۆيۈشۈپ كەتكەن ئىدى. مەن ئورۇندۇقنىڭ يۆلەنچۈكىگە يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ، ئۆزەمنىڭ ھەسرەشلىرىمنى ئاڭلىدىم. ئاشۇ پېتىمچە بىرنەچچە مىنۇت ئولتۇرۇپ دەم ئېلىپ، بىر تال تاماكا تۇتاشتۇر-دۇم. ئەتراپ قاپ-قاراڭغۇ، جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، پەقەتلا ماشىنىنىڭ يوچۇقلىرىدىن كىرگەن سوغاق شامالنىڭ ئاۋازىلا قۇلاققا ئاڭلىناتتى. مەن ئالدىمدا ئاللىقانداق بىرنىمىلەرگە ئۇچراشنى پەرەز قىلىشتىن قورقاتتىم. مۇشۇ يەردىن قويىنىڭ ئۈچىيىدەك ئەگرى-بۈگرى داۋان باشلىناتتى. تۈگەتكىلى بولمايدىغان بۇ ئەگرى-بۈگرى داغ-داۋان ماشىنا ئۈچۈنمۇ، ئىككى بىلىكىم ئۈچۈنمۇ قاتتىق ئازاپ ئىدى. لېكىن بۇلارنى ئويلاپ ئولتۇرۇشقا ۋاقىت يوق، قار ياغماقتا.

مەن موتورنى ھەرىكەتلەندۈردۈم. ماشىنا كۈچىگەن ئاۋازى بىلەن ئۆرلەشكە باشلىدى. مەن چىشىمنى چىشلەپ، ئۇزۇنراق نەپەس ئېلىشقىمۇ ئۈلگۈرمەي، ئەگرى-توقايلىقلارنى بىر-بىرلەپ بېسىپ ئۆتۈشكە باشلىدىم. بۇ يىلانباغرى يولنى ئاخىر تۈگەتتىم. بۇنىڭدىن كېيىنكىسى تۈز ۋە ئانچە ئېگىز بولمىغان بىر داۋان بولۇپ، ئۇ يەردىن ئوچاستىكىغا بارغىلى بولاتتى، يەنە ئالىغا قاراپ ماڭغاندا، دولۇن ئېغىزىغا قاراپ ئاخىرقى ھۇجۇمغا ئۆتكىلى بولاتتى. مەن مىڭبىر بالالىقتا تۆۋەنگە قاراپ سىيرىلىشقا باشلىدىم. ئالاھەزەل تۆت كىلومېتىر كەلگۈدەك تۈز يولدا ماشىنىنى قويۇۋەتتىم، دولقۇنسىمان بۇ كۆچتىن پايدىلىنىپ ئالدىمىزدىكى داۋانغىمۇ چىقىۋالدىم. ماشىنا داۋاملىق ئىلگىرىلىمەكتە، ئىلگىرىلىمەكتە... مۇشۇنداق ئىلگىرىلەپ كېتىۋېتىپ

ئانچە ئۆتمەيلا ماشىنىنىڭ سۈرئىتى ئۇشتۇمتۇت ئاستىلاپ قالدى، بۇنىڭدىن خاۋاتىرسىزلاندىم. خوتىنى ئىككىنچىگە، ئاندىن كېيىن يەنە بىرىنچىگە يۆتكىدىم. مەن كەينىمگە يۆلىنىپ، رولنى تۇتۇپ تۇراتتىم، بۇ چاغدا بۇلۇتلار ئارىسىدىكى بىرنەچچە يۇلتۇز كۆزۈمگە چۈشتى. ماشىنا ماڭالماي قالدى، ئەمدى ماڭالمايتتى. ماشىنىنىڭ چاقى يەردە قۇرۇق ئايلىناقتا، يان تەرەپكە سىيرىلمەكتە. مەن تېزلەتكۈچنى ئىتتىك دەسسىدىم-دە، ئاخىرقى چېكىگىچە يەتكۈزدۈم.

— ئىست! ئازغىنا قالغانىدى-دە! يەنە ئازراقلا ماڭسام يېتەتتىم-دە! چىداش كېرەك! — مەن ئۆزەمگە يات بىر خىل تاۋۇشتا ۋاقىراپ كەتتىم.

موتوردىن خۇددى چاتاق چىققاندەك ئۇزۇن ئىڭرىغان بىر تاۋۇش چىقتى، گۈرۈلدەپ تىترىدى، خۇددى بىر يېرىدىن چاتاق چىققاندەك تەرتىپسىز سىلكىنىپ كەتتى ۋە ئاندىن كېيىن ئاۋازدىن قالدى. ماشىنا ئاستا ئارقىغا سىيرىلغىلى تۇردى. تورمۇزمۇ ئىشتىن چىقتى. ماشىنىنى چاتما سۆرەپ ئارقىغا سىيرىلغىلى تۇردى، سىيرىلا-سىيرىلا پەسكە چۈشۈپ بىر قورام تاشقا جاقىدا ئۇرۇلۇپ بىردىنلا توختاپ قالدى. ھەممە ياق جىمجىت. مەن ئىشىكنى ئېچىپ سىرتقا قارىدىم. ۋاي كاساپەت! چاتمىنىڭ چاقى يول بويىدىكى ئازگالغا چۈشۈپ كېتىپتۇ. ئەمدى ئۇنى تارتىپ چىقارغۇدەك ھېچقانداق كۈچ يوق ئىدى. مەن شۇ قالايمىقان ئوي-پىكىر ئىچىدە يېڭىۋاشتىن موتورنى ھەركەتلەندۈرۈپ ئالغا ئىتتىلدىم. چاق قۇيۇندەك پىرقىراپ كەتتى، ماشىنا ئۈزلۈكسىز دىر-دىر تىترەيتتى، لېكىن ماشىنا يەنىلا ئۆز ئورنىدا تۇرماقتا. مەن ماشىنىدىن چۈشۈپ، چاتمىنىڭ ئالدىغا كەلدىم. چاتمىنىڭ چاقى ئازگالغا چوڭقۇر پېتىپ

كەتكەن ئىدى. نېمە قىلىش كېرەك؟ قەھرى-غەزەپ ئىچىدە ياخشىراق ئويلاپ باقمايلا چاتمىنىڭ ئارقىسىغا ئۆتۈپ ئىككى قولۇم ۋە پۈتۈن بەدىنىم بىلەن چاتمىنىڭ چاقىنى ئىتتەردىم. ئاندىن كوزۇپنىڭ ئاستىغا كىرىپ، خۇددى يىرتقۇچ ھايۋانىدەك پۈتۈن كۈچۈمنى چىقىرىپ، چاتمىنى مۈرەمدە كۆتەردىم. مەن ئۇنى كۆتىرىپلا كەڭ يولغا ئېلىپ چىقىشنى ئويلايتتىم، لېكىن كۆزلىرىمدىن ئوت چاقناپ كەتكىچە كۈچەپ كۆتەرسەممۇ ھېچبىر نەتىجە چىقمىدى. مەن ھەققەتەن بەك ھېرىپ كەتكەن ئىدىم، گۈپلا قىلىپ يىقىلدىم، يۈز-كۆزۈم، ئەزايى-بەدىنىم قار ئارىلاش پاتقاقتا بۇلغىنىپلا كەتتى. مەن روھسىزلىنىپ يىغلاپ تاشلىدىم. كېيىن ئورنۇمدىن قوپۇپ، ماشىنىنىڭ ئالدىغا دەلدەڭلەپ كېلىپ، ئىشىك پەلەمپىيىدە ئولتۇردۇم.

يىراقتىن موتورنىڭ گۈرۈلدىگەن ئاۋازى ئاڭلاندى. ماشىنىنىڭ ئىككى چىرىغى پەسكە يورۇغىنى چۈشەردى. مەن بۇ شوپۇرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى، نەگە كېتىۋاتقانلىقىنى، ئۇنى قانداق تەقدىر كېچىدە ماشىنا ھەيدەپ يولغا چىقىشقا مەجبۇر قىلغانلىقىنى بىلمەيتتىم، لېكىن بۇ چىراق يورۇغىنىڭ ماڭا چۈشۈشىدىن ۋە مېنى تۇتۇۋېلىشىدىن قورقتۇم. خۇددى ئوغرىدەك ئىتتىك چاتمىنىڭ ئالدىغا كەلدىم-دە، ئىلگەكنى چىقىرىۋېتىپ، ماشىنامغا چۈشۈپ، چاتمىنى تاشلاپ يۇقۇرىغا قاراپ چېپىپ كەتتىم.

چۈشەنگىلى بولمايدىغان، ئادەمنىڭ يۈرىكىنى جىغىلدىتىدىغان بىر خىل قورقۇنچ مېنى چىرمىۋالغان ئىدى. مەن خۇددى چاتما مېنى قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك، ھەللىلا قوغلاپ يېتىشىۋالىدىغاندەكلا ھېس قىلاتتىم. مەن كۆرۈلۈپ باقمىغان تېزلىك بىلەن چاپماقتىمەن. مېنىڭ

www.uyghurkitap.com

بىرەر قورام تاشقا ئۇرۇلۇپ يولدا ئۆلمەي قالغانلىغىمۇ ئېھتىمال بۇ يولنى بەك پىششىق بىلىدىغانلىغىمدىنلا بولسا كېرەك.

سەھەردە گاراژغا يېتىپ كەلدىم-دە، خۇددى ساراڭلارچە ئىشىكنى قېقىشقا باشلىدىم. ئىشىك غىچ قىلىپ ئېچىلدى، مەن ئاسىلغا قاراپمۇ قويماستىن ئىشىكتىن كىردىم، مىنىڭ ئۈستى-بېشىم پۈتۈنلەي لاي بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن نىمىدۇر ھۆل بىر نەرسىنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرۇپ، پۇشۇلداپ ھەسرەشكە باشلىدىم. بايا ئورۇندۇقتىكىسى ھىلاراقىنلا يۇيۇپ قويغان كىر-قاتلار ئىكەن. تاماكا ئالاي دەپ يانچۇغۇمغا قول سېلىپ ئېلىپ چىققىنىممۇ چەمبەرگە ئۆتكۈزۈلگەن ئاچقۇچ بولۇپ چىقتى. مەن ئۇنى نېرى بىر چەتكە چۆرۈۋەتتىم-دە، بېشىمنى سېلىپ، كۆڭلۈم سوۋۇپ، داڭقېتىپ تۇرۇپ قالدىم، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىم كىر. ئاسىل يالىڭاياق پېتى جوزا ئەتراپىدا پايپېتەك بولۇپ پىرقىراپ يۈرەتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭغا نىمىلەرنى دەپ بېرىشىم مۇمكىن؟ ئاسىل يەردىن ئاچقۇچلارنى ئېلىپ جوزىغا قويدى.

— يۇيۇنۇۋالامسەن؟ تۈنۈگۈن كەچقۇرۇندىن باشلاپ سۇ ئىسسىتىپ قويغان ئىدىم، — ئاسىل ئاستا گەپ قىلدى.

ئاستا بېشىمنى كۆتەردىم. ئاسىل كۆينەكچان مىنىڭ ئالدىمدا تۇراتتى، توكۇپ كېتىپتۇ، ئىنچىكە قوللىرىنى مەيدىسىگە قويۇۋاپتۇ. ئۇ قاتتىق چۆچۈگەن بولۇپ، قورقۇنچ ۋە ئىچ ئاغرىتىش كەيپىياتىدا قاراپ تۇراتتى.

— مەن تاغ ئېغىزىدا چاتمىنى ئۆرۈۋەتتىم، — مەن ناتونۇش سۇس بىر خىل ئاۋازدا گەپ قىلدىم.

— نىمە چاتما؟ — ئۇ ھەيرانلىقتا سورىدى.

— 38 — 02 ـ نومۇرلۇق ماشىنىڭ تومۇر قاپلىق چاتما! قانداق چاتما بولسمۇ بەرىبىر! — مەن ھاياجانلىنىپ ۋاقىراپ كەتتىم، — مەن ئوغرىلىغان، ئۇقتۇڭمۇ؟ ئوغرىلىغان!

ئاسىل يېنىككىنە بىر ئۇھ تارتتى-دە، كارۋاتقا ئولتۇردى.

— نىمە دەپ ئوغرىلىدىڭ؟ — ئاسىل سورىدى.

— نىمە دەپ دىگىنىڭ نىمە ئۇ؟ — ئۇنىڭ بۇنداق چۈشەنمەسلىگىگە قاراپ زەردەم قاينىدى. — مەن چاتمىنى سۆرەتىپ تاغدىن ئۆتمەكچى ئىدىم! ئۇقتۇڭمۇ؟ ئۆزەمنىڭ تەشەببۇسىنى ئىسپاتلاپ... ئەمدى توگىدى!...

مەن يېڭىۋاشتىن بېشىمنى ئالىقىنىم ئارىسىغا ئېلىپ ئولتۇردىم. ئىككىمىز بىر دەم جىم تۇرۇشتۇق. ئاسىل بىردىنلا قەتئىي يوسۇندا ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىشكە باشلىدى.

— نىمە دەپ ئولتۇرىسەن؟ — دىدى جىددى يوسۇندا ئۇ.

— نىمە چارە بار؟

— ئاپتوموبىل مەيدانىغا بارغىن.

— نىمە دەپ بارالايمەن! چاتمىنى ئالمايمۇ؟

— بېرىپ ھەممىنى دىگىن.

— نىمە بولدى ساڭا؟ — ئاچچىغىم كەلدى، ئۆيدە پىرقىراپ كەتتىم. — چاتمىنى قايتۇرۇپ ئېپكېلىشكە مېنىڭدە يۈز بارمۇ؟ بېرىپ ئۇلارغا مېنى كەچۈرۈڭلار، مەن خاتا قىپتىمەن دەمدىمەن؟ تىزلىنىپ ئولتۇرۇپ ئۇلاردىن كەچۈرۈم سورامدىمەن؟ مەن ئۇنداق قىلمايمەن! ئۇلار نىمە قىلىشسا قىلىشسۇن، ماڭا بەرىبىر!

ۋاقىراشلىرىمدىن كارۋاتتىكى بالىمىز چۆچۈپ ئويغىنىپ كەتتى. ئۇ يىغلاپ كەتتى. ئاسىل ئۇنى قولىغا ئېلىپ پەپىلەيتتى، لېكىن ئۇ

تېخىمۇ ئۇنىلۇك يىغلاپ كەتتى.

— سەن بىر توخۇ يۈرەك ئىكەنسەن! — ئاسىل بىردىنلا پەس ئاۋازدا، لېكىن قەتئىي تۈردە گەپ قىلدى.

— نىمە؟ — مەن ئەقلىمنى يوقىتىپ، ئۇنىڭغا ئېتىلدىم، مۇشتۇمنى ئۇنىڭ بېشىدا ئوينىتاتتىم، لېكىن ئۇرۇشقا قولۇم بارمىدى. ئۇنىڭ ھەيران بولغان، چوڭ ئېچىلغان كۆزى مېنى توسۇپ قالدى. مەن ئۇنىڭ كۆز قارىچۇغىدىن ئۆزەمنىڭ قورقۇنچلۇق ئەپتىمنى كۆردۈم.

مەن ئۇنى قوپاللىق بىلەن بىر چەتكە ئىتتىرىۋەتتىم-دە، بوسۇغا ئاتلاپ چىقىپ ئىشىكنى پاققىدا ياپتىم.

تالاغا چىقسام تاڭ يورۇپ كېتىپتۇ. كۈپ-كۈندۈزدە، مەن تۈنۈگۈن كېچىدىكى ھەممە ئىشىمنىڭ سەت، نومۇسلۇق ئىش ئىكەنلىكىنى، ئەمدى ئۇنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالغىلى بولمايدىغانلىقىنى تېخىمۇ بەكرەك ھىس قىلدىم. شۇ چاغدا ماڭا بىرلا نىجاتلىق يولى كۆرۈندى: ھازىرچە ماشىنىدىكى يۈكنى كۆرسىتىلگەن يەرگە يەتكۈزۈش كېرەك. كېيىن قانداق بولۇشى ماڭا نامەلۇم ئىدى...

قايتاشىمدا ئۆيگە كىرمىدىم. بۇ ئاسىل بىلەن ئۇرۇشۇپ قالغانلىقىمدىن ئەمەس ئىدى. مەن ھېچقانداق كىشىنىڭ مېنى كۆرۈپ قېلىشىنى خالىمايتتىم، ئۆزەممۇ ھېچقانداق كىشىنى كۆرۈشنى خالىمايتتىم. مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدا باشقىلارنىڭ قانداق قىلىدىغانلىقىنى بىلمەيتتىم، لېكىن ئۆزەم يالغۇز تۇرسام دەپ ئۈمىت قىلاتتىم. مەن باشقىلارغا ئۆزەمنىڭ دەردىنى تۆكۈشنى ياقتۇرمايتتىم، كىممۇ سېنىڭ دەردىڭنى ئاڭلاشنى خالايتتى؟ ھەممە ئىش تېخى تۈگىمىگىچە چىداشقا بولىدىغانلىقى ئىشقا چىداش كېرەك...

يول ئۈستىدە بىر دەڭدە قوندۇم. بىر چۈش كۆرۈپتىمەن،

چۈشۈمدە گويا تاغ ئېغىزىدا چاتمىنى ئىزدەپ يۈرگەندەكمەن. بۇ
ئادەتتىكى چۈش بولماي، مېنى تازا قارا بېسىپ كېتىپتۇ. چاقنىڭ
ئىزىنى كۆردۈم، ئەمما چاتما يوق ئىدى. مەن تۈش-تۈشقا يۈگۈرۈپ،
چاتمىنى سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەندەكمەن، خەقتىن چاتمىنى كىم ئېپكېتىپ
قالدى؟ دەپ سورىغاندەكمەن...

مەن قايتىپ بارغىنىمدا، دەرۋەقە، چاتما ھېلىقى كاساپەت
ئازگالدا يوق ئىدى. كېيىن ئەلىبېكنىڭ ئۇنى ئاپتوموبىل مەيدانىغا
ئېپكەتكەنلىكىنى بىلدىم.

چاتما ئاپتوموبىل مەيدانىغا ئېپكېتىلىپ ئەتىسى ئەتىگەندە مەنمۇ
ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتىپ باردىم. مۇشۇ بىرنەچچە كۈن ئىچىدە
ئۆزەممۇ قارىداپ كېتىپتىمەن، ماشىنىنىڭ ئەينىكىگە قارىسام،
ئۆزەمنى تونۇيالماي قالدىم.

ئاپتوموبىل مەيدانىدا ھايات ئاۋالقىدەكلا ئىدى، پەقەت مەنلا،
خۇددى يات ئادەمدەك، ئىچىدە جىن بار ئادەمدەك دەرۋازىدىن
كىرىپ، ماشىنىنى ئىسكىلاتتىن چەتتەرەك بىر بۇلۇڭدا توختاتتىم.
ماشىنىدىن دەرھال چۈشمەي، ماشىنىنىڭ ئىچىدە ئولتۇرۇپ تۆت
ئەتراپقا قارىدىم، خەقلەر ئىشىنى قويۇپ ماڭا قارىشىپ تۇراتتى.
ئىھ! ئەگەر بۇرۇلۇپلا قېچىپ يىراق بىر يەرگە كېتىپ قالسام نىمە
دىگەن ياخشى بولاتتى-ھە! لېكىن بۇ چاغدا ئاسمانغا چىقىپ كېتەي
دىسەم ئاسمان يىراق، يەرگە كىرىپ كېتەي دىسەم يەر قاتتىق
ئىدى، ئامالسىز يۈزۈمنى قېلىن قىلىپ ماشىنىدىن چۈشتۈم. پۈتۈن
غەيرىتىمنى يىغىپ، ھويلىدىن ئۆتۈپ ماشىنا باشقۇرۇش بۆلۈمىگە
كەلدىم. ئۆزەمنى تېچ تۇتۇشقا ھەرقانچە تىرىشساممۇ، لېكىن ئىش
يۈزىدە خۇددى خاتالىق ئۆتكۈزۈپ قوشۇن ئالدىدا سازايە قىلىنغان

www.uyghurkitap.com

ئادەم سىياقىدا ئىدىم. كۆپچىلىكنىڭ ماڭا ھومسىيىپ قاراپ تۇرغانلىقىنى بىلەتتىم. ھېچكىم ماڭا بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. ھەئە، ئەگەر مەن ئۇلارنىڭ ئورنىدا بولسام، مەنمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىم.

مەن بوسۇغىدا پۇتلىشىپ كەتتىم. يۈرىگىممۇ پۇتلىشىپ كەتكەندەك بولدى: مەن ھەتتا كاتىپزانىمۇ ئۇنتۇپ قېپتىمەن، مەن كاتىپزانى نەقەدەر مۇشكۇل ھالغا چۈشۈرۈپ قويدۇم-ھە!

كارىدور تېمىدىكى «چاقماق» دېگەن تەشۋىقات رەسىمگە كۆزۈم چۈشتى، ئۇنىڭغا "نومۇس" دېگەن سۆز يېزىلغان، بۇ سۆزنىڭ ئاستىغا بولسا جىلغىغا تاشلىۋېتىلگەن چاتمىنىڭ رەسىمى سىزىلغان ئىدى...

مەن بۇرۇلدۇم، يۈزۈم راسا بىر كاچات يېگەندەك ئوت بولۇپ ئېچىشماقتا. باشقۇرۇش بۆلۈمىگە كىرسەم، كاتىپزا تېلېفون بېرىۋېتىپتىكەن. ئۇ مېنىڭ كىرىپ كەلگەنلىگىمنى كۆرۈپ تۇرۇپكىنى ئېلىپ قويدى.

— مە! — مەن ھىلىقى دومىلە باسقان يول خېتىنى جوزىغا تاشلىدىم.

كاتىپزا ھەيداشلىق قىلغان قىياپەتتە ماڭا قاراپ تۇراتتى. ۋاقىراپ ئاللا-تووا كۆتەرمىسەك ۋە ماڭقاڭنى ئېقىتىپ يىغلىمىساق بولاتتىغۇ، دەپ ئويلىدىم مەن. "كېيىن نەگە بېرىپ يىغلىساق يىغلىغىن، لېكىن، ھازىر زادىلا يىغلىما!" دەپ تىلەيتتىم ئىچىمدە. ئۇ مېنى چۈشەندى بولغاي، ھېچنىمە دېمىدى.

— كۆپچىلىك كۆپ پىكىر قىلىپ كەتتىمۇ؟ — دېدىم مەن پەس ئاۋازدا.

كاتىۋا بىشىنى لىڭشىتىپ قويىدى.

— ھىچقىسى يوق! — مەن ئاران شۇ گەپنىلا قىلىپ ئۇنىڭغا يەل بەرمەكچى بولدۇم.

— سىنى بۇ يولدا قاتناشتىن توختاتتى، — دىدى ئۇ.

— توختاتتى؟ پۇتۇنلەي ماشىنا ھەيدەتكۈزمەيدىغان بولدىمۇ؟ — يۈزۈمنى ئۈچ بۇرجەك قىلىپ ھىجىيىپ قويىدۇم.

— ئەسلىدە سىنى پۈتۈنلەي توختىتىپ، رىمونتچىلىققا سالماقچى بولغان،...بىراق ياشلار ساڭا بولۇشتى... ھازىرچە سىنى مەملىكەت ئىچىدىكى يولغا قاتناپ تۇرسۇن دىيىشتى. مۇدىرنىڭ يېنىغا بارغىن، ئۇ سىنى بايىلا ئىزدەپ يۈرەتتى.

— بارمايمەن! ئۇلار ئۆزلىرى قارار قىلىشسۇن، مەن مەيدانىغا بارمايمەن. مەن ئۆكۈنمەيمەن...

مەن باشقۇرۇش بۆلۈمىدىن چىقىپ، كارىدوردا بېشىمنى ساڭگىلىتىپ كېتىۋاتاتتىم، بىر ئادەم كېلىۋاتقاندەك كۆرۈندى، ياندا پ ئۆتۈپ كەتمەكچى بولغان ئىدىم، لىكىن ئەلىپېك يولۇمنى توستى.

— ماڭماي تۇر، توختا! — دىدى ئۇ مىنى قىستاپ بۇلۇڭغا ئېپكېلىپ، قاتتىق تىكىلىپ، غەزەپلىك ۋە كەسكىن ئاھاڭدا پەس ئاۋاز بىلەن، — قالتىس! قەھرىمان، سەن نىمىنى ئىسپاتلىدىڭ؟ ئۆزەڭنىڭ يارىماس ئىكەنلىگىڭنى ئىسپاتلىدىڭ!

مەن شۈمشەيگەن ھالدا گەپ قىلدىم:

— ياخشىراق قىلارمەن دەپ ئويلىغانتىم.

— يالغان! سەن ئۆزەڭ شۆھرەت تازانماقچى بولغان، ئۆزەڭنى دەپ ئىشنى بۇزدۇڭ. ئەمدى سەن چاتما چېتىشقا بولىدىغانلىغىنى ئىسپاتلاپ باقە قېنى! ئەخمەق! شۆھرەتپەرەسلەر پادىشاسى!

www.uyghurkitap.com

بۇ بىرنەچچە ئېغىز گەپ باشقا ھەرقانداق كىشىنى ئۆز مەسىلىسىنى ئويلاشقا مەجبۇر قىلىشىمۇ مۇمكىن ئىدى، لېكىن مېنىڭ ئۈچۈن ئۇ قۇلاقتىن كىرىپ بۇ قۇلاقتىن چىقىپ كېتىدىغان يەل بولدى، ئەمدىلىكتە ھەرقانداق گەپ مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئىدى؛ مەن ھېچنىمىنى چۈشىنەلمەيتتىم، ئۆزەمنىڭ خورلۇغىنىلا كۆرەتتىم. مەن شۆھرەتپەرەسلەر پادىشاسىمۇ؟ شۆھرەت قازىنىشقا ئۇرۇنغۇچىلاردىنمۇ؟ نام ـ ئاتاق قوغلىشىۋېتىپتىمەنمۇ؟ بۇ ماڭا ئۇۋال قىلغانلىق ئەمەسمۇ!

ــ يولۇڭغا ماڭ! ــ مەن ئەلىبېكنى ئىتتىرىۋەتتىم، ــ سېنىڭسىزمۇ ماڭا كۇپايە.

مەن كارىدوردىن چىقىپ پەلەمپەيگە كەلدىم. ئۇستىخاندىن ئۆتەدىغان سوغاق شامال ھويلىدىكى قار ئۇچقۇنلىرىنى ئۇچۇرتماقتا. كىشىلەر يېنىمدىن كۆزىنىڭ قىرىدا قاراپ قويۇپ گەپمۇ قىلماستىن ئۆتۈپ كەتمەكتە. قىلىدىغان نىمە ئىش قالدى؟ مەن قولۇمنى يانچۇغۇمغا سېلىپ دەرۋازىغا قاراپ ماڭدىم. يولدا يىغىلىپ قالغان سۇلار توڭلاپ مۇز بولۇپ كەتكەن بولۇپ، ماڭسا سۇنۇپ غىرىسلايتتى. سىلىقلاش مېيى قاچىلانغان بىر قۇتا پۇتۇمغا پۇتلىشىۋىدى، كۆچەپ بىرنى تەپسەم، دەرۋازىدىن تاراڭلىغان پېتى چىقىپ يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا پىرقىرىغىلى تۇردى.

كۆن بويى مەقسەتسىزلا كوچا ئايلاندىم، ھېچنىمە يوق پىرىستاندا ئايلىنىپ يۈردۈم. ئىسسىق كۆل ئۇستىدە قارا بوران كۆتىرىلدى، كېمىلەر پىرىستان يېنىدا چايقىلىپ تۇراتتى.

كېيىن مەن بىر قاۋاقخانىغا كىرىپ، يېرىم لېتىر جۇنجۇن بىلەن بىر تەخسە زاكۇسكا ئالدىم. بىر رومكا ئىچىشىم بىلەنلا بېشىم ئايلىنىپ، گومۇشلاردەك پۇتۇمنىڭ ئاستىغا قارىغىنىمچە ئولتۇرۇپ

قالدىم.

— يىگىت، بېشىڭ چۈشۈپ كېتىپتىغۇ؟ — ئۇشتۇمتۇت ئەدەپ بىلەن چىققان، سەل مەسخىرە ئارىلاش ئاۋازنى ئاڭلىدىم. مەن بېشىمنى شاققىدە كۆتىرىپ قارىۋىدىم، يېنىمدا كاتىرا تۇرۇپتۇ.

— نىمە دەپ ئۆزەڭ يالغۇز ھاراق ئىچىسەن؟ — دىدى ئۇ كۈلۈمسىرەپ ۋە ئاندىن كېيىن جوزا يېنىدا ئولتۇردى، — ئىككىمىز بىرلىكتە ئىچەيلى!

كاتىرا ئىككى رۇمكا ھاراق قۇيۇپ، بىرىنى ئالدىمغا قويدى.

— ئالە! — دىدى ئۇ ماڭا مۇھەببەتلىك كۆزى بىلەن قاراپ، گويا بۇ يەرگە ئىككىمىز بىرلىكتە ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكە كەلگەندەك بولۇشتۇق.

— سەن نىمىگە بۇنچىلىك خوشال؟ — مەن ئىختىيارسىز سورىدىم.

— نىمە ئۈچۈن خاپا بولۇشۇم كېرەككەن؟ سېنىڭ بىلەن بىللە بولسام، ھىچنىمە بىلەن كارىم يوق، ئىلياس! مەن سېنى مىڭدىن چىك دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بولدى، بىز جاننى تىكىپ قويدۇق! — ئۇ يېنىككىنە كۈلدى ۋە ماڭا يېقىنراق ئولتۇرۇپ، رۇمكىسىنى رۇمكامغا سوقۇشتۇرۇپ، قاپ ـ قارا خۇما كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

بىز بىراقلا كۆتىرىۋەتتۇق. مەن تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چېكىپ سەل يېنىكلەشكەندەك بولدۇم ـ دە، كۈلۈمسىرىدىم، بۇ بۈگۈن بىرىنچى قېتىم كۈلۈشۈم ئىدى.

— كاتىرا، سەن يارايسەن! — دىدىم مەن ۋە قول ئېلىپ كۆرۈشتۇم.

ئاندىن كېيىن بىز كوچىغا چىقتۇق. قاراڭغۇ چۈشۈپ كەتكەن ئىدى. كۆل تەرەپتىن ئاتتىق شامال ئۇرماقتا، دەرەخ شاخلىرى

ۋە يول چىراقلىرى ئىغاڭلاپ تۇراتتى. كەڭ زىمىن ئايغىسىنىڭ ئاستىدا پىرقىرىماقتا. كاتېژا مېنى قولتۇقلاپ، كۆيۈنگەن ھالدا ياقامنى ئۆرە قىلىپ قويدى.

— كاتېژا، مەن سېنىڭ ئالدىڭدا خىجىلمەن! — دىدىم مەن، مەن ئۆكۈنگەن ۋە ھاياجانلانغان ئىدىم، — بىراق، ساڭا ئېيتايكى، مەن سېنى ھەرگىز باشقىلارغا بوزەك قىلدۇرمايمەن،...ئۆزەم مەسئۇل بولىمەن...

— بۇلارنى ئۇنتۇپ كەت ئەمدى، ئەزىزىم! — دىدى ئۇ، — سەن ئۆز نېسىۋەڭگە شۈكۈر قىلمايدىغان ئادەمسەن، ھامان قاياققىدۇر چېپىش كويىدا بولىسەن، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ. بۇرۇن مەنمۇ شۇنداق ئىدىم. تۇرمۇشنى قوغلاشقىلى بولمايدۇ، قانداق ئىشنى تۇتقان بولساڭ، شۇنى چىڭ تۇتۇشۇڭ كېرەك... نىمە ئۈچۈن تەقدىر بىلەن چاخچاقلىشاتتىڭ!

— گەپ بۇنى قانداق چۈشىنىشتە! — دىدىم مەن ئۇنىڭغا قارشى ھالدا، ئاندىن كېيىن سەل ئويلىنىپ، — ئېھتىمال سېنىڭ ئېيتقىنىڭ توغرىدۇر...، — دىدىم.

بىز كاتېژانىڭ ئىشىگى ئالدىدا توختىدۇق. ئۇزاقتىن بېرى ئۇ يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرۈپ كېلىۋاتاتتى، نىمە ئۈچۈندۇر ئېرىدىن ئاجرىشىپ كەتكەن ئىدى.

— بولدى، مەن ئۆيگە يېتىپ كەلدىم، — دىدى ئۇ.

مەن سەل ئىككىلەندىم، ماڭمىدىم. بىزنىڭ ئۇتتۇرىمىزدا ئاللىقاداق بىرنىمە بىزنى بىر بىرىمىزگە چېتىپ قويغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن ياتاققا قايتماقچى ئەمەسمەن. ھەقىقەت دىگەن ياخشى نەرسە، بىراق بەزىدە بەك قاتتىق، ئادەمنى ئىختىيارسىز ئۆزىنى

چەتكە ئالدىغان قىلىپ قويدۇ.

— ئەزىزىم، نېمىنى ئويلاپ قالدىڭ؟ — كاتيۋژا سورىدى. — هاردىڭمۇ؟ يەنە ئۇزاق يول ماڭامسەن؟

— هېچقىسى يوق، يېتىپ بارالايمەن. خەير.

ئۇ مېنىڭ قولۇمنى تۇتۇۋالدى.

— ئوهوي، مۇزلاپ كېتىپتۇ! يەنە بىر دەم تۇرۇپ تۇرغىن، مەن ئىسسىتىپ قوياي! — دىدى ئۇ ۋە قولۇمنى پەلتوسىنىڭ ئىچىگە سالدى، بىردىنلا قولۇمنى مەيدىسىگە قويۇپ چىڭ بېسىۋالدى. مەن قولۇمنى ئىتتىك تارتىۋالالمىدىم، ئۇنىڭ بۇنچىلىك كۈچلۈك مۇهەببىتىگىمۇ قارشىلىق كۆرسىتەلمىدىم، ئۇنىڭ يۈرىكى قولۇمنىڭ ئاستىدا سوقۇپ، مىدىرلاپ ئويناقلايتتى، خۇددى ئۇزاقتىن بېرى كۈتكەن نەرسىسىنى قاندۇرۇشنى تەلەپ قىلغاندەك قىلاتتى. مەن گەرچە سەل مەس بولسامۇ، لېكىن خۇدۇمنى بىلمەيدىغان دەرىجىدە ئەمەستىم. مەن هۇشيارلىق بىلەن قولۇمنى تارتتىم.

كاتيۋژا سورىدى:

— سەن كېتەي دەمسەن؟

— هەئە.

— ماقۇل ئەمىسە، خوش!

كاتيۋژا بىر ئۇلۇغ-كىچىك تىنىدى-دە، ئىتتىك كېتىپ قالدى. كېچىدە ئىشىك تاراق قىلىپ يېپىلدى. مەنمۇ قەدەم تاشلىدىم، لېكىن بىرنەچچە قەدەم مېڭىپ يەنە توختىدىم. بۇنىڭ قانداق ئىش ئىكەنلىكىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، قارىسام يېڭىۋاشتىن ئۇنىڭ بوسۇغىسىدا تۇراتتىم. كاتيۋژا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن. ماڭا ئېسىلدى، ئىككى قولى بىلەن بوينۇمدىن مەهكەم قۇچاقلاپ، لېۋىمگە

www.uyghurkitap.com

سۆيۈپ كەتتى.

— سەن قايتىپ كەلدىڭ! — دېدى ئۇ ئەركىلەپ، ئاندىن كېيىن قولۇمنى قوينىغا سالدى.

يېرىم كېچىدە ئويغىنىپ، ئۇزاققىچە ئۆزەمنىڭ نەدە ياتقانلىقىمنى ئەسلىيەلمەي كەتتىم. بېشىم قاتتىق ئاغرىيتتى. كاتىېژا ئىككىمىز بىر كارۋاتتا يېتىپتىمىز. مەن سەل-پەل مىدىرلىۋىدىم، تېخى كۆزىنى ئاچمىغان كاتىېژا مېنى قاتتىق قۇچاقلىۋالدى.

— كەتمە! — ئۇ پەس ئاۋازدا يالۋۇردى، ئاندىن كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ، قاراڭغۇدا كۆزۈمگە قاراپ ئۇزۇپ-ئۇزۇپ گەپ قىلىپ كەتتى. — ئەمدى سەن بولمىساڭ بولمايدۇ،... سەن مېنىڭكى! مەڭگۈ مېنىڭكى... مەن باشقا ھېچنېمىنى بىلمەيمەن. سەن مېنى ياخشى كۆرسەڭلا بولدى، ئىلياس! باشقىسى ماڭا كېرەك ئەمەس... يول قويمايمەن، ئۇقتۇڭمۇ، چىككىنمەيمەن!... — كاتىېژا يىغلىغىلى تۇردى، ئۇنىڭ ئىسسىق يېشى يۈزۈمگە ئېقىپ چۈشتى.

مەن كەتمىدىم. سەھەردە ئۇخلاپ قېپتىمەن. بىز ئويغانغان چاغدا ئاللىقاچان تاڭ ئېتىپ كېتىپتىكەن. مەن دەرھال كىيىملىرىمنى كىيدىم، كۆڭۈلسىز، قورقۇنچلۇق بىر سوغاق ھاۋا يۈرىگىمنى سوۋۇتۇپ ئۆتۈپ كەتتى. مەن ماڭغاچ كالتا جۇۋامنى كىيىپ، تېزلا ھويلىغا چىقىپ، ئالمان-تالمان دەرۋازىدىن چىقتىم. قوڭۇر تولكە تۇماق كىيگەن بىرسى ئۇدۇل مەن تەرەپكە قاراپ كېلىۋاتاتتى. ئۇھۇ! مېنىڭ كۆزۈمگە ئوق كېلىپ تەككەندەك بولدى! جانتاي ئىشقا كېتىۋاتقان ئىكەن. ئۇ مۇشۇ ئەتراپتا تۇرۇشلۇق ئىدى. ئىككىمىز كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئارىلىقتا تۇرۇپ قالدۇق. مەن ئۇنى كۆرمەسگە سېلىپ، بىردىنلا بۇرۇلۇپ ئاپتوموبىل مەيدانىغا قاراپ تېز

مىڭىپ كەتتىم. جانتاي مەقسەتلىك ھالدا ئارقىمدىن يۆتىلىپ قويدى. ئۇنىڭ پۇتى قاردا غىچىرلايتتى، ئۇ باشتىن-ئاخىر ماڭا يىراقمۇ ئەمەس، يېقىنمۇ ئەمەس ئارىلىق قالدۇرۇپ كەلمەكتە ئىدى. ئەنە شۇ تەقلىتتە مىڭىپ ئاپتوموبىل مەيدانىغا كەلدۇق.

مەن ماشىنا ئىسكىلاتىغا بارماي، توپ-توغرا ئىشخانىغا كەلدىم. ئادەتتە ئەتىگىنى باش قوشۇش يىغىنى بولىدىغان باش ئىنژېنېر ئىشخانىسىدا گەپ-سۆز، ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاينىغان ئىدى. بۇ چاغدا، ئىشخانىغا كىرىپ، دەرىزىگە يېقىن بىر يەردىن ئورۇن تېپىپ، پۇتۇمنى ئالماشتۇرۇپ ئولتۇرۇپ تاماكا چەككەچ بۇ شوپۇرلارنىڭ چاقچاقلىشىپ تىللاشقانلىرىنى، تالاش-تارتىش قىلىشقانلىرىنى تازا ئاڭلىغۇم كەلدى. ئادەمنىڭ ئارزۇ-ئىستىكىنىڭ مۇنداق كۆچلۈك بولىدىغىنىنى ھېچقاچان ھازىرقىدەك بىلمىگەن ئىدىم. لېكىن كىرمىدىم. قورقۇۋاتقىنىم يوق، مېنىڭچە، مەن قورقمايمەن. مەن يەنىلا ناھايىتى غەزەپلىك ئىدىم، مېنىڭدە ئىغۋاگەرچىلىك تەرسالىقى، ئۈمىتسىزلىك تەرسالىقى، مادارسىزلىق تەرسالىقى بىلىنىپ تۇراتتى. بۇنىڭدىن بۆلەك، كاتېۋا بىلەن بىر كېچە ياتقانلىقىمدىن پەيدا بولغان ئالاقزادىلىك... قوشۇلۇپ كەتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە، خەق تېخى مېنىڭ سەۋەنلىكىمنى ئۇنتۇپ كەتكۈدەك بولمىدى. ئىشخانىنىڭ ئىچىدە دەل مېنىڭ ئۈستۈمدە گەپ بولۇۋېتىپتىكەن. كىمنىڭدۇر ئۈنى ئاڭلاندى:

— قائىدىگە سىغمايدۇ، ئۇنى سوتقا بېرىش كېرەك ئىدى، لېكىن سەن ئەكسىچە ئۇنىڭغا يان بېسىۋاتىسەن! يۈزۈڭنى قېلىن قىلىپ، تېخى ئۇنىڭ ئوي-خىيالى توغرا دەيسەن! ھالبۇكى ئۇ چاتمىنى تاغ ئاغزىغا ئېپبېرىپ تاشلاپتىغۇ! ئەنە...

يەنە بىر ئاۋاز ئۇنىڭ سۆزىنى بۆلدى:

— توغرا گەپ! بۇنداق ئادەملەرنى بىز كۆرگەن. بەك چاققان. كۆپچىلىك دىققەت قىلمىغان ۋاقىتتىن پايدىلىنىپ غىپپىدە بۇ كاپاتقا ئېرىشىۋالماقچى بولىدۇ، تېخى بۇنى ئاپتوموبىل مەيدانى ئۇچۇن دەۋالىدۇ... تۇلكە تۇتمەن دەپ قاپقاننى ئوغرىغا بېرىپتۇ دىگەن مۇشۇ!

كىشىلەر بىر بىرى بىلەن تالاشماقتا ئىدى. مەن باشقىلارنىڭ گېپىنى ئوغرىلىقچە ئاڭلىۋېلىشنى خالىمايتتىم، شۇ سەۋەپتىن كېتىپ قالدىم.

ئارقامدىن كىشىلەرنىڭ گەپ قىلىشىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قەدىمىمنى تېزلەتتىم. تالاش-تارتىشتىن شوپۇرلارنىڭ ئاغزى تېخىچە توختىمىغان ئىدى. ئەلبېك كىمگىدۇر ئاللىقانداق بىرنىمىنى ئىسپاتلاپ بەرمەكچى بولۇپ، قاتتىق ئاۋازدا قايناپ سۆزلەيتتى:

— چاتمىنى كونتۇرول قىلىدىغان تورمۇزنى ئۆزىمىزنىڭ ئاپتوموبىل مەيدانىدا ئۆزىمىز ياسىۋالىمىز. گاز بېسىپ بېرىدىغان شىلانكا ئورنىتىپ، ياغاچ سۇرتكۈچ تاقاپ قويىمىز. بۇ بەك تەس ئىش ئەمەستۇ!... ئاۋۇ ئىلياسما؟ ئىلياس، توختا! — ئۇ ماڭا ۋاقىرىدى.

مەن توختىماي ماشىنا ئىسكىلاتىغا قاراپ كېتىۋەردىم. ئەلبېك ماڭا يېتىشىۋېلىپ مۇرەمدىن تارتتى.

— ھى، شەيتان! بىلدىڭمۇ، ئاخىر ئىسپاتلاندى. تەييارلىق قىلىپ قوي، ئىلياس! بىزگە ياردەمچى بولساڭ قانداق؟ بىز سىناپ كۆرىدىغان بولدۇق! چاتما چاتىمىز!

مېنىڭ ئاچچىغىم كەلدى، ئىچىمدە ئويلىدىم: سەن مېنى قۇتقازماقچىمۇ؟ مېنىڭدەك يارامسىز بىر دوستۇڭ بىلەن چاتما سۆرەتمەكچىمۇ؟ ياردەمچى بولمىشمەن! مەن ئۇنىڭ قولىنى مۇرەمدىن

چۈشۈرۈۋەتتىم:

— سەن ئۆزەڭ چاتماڭنى سۆرەتتۈۋەرگىن...

— نىمە ئاچچىقلىنىسەن؟ ئۆزەڭ خاتا قىلدىڭ-دە... ھە، ساڭا ئېيتىدىغان بىر گەپ بار ئىدى، ئۇنتۇپ قېپتىمەن. ۋالوچكا سىلىيايېۋ ساڭا ئېيتتىمۇ؟

— ياق، ئۇنى كۆرمىدىم. نىمە ئىش؟

— نىمە ئىش! سەن نەگە كەتتىڭ؟ ئاسىل يولدا سېنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن، مېنىڭدىن سورىدى. ئۇنىڭ كۆڭلى بەك يېرىم، ھالبۇكى سەن...

ئىككى پۇتۇم بىردىنلا بوشىشىپ كەتتى. كۆڭلۈم شۇنداق غەش، شۇنداق چىدىغۇسىز تىت-تىت بولۇپ كەتتىمكى، دەرھال ئۆلۈۋالغىم كېلىپ كەتتى. ئەلبېك بولسا يېڭىمنى تۇتۇۋېلىپ چاتمىغا قانداقتۇر بىر زاپچاسنى ئورنىتىش لازىملىقىنى توختىماي چۈشەندۈرەتتى... جانتاي بىر چەتتە تۇرۇپ بىزنىڭ پارىڭىمىزغا زەڭ قويۇۋاتاتتى.

— يولۇڭغا ماڭ! — مەن يېڭىمنى تارتىۋالدىم، — قانداق ئالۋاستى ماڭا چاپلىشىۋال دىدى؟ بەس! ماڭا چاتما كېرەك ئەمەس، مەن ياردەمچى بولماقچى ئەمەسمەن... ئۇقتۇڭمۇ؟

ئەلبېك قوشۇمىسىنى تۈرۈپ، قولىدا بىرنەچچە تاشنى ئويناپ تۇراتتى:

— ئىشىنى ئۆزەڭ باشلاپ بېرىپ، چاتاق چىققاندا ئەمدى بىرىنچى بولۇپ قاچماقچىمۇ؟ شۇنداقمۇ؟

— قانداق ئويلىساڭ ئويلاۋەرگىن!

ماشىنىنىڭ ئالدىغا كەلدىم، قوللىرىم تىترەيتتى، كاللام قاپاق بولۇپ كەتتى، كاللامغا ھىچنىمە كىرمەيتتى. نىمە ئۈچۈندۇر ماشىنا

رېمونت قىلىش ۋاقتىدا تورۇشقا ياسالغان ئۆرەككە چۈشۈپ، كاللامنى سوۋۇتۇش ئۈچۈن بېشىمنى خىشقا قويدۇم.

— هە ئىلياس! — يۇقۇرىدا بىراۋ ئاستا گەپ قىلاتتى.

مەن بېشىمنى كۆتىرىپ قارىسام، يەنە قانداق نىمكەن دىمەمسىز؟ جانتاي تۆلكە تۇمىغىنى كىيىپ، ئۆرەكنىڭ قىرىدا، خۇددى يەردىن ئۈنۈپ چىققان موگۇدەك ئولتۇرۇپتۇ. ئۇ ھەييار كۆزلىرىنى يۇمۇشلاپ ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— سەن ئۇنىڭ دەككىسىنى ئوبدان بەردىڭ، ئىلياس!

— كىمنىڭ دەككىسىنى؟

— ئەلىبېكنىڭچۇ، ئاكتىپنىڭ! كېلىشتۇرۇپ بىرنى سىلىۋىدىڭ،... شۇ زاماتلا تىلى تۇتۇلدى، يېڭىلىغۇچى ئىمىش تېخى!

— بۇ سېنىڭ نەرىگە تاقاشتى؟

— نەرىگە دەيسەنا، ئۆزەڭمۇ بىلىسەن، چاتما سۆرىتىش بىز شوپۇرلارغا نەپ بەرمەيدۇ. بۇنىڭ قانداق ئاقىۋەتلەرنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىغىنى بىز بىلىمىز: ئىش نورمىسى ئاشىدۇ، مۇساپە قىسقىرايدۇ، كۆپچىلىكنىڭ جان-جەھلى بىلەن ئىشلىشىگە توغرا كېلىدۇ، ھالبۇكى كىلومېتىر بېشىغا بېرىلىدىغان ئىش ھەققىمىز ئازىيىپ كېتىدۇ، ئانىسىنى... كاساپەتلەر بىزنىڭ يانچۇغىمىزغا قول سالىدۇ. سېنى بىرەر كۈن تەقدىرلەپ قويىدۇ. كېيىنچۇ؟ بىز سېنى ئەيىپلىمەيمىز، سېنىڭ بۇنداق قىلغىنىڭ ياخشى...

— بىز دېگىنىڭ كىملەر؟ — مەن مۇمكىن قەدەر ئېغىر بېسىقلىق بىلەن سورىدىم. — بىز دېگىنىڭ شۇ سەنغۇ دەيمەن؟

— مەنلا ئەمەس، — دېدى جانتاي كۆزىنى چىمچىقلىتىپ.

— يالغان ئېيتىۋاتىسەن، ئىپلاس ھارامزادە! شۇ دېگىنىڭ ئۈچۈن

بولسىمۇ مەن چاتما سۆرىتىپ ساڭا كۆرسىتىپ قويىمەن... جېنىمنى تىكىپ قويۇپ بولسىمۇ بۇنى ئىشقا ئاشۇرىمەن. ھازىرچە يوقال كۆزۈمدىن! ئەدىۋىڭنى كېيىن بېرىمەن!

— بوپتۇ، سەن ھەددىڭدىن ئېشىپ كەتمە! — جانتاي غەزەپ بىلەن سۆزلەيتتى. — مەن سېنىڭ پاك ئادەم ئىكەنلىكىڭنى بىلىمەن-غۇ... ئۆزىنى پاك ھىساپلايدۇ تېخى. پاھىشىۋازلىق قىلغان ئىشلىرىڭ توغرىسىدا...

— ھۆي ھارامزادە!... — مەن قاتتىق غەزەپ بىلەن تۈۋلىدىم-دە، ئىڭىگىدىن كۈچۈمنىڭ بېرىچە ئىتتىرىۋەتتىم.

ئۇ ئەسلىدە ئۆرەكىنىڭ لېۋىدە زوڭزىيىپ ئولتارغاچقا، بىرلا ئىتتەرسەم ئوڭدىسىغا چۈشتى. تۈلكە تۇمسىغى نەچچە دومىلاپ كەتتى. مەن ئۆرەكتىن چىقىپ ئۇنىڭغا ئېتىلدىم. لېكىن جانتاي ئورنىدىن قوپۇپ ئۆزىنى چەتكە ئالدى ۋە خۇددى ئۆلتۈرگىلىۋاتقان چوشقىدەك چىقىراپ ھويلىنى بېشىغا كىيدى.

— لۈكچەك! قاراقچى! ئۇرۇشماقچىمۇسەن؟ سېنى رەجىمغا ئالدىغان چارە بار! پاھىشىۋاز، زومىگەرلىك قىلماقچى بولدۇ دىسە تېخى!...

تۆش-تۆشتىن كىشىلەر يىغىلىشقا باشلىدى. ئەلىبېكمۇ يۈگۈرۈپ كەلدى.

— نېمە ئىش؟ سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن سوقۇشىسەن؟

— ھەقىقەت ئۈچۈن! — جانتاي سۈرەن كۆتەرگىلى تۇردى، — مەن ئۇنىڭغا توغرىدىن-توغرا ھەقىقەتنى ئېيتتىم!... ئۇ چاتمىسىنى ئوغرىلاپ، ئۇنى تاققا تاشلىۋېتىپ، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزغا زىيان سالدى. باشقا ئادەم بولغان بولسا، ئاللىقاچان يۇۋاشلىق بىلەن خاتالىقىنى تۈزەتكەن بولاتتى، لېكىن ئۇ تېخى ئادەم ئۇرماقچى

بولـدۇ! ئەمـدى ئۇ، چاتاق بولـدى، شۆھرەتـتىن قۇرۇق قالـدىم دەپ...

ئەلىبېك مېنىڭ ئالدىمغا كېلىپ ئاچچىغىدا گەپ قىلالماي كەتتى:

ــ پەس ھارامزادە! ــ ئۇ مەيدەمـدىن ئىتتىرىۋەتـتى. ــ ئۆزەڭ تەۋەككۈلچىلىك قىلىپ ئىشنى خاتا قىلىپ قويۇپ، تېخى باشقىلاردىن ئۆچ ئالـماقچـمۇسەن! ھېچـقـىسى يوق، سەن بولمىساڭـمۇ ئىشنى ئوخشاشلا قىلىۋېرىمىز. بىزگە سەندەك قەھرىمان كېرەك ئەمەس!...

مەن ئۈندىمىدىم، دەيدىغان گېپىمـمۇ يوق. جانتايـىنىڭ رەزىـل يالـغان گەپلىرىـنى ئاڭلاپ خاپىلىغىمـدا تىترەپ، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي كەتتىم. يولداشلار قاپىغىنى تۈرۈپ ماڭا قارىشىپ تۇراتتى.

قېچىـش! مەشەدىـن قېچىـش كېرەك!...مەن ماشىنامغا چىقىـپ، دەرھال ئاپتوموبىـل مەيـدانـىدىن چىقتىم ــ دە، ماشىنىـنى بولۇشىغا قويۇۋەتتىم.

يولدا مەن تازا مەس بولۇپ كەتتىم. يول بويىدىكى بىر دۇكانغا كىرىۋىدىم، لېكىـن قانغۇدەك ئىچمەپتىـمەن. كېيىـن يەنە توختاپ لىقمۇ ــ لىق بىر رومكا ئىچتىم. ئاندىن كېيىن ماشىنىنى بولۇشىغا قويۇ ــ ۋەتتىم. كۆزۈمگە كۆۋرۈك، يول بەلگىلىرىلا كۆرۈنەتتى ۋە ئۆتـكەن ماشىنـلار كۆزۈمـگە لىپ ــ لاپ قىلىپـلا كۆرۈنۈپ قالاتـتى. ئازراق خوشال بولۇشقا باشلىدىم. ”ھى!“ ئويلايتتىم مەن، ”كۆتەر قاسقىنىڭنى! ساڭا يەتـمەيـۋاتقان نـىمە بار ئـىدى، ماشـىنا ھەيـدە دىگەنـدىن كېيىن ماشىناڭـنى ھەيدەشـنى بىـل. كاتىۋا بولـسا... ئۇنىڭ نەرى باشقىلاردىن كەم ئىكەن؟ ياش، چىرايلىق. ئۇ سېنى ياخشى كۆرىدۇ، ئۆز جېنىنى ياخشى كۆرگەنـدەك ياخشى كۆرىدۇ، ئۇ سەن ئۈچۈن ھاياتىنى تەقدىم قىلماقچى...سەن راستلا بىر قاپاقۋاش ــ تە!“

كەچقۇرۇن ئۆيگە قايتىپ كەلدىم. مەن ئىشىك ئالدىدا دەلدەڭشىپ تۇراتتىم. كالتا جۇۋامنىڭ بىرلا يېڭىنى سىپپىۋالغان ئىدىم. بەزىدە ئوڭ يېڭىمنى سىلىۋېتىشنى ياخشى كۆرەتتىم، بۇنداق بولغاندا رولنى تۈتۈش تېخىمۇ ئەپلىك بولاتتى. بۇنى كىچىكىمدە تاش ئېتىپ يۈرگەن ۋاقتىمدا ئادەت قىلغان ئىدىم.

ئاسىل ئۆزىنى ماڭا ئاتتى.

— ئىلياس، ساڭا نىمە بولدى؟ — كېيىنچە ئۇ بۇنىڭ نىمە ئىش ئىكەنلىكىنى بىلدى بولغاي، ۋاقىراپ كەتتى، — ھى! بۇ يەردە نىمە دەپ تۇرىسەن؟ ھاردىڭمۇ؟ توڭدۇڭمۇ؟ كىيىملىرىڭنى سىلىۋەت!

ئۇ كىيىملىرىمنى سىلىشقا ياردەملەشمەكچى بولاتتى، مەن گەپمۇ قىلماستىن ئۇنى ئىتتىرىۋەتتىم. مەن ئۆز نومۇسۇمنى قوپاللىغىم بىلەن يوشۇرماقچى بولاتتىم. مەن ئۆيدە بىر دەم ئۇ ياققا، بىر دەم بۇ ياققا مېڭىپ، پۇتلىشىپ يىقىلغىلى تاس قالدىم، ئىمدۇر بىرنىمىنى تاراقلىتىپ ئۆرۈۋەتتىم. مەن ئورۇندۇققا لاسسىدە ئولتۇردۇم.

— بىرەر ئىش بولدىمۇ، ئىلياس؟ — ئاسىل ئەنسىزلىك بىلەن كۆزلىرىمگە قارايتتى.

— نىمە، سەن تېخى بىلمەمسەن؟ — مەن بېشىمنى سىلىپ ئولتۇردۇم، ئىچىمدە ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭغا قارىماي دەپ ئويلايتتىم. مەن ئاسىلنىڭ ئەيىپلىشىنى، يامانلىشىنى ۋە تىللاپ-قاغىشىنى كۈتۈپ ئولتۇردۇم. ئەڭ يامان گەپ بولسىمۇ ئۆزەمنى ئاقلىماي ئاڭلاپ ئولتۇرۇشقا تەييار ئىدىم. ئاسىل ئۆيدە ئەمەستەك گەپ قىلماي جىم تۇراتتى. مەن بېشىمنى ئاۋايلاپ كۆتەردىم. ئاسىل دەرىزىنىڭ يېنىدا ماڭا ئارقىسىنى قىلىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمىسەممۇ، لېكىن ئۇنىڭ يىغلاۋاتقانلىغىنى بىلدىم. ئۇنىڭغا ئىچىم بەك ئاغرىپ

كەتتى.

— مەن ساڭا ئېيتاي، ئاسىل، — مەن ئىككىلىنىپ ئېغىز ئاچتىم، — مېنىڭ ساڭا دەيدىغىنىم...، — لېكىن مەن يەنە جىم بولۇپ قالدىم. مېنىڭدە ئۇنىڭ ئالدىدا ئىقرار قىلغۇدەك مادار يوق ئىدى. ياق، مەن ئۇنىڭغا ئۇنچىلىك زەربە بېرەلمەيمەن. مېنىڭ ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىيتتى، ئۇنىڭغا ئېيتماسلىغىم كېرەك... ئۇلاپلا مۇنداق دېدىم: — ئەھۋالدىن قارىغاندا ھازىر ئايلىغا سېنىڭ ئاتا-ئاناڭنى يوقلاشقا بارالمايدىغان ئوخشايمىز، — مەن گەپنى يۆتكەپ يەنە مۇنداق دېدىم، — بىر مەھەل ئۆتكەندىن كېيىن بارارمىز. ھازىر چولىمىز تەگمەيدۇ...

— كېيىن بارارمىز، ئالدىراشنىڭ ھاجىتى يوق...، — دەپ جاۋاپ بەردى ئاسىل. ئۇ كۆزلىرىدىكى ياشنى سۈرتۈپ ئالدىمغا كەلدى، — ھازىر بۇنى ئويلىمىغىن، ئىلياس. ھەممىسى ياخشى بولۇپ كېتىدۇ. ئەڭ ياخشىسى سەن ئۆزەڭنى ئويلا. سەن ئەجەپمۇ غەلىتە ئادەم بولۇپ قالدىڭ، مەن سېنى تونۇيالماي قېلىۋاتىمەن، ئىلياس!...

— بولدى، — مەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلىۋەتتىم، ئۆزەمنىڭ روھسىزلىنىپ ئولتۇرۇشۇمغا ئاچچىغىم كەلدى، — ھاردىم، ئۇيقۇم كېلىۋاتىدۇ.

بىر كۈن ئۆتۈپ، ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتىش يولىدا، تاغ ئېغىزى تەرەپتە ئەلىبېكنى ئۇچراتتىم. ئۇ چاتما سۆرىتىۋاپتۇ. دولۇن ئېغىزى ئۇستىدىن غەلىبە قىپتۇ.

مېنى كۆرگەن ئەلىبېك ماشىنىسىنى توختىتا-توختاتمايلا سەكرەپ چۈشۈپ قولىنى پولاڭشىتقىلى تۇردى. مەن ماشىنامىنى ئاستىلاتتىم. ئەلىبېك خوشاللىغىدىن گۈلقەقەلىرى ئېچىلغان ھالدا يولدا تۇراتتى.

— ياخشىمۇسەن، ئىلياس! چۈشۈپ بىرەر تال تاماكا چېكىۋال.

مەن ماشىنىغا تورمۇز بەردىم. ئەلىبېكنىڭ كابىنكىسىدا بىر باش يىگىت ئولتۇراتتى، ماشىنىنى شۇ يىگىت ھەيدەپتۇ. ئەلىبېك ياردەمچى شوپۇر بوپتۇ. چاققا زەنجىر باغلىنىپتۇ، چاتمىغا گاز بېسىملىق تورمۇز بېكىتىلىپتۇ. بۇلارنى مەن بىر قاراپلا كۆردۈم. لېكىن مەن ماشىنىنى توختاتمىدىم. ياق، توختاتمايمەن. سەن مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ئىكەنسەن — يارايسەن! لېكىن ماڭا تېگىشكە رۇخسەت يوق.

— توختا، توختا! — ئەلىبېك ئارقامدىن قوغلىدى، — ئىش بار، توختاپ تۇر ئىلياس، توختاپ تۇر ئىلياس! ھوي شەيتان، نىمە بولدۇڭ؟ مەيلى...

مەن ماشىنىنى تېزلىتىپ ئالغا قاراپ چاپتىم. مېنى قىچقىرامسەن، قىچقارمامسەن، ئۆزەڭنىڭ ئىشى. بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا ئالاقە قىلىشقا ئورۇن قالمىدى. مېنىڭ ئىشىم ئاللىقاچان تۈگىدى. مەن توغرا قىلمىدىم، مەن ئەڭ ياخشى دوستۇم ئەلىبېكتىن ئايرىلدىم. ئۇ ھەقلىق ئىدى، ھەر جەھەتتىن ھەقلىق ئىدى، بۇنى ئەمدىلا بىلدىم. لېكىن ئەينى چاغدا مەن ئۇنى كەچۈرەلمىدىم، چۈنكى ئۇ مەن باش قاتۇرۇپ مېڭىبىر بالالىقتىمۇ قىلالمىغان ئىشنى ئاسانلا، تېزلا قىپتۇ، بۇ ماڭا نومۇس ئىدى.

ئەلىبېك ھەمىشەم پىششىق ئويلاپ ئىش قىلىدىغان، ھەرگىز بىخەستەلىك قىلمايدىغان بىر يىگىت ئىدى. ئۇ دولۇن ئېغىزىدىن ھەرگىز ماڭا ئوخشاش تەۋەككۈلچىلىك بىلەن ئۆتمەيتتى. ماشىنىدا بىرەر ياردەمچىنىڭ بولغىنىمۇ توغرا. نۆۋەتلىشىپ ماشىنا ھەيدەشكە بولىدۇ، بۇنداق بولغاندا تاغ - داۋانلاردىن، تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتكەندە زېھىن جايىدا بولىدۇ. تاغ ئېغىزلىرىدىن ئۆتىدىغان چاغدا

ھەل قىلغۇچ رول ئوينايدىغىنى موتور ۋە ئادەمنىڭ ئىرادىسى بىلەن ئىككى بىلىگى. ئەلىبېك ۋە ئۇنىڭ ياردەمچىسى ماشىنا ھەيدەش ۋاقتىنىڭ يېرىمىنى قىسقارتقان. ئۇ ھەممىنى ئويلاپ ئولگۇرگەن، ماشىنىغا ھاۋا بېسىملىق تورمۇز ئورناتقان. ئۇ ئەڭ ئاددى زەنجىرنىمۇ ئېسىدىن چىقارمىغان، غول چاقىقا زەنجىر باغلىغان. قىسقىسى، ئۇ تاغ ئېغىزىنى بوي سۇندۇرۇش جېڭىگە ھېچبىر تەييارلىقسىزلا قارىسىغا كىرمەستىن، بەلكى تولۇق قوراللىنىپ كىرگەن.

ئەلىبېكتىن كېيىن باشقىلارمۇ ماشىنىسىغا چاتما سۆرتىشكە كىرىشكەن. ھەرقانداق ئىشنى باشلاپ بەرسىلا ياخشى قىلغىلى بولدۇ.

بۇ چاغدا ماشىنىلارمۇ كۆپەيدى، بۇنى خوشنا ئاپتوموبىل مەيدانلىرى بىزگە ياردەم ھەساۋىدا بەردى. بىر يېرىم ھەپتىگىچىلىك تىيانشان تىنىپسىدە كېچە-كۈندۈز ماشىنا توختىماي گۈرۈلدەپ مېڭىپ تۇردى. قىسقىسى، ھەرقانچە قىيىنچىلىق بولسىمۇ، ئاپتوموبىل مەيدانىمىزدىكى يىگىتلەر جۇڭگو ئىشچىلىرىنىڭ تەلۋىنى ۋاقتىدا قاندۇرۇپ، يۈز-يىزنى يەرگە تۆكمىدى. بۇ ئىشقا مەنمۇ قاتناشتىم...

ئەمدى، ئۇ ئىشقا خېلى يىللار بولغان، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ ھېچبىر ئىزناسى قالمىغان چاغدا، مەن بۇ ئىشنى خاتىرجەم ئولتۇرۇپ سۆزلەپ بېرىۋاتىمەن، ۋاھالەنكى شۇ چاغدا، مەن بەك خاۋاتىرسىزلەنگەن ئىدىم. بىلىش كېرەككى، تۇرمۇش ئېتىنى باشقۇرۇش ئۇنچىۋالا ئاسان ئەمەسكەن!...

ئەمدى مەن ھىكايەمنى ئۆز تەرتىۋى بىلەن سۆزلەشنى داۋاملاشتۇراي.

ئەلىبېك بىلەن يېرىم يولدا ئۇچراشقاندىن كېيىن ئاپتوموبىل مەيدانىغا كەلدىم، بۇ چاغدا كۈن كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەن

ياتاقتا كېتىۋېتىپ يېرىم يولدا يەنە قاۋاقخانىغا بۇرۇلدۇم. شۇ كۈنلەردە مېنىڭدە ھۇشۇمنى ئۇنتۇمسغۇدەك دەرىجىدە غىق مەس بولسام، ئۆلۈكتەك ئۇخلاپ كەتسەم ھەممىنى ئۇنتۇغان بولاتتىم، دەيدىغان بىر خىل بېسىۋالغۇسىز، غەيرى ئىنسانىي ئارزۇ تۇغۇلغان ئىدى. مەن بولۇشىچە ئىچەتتىم، لېكىن جۇنجۇن ماڭا تەسىر قىلالمايتتى. قاۋاقخانىدىن چىقىپ تېخىمۇ قەھرى غەزەپكە كېلەتتىم ۋە قاتتىق مەيۈسلىنىپ كېتەتتىم. يېرىم كېچىلەردە ئۆزەم شەھەردە ئايلىنىپ يۈرەتتىم، بەلكى ھېچبىر ئويلاپ قويماستىنلا كۆلبويى كوچىسىدىكى كاتيېژانىڭ ياتىغىغا قاراپ ماڭاتتىم.

ئىش ئەنە شۇ تەرىقىدە تەرەققىي قىلىپ كەتتى. مەن ئىككى ئوچاق ئوتتۇرىسىدا پىرقىراپ يۈرەتتىم. كۈندۈزى ئىشقا بېرىپ ماشىنا ھەيدەيتتىم، كەچقۇرۇنلۇغى ھايال قىلماي كاتيېژانىڭكىگە باراتتىم. ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولسام راھەتلىنىپ، تېچلىنىپ قالاتتىم، مەن گويا ئۆزەمدىنمۇ، باشقىلاردىنمۇ، ھەقىقەتتىنمۇ قېچىپ يۈرەتتىم. ماڭا پەقەت كاتيېژالا مېنى چۈشىنىدىغاندەك ۋە مېنى سۆيىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. مەن مۇمكىن قەدەر ئائىلەمدىن تېزرەك ئايرىلىش كويىدا بولدۇم. ئاسىل، ئاھ، قەدىرلىگىم ئاسىل، سەن بىلمەيسەنكى، سېنىڭ ئىشەنچىڭ ۋە پاك قەلبىڭ مېنى ئۆيىدىن قوغلاپ چىقاردى. مەن ئاسىلنى ئالدىيالمايتتىم، ئۆزەمنىڭ ئاسىلغا مۇۋاپىق كەلمەيدىغانلىغىمنى، ئۇنىڭ مەن ئۈچۈن قىلىپ بەرگەن ھەممە ئىشىنى قوبۇل قىلىشقا ئۆزەمنىڭ مۇۋاپىق ئەمەسلىگىمنى بىلەتتىم. نەچچە قېتىم غەرق مەس بولۇپ ئۆيگە قايتقىنىمدا، ئاسىل ئەقەللىسى مېنى ئەيىپلەپمۇ قويمىغان. تاكى ھازىرغىچە بۇنىڭ زادى ئۇنىڭ سالقىن قانلىغىدىن ياكى كۆڭلى يۇمشاق ئىكەنلىگىدىن ۋە ياكى ئەكسىچە،

قەتئىلىگى ۋە ماڭا ئىشىنىدىغانلىغىدىن ئىكەنلىگىنى بىلەلىمىدىم. ھەقىقەتەن شۇنداق ئىدى، ئۇ مېنى كۈتكەن، ماڭا ئىشەنگەن، ئۆزەمنى تۇتۇۋىلىپ، ئاجىزلىغىمنى يېڭىپ، بۇرۇنقىدەك ھالىغا كېلىشىمگە ئىشەنگەنلىگىدىن شۇنداق قىلغان ئىدى. لېكىن، ئۇزايە-دىن، ئەگەر ئۇ مېنى تازا! تىللاپ، يۇۋاشلىق بىلەن راست گېپىمنى ئېيتىشقا زورلىغان بولسا ياخشى بوپتىكەن. ئېھتىمال، ئەگەر ئۇ مېنىڭ بۇنچىلىك ئازاپلىنىپ يۈرۈشىمنىڭ خىزمىتىمنىڭ دىتىمغا ياقمىغانلىغى-دىنلا ئەمەس، باشقا سەۋىۋى بارلىغىنىمۇ بىلگەن بولسا ئىدى، ئۇ ھالدا، ئۇ مېنىڭ جاۋاپ بېرىشىمنى تەلەپ قىلغان بولاتتى. ئۇ مېنىڭ مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان نېمە ئىش قىلىپ يۈرگەنلىگىمنى ئۇيلاپمۇ باقمىغان ئىدى. ھالبۇكى ئۇنىڭغا مېنىڭ ئىچىم ئاغرىيتتى، ھامان گېپىمنى ئەتىگە، كېلەركى قېتىمغا قالدۇراتتىم. ئەنە شۇ تەرىقىدە، ئۇنىڭ ئۈچۈن، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز ئۈچۈن، ئائىلىمىز ئۈچۈن قىلىشقا تېگىشلىك ئىشىمنى قىلىشقا ئۈلگۈرەلمىدىم...

ئاسىل ئاخىرقى قېتىم مەن بىلەن كۆرۈشكەن چېغىدا ناھايىتى خوشال ۋە روھلۇق كۆرۈندى. ئىككى مەڭزى قىزىرىپ، كۆزىدىن نۇر چاقناپ تۇراتتى. كالتا جۇۋامنى ۋە ئۆتۈگۈمنى سېلىۋېتىشكىمۇ قويماي مېنى ئىتتىرىپ ئۆيگە كىرگۈزۈۋەتتى.

— قارىغىنا، ئىلياس! سامات ئۆرە تۇرىدىغان بولدى!

— يارايدۇ، قېنى ئۇ؟

— ئەنە — جوزا ئاستىدا!

— ئۇ پولدا ئۆمىلەپلا يۈرىدۇ.

— ئەمدى سەن كۆرىسەن! ھەي، چىقە، چىق، سامات! تۇرۇپ باقە، داداڭ كۆرۈپ باقسۇن!

سامات نىمىنى تەلەپ قىلىۋاتقانلىقىمىزنى بىلگەندەك، خوشال هالدا ئۆمىلەپ، جوزا ئاستىدىن چىقىپ، كارۋاتنىڭ لېۋىنى تۇتۇۋېلىپ تەسلىكتە ئورنىدىن تۇردى. ئۆرە بولۇپ، باتۇرلارچە كۈلۈمسىرەپ، پىلتىڭلاپ ماڭدى-دە، يەنىلا شۇنداق باتۇرلۇقى بىلەن كۈلگەن پېتى پولغا يىقىلدى. مەن ئىتتىك بېرىپ ئۇنى كۆتىرىۋېلىپ باغرىمغا بېسىپ، پۈتۈن بەدىنىمدىن ئۇرغۇپ تۇرغان بوۋاقلىق ھىدىنى پۇرىدىم. ئاھ، بۇ پۇراق نىمە دىگەن يېقىملىق-ھە! بۇ خۇددى ئاسلىدىن چىقىپ تۇرغان يېقىملىق پۇراققا ئوخشاش يېقىملىق ئىدى!

— ئۇنى ئېزىۋەتمە، ئىلياس! ھېزى بول! — ئۇ بالىنى قولىغا ئېلىۋالدى، — بولدى، دەيدىغان يەنە نىمە گەپ بار ئىدى؟ جۇۋاڭنى سېلىۋەت. ئۇزاققا بارماي ئۇ چوڭ بالا بولۇپ قالىدۇ، ئۇ چاغدا ئانا بولغان مەنمۇ ئىشقا بارىمەن. ھەممە ئىشنى مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرىمىز، ھەممە ئىش ياخشى بولۇپ كېتىدۇ، شۇنداقمۇ، ئوغلۇم؟ لېكىن سەن!... — ئاسىل كۈلۈمسىرەپ، ماڭا ئاچچىق بىلەن قاراپ قويدى. مەن ئورۇندۇققا كېلىپ ئولتۇردۇم. مەن بىلدىمكى، "لېكىن سەن" دىگەن سۆزدە ئۇ دىمەكچى بولغان ھەممە گەپ، مۇشۇ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئۇنىڭ قەلبىنى بېسىپ تۇرغان ھەممە نەرسە بار ئىدى. بۇنىڭ ئۆزى تەلەپ، ئەيىپلەش، ئۈمىت ئىدى. مەن ھازىرلا ھەممە ئىشنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرىشىم ياكى دەرھال بۇ يەردىن كېتىشىم كېرەك ئىدى. ئەڭ ياخشىسى كېتىشىم كېرەك ئىدى، چۈنكى ئاسىل ھازىر بەختىكە چۆمۈلگەن، ئۇنىڭدا ھېچقانداق گۇمانىمۇ يوق، مەن ئورۇندۇقتىن تۇردۇم.

— مەن كېتىمەن.

— نەگە؟ — ئاسىل بىردىنلا ھەيران بولدى، — سەن بۈگۈنمۇ

www.uyghurkitap.com

ئۆيدە بىر دەم-يېرىم دەم كۆپرەك تۇرالمامسەن؟ چاي ئىچىپ بولۇپ كەتسەڭمۇ مەيلى ئىدى.

— ياق، مېڭىشىم كېرەك، — مەن پەس ئاۋازدا دېدىم، — ئۆزەڭ بىلىسەنغۇ، ھازىر ئىشلىرىمىز ناھايىتى ئالدىراش...

ياق، خىزمەت مېنى ئۆيدىن تارتىپ چىقىپ كېتىۋاتقىنى يوق. ئەتە ئەتىگەندە ماشىنا بىلەن ئىشقا ماڭىمەن.

ماشىنا كابىنكىسىغا كىرىپ ئۆزەمنى ئورۇندۇققا تاشلىدىم. ئازاپلىنىپ ئىڭرىدىم، ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى تولغىماي ئۇزاق ياتتىم، كېيىن، ماشىنىنىڭ ئارقا دەرىزىسىدىن كۆرۈنۈپ تۇرغان چىراقلار ئۆچكەندىن كېيىنلا، ئاندىن ماشىنىنى ئوت ئالدۇردۇم. چوڭ كۆۋرۈكتىن ئۆتۈپ جىلغىغا كىرگەندىن كېيىنلا ماشىنىنى يولدىن چىقىرىپ چاتقاللىققا كىرىپ، ماشىنا چىرىغىنى ئۆچەردىم — مەن مۇشۇ يەردە تۈنىمەكچى بولدۇم. تاماكا چەكمەكچى بولۇپ تاماكامنى ئالدىم. سەرەڭگە قۇتىسىدا بىر تالla سەرەڭگە قېپتىكەن، تۇتاشتۇرسام، يېنىپلا ئۆچۈپ قالدى. مەن سەرەڭگە قېپى بىلەن تاماكىنى چۆرۈۋېتىپ، ياقامنى كۆتىرىپ، تۈگۈلگەن پېتىم ماشىنا ئورۇندۇغىدا ياتتىم.

سوغاق، قاراڭغۇ تاغ-داۋانلار ئۈستىدە ئاي غۇۋا نۇر چېچىپ تۇراتتى. جىلغىدا كېچىلىك شامال ۋىژىلدايتتى، ماشىنىنىڭ يېرىم ئوچۇق ئىشىكىنى ئېچىۋېتىپ غىچىلداتقىلى تۇردى. مەن ھېچقاچان مۇنداق ئازاپلانغان، يالغۇزلۇق تارتمىغان، ئاممىدىن، ئائىلىدىن ۋە ئاپتوموبىل مەيدانىدىكى يولداشلاردىن ئايرىلىپ باقمىغان ئىدىم. مۇنداق ياشاش مۇمكىن ئەمەس ئىدى. مەن ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتىپ بېرىپلا كاتىپژاغا چۈشەندۈرۈپ، ئۇنىڭ كەچۈرۈشىنى ۋە

بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدىكى بارلىق ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتىشىنى سورايمەن دەپ قەسەم قىلدىم. شۇنداق قىلىشلا بۇۋاشلىق ۋە راستچىللىق بولاتتى.

لېكىن تۇرمۇشنىڭ ئورۇنلاشتۇرغىنى باشقىچە بولدى. مەن مۇنداق ئىش بولار دەپ كۈتمىگەن ۋە پەرەز قىلىپ باقمىغان ئىكەنمەن. بىر كۈن ئۆتۈپ، ئەتىسىنى مەن گاراژغا قايتىپ كەلدىم. ئۆينىڭ ئىشىكى ھاڭغىرقاي ئوچۇق بولۇپ، بىرمۇ ئادەم يوق ئىدى. مەن تېخى ئاسىل قەيەرگىدۇ ئوتۇنغا ياكى سۇغا كەتكەن بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىمەن. ئەتراپقا قارىسام قالايىمقان ئىدى. ئوچاق قاپ-قارا، ئوت يېقىلمىغان. ئوچاقتىن سۇرلۈك سوغاق ھاۋا ئۇرۇپ تۇراتتى. ساماتنىڭ كارۋىتىنىڭ يېنىغا كەلسەم، كارۋات قۇرۇق ئىكەن.

— ئاسىل! — سۇر باسقان ھالدا ۋاقىرىدىم. — ئاسىل! — تۆت تامدىن ئەكس سادا قايتتى.

مەن ئىتتىك ئىشىك ئالدىغا چىقتىم:

— ئاسىل!

ھېچكىم جاۋاپ بەرمىدى. خۇلۇم-خوشنىلارنىڭكىگە، بېنزىن پونكىتىغا بېرىپ سورىساممۇ بىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. بىرەيلەن ماڭا: ئاسىل تۈنۈگۈن كۈن بويى ئۆيدە ئەمەس، نەگە باردىكىن، بالىنى تونۇشلاردىن بىرسىگە قاراپ تۇرۇشقا تاپشۇرۇپ قويۇپ چىقىپ كەتكەنچە كەچقۇرۇن ئاران قايتىپ كەلدى، دىدى. مەن "ئاسىل كېتىپتۇ، ئۇ بىلىپتۇ!" دەپ قىياس قىلدىم، تېنىمنى تىترەك ۋە قورقۇنچ باستى.

ئىلگىرى مەن تىيانشان تېغىنىڭ بۇ ئىگىز ۋە تىك ھاڭلىرى ئىچىدە ھېچقاچان بۇگۈنكى بەختسىز كۈندىكىدەك ئۆلە-تىرىلىشمىگە باقماي

ماشىنا ھەيدەپ باققان ئەمەستىم. مەن مەلۇم بىر ئايلانمىدا، مەلۇم جىلغىدا ياكى مەلۇم بىر ئارىلىقتا ئاسلىغا يېتىشۋالىمەنمۇ، دەپ ئويلايتتىم. شۇ سەۋەپتىن خۇددى بۆرىكۆتتەك، ئالدىمدا كېتىۋاتقان ماشىنىلارنى بىر-بىرلەپ قوغلاپ يېتەتتىم-دە، ماشىنامىغا تورمۇز بېرىپ، ئالدىمدا كېتىۋاتقان ماشىنا بىلەن تەڭلىشىپ ئۇنىڭ كابىنكىسىغا ۋە كوزۇپ ئىچىگە قاراپ بېقىپ، ئاندىن كېيىن ئۇنىڭدىن ئۆتۈپ كېتەتتىم، ئارقامدا قالغان ماشىنىنىڭ شوپۇرى ئاغزىنى بۇزۇپ تىللاپ قالاتتى. ئەنە شۇ تەرىقىدە ئۈچ سائەت — تاكى ماشىنىنىڭ سۈيى پورۇقلاپ قايناپ كەتكىچە ماڭدىم. شۇنىڭدىمۇ ماشىنىدىن چۈشۈپ، سوۋۇتقۇچقا قار چېچىپ، سۇنى يەڭگۈشلەيتتىم. سوۋۇتقۇچتىن ھور چىقىپ، خۇددى چېپىپ ھەسىرەپ دەم ئالالماي قالغان ئاتتەك پۇشۇلدايتتى. ئەمدىلا ماشىنامنى ھەيدەي دەپ تۇرۇشىمغا چاتما سۆرىتىپ كېلىۋاتقان ئەلبېكنىڭ ماشىنىسىغا كۆزۈم چۈشتى. خوشال بولۇپ كەتتىم. ئۇزاقتىن بۇيان گەپلەشمەي، سالاملاشماي كېلىۋاتقان بولساقمۇ، لېكىن، مۇبادا ئاسىل ئۇلارنىڭكىدە بولسا، ئۇ ماڭا ئېيتاتتى. مەن يولغا چىقىپ قولۇمنى كۆتىرىپ توۋلىدىم:

— توختاپ تۇر، ئەلبېك! توختا!

ماشىنا ھەيدەپ كېتىۋاتقان ياردەمچى شوپۇر گۇمانىي كۆز بىلەن ئەلبېككە قاراپ قويدى. ئەلبېك قاپقىنى تۇرۇپ، تەتۈر قارىۋالدى. ماشىنا توختىماي ئۆتۈپ كەتتى. مەن يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا، ئۈستى-بېشىم قار-پاتقاقتا مىلەنگەن ھالدا يەنىلا خىلىغىچە بىر قولۇمنى كۆتەرگەن پېتىم تۇرۇپ قېپتىمەن. كېيىن مەن يۈز-كۆزۈمدىكى قار سۇلىرىنى سۈرتۈۋەتتىم. ھېچقىسى يوق، يامانلىققا يامانلىق بىلەن

جاۋاپ بەردى. لېكىن ئەينى ۋاقىتتا مەندە بۇ ھاقارەتنى ئويلىغىدەك كۆڭۈل يوق ئىدى. دېمەك، ئاسىل ئۇلارنىڭكىدە ئەمەسكەن. بۇ تېخىمۇ يامان ئىدى. ئۇ ئايىلغا — ئۆز ئات - ئانىسىنىڭ يېنىغا كەتكەنمىدۇ؟ ئۇنىڭ بارىدىغان باشقا يېرى يوق ئىدى. ئۇ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيىنىڭ بوسۇغىسىدىن قانداقمۇ ئاتلاپ كىرەر؟ ئۇ نىمىمۇ دېيەلەر؟ يالغۇز بىر ئۆزى، ئۇنىڭ ئۈستىگە قۇچىقىدا بالا.

ئايىلغا بېرىپ ئىزدىشىم كېرەك.

مەن ئالمان - تالمان يۈكىنى چۈشۈرۈۋېتىپ، ماشىنىنى يولدا توختىتىپ قويدۇم، ماشىنا باشقۇرۇش بۆلۈمىگە ماشىنىنىڭ يول خېتىنى تاپشۇرماقچى بولۇپ ماڭدىم، دالاندا جانتاي ئۇچراپ قالدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن ئادەمنىڭ غەزىۋىنى كەلتۈرىدىغان، نومۇسسىز مەسخىرە كۈلكىسىنى كۆردۈم.

ماشىنا باشقۇرۇش بۆلۈمىنىڭ دەرىزىسىدىن بېشىمنى تىقىپ، يول خېتىنى جوزىغا تاشلىدىم، كاتىپزا ماڭا ھەيران بولۇپ قارىدى.

ئۇنىڭ كۆزىدىن قورققان ۋە ئەپۇ سورىغان ئالامەت بىلىنىپ تۇراتتى.

— يول خېتىنى ئالغىن! — دېدىم مەن.

— بىرەر ۋەقە تۇغۇلدىمۇ؟

— ئاسىل يوق، ئۇ كېتىپ قېپتۇ!

— ساڭا نىمە بولدى؟ — كاتىپزا چىرايى ئۆڭگەن ھالدا جوزىنىڭ يېنىدىن تۇردى، كالپۇكىنى چىڭ چىشلەپ، پەس ئاۋازدا گەپ قىلدى، — كەچۈرگىن، مېنى كەچۈرگىن، ئىلياس! مەن، مەن...

— نىمە مەن؟ ئوچۇق دە، ھەممىسى ئېيت! — مەن ئىشىككە قاراپ ئېتىلدىم.

— بۇ ئىشلارنىڭ قانداق يۈز بەرگەنلىگىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. ساڭا راستىمنى ئېيتاي، ئىلياس! تۈنۈگۈن مۇھاپىزەتچىلەر باشلىغى كېلىپ بىر قىز سېنىڭ بىلەن كۆرۈشمەن دەيدۇ، دېدى. مەن بىردىنلا ئۇنىڭ ئاسىل ئىكەنلىگىنى تونۇدۇم. ئۇ جىمغىنا ماڭا بىر قۇر سەپسېلىپ چىقىپ، مېنىڭدىن: "بۇ راستمۇ؟" دەپ سورىدى. مەن بولسام ئۆزەمنى ئۇنتۇپ، ئۇپۇل-تۇپۇل: "ھەئە، راست. ھەممىسى راست. ئۇ مېنىڭ بىلەن بىللە بولدى!" دەپ سېپتىمەن. ئاسىل بولسا بۇرۇلۇپلا دەرىزىدىن نېرى كەتتى، مەن بولسام جوزىغا ئۆزەمنى تاشلاپ، خۇددى ساراڭ ئادەمدەك ئۇن سېلىپ يىغلاپ: "ئۇ مېنىڭكى! مېنىڭ!" دەپ تەكرار-تەكرار ۋاقىراپ كېتىپتىمەن. شۇنىڭ-دىن كېيىن ئۇنى ئىككىنچى كۆرمىدىم...مېنى كەچۈرگىن!

— توختاپ تۇر، ئۇ قانداق بىلىپ قېپتۇ؟

— جانتاي ئېيتىپ قويۇپتۇ. شۇ، ئۇ تېخى مېنىمۇ قورقۇتقان. سەن تېخى بۇ ئېپلاسنى بىلمەمسەن؟ سەن ئاسىلنى ئىزدىگىن، ئىلياس، مەن ئەمدى سىلەرگە توسقۇن بولمايمەن، مەن باشقا يەرگە كېتىمەن...

مەن ماشىنامنى ھەيدەپ، قەھرىستان سوغاق بولۇۋاتقان ئوتلاقتا كېتىپ بارىمەن. كەڭ دالا كۆلىرەك تۇس ئېلىپ جىمجىت ياتاتتى. شامال قارلارنى ئۇچۇراتتى، ئېرىق ۋە چوڭقۇرلۇقتىكى ئېگىسىز ئوت-لارنى ئۇچۇراتتى. يىراق ئايلىنىڭ نۇرغۇن بوران-چاپقۇنلارنى باشتىن كەچۈرگەن ھويلا تاملىرى ۋە يالىڭاچلىنىپ قالغان دەل-دەرەخلىرى غۇۋا كۆرۈنۈشكە باشلىدى.

كەچقۇرۇن ئايىلغا يېتىپ كەلدىم. ماڭا تونۇش ھويلىنىڭ سىرتىدا ماشىنامنى توختىتىپ، قورقۇنچنى يىراققا قوغلىۋېتىش ئۈچۈن چاپسانلا

تاماكا تۇتاشتۇردۇم، ئاندىن كېيىن تاماكىنى تاشلىۋېتىپ، دۈدۈك بەردىم. لېكىن ئاسىل چىقماي، ئۇنىڭ ئاپىسى جۇۋىسىنى يېپىنچاقلىۋالغان پېتى چىقىپ كەلدى. مەن ئالدىغا بېرىپ پەس ئاۋازدا:

— ياخشى تۇردىڭىزمۇ، ئاپا! — دېدىم.

— ھىم! سەنمىدىڭ؟ — دېدى ئۇ غەزەپ بىلەن. — ئىش ئۆتىلىپ بولغاندىن كېيىن ئەمدى كېلىپ مېنى ئاپا دېگىلى قوپتىڭمۇ؟ يوقال كۆزۈمدىن، سېنى كۆرەر كۆزۈم يوق! مۇتتەھەم! ئالدامچى! جان-جىگەر قىزىمنى ئالداپ قولغا چۈشۈرۈۋېلىپ ئەمدى كەلدىڭمۇ؟ يۈزسىز! پۈتۈن تۇرمۇشىمىزنى خاراپ قىلدىڭ سەن!...

موماي ماڭا ئېغىز ئاچقۇزماي تىللاپلا كەتتى، ئاغزىدىن ئەڭ يامان سۆزلەرمۇ چىقتى. ئۇنىڭ تىل-ئاھانەتلىرىنى ئاڭلاپ خۇلۇم-خوشنىلار ۋە ئۇششاق بالىلار ئولاشقىلى تۇردى.

— يوقال كۆزۈمدىن، بولمىسا ئادەم يىغىمەن! ئۆلگۈر! ئۆمۈرۋايەت كۆزۈمگە كۆرۈنگۈچە بولما! — غەزىۋى پەلەكتىن ئاشقان بۇ موماي دىۋەيلەپ ئالدىمغا كەلدى ۋە جۇۋىسىنى چۆرۈۋەتتى.

ئىلاجىسىز ماشىنامغا چىقىپ يولۇمغا ماڭدىم. ئاسىلنىڭ مېنى كۆرگۈدەك كۆزىمۇ بولمىغاندىن كېيىن مەن كېتىشىم كېرەك ئىدى. بالىلار ماشىنامنى چالما-كېسەك قىلىپ مېنى ئايلىدىن ھەيدىدى...

شۇ كېچىسى مەن ئۇزاقتىچە ئىسسىق كۆل بويىدا ئايلىنىپ يۈردۈم. ئاينىڭ شولىسى غۇۋا ئىدى، كۆلنىڭ سۈيى ئۆركەشلىمەكتە. ئاھ، ئىسسىق كۆل! مەڭگۈ تىنچىمايدىغان مەردانە كۆل! بۈگۈن سەن نىمانچە مۇنداق سوغاق-غۇۋا، تاش يۈرەك-رەھىمسىز! مەن دۈم كۆمتۈرۈلۈپ قالغان بىر قولۋاقتا ئولتۇردۇم، غەزەپلىك دولقۇن سايازلىقتا، ئۆتۈكۈمگە ئۇرۇلۇپ، ئاندىن ئېغىر نەپەس ئېلىپ

قايتاتتى...

... بىر كىشى يېنىمغا كېلىپ، قولنى ئاستاغىنا مۈرەمگە قويىدى. بۇ كاتىپژا ئىدى.

بىرنەچچە كۈندىن كېيىن بىز فرۇنزىغا كېلىپ، ئانارخان يايلىغىنى ئۆزلەشتۈرگۈچى چارلاش ئەترىتىدە ئىش تاپتۇق. مەن شوپۇر، كاتىپژا ئىشچى بولدى. يېڭى تۇرمۇش ئەنە شۇنداق باشلاندى،

بىز چارلاش ئەترىتىگە ئەگىشىپ ئانارخان يايلىغىنىڭ تاكى پول بالقاش رايونىغىچە باردۇق. ئۆتمۈشتىن ئادا-جۇدا بولغان ئىكەنمەن، مەڭگۈ ئادا-جۇدا بولاي دىدىم!

دەسلەپكى ۋاقىتلاردا غەم-غۇسسەمنى ئىش بىلەن بېسىپ كەلدىم. ئۇ يەردە ئىش ھەقىقەتەن ناھايىتى جىق ئىدى. ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئىچىدە بىز كەڭ ئانارخان يايلىغىنى ئايلىنىپ چىقتۇق، نۇرغۇن قۇدۇق قازدۇق، يول ياسىدۇق، گاراژ سالدۇق. قىسقىسى ئانارخان يايلىغى ئەمدى كۆپ-كۆندۈزدىلا ئادەم ئېزىپ كېتىدىغان، ئايلاپ ماڭسىمۇ بىر چېتىگە چىققىلى بولمايدىغان، زومچەك-زومچەك دۆڭلەر كۆتىرىلىپ تۇرغان، شۇۋاق بىلەن قاپلانغان چۆل ئانارخان ئەمەس ئىدى. ئەمدى بۇ يەر چارۋىچىلىق خىزمىتى بىلەن شۇغۇللانغۇچىلار تۇرىدىغان يەرگە ئايلانغان ئىدى، ئۇ يەردە مەدىنىيەت مەركەزلىرى ۋە ئۇسكۈنىلىرى بەلەن ئۆيلەر قۇرۇلۇپ كەتكەن ئىدى... كىشلەر ئاشلىق تېرىغان ھەتتا قۇرۇق ئوت-چۆپ زاپىسىنىمۇ تەييارلىغان ئىدى. ئانارخان يايلىغىدىكى ئىشلارنى ھازىرمۇ قىلىپ تۈگەتكىلى بولمايتتى، بىز شوپۇرلار ئۈچۈن تېخىمۇ شۇنداق ئىدى. لېكىن، مەن

قايتىپ كەلدىم. بۇ ھەرگىز ئاشۇ ئادەمزات قەدىمى تەگمىگەن يەردە تۇرمۇش كەچۈرۈشنىڭ تەسلىگىدىن ئەمەس ئىدى، ئۇ ۋاقىتلىق ئىش ئىدى. كاتېۋا ئىككىمىز قىيىنچىلىقتىن قورقمايتتۇق، بەلكى، شۇنداق دىيىش كېرەككى، بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز يامان ئەمەس ئىدى، ئۆزئارا ھۆرمەت قىلاتتۇق. لېكىن ھۆرمەت قىلىش دېگەن ھۆرمەت قىلىش ئىكەن، مۇھەببەت دېگەن مۇھەببەت ئىكەن! بىر تەرەپ ئىككىنچى تەرەپكە راسا ئامراق بولسىمۇ، ئىككىنچى تەرەپ ئۇنىڭغا ئامراق بولمىسا، بۇنىمۇ ھەقىقى تۇرمۇش دېگىلى بولمايدىكەن. كىشىلىك تۇرمۇش مۇشۇنداق بولامدىكىن، ياكى مېنىڭ مىجەزىم شۇنداقمىكىن، ماڭا ھەر دائىم ئاللىقانداق بىر نىمە كەمدەك سېزىلەتتى. خىزمەت، دوستلۇق، ماڭا ئامراق ئايالىنىڭ مۇھەببىتى ۋە غەمخورلۇغىنىڭ ھېچقايسىسى بۇنى قاپلىيالمايتتى. مەن ئىچىمدە ئاللىقاچان پۇشاي-مان يېگەن ئىدىم، شۇ چاغدا ئۇنداق يېنىكلىك بىلەن چىقىپ كەتمە-گەن بولسام بوپتىكەن، يەنە بېرىپ ئاسلىنى تېپىپ كەلسەم بوپتىكەن. يېرىم يىلنىڭ بۇياغى، راستىنى ئېيتقاندا، ئاسىل بىلەن ئوغلۇمنى بەك سېغىنىپ كەتتىم. كېچىلەپ-كېچىلەپ ئۇخلىماي چىقاتتىم. ماڭا سامات ئالدىمدا كۈلۈمسىرەۋاتقاندەك، دەلدۈگۈنۈپ ئۆرە تۇرۇۋاتقاندەك بىلىنەتتى. گويا ساماتنىڭ بوۋاقلىق پۇرىقىنى ئۆمۈر-ۋايەت ئۇنتۇمىغۇدەك دەرىجىدە سۈمۈرۈۋالغاندەك بولاتتىم. قەدىردان تيانشاننى بەك سېغىندىم، كۆپ-كۆك ئىسسىق كۆلنى ۋە تاغ ئېتىكىدىكى يايلاقنى سېغىندىم، ئۇ يەردە مەن بىرىنچى، ئەينى زاماندا ئاخىرقى ئامرىغىمنى ئۇچراتقان ئىدىم. كاتېۋا كۆڭلۈمدىكىنى بىلەتتى، لېكىن ئۇ مېنىڭدىن يامانلىمىدى. بىز ئاخىر ئىككىمىزنىڭ بىرلىكتە تۇرمۇش كەچۈرەلمەيدىغانلىغىمىزنى بىلدۇق.

www.uyghurkitap.com

ئانارخاندا بالدۇر ئەتىياز بولاتتى. قار پاتلا ئېرىپ كەتتى، دۆڭلەردىكى قار-مۇزلار ئېرىپ يېشىل تونغا پۈركەندى. يايلاق ئويغاندى، ئىلمان ۋە نەم پۇراق تارقىتىشقا باشلىدى. كېچىدە ھاۋا ناھايىتى ئوچۇق بولۇپ، ئاسماننى يۇلتۇز قاپلاپ كېتەتتى.

بىز قۇدۇق جازىسى يېنىدىكى چېدىردا ياتاتتۇق، ئويقۇ كەلمەيتتى. بىردىنلا قەيەردىندۇر پويىزنىڭ گۈدۈكى بوش ئاڭلىنىپ، يايلاقنىڭ تېچلىقىنى بۇزدى. بۇنداق ئاۋازنىڭ قانداق يېتىپ كەلگەنلىكىنى ئېيتىپ بېرىش تەس ئىدى. بىز تۇرغان يەردىن تۆمۈريول بار يەرگىچە، يايلاقتا يېرىم كۈن مېڭىشقا توغرا كېلەتتى. ئېھتىمال بۇ مېنىڭدە تۇغۇلغان خاتا تۇيغۇدۇر، بۇنىڭ زادى نىمە ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. لېكىن، مېنىڭ يۈرىكىم جىغىدە قىلىپ كەتتى، ئۇ مېنى بۇ يەردىن كېتىشكە ئۈندەيتتى. شۇ سەۋەپتىن مەن:

— مەن كېتىمەن، كاتېرا، — دېدىم.

— شۇ، ئىلياس، ئايرىلىش ۋاقتى كەلدى، — دېدى ئۇ.

شۇنداق قىلىپ بىز ئايرىلىپ كەتتۇق. كاتېرا شىمالىي قازاقىستاندىكى بوزغا كەتتى.

مەن كاتېرانىڭ بەختلىك بولۇشىنى چىن كۆڭلۈمدىن ئۈمىت قىلاتتىم. مەن ئۇنىڭ ئاڭسىز ھالدا ئۆزىنى ئىزدەپ يۈرگەن بىرسىنى چوقۇم تېپىۋالالايدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. ئۇ تونجى ئېرى بىلەن ياخشى بولالمىغان، مېنىڭ بىلەن بىللە بولۇپمۇ ھەقىقى تۇرمۇشتىن بەھرىمەن بولالمىدى. ئەگەر مەن نىمىنىڭ ھەقىقى مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى، خەقنى قانداق ياخشى كۆرۈش ۋە خەقنىڭ قانداق ياخشى كۆرۈشكە ئېرىشىش لازىملىقىنى بىلمىگەن بولسام، ئېھتىمال ئۇنىڭ

بىلەن ئۆتۈۋەرگەن بولاتتىم، بىلىش كېرەككى، بۇنداق ئىشنى چۈشەندۈرۈش قىيىن ئىكەن.

مەن كاتېژانى ۋوگزالغىچە، ۋاگونغا كىرىپ ئولتۇرغىچە ئۇزىتىپ قويدۇم. پويىز مېڭىپ ئۇزاپ كەتكىچە ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم. "ئاق يول بولسۇن كاتېژا، مېنىڭدىن ئۆتكەن يەرلىرى بولسا كەچۈرگىن!..." دېدىم مەن ئۇنىڭغا ئاخىرقى قېتىم.

ئانارخان ئاسمىندا تۇرنىلار جەنۇپقا قاراپ ئۇچسا، مەن شىمالغا، تىيانشانغا قاراپ چاپتىم...

تىيانشانغا كەلگەندىن كېيىن ھېچنەدە تۇرمايلا دەرھال يېزىغا ماڭدىم. يولدا ئۇچراتقان بىر ماشىنىغا چۈشۈۋېلىپ، ھېچنىمىنى ئويلىماسلىقتا تىرىشتىم — مەن ھەم قورقاتتىم، ھەم خۇشاللىناتتىم. بىز تاغ ئېتىكىدىكى يايلاقتا، مەن ئۆز ۋاقتىدا ئاسلىنى يولۇقتۇرغان ئاشۇ يولدا چاپماقتىمىز. لېكىن بۇ، ئەمدىلىكتە، ھىلىقى يېزىنىڭ توپا يولى ئەمەس، بەلكى شېغىل ياتقۇزۇلغان چوڭ يول ئىدى، سىمونت كۆۋرۈكلەر چۈشكەن ۋە يول كۆرسەتكۈچلەر ئورنىتىلغان ئىدى. مەن ھەتتا ئۆز ۋاقتىدىكى ئاشۇ يايلاق يوللىرىنىڭ يوقالغانلىقىغا سەل ئۆكۈندۈم. مەن ئۆستەڭدىن ئۆتىدىغان ھىلىقى يولنى — ئاشۇ يىلى ماشىنام بۇزۇلۇپ قالغان يەرنى تونۇيالمىدىم، ئاسلى ئولتۇرغان ھىلىقى چوڭ يۇملاق تاشنىمۇ تاپالمىدىم.

ماشىنا ئايىلنىڭ چېتىگە كېلەر-كەلمەستىن كابىنكا ئەينىكىنى چەكتىم.

— نېمە گەپ؟ — شوپۇر بېشىنى چىقىرىپ سورىدى.

— توختاڭ، مەن چۈشۈپ قالاي.

— دالىغا بارامتىڭ؟ ئايىلىغا كېلىپ قالدۇق.

— رەھمەت! ئاز قالدى. — مەن ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتۈم. — مېڭىپ كېتەي. — گەپ قىلغاچ شوپۇرغا پۇل تەڭلىدىم.

— ئۆزەڭدە قالسۇن! — دېدى ئۇ. — مەن ئۆز ئادەملىرىدىن پۇل ئالمايمەن.

— ئېلىڭ، ئۆز ئادىمىمىز دېگەن خەت پىشانەمگە يېزىلغان بولمىغاندىن كېيىن.

— پوزىتسىيەڭدىن بىلىنىپ تۇرىدۇ.

— بوپتۇ ئۇنداق بولسا. سالامەت بولۇڭ!

ماشىنا مېڭىپ كەتتى. لېكىن مەن بىر قارارغا كېلەلمەي تېخىچە پول ئوتتۇرىسىدا تۇراتتىم. شامالغا ئارقامنى قىلىپ تۇرۇپ بىر تال تاماكا تۇتاشتۇردۇم. بارماقلىرىم تىترەپ تۇرۇپ تاماكىنى كالپۇكۇمغا قىستۇردى. مەن بىرنەچچە قېتىم قاتتىق شورىدىم-دە، ئاندىن كېيىن تاماكىنى دەسسەپ ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئالغا قاراپ مېڭىپ كەتتىم. "ئاخىر قايتىپ كەلدىم!"مەن ئۆز ئۆزەمگە مۇجمەل هالدا گەپ قىلدىم. قولىقىمنىڭ ئىچىدە بازغان سوقۇۋاتقاندەك، كىمدۇ بىرى بولقا بىلەن كاللامغا ئۇرۇۋاتقاندەك يۈرىكىم قاتتىق سوقۇپ كەتتى.

ئايىلدا كۆرۈنەرلىك ئۆزگىرىش بولۇپ كەتكەن ئىدى: يەر كېڭەيگەن، نۇرغۇن كاهىش يېپىلغان ئۆيلەر سېلىنغان ئىدى. كوچىغا ئېلېكتىر سىملىرى تارتىلغان، كولخوز باشقارمىسىنىڭ يېنىدىكى تۈۋرۈككە ئورۇنلاشتۇرۇلغان كانايدىن رادىيو نومۇرلىرى ئاڭلىنىۋاتاتتى. باللار مەكتەپلىرىگە كېتىپ باراتتى. چوڭراق باللار توپلىشىپ، قاتارلىشىپ ياش ئوقۇتقۇچىلىرى بىلەن نىمىلەرنىدۇر مۇهاكىمە قىلىپ كېتىپ باراتتى. ئېهتىمال ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئاشۇ يىلى مېنى چالما-

كېسەك قىلىپ قوغلىغان باللارمۇ باردۇر... ئەجەپ تېز ھە، يىل، ئاي، كۈنلەر نىمە دېگەن تېز ئۆتىدۇ!

ئىنتىك ـ ئىنتىك ماڭماقتىمەن. ئەنە ئاۋۇ مەجنۇنتال ئۆستۇرۇلگەن، سوقما تام بىلەن قورشالغان ھويلا. مەن توختاپ دېمىمنى ئېلىۋالدىم. قورقۇنچىلىقتا پۇتۇن بەدىنىمگە تىترەك ئولىشىپ كەتتى، مەن ئىككە-لىنىپ ئىشىككە قاراپ ماڭدىم. ئىشىكنى چەكتىم. قولىغا سومكا ئالغان بىر قىز ـــ ھىلىقى چاغدا ماڭا قاراپ تىلىنى چىقارغان قىز يۈگۈرۈپ چىقتى، ئەمدى بولسا ئۇ ئوقۇۋېتىپتۇ. ئۇ مەكتەپكە ئالدىراپ، ماڭا ھەيرانلىقتا قارىدى:

ـــ ئۆيدە ھېچكىم يوق!

ـــ ھېچكىم يوق؟

ـــ ھەئە. ئاپام ئورمان مەيدانىغا مېھمانغا كەتتى، دادام تىراكتورغا سۇ ئېلىپ كەتتى.

ـــ ئەمىسە ئاسىل نەدە؟ ـــ مەن بىردىنلا ئاغزىم قۇرۇپ كەتكەن-دەك بولۇپ، قورقۇپراق سورىدىم.

ـــ ئاسىل؟ ـــ قىزچاق ھەيران بولغان ھالدا سورىدى. ـــ ئاسىل بۇرۇنلا كەتكەن...

ـــ ئىككىنچى كەلمىدىمۇ؟

ـــ ھەر يىلى جېزنىيىم بىلەن كېلىدۇ. ئاپام جېزنىيىمنى بەكمۇ ياخشى كىشى دەيدۇ!...

مەن كوچىلاپ سوراپ ئولتۇرمىدىم. قىزچاق يۈگۈرگەن پېتى مەكتىۋىگە كەتتى. ئامالسىز قايتتىم.

بۇ خەۋەر ئوچۇق كۈندە چاقماق چېقىلغاندەك بولدى ـ دە، قورقۇن-چىلىقتا ئاغزىمنى ئېچىپ تۇرۇپ قالدىم، ئاسىلنىڭ قاچان، كىمگە

ياتلىق بولغانلىغى ۋە قەيەرگە كەتكەنلىگى ــ بۇلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن بەرىبىر ئوخشاش ئىدى. ماڭا بۇلارنى بىلىشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ نىمە ئۈچۈندۇر ئاسلىنىڭ باشقا بىرسىگە تېگىپ كېتىشىدىن زادىلا ئويلاپ باقماپتىكەنمەن. بىلىش كېرەككى، بۇ بولۇشقا تېگىشلىك ئىش ئىدى. ئۇنداق بولماي مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئاسىل مېنى ساقلاپ ئولتۇرۇشى كېرەكمىدى؟

مەن ماشىنا كۈتمەي پىيادە مېڭىۋەردىم.

ھەئە، مەن ماڭغان بۇ يول ئۆزگىرىپ كەتكەن—شېغىل ياتقۇزۇلغان قاتتىق يول بولۇپ كەتكەن ئىدى. پەقەت يايلاقلار شۇنىڭدەك قارىيىپ تۇرغان كۆزگىچە يەرلەر بىلەن بوزىرىپ تۇرغان ئاختاما يەرلەرلا بۇرۇنقى ھالىتىدە ئىدى. يايلاق تاغ ئېتىكىدىن ئۇپۇققا سوزۇلۇپ، كەڭ ۋە ئاستا تۆۋەنگە يانتىيىپ كەتكەن يەر بەلبىغىنى شەكىللەندۇرگەن ئىدى، ئىسسىق كۆلنىڭ ئۇزاققا سوزۇلغان قىرى ئۇنىڭغا باغلاپ قويغان يالتىراق مەرۋايىت بەلباققا ئوخشايتتى. قاردىن كېيىنكى زىمىن ياپ-يالىڭاچ، ھۆل ئىدى. بەزى جايلاردا تىراكتۇرنىڭ ئەتىيازلىق يەر ئاغدۇرۇۋاتقان ساداسى كېلەتتى.

كەچقۇرۇن مەن تەسلىكتە رايون مەركىزىنى تاپتىم. ئەتىسى ئەتىگەنلىگى مەن يەنىلا ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتاي دىگەن نىيەتكە كەلدىم. ئۆتمۈشتىكى ھەممە ئىش ئىككىنچى قايتىپ كەلمەسكە كەتتى. لېكىن تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم ۋە خىزمەت قىلىشىم كېرەك. كېيىن قانداق بولار؟ بۇنى كىم بىلسۇن...

تىيانشان لىنىيىسى ئاۋالقىدەكلا شاۋقۇنلۇق ئىدى. ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى، مەن بولسام ئۆزەم ئىشلىگەن ئاپتوموبىل مەيدانىنىڭ ماشىنىلىرىنى ئىزدەيتتىم. ئاخىر مەن قول كۆتەردىم.

ماشىنا ئىشىك ئۆتۈپ كېتىپ بىردىنلا تورمۇز بەردى. مەن سومكامنى ئېلىپ كابىنكىغا قاراپ ماڭدىم. شوپۇر چۈشتى. سەپسېلىپ قارىسام، مېنىڭ بىلەن بىر تۇەندە بولغان ئېرمىك ئىكەن. ئۇ ھەربى سەپتە مېنىڭدىن ئۆگەنگەن ئىدى. ئۇ چاغدا ئۇ تېخى ياش ئىدى. ئېرمىك نىمە ئۈچۈندۇر ئىككىلىنىپ كۆلۈپ قويدى-دە، جىمغىنا تۇردى.

— تونۇمىدىڭمۇ؟

— جۈڭشى...ئىلياس! ئىلياس ئەلىبايېۋ! — ئۇ ئاخىر مېنى تونۇدى.

— شۇنداق! — مەن كۈلۈمسىرىدىم، لېكىن ئىچىمدە ئازاپلاندىم: خەق مېنى تەستە تونۇدى، دىمەك مەن بەك ئۆزگىرىپ كېتىپتىمەن.

ماشىنا ماڭدى، بىز پاراڭغا چۈشۈپ كەتتۇق، ئۇ ياقتىن-بۇ ياقتىن سۆزلەشتۇق، ھەربى خىزمەت ئۆتەۋاتقان چاغدىكى ئەھۋاللارنىمۇ ئەسلەشتۇق. مەن هامان ئۇ مېنىڭ تۇرمۇشۇم توغرىسىلىق سوراپ قالمىسدى، دەپ ئەنسىرەيتتىم. لېكىن، ئوزايىمدىن ئېرمىك ھېچنىمىدىن خەۋەرسىز ئىكەن. شۇ سەۋەپلىك خاتىرجەم بولدۇم.

— ئۆيگە قاچان قايتقان ئىدىڭىز؟

— ئىشلەۋاتقىلى ئىككى يىل بولدى.

— ئەلىبېك جانتولىن قەيەردە؟

— بىلمەيمەن. مەن كۆرۈشمىدىم. پامىر ئىگىزلىگىدىكى مەلۇم ئاپتوموبىل مەيدانىدا باش ئىنژېنېر ئىكەن دەپ ئاڭلىدىم.

"يارايسەن، ئەلىبېك! يارايسەن، دوستۇم! سەن يارايسەن!" مەن ئىچ-ئىچىمدىن خوشال بولدۇم. دىمەك، ئەلىبېك ئاخىر ئۆز مەقسىدىگە يەتكەن. ھەربىدىكى چېغىدىلا ئۇ تاشيول قۇرۇلۇشى

www.uyghurkitap.com

مەكتۆپدە سىرتتىن ئوقۇغان، يەنە سىرتتا تۇرۇپ تېخنىكومنى پۈتتۈرمەكچى بولغان.

— مەيداننىڭ باشلىغى ھىلىمۇ ئامانجونوۋمۇ؟

— ياق، يېڭى كەلگەن بىرەيلەن. ئامانجونوۋ مىنىستىرلىككە يۆتكىلىپ كەتكەن.

— سىڭىلچە مېنى ئىشقا ئالارمۇ؟

— نىمىشقا ئالمايدىكەن، ئەلۋەتتە ئالىدۇ. سىز بىرىنچى قاتاردىكى شوپۇرلاردىن تۇرسىڭىز، ھەربىدىكى چاغدىلا سىز ئۇستا ئىدىڭىز-دە.

— بۇرۇنغۇ شۇنداقتىم!—دىدىم مەن پەس ئاۋازدا مۇجمەللا،— جانتاينى تونۇمسەن؟

— بىزدە ئۇنداق ئادەم يوق. ھىچبىر ئاڭلاپ باقماپتىمەن.

"راست، ئاپتوموبىل مەيدانىدا جىق ئۆزگىرىشلەر بولۇپ كېتىپتۇ..." دەپ ئويلىدىم-دە:

— چاتما چېتىپ تاغ ئېغىزىدىن ئۆتۈش ئەھۋالى قانداق؟— دەپ سورىدىم.

— ئادەتتىكىدەك،— ئېرمىك ئاددىيلا جاۋاپ بەردى،— گەپ قانچىلىك ئېغىرلىقتا يۈك بېسىشتا. تورمۇز تۇتقۇچ ئورۇنلاشتۇرۇلسىلا چاتمىنى سۆرىتىپ مېڭىۋەرگىلى بولىدۇ. ھازىر ماشىنىلارنىڭ تارتىش كۈچى ناھايىتى كۈچلۈك.

ئۇ بۇ چاتمىنىڭ مەن ئۈچۈن نىمىدىن دېرەك بېرىدىغانلىقىنى بىلمەيتتى.

قىسقىسى، مەن سۆيۈملۈك ئاپتوموبىل مەيدانىمغا قايتىپ كەلدىم. ئېرمىك مېنى ئۆيىگە مېھمانغا چاقىردى، كۆرۈشكەنلىگىمىز ئۈچۈن مېنى قەدەھكە تەكلىپ قىلدى. لېكىن، مەن رەت قىلدىم، ھاراقنى

ئۇغزىمغا ئالىمغىلى ئۇزاق بولۇپ كەتكەن ئىدى.

ئاپتوموبىل مەيدانىدىكى كىشىلەرمۇ مېنى قارشى ئالدى. تونۇش يولداشلاردىن ناھايىتى مىننەتدار بولدۇم، ئۇلار تۈرلۈك سوئاللارنى سوراپ مېنى بىئارام قىلمىدى. ئۇلار بىرەر كىشى بىر مەھەل ئۇ ياق-بۇ ياقتا يۈرسىمۇ، ئەمدىلىكتە قايتىپ كەلسە ۋە ئىخلاس بىلەن ئىشلىسە، بۇنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش، نىمە دەپ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار بىلەن ئۇنى بىئارام قىلغۇلۇق، دەپ قارايدىكەن. مەنمۇ ئۆتمۈشتىكى ئىش-لارنىڭ ھەممىسىنى مۇمكىن قەدەر ئۇنتۇپ كېتىشكە، بىراقلا، ئۆزۈل-كېسىل ئۇنتۇپ كېتىشكە تىرىشاتتىم. ئاشۇ يىللىرى مەن تۇرغان گاراژنىڭ ئالدىدىن ئۆتكەن چاغلىرىمدا، مەن ئوڭ-سولغا قاراپمۇ قويماستىن ھەتتا بېنزىن پونكىتىغا كەلگەندە بېنزىنىمۇ قاچىلىۋالماس-تىن ئىتتىك ئۆتۈپ كېتەتتىم. بىراق، بۇلارنىڭ ھەممىسى ھېچنىمىگە دال بولالمايتتى، ئۆزەمنى ئالدىسام بولمايدۇ.

بۇ يەردە ئىشلىگىلى تۇرغىلى خېلى ئۇزاق بولدى، ئىشقا ئۆگىنىپ قالدىم، ماشىنىنىڭ مىجەزىنىمۇ پىششىق بىلىۋالدىم. موتور ھەر خىل سۈرئەتتە مېڭىش ۋە تۈرلۈك تاغ-داۋانلار ئېشىش سىنىغىدىن ئۆتتى. قىسقىسى ئۆز ئىشىم بىلەن ئوبدان تونۇشۇۋالدىم.

بىر كۈنى ماشىنامنى ھەيدەپ جۇڭگودىن قايتىپ كەلدىم، روھىم جايىدا ئىدى، ھېچنىمىنى ئويلىمىدىم. ماشىنىنى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ تۆت تەرەپكە سەپسالاتتىم. دالىدا باھار نۇرى يالتىرايتتى، مەنزىرە ئادەمگە ناھايىتى يېقىملىق تۇيۇلاتتى. يىراقتا چېدىرلار تىكىلگەن: چارۋىچىلار ئەتىيازلىق يايلاققا كۆچكەن ئىدى. كۆكۈش ئىس چېدىر-دىن ئاسمانغا ئۆرلىمەكتە. يېقىملىق شامال يىلقىلارنىڭ ئەنسىز كىشنەش-لىرىنى ئۇچۇرۇپ كېلەتتى. قوي-ئۆشكىلەر يېيىلماقتا. بۇلارنىڭ

ھەممىسى بالىلىق چاغلىرىمنى ئېسىمگە سالىدى-دە، يۈرىكىمدە چەكسىز پەرىشانلىق ۋە ھەسرەت قوزغىدى.. ماشىنا كۆل بويىغا كەلگەن چاغدا، ئۇشتۇمتۇت تىترەك ئولاشتى — ئاھ، ئاققۇ!

ھاياتىمدا ئىسسىق كۆلدىكى ئاققۇنى ئىككىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. كۆپ-كۆك ئىسسىق كۆلدە ئاق قۇشلار پىرقىرىشىپ يۈرەتتى. نىمە ئۈچۈنلىگىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، يولدىن ماشىنىنى تېز بۇراپ، ئالدىنقى قېتىمدىكىگە ئوخشاشلا ماشىنىنى توپمۇ-توغرا كۆل بويىغا ھەيدەپ كەلدىم.

ئىسسىق كۆل، ئىسسىق كۆل — تۈگمەتەلمىگەن ناخشام!...مەن نىمە دەپ ئاشۇ كۈننى ئەسلەپ قالدىم؟ ئاشۇ چاغدا، مانا مۇشۇ دۆڭدە ئاسلان بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ ئىسسىق كۆلگە قارىغان ئىدىم. ھەئە، مەنزىرە ئاۋالقىدەكلا: كۆك-ئاق دولقۇن خۇددى قولغا قول تۇتاشقاندەك، بىر قاتار-بىر قاتاردىن بولۇپ سېرىق قىرغاقتا ئۇرۇلماقتا. كۈن ئولتۇردى، يىراقتىكى سۇ ئۈستىدە قىزىل شەپەق جىلۋىلەندى. ئاققۇلار خوشاللىقتىن، ئالاقزادىلىكتىن غاقىلدىشىپ قانات قېقىشىپ ئۇچاتتى. بەزىدە يۇقۇرىغا ئۆرلىسە، بەزىدە گويا غىڭشىلداپ تۇرغاندەك قاناتلىرىنى كىرىپ تۆۋەنلەيتتى، قانىتى بىلەن سۇنى ئۇرۇپ، دوملاپ كېتىۋاتقان دولقۇنلارنى قوغلىشاتتى. ھەئە، مەنزىرە ئاۋالقىدەكلا ئىدى. يېنىمدا پەقەت ئاسلانلا يوق ئىدى. نەدىسەن، ئاھ سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم؟

قىرغاقتا ئۇزاق تۇردۇم. ئاندىن كېيىن ئاپتوموبىل مەيدانىغا قايتىپ كەلدىم، چىدىيالماي قېلىپ ئاخىر يىقىلدىم...دەردىمنى چىقىرىش ئۈچۈن مەن يەنىلا ئاشۇ قاۋاقخانىغا ھاراق ئىچكىلى باردىم. قاۋاقخانىدىن چىققان ۋاقتىمدا ناھايىتى كەچ كىرىپ كەتكەن ئىدى.

تۈن قاپ-قاراڭغۇ، ھەممە ياقنى قاپ-قارا بۇلۇت باسقان. جىلغىدىن ئۇرغان شامال خۇددى تۇرۇبىسىدىن چىققان شامالغا ئوخشايتتى ۋە دەل-دەرەخلەرنى تەلۋىلەرچە ئىڭاڭلىتاتتى، ئېلېكتر سىملىرىنى ۋىژىلداتاتتى، ئادەمنىڭ يۈزىگە خۇددى تاش تەككەندەك تېگەتتى. كۆل سۈيى شاۋقۇنلىماقتا، ئىڭرىماقتا. مەن ئاران تەسلىكتە ياتاققا كەلدىم-دە، كىيىم-كېچەكلىرىمنىمۇ سېلىشقا ئۈلگۈرمەي ئۆزەمنى كارۋاتقا ئاتتىم.

ئەتىسى بېشىمنى كۆتىرەلمەي قالدىم، ئاغرىقتىن بېشىم يېرىلغۇدەك بولۇپ كەتكەن ئىدى. تالادا جانغا تېگىدىغان يامغۇر ياغماقتا، تېخى قارمۇ ئۇچقۇنلاپ تۇراتتى. مەن ئالاھەزەل ئۈچ سائەتچە ياتتىم، ئىشقا بارغىم كەلمەيتتى. بۇ، ھاياتىمدا بىرىنچى قېتىم بولغان ئىش — ھەتتا ئىشقىمۇ كۆڭلۈم تارتمايتتى. بىراق كېيىنچە ناھايىتى خىجىل بولدۇم، يەنىلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئىشقا باردىم.

ماشىنا روھسىز ھالدا ماڭاتتى، ئېنىقراغىنى ئېيتقاندا ماشىنىنى روھسىز ھالدا ھەيدەپ كېتىۋاتاتتىم، ئۇنىڭ ئۈستىگە ھاۋا ناھايىتى ئوسال. ئالدى تەرەپتىن كېلىۋاتقان ماشىنا قار بىلەن پۈركەنگەن، ئەھۋالدىن قارىغاندا تاغ ئېغىزىدا قار ياققان ئوخشايدۇ. نېمە بولسا بولمامدۇ، ھاۋا بۇزۇلۇپ قار-بوران ۋە شىۋىرغان بولۇپ كەتسىمۇ نېمىتى، قانچىلىك قورقۇنچلۇق ئىش ئىدى، ھەرنېمە بولار، ئۆلۈمدىن چوڭ بولماس...

روھىي ھالىتىم بەك ئوسال ئىدى. ماشىنىنىڭ ئەينىكىدە ئۆزەمنى كۆرۈپ، كۆڭلۈم بۆلەكچىلا بولۇپ كەتتى: ساقال-بۇرۇتلىرىم ئۆسۈپ كەتكەن، يۈز-كۆزۈم ئىششىپ كەتكەن، ھېرىپ مادارىم قالمىغانلىقتىن ئەمدىلا كېسەلدىن قوپقان ئادەمدەك بولۇپ قېپتىمەن. يولدا،

ئانچە-مۇنچە غىزالىنىۋالسامچۇ كاشكى، ئەتىگەندىن تارتىپ تا هازىر-
غىچە گێلىمدىن بىر تێمىم سۇ چاغلىق بىرنىمە ئۆتمىدى. لێكىن
غىزاغا كۆڭلۈم تارتمايتتى، هاراق ئىچكىملا كێلەتتى. هەممىگە ئاياغ-
كى، ئۆزىگە بىرەر قێتىم يول قويغان كىشى كێيىن ئۆزىنى تۇتۇۋا-
لالمايدۇ. مەن بىر دۇكاننىڭ ئالدىدا توختىدىم. بىر رۇمكا هاراق
قوساققا كىرگەندىن كێيىن روهىم كۆتىرىلىپ، ئێسىمگە كەلدىم. ماشى-
نىمۇ يێنىككىنە مێڭىۋاتقاندەك بىلىندى. كێيىن يول ئۇستىدە يەنە
تۆت سەر هاراق ئىچتىم. ئۇنىڭدىن كێيىن يەنە بىرئاز هاراق
ئىچتىم. يول ئۆزى كێتىۋاتقاندەك بولاتتى، ئەينەك چوتكىسى
ئالدىمدا ئۇ يان-بۇ يان تەۋرەنمەكتە. تاماكىنى كالپۇكۇمغا قىستۇرۇپ،
ئالدىمغىراق ئىگىشكەن هالدا كێتىۋاتىمەن، ئالدى تەرەپتىن كێلىۋاتى-
قان ماشىنىلار يولدىكى پاتقاقلارنى ماشىنامنىڭ دەرىزىسىگە چاچرىتىپ
ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كێتىشەتتى. كەچ كىرىپ كێتىۋاتقاچقا مەنمۇ ماشىنىنى
تێزلەتتىم. تاققا كەلگەن ۋاقتىمدا قاپ-قاراڭغۇ — كەچ بولۇپ كەتكەن
ئىدى، ئەتراپ جىمجىت، گۆردەك قاپ-قاراڭغۇ. بۇ چاغدا هاراق
مێنى ئێلىپ كەتتى، قىزىپ بوششىپلا كەتتىم. هارغىنلىق يێتىشكە،
كۆز ئالدىم غۇۋالىششقا باشلىدى. كابىنكىنىڭ ئىچى چىداپ تۇرغۇسىز
هالدا دىمىقتا بولۇپ كەتتى. مەن هىچقاچان بۇنچىلىك قاتتىق مەس
بولۇپ باقمىغان ئىدىم. يۈز-كۆزۈم تەردىن ئێچىشىپ كەتتى. مەن
ئۆزەمنى ماشىنىدا ئەمەس، بەلكى ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى توختىماي
يۈگۈرۈپ كێتىۋاتقان چىراق نۇرى ئىچىدە موللاق ئێتىپ كێتىۋاتقان-
دەك، ئاشۇ چىراق نۇرىغا ئەگىشىپ، بىر دەم ماشىنىنىڭ چىرىغى
ئاپپاق يورۇتۇۋەتكەن چوڭقۇر جىلغىلارغا چۈشۈپ كێتىۋاتقاندەك،
بىر دەم مىدىرلاپ تۇرغان، تىك يارلاردا تێيىلىپ يۈرگەن نۇر

تۇۋرۇكلىرىگە ئەگىشىپ، ئۆرلەپ كېتىۋاتقاندەك، بىر دەم يەنە شۇ سىزىقتەك ئىككى يول نۇرنى قوغلاپ ئەگرى-توقاي يوللاردا ئۆرمىلە-ۋاتقاندەك سېزەتتىم. بارغانسېرى ماغدۇرسىزلىنىپ كېتىۋاتاتتىم، لېكىن ماشىنىنى توختاتمىدىم، رولدىن قولۇم ئاجراپ كەتسىلا ماشى-نىنى ھەيدىيەلمەي قالىدىغانلىقىمنى بىلەتتىم. نەگە كەلگەنلىكىمنى بىلمەيمەن، ئېھتىمال تاغ ئېغىزىنىڭ مەلۇم بىر يېرىگە كەلگەندۇر-مەن. ئېخ! دولۇن، دولۇن، تىيانشان تېغىنىڭ توسىقى! سېنىڭمۇ شۇنچىۋالا خەتەرلىك بولۇپ كەتكىنىڭنى! بولۇپمۇ كېچىدە، خۇسۇسەن مەندەك بىر مەس*شوپۇرغا!

ماشىنا بىر دۆڭدىن كۆچەپ چىقتى-دە، تاغ باغرىغا قاراپ ئېتىلدى. ماشىنا يولدا ئۇچقاندەك تۆۋەنلىمەكتە. ئاندىن كېيىن بىر نەرسىگە بېرىپ سوقۇلغاندەك بىر ئاۋاز چىقتى-دە، ئالدىدىكى چىراق لىپ-لاپ قىلىپ، ئالدى تەرەپ قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ قالدى. كاللامدىن "چاتاق چىقتى!" دېگەن بىر ئوي ئۆتۈپ كەتتى.

ئەنە شۇ تەرىقىدە قانچە ئۇزۇن ياتقانلىقىمنى بىلمەيمەن. پەقەت پاختا تىقىپ قويغاندەك بولۇپ قالغان قۇلىقىمغا گويا ناھايىتى يىراقتىن ئۇشتۇمتۇت: "ھوي، يوروق چۈشۈرۈۋەتكىنە!" دېگەن بىر ئاۋاز ئاڭلانغاندەك ھەمدە بىرەيلەن بېشىمنى، مۈرەمنى ۋە مەيدەمنى سىلىغان-دەك تۇيۇلدى. "تېخى جېنى بار ئىكەن، مەس ئىكەن" دەيتتى ئۇ. ئىككىنچى بىرسى: "يولنى بوشىتىش كېرەك ئىدى" دەپ جاۋاپ بەرگەندەك بولدى.

— ھوي، دوستۇم، سەل مىدىرلاپ باققىنا، بىز ماشىنىنى يۆتكەي-لى. — ئۇ ئىككى قولى بىلەن مۈرەمدىن ئاستا ئىتتەردى.

مەن ئىگرىغان ھالدا بېشىمنى تەسلىكتە كۆتەردىم. پېشانەمدىن

ئاققان قان يۈزۈمنى بويلاپ ئېقىۋاتاتتى. مەيدەمدە بىلىمىنى تۈز قىلىشقا كاشىلا بولىۋاتقان بىرنىمە باردەك قىلاتتى. ھېلىقى كىشى بىر تال سەرەڭگە ياندۇرۇپ ماڭا قارىدى. ئاندىن كېيىن يەنە بىر تال سەرەڭگە يېقىپ ماڭا يەنە سەپسېلىپ قارىدى، ئۇ خۇددى كۆزىگە ئىشەنمەيۋاتقاندەك قىلاتتى...

— نىمە بولدۇڭ، دوستۇم؟ قانداق بولغىنى، ھە؟ — دېدى ئۇ قاراڭغۇدا قايغۇرغان ھالدا.

— ماشىنا... بەك سوقۇلۇپتىمۇ؟ — مەن قان تۈكۈرۈپ سورىدىم.

— ياق، ئانچە ئەمەس. پەقەت يولنى توسۇۋاپتۇ.

— ھە، ئەمىسە مەن ماشىنىنى ھەيدەپ كېتەي، سىلەر مېنى قويۇۋېتىڭلار! — مەن تىترەپ تۇرغان بۇ گەپ ئاڭلىماس قولۇم بىلەن ئاچقۇچنى تولغاپ ماشىنىنى ئوت ئالدۇرماقچى بولدۇم.

— توختاپ تۇر! — ئۇ مېنى قاتتىق تۇتۇۋالدى. — چاخچاق قىلمىغىن. ماشىنىدىن چىققىن! بۈگۈن مۇشۇ يەردە بىر كېچە قونغىن، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئەتە ئەتىگەندە ماڭساڭ...

ئۇلار مېنى كابىنكىدىن تارتىپ چۈشۈرۈشتى.

— قېيىمىل، ماشىنىنى يول ياقىسىغا چىقىرىپ قوي، ئۇنى ئاشۇ يەردە توختىتىپ قويايلى.

ئۇ قولۇمنى مۈرىسىگە ئېلىپ، مېنى يۆلىگەن ھالدا قاراڭغۇدا بىر ياققا قاراپ ماڭدى. بىز خېلى ئۇزاق مېڭىپ بىر ھويلىغا كەلدۇق. ئۇ مېنى يۆلەپ ئۆيىگە ئېلىپ كىردى. ئالدىمىزدىكى ئۆيدە كىرسىن لامپىسىغا ئوت يېقىلدى. ئۇ مېنى ئورۇندۇققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ چاپانلىرىمنى سالغۇزدى. بۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا سەپسالدىم ۋە ئېسىمگە ئالدىم. بۇ ھېلىقى چاغدا تاغ ئېغىزىدا مېنىڭ بىلەن بىللە ماشىنىغا

www.uyghurkitap.com

چاتما سۆرەتكەن ھىلىقى يول ئاسراش ئىشچىسى بايتىمىر ئىدى. مەن ناھايىتى خىجىل بولدۇم، لېكىن بەرىبىر ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتىم، مەن ئۇنىڭدىن ئەپۇ سوراي، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتاي دەپ تۇرۇشۇمغا بىردىنلا ئۆي ئىچىدە پالاق-پۇلۇق قىلىپ يەرگە تاشلانغان ئوتۇن ئاۋازى ئاڭلاندى، مەن بۇرۇلۇپ قارىدىم-دە، ئاندىن ئورۇن-دۇقتىن ئاستا، كۆچەپ تۇرۇپ كەتتىم، يەلكەمگە مىلىڭ پاتمان ئېغىر يۈكنى ئارتىپ قويغاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى: ئىشىك تۈۋىدە، چېچىلىپ ياتقان يېرىندىلار يېنىدا ئاسىل تۇراتتى. ئۇ ھاڭ-تاڭ بولغان، قامىتىنى تۈز تۇتقان ھالدا، خۇددى ئۆلۈكتەك ماڭا قاراپ تۇراتتى.

— بۇ نىمە ئىش؟ — ئۇ پەس ئاۋازدا گۇدۇڭلىدى.

"ئاسىل!" دەپ توۋلىۋېتىشكە تاس-تاماس قالدىم. لېكىن ئۇنىڭ يىراقلاشقان، گىگانتلارنىڭ كۆز نۇرىدەك كۆز نۇرى ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىش ئىمكانىيىتىنى بەرمىدى. مەن خىجالەتچىلىكتە يەرگە قارىدىم. ئۆي بىر پەس جىمجىت بولۇپ كەتتى. ئەگەر بايتىمىر بولمىغان بولسا، بۇ ھالەتتە قانداق قىلاتتىمكىن. ئۇ خۇددى ھېچنە-مىنى سەزمىگەندەك، مېنى يەنە ئولتۇرغۇزۇپ قويدى.

— ھېچقىسى يوق، ئاسىل، — دىدى ئۇ تېپچىنا، — شوپۇر بىرئاز سوقۇلۇپ كېتىپتۇ، ياخشىراق دەم ئېلىۋالسۇن... ئەڭ ياخشىسى سەن يوتنى ماڭا ئېپكېلىپ بەرگىنە.

— يوت؟ — ئۇنىڭ ئاۋازى يۇمشىدى، لېكىن يەنىلا قورقۇش ئالامىتى بار ئىدى، — يوتنى خوشنىلار ئېلىپ چىقىپ كەتكەن...مەن بېرىپ ئېپكېلەي! — ئۇ قانداقتۇر بىرنىمىنى ئېسىگە ئالغاندەك يۈگۈرۈپ چىقىپ كەتتى.

مەن مىدىر-سىدىر قىلماي كالپۇكۇمنى چىشلەپ ئولتۇرۇپ

قالدىم. شۇ دەقىقىدىلا مەسىلىنى تارقىلىپ، ھوشۇمغا كەلدىم. پەقەت چېكە تومۇرلىرىملا جىددىي سوقماقتا.

ئالدى بىلەن يۈيۈنۈۋالغىن، — دېدى بايتېمىر چېكەمدىكى يارىغا سەپسېلىپ قاراپ. ئۇ قولىغا چىلەكنى ئېپچىقىپ كەتتى. بۇ چاغدا يان تەرەپتىكى ئۆيدىن بەش ياشلارغا كىرگەن يالڭاياق، كۆينەكچان بىر ئوغۇل بالا چىقىپ كەلدى-دە، ھىرىسمەن چوڭ كۆزلىرى بىلەن ماڭا قاراپ تۇرۇپ قالدى. مەن ئۇنى دەرھال تونۇدۇم. قانداق تونۇغانلىقىمنى بىلمەيمەن، ئەمما مەن تونۇدۇم، يۈرىكىم تونۇدى.

— سامات! — مەن پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭ ئىسمىنى ئاتاپ، ئۇنىڭغا بۇرۇلدۇم. بۇ چاغدا بايتېمىر بوسۇغىدا پەيدا بولۇۋىدى، تەمترەپ كەتتىم. ئۇ ئوغلۇمنىڭ ئىسمىنى چاقىرغانلىقىمنى ئاڭلىغاندۇ. خۇددى ئوغرىلىق قىلىپ تۇتۇلۇپ قالغاندەك ناھايىتى ئوڭايسىزلىنىپ كەتتىم-دە، بۇنداق مۇشكۇل ئەھۋالدىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، ئۇپۇل-توپۇل پىشانەمدىكى يارىنى توسقان بولۇپ سورىدىم:

— بۇ سىزنىڭ ئوغلىڭىزمۇ؟ — مەن نىمە ئۈچۈن مۇشۇنداق دەپ سورىدىم؟ تاكى ھازىرغىچە ئۆزەمنى كەچۈرەلمەيمەن.

— مېنىڭ ئوغلۇم! — بايتېمىر خۇددى خوجايىنلاردەك قەتئىي جاۋاپ بەردى-دە، چىلەكنى يولغا قويۇپ، ساماتنى كۆتىرىۋالدى. — مېنىڭ ئوغلۇم، ئەلۋەتتە مېنىڭ ئوغلۇم، شۇنداقمۇ، سامات؟ — ئۇ بالىنى سۆيدى ۋە ساقىلىنى ئۇنىڭ بويىنىغا سۈركىدى. بايتېمىرنىڭ ئاھاڭى ۋە ھەركىتىدە ئازراقمۇ ساختىلىق كۆرۈنمىدى. — نىمىشقا ئۇخلىمايسەن؟ سېنىزە سېنى، تايچىقىم، ھەممە نەرسىنى بىلگىڭ كېلىدۇ-ھە، ماقۇل، ئەمدى يوتقىنىڭغا كىرىپ ياتە!

— ئاپام نەگە كەتتى؟ — سامات سورىدى.

— ھېلى كېلىدۇ. ئەنە، ئاۋۇ ئەمەسمۇ! بارە، بالام.

ئاسىل ئۆيگە يۈگۈرۈپ كىردى - دە، بىزگە جىمجىت ھالدا، ئېھتىياتلىق كۆزى بىلەن تېزلا قاراپ چىقىپ، يوت قاچىلانغان كىچىك قۇتىنى بايتېمىرغا بېرىپ، بالىنى ئۇخلىتىشقا ئېپكىرىپ كەتتى.

بايتېمىر لۆڭگىنى ھۆل قىلىپ يۈز - كۆزۈمدىكى قان يۇقۇندىلىرىنى سۈرتتى.

— چىداپ تۇرغىن! — دېدى ئۇ يوتنى يارامغا سۈركەپ چاخچاق قىلغان ھالدا ۋە گېپىنى جىددى ھالدا داۋاملاشتۇردى، — شۇنداق ۋەقە تۇغدۇرغانلىغىڭ ئۈچۈن يوتنى قاتتىق - قاتتىق سۈركەش كېرەك ئىدى، لېكىن سەن بىزگە مېھمان - دە، بولدى...ھوي، بولدى، ئەمدى تېزلا ساقىيىپ كېتىسەن. ئاسىل، بىزگە ئازراق چاي بەرسەڭچۇ!

— مانا ھازىرلا!

بايتېمىر كىگىزگە كۆرپە سېلىپ، ياستۇقتىن بىرنى قويۇپ قويدى.

— مەيەگە كېلىپ ئولتۇرۇپ بىر دەم دېمىڭنى ئېلىۋال، — دېدى ئۇ.

— ھېچقىسى يوق، رەھمەت!

— كېلە، كېلە، ئۆز ئۆيۈڭدەك كۆرۈپ ئولتۇرغىن، — دېدى بايتېمىر گېپىدە چىڭ تۇرۇپ.

ماڭا بۇلارنىڭ ھەممىسى خۇددى چۈشۈمدىكىدەك بىلىندى. مېنىڭ يۈرىگىم خۇددى بىراۋ تەرىپىدىن كۆكرەك قەپىزىمگە تىقىپ قويغاندەك بولۇپ كەتتى. ئىچكى ئەزالىرىم قاتتىق تىترەيتتى، ھەم قورقاتتىم، ھەم نىمىدىندۇر ئۈمىت كۈتەتتىم. ئېخ، نىمە ئۈچۈن ئاپام

www.uyghurkitap.com

مېنى مۇشۇ زاماندا تۇغۇپ قويغاندۇ!

ئاسىل بىزگە قارىماسلىققا تىرىشىپ، ساماۋارنى ئېلىپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— ساڭا ياردەملىشەي، ئاسىل، — دېدى بايتېمىر ئۇنىڭ ئارقىسىدىن. لېكىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ماڭمايلا سامات يەنە يۈگۈرۈپ چىقتى. ئۇنىڭ زادىلا ئۇخلىغۇسى يوق ئىدى.

— نېمە قىلاي دەيسەن، سامات؟ — بايتېمىر بېشىنى چايقاپ تۇرۇپ سورىدى.

— ئاكا، سىز توپ-توغرا كىنودىن چىقىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — ئوغلۇم ئالدىمغا كېلىپ ئەستايىدىل تۇردە سورىدى.

مەن ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەندىم، لېكىن بايتېمىر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئاھا، سىنىزە، كالۋا! — بايتېمىر كۈلگەن پېتى بالىنىڭ يېنىدا زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، ماڭا قاراپ سۆزلىدى، — تازا كۈلكىلىك گەپتە...بىز كانغا كىنوغا بارغاندا بۇمۇ بىللە بارغان ئىدى...

— ھەئە، مەن كىنودىن چىقىپ كەلدىم! — مەنمۇ قىزىقچىلىق قىلدىم.

لېكىن سامات قاپىغىنى تۈردى.

— سىز يالغان ئېيتىۋاتىسىز!

— نېمە ئۈچۈن يالغان بولىدىكەن؟

— ئەمىسە سوقۇشىدىغان قىلىچىڭىز قېنى؟

— ئۆيگە قويۇپ قويدۇم...

— مەن كۆرۈپ باقسام بولامدۇ؟ ئەتە بولامدۇ؟

— بولىدۇ. ھوي، مەيەگە كەلگىنە. سېنىڭ ئېتىڭ نېمە، ساماتمۇ؟

— هەئە، مىنىڭ ئىتىم سامات. ئاكا، سىزنىڭ ئىتىڭىز نىمە؟

— مەن... — سەل جىم تۇرۇپ قالدىم. — مىنىڭ ئىتىم ئىلياس، — مەن ئاغزىمدىن تەسلىكتە شۇ سۆزنى چىقىرالدىم.

— سامات، كىرىپ ئۇخلىغىن، بەك كەچ بولۇپ كەتتى! — گەپكە بايتىمىر ئارىلاشتى.

— ئاتا، يەنە بىرئاز تۇرسام بولامدۇ؟ — سامات يالۋۇردى.

— ماقۇل! — بايتىمىر ماقۇل بولدى، — مەن چاينى ئىلىپ كىلەي.

سامات مىنىڭ يىنىمغا كەلدى. مەن ئۇنىڭ قوللىرىنى سىلىدىم: ئۇ ماڭا قۇيۇپ قويغاندەكلا ئوخشايتتى. ھەتتا ئۇنىڭ قولى ھەم كۇلۇشلىرىمۇ مىنىڭكىگە بەكمۇ ئوخشايتتى.

چوڭ بولغاندا نىمە بولىسەن؟ — ئوغلۇم بىلەن پاراڭلىشىش مەقسىدىدە ئۇنىڭدىن سورىدىم.

— شوپۇر بولىمەن.

ماشىنىغا چۈشۈشنى ياخشى كۆرەمسەن؟

— بەكمۇ ياخشى كۆرىمەن... بىراق مەن قولۇمنى كۆتەرسەم، مىنى ھىچكىم ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇۋالمايدۇ...

— ئۇنداق بولسا ئەتە كىلىپ سىنى ماشىنامغا ئولتۇرغۇزاي. بولامدۇ؟

— بولىدۇ. مەن ئوشۇغۇمنى سىزگە بىرىمەن. — ئۇ ئۆيگە ئوشۇقلىرىنى ئالغىلى كىرىپ كەتتى.

دەرىزىنىڭ سىرتىدىن ساماۋارنىڭ مورىسىدىن ئوت ئۇچقۇنلىرى ئۇچقۇنداۋاتقانلىقى كۆرۈندى. ئاسىل بىلەن بايتىمىر بىرنىمىلەرنى دىيىشىۋاتاتتى.

سامات ئوشۇق قاچىلانغان ئارقار تۇلۇمنى ئىلىپ چىقتى.

— ئاكا، سىز تاللىۋىلىڭ! — ئۇ ھەر خىل بويالغان بۇ مۈلكىنى شاراقلىتىپ ئالدىمغا تۆكتى.

خاتىرە قىلىپ ساقلاش ئۈچۈن ئۇشۇقتىن بىرنى ئالايمىكىنمۇ دېدىم، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم. ئىشىك ئېچىلدى، بايتېمىر پورۇقلاپ قايناپ تۇرغان ساماۋارنى كۆتىرىپ كىرىپ كەلدى. ئاسىل ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كىرىپ كەلدى ۋە چاي دەملەشكە كىرىشتى. بايتېمىر پەس بىر يۇمۇلاق جوزىنى كىگىز ئۈستىگە قويۇپ داستىخان سالدى. سامات ئىككىمىز ئۇشۇقلارنى يىغىپ تۇلۇمغا سالدۇق.

— مۈلكۈڭنى يەنە خەققە كۆرسىتىپسەن - دە پوچى! — دېدى بايتېمىر ئەركىلىتىپ ساماتنىڭ قۇلىقىنى سوزۇپ.

بىر مىنۇتتىن كېيىن ھەممىمىز جوزىنى چۆرىدەپ ئولتۇردۇق. ئاسىل ئىككىمىزلا بىر - بىرىمىزنى تونۇمايدىغان بولۇۋالدۇق. ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە ئېغىر - بېسىق ھالەتتە ئولتۇراتتۇق، ئېھتىمال ئەنە شۇ سەۋەپتىن بولسا كېرەك، ئاز گەپ قىلىشاتتۇق. سامات بايتېمىرنىڭ قۇچىقىدا ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭغا يۆلەنگەن ھالدا بېشىنى چايقايتتى.

— ھوي، ئاتا، ساقىلىڭ سانچىپلا تۇرىدىكەن! — دېدى سامات ۋە ئۆرلەپ يۈزىنى ئۇنىڭ ساقىلىغا سۈركىدى.

ئوغلۇم بىلەن بىللە ئولتۇرۇپ يا ئۇنى بالام دېيەلمىسەم، يەنە كېلىپ ئۇنىڭ باشقا بىرەيلەننى ئاتا دەۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ تۇرسام، بۇ نەقەدەر قىيىن - ھە! ئاسىل، قەدىرلىگىم ئاسىل مانا مېنىڭ بىلەن بىر يەردە ئولتۇرۇپتۇ، لېكىن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ قاراشقا ھەققىم يوق، بۇ نىمە دىگەن ئازاپ - ھە! ئۇ بۇ يەرگە قانداق كېلىپ قالغاندۇ؟ بايتېمىرنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ تەككەنمىدۇ؟ ئۇ ھەتتا مېنى تونۇغاندەك بولغانلىقىنىمۇ بىلدۈرمەيۋاتقان، ئەكسىچە مېنى پۈتۈنلەي

تونۇمايدىغان يات ئادەم دەپ قاراۋاتقان شارائىتتا، مەن ئۇنىڭدىن نېمىنى ئۇقالايمەن؟ ئۇ ماڭا شۇ قەدەر ئۆچ بولۇپ كەتكەنمىدۇ؟ بايتېمىر نېمىلەرنى ئويلاۋاتقاندۇ؟ ئۇ مېنىڭ كىم ئىكەنلىكىمنى قىياس قىلىپ باقمىغانمىدۇ؟ سامات بىلەن ئىككىمىزنىڭ بەكمۇ ئوخشىشىپ كېتىدىغانلىقىمىزنى بىلمىگەنمىدۇ؟ ئۇ نېمىشقا ھەتتا ئىككىمىزنىڭ تاغ ئېغىزىدا بىر چاغلاردا ئۇچرىشىپ قالغانلىقىمىزنى، بىرلىكتە باشقا بىر ماشىنىنى سۆرەپ كەلگەنلىكىمىزنى ئېسىگە ئالالمىدى؟ يا ئۇ راستلا ئۇنتۇپ قالدىمۇ؟

ھەممىمىز ئۇخلاش ئۈچۈن ياستۇققا باش قويغان ۋاقتىمىزدا كۆڭلۈم تېخىمۇ غەش بولدى. ئۇلار ماڭا كىگىزگە ئورۇن سېلىپ بەردى. مەن تام تەرەپكە قاراپ ياتتىم، چىراق غۇۋا يورۇپ تۇراتتى، ئاسىل چىنە-قاچىلارنى يىغىشتۇرماقتا.

— ئاسىل! — دەپ قىچقاردى بايتېمىر يان ئۆيدە پەس ئاۋاز بىلەن.

ئاسىل ئۇنىڭ يېنىغا كەتتى.

— ئۇنىڭ كۆينىكىنى يۇيۇۋەتكىنىڭ ياخشى بولارمىكىن.

ئاسىل قان بولۇپ كەتكەن شاتلانكا كۆينىكىمنى يۇيۇشقا كىرىشتى. لېكىن، ئۇ يۇيۇۋاتقان كۆينەكنى شۇ ھامان قويۇپ قويدى. ئۇنىڭ بايتېمىرنىڭ يېنىغا كىرىپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىدىم.

— ماشىنىنىڭ سۇخانىسىدىكى سۇنى ئېقىتىۋەتكەنمۇ؟ — دېدى ئۇ پەس ئاۋازدا، — قاتتىق سوغاقتا توڭلاپ قالمىسۇن يەنە...

— ئېقىتىۋەتكەن، قىيمىل ئېقىتىۋەتكەن، — دېدى بايتېمىرمۇ پەس ئاۋازدا، — ماشىنا ساپ-ساق دېگۈدەك... ئەتە ئەتىگەندە بىز ئۇنىڭغا ياردەملىشىمىز...

لېكىن مەن بۇلارنى ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، مېنىڭدە نەدە ماشىنىنىڭ سۇخانىسى بىلەن موتورىنى ئويلىغۇدەك كۆڭۈل بولسۇن!

ئاسىل كۆينىكىمنى يۇيۇپ كىرىپ مەشىنىڭ ئۈستىگە يېيىپ قويۇپ، ئېغىر بىر ئۇھ تارتتى ۋە چىراقنى ئۆچۈرۈۋېتىپ چىقىپ كەتتى.

ئۆي ئىچى قاپ-قاراڭغۇ. ئۈچىلىمىزنىڭ ئۇخلىمىغانلىقىمىز، ئۈچىلىمىزنىڭ ئۆز خىيالىمىز بىلەن ياتقانلىقىمىز ماڭا ئايان. بايتېمىر ئوغلۇم بىلەن بىر كارۋاتتا ياتتى. ئۇ بىر دەم-بىر دەم ساماتنى ئەركىلىتىپ، يوتقىنىنى يېپىپ-قىمداپ ياتاتتى، سامات ئويقۇلۇقتا ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈلۈپ، يوتقىنىنى تېپىپ ئېچىۋېتەتتى. ئاسىل بولسا بىر دەم-بىر دەم ئۇھ تارتاتتى. قاراڭغۇدا مەن ئۇنىڭ ياشاڭغىرىغانلىقتىن پارقىراپ تۇرغان كۆزىنى كۆرگەندەك بولدۇم. ئېھتىمال ئۇنىڭ كۆزى ئىسسىق ياش بىلەن تولغاندۇ. ئۇ نېمىنى، كىمنى ئويلاۋاتىدۇكىنە؟ ھازىر بىز ئۈچ ئادەم بولۇپ قالدۇق... ئېھتىمال ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش، بىزنى بىر-بىرىمىزگە باغلىغۇدەك گۈزەل ۋە ھەسرەتلىك ئىشلارنى ئەسلەپ كەتكەندۇ؟ بىراق، ھازىر ئۇنىڭغا يېقىنلىشىشىم مۇمكىن ئەمەس، ئۇنىڭ پىكرىمۇ ماڭا روشەن ئەمەس. مۇشۇ بىرنەچچە يىلدىن بۇيان ئاسىل ئۆزگىرىپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆزى ئۆزگىرىپ كەتتى... ئاسىل ئەمدى ئاشۇ يىللىرىدىكىدەك خەققە ئاسانلا ئىشىنىدىغان ئاسىل ئەمەس، ئۇنىڭ كۆزىمۇ ئاشۇ يىللىرىدىكىدەك تازا ۋە ساددا نۇر تۆكۈلۈپ تۇرىدىغان كۆز ئەمەس. ئۇنىڭ كۆزى تېخىمۇ بەك ئۆتكۈر بولۇپ كەتكەن. شۇنداق بولسىمۇ، مەن ئۇچۇن ئېيتقاندا، ئاسىل بۇرۇنقىدەكلا يايلاقتىكى سەرۋى قامەتلىك دىلبەر ئىدى. ئۇنىڭ ھەر بىر ھەركىتىدىن ماڭا تونۇش، يېقىن نەرسىنى كۆرەتتىم. شۇ سەۋەپتىن يۈرىكىم تېخىمۇ پۇچىلىنىپ كەتتى، ئاغرىدى، ئازاپلاندى.

ئۈمىتسىزلىك ئىچىدە ياستۇقنىڭ بۇرجىگىنى چىشلەپ، تاكى تاڭ ئاتقىچە كىرپىك قاقماي چىقتىم.

دەرىزىدىن قارىغىنىمدا، كۆكتە بۇلۇتلار ئارىسىدا ئۈزۈپ يۈرگەن ئاي گايىدا بۇلۇتلارنىڭ ئارقىسىغا يوشۇرۇنسا، گايىدا جامالىنى كۆرسىتەتتى.

ئەتىگەندە ئاسىل بىلەن بايتېمىر ئىككىسى ئۆي ئىشى بىلەن ھويلىغا چىقىپ كەتكەن چاغدا، مەنمۇ ئورنۇمدىن تۇردۇم. كېتىشىم كېرەك ئىدى. مەن ئاسناغىنا ساماتىنىڭ يېنىغا بېرىپ ئۇنىڭ مەڭزىگە بىرنى سۆيۈپ قويۇپ ئىتتىك ئۆيدىن چىقتىم.

ئاسىل بىرنەچچە تاشقا ئورنىتىلغان قازاندا سۇ قايىنىتىۋاتاتتى، بايتېمىر ئوتۇن كەسلەۋاتاتتى. ئىككىمىز ماشىنىسىغا قاراپ ماڭدۇق. يول بويى ھەر ئىككىمىزلا گەپ قىلماي تاماكىمىزنى چېكىپ ماڭدۇق.

بايا ماشىنا يول بويىدىكى تۈۋرۈككە بېرىپ سوقۇلغان ئىكەن. ئىككى تال تۈۋرۈك ئۆرۈلۈپ، تۈۋرۈك كۆمۈلگەن سېمونت توپىلار چېچىلىپ يېتىپتۇ. ماشىنىنىڭ ئالدىدىكى چىراقلار پاچاق-پاچاق بولۇپ كېتىپتۇ، چاق ياپقۇسى بىلەن چاقنىڭ ئالدى تەرىپى ئېگىلىپ، چاقنى قىسىۋاپتۇ. بۇلارنى لوم ۋە بولقا بىلەن بىر ھازا ھەپىلىشىپ يۈرۈپ ئوڭلىدۇق. ئاندىن كېيىن ئۇزاققا سوزۇلغان، ئادەمنى قىينايدىغان ئىشنى باشلىدۇق. موتور توڭلاپ قالغاچقا ھېچبىر گۈكىرىمەيتتى. بىز موتورنى قىزدۇردۇق ۋە رولىكىنى توختىماي ئايلاندۇردۇق. ئىككىمىزنىڭ مۈرىمىز تېگىپ تۇراتتى، تۆت قولىمىز بىر رولىكىنى ئىستىماقتا، ئاغزىمىزدىن چىققان ھور بىر بىرىمىزنىڭ يۈزىگە تېگىپ تۇراتتى، ئىككىمىز بىر ئىشنى قىلىۋاتىمىز، ئېھتىمال ئىككىمىزنىڭ خىيالىمۇ ئوخشاش بىر ئىش ئۈستىدە بولۇۋاتقاندۇ.

www.uyghurkitap.com

موتور ھەركەتكە كېلەي دەپ قالدى، ئىككىمىز ئۇنى دېيىشكە باشلىدۇق. ئاسىل ئىككى چېلەك ئىسسىق سۇ كۆتىرىپ كېلىپ، ئۇنتىنىسىزلا مېنىڭ ئالدىمغا قويۇپ، ئۆزى بىر چەتكە ئۆتۈپ تۇردى. مەن ئىسسىق سۇنى سوۋۇتقۇچقا قۇيدۇم. بايىتىمىز ئىككىمىز رولىكنى يەنە ئايلاندۇرۇۋىدۇق، ئاخىر موتور ھەركەتكە كەلدى. مەن كابىنىكىغا كىرىپ ئولتۇردۇم. موتورنىڭ ئايلىنىشى تەكشى ۋە رەتلىك ئەمەس ئىدى. بايىتىمىز بولقىنى ئېلىپ، ياپقۇنىڭ ئاستىدا ئوتلۇقنى تەكشۈرۈشكە باشلىدى. دەل شۇ چاغدا سامات بىر چوڭ چاپاننى يېپىنچاقلاپ ھەسرىگەن پېتى يۈگۈرۈپ كەلدى. ئۇ ماشىنىنى چۆرىدەپ يۈگۈرەيتتى، ماشىنىغا چۈشۈپ ئويىنغۇسى كەلگەندەك قىلاتتى. لېكىن ئاسىل ئۇنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەيتتى. بۇ چاغدا ئاسىل كابىنكىنىڭ يېنىغا كېلىپ قالدى. ئۇ ماڭا ئەيىپلىگۈچى نەزىرى بىلەن قاراپ، ئازاپلانغاندەك ۋە ئىچ ئاغرىتقاندەك قىلاتتى، شۇ چاغدا مەندە تەڭداشسىز بىر ئىرادە تۇغۇلدى: گۇيايىمدىن كېچىدىغانلا ئىش بولسا، ئوت دېڭىزىغا بولسىمۇ كىرەتتىم، ئۆلۈشتىنمۇ قورقمايتتىم. ئوچۇق تۇرغان ئىشىكتىن مەن سەل بويىنۇمنى سوزۇپ ئاسىلغا قارىدىم:

— ئاسىل! بالىنى ئېلىپ كىرىپ ئولتۇرغىنا! مەن سىلەرنى ئېلىپ، بۇرۇنقىدەك مەڭگۈ سىلەر بىلەن بىللە بولىمەن! مەيەگە كىرىپ ئولتۇرغىنا! — موتورنىڭ گۈكىرىگەن ئاۋازىدىن پايدىلىنىپ ئۇنىڭغا يالۋۇردۇم.

ئاسىل ھېچبىر گەپ قىلماي، ياشقا تولغان كۆزىنى ئۈن-تىنسىز باشقا تەرەپكە قارىتىپ، ياق دېگەندەك بېشىنى چايقىدى.

— ئاپا، ماشىنىغا چىقە! — دېدى سامات ئۇنىڭ قولىنى تار-

تىپ، — چىقە!

ئۇ قاراپمۇ قويماي بېشىنى ساڭگىلاتقانچە كېتىپ قالدى. سامات بىللە مېڭىشقا ئۇنىماي، ئۇنىڭ قولىدىن ئاجراپ چىقىپ كەتتى.

— ئوڭلاندى، — دېدى بايتېمىر ماشىنىنىڭ ياپقۇسىنى "تاراق" قىلىپ يېپىپ قويۇپ، ئاندىن جابدۇقلارنى كابىنكىغا قويۇپ قويدى.

شۇنىڭ بىلەن، مەن ماشىنىنى ھەيدەپ كەتتىم. مەن يەنە رولنى تۇتۇپ، يوللاردا، تاغلاردا كېتىۋاتىمەن، — ماشىنا مېنى ئېلىپ كېتىۋاتاتتى، ھېچقانداق ئىش بولمىغاندەك ئىدى.

مانا شۇنداق قىلىپ مەن تاغ ئېغىزىدىن ئاسىل بىلەن ئوغلۇمنى تېپىۋالدىم، شۇنداق بولدى، بىز كۆرۈشتۇقۇ يەنە ئايرىلدۇق. دۆلەت چېگرىسىغا كېتىۋاتقاندا ۋە قايتىپ كېلەشىمدە، قانداق قىلاي دىگەننىلا ئويلىدىم، بىراق، ھېچقانداق چارە تاپالمىدىم. مۇشۇنداق ئاخىرى چىقمايدىغان خىياللار مېنى ھارغۇزۇۋەتتى... ئەمدى كېتىشىم كېرەك. يىراق يەرلەرگە كېتىشىم كېرەك، بۇ يەردە قالسام بولمايدۇ.

بۇ يەردىن كېتىش نىيىتىگە قەتئى كەلدىم، مۇشۇ خىيال بىلەن ئاپتوموبىل مەيدانىغا كەتتىم. مەن تاغ ئېغىزىدىكى ئوچاستكىسىدىن ئۆتكەندە، ساماتنىڭ ئۆزىدىن چوڭراق بىر ئوغۇل بالا ۋە كىچىك قىز بىلەن ئۆيى — تاش مۇنارلىق ئۆيى ۋە ئېغىل ياساپ ئويناۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. بۇرۇن يول ياقىسىدا ئۇلارنى كۆرگەن بولۇشۇم مۇمكىن... ئەسلى ھەر كۈنى دىگۈدەك ئوغلۇمنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپتىكەنمەن، بىراق مەن بۇنى بىلمەي يۈرگەن ئىكەنمەن. ماشىنامنى توختاتتىم.

— سامات! — دەپ چاقىردىم مەن ئۇنى كۆرگۈم كېلىپ. بالىلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

www.uyghurkitap.com

— ئاكا، بىزنى ماشىنىڭىزغا ئولتۇرغۇزامسىز؟ — سامات ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ سورىدى.

— ھە-ئە، ئولتۇرغۇزىمەن! — دېدىم مەن.

باللار ئەركىلىشىپ بىراقلا كابىنكىغا ئېسىلىپ چىقىشتى.

— مەن تونۇيدىغان ھېلىقى ئاكام مۇشۇ شۇ! — دېدى سامات دوستلىرىنىڭ ئالدىدا ماختىنىپ.

مەن ئۇلارنى ئېلىپ ئازلا ماڭغان بولسامۇ، لېكىن مېنىڭ بەختىم ۋە خوشاللىقىم ئۇلارنىڭكىدىن كۆپ بولۇشى مۇمكىن. كېيىن مەن ئۇلارنى چۈشۈرۈپ قويدۇم.

— ئەمدى سىلەر يۈگۈرۈپ قايتىپ كېتىڭلار! — باللار يۈگۈرۈشۈپ كەتتى. مەن ئوغلۇمنى ئېلىپ قالدىم.

— سامات، توختاپ تۇرە، ساڭا گېپىم بار! — مەن ئوغلۇمنى بېشىمدىن ئېگىز قىلىپ كۆتىرىپ تۇرۇپ ئوغلۇمنىڭ يۈزىگە قارىدىم، كېيىن ئۇنى چىڭ قۇچاقلاپ سۆيدۇم، ئاندىن ئۇنى يەرگە قويدۇم.

— سىزنىڭ قىلىچىڭىز نەدە؟ ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ، ئاكا! — ساماتنىڭ ئېسىگە ئۇ ئىش كېلىپ قالدى.

— ھە! مەن يەنە ئۇنتۇپ قېپتىمەن، ئوغلۇم، بۇدا چوقۇم ساڭا ئېپكېلىپ بېرىمەن! — دەپ ۋەدە بەردىم.

— ئەمدى ئۇنتۇمايسىز-ھە، شۇنداقمۇ، ئاكا؟ بىز يەنە ھېلىقى جايدا ئويناپ تۇرىمىز.

— ئەمدى سەن تېز قايتىپ كەت!

ئاپتوموبىل مەيداندىكى ياغاچچىلار ئۆيىدە، باللار ئوينايدىغان ياغاچ قىلىچتىن ئۈچنى ياسىدىم ھەمدە ئۇلارنى ئېلىۋالدىم.

باللار راستلا مېنى ساقلاپ تۇرۇپتىكەن. مەن ئۇلارنى ماشىنىغا

ئولتۇرغۇزدۇم. شۇنداق قىلىپ ئوغلۇم بىلەن ۋە ئۇنىڭ دوستلىرى بىلەن ئاغىنە بولۇپ قالدىم. ئۇلار تېزلا مەن بىلەن تونۇشۇپ كەتتى. مېنى كۆرسە يىراقتىن يۈگۈرۈشۈپ ئالدىمغا كېلىدۇ:

— ماشىنا، بىزنىڭ ماشىنا كەلدى!

ماڭا قايتىدىن جان كىردى، ئادەم بولدۇم. مەن ھەر قېتىم يولغا چىققىنىمدا كۆڭلۈم بىردىنلا ئېچىلىپ كېتىدۇ: بىر خىل گۈزەل ھېسسىياتقا تولىدۇ. ئوغلۇم يول ياقىسىدا مېنى ساقلاۋاتىدۇ. ئۇنىڭ بىلەن كابىنكىدا ئىككى مىنۇت ئولتۇرۇۋالسىمۇ مەيلى ئىدى. ھازىر، مېنىڭ پۈتۈن خىيالىم ۋە ئويۇم قانداق قىلىپ ئوغلۇمنىڭ يېنىغا ۋاقتىدا بارىمەن دېگەن نۇقتىغىلا مەركەزلەشكەن ئىدى. مەن ۋاقىتنى ھېساپلاپ كۆرسەم، تاغ ئېغىزىدىن كۈندۈزى ئۆتىدىكەنمەن. باھار كۈنلىرى ھاۋا ئىسسىق، باللار دائىم كوچىدا ئوينايدۇ، شۇڭا، مەن دائىم ئۇلارنى يول ياقىسىدا ئۇچرىتىمەن. مەن پەقەت مۇشۇنىڭ ئۈچۈنلا ياشاۋاتقاندەك ۋە خىزمەت قىلىۋاتقاندەك، مۇشۇلا مېنى بەختلىك قىلىدىغاندەك ھېس قىلاتتىم. لېكىن، بەزىدە، كۆڭلۈم قورقۇنچ بىلەن تولاتتى. ئۇچاستكىدىكىلەر مېنىڭ باللارنى ماشىنىغا سېلىپ ئوينىتىدىغانلىقىمنى بىلىشىمۇ، بىلمەسلىكىمۇ مۇمكىن، لېكىن، ئۇلار مېنى ئوغلۇم بىلەن كۆرۈشتۈرمەسلىكى مۇمكىن، ئۇنى يول ياقىسىغا چىقارماسلىقى مۇمكىن. مەن ئىنتايىن قورقۇپ كەتتىم، كۆڭلۈمدە ئاسىل بىلەن بايتېمىرنىڭ شۇنداق قىلماسلىقىنى تىلەيتتىم، ئوغلۇم بىلەن ئىككىمىزنىڭ مۇشۇنداق قىسقا ۋاقىتلىق ئۇچرىشىشىمىزنىمۇ بۇزۇۋەتمەسلىكىنى ئارزۇ قىلاتتىم. لېكىن، ئاشۇنداق ئىش ئاخىرى يۈز بەردى...

1 ـ ماي بايرىمى يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. مەن ئوغلۇمغا بايرام-

لىق بەرمەكچى بولدۇم. مەن پۈرژىنىلىق ئويۇنچۇق يۈك ماشىنا سېتىۋالدىم. 1-ماي كۈنى مەن ئاپتوموبىل مەيدانىدا ھايال بولۇپ قالدىم، ئۇ يەردىن چىققان ۋاقتىمدا كەچ كىرىپ قالغان ئىدى، شۇڭا ناھايىتى ئالدىرىدىم. شۇنداق بولغانلىقىنى ئۈچۈنمىكىن، كۆڭلۈمدە بىر خىل ئەندىشە بار ئىدى، ھېچقانداق سەۋەپسىزلا ئەنسىزلىنەتتىم. ماشىنا ئوچاستكىغا يېقىنلاشقان چاغدا، مەن سوغىنى ئېلىپ يېنىمغا قويۇپ قويدۇم، كۆڭلۈمدە سامات كۆرسە چوقۇم خوشال بولىدۇ، دەپ ئويلايتتىم. ئۇنىڭ خىلمۇ-خىل ئويىدان ئويۇنچۇقلىرى بار، لېكىن بۇ ئالاھىدە ئويۇنچۇق — يولدا تونۇشۇپ قالغان شوپۇرنىڭ شوپۇر بولۇشنى خالايدىغان ئوغۇل بالىغا بېرىدىغان سوغىسى. لېكىن، بۇ قېتىم يول بويىدا ئۇنى كۆرمىدىم. بالىلارنىڭ ھەممىسى يۈگۈرۈپ كەلدى، پەقەت ساماتلا يوق. مەن كابىنىكىدىن چىقىپ:

— سامات قېنى؟ — دەپ سورىدىم.

— ئۆيىدە، ئاغرىپ قالدى، — دەپ جاۋاپ بېرىشتى ئوغۇل بالىلار.

— ئاغرىپ قالدى؟

— ياق، ئاغرىپ قالمىدى! — قىزچاق ئەھۋالىدىن خەۋەردار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرۈپ چۈشەندۈردى. — ئۇنى ئاپىسى بۇ يەرگە چىقارمىدى!

— نېمىشقا؟

— بىلمەيمەن، چىقمايسەن دەيدۇغۇ.

ئۆتكۈم ئۆچۈپ، ھەممە ئىش تۈگىدى، دەپ ئويلىدىم.

بۇ ھالدا مەن بۇ سوغىنى ئوغۇل بالىغا بېرەيمىكىن دەپ "ئەمە-سە بۇنى سەن ئال" دېگەن ئىدىم. بىراق دەرھال يەنىلا "بەرمەي

تۇرغىنىم تۈزۈك" دېگەن ئويغا كەلدىم-دە، سوغىنى ئېلىپ سالپىيىپ ماشىنامغا قايتىپ كەلدىم.

— ئاۋۇ ئاكام نېمىشقا بىزنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزمايدۇ؟ — ئوغۇل بالا ھەدىسىدىن سورىدى.

— ئۇ ئاغرىپ قېپتۇ، — دېدى بالىنىڭ ھەدىسى قاپىقىنى تۈرۈپ.

ھەئە، ئۇ تاپتى. مېنى ئەڭ يامان بىر كېسەل يېقىتتى. يول بويى مەن ئويلاپ كەلدىم: قانداق قىلىپ بۇنداق ئىش يۈز بېرىپ قالدى. ئاسىل ئەجەبا ماڭا شۇنچە شەپقەتسىزلىك قىلدى. مەن قانچە ئەسكى بولماي ئۇنىڭ ئازراقمۇ ئىچى ئاغرىماسمۇ؟ ياق، مەن ئىشەنمەيمەن... بۇ ئاسىل قىلىۋاتقان ئىشقا ئوخشىمايدۇ، باشقا ئىش يۈز بەرگەن بولمىسۇن. نېمە ئىش؟ مەن ئۇنى نەدىن بىلەي؟... مەن ئۆزەمنى ئوغلۇمنىڭ ھەقىقەتەن ئاغرىپ قالغانلىقىغا ئىشەندۈرۈشكە تىرىشاتتىم. مەن نېمىشقا ھېلىقى ئوغۇل بالىنىڭ گېپىگە ئىشەنمەي؟ ئۆزەمنى بۇنىڭغا ئىشەندۈرگەندىن كېيىن خۇددى شۇنداق ئىش سادىر بولغاندەك: گويا ئوغلۇمنىڭ قىزىتمىسى تازا ئۆرلەپ، ھوش-سىزلىنىپ... ياتقاندەك بىلىندى. بىردىنلا ئۇنىڭغا مەلۇم ياردەم كېرەكتەك، دورا ئېپكېلىپ بېرىش ياكى ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېپبېرىش زۆرۈردەك ھېس قىلىپ كەتتىم. راست، ئۇلار شەھەردە ئەمەس، تاغ ئېغىزىدا تۇرىدۇ-دە! بۇنى ئويلاپ يۈرەك-باغرىم ئۆرتىنىپ كەتتى. مەن ئۆزەمنىڭ نېمە قىلارىمنى ۋە قانداق قىلىشىمنى ئويلاپ باقمايلا، دەرھال ئارقامغا قايتتىم. مەن ئوغلۇمنى چاپسانراق كۆرسەم دەيتتىم، تېزرەك... مەن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشەلەيدىغانلىقىمغا ئىشىنەتتىم. بۇنى كۆڭلۈم تۇيۇپ تۇراتتى. بىراق دەل شۇ چاغدا باكتا بېنزىن تۈگەپ قېپتۇ، ئامالسىز ماشىنامنى بېنزىن پونكىتىنىڭ

يېنىدا توختىتىشقا مەجبۇر بولدۇم...

ھەمرىيىم ئىلياس گېپىنى توختاتتى. ئۇ قىزىپ كەتكەن يۈزىنى ئالقىنى بىلەن سىلاپ خۇرسىنىپ بىر نەپەس ئالدى-دە، دەرىزىنى چوك ئېچىۋەتتى، يەنە بىر قېتىم — قانچە قېتىم بولۇپ كەتتىكىن — تاماكا تۇتاشتۇرۇپ چەكتى.

يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كەتكەن ئىدى. ئىككىمىزدىن باشقا، ۋاگوندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇيقۇغا كېتىشكەن بولۇشى مۇمكىن. پويىزنىڭ چاقى توختاۋسىز تۇردە تاقىلداپ، ئۆزىنىڭ تۈگىمەس-پۈتمەس سەپەر ناخشىسىنى داۋاملاشتۇرماقتا. دەرىزە سىرتىدىن يازنىڭ ئوچۇق كېچىسى، كىچىك ئىستانسىلاردىكى چىراق نۇرلىرى غىل-پال قىلىپ كۆزگە چېلىقىپ ئۆتەتتى. پاراۋۇز توختاۋسىز گۈكەرەپ ئالغا ئىلگىرىلىمەكتە.

ھەمرىيىم بىر نەرسە ئېسىگە كەلگەندەك سوغاق كۈلدى-دە، ھىكايىسىنى داۋاملاشتۇردى.

دەل مۇشۇ چاغدا سىز مېنىڭ ئالدىمغا كەلدىڭىز، بۇرادىرىم، مەن سىزنى رەت قىلدىم. ئەمدى سىز بۇنىڭ نىمە ئۈچۈن ئىكەنلىگىنى بىلگەندۇرسىز؟ سىز بېنزىن پونكىتىنىڭ يېنىدا تۇردىڭىز، كېيىن "غالىبىيەت" ماركىلىق پىكاپقا چۈشۈپ ماڭا يېتىشىۋالدىڭىز. بۇنىڭ ھەممىسىنى مەن سېزىپ تۇردۇم... شۇنداق، مەن يول بويى ئىنتايىن ھاياجانلانغان ئىدىم. مېنىڭ سېزىمىم مېنى ئالدىمايتتى، سامات يول بويىدا مېنى ساقلاۋاتاتتى. ماشىنامنى كۆرۈش بىلەنلا ئۇ ماشىنىنى توساپ ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كەلدى:

— ئاكا، شوپۇر ئاكا...

بالام ناھايىتى ساغلام ئىدى! مەن تولىمۇ خوشال بولۇپ كەتتىم، مەن نىمە دىگەن بەختلىك ـ ھە!

مەن ماشىنىنى توختاتتىم، كابىنكىدىن سەكرەپ چۈشۈپ ئوغلۇمغا قاراپ يۈگۈردۈم.

— نىمە بولدۇڭ، ئاغرىپ قالمىغانسەن؟

— ياق، ئاپام چىققىلى قويمىدى. ئۇ مىنى سىزنىڭ ماشىنىڭىزغا ئولتۇرما، دىدى. مەن يىغلىدىم. — سامات داتلاندى.

— ئوھۇ، ئەمىسە سەن قانداق كەلدىڭ؟

— دادام: ئەگەر ئۇ كىشى سىنى ماشىنىسىغا ئولتۇرغۇزۇشنى خالىسا ئولتۇرۇۋەرگىن، — دىدى.

— ھە، مۇنداق دىگىن!

— مەن دىدىمغۇ، مەن چوڭ بولغاندا شوپۇر بولىمەن...

— ھە، شوپۇر بولالايسەن، بولغاندىمۇ ياخشى شوپۇر بولىسەن!

مەن ساڭا نىمە ئېلىپ كەلدىم بىلەمسەن؟ مەن ساڭا ئويۇنچۇق ماشىنىدىن بىرنى ئېلىپ كەلدىم. قارا، پۈرژىنىلىق يۈك ماشىنىسى، كىچىك شوپۇر ئۈچۈن بۇنىڭدىنمۇ ياخشىسى يوق!

بالا كۈلدى، چىرايىغا نۇر يۈگۈردى.

— مەن مەڭگۈ سىز بىلەن بىر ماشىنىدا ئولتۇراي، ھە، ئاكا؟ — ئۇ تەلمۈرگەن كۆزلىرىنى ماڭا تىكتى.

— ئەلۋەتتە، مەڭگۈ بىللە! — دىدىم مەن ئۇنىڭغا ۋەدە بىرىپ، — ئەگەر سەن خالىساڭ، بۈگۈن 1 ـ ماي بايرىمى، مەن سىنى بازارغا ئېلىپ كىرەي، بىز ماشىنىغا بايراق قادىۋالايلى، ئاندىن كىيىن مەن سىنى يەنە ئېپكېلىپ قويىمەن.

ھازىر مەن نىمە ئۈچۈن شۇنداق دىگەنلىكىمنى، شۇنداق دىيىشكە

www.uyghurkitap.com

قانداق ھوقۇقۇم بارلىغىنى، ئاساسلىغى، نىمە ئۈچۈن بىردىنلا ئۇنىڭغا ئىشىنىپ كەتكەنلىگىمنى چۈشەندۈرۈپ بىرەلمەيمەن. بولالىسەمەس، مەن يەنە بىر قەدەم ئىلگىرىلىدىم.

— ئەگەر سەن خوشال بولىدىغان بولساڭ، مەڭگۈ مەن بىلەن بىللە بولغىن! — مەن ئوغلۇمغا ناھايىتى ئەستايىدىل تۈردە دىدىم. — بىز مۇشۇ كابىنكىدا تۇرمۇش كەچۈرەيلى، مەن سىنى تەرەپ-تەرەپلەرگە ئېلىپ بارىمەن، سىنى ھىچ ۋاقىتتا بىر ياقتا قويۇۋەتمەيمەن، — بىز مەڭگۈ ئايرىلمايمىز. خالامسەن؟

— خالايمەن! — سامات دەرھال قوشۇلدى. — بىز ماشىنىدا تۇرمۇش كەچۈرىمىز! يۈرۈڭ، ھازىرلا ماڭايلى!...

چوڭ ئادەم كىچىك بالىدەك بولۇپ قالىدىغان ئەھۋاللارمۇ بولىدىكەن. بىز كابىنكىغا كىرىپ ئولتۇردۇق، مەن ئىككىلىنىپ ماشىنىنىڭ قۇلۇپىنى ئاچتىم-دە، تەپكىنى تەپتىم. سامات بولسا ناھايىتى خوشال بولۇپ كەتتى، ئۇ ھامان ماڭا ئەركىلەيتتى، ماڭا ئىسىلاتتى، ئورنىدا سەكرەيتتى. ماشىنا قوزغالدى. سامات تېخىمۇ خوشال بولۇپ كەتتى، ئۇ كۈلەتتى، ماڭا بىر دەم ئۇنى، بىر دەم بۇنى سۆزلەيتتى، قولى بىلەن كابىنكىدىكى رولنى ۋە ئىستىرىلكا، سائەت بىرنىمىلەرنى كۆرسىتەتتى. مەنمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە خوشاللىنىپ كەتتىم. لېكىن مەن بىردىنلا ئىسىمنى تاپقان ۋاقتىمدا، ناھايىتى ئالاقىزادە بولۇپ كەتتىم. بۇ نىمە قىلغىنىم؟! مەن ماشىنىنى تورمۇز بەردىم، لېكىن، سامات ئۇنىمايتتى.

— چاقچاقىراق، تېزرەك ھەيدەڭچۇ! — دەپ يالۋۇراتتى ئۇ. مەن بەختىيار كۆزىنى ماڭا تىككەن بالىنىڭ تەلۋىنى قانداقمۇ رەت قىلالايمەن؟ مەن ماشىنىنى تېزلەتتىم. مەن ماشىنىنى تېزلىتىش بىلەن

تەگلا ئالدىمىزدا يول تۈزلەۋاتقان يول تۈزلەش ماشىنىسى كۆرۈندى.
يول تۈزلەش ماشىنىسى ئايلىنىپ، بىزگە قاراپ كېلىشكە باشلىدى.
يول تۈزلەش ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىكى يەردە بايتېمىر تۇراتتى. ئۇ
ئايلىنىدىغان يەردىكى قارا مايىنى گۈرجەك بىلەن كۈرەپ تۇراتتى.
مەن بىردىنلا چۆچۈپ كەتتىم ۋە نېمە قىلىشىمنى بىلمەي قالدىم.
ماشىنىنى توختىتاي دېۋىدىم، لېكىن كېچىكىپ قالدىم: مەن بالىنى
ئېلىپ خېلى ئۇزاق كەتكەن ئىدىم. مەن گەۋدەمنى سەل ئىگىشتۈ-
رۈپ ماشىنىغا بولۇشچە ماي بەردىم. بايتېمىر ھېچنېمىنى بايقىمايتتى،
ئۇ بېشىنىمۇ كۆتەرمەستىن ئىشلىمەكتە: بۇ يولدىن ھەر مىنۇتتا
ئۆتۈپ تۇرغان ماشىنىلار ئازمىدى؟ لېكىن، سامات ئۇنى كۆرۈپ
قالدى.

— ئاۋۇ دادام! ئاكا، دادامنىمۇ چۈشۈرۈۋالايلى، ھە؟ سىز ماشى-
نىنى توختىتىڭ، مەن دادامنى چاقىراي!

مەن جىم بولۇپ قالدىم. ھازىر ماشىنىنى توختاتقىلى بولمايتتى،
نېمە دېيىشىم مۇمكىن؟ سامات بىردىنلا ئارقىغا قاراپ چۆچۈپ كەتتى-
دە يىغلاشقا باشلىدى:

— دادام قالدى! ماشىنىنى توختات! دادامنى...، ماشىنىنى
توختات! مەن خالىمايمەن! ئا-پا!...

مەن ماشىنىغا تورمۇز بەردىم، ماشىنىنى تاغ ئاغزىدىكى قىيانىڭ
ئارقىسىغا ئۆتكۈزدۈم. ئۆرۈلۈپ كېلىپ ئوغلۇمنى گوللاشقا كىرىشتىم:

— يىغلىما، سامات، ھەي، يىغلىماسلىغىڭ كېرەك-تە! مەن
ھازىرلا سېنى ئېپبېرىپ قويىمەن. يىغلىما جۇمۇ!

لېكىن، يۈرىگىدىكى بولۇپ كەتكەن بۇ بالىنىڭ قۇلىقىغا گەپ
كىرمەيتتى.

— ياق، خالىمايمەن! دادامنىڭ يېنىغا بارىمەن! سەن ئىشىكنى ئېچىۋەت! — ئۇ كۆچەپ ماشىنىنىڭ ئىشىگىنى ئۇراتتى، — ئىشىكنى ئاچ! مەن دادامنىڭ يېنىغا بارىمەن! ئىشىكنى ئاچ!

بۇنداق بولۇشىنى خىيالىمغا كەلتۈرۈپ باقمىغان ئىدىم.

— يىغلىما! — مەن يالۋۇرۇشقا كىرىشتىم. — مانا، ئىشىكنى ھازىرلا ئېچىپ بېرىمەن، سەن بىرئاز تېچ بولساڭلا بولىدى! مەن ئۆزەم سېنى داداڭنىڭ قېشىغا ئېپبېرىپ قويىمەن. ھەي، چىققە، يۈرە ئەمىسە!

سامات ماشىنىدىن چۈشۈپ يىغلىغان پېتى ئارقىغا قاراپ يۈگۈردى.

مەن ئۇنى تۇتۇۋالدىم:

— توختا! مەن يېشىڭنى سۈرتۈپتەي! يىغلىماسلىقىڭ كېرەك-تە. مەن سېنىڭدىن تىلەپ قالاي، جېنىم ئوغلۇم، يىغلىما! سەن ماۋۇ ماشىناڭنى ئېلىپ كەت! نىمە بولدۇڭ، — ھە؟ قارا! — مەن تىترەپ تۇرغان قولۇمغا ئويۇنچۇق ماشىنىنى ئالدىم. — قارا، ماشىنا سېنى ئەگىشىۋاتىدۇ، ئۇنى تۇتۇۋال! — ئويۇنچۇق ماشىنا ئالدىغاراق بېرىپ بىر تاشقا تېگىپ ئۆرۈلۈپ چۈشتى-دە، يول بويىدىكى ئېرىققا چۈشۈپ كەتتى.

— ئالمايىمەن ئۇنى، — سامات تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ قاراپمۇ قويماستىن يۈگۈرۈپ كەتتى.

مېنىڭ گېلىمگە بىر نەرسە قاپلىشىپ قالغاندەك بولدى. مەن ئوغلۇمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈردۈم:

— توختا، يىغلىما، سامات! توختا، مەن سېنىڭ...مەن سېنىڭ... بىلەمسەن؟... — لېكىن، مەن ئاخىرىنى ئېيتالمىدىم.

سامات كەينىگە قاراپمۇ قويماستىن يۈگۈرۈپ كېتىپ قالدى، ئايلىنىدىغان يەردىن ئۆتۈپلا كۆرۈنمەي قالدى. مەن تىك قىيانىڭ يېنىغا

كېلىپ توختىدىم-دە، ئوغلۇمنىڭ ئارقىسىدىن قاراپ قالدىم.

سامات يولدا ئىشلەۋاتقان بايتېمىرغا ئېسىلدى. بايتېمىر زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ ئۇنى تۇتۇۋالدى ۋە باغرىغا چىڭ باستى. بالىمۇ ئۇنىڭ بويىندىن چىڭ قۇچاقلاپ نىمىدۇر بىر نەرسىدىن قورققاندەك مەن تەرەپكە قارىدى.

شۇنىڭدىن كېيىن بايتېمىر ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، گورجەكنى مۆرىسىگە ئېلىپ يولنى بويلاپ كېتىپ قالدى — بىر چوڭ ئادەم بىلەن بىر كىچىك بالا كېتىپ باراتتى.

مەن تىك قىياغا يۆلىنىپ شۇ يەردە ئۇزاق تۇردۇم، ئاندىن كېيىن بايىقى ئويۇنچۇق ماشىنا ياتقان يەرگە كېلىپ توختىدىم. ئويۇنچۇق ماشىنا ئوڭدىسىغا بولۇپ ئېرىقتا ياتاتتى. كۆز يېشىم چاڭ-غىمدىن ئېقىپ چۈشمەكتە. "ئېخ، ھەممىسى تۈگەشتى!" — مەن ئۆزەم-نىڭ ماشىنامغا قاراپ ماشىنىنىڭ قاپقىغىنى سىلاپ تۇرۇپ شۇنداق دېدىم. ماڭا موتور ئىسسىق بىلىندى . ھازىر، ھەتتا ماشىنىنىڭ ئىچىدىمۇ ماڭا مېھرىۋان نەرسە تۇرغاندەك بولدى، بىلىش كېرەككى، ئۇ مېنىڭ ئوغلۇم بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋاتقانلىغىمغا گۇۋا بولغۇچى نەرسە ئەمەسمۇ...

ئىلياس ئورنىدىن تۇرۇپ كارىدورغا چىقىپ كەتتى.

— مەن يېڭى ھاۋادىن نەپەس ئېلىپ كىرەي، — دىدى ئۇ بوسۇ-غىغا كېلىپ.

مەن ۋاگوندا قالدىم. سەھەر ۋاقتىدىكى ئاسمان خۇددى نۇر چاچ-قان قاش تېشى بەلبىغىدەك دەرىزىدىن سىلكىنىپ كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

www.uyghurkitap.com

سمتاناپ تۇۋرۇكلىرى غۇۋا ئۆتمەكتە. چىراقنى ئۆچۈرۈش ۋاقتى بولدى.

مەن ياتقۇدا يېتىپ مۇنداق ئويلىدىم: مەن بىلىدىغان، لېكىن ئىلياس تېخى بىلمەيدىغان ۋەقەنى ئۇنىڭغا ئېيتىپ بېرەيمۇ قانداق؟ لېكىن ئۇ تېخى قايتىپ كەلمىگەن ئىدى، شۇ سەۋەپتىن مەنمۇ ئۇنىڭغا ھېچنىمىنى دېمىدىم.

مەن يول ئىشچىسى بايتېمىر بىلەن تونۇشقان چاغدا ئىلياس ئاسىل بىلەن بالىسىنىڭ تاغ ئېغىزىدا تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلگەن ئىكەن.

پامىر ئېگىزلىگىدىكى كىشىلەر قىرغىز يول ئىشچىلىرى ۋەكىللەر ئۆمىگىنى كۈتۈۋېلىشقا تەييارلانماقتا ئىدى. شۇ سەۋەپتىن تاجىك جۇمھۇرىيىتىنىڭ گېزىتى مېنىڭ قىرغىز تاغ رايونىدىكى يول ئىشچىلىرى ھەققىدە ماقالا يېزىشىمنى ھاۋالە قىلغان ئىدى.

ۋەكىللەر ئۆمىگىنىڭ ئىچىدە بايتېمىر قۇلوۋ دېگەن بىر كىشى بولۇپ، ئۇ مۇنەۋۋەر يول ئىشچىلىرىنىڭ بىرى ئىدى.

بايتېمىر بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن مەن دولۇنغا كەلدىم.

مەن ئۇنىڭ بىلەن ئۇشتۇمتۇت ئۇچرىشىپ قالدىم، ئىش دەسلەپتە مەن ئۈچۈن ناھايىتى ئوڭۇشلۇق بولدى. تاغ ئاغزىدىكى بىر يەردە قولىغا كىچىك قىزىل بايراق ئالغان بىر ئىشچى بىز چۈشكەن ئاپتوۋۇزنى توستى. ئەسلىدە، كېتىۋاتقان تەرەپتە ھىلىراقتا يول چۈشۈپ كەتكەن ئىكەن، ھازىر ئىشچىلار ئۇنى ئوڭلاۋېتىپتۇ، مەن ئاپتوۋۇزدىن چۈشۈپ تاغ ئۆرۈلگەن يەرگە كەلدىم. بۇ ئارىلىقتىكى يولغا ياتقۇزۇلىدىغان سىمونت ياغاچ قېلىپقا ئېلىپ قويۇلغان ئىكەن. توپا ئىتتىرىش ماشىنىسى توپىلارنى تۆۋەنگە ئىتتىرىۋېتىپتۇ. توپا ئىتتىرىش

ماشىنىسى ئاپىرمىنالمايدىغان يەردە بولسا، ئىشچىلار گۈرجەك بىلەن توپا تاشلاۋاتقان ئىكەن. ئۈستىگە بىرىزىنت تۇجۇركا، پۇتىغا كىلىيونكا ئۆتۈك كىيگەن بىرەيلەن توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ ئارقىسىدىن ماڭماقتا ۋە توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىنىڭ شوپۇرىغا قول ئىشارىتى بىلەن بۇيرۇق بەرمەكتە:

— سولغا! يەنە ئالدىغاراق! ياغاچ قېلىپىنىڭ ئۈستىدىن ئۆتۈپ كەتكىن! ھەببەللى! توختا! ئارقىغا!...

يول پۈتەي دەپ قېپتۇ! ماشىنا ئۆتىدىغان يول تازىلىنىپمۇ بوپتۇ. شوپۇرلار ئىككى تەرەپتىن ھەدەپ سىگنال بىرىشەتتى، تىللىشاتتى، ئۆتكۈزۈۋېتىشنى تەلەپ قىلىشاتتى، لېكىن تۇجۇركا كىيگەن ھېلىقى كىشى ئىرەڭ قىلىپ قويماستىن يەنىلا شۇ ئەلپازى بىلەن كوماندا بەرمەكتە ئىدى. ئۇ توپا ئىتتىرىش ماشىنىسىغا ئارقا-ئارقىدىن ياغاچ قېلىپ ئۈستىدىكى توپىنى چىڭداتقۇزاتتى. "بايتېمىر دىگەن كىشى مۇشۇ بولسا كېرەك. ھەقىقەتەن ئۆز ئىشىنىڭ خوجايىنى ئىكەن!" دەپ ئويلىدىم مەن. دەرۋەقە، مەن خاتالاشماپتىمەن، بايتېمىر قۇلۇۋ دىگەن كىشى راست شۇ ئىكەن. ئاخىر يول بەردى، ماشىنىلار تەرەپ-تەرەپكە كېتىشتى.

— سىزگە نىمە بولدى، ئاپتوۋۇز كېتىپ قېپتىمۇ؟ — سورىدى بايتېمىر مېنىڭدىن.

— سىز بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەنتىم!

بايتېمىر ھەيران بولۇپ كەتمىدى، پەقەت ئەدەپ بىلەنلا قولىنى سۇندى:

— ناھايىتى خوشالمەن!

— سىزدە ئازراق ئىشىم بار ئىدى بەكى، — مەن يېقىنچىلاپ گەپ

قىلدىم، ــ بىزنىڭ تاشيول ئىشچىلىرىمىزنىڭ تاجىكىستاندا بارىدىغانلىغىدىن خەۋىرىڭىز بولسا كېرەك؟

ــ ئاڭلىغان.

ــ سىز پامىرغا يولغا چىققىشتىن ئاۋال سىز بىلەن بىر سۆزلىشەي دېگەنتىم.

مەن ئۆزەمنىڭ بۇ يەرگە كېلىشتىكى مەقسىدىمنى چۈشەندۈرگەنسىرى بايتېمىرنىڭ چىرايى تۇتۇلۇپ، نىمىلەرنىدۇر ئويلىغاندەك يىرىك سىرىق ساقىلىنى سىلايتتى.

ــ كەلگىنىڭىز ناھايىتى ياخشى بوپتۇ، ــ دېدى ئۇ، ــ لېكىن مەن پامىرغا بارمايمەن، مەن توغرىلىق يازغۇدەك بىرنىمىمۇ يوق.

ــ نىمىشقا؟ ئىشىڭىز بارمۇ؟ ياكى ئۆيىڭىزدە بىرەر ئىش چىقىپ قالدىمۇ؟

ــ مېنىڭ ئىشىم شۇ يولنىڭ ئىشى، بۇنى سىز كۆردىڭىز. ئۆينى دەمسىز، ــ ئۇ جىم بولۇپ قالدى-دە، تاماكىسىنى چىقاردى، ــ ئۆيدە ئەلۋەتتە ئىشىم بار، ھەممە ئۆيلەردىكىدەك...لېكىن مەن پامىرغا بارمايمەن.

ۋەكىللەر ئۆمىگىدە سىزدەك بىر يول ئىشچىسىنىڭ بولۇشى ناھايىتى مۇھىم دەپ ھە دېگەندە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىپ چۈشەندۈرۈپ كېتىپتىمەن. بايتېمىر كۆپرەك ھۆرمەت يۈزىسىدىن گېپىمگە قۇلاق سېلىپ ماڭدى، لېكىن مەن ئۇنى بەربىر قايىل قىلالمىدىم.

مەن ناھايىتى تىت-تىت بولۇپ كەتتىم ۋە ئەپسۇسلاندىم، ئالدى بىلەن ئۆزەمگە ئەپسۇسلاندىم. كەسپىي سېزىم مېنىڭدىن يۈز ئۆرۈدى، مەن بۇ ئادەمگە يېقىنلىشالمىدىم. تەھرىر بۆلۈم تاپشۇرغان ۋەزىپىنى ئورۇنلىيالماي، قۇرۇق قول قايتىشقا مەجبۇر بولدۇم.

www.uyghurkitap.com

— بەكې، كېچىرىڭ، ئەمىسە مەن كېتەي. ھازىرلا بىرەر ماشىنا كېلىپ قالىدۇ...

بايتېمىر ئۆتكۈر كۆزى بىلەن ماڭا سەپسېلىپ قارىدى-دە، مىيىقىدا كۈلۈپ قويدى:

— شەھەردىكى قىرغىزلار ئادەتتىنمۇ ئۇنتۇپ كەتكەنمۇ نېمە، مېنىڭ ھوجرام ۋە ئۆيۈم بار، تامغىم ۋە ياتىدىغان يېرىم بار. مېنىڭ بىلەن كۆرۈشكىلى كەلگەن ئىكەنسىز، ئەتە مېنىڭ ئۆيۈمدىن كېتىڭ، ھازىرلا يول ئۈستىدىن كەتسىڭىز بولمايدۇ. يۈرۈڭ، سىزنى يولدىشىم بىلەن ئوغلۇمنىڭ قېشىغا باشلاپ باراي. كۆڭلىڭىزگە كەلمىسۇن، كۈن پاتقىچە مېنىڭ چارلايدىغان ئىشىم بار. تېزلا قايتىپ كېلىمەن. ئىش دېگەن مانا مۇشۇنداق...

— توختاپ تۇرۇڭ، بەكې! — مەن ئۆتۈندۈم. — چارلاشقا مەنمۇ سىز بىلەن بىللە باراي.

بايتېمىر شەھەرلىك كىشىلەر كىيىدىغان كاستۇمىمغا قاراپ، چاخچاق قىلىپ كۆزىنى قىستى:

— بۇ سىزگە بىئەپ بولارمىكىن. يول يىراق، ئۇنىڭ ئۈستىگە ماڭماقمۇ تەس.

— ھېچقىسى يوق.

شۇنداق قىلىپ بىز بىرلىكتە كەتتۇق. ھەر بىر كۆۋرۈكتە ۋە ھەر بىر ئايلانمىدا، تىك قىيالارنىڭ يېنىدا توختاپ ئۆتتۇق. ئەلۋەتتە، بىز پاراڭ قىلغاچ ماڭدۇق. زادى قانداق گەپ بىلەن، قانداق ئۇسۇل بىلەن بايتېمىرنىڭ ئىشەنچىسىگە ئېرىشتىمكىن ۋە ئۇنىڭغا ياخشى تەسىر بەردىمكىن، بۇ تاكى ھازىرغىچە ماڭا بىر سىر بولۇپ قالدى. ئۇ ماڭا ئۆزىنىڭ ۋە ئائىلىسىنىڭ پۈتۈن تارىخىنى سۆزلەپ بەردى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

## يول ئىشچىسى ئېيتىپ بەرگەن ھېكايە

ئىمىشقا پامىرغا بارغىنىڭىز كەلمەي قالدى دەپ سورىدىڭىز. مەن ئەسلىدە پامىردا تۇغۇلغان بىر قىرغىز مەن، لېكىن ئىمىشقا تىيانشانغا كېلىپ قالدىمكىن، بۇنىسى نامەلۇم. بالا ۋاقتىمدا دىگۈدەك پامىر ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇش ئىشىغا قاتناشتىم. ئۇ چاغدا مەن كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ چاقىرىغىغا ئاۋاز قوشقان ئىدىم. ناھايىتى جىددى، غەيرەت بىلەن ئىشلەيتتۇق، خۇشۇسەن ياشلار شۇنداق ئىدۇق. ئەلۋەتتە، بۇ يول چىققىلى بولمايدىغان ئىگىز پامىرغا ئېلىپ بارىدىغانلىقى ئۈچۈن شۇنداق بولاتتى! مەن زەربىدارلار ئەتىرىدىنىڭ ئەزاسى ئىدىم، نۇرغۇن قېتىم مۇكاپاتقا ئىگە بولغان ئىدىم. بۇلار مۇنداقلا ئېيتىپ قويغىنىم.

ئىش ئورنىدا مەن بىر قىز بىلەن ئۇچراشتىم. مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم، بەكمۇ ياخشى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ چىرايلىق، ئەقىل-لىق قىز ئىدى. ئۇ ئىش ئورنىدا قىرغىز يېزىلىرىدىن كەلگەن قىز ئىدى؛ ئۇ كەملەردە بىر قىرغىز قىزى ئۈچۈن ئېيتقاندا بۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. ھازىرقى ۋاقىتتىمۇ قىزلارنىڭ يولى ئۈنچىۋالا ئاسان ئەمەس، سىزگە مەلۇم، ئۆرپ-ئادەت ئۇلارنى بوغۇپ تۇرماقتا. بىر يىلدەك ۋاقىت ئۆتتى. ترانسپورت لىنىيىسىنىڭ قۇرۇلۇشى پۈتتى. بۇ يولنى باشقۇرۇشقا كادىر كېرەك ئىدى. يولنى ياساش ئىشىنىڭ يېرىمى ئىدى، كۆپچىلىك يەكدىل بولسا بۇنى قىلغىلى بولاتتى، ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئىش ئۇنى ماھىرلىق بىلەن باشقۇرۇش ئىدى. بىزدە خۇسەينوۋ دەيدىغان بىر ياش ئىنژېنېر بار ئىدى، ھازىر

ھېلىمۇ يولدا خىزمەت قىلىدۇ، چوڭ كادىر. مەن ئۇنىڭ بىلەن ياخشى ئۆتەتتىم. ئۇمۇ ماڭا ئۆگەتتى، مېنى كۇرسقا ئۆگىنىشكە ئەۋەتكەن. ئۇ چاغدا مەن گۈلبالا سېنى كۈتمەيدۇ، كىشىلەر ئۇنى يېزىغا ئېلىپ كېتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن، بىراق ئۇ مېنى كۈتۈپ تۇرۇپتۇ. بىز توي قىلدۇق، يەنىلا ئوچاستىكىدا ئىشلەپ قالدۇق. بىز ناھايىتى چىرايلىق، ئىناق ئۆتتۇق. شۇنى دېيىش كېرەككى، مۇستەھكەم بىر ئائىلە ۋە خوتۇن، تاغدا تۇرۇشلۇق بىر يول ئىشچىسىغا نىسبەتەن ئېيتقاندا ئالاھىدە مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە ئىش. كېيىنچەرەك بۇنى بىۋاستە ھېس قىلدىم. ئەگەر مەن ئۆز ئىشىمنى ئۆمۈرۋايەت ياخشى كۆرىمەن دېسەم، بۇنىڭ ئىچىدە مېنىڭ خوتۇنۇمنىڭ نۇرغۇن تۆھپىسى بار. بىزنىڭ بىر قىزىمىز تۇغۇلدى، كېيىن يەنە بىر قىز تۇغۇلدى، دەل شۇ چاغدا ئۇرۇش پارتلىدى.

پامىر لىنىيىسى شارقىراپ ياققان يامغۇر ئىچىدە قالغان دەرياغا ئايلىنىپ كەتتى. كىشىلەر سەلدەك ئاقماقتا — ھەربى سەپكە ئاتلانماقتا.

بۇ ئىش مېنىڭ بېشىمغىمۇ كەلدى. ئەتىگىنى ئۆيىمىزدىكىلەر ھوجرىدىن چىقىپ يولغا قاراپ ماڭدۇق. مەن كىچىك قىزىمنى كۆتۈرىۋالغان ئىدىم، چوڭ قىزىم چاپىنىمغا ئېسىلىپ يېنىمدا ماڭماقتا. مېنىڭ گۈلبالام، بىچارە گۈلبالام! ئۇ ھېچ ئىش بولمىغاندەك كۆتۈرەڭگۈ روھتا نەرسە-كېرەكلىرىمنى ئېلىپ ماڭماقتا ئىدى، بىراق، ماڭا مەلۇم، ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىككى بالا بىلەن ئادەمزات ناھايىتى شالاڭ تاغدا، ئوچاستىكىدا قېلىشى نەقەدەر قىيىن-ھە! مەن ئۇلارنى يېزىدىكى تۇققانلىرىمنىڭ يېنىغا ئېپبېرىپ قويماقچىمۇ بولغان، بىراق، گۈلبالا ئۇنىمىدى. ئۇ، كۈنلەر ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىز سېنى كۈتىمىز، ئۇنىڭ ئۈستىگە لىنىيىگە قارىماي ئۇنى تاشلىۋېتىشكە بولمايدۇ-دە...

www.uyghurkitap.com

دىگەن ئىدى. ئاخىرقى بىر قېتىم بىز يول بويىدا تۇردۇق، مەن خوتۇنۇمغا، بالىلىرىمغا قارىدىم، خوشلاشتۇق. ئۇ چاغدا گۈلىلا ئىككىمىز تولىمۇ ياش ئىدۇق، تۇرمۇشنى ئەمدىلا باشلىغان...

مەن قۇرۇلۇش قىسمىغا بۆلۈندۈم. جەڭ مەيدانىدا قانچىلىغان يول ۋە كۆۋرۈكلەرنى ياساشقا قاتناشتىم دېسىڭىزچۇ! ھەقىقەتەن سان-ساناقسىز! بىز دون دەرياسىدىن، ۋىسلا ۋە دوناي دەرياسىدىن ئۆتتۇق. بىر قېتىم — گەپ قىلساق ھەقىقەتەن يۈرەك جىغىلدايدۇ — سوغاق سۆڭەك-سۆڭەكتىن ئۆتۈپ تۇرغان مۇزدەك سۇ ئىچىدە ماڭ-دۇق، ئەتراپىمىزنى ئىس-تۈتەك قاپلىغان، ئەتراپىمىزدا بومبىلار ۋىژىلدايدۇ، سالغان كۆۋرۈك بۇزۇلغان، كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن قۇربان بولماقتا. ئازراقىمۇ ماغدۇرۇم قالمىدى، ئىچىمدە بۇنداق قىينالغاندىن كۆرە بالدۇرراق ئۆلگىنىم ئەۋزەل، دەيتتىم. بىراق تاغدا قالغان خوتۇن-بالىلىرىمنى ئويلىساملا، نەدىندۇر يېڭى غەي-رەت قوشۇلاتتى. مەن: ياق، مەن پامىردىن بۇ يەرگە مۇشۇ كۆۋرۈك ئاستىدا دەپنە قىلىنىشقا كەلمىگەن، دەپ ئويلاپ، كۆۋرۈك ياغىچىغا باغلىغاندىن كېيىن يەنە چۆۋۈلۈپ كەتكەن سىمنى چىشىم بىلەن مەھكەم چىشلىۋېلىپ تىز پۈكمىدىم... مەن ئۆلمىدىم، تاكى بېرلىنگە قەدەر دىگۈدەك باردىم.

خوتۇنۇم دائىم خەت يېزىپ تۇراتتى، بەختىمگە يارىشا پوچتا ماشىنىسى تىرانسپورت لىنىيىسىنى بويلاپ كېلىپ تۇراتتى. خوتۇنۇم ھەممىنى تەپسىلى يازاتتى، يول توغرىلىقمۇ يازاتتى، ئۇ مېنىڭ ئور-نۇمنى بېسىپ يول ئىشچىسى بوپتۇ. ئۇنىڭغا تەس ئىكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى، چۈنكى بۇ يول باشقا يەردە ئەمەس، پامىر ئىگىزلىكىدە ئىدى-دە!

پەقەت بىر مىڭ توققۇز يۈز قىرىق بەشىنچى يىلى ئەتىيازدىلا خوتۇنۇم بىلەن بولغان ئالاقەم ئۈشتۈمتۇت ئۈزۈلۈپ قالدى. ئېخ، ھەممەيلەنگە ئايانكى، ئۇرۇش مەيداندا ھەرقانداق ئىش بولىدىغۇ، دەپ ئۆزەمگە ئۆزەم تەسەللى بېرەتتىم. بىر كۈنى مېنى تۆۋەن سىلىڭ-بۇسغا چاقىردى. كىشىلەر ماڭا: گۇرۇپپا باشلىقى، سەن ئۇرۇشقا قاتناشتىڭ، ساڭا كۆپ رەھمەت، ساڭا مۇكاپات بېرىمىز. ئەمدى سەن ئۆيۈڭگە قايتقىن، ئۇ يەرگە سەن تېخىمۇ زۆرۈرسەن، دېدى. مەن بۇنىڭغا ئەلۋەتتە خوشال بولدۇم، ئۆيگە بىر تېلېگراممۇ بېرىد-ۋەتتىم. خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن نىمىشقا ۋاقىت توشماي تۇرۇپ مېنى قايتۇرغاندۇ دەپ ئويلاپمۇ باقماپتىمەن...

ھەربى كومىتېتقا بېرىشقا ئۈلگۈرىدىغان بولسىمۇ، ھېچنەگە بارماي ئۆز ئورنۇمغىلا قايتتىم. ئۆيگە باراي! تېزرەك ئۆيگە يېتەي! دەپ ئويلايتتىم. يولدا بىر ماشىنىنى ئۇچراتتىم-دە سەكرەپ چىقىپ، پامىر ترانسپورت لىنىيەسىنى بويلاپ ئۇچقاندەك كەتتىم.

قانىتىم بولسا نەقەدەر ياخشى ئىدى-ھە! مەن ھەربى ماشىنىغا چۈشۈپ ھەر يەر-ھەر يەرگە قاتناپ ئۆگىنىپ كەتكەن ئىدىم. مەن كابىنكىدىكى شوپۇرغا تۆۋلىدىم:

— ھەيدە بۇرادەر، كۈچۈڭنى ئايىما! مەن ئۆيۈمگە كېتىۋاتىمەن!

ئۆيگە ئاز قالدى، ئايلانمىدىن ئۆتسەكلا بىزنىڭ ئوچاستىكىغا كېلەتتۇق. مەن تاقەت قىلالماي، كېتىۋاتقان ماشىنىدىن سەكرەپ چۈشتۈم-دە، نەرسە-كېرەك قاچىلانغان تاغىرىمنى يۈدۈپ چاپتىم. چاپە-چاپە بىر ئايلانمىدىن ئۆتتۈم. مەن ھېچنىمىنى تونۇيالماي قالدىم. گويا ھەممە نەرسە ئۆز ئورنىدا تۇرغاندەك قىلاتتى: تاغمۇ تۇراتتى، يولمۇ تۇراتتى، لېكىن بىرمۇ ئۆي يوق ئىدى. ئەتراپتا

www.uyghurkitap.com

ئەدناسى ئادەممۇ يوق. پەقەت دۆۋە-دۆۋە تاش چېچىلىپ ياتاتتى. بىزنىڭ هويلا ئايلىنىڭ سىرتىغا، تاغنىڭ ئاستىغا جايلاشقان ئىدى. ئۇ تار بىر يەر ئىدى. مەن تاققا قاراپ قېتىپلا قالدىم. كۆچكەن قار هېچنېمىنى قالدۇرمىغان ئىدى، خۇددى بىر چاڭگال سىلىپلا پۈتۈن تاش-توپىنى تاتقاندەك، غايەت زور جىلغىغا قوش سالغاندەك قىلىۋەتكەن ئىدى. خوتۇنۇم ئاخىرقى بىر پارچە خىتىدە قار ناهايىتى قېلىن يېغىپ كەتتى، بىردىنلا يەنە يامغۇر يېغىپ كەتتى، دەپتىكەن. يېغىلىپ قالغان قارنى بالدۇرراق پارتلىتىپ چۈشۈرۈۋېتىش كېرەك ئىدى، بىراق، بۇ، ئاياللار قىلالايدىغان ئىشمىدى!...

ئۆيگە قايتتىم دىگەن مۇشۇ بولدىمۇ؟ مىڭ بالالىقتا دوزاقتىن قايتىپ كەلسەم، بۇ يەردە ئۇرۇق-تۇققانلىرىمدىن بىرىمۇ بولمىسا... ئۇ يەردە قىمىرلىماستىن تۇرۇپ كېتىپتىمەن. تاغ-دالىلارنى زىل-زىلىگە كەلتۈرۈپ راسا قاتتىق توۋلىغىم كېلەتتى، — لېكىن ئۈنۈم چىقمايتتى. جېنىم چىقىپ كەتكەندەك، پۈتۈن ئەزايى-بەدىنىم قېتىپ كەتتى. نەرسە-كېرەك قاچىلىغان تاغارنىڭ ئۆشنەمدىن چۈشۈپ كەتكەنلىكىنىلا ئاڭلىدىم. بۇ قىزلىرىمغا ۋە خوتۇنۇمغا سوغا قىلىش ئۈچۈن يولدا ئەسكى-تۈسكى نەرسىلىرىمگە تېگىشىۋالغان كەمپىت ئىدى، مەن ئۇنى تاشلاپ قويدۇم...ئۇ يەردە بىرەر مۆجىزە پەيدا بولىدىغاندەك ئۇزاققىچە قاراپ تۇرۇپ كەتتىم. بىر هازادىن كېيىن بۇرۇلۇپ، ئارقامغا ماڭدىم. ئۇزاقتا بارماي يەنە توختاپ، ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم، كۆزلىرىمگە تاغلار ئوڭ-سولغا ئىغاڭلاۋاتقاندەك، قوزغىلىۋاتقاندەك، بىردىنلا ماڭا قاراپ بېسىپ كېلىۋاتقاندەك تۇيۇلۇپ كەتتى. مەن قاتتىق بىر ۋاقىرىدىم-دە ئارقامغا قاراپ، جېنىمنىڭ بېرىچە قاچتىم. كېتىش كېرەك! بۇ ئۆلگۈر يەردىن كېتىش كېرەك!

بۇ چاغدا مەن يىغلىۋەتتىم...

مەن يەنە نەگە باردىم، قانداق باردىم — بۇلار ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۈچىنچى كۈنى ۋوگزالغا كېلىپ قېپتىمەن. خۇددى بېشى قايغان كىشىدەك، كىشىلەر ئارىسىدا يۈرەتتىم. ئۇشتۇمتۇت بىر ئەپتىسەرنىڭ ئىسمىمنى چاقىرغانلىغىنى ئاڭلاپ قالدىم. قارىسام، خۇسەينوۋ ئىكەن، ھەربى سەپتىن بوشىنىپ ئۆيىگە قايتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا بېشىمغا چۈشكەن كۈلپەتلەرنى سۆزلەپ بەردىم.

— ئەمدى سەن نەگە بارماقچىسەن؟

بۇنى ئۆزەممۇ بىلمەيتتىم.

— بۇنداق قىلماسلىغىڭ كېرەك، چىداشلىق بەرگىن، قاڭغىرىپ يۈرۈشۈڭگە رۇخسەت يوق. يۈر، تىيانشانغا يول سالغىلى بارايلى، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ يەردە قىلىدىغان ئىش باردەك...

شۇنداق قىلىپ مەن بۇ يەرگە كېلىپ قالدىم. دەسلەپكى بىرنەچچە يىل ئىچىدە، بىز ترانسپورت لىنىيىسىدە كۆۋرۈك سالدۇق. ۋاقىت توختاۋسىز ئۆتمەكتە، ئەھۋالدىن قارىغاندا قانداقتۇر بىر يەردە مۇقىم ماكان تۇتماي بولمايتتى. ئۇ چاغدا خۇسەينوۋ مىنىستىرلىككە يۆتكىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇ دائىم كېلىپ مېنى يوقلاپ تۇراتتى، بۇرۇنقى ئىشىڭنى قىل، يول ئىشچىسى بول، دەپ دەۋەت قىلاتتى. مەن بىر قارارغا كېلەلمەي يۈرەتتىم. بۇرۇنقى ئىش بەكمۇ قورقۇنچلۇق ئىدى-دە. بۇ يەردىكى ئىش ئورنىدا مەن يالغۇز ئەمەستىم، كۆپچىلىك بىلەن بىللە بولغاندا ھامان يېنىك بولاتتى. ئۇ يەرگە بارسام، كىم بىلىدۇ، غەم-قايغۇ ئىچىدە ئۆلۈپ كېتەمدىمەن. مەن ھامان ئوڭشىلالماي كەتتىم، بۇرۇنقى ئىشلار ھامان ئەستىن چىقمايتتى.. ھايات گويا ئاشۇ يەردە ئاخىرلاشقاندەك، ئالدىمدا ھېچنېمە قالمىغاندەك تۇيۇلاتتى.

www.uyghurkitap.com

ئۆيلىنىشىنىغۇ خىيالىمغىمۇ كەلتۈرمەيتتىم. گۈلبالامغا ۋە قىزلىرىمغا بەكمۇ ئامراقتىم-دە. ئەھۋالدىن قارىغاندا، مېنىڭ ئۈچۈن، ھەرقانداق ئادەم، ھەرقانداق چاغدا ئۇلارنىڭ ئورنىنى باسالمايتتى! ئەگەر پەقەت تۇرمۇش ئۈچۈنلا توي قىلىدىغان بولسام، بۇنىڭ ھېچبىر ئەھمىيىتى بولمىغان بولاتتى. يالغۇز ياشىغىنىمغا يەتمەيتتى.

لېكىن، مەن ئاخىر ئۇچاستىكىغا بېرىپ يول ئىشچىسى بولۇش: ئالدى بىلەن ئىشلەپ بېقىش، بولمىسا، باشقا يول تېپىش قارارىغا كەلدىم. نەتىجىدە تاغ ئاغزىدىكى مۇشۇ ئۇچاستىكىنى ماڭا تاپشۇردى. ھېچ گەپ يوق، پەيدىن-پەي كۆنۈپ قالدىم. ئېھتىمال، بۇ ئۇچاستىكا ناھايىتى ئالدىراش بولغانلىقتىن، تاغ ئاغزى بولغانلىقتىن شۇنداق بولغاندۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشى بىلەن قەلبىمدىكى ئازاپ-ئوقۇبەتلەر بىرئاز يېنىكلەشتى، ئازايدى. پەقەت گايى-گايىدا ئەسلىدە بىزنىڭ ھويلا بولغان ئاشۇ يەردە خۇددى مۇردىدەك قېتىپ تۇرغان، نەرسە-كېرەك قاچىلىغان تاغىرىم مۇرەمدىن سىرىلىپ چۈشۈپ كەتكەننى چۈشەپ قالاتتىم...ئاشۇنداق كۈنلەردە سەھەردىلا يولغا چىقىپ كېتىپ، ناھايىتى كەچ كىرىپ كەتكىچە قايتمايتتىم. يەنىلا يالغۇز ياشاپ يۈردۈم. راست، بەزىدە ئېچىنىشلىق خىياللارمۇ كاللامغا كېچەتتى: "ئېھتىمال بەختكىمۇ ئېرىشەرمەن؟"

لېكىن ئۈمىت قالمىغان چاغدا، جاپا-مۇشەققەتلىك، ئازاپ-ئوقۇبەتلىك بەخت قۇشى كېلىپ قوندى.

بىر قېتىم، ئالاھەزەل بۇنىڭدىن تۆت يىل ئىلگىرى خوشنامنىڭ ئاپىسى ئاغرىپ قالدى. خوشنام خىزمەت، ئائىلە ۋە بالىلىرى بىلەن بولۇپ، بىر ياققا بارالمايتتى. بىراق كەمپىرنىڭ كېسىلى بارغانسېرى ئېغىرلىشىپ باراتتى. شۇڭا ئۇنى دوختۇرخانىغا ئېپبېرىش قارارىغا كەلدىم.

دەل تاش يول ئىدارىسىدىن ئوچاستكىغا ئاللىقانىداق بىرنىمىلەرنى يەتكۈزۈپ بېرىش ئۈچۈن كەلىگەن بىر ماشىنا كېلىپ قالىدى. بىز مۇشۇ ماشىنىغا ئولتۇرۇپ شەھەرگە كىردۇق. دوختۇر كەمپىرنى بالنىستا يېتىشى كېرەك دېدى، لېكىن كەمىپىر بۇنىڭغا زادىلا ئۇنىمىدى! ئۆلسەممۇ ئۆيۈمدە ئۆلىمەنكى، ھەرگىىز سىرتىتا قالىمايىمەن؛ سەن مېنى قايتۇرۇپ كەت، بولمىسا سېنى قاغايىمەن، دەپ تۇرۇۋالىدى. ئەنە شۇ سەۋەپتىن كەمپىرنى قايتۇرۇپ كېتىشىكە مەجبۇر بولىدۇم. ناھايىتى كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. گارازدىىن ئۆتىكەنىدە شوپۇر ئۇشتۇمتۇت ماشىنىنى توختاتتى-دە، سورىدى:

— نەگە بارىسىز؟

بىر ئايالنىڭ جاۋاپ بەرگەن ئاۋازى كەلدى ۋە ماڭىغان ئاۋازى ئاڭلاندى.

— ماشىنىغا چىقىڭ! — دېدى شوپۇر. — نىمە بولدىڭىز؟ — گەپ قىلغىنىچە ماشىنىنى ھەيدەپ ئاپاردى.

بالا كۆتەرگەن، بوپىسىنى قولتۇقلىغان ناھايىتى ياش بىر چوكان ماشىنىنىڭ يېنىغا كەلدى. ماشىنىغا چىقىپ ئولتۇرۇشىغا ياردەملەشتىم، كابىنكىغا يېقىنراق يەرنى شامالدىن سەل دالدا بولار دەپ ئۇنىڭغا بوشىتىپ بېرىپ، ئۆزەم بۇلۇڭىدا بىر يەرگە جايلاشتىم.

ماشىنا مېڭىپ كەتتى. ھاۋا ناھايىتى سوغاق ئىدى. سوغاق ۋە نەم شامال سوقۇپ تۇراتتى. بالا ئۇنلۇك يىغلاپ كەتىتى. ئاپىسى پەپەلەيتتى، لېكىن بالا زادىلا تىنچىيدىغاندەك ئەمەس ئىدى. تازا چاتاق بولدى-دە! كابىنكىدا ئولتۇرسا ياخشى بولاتىتى، لېكىن ئۇ يەردە جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغان بىر كەمپىر ياتماقىتا. شۇ سەۋەپتىن چوكاننىڭ مۇردىسىنى قاقتىم:

— هوي، ئىپپىلىك، بالىنى ماڭا بېرىڭ، تىچلىنىپ قالسا ئەجەب ئەمەس. ئۆزىڭىز سەل ئېگىشىپ ئولتۇرۇڭ، ئانچە بەك شامال تەگمەيدۇ.

مەن بالىنى كالتە جۇۋامغا يۆگەپ مەھكەم تۇتۇۋالدىم. ئۇ جىمدى، بۇرنىدا نەپەس ئېلىشقا باشلىدى. بۇ ئون ئايلىقچە بولغان قالتىس ئوماق بالا ئىكەن. ئۇشتۇمتۇت يۈرىكىم دۈپۈلدەپ سوقۇپ كەتتى، نېمە سەۋەبتىن بۇنداق سوقۇپ كەتكىنىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن، يۈرىكىم خۇددى ئوق تەككەن قۇشتەك تىپىرلايتتى. مەن مەيۈسلەندىم ۋە خوشاللاندىم. "ماۋۇنى كۆرۈڭ، ئەمىسە مەن ئۆمۈرۋايەت دادا بولماي ئۆتەتتىممۇ؟" دەپ ئويلىدىم مەن. بالا جىمىدى، ئۇنىڭ غېمىنى قىلىش ھاجەتسىز بولۇپ قالدى.

— ئوغۇل بالىمۇ؟ — سورىدىم مەن.

چوكان بېشىنى لىڭشىتتى. ئۇزايىدىن بۇ بىچارە چوكان مۇزلاپ قېتىپ قالغاندەك قىلاتتى، ئۈستى-بېشى بەك يېلىڭ ئىكەن ئەمەسمۇ. مەن بولسام قىشتا ھامان قىسقا پەلتونىڭ ئۈستىدىن كېپىنەك تون كىيۋالاتتىم، بىزنىڭكىدەك خىزمەت قىلىدىغانلاردا ئۇ كەم بولسا بولمايتتى. مەن بالىنى تۇتقاچ، بوش يەڭنى ئۇنىڭغا ئۇزاتتىم:

— ئۈستۈڭىزگە ماۋۇ كېپىنەك توننى تارتىڭ، بولمىسا سىزگە سوغاق تېگىپ قالىدۇ.

— ياق، نېمە قىلىسىز بۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، — رەت قىلدى ئۇ.

— تارتىڭ، تارتىڭە! — يالۋۇردۇم مەن، — ئۈستىڭىزگە ئارتىۋېلىڭ. شامالغا دالدا بولىدۇ!

ئۇ كېپىنەك تون بىلەن ئۆزىنى ئورىدى، پېشىنى پۇتىنىڭ

ئالدىغا باستۇرۇپ قويدۇم.

— سەل ئىسسىغانسىز؟

— ئىسسىدىم.

— نىمە دەپ بۇنچىۋالا كەچ چىققانسىز؟

— شۇنداق قىلماي بولمىدى، — ئۇ پەس ئاۋازدا جاۋاپ بەردى.

بۇ چاغدا بىز تار جىلغىدا كېتىۋاتاتتۇق. بۇ يەردە بىر كانچىلار مەھەللىسى بار ئىدى. كىشىلەر ئۇيقۇغا كەتكەن، چىراقلار ئۆچۈرۈلگەن ئىدى. ئىتلار ماشىنا ئارقىسىدىن قاۋىشىپ قالاتتى. بىردىنلا مېنىڭ ئېسىمگە بىر ئىش كەلدى: بۇ چوكان نەگە بارىدىغاندۇ؟ نىمە ئۈچۈنكىن مەن ئۇنى كانچىلار مەھەللىسگە بارسا كېرەك دەپ ئويلاپ-تىمەن، چۈنكى يەنە ئالدىمىزغا قاراپ ماڭساق، بارىدىغان يەر يوق ئىدى، ئۇ يەر تاغنىڭ ئاغزى، بىزنىڭ ئوچاستكىمىز جايلاشقان يەر ئىدى.

— سىز مەھەللىگە بارسىڭىز كېرەك-ھە؟ — دىدىم مەن ئۇنىڭغا ھەم شوپۇرنىڭ كابىنكىسىنى قاقتىم، — تاغ ئاغزىغا ئاز قالدۇق، ماشىنا ئۇنىڭ نېرىسىغا ئۆتمەيدۇ.

— ئەمىسە بۇ يەر قەيەر؟ — سورىدى ئۇ.

— كان. سىز چۈشىدىغان يەر مۇشۇ ئەمەسمۇ؟

— مەن... مەن مۇشۇ يەرگە كەلمەكچى ئىدىم، — ئۇ سەل دىلىغۇل بولۇپ قالدى. لېكىن ئۇ دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ، كېپىنەك تونىنى ماڭا بېرىپ بالىنى قولىغا ئالدى. بالا خۇددى بىر يېرىنى چىمدىۋالغاندەك شۇ زاماتلا يىغلاشقا باشلىدى. بۇ چوكاننى نازا نەس بېسىپتۇ-دە. ئۇ ئاق قار، كۆك مۇزدا كېچىنى يالغۇز ئۆتكۈزۈشى كېرەكمۇ؟

— بۇ يەردە سىز بارىدىغان يەر يوق! — مەن توغرىسىنى ئېيت-تىم، — سىز يامان تەرەپكە ئۇيلىماڭ. بالىنى ئېپكېلىڭ، ماڭا بېرىڭ! — مەن بالىنى تارتىپ دىگۈدەك قولۇمغا ئالدىم ۋە ئېيتتىم: — رەت قىلماڭ. بىزنىڭ ئۇچاستىكىغا بېرىپ قونۇڭ، ئۇ يەردە سىزگە ئىش چىقىدۇ. مۇشۇنداق بولسۇن. ماشىنىنى ھەيدىگىن ئاغىنە! — مەن شوپۇرغا توۋلىدىم.

ماشىنا قوزغالدى. چوكان يۈزىنى ئالقىنىغا يېقىپ ئۈن چىقارماي ئولتۇراتتى. كىم بىلىدۇ، ئۇ يىغلاۋاتامدىكىن.

— قورقماڭ! — مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بەردىم، — مەن سىزگە يامانلىق قىلمايمەن...مەن يول ئىشچىسى بايتېمىر قۇلوۋ بولىمەن. ماڭا ئىشەنسىڭىز بولىدۇ.

مەن ئۇنى ئۆز ئۆيۈمگە ئورۇنلاشتۇردۇم. ھويلىدا يەنە بىر بوش ئۆي بار ئىدى، مەن شۇ ئۆيدە ياغاچ كارۋاتتا ياتتىم. مەن چوڭقۇر ئويغا پېتىپ، بىئارام بولۇپ ئۇزاققىچە ئۇخلىيالمىدىم. تەپسىلى سوراشقا خىجىل بولدۇم، ئۇنىڭ ئۈستىگە سوراۋېرىشنى ئۆزەممۇ ياخشى كۆرمەيتتىم، لېكىن سورىمايمۇ بولمايتتى، چۈنكى ئادەمدە ئۇشتۇمتۇتلا بىرەر ئىش تۇغۇلۇپ قېلىشى مۇمكىن، ياردەم بېرىشكە توغرا كېلىدۇ. ئۇ ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن، زورىغا جاۋاپ بېرەتتى. لېكىن مەن ئۇنىڭ ئېيتمىغىنىنى پەرەز قىلىپ تاپتىم. قايغۇرۇپ تۇرغان كىشى بىر ئېغىز گەپ قىلسا، ئۇن ئېغىزى يوشۇ-رۇنغان بولىدۇ. ئۇ ئېرىدىن ئايرىلىپ، ئۆيىدىن چىقىپ كەتكەن ئىكەن. شۇنداق دىيىش كېرەككى، بۇ غورۇرى بار بىر ئايال ئىدى. كۆز يېتىپ تۇراتتىكى، ئۇ قاتتىق قايغۇرغان، قاتتىق ئاغرىنغان ئىدى، لېكىن تىز پۈكمىگەن. ئەلۋەتتە، ھەر بىر كىشى قىلمەن

دىگىنىنى قىلىشى مۇمكىن. بىراق، ئۇنىڭغا ئىچىم ئاغرىدى، بۇ ناھايىتى ياش بىر چوكان ئىدى-دە! ئۇ قىزغا ئوخشايتتى، پىگورىسى كېلىشكەن، چىرايلىق قىز ئىدى. ئۇ ناھايىتى مۇلايىم ئىدى، ئېھتىمال ناھايىتى يۇۋاش بولۇشىمۇ مۇمكىن. ئۇ ئادەم قانداق قىلىپ ئۇنى ھەممىدىن بىزار بولۇپ چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر قىلغاندۇ؟ ئېخ، بۇ ئۇلارنىڭ ئىشى. ئەتە ئۇنى كېتىۋاتقان ماشىنىلاردىن بىرىگە سېلىپ قويۇپلا خوشلىشىمىزغۇ.

شۇ كۈنى بەك ھېرىپ كېتىپتىكەنمەن، ئۇخلاپ كەتكىنىمنى سەزمەي قېپتىمەن، مەن ئۆزەمنى ماشىنىدا كالتا جۇۋامغا بىر بالىنى يۆگەپ ئولتۇرغاندەك سېزەتتىم. ئۇ بالا ئىسسىپ، باغرىمغا چىڭ يېپىشىپ ياتاتتى.

سەھەردە، ئورنۇمدىن تۇرۇپ سىرتىنى بىر ئايلىنىپ كېلىشكە چىقىپ. نىمىشقىدۇر تېزلا قايتىپ كەلدىم. مېھمىنىم قانداق قىلىۋاتىدىكىن، دەپ ئويلايتتىم مەن. ئۇلارنى ئويغىتىۋەتمەسلىك ئۈچۈن مەن ئاستاغىنا مەشكە ئوت قالاپ، ساماۋار قويۇپ قويدۇم. بايا ئۇ ئورنىدىن تۇرغان، مېڭىشقا تەييارلىنىۋاتقان ئىكەن. ئۇ ماڭا رەھمەت ئېيتتى. چاي ئىچمەستىن ئۇلارنى قويۇۋېتەلمەيتتىم. مەن ئۇلارنى سەل تەخىر قىلىڭلا دىدىم. ئاخشام ئۇچراتقان ھىلىقى كىچىك يولۇچى ناھايىتى قىزىق بىرنىمىكەن ئەمەسمۇ. ئۇنىڭ بىلەن ئوينىساڭ دىلىڭ سۆيۈنۈپ كېتىدىكەن....چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— سىز نەگە بارماقچىسىز؟

ئۇ ئويلىنىۋېلىپ جاۋاپ بەردى:

— رىباچقا.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پىشقى ئادرېسى

— ئۇ يەردە ئۇرۇق-تۇققانلىرىڭىز بارمۇ؟

— يوق. ئاتا-ئانام يېزىدا، توسۇر تېغىنىڭ ئارقىسىدا.

— ئوھۇ، ئۇنداقتا يەنە ماشىنا ئالمىشىدىكەنسىز-دە. ناھايىتى بىئەپ.

— مەن ئۇ يەرگە بارماقچى ئەمەسمەن. بىز يېزىغا قايتىپ بارالمايمىز، — ئۇ خۇددى ئوغلىغا دەۋاتقاندەك گەپ قىلاتتى. — بۇ ئۆزىمىزنىڭ سەۋەنلىكىدىن بولغان.

مەن بۇ چوكاننى ئاتا-ئانىسىنىڭ كېيىنگە كۆنمەي توي قىلىپ كەتكەن ئىكەنغۇ دەپ پەرەز قىلدىم. كېيىنچە بۇ پەرەزىم توغرا بولۇپ چىقتى.

ئۇ ماڭماقچى بولدى، لېكىن سەل تۇرۇپ تۇرۇۋاتقان، بالىغا شامال تېگىپ قالىدۇ، ئۆيدە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ، مەن ماشىنا توساي دېدىم.

بىر خىل غەشلىكتە يولغا قاراپ ماڭدىم. نىمە ئۈچۈندۇر، ئۇلار ھازىر بۇ يەردىن كېتىپ ئۆزەمنىڭ يەنىلا يالغۇز قالىدىغانلىقىمنى ئويلىغىنىمدا مەن ناھايىتى بىئارام بولدۇم ۋە قايغۇردۇم.

ھە دېگەندە ماشىنا كەلمىدى. كېيىن قول كۆتىرىپ توساي بىر ماشىنىنى ئۆتكۈزۈۋەتتىم. ئۆزەم قاتتىق چۆچۈپ كەتتىم. مەن نىمىشقا شۇنداق قىلدىم؟ بۇ چاغدا مەن ناھايىتى ئازاپلاندىم. ماشىنىلار بىر-بىرلەپ ئۆتكىلى تۇردى، مەن ھەممىسىنى توسىمىدىم. بۇداقى ماشىنىنى چوقۇم توسىمەن دەپ ئويلايتتىم، لېكىن قولۇمنى يەنە كۆتەرمەيتتىم. پۈتۈن ئەزايىم قىزىپ كەتتى. ئۇ ئاۋۇ يەردە تولۇپ تاشقان ئىشەنچ بىلەن ماشىنا كۈتمەكتە. مەن ئۆز خىيالىمغا زىت ھالدا ئىش كۆرمەكتىمەن، لېكىن ھېچ ئامالىم يوق. يولدا ئۇ ياقتىن-بۇ ياققا مېڭىپ يۈرۈپ، ئۆزەمنى ئاقلاشقا سەۋەپ ئىزدەيتتىم.

بىر دەم كابىنكا دەرىزىسىنىڭ ئەينىگى چېقىلىپ كېتىپتۇ، كابىنكىنىڭ ئىچى ناھايىتى سوغاق دېيىتتىم؛ بىر دەم ماشىنا شۇ تەرەپكە بارمايدى-كەن دېيىتتىم؛ ياكى بولمىسا، شوپۇر يارىمىدى — قاتناش بىخەتەرلىك قائىدىسىگە دىققەت قىلمايدىغان ئادەم ئىكەن، ئازراق مەس تۇرىدۇ، دېيىتتىم. ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ماشىنىلاردا ئادەم بولۇپ بىكار ئەمەسلى-كىنى كۆرگىنىمدە بالىلاردەك خوشال بولۇپ كېتەتتىم. ئانا-بالا ئىككىيلەننىڭ بۇ يەرگە كەلمەسلىكىنى، يەنە بىر دەم ئۆيدە تۇرۇشنى، بەش مىنۇت بولسىمۇ ئۆيدە بولۇشنى تىلەيتتىم. "بىراق، ئۇ نەگە بېرىشى كېرەك؟" دەپ ئويلىدىم مەن، "بىزنىڭ بارالمايدىكەن، بۇنى ئۆزى ئېيتتى. رېباچقا بارىدىكەن، بىراق ئۇ يەرگە بارغاندىن كېيىن بالا بىلەن نەدە تۇرىدۇ؟ قىشتا بالىنى توڭلىتىپ قويىدۇ. بۇنداقتا ئەڭ ياخشىسى ئۇنىڭ مۇشۇ يەردە تۇرغىنى ياخشى. بۇ يەردە بىر مەزگىل تۇرۇپ، قانداق قىلىش كېرەكلىكىنى ئوبدانراق ئويلىغىنى ياخشى. ئېھتىمال ئېرىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېتەر. ئېھتىمال ئېرى ئىزدەپ كېلىپ قالار..."

ۋاي-ۋۇي، نىمانچە ئازاپلىنىمەن، بۇنداق قىلغىچە ھازىرلا ئۇنى يول بويىغا ئېپكېلىپ يولغا سېلىۋېتىسەملا بولمىدىمۇ! مەن ئۈچ سائەت ئەنە شۇ تەرىقىدە بىر ئورنۇمدا پىرقىراپ يۈردۈم. ئۆزەمگە ئاچچىقلاندىم. ياق، دەپ ئويلىدىم مەن، مەن ئۇنى جەزمەن باشلاپ كېلەي ۋە ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىلا ماشىنىلاردىن بىرىنى توساي. بۇنىڭ-دىن بۆلەك چارە يوق. ئەنە شۇنداق ئويلىنىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدىم. بۇ چاغدا ئۇ ئىشىك ئالدىغا چىقتى، ئۇ تولا كۈتۈپ ھېرىپ كېتىپتۇ. مەن ناھايىتى خىجىل بولۇپ، يامان ئىش قىلىپ قويغان بالىدەك ئۇنىڭغا قارىدىم.

— بەك ساقلاپ كەتتىڭىز ـ ھە؟ — مەن پەس ئاۋازدا مۇجىمەللا سورىدىم، — شۇ ياقتا بارىدىغان ماشىنا يوق ئىكەن، يوقمۇ ئەمەس، مۇۋاپىق كۆرمىدىم. مىنى كەچۈرۈڭ...قالايمىقان قىياس قىلىپ يۈرمەڭ...خۇدا ھەقىقى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. سىزدىن ئۆتىنەي!

ئۇ ماڭا ھەيران بولغان ھالدا كۆڭلى غەش بولۇپ قاراپ، گەپمۇ قىلماستىن ئۆيگە كىردى.

— ماڭا ئىچىڭىز ئاغرىۋاتامدۇ؟ — سورىدى ئۇ.

— ياق، بۇنىڭدىن ئەمەس. سىزگە مەلۇم...سىزدىن ئەنسىرەۋاتىمەن. ناھايىتى قىيىن ـ دە. سىز قانداق تۇرمۇش كەچۈرمەكچىسىز؟

— ئىشلەيمەن. ئىش قىلالمايدىغان ئادەملەردىن ئەمەسمەن.

— نەگە بېرىپ ئىشلىمەكچىسىز؟

— قەيەرگە بارماي، ئورۇنلىشىۋالسىلا بولدى. لېكىن مەن قايتىپ كەتمەيمەن، يېزىغىمۇ كەتمەيمەن. مەن ئىشلەيمەن ۋە تۇرمۇش كەچۈرىمەن.

مەن جىم بولۇپ قالدىم. مەن نىمىگە قارشى تۇرالايتتىم؟ ئۇ ھازىر ھېچنىمىنى ئويلىمايتتى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا خورلىنىش بىلەن غورۇر بىلىنىپ تۇراتتى. مۇشۇنداق ھەسسىيات ئۇنى قارغۇلارچە چىقىپ كېتىشكە باشلىغان. "مەن ئىشلەيمەن ۋە تۇرمۇش كەچۈرىمەن" دىمەك ئاسان، لېكىن بۇنى دەرھال قىلغىلى بولمايتتى. بىراق خەقنى زورلىغىلى بولمايدۇ ـ دە!

بالا ماڭا قاراپ ئىتتىلدى. مەن ئۇنى قولۇمغا ئېلىپ سۆيۈپ قويدۇم ھەمدە: "ئىخ، ياخشى بالام، بىز ھازىرلا ئايرىلىدىغان بولۇۋاتىمىز. سەن مىنىڭ قەدىردانىم، ئۆز پۇشتۇمدىن بولغان بالىدەك بولۇپ

قالغان ئىدىڭ...“ دەپ ئويلىدىم.

— ماقۇل، ئەمىسە ماڭايلى! — مەن پەس ئاۋازدا گەپ قىلدىم.

بىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق. بالىنى مەن كۆتەردىم، لېكىن، بوسۇغىغا كەلگەندە توختىدىم.

— مەشەدىمۇ قىلغىلى ئىش تاپقىلى بولاتتى، — دىدىم مەن، — تۇرمۇش كەچۈرۈشكە ۋە ئىشلەشكە بولاتتى. بىر ئۆي بېرىشكە بولاتتى. راست، سىز مەشەدە قېلىڭچۇ. كېتىشكە ئالدىرىماڭ. زادى كېتىمەن دىسىڭىز، قاچان كەتسىڭىزمۇ بولىدۇ. ئويلاپ باقسىڭىز...

ھە دىگەندە ئۇ ماقۇل بولمىدى. لېكىن، مەن ئاخىر قايىل قىلدىم.

شۇنداق قىلىپ، ئاسىل بىلەن ئوغلى سامات بىزنىڭ ئوچاستىكىدا قالدى.

قورادىكى كىچىك ئۆي ناھايىتى سوغاق ئىدى، شۇ سەۋەپتىن مەن ئاسىل بىلەن ئوغلىنى مېنىڭ ئۆيۈمدە تۇرغۇزۇپ، ئۆزەم كىچىك ئۆيگە چىقىپ ياتتىم. ئۇ يەر ماڭا مۇۋاپىق ئىدى.

ئەنە شۇ چاغدىن باشلاپ تۇرمۇشۇم باشقىچە تۈسكە كىردى. گويا ھېچ نەرسە ئۆزگەرمىگەندەك ئىدى، خۇددى بۇرۇنقىدەك مەن بىر ئادەم ئىدىم، لېكىن مېنىڭ ۋۇجۇدۇمدا بىر ئادەم تىرىلدى، ئۇزاق مۇددەت يالغۇز تۇرمۇش كەچۈرگەتدىن كېيىن قەلبىم ئىسسىدى. ئەلۋەتتە، ئىلگىرى مەنمۇ كىشىلەر ئارىسىدا تۇرمۇش كەچۈرەتتىم، كىشىلەر بىلەن قويۇق باردى-كەلدى قىلاتتىم، ئۇلار بىلەن بىرلىكتە ئىشلەيتتىم، دوست بولۇشاتتىم، ئورتاق ئىشلار بىلەن شۇغۇللىناتتۇق، ئۆزئارا ياردەملىشەتتۇق، لېكىن تۇرمۇشتا قانچە قىلغان بىلەنمۇ ھېچقانداق نەرسە ئورنىنى باسالمايدىغان يەنە بىر تەرەپمۇ بار ئىدى.

بۇ بالا مېنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپلا ئالدى. چارلاشقا چىقىنىمدا ئۇنى ئىسسىق كىيىندۈرۈپ بىللە ئېلىپ چىقاتتىم. ئىشتىن سىرتقى جىمى ۋاقتىم شۇنىڭ بىلەن ئۆتەتتى. مەن ھەتتا ئىلگىرى قانداق تۇرمۇش كەچۈرگىنىمنى تەسەۋۋۇر قىلالمايمەن. خولۇم-خوشنىلىرىم ياخشى ئادەملەر ئىدى، ئۇلار ئاسىل بىلەن ساماتقا ياخشى مۇئامىلە قىلاتتى. كىم بالىنى ياخشى كۆرمەيدۇ؟ ئاسىل سەمىمى، ئوچۇق ئىدى، ئۇ ئۇچاس-تىكىدىكى تۇرمۇشقا تېزلا ئۆگىنىپ كەتتى. مېنىڭ بالىدىن ئايرىلال-ماسلىقىمۇ ئاسىلنىڭ سەۋەبىدىن ئىدى. يوشۇرىدىغان نىمىسى بار، قانچە يوشۇرغان بىلەنمۇ ئۆزىدىن يوشۇرغىلى بولمايدۇ-دە. مەن ئاسىلنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەن بىردىنلا ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قالدىم. مەڭگۈ ياخشى كۆرىمەن، يۈرىگىمدىن ياخشى كۆرىمەن. بۇرۇن يالغۇز ئۆتكۈزگەن ئاي-كۈنلەر، پۈتكۈل قايغۇ-ھەسرەت ۋە جاپا-مۇشەققەتلەر، قولدىن كەتكەن پۈتكۈل نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى ئاشۇ مۇھەببەتكە سىڭىپ كەتكەن ئىدى. لېكىن مېنىڭدە بۇنى دەيدى-غان ھوقۇق يوق ئىدى. ئاسىل ئۇنى كۈتمەكتە ئىدى. بىلىندۈرمىگىنى بىلەن ئۇنى ئۇزاق كۈتتى. بىز يولدا ئىشلەپ يۈرگەن ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ يولدىن ئۆتكەن ھەر بىر ماشىنىغا ھامان ئۈمىت بىلەن قارا-ۋاتقانلىقىنى مەن پات-پات سېزىپ قالاتتىم. بەزىدە ئۇ يەنە ئوغلىنى ئېلىپ يولغا چىقىپ نەچچە سائەتلەپ-نەچچە سائەتلەپ ئولتۇرۇپ كېتەتتى. لېكىن ئۇ كۆرۈنمىدى. مەن ئۇنىڭ كىملىكىنى، قانداق ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم، ئۇنىڭدىن سورىمىغان ئىدىم، ئۇمۇ بۇ توغرىلىق ئەزەلدىن ئېغىز ئېچىپ باقمىغان ئىدى.

ۋاقىت ئاستا-ئاستا ئۆتمەكتە. سامات چوڭ بولۇپ قالدى. ئاھۇي، تازا شوخ، سۆيۈملۈك بالا بولدى-دە! ئۇنىڭغا كىم ئۆگىتىپ

قويدىكەن ياكى ئۇنىڭ ئۆزى ئۆگىنىۋالدىمىكىن، مېنى دادا دەپ قىچقىرىشقا باشلىدى. مېنى كۆرسىلا بوينۇمغا ئېسىلىپ "دادا! دادا!" دەپ كېتەتتى. ئاسلىمۇ كۆلۈپ ئۇنىڭغا قارايتتى. مەن ھەم خوشال بولاتتىم، ھەم ماڭا ئېغىر ئىدى. مەن ئۇنىڭغا دادا بولالىسام ئۇنىڭدىن خوشال بولاتتىم، لېكىن، نىمە چارە...

بىر يىلى يازدا، بىر كۈنى يول ياساۋاتاتتۇق. ماشىنىلار توختىماي ئۆتۈپ تۇراتتى. ئاسىل بىردىنلا بىر شوپۇرغا قاراپ ۋاقىرىدى:

— ھوي جانىناي، توختا!

ماشىنا بىرنەچچە قەدەم مېڭىپلا توختىدى. ئاسىل شوپۇرغا قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇلار ئۇ يەردە نىمە دېيىشتىكىن، بۇنى بىلمىدىم، لېكىن ئاسىلنىڭ بىردىنلا: "يالغان ئېيتىۋاتىسەن! مەن ساڭا ئىشەنمەيمەن! يوقال! كۆزۈمدىن!" دەپ ۋاقىرىغانلىغىنى ئاڭلىدىم.

ماشىنا كېتىپ قالدى، ئاسىل ئوپۇل-توپۇل يولدىن ئۆتۈپ ئۆيگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇ يىغلىغاندەك قىلاتتى.

ئىشقا ھېچبىر قولۇم بارمايتتى. ئۇ كىم بولىدى؟ ئاسىلغا نىمە دېگەندۇ؟ كاللامغا ھەر خىل سوئال ۋە قىياسلار يىغىلىپ كەتتى. چىداپ تۇرالماي مەنمۇ ئۆيگە قايتتىم، لېكىن ئاسىل چىقمىدى. كەچقۇرۇن مەن بەرىبىر ئۇنى ئىزدەپ كىردىم.

— سامات قېنى؟ ئۇنى كۆرمىسەم بەكمۇ ئىچىم پۇشۇپ كېتىدىكەن!

— ئەنىغۇ، ئۇ مەشەدە. — ئاسىل غەمكىن جاۋاپ بەردى.

— دادا! — سامات ماڭا ئېتىلدى. مەن ئۇنى قۇچىغىمغا ئېلىپ ئويناتتىم. ئاسىل بولسا غەمكىن ھالدا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلماستىن ئولتۇراتتى.

— بىر ئىش بوپتىمۇ، ئاسىل؟ — سورىدىم مەن.
ئاسىل قاتتىق بىر ئۇھ تارتتى.
— مەن كېتىمەن، بەكې، — دېدى ئۇ، — بۇ بۇ يەردە تۇرغانلىقىمىنىڭ ياخشى بولمىغانلىقىدىن ئەمەس. سىزگە كۆپ رەھمەت، كۆپ رەھمەت. لېكىن، مەن يەنىلا كېتىمەن...نەگە بېرىشىمنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن...
ئۇنىڭ راستلا كەتمەكچى بولغانلىقىنى كۆرۈپ، راست گېپىمنى دېيىشكە مەجبۇر بولدۇم.
— نېمە دەيتتىم، ئاسىل، سىزنى تۇتۇپ قېلىشقا ھەققىم يوق. لېكىن مەنمۇ بۇ يەردە تۇرۇپ قالالمايمەن، كەتمىسەم بولمايدۇ. مەن بىر قېتىم خوتۇن-باللىرىم ۋە ماكانىمدىن ئايرىلىشتەك قىسمەتكە دۇچار بولغان ئىدىم. بۇنى چۈشەندۈرۈشنىڭ نېمە ئورنى بار! ئۆزىڭىز بىلىسىز ئاسىل. ئەگەر سىز راستلا كەتسىڭىز، بۇ مېنىڭ ئۈچۈن ئاشۇ يىلى پامىردا يۈز بەرگەن ۋەقەدەكلا بولىدۇ. ئويلاپ بېقىڭ، ئاسىل...ئەگەر ئۇ قايتىپ كېلەلىسە، ئۇنىڭ ئۇستىگە قەلبىڭىز سىزنى قايتىپ كېتىشكە ئۇندەۋاتقان بولسا، مەن ھەرگىز توسالغۇ بولمايمەن، سىز مەڭگۈ ئەركىنسىز، ئاسىل.
بۇ گەپلەرنى دېدىم-دە، ساماتنى ئېلىپ تاشيولغا چىقىپ كەتتىم. بىز تاشيولدا ئۇزاق يۈردۇق. ئوغلۇم ھېچنېمىنى بىلمەيتتى.
ئاسىل دەرھال مېنى تاشلاپ كەتمىدى. لېكىن ئۇ نېمىلەرنى ئويلىغاندۇ، قانداق قارارغا كەلگەندۇ؟ بىرنەچچە كۈندىن بۇيان مەن جۇدەپلا كەتتىم، چىرايىممۇ قارىداپ كېتىپتۇ.
بىر كۈنى چۈشتە ھويلىغا كىرىپ كەلدىم-دە، ساماتنىڭ مېڭىشنى ئۆگىنىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. ئاسىل ئۇنى يېقىلىپ كەتمىسۇن دەپ

قوغداۋاتاتتى. مەن قەدىمىنى توختاتتىم.

— بەكې، قاراڭ. ئوغلىڭىز ماڭدى! — ئۇ خوشال كۈلدى.

ئۇ نىمە دىدى؟ ئوغلىڭىز! مەن گۈرجەكنى تاشلاپ زوڭزىيىپ ئولتۇردۇم-دە، بالىنى يېنىمغا چاقىردىم:

— كەل، كەل، كەل، كەل! تايلىغىم كەل! ۋۈي، مېنىڭ يېنىمغا كەل، چىڭ دەسسەپ ماڭ، باتۇرلارچە ماڭ!

سامات غۇلىچىنى كەردى.

- دادا! — ئۇ دىڭگاكلاپ ماڭدى-دە، يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن ئۇنى ئىتتىك تۇتۇۋېلىپ، ئىگىز كۆتەردىم ۋە باغرىمغا چىڭ باستىم.

— ئاسىل! — دىدىم مەن ئۇنىڭغا، — ئەتە بىز بالىغا ئارقان يەشتى قىلىپ بېرەيلى، سىز ئاق چۈپۈر بىلەن قارا چۈپۈردا ئارقان ئېشىپ تەييارلاڭ.

— ماقۇل، بەكې! — ئاسىل كۈلدى.

— توغرا، توغرا، چوقۇم ئاق ۋە قارا چۈپۈردا ئېشىڭ...

مەن مال باقىدىغان دوستۇمنىڭ يېنىغا ئاتلىق بېرىپ قىمىز ۋە گۆش ئېلىپ كەلدىم. ئەتىسى بىز خولۇم-خوشنىلارنى سامات ئۈچۈن ئۆتكۈزگەن ئارقان يەشتىگە تەكلىپ قىلدۇق.

مەن ساماتنى يەرگە قويۇپ، قارا، ئاق چۈپۈردا ئېشىلگەن ئاغامچىنى ئۇنىڭ پۇتىغا يۆگەپ، بېنىغا قايچىنى قويۇپ، هويلىنىڭ ئاۋۇ بېشىدا تۇرغان باللارغا بۇيرۇدۇم:

— كىم بىرىنچى بولۇپ يۈگۈرۈپ كېلىپ ئارقاننى كېسىۋەتسە، بىرىنچى سوغىنى شۇنىڭغا بېرىمەن؛ باشقىلارغا تەرتىپ بويىچە سوغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىمەن. قېنى باللار، يۈگۈرەڭلار! — مەن قولۇمنى شىلتىدىم.

www.uyghurkitap.com

باللار چۇقۇرىشىپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

ساماتنىڭ پۇتى چۈشەپ قويۇلغان ئارقان كېسىۋېتىلگەندىن كېيىن مەن ساماتقا دېدىم:

— هوي، ئوغلۇم، ئەمدى سەن يۈگۈر! باللار، ئۇنى يېتىلەڭلار!

باللار ساماتنى يېتىلەپ مېڭىپ كېتىشتى، مەن ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۆزەمگە دېدىم.

— هوي قاراڭلار بۇنىڭغا! ساماتىم يەردە يۈگۈرەلەيدىغان بولدى. چوڭ بولغاندا يەل تاپان بولۇپ يېتىشكەي!

سامات باللارنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ، ئارقىسىغا قاراپ "دادا!" دېدى-دە يىقىلىپ چۈشتى. ئاسىل ئىككىمىز ئىتتىك يېتىپ باردۇق. مەن باللنى يەردىن ئالغان چېغىمدا، ئاسىل بىرىنچى قېتىم مېنى "جېنىم!" دېدى.

...شۇنداق قىلىپ بىز ئەر-خوتۇن بولۇپ قالدۇق.

قىشتا بىز ئوغلىمىزنى ئېلىپ يېزىغا چوڭلارنى يوقلىغىلى كەلدۇق. ئۇلار ئۇزاقىچە ئاغرىنىپ يۈردى. ئىلاجىسىز ئاسىل ئىككىمىز بارلىق جاۋاپكارلىقنى ئۈستىمىزگە ئالدۇق. مەن هەممە ئەھۋالنى، ئۆتكەن هەممە ئىشنى ئۇلارغا سۆزلەپ بەردىم. نەتىجىدە ئۇلار ئاسىلنى كەچۈردى، نەۋرىسى يولىدا، بىزنىڭ كېلىچىگىمىز يولىدا ئۇنى كەچۈردى.

ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىگى بىلىنمەي قالدى. سامات بەش ياشقا كىردى. ئاسىل ئىككىمىز هەممە جەھەتتىن ناھايىتى ئىناق ئۆتۈپ كەلدۇق، بىز پەقەت بىرلا نەرسىنى زادىلا تىلغا ئالمىدۇق. خۇددى كېلىشىۋالغاندەكلا، بىز ئۈچۈن ئېيتقاندا هىلىقى كىشى مەۋجۇت ئەمەستى...

لېكىن تۇرمۇش هەرگىز هامان سەن ئارزۇ قىلغاندەك بولمايدى-

كەن! ھەلىقى كىشى يېنىدا پەيدا بولۇپ قالدى...

يولدا ماشىنا ۋەقەسى چىققان بولۇپ، بۇ كەچ بولۇپ كەتكەن ۋاقىت ئىدى. مېنىڭ ياردەمچىم — خوشنام ئىككىمىز نىمە ۋەقە چىقتىكىن دەپ يۈگۈرۈپ بارساق، يۈك باسقان بىر ماشىنا تۈۋرۈككە ئۈسسۈۋاپتۇ. شوپۇرنىڭ پۈتۈن بەدىنى زەخىملىنىپ، ھوشىدىن كېتەي دەپ قېپتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە غەرق مەسكەن. مەن ئۇنى تونۇدۇم، لېكىن ئىسمى ئېسىمگە كەلمىدى. بىر قېتىم ئۇ بىزنى ئاپەتتىن قۇتقۇزۇپ، ماشىنىمىزنى تاغ ئاغزىغا يەتكۈزۈپ بەرگەن ئىدى. بۇ — دولۇن تېغىغا چىقىدىغان ئىش چاخچاق قىلىدىغان ئىش ئەمەس ئىدى-دە! بۇ بۇرۇن بولۇپ باقمىغان ئىش ئىدى. ئۇزايىدىن ئۇ بىر قەيسەر، ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان يىگىتتەك كۆرۈنەتتى، ئۇ بىزنى مەھەللىگە ئېپكېلىپ قويغانتى. شۇ چاغدا ئۇنىڭغا ناھايىتى ئامراقلىغىم كېلىپ قالغان، ئۇ ماڭا ياراپ قالغان ئىدى. شۇ ۋەقە ئۆتۈپ ئۇزاق ئۆتمەي بىرەيلەن بىر چاتمىنى تاغ ئاغزىغا ئېلىپ كېپتۇ، كۆزلىگەن يەرگە يەتكىلى ئاز كېپتىكەن، بىراق، نىمىدۇر بىرنىمە ئۇنىڭغا توسالغۇ بولۇپتۇ. شوپۇر چاتمىنى ئېرىقتا تاشلاپ كېتىپ قېپتۇ. شۇ چاغدا مەن يەنىلا ھەلىقى ھېچنىمىدىن قورقمايدىغان يىگىتنىڭ قىلغان ئىشى بولمىغىيدى، دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭغا ناھايىتى ئىچ ئاغرىتقان ئىدىم، بۇ باتۇر ئادەم ئۆزىنىڭ مەقسىدىگە يېتەلمىگەن. بىراق، ئاشۇنىڭدىن كېيىن ماشىنىلار تاغ ئاغزىدىن چاتما سۆرىتىپ ئۆتتى. شوپۇرلار بۇ ئىشقا كۆنۈپ قېلىشتى. ئۇلار توغرا قىلىشتى.

راستىمنى ئېيتقاندا، دەسلەپتە ئۇنىڭ ئاسىل تاشلاپ كەتكەن ئادەم ئىكەنلىكىنى بىلمىگەن ئىدىم. بىلسەممۇ ئوخشاشلا شۇنداق

قىلغان بولاتتىم. مەن ئۇنى ئۆيگە يۇدۇپ ئېپكېلىۋىدىم، دەرھال ھەممە ئىش ئايدىڭ بولدى. شۇ چاغدا ئاسىل بىر قۇچاق ئوتۇننى كۆتىرىپ ئۆيگە كىرگەن ئىدى، ئۇنى كۆرگەندىن كېيىن ئاسىلنىڭ قۇچىغىدىكى ئوتۇن يەرگە چۈشۈپ كەتتى. لېكىن ھېچقايسىمىز بىلدۈرمىدۇق. بىز خۇددى بىرىنچى قېتىم كۆرۈشكەندەك بولۇپ يۈردۇق. خۇسۇسەن مەن ئۆزەمنى تېخىمۇ بەكرەك تۇتۇۋېلىشىم، ئۇلارغا تېگىپ كەتمەسلىكى ئۈچۈن گەپ-سۆزدە ياكى ئىشارە-ھەركەتتە پەخەس بولۇشۇم كېرەك ئىدى، ئۇلارنىڭ يېقىنلاشتىن بىر بىرىنى چۈشىنىشىگىمۇ توسالغۇ بولماسلىقىم كېرەك ئىدى. ئۇ چاغدا ئۆزەمنىڭ بىرەر قارارغا كېلىشىم مۇمكىن ئەمەس ئىدى. ئۇ ئىككىسىنىڭ ئۆتمۈشى بار، ئوغلى بار، قارارغا ئۇلارنىڭ ئۆزلىرى كېلىشى كېرەك ئىدى. مەن ئۇلارنىڭ ئوغلىنى كارۋاتقا ياتقۇزدۇم، يېنىدا ياتتىم، سىلىدىم.

شۇ كۈنى كېچىدە ھېچقايسىمىز ئۇخلىمىدۇق، ھەركىم ئۆزىنىڭ ئىشىنى ئويلاۋاتاتتى. مەنمۇ ئۆزەمنىڭ ئىشىنى ئويلىماقتا ئىدىم.

ئاسىل بالىنى ئېلىپ كېتىشى مۇمكىن ئىدى. بۇ ئۇلارنىڭ ھوقۇقى. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ يۈرىگى تەلپۈنگەندەك ۋە ئەقلى كۆرسەتكەندەك ئىش قىلسۇن. مېنىڭدە... مېنىڭ نېمە ئامالىم بار، گەپ مېنىڭدە ئەمەس، ماڭا باغلىق ئەمەس، ئۇلارغا توسالغۇ بولماسلىقىم كېرەك...

ئۇ ھېلىمۇ مۇشۇ يەردە، بىزنىڭ مۇشۇ لىنىيىمىزدە قاتناپ تۇرۇۋاتىدۇ. بىرقانچە يىلنىڭ بۇياغى نەدە يۈرۈپتۇ؟ نېمە ئىش قىپتۇ؟ — گەپ بۇ يەردە ئەمەس... بۇ ئۇلارنىڭ ئىشى...

بايىقى بىلەن ئىككىمىز چارلاپ-كۆزدىن كەچۈرۈپ قايتقىنىمىزدا



www.uyghurkitap.com

كەچ كىرىپ قالغان ئىدى. باش ئەتىيازنىڭ تۇمانى بىلەن كەچقۇرۇنقى شەپەق تىيانشاننىڭ مۇزلۇق چوققىلىرىدا ئەگىيتتى. ماشىنىلار يولدىن گۈرۈلدەپ ئۆتمەكتە.

— ۋەقە مانا مۇشۇنداق، — دىدى بايتېمىر بىر دەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن بىرنىمىنى ئويلىغاندەك، — هازىر مەن بۇ ئائىلىدىن ئايرىلماسلىغىم كېرەك. ئەگەر ئاسىل كېتىش قارارىغا كەلگەن بولسا، ئۇنىڭ ۋىجدانىنىڭ پاك بولۇشىنى تىلەيمەن، ئۇنىڭ بۇ ئىشنى ماڭا ئېيتىشىنى هەمدە ئوغلۇمغا ئاتاپ قىلىدىغان ئاخىرقى ئايرىلىش گېپىمنى قىلىۋېلىشىمنى قوبۇل قىلىشىنى تىلەيمەن. بۇ بالا ئۆز بالامدىنمۇ ئارتۇق ئىدى. بىراق مەن ئۇنى ئۇلاردىن ئېلىۋالالمايمەن... شۇڭا، مەن هېچنەگە بارمايمەن. پامىرغا تېخىمۇ بارمايمەن. ئەلۋەتتە، مەن بۇ ئەهۋاللارنى گېزىتقا ماتىرىيال بولسۇن دەپ ئېيتىپ بېرىۋاتقىنىم يوق. پەقەت پاراڭ تەرىقىسىدە سىزگە ئېيتتىم...

## خاتىمە

ئىلياس ئىككىمىز ئۇشتا خوشلاشتۇق. ئۇ پامىرغا كەتتى، مەن ئىشىمغا ماڭدىم.

— مەن بۇ يەرگە ئەلىبېكنى ئىزدەپ كەلدىم. مەن هاياتىمنى يېڭىۋاشتىن باشلايمەن! — ئىلياس ئۆزىنىڭ خىيالىنى ئېيتتى. — سىز مېنى ئادەم بولالمايدىغان بىرنىمىكەن دەپ قالماڭ. هامان بىر كۈنى مەن تۇرمۇش قۇرىمەن، قورا-جايىم، ئۆيۈم ۋە بالام بولىدۇ. قىسقىسى كىشىلەردە بولىدىغان هەممە نەرسە مېنىڭدىمۇ بولىدۇ. مەنمۇ دوست ۋە يولداش تاپىمەن. پەقەت بىرلا نەرسە

مېنىڭدە ئىككىنچى بولمايدۇ، ئۇ بولسىمۇ مەن مەڭگۈ ئايرىلىپ قالغان، مەڭگۈ تەكرارلانمايدىغان ئۆتمۈش... ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە، جان تەندە ئامان بولسا، ئاسلىنى مەڭگۈ ئەستە تۇتىمەن، بىزنىڭ ئۇتتۇرىمىزدىكى بارلىق گۈزەل نەرسىلەرنى ئەستە تۇتىمەن.

ئىلياس بېشىنى سىلىپ خىيالغا چۆكۈپ كەتتى. بىر هازا جىمىپ كەتكەندىن كېيىن ئۇ يەنە مۇنۇلارنى قوشۇپ قويدى:

— ماڭىدىغان كۈنى مەن كۆل بويىغا باردىم، ھىلىقى دۆڭگە باردىم. تىيانشان بىلەن، ئىسسىقكۆل بىلەن خوشلاشتىم. خوش ئىسسىقكۆل، ئېيتىپ بولالمىغان ناخشام! ئاھ، ئەگەر مەن سېنى كۆپ-كۆك سۈيۈڭ ۋە ساغۇچ قىرغىقىڭ بىلەن قوشۇپ ئېپكېتەلىسەم، نەقەدەر ياخشى بولاتتى-ھە! لېكىن، بۇ، مۇمكىن ئەمەس، خۇددى قەدىرىدانىمنىڭ مۇھەببىتىنى قوشۇپ ئېپكەتكىلى بولمىغىنىدەك مۇمكىن ئەمەس. خوش، ئاسىل! خوش، سەرۋى قامەتلىك دىلبىرىم! خوش، قەدىرلىكىم! بەختلىك بول!...

# بىرىنچى مۇئەللىم

دەرىزىلەرنى ئېچىۋەتكەن ئىدىم، ئۆيگە ئارامبەخش يېڭى ھاۋا ئېقىپ كىردى. يوروپ كېلىۋاتقان كۆكۈش تاڭ نۇرىدا، ئۆزەم باشلاپ قويغان رەسىم لايىھىسىگە سەپسېلىپ قارىدىم. بۇنداق رەسىملىرىم كۆپ، ھەممىسىنى يېڭىۋاشتىن باشلىغان ۋاقتىم كۆپ بولغان. لېكىن مۇكەممەل بىر رەسىم ھەققىدە ئېغىز ئېچىشقا تېخى ئەتىگەن، ئەڭ مۇھىم نەرسىنى تېخى تاپالمىدىم... سەھەردىكى جىمجىتلىق ئىچىدە خىيال سۈرۈپ قەدەم تاشلاپ يۈرمەكتىمەن. ھەر قېتىم ئەنە شۇنداق كەيپىياتتا بولىمەن. ھەر قېتىم رەسىمىم تېخى خىيال پەردىسىدىن چىقمىغان، دەپ ئۆزەمنى قاتتىق ئىشەندۈرىمەن.

مەن خەققە، ھەتتا ئەڭ يېقىن دوستلىرىمغا ئۆزەم تۈگەتمىگەن ئەسەر توغرىسىدا گەپ قىلىپ ئولتۇرۇشنى ياقتۇرمايتتىم. بۇ ئۆز ئەسىرىمنى تولىمۇ ياخشى كۆرۈپ قىزغانغانلىقىمدىن ئەمەس، پەقەتلا تېخى زاكىدىكى بوۋاقنىڭ چوڭ بولغاندا قانداق بولۇشىنى پەرەز قىلغىلى بولمىغىنىدەكلا ھېسسىياتتا بولغانلىقىمدىن ئىدى. تېخى پۈتمىگەن رەسىم ئۈستىدىمۇ، خۇددى شۇنىڭغا ئوخشاش، ھۆكۈم قىلىش تەس ئىدى. بىراق، بۇ دۆرەم مەن بۇ قائىدىگە خىلاپلىق قىلدىم — قاتتىق ئاۋاز بىلەن توۋلىغىم، تېخىمۇ توغرىراق قىلىپ ئېيتقاندا، كىشىلەر بىلەن پۈتمىگەن بۇ رەسىم توغرىسىدا پاراڭلاشقىم كېلىپ كەتتى.

بۇ ھېچبىر مۇغەمبىرانە تەلەپ ئەمەس. شۇنداق قىلىشىلا كېرەك ئىدى، چۈنكى بۇ ۋەزىپىنى بىر كىشىلا زىممىسىگە ئېلىپ كېتەلمەيتتى. بۇ ھال قەلبىمنى ھاياجانغا سالدى، سىزىپ چىقىش ئۈچۈن قولۇمغا قەلەم ئېلىشقا مەجبۇر قىلغان ۋەقە شۇنداق زور ئىدىكى، مەن بىر كىشىلا ئۇنى ئېچىپ بېرىشكە قادىر ئەمەس ئىدىم. ھەي ماۋۇ بىر چىنە سۇ تۆكۈلۈپ كېتەرمۇ، يەتكۈزۈپ بارالماسمەنمۇ، دىگەندەك دەككە ـ دۈككىدە ئۇنىڭغا قارايتتىم. كىشىلەرنىڭ ماڭا مەسلىھەت كۆرسىتىشىنى، ئامال قىلىشىمغا ياردەملىشىشىنى تىلەيتتىم. ھەتتا كۆڭلىدە بولسىمۇ رەسىم تاختىسىنىڭ يېنىدا مېنىڭ بىلەن بىللە تۇرسا، مېنىڭ بىلەن بىللە ھاياجانلىنىپ، دەككە ـ دۈككىدە تۇرسىمۇ مەيلىدىغۇ، دەپ ئويلايتتىم.

يالقۇنجىغان كۆڭلۈڭنى ئايىما، مېڭشۋەر، بۇ ھىكايىنى ئېيتىپ بېرىش مەسئۇلىيىتىم بار...

كۆركۆلەۋ دىگەن ئايىل پايانسىز ئېگىزلىكتىكى ئاق يار تېغىنىڭ ئېتىكىگە جايلاشقان ئىدى. سان ـ ساناقسىز تىنىمسىز ئېرىقلار چوڭ ـ كىچىك نۇرغۇن سايلاردىن ئاشۇ يەرگە ئاقاتتى. ئايىلنىڭ تۆۋەنىدە ئۇزاققا سوزۇلغان بىر سېرىق توپىلىق بولۇپ، ئەتراپىنى قارا تاغ تىزمىسى ئورىغان كەڭ قازاق يايلىغى مۇشۇ ئىدى، بۇنىڭدىن باشقا تۈزلەڭ-لىكنى بېسىپ ئۆتۈپ، غەربىي ئۇپۇققا سوزۇلغان قارا تۆمۈريول ياتاتتى.

ئايىلنىڭ يۇقۇرىسىدىكى بىر دۆڭدە بىر جۈپ چوڭ ئاق تېرەك قەد كۆتىرىپ تۇراتتى. ئېسىمگە كەلگەن ۋاقتىمدىن باشلاپلا بۇلار ئېسىمدە. مەيلى سىز قايسى تەرەپتىن كۆركۆلەۋگە كەلمەك،

ھەممىدىن ئاۋال ئەنە شۇ قوش تېرەككە؛ كۆزىڭىز چۈشىدۇ ئۇ، خۇددى تاققا ئورنىتىلغان ماياكتەك، كۆزگە چۈشۈپلا تۇراتتى. نىمە دەپ چۈشەندۈرسەم بولىدىكىن — بالىلىق چاغلاردىكى تەسىرات بىر ئادەم ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك بولغانلىقىدىنمۇ ياكى بۇنىڭ مېنىڭدەك بىر رەسسامنىڭ كەسپى بىلەن زىچ ئالاقىسى بولغانلىقىدىنمۇ — ھەر قېتىم پويىزدىن چۈشۈپ، ماشىنا بىلەن يايلاقتىن ئۆتۈپ بىزنىڭ ئايىلغا قاراپ ماڭغان چېغىمدا، ئالدى بىلەن يىراقتىنلا ئاشۇ سۆيۈملۈك قوش تېرەكنى ئىزدەيتتىم.

ئۇلار شۇنچە ئېگىز بولسىمۇ، شۇنچە يىراق ئارىلىقتا ئۇنى دەرھال كۆرگىلى بولمايتتى، لېكىن مەن ئۇلارنى ھەرقاچان سېزەتتىم، ھەرقاچان كۆرۈپ تۇرغاندەك بولاتتىم.

تالاي قېتىم يىراق-يىراقلاردىن بىزنىڭ كۆركۆلەڭگە قايتقىنىمدا: "ئانچە ئۇزاققا قالمايلا ئۇنى، ئاكا-ئۇكا بۇ قوش تېرەكنى كۆرەرمەنمۇ؟ چاققانراق يېتىپ باراي، چاققانراق دۆڭگە چىقىپ، تېرەكنىڭ يېنىغا باراي. ئاندىن كېيىن تېرەكنىڭ تۈۋىدە تۇرۇپ، ئۇزاققىچە، مەس بولۇپ كەتكىچە ئۇنىڭ يوپۇرماقلىرىنىڭ شىلدىرلىغان ئاۋازىغا قۇلاق سالاي" دەپ ئويلايتتىم.

بىزدە ئۇنداق-مۇنداق دەرەخلەر ناھايىتى كۆپ بولسىمۇ، لېكىن بۇ قوش تېرەك باشقىلىرىغا ئوخشىمايتتى — ئۇنىڭ ئالاھىدە تىلى بار ئىدى، ئېھتىمال، ئۆزىگە خاس ئالاھىدە ئاھاڭى ۋە ماسلىشىپ كەلگەن قەلبى باردۇر. كۈندۈزى بولسۇن، كېچىسى بولسۇن، مەيلى قانداق ۋاقىتتا كەلگەن بولۇڭ، ئۇلار ھامان شاخلىرىنى لىڭشىتىپ، ياپراقلىرىنى تەۋرىتىپ، تىنىم تاپماي تۈرلۈك-تۈرلۈك مۇقامغا مۇزىكا چالاتتى.

كېيىن، كۆپ يىللاردىن كېيىن، ئاندىن بۇ قوش تېرەكنىڭ سىرىنى بىلەلىدىم. بۇ بىر جۈپ تېرەك تۆت تەرەپتىن شامال ئۇرۇپ تۇرىدىغان بىر دۆڭدە قەد كۆتىرىپ تۇراتتى، ھاۋادىكى ھەرقانداق كىچىك دولقۇنىنىڭمۇ ئۇنىڭدا تەسىرى كۆرۈنەتتى. ئۇنىڭ ھەر بىر كىچىك ياپرىقىمۇ ئەڭ يېنىك شامالنى سەزگۈرلۈك بىلەن سېزەتتى.

لېكىن، مۇشۇ ئاددىي ھەقىقەت توغرىسىدىكى سېزىمىم مېنى قىلچىمۇ ئۈمىتسىزلەندۈرمىدى، مېنىڭدە ھازىرغىچە ساقلىنىپ كېلىۋاتقان بالىلىق چاغلىرىمدىكىدەك سېزىمنىمۇ ئېلىپ كېتەلمىدى. بەلكى بۈگۈنگە قەدەر دۆڭدىكى ئاشۇ قوش تېرەكنى ئاجايىپ تېرەك، جانلىق تېرەك دەپ ھېس قىلىمەن. ئۇ يەردە، تېرەك يېنىدا مېنىڭ گويا بىر پارچە سېھرىي ئەينەك پارچىسىدەك بالىلىق چېغىم قالغان...

ئوقۇشۇم ئاخىرلىشىپ، يازلىق تەتىل باشلىنىش ئالدىدا تۇرغان كۈنلەردە بىز ئوغۇل بالىلار بۇ يەرگە قاغا-قۇزغۇن ئۇۋىسىنى بۇزۇشقا كېلەتتۇق. ھەر قېتىم چۇقۇرىشىپ، ئىسقىرتىشىپ دۆڭگە يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا، گىگانت ئاق تېرەك ھامان ئۆزىنىڭ سالقىن كۆلەڭگىسى ۋە يوپيۇرماقلىرىنىڭ سىلىق شىلدىرلىشى بىلەن بىزنى قارشى ئالغاندەك بولاتتى. بىز يالىڭاياق كەپسىزلەر بولساق بىر بىرىمىزگە ھە-ھۇ دېيىشىپ، تېرەكنىڭ شاخلىرىغا يامىشىپ چىقىۋېلىپ، قاغا-قۇزغۇن پادىشالىقىدا قاتتىق بىر ئەنسىزچىلىك پەيدا قىلاتتۇق. توپ-توپ قاغىلار تىلىنى ئىشقا سېلىشىپ بېشىمىزدا ئايلىناتتى. بىزنىڭ بولسا، نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بارمامسەن، دېگەندەك ئۇلار بىلەن كارىمىز بولمايتتى. بىز بارغانسېرى يۇقۇرى ئۆرلەيتتۇق — قاراڭلار، كىم ھەممىدىن باتۇركىن، چاققانكىن! — ئەڭ يۇقۇرىسىغا چىقاتتۇق، يۇقۇرىدىن پەسكە قارىغىنىمىزدا، كۆز

www.uyghurkitap.com

ئالدىمىزدا سېھرىي يول بىلەن كۆرسىتىلگەندەك، بىردىنلا كەڭ-يورۇق، چەكسىز گۈزەل مەنزىرە پەيدا بولاتتى. يەر شارىنىڭ چوڭلۇغىدىن ھەيران بولاتتۇق، نەپەسىمۇ ئالماستىن ھەرقايسىمىز ئېسىلىپ تۇرغان ئاچىماقتا ھاڭ-تاڭ بولۇپ قالاتتۇق، قاغا-قۇزغۇنلارنى ۋە قاغا-قۇزغۇن ئۇۋىلىرىنى ئېسىمىزدىن چىقىرىپ قوياتتۇق. كولخوزنىڭ ئات قوراسىنى دۇنيا بويىچە ئەڭ چوڭ قورا دەپ كەلگەن بولساق، بۇ يەردىن قارىغاندا ئادەتتىكى بىر كىچىك لاپاستەكلا كۆرۈنەتتى. ئايىلنىڭ ئارقىسىدا يەنە ئۆزلەشتۈرۈلمىگەن يايلاق يېيىلىپ ياتاتتى ۋە ئۇ غۇۋا كۆرۈنگەن تۇماننىڭ ئىچىدە كۆزدىن غايىپ بولاتتى. بىز ئىلاجىنىڭ بېرىچە كۆزىمىزنى چۆچەكتەك ئېچىپ، كۆلرەڭ بولۇپ كۆرۈنگەن يىراقلارغا قارايتتۇق. نەتىجىدە بىز يەنە بۇرۇن خىيالىمىزغا كەلتۈرۈپ باقمىغان نۇرغۇن يەرلەرنى، بۇرۇن بىلمەيدىغان بىرمۇنچە دەريالارنى كۆرەتتۇق. بۇ دەريالار ئىنچىكە لېنتىدەك ئۇپۇقتا يالتىراپ تۇراتتى. بىز تېرەك شاخلىرى ئارىسىدا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ: بۇ دۇنيانىڭ ئەڭ چېتىمىدۇ ياكى بۇنىڭ سىرتىدىمۇ باشقا بىر دۇنيا، باشقا بۇلۇتلار، يايلاقلار ۋە دەريالار بارمىدۇ؟ دەپ ئويلىشاتتۇق. بىز تېرەك شاخلىرى ئارىسىغا يوشۇرۇنۇپ تۇرۇپ ئاجايىپ شامال ئاۋازىغا قۇلاق سالاتتۇق، تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرىمۇ سىرلىق شىۋىرلاپ، كۆلرەڭ يىراقلاردا غايىپ بولغان ئادەمنى مەھلىيا قىلارلىق، سىرلىق زىمىنغا گەپ قىلغاندەك بولاتتى.

تېرەكنىڭ شاۋقۇن-سۈرەنلىرىگە قۇلاق سالاتتىم، يۈرىكىم ئاللىقانداق قورقۇش ۋە خۇشاللىق تۈپەيلىدىن دۈپۈلدەپ سوقۇپ كېتەتتى. بۇ چەكسىز شىۋىرلاش ئىچىدە، مەن مىڭلىغان چاقىرىم

يىراقلىقتىكى يەرلەر توغرىسىدا ئويلاشقا تىرىشاتتىم. شۇ چاغدا پەقەت بۇ يەرگە بۇ تېرەكنى كىم تىككەن بولغىيتتى؟ دەرەخ تىككۈچى ئىسمى نامەلۇم كىشى جىرىم قويۇۋاتقان چېغىدا نىمىلەرنى ئويلىغان، نىمىلەرنى دىگەن بولغىيتتى؟ ئۇ كىشى بۇ يەرگە — دۆڭگە جىرىم قويغان چېغىدا نىمە ئارزۇ-ئۈمىتتە بولغان بولغىيدى؟ دىگەننىلا ئويلىماپتىكەنمەن.

نىمە ئۈچۈنكىن، كىشىلەر مۇشۇ تېرەك قەد كۆتىرىپ تۇرغان يەرنى "دۈيشەنىنىڭ مەكتىۋى" دەيتتى. ئىسىمدە، ئەگەر بىراۋ يۈتتۈرۈپ قويغان ئىتىنى ئىزدىمەكچى بولۇپ، ئۈچرىغانلىكى بىرسىدىن: "ھەي، سەن مىنىڭ توروق ئىتىمنى كۆردۈڭمۇ؟" دەپ سوراپ قالغۇدەك بولسا، ئۇ كۆپ ھاللاردا: "دۆڭگە چىقىپ باق، دۈيشەنىنىڭ مەكتىۋىنىڭ يېنىدا ئاخشام بىراۋ ئات بېقىپ يۈرگەن. شۇ يەرگە بېرىپ قاراپ باق، بەلكىم ئىتىڭنى شۇ يەردىن تېپىۋالارسەن" دەپ جاۋاپ بېرەتتى. بىزدەك ئوغۇللارمۇ ھىچبىر ئىككىلىنىپ تۇرمايلا چوڭ كىشىلەرنى دوراپ: "يۈرۈڭلار، ئاغىنىلەر، دۈيشەنىنىڭ مەكتىۋىگە بارايلى، تېرەكنىڭ يېنىدا قۇشقاچ قورۇيمىز!" دېيىشەتتى.

كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا، بۇرۇن مۇشۇ دۆڭدە بىر مەكتەپ بار ئىدى، دىگەن گەپ بار ئىدى. لىكىن بىز ئۇنىڭ ئىزناسىنىمۇ كۆرمىگەنمىز. كىچىك چېغىمدا مەن، بۇ مەكتەپنىڭ ئىزناسىنى بولسىمۇ بىر كۆرسەم ئىدى، دەپ كۆپ ئويلاپ، ئۇ ياق-بۇ ياققا قارىغان، لىكىن ھىچنىمىنى تاپالمىغان ئىدىم. كېيىنچە كىشىلەرنىڭ مۇشۇ تاقىر دۆڭنى "دۈيشەنىنىڭ مەكتىۋى" دىگىنىگە ھەقىقەتەن ھەيران بولۇپ، بىر قېتىم بىرىنەچچە بوۋايدىن دۈيشەن دىگەن ئادەمنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى سورىغان ئىدىم. بىر بوۋاي پەرۋاسىزلا قولىنى

شلتاپ گەپ قىلىپ بەرگەن:

— دۆيشەن كىم دەمسەن؟ ئاشۇ ئاقساق قوي① دىگەن ئايىلدىكى ئاشۇ ئادەم-دە، ئۇ تېخى هايات.

— بۇ كۆپ زامانلار بۇرۇن بولغان ئىش. ئۇ چاغدا دۆيشەن تېخى كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ ئەزاسى ئىدى. ئاشۇ دۆڭدە خەقلەر تاشلىۋەتكەن، تاختاي بىلەن توسقان بىر مال قوراسى بار ئىدى، دۆيشەن شۇ يەردە بىر مەكتەپ ئېچىپ، باللارنى ئوقۇتقان. شۇنداق بىر مەكتەپ بىنا قىلىنغاندىن كېيىن ئاشۇنداق ئىسمى بولغان. پاھ، ئۇ يىللار قىزىق زامان ئىدى-دە! ئۇ چاغلاردا كىمكى ئاتنىڭ يايلىدىن تۇتۇۋېلىپ پۇتىنى ئۈزەڭگىگە سالسىلا، شۇ كىشى باشلىق بولۇپ كېتەتتى. دۆيشەن ئاشۇنداق ئادەم ئىدى، ئۇ نىمىنى ئويلىسا، دەرهال شۇنى قىلىشقا تۇتۇش قىلىپ كېتەتتى. بۈگۈنكى كۈندە ئۇ قورادىن هىچنىمە قالمىدى، ئەقەللىسى بىرەر تاشنىمۇ تاپالمايسەن، هىلىمۇ ياخشى ئۇنىڭدىن ئاشۇ نام قالدى...

مەن دۆيشەننى ئانچە بىلمەيمەن. خېلى ياشانغان، ئېگىز، دوقا ماڭلاي، قويۇق قاشلىرى ساڭگىلىغان بىر كىشىلا ئېسىمدە. ئۇنىڭ ئۆيى دەريانىڭ ئۇ قېتىدا، ئىككىنچى ئەترەت جايلاشقان ئاشۇ مەهەللىدە ئىدى. مەن ئايىلدىكى چېغىمدا دۆيشەن كولخوز مىرابى بولۇپ، ئەتىدىن-كەچكىچە ئېتىزدا چېپىپ يۈرەتتى. گايىدا كەتمىنىنى ئىگەرگە قىستۇرۇپ، بىزنىڭ مۇشۇ كوچىدىن ئۆتەتتى. ئۇنىڭ ئېتى، نىمە ئۈچۈنكىن، ئىگىسىگە ئوخشاش ئورۇق، پۇتلىرى ئىنچىكە ئىدى. كېيىن دۆيشەن قېرىپ كەتتى. كىشىلەر ئۇنى

① ئاقساق قوي — قەبىلىنىڭ نامى.

پوچتىكەش بولۇپ كەتتى دېيىشەتتى. بۇ بىر خىل گەپ ئىدى، لېكىن مەسىلە بۇ يەردە ئەمەس. شۇ ۋاقىتتىكى چۈشەنچەمەس-ئىتتىپاق ئەزالىرى خىزمەتتە قىزغىن، گەپ-سۆزدە دادىل مۇنەۋۋەر چەۋەنداز، ئايىلدا جەڭگىۋارلىقى ھەممىدىن كۈچلۈك ئادەملەر بولۇپ، مەجلىسلەردە قىزغىن پىكىر بېرىدىغان، لاغايلاپ يۈرىدىغان بىكار تەلەتلەرنى ۋە قانۇن-ئىنتىزامنى بۇزغۇچى ئوغرى-قاراقچىلارنى گېزىتلەردە دادىل تەنقىد قىلىدىغان كىشىلەر ھېساپلىناتتى. شۇڭا يۈز-كۆزنى ساقال باسقان، مېھرىۋان بۇ بوۋايىنىڭ بۇرۇن ئىتتىپاق ئەزاسى بولغانلىقىنى، يەنە كېلىپ ئۆزىنىڭ ھېچقانچە بىلىمى يوق ئەھۋالدىمۇ — بۇنىسى ئادەمنى ھەيران قالدۇرىدۇ — باللارنى ئوقۇتقانلىقىنى قانداق قىلىپ بولسىمۇ تەسەۋۋۇر قىلالمايتتىم. ياق، بۇ تەسىرنى كاللامدا ھەرقانداق قىلىپمۇ شەكىللەندۈرەلمەيتتىم! راستىنى ئېيتقاندا، مەن بۇنى بىزنىڭ ئايىلدىكى ئورغۇنلىغان رىۋايەتلەرنىڭ بىرى دەپ ھېساپلايتتىم. لېكىن ۋەقە رىۋايەت ئەمەس ئىدى...

بۇلتۇر كۈزدە، ئايىلدىن كەلگەن بىر تېلېگراممىنى ئالدىم. يۇرتداشلىرىم مېنى بىر يېڭى مەكتەپنىڭ ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىغا قاتنىشىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلغان ئىدى. بۇ كولخوز ئۆزى قۇرغان مەكتەپ. مەن دەرھال بېرىپ قاتنىشىش قارارىغا كەلدىم، چۈنكى بۇ بىزنىڭ ئايىل ئۈچۈن ئېيتقاندا ناھايىتى خوشاللىق بېغىشلىغۇچى بايرام ئىدى، بۇنداق چاغدا مەن ھەرگىز ئۆيدە ئولتۇرالمايتتىم. مەن ھەتتا بىرنەچچە كۈن ئاۋۋال يولغا چىقماقچى بولدۇم. ئىچىمدە ئۇ يەر-بۇ يەرنى ئارىلاپ كۆرەي، بىرقانچە يېڭى تېز سىزما سىزاي دەپ ئويلىغان ئىدىم. تەكلىپ قىلىنغان مېھمانلار ئىچىدە

ئاكادېمىك سۇلايمانوۋامۇ بار ئىكەن. ئۇلار سۇلايمانوۋانىڭ بۇ يەردە بىر-ئىككى كۈنلا تۇرۇپ ئاندىن توپ-توغرا موسكۋاغا كېتىدىغانلىقىنى ئېيتتى.

بۈگۈنكى كۈندە داڭ چىقىرىپ كەتكەن ئايالنىڭ كىچىك ۋاقتىدا بىزنىڭ ئايىلىدىن شەھەرگە كەتكەنلىكى ماڭا مەلۇم ئىدى. مەن بىر شەھەر ئادىمى بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئاندىن ئۇ ئايال بىلەن تونۇشقانمەن. ئۇ قېرىپ قالغان، سېمىز، تاراپ پارقىرىتىۋەتكەن چېچىنىڭ ئىچىدە ئاق چاچ ئىمىر-چىمىر قىلىپ تۇرغان بىر ئايال ئىدى. بىزنىڭ بۇ مەشھۇر يېزىدىشىمىز ئالى مەكتەپتە پەلسەپىدىن دەرس بېرىدىغان پروفېسسور ئىدى، ئاكادېمىيىدىمۇ خىزمەت قىلاتتى، دائىم چەتئەللەرگە چىقىپ تۇراتتى. ئۇ ئالدىراش ئىدى، ئۇنىڭ بىلەن ئۇچرىشىشقا ماڭا پۇرسەت بولمىغان ئىدى. بىراق، بىز قەيەردە ئۇچرىشىپ قالغان بولمايلى، ئۇ ھەر دائىم بىزنىڭ ئايىلىنىڭ تۇرمۇشىغا تولىمۇ كۆڭۈل بۆلەتتى، يەنە كېلىپ چوقۇم مېنىڭ ئىشلىرىمغا ئۆز پىكرىنى ئېيتاتتى، گەرچە پىكرى ئىنتايىن قىسقا بولسىمۇ. بىر قېتىم مەن ئۇنىڭغا:

— ئالتۇناي سۇلايمانوۋا، بىرەر قېتىم ئايىلغا بېرىپ يۇرتداشلار بىلەن كۆرۈشكەن بولسىڭىز ئەجەپ ياخشى بولاتتى! ئايىلدىكىلەرنىڭ ھەممىسى سىزنى بىلىدۇ، سىز بىلەن پەخىرلىنىدۇ. لېكىن ئۇلارنىڭ سىزنىڭ ئەھۋالىڭىز توغرىلىق بىلىدىغانلىرى كۆپرەك ئاڭلىغان گەپلەر. شۇڭا بەزىلەر: ئۇزايدىن بىزنىڭ ئالىمىمىز بىزنى تونۇمايدىغان بولۇپ قالغان ئوخشايدۇ، ئۆزى ئۆسكەن كۆركۆلەۋنىڭ يوللىرىنى ئۇنتۇپ قالغان ئوخشايدۇ، دەيدۇ، — دېدىم.

— ئەلۋەتتە، بىر قېتىم بېرىپ كېلىدىغان ۋاقتىم بولىدۇ. —

ئالتۇناي سۇلايمانوۋا شۇ چاغدا ئانچە خوشال بولمىغان كەيپىياتتا كۈلۈمسىرەپ قويغان ئىدى. — كۆركۆلەۋگە بېرىپ كېلىمەن دەپ ئويلاپ يۈرگىلى خېلى ئۇزاق بولدى، مېنىڭ ئۇ يەردىن كەتكىنىمگە بەك ئۇزاق بولۇپ كەتتى. دۇرۇس، ئايىلدا تۇققانلىرىم يوق، بىراق گەپ بۇ يەردە ئەمەس. مەن چوقۇم بارىمەن، بېرىشىم كېرەك، ئۆز يۇرتۇمنى ئالامەت سېغىنىپ كەتتىم.

ئاكادېمىك سۇلايمانوۋا ئايىلغا كەلگەن چېغىدا، ئوقۇش باشلاش مۇراسىمى باشلىنىش ئالدىدا تۇراتتى. كولخوزچىلار دەرىزىدىن ئۇنىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈپلا خۇددى ئۇۋىسى بۇزۇلغان ھەرىدەك كوچىغا چىقىشتى. تونۇيدىغانلارمۇ، تونۇمايدىغانلارمۇ، چوڭلارمۇ، كىچىكلەرمۇ ھەممىسى ئۇنىڭ بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشمەكچى بولاتتى. ئۇزايىدىن ئالتۇناي سۇلايمانوۋا كىشىلەرنىڭ بۇنچىلىك قىزغىن قارشى ئالىدىغانلىقىنى ئويلىمىغان بولسا كېرەك، شۇڭا مەن ئۇنى سەل تەمترەپ قالغاندەك ھېس قىلدىم. ئۇ ئىككى قولىنى كۆكسىگە قويۇپ، كىشىلەرگە توختىماي باش لىڭشىتىپ تازىم قىلىپ، كىشىلەر ئارىسىدىن ئاران ئۆتۈپ سەھنىدىكى رەئىس مۇنبىرىگە كەلدى.

ئالتۇناي سۇلايمانوۋا ھاياتىدا بۇنداق داغ-دۇغىلىق خاتىرە يىغىنلىرىغا بەلكىم مۇشۇ بىرلا قېتىم قاتناشقان ئەمەس، بەلكى ئۇ ھامان كىشىلەرنىڭ قىزغىن ۋە ھۆرمەت بىلەن قارشى ئېلىشىغا سازاۋەر بولۇپ كەلگەن. لېكىن بۇ يەردە، مۇشۇ ئاددىغىنا يېزا مەكتىۋىدە بۇ ئىسسىق چىراي يۇرتداشلىرى ئۇنى ئالامەت ھاياجانغا سالغان ئىدى، ئۇ ئېتىلىپ چىقىپ كېتەي دەپ قالغان يېشىنى تەسلىكتە توختىتىۋېلىپ ئولتۇراتتى.

مۇراسىمدىن كېيىن پىئونېرلار بۇ ھۆرمەتلىك ئايالغا قىزىل گالستۇك چىگىپ قويدى، گۇل تەقدىم قىلدى ھەمدە ئالتۇناي سۇلايمانوۋا مېھمانلار دەپتىرىگە بىرىنچى بولۇپ ئىمزا قويدى. شۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپنىڭ ئىشتىن سىرتقى كۆڭۆل ئېچىشى باشلاندى. كۆڭۆل ئېچىش ناھايىتى قىزىق، ناھايىتى كۆڭۈللۈك ئۆتتى. ئۇنىڭدىن كېيىن مەكتەپ مۇدىرى بىزنى — مېھمانلارنى، مۇئەللىم ۋە كولخوز ئاكتىپلىرىنى — ئۆيىگە مېھمانغا چىللىدى.

بۇ يەردە، كۆپچىلىك ئالتۇناي سۇلايمانوۋانىڭ قاتنىشىپ بەرگەنلىگىگە يەنە قىزغىن ئالقىش ياڭراتتى. كۆپچىلىك ئۇنى زىلچا سېلىنغان تۆرگە تەكلىپ قىلىپ، تۇرلۇك يوللار بىلەن ئۇنىڭغا ھۆرمەت بىلدۇردى. خۇددى مۇشۇنداق سورۇنلاردا بولىدىغىنىغا ئوخشاش، مېھمانلار بىلەن ساھىپخانلار چاقچاقلىشىپ، قەدەھ كۆتىرىپ بىر بىرىنى تەبرىكلەشتى، سورۇن ئالامەت قىزىپ كەتتى. دەل شۇ چاغدا، شۇ يەرلىك بىر يىگىت ئۆيگە كىرىپ كەلدى-دە، ساھىپخانغا بىرمۇنچە تەبرىك تېلېگراممىسى بەردى. تېلېگراممىلار ئۇنىڭ قولىدىن بۇنىڭ قولىغا ئۆتۈپ تۇراتتى: بۇلار بۇرۇنقى ئوقۇغۇچىلار ئۆز يۇرتداشلىرىنىڭ يېڭى مەكتەپ ئاچقانلىغىنى تەبرىكلەپ ئەۋەتكەن تېلېگراما ئىدى.

— ھەي، بۇ تېلېگراممىلارنى دۇيشەن بوۋاي ئېلىپ كېپتىمۇ؟ — سورىدى مۇدىر.

— ھەئە، — دېدى يىگىت، — يۇرتداشلارنىڭ ئالدىدا ئوقۇپ بېرىش ئۈچۈن مۇراسىمغا ئۈلگۈرتۈپ كېلەي دەپ يول بويى توختىماي ئاتنى قامچىلاپ كەلدىم، دەيدۇ. بىراق بوۋاي سەل كېچىكىپ قالغانلىغىغا بەكمۇ ئۆكۈندى.

— ئەمسە تالادا تۇرۇپ نىمە قىلىدۇ، تىز چاقىر، ئاتتىن چۈشۈپ ئۆيگە كىرسۇن!

يىگىت دۈيشەننى تەكلىپ قىلىش ئۈچۈن چىقىپ كەتتى. يىنىمدا ئولتۇرغان ئالتۇناي سۇلايمانوۋا نىمە ئۈچۈندۇر چۆچۈپ كەتتى، خۇشۇسەن غەلىتە بولۇپ كۆرۈنگىنى ئۇنىڭ گويا بىردىنلا ئالللقانداق بىرنىمىنى ئەسلەپ كەتكەندەك، مىنىڭدىن كىشىلەر گىپىنى قىلىۋاتقان دۈيشەن دىگەن كىشىنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى سورۇشتۇرگىنى بولدى.

— بۇ كولخوزنىڭ پوچتىكىشى، ئالتۇناي سۇلايمانوۋا. سىز دۈيشەن ئاقساقالنى تونۇمتىڭىز؟

ئۇ مۇجمەل هالدا بىشىنى لىڭشىتتى. كىيىن ئەمدى ئورنىدىن تۇراي دەپ تۇرۇشىغا، ئاتلىق بىر كىشى دەرىزىنىڭ يىنىدىن تاراسلىتىپ ئۆتۈپ كەتتى. يىگىت كىرىپ ساهىپخانىغا:

— تەكلىپ قىلسام ئۇنىماي كىتىپ قالدى. يەتكۈزىدىغان خەتلىرى بار ئىكەن، — دىدى.

— ئەمسە خىتىنى توشۇۋەرسۇن، بۇ يەردە ئىلىپ قىلىشىنىڭ هاجىتى يوق. كىيىن ئۇ چاللار بىلەن پاراڭلىشىدۇ. — بىرەيلەن نارازى بولغاندەك غودۇڭشىدى.

— ۋاي-ۋۇي! سىز بىزنىڭ دۈيشەننى بىلمەمسىز؟! ئۇ تۈزۈمگە بەك رىئايە قىلىدىغان ئادەم. ۋەزىپىسىنى تۈگەتمەي تۇرۇپ هىچنەگە بارمايدۇ.

— راست، ئۇ غەلىتە ئادەم. ئۇرۇشتىن كىيىن ئۇ بالىنىستىن چىقىپلا (ئۇكرائىنادىكى چىغىدا) شۇ يەردە قىپتۇ. بەش يىلدىن كىيىن قايتىپ كەلگەن. ئۇ ئۆلسەم ئۆز يۇرتۇمدا ئۆلىمەن دەيدۇ.

ئۆمۈربويى مۇشۇنداق تەنها ياشاپ كەلگەن ئادەم-دە...
— نېمە بولسا بولسۇن، كىرىپ بىر دەم-يېرىم دەم ئولتۇرۇپ
چىقسىپ كەتسە ئەجەپ ياخشى بولاتتى-دە... بوپتۇ، كىرگىلى ئۇنى-
مىغان بولسا مەيلى، — ساھىپخان قولىنى سىلكىندى.
— يولداشلار، ئېسىڭلاردىمۇ، بۇرۇن ھەممىمىز دۈيشەن ئاچقان
مەكتەپتە ئوقۇغان. — ئايىلدىكى ئەڭ ھۆرمەتلىك بىرەيلەن قولىغا
قەدەھ ئالدى. — لېكىن ئۇنىڭ ئۆزى ھەتتاكى ئېلىپبەدىكى ھەرپلەر-
نىمۇ تولۇق بىلمەيتتى. — گەپ قىلغۇچى گېپى مۇشۇ يەرگە كەلگەندە
كۆزىنى قىسىپ بېشىنى چايقىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن روھى-ھالىتى بۇ
ئىشنىڭ ھەم ئاجايىپ، ھەم كۈلكىلىك ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى.
— ھە-ئە، ھە-ئە، راست شۇنداق ئىدى. — بىرنەچچەيلەن
ئۇنىڭ گېپىنى تەستىقلاشتى.
ئەتراپتىكىلەر قاقاقلىشىپ كۈلۈشتى.
— بۇنىڭ دەپ يۈرىدىغان نېمىسى بار! ئۇ چاغلاردا دۈيشەن
ھەرنېمە بىلەن ھەپىلىشەتتى، بىز ھەممىمىز ئۇنى چىندىن مۇئەللىم
دەپ قارايتتۇق ئەمەسمۇ؟
كۈلكە توختىغاندىن كېيىن قولىغا قەدەھ ئالغان كىشى سۆزىنى
داۋاملاشتۇردى:
— قاراڭلار، مانا كىشىلەر كۆز ئالدىمىزدا بىر-بىرلەپ چوڭ
بولۇۋاتىدۇ. ئاكادېمىك ئالتۇناي بولسا مەملىكەت بويىچە داڭلىق.
بىز ھەممىمىز دىگۇدەك ئوتتۇرا دەرىجىلىك تەلىم-تەربىيە ئالدۇق،
بىرمۇنچەيلەن ئالى دەرىجىلىك تەلىم-تەربىيە ئالدى. بۇگۈنكى كۈن-
لۈكتە بىز يەنە ئۆزىمىز ئۆسكەن مۇشۇ ئايىلدا يېڭى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ
ئاچتۇق. بۇ تۇرمۇشنىڭ نەقەدەر تېز ئۆزگىرىۋاتقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

www.uyghurkitap.com

يۇرتداشلار، قېنى، كۆركۆلەۋدىكى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ زامانىمىزدىكى ئىلغارلاردىن بولۇپ يېتىشىشى ئۈچۈن قەدەھ كۆتىرەيلى!

كۆپچىلىك دوستانە هالدا قەدەھ كۆتىرىپ تەبرىكلەشتى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا يەنە پاراڭ باشلىنىپ كەتتى، پەقەت ئالتۇناي سۇلايمانوۋانىڭ يۈزى قىزىرىپ كەتكەن ئىدى، نىمە ئۈچۈندۇر ئۇ ئىنتايىن خاۋاتىرلىنىپ ئولتۇراتتى، قەدەھكە كالپۇكىنىلا تەككۈزۈپ قوياتتى. لېكىن پاراڭغا چۈشۈپ، خوشاللىققا چۆمگەن كىشىلەرلا ئۇنىڭ روهى-هالىتىنى سەزمەيتتى.

ئالتۇناي سۇلايمانوۋا نەچچە قېتىم سائەتكە قارىدى. كېيىن مېهمانلار كوچىغا چىققاندا، مەن ئۇنىڭ كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ، ئېرىق بويىدا تۇرۇپ دۆڭگە تىكىلىپ قاراپ كەتكەنلىگىنى بايقىدىم، ئۇ يەردە بارا-بارا سارغىيىپ كېتىۋاتقان تېرەك شامالدا ئىغاڭلاپ تۇراتتى. قۇياش ئولتۇرۇپ كېتىۋاتاتتى، يىراقلارغا سوزۇلغان چەكسىز يايلاقنىڭ ساغۇچ چېتىدە غۇۋا نۇرىنى چېچىپ تۇراتتى، تېرەكنى غۇۋا، سالقىن قىزغۇچ رەڭگە بويىغان ئىدى.

مەن ئالتۇناي سۇلايمانوۋانىڭ قېشىغا كەلدىم.

— هازىر تېرەك يوپۇرماق تاشلىدى، مۇبادا سىز گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن باهاردا كېلىپ بۇ قوش تېرەككە نەزەر تاشلىسىڭىز نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى-هە، — دىدىم مەن.

— مەنمۇ شۇنداق ئويدا بولۇۋاتىمەن. — ئالتۇناي سۇلايمانوۋا ئۇلۇغ كىچىك تىنىپ بىر دەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن ئۆز سۆزىگە قوشۇپ قويغاندەك دىدى. — شۇنى دىسىڭىزچۇ، هەر بىر جانىۋارنىڭ باهارىمۇ، كۈزىمۇ بولىدۇ.

ئۇنىڭ قورۇغان. كۆز چاناقلىرىنىڭ چۆرىسىنى قورۇق باسقان

يۈزىدە ئاللىقانداق غەم-قايغۇ ۋە خىيال كۆلەڭگىسى ياتاتتى. نىمە ئۈچۈندۇر ئۇ پۈتۈنلەي ئاياللارغا خاس بولغان بىر خىل ئېچىنىش بىلەن ئاشۇ قوش تېرەككە قارايتتى. مەن بىردىنلا شۇنى بايقىدىمكى، مېنىڭ ئالدىمدا تۇرغىنى ئاكادېمىك سولايمانوۋا ئەمەس، بەلكى ئادەتتىكى، ئۆزىنىڭ خوشاللىغى بىلەن قايغۇسىنى راستچىللىق بىلەن بىلدۈرەلەيدىغان قىرغىز ئايىلى ئىدى. ئۇزايمدىن بىلىمىلىك بۇ ئايال مۇشۇ تۇرقۇم ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرىنى ئەسلەپ كەتكەن ئىدى، بۇ ياشلىق دەۋر، خۇددى بىزنىڭ ناخشىلىرىمىزدا ئېيتىلغاندەك، ئەڭ ئېگىز تاغ چوققىسىدا تۇرۇپ چاقىرساڭمۇ جاۋاپ بەرمەيدىغان ياشلىق دەۋر ئىدى. ئۇ تېرەككە قاراپ تۇرۇپ، گويا بىرنىمە دېمەكچى بولغاندەك قىلغان ئىدى، بىراق كېيىن پىكرىنى ئۆزگەرتكەندەك، بىردىنلا قولىدىكى كۆزەينەكنى تاقىدى.

— موسكۋا پويىزى سائەت ئون بىردە مۇشۇ يەردىن ئۆتەتتى، شۇنداقمۇ؟

— ھەئە، كەچ سائەت ئون بىردە.

— ئۇنداق بولسا، مېڭىشقا تەييارلانسام بولغۇدەك.

— نىمىشقا بىردىنلا ماڭىدىغان بولۇپ قالدىڭىز؟ ئالتۇناي سولايمانوۋا، سىز بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇشقا ماقۇل بولغان ئىدىڭىز. يۇرتداشلار سىزنى ماڭغۇزمايدۇ.

— ياق، مېنىڭ ئالدىراش ئىشىم بار. ھازىرلا ماڭمىسام بولمايدۇ.

يۇرتداشلار قانچە تورىسىمۇ، قانچە ئەپسۇسلانسىمۇ ئالتۇناي قىلچە بوشاشمىدى.

بۇ چاغدا پايانسىز ئەتراپنى كەچ پەردىسى چۈمكىگەن ئىدى.

كۆڭلى بىر قىسما بولۇپ قالغان يۇرتداشلار ئۇنىڭدىن كېلەر قېتىم كەلگەندە بىر ھەپتە ياكى ئۇنىڭدىنمۇ ئۇزۇنىراق تۇرۇشقا ۋەدە ئالغاندىن كېيىن، ئۇنى ماشىنىسىغا چىقىرىپ قويدى. ۋوگزالغىچە مەن ھەمرا بولۇپ باردىم.

نىمە ئۈچۈن ئالتۇناي سۇلايمانوۋا بۇنداق ئوپۇل-توپۇل قايتىپ كېتىدۇ؟ مۇشۇنداق كۈنلەردە يۇرتداشلارنىڭ كۆڭلىنى قايتۇرۇش توغرا ئەمەس ئىدى. يول بويى بۇنىڭ سەۋەبىنى بىرنەچچە قېتىم سۈرۈشتۈرۈپ باقاي دېگەن ئويدا بولدۇمۇ، لېكىن جۈرئەت قىلالمىدىم. بىھۆرمەتلىك بولۇپ قېلىشتىن ئەنسىرەپ ئەمەس، بەلكى بەرىبىر ئېيتىپ بەرمەيدىغانلىقى ماڭا مەلۇم ئىدى. ئۇ يول بويى گەپ قىلماي، چوڭقۇر خىيالغا چۆكۈپ ئۆتكەن ئىشنى ئەسلەپ ئولتۇردى.

ۋوگزالغا كەلگەندە، چىداپ تۇرالماي ئاخىر سورىدىم:

— ئالتۇناي سۇلايمانوۋا، روھى-كەيپىياتىڭىز ئانچە ياخشى ئەمەس، بىز سىزنى رەنجىتىپ قويدۇقمۇ نىمە؟

— ئو-ھۇ، نەدىكى گەپنى قىلىۋاتىسىز! ھەرگىز ئۇنداق ئويلىماڭ! مەن كىمدىن ئاغرىناتتىم؟ ئۆزەمدىنلا ئاغرىنىشىم مۇمكىن. دۇرۇس، ئېھتىمال ئۆزەمدىنلا ئاغرىنارمەن.

ئالتۇناي سۇلايمانوۋا ئەنە شۇ تەرىقىدە كېتىپ قالدى. مەنمۇ شەھەرگە كىرىپ كەتتىم. بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ماڭا ئۇنىڭدىن بىر خەت كەلدى. خەتتە ئۆزىنىڭ موسكۋادا تۇرىدىغان ۋاقتىنىڭ پىلانلىغان ۋاقتىدىن ئۇزاقراق بولىدىغانلىقى ئېيتىلغان ئىدى. ئالتۇناي سۇلايمانوۋا مۇنداق دەپ يازغان ئىدى:

"نۇرغۇن مۇھىم ۋە ئالدىراش ئىشىم بولسىمۇ، لېكىن ئۇلارنى

قويۇپ تۇرۇپ، ئالدى بىلەن سىزگە بۇ خەتنى يازماقچى بولدۇم... خېتىمدە يازغانلىرىمغا قىزىقىدىغان بولسىڭىز، سىزنىڭ بۇ ماتېرىيال-لاردىن پايدىلىنىپ، مەن ئېيتقانلارنىڭ ھەممىسىنى كىشىلەرگە قانداق ئېيتىپ بېرىشنى ئويلىنىپ كۆرۈشىڭىزنى سورايمەن. مېنىڭچە، بۇنى يۇرتداشلىرىمىزلا بىلىشى كېرەك بولۇپ قالماستىن، بارلىق كىشىلەرمۇ بىلىشى، خۇسۇسەن ياشلار بىلىشى كېرەك. ئۇزاق ئويلانغاندىن كېيىنلا مۇشۇنداق پىكىرگە كەلدىم. بۇ مېنىڭ كىشىلەر ئالدىدىكى ئىقرارىم. بىز ئۆزىمىزنىڭ ۋەزىپىمىزنى ئادا قىلىشىمىز كېرەك. بۇ ئىشنى بىلىدىغانلار قانچە كۆپ بولسا، ۋىجدانىم مېنى ئەيىپلەيدىغان ئازاپ شۇنچە ئاز بولىدۇ. مېنىڭ ئۇيياتلىق ھالغا قېلىشىمدىن ئەنسە-رىمەڭ، ھېچنىمىنى يوشۇرماڭ..."

بىرنەچچە كۈندىن بۇيان ئاشۇ خەت تۇغدۇرىدىكى تەسىراتلار ئىچىدە ئايلىنىپ يۈرگەن بولسامۇ، ئالتۇناي سۇلايمانوۋاغا ۋاكالىتەن بۇ ھېكايىنى سۆزلەپ بېرىدىغان بىرەر ياخشى چارىنى زادىلا تاپالمىدىم.

بۇ ۋەقە 1924 ـ يىلى بولغان. ھە ئە، دەل شۇ يىلى...

بۈگۈن كولخوز جايلاشقان ئاشۇ يەر شۇ چاغدا ژاداق قەبىلىسىدىن بولغان كەمبەغەللەر جايلاشقان بىر ئايىل ئىدى. ئۇ چاغدا مەن ئون تۆت ياشقا كىرگەنتىم، مەرھۇم دادامنىڭ بىر نەۋرە ئىنىسىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتىم. ئاناممۇ يوق ئىدى.

پۇلى بار ھاللىق ئائىلىلەر كۈزدىلا قىشلاققا كۆچۈپ كەتكەن ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇزۇن ئۆتمەي شىنېل كىيگەن ناتونۇش بىر يىگىت بىزنىڭ ئايىلغا كەلدى. بۇ شىنېلنىڭ نېمە ئۈچۈن قارا سوكنىدا

www.uyghurkitap.com

تىكىلگەنلىگىنى بىلەلمىگەنلىگىمدىن بۇ شىنىل ئېسىمدە قېپتۇ. ھۆكۈمەت شىنىلنى كىيگەن بۇ ئادەمنىڭ پەيدا بولۇپ قېلىشى ئاغ باغرىغا جايلاشقان بۇ كىچىككىنە خىلۋەت ئايىل ئۈچۈن قالتىس چوڭ ئىش ئىدى.

دەسلەپتە كىشىلەر ئۇ ھەربىدە ئەپىتسەر بوپتىكەن، شۇڭا ئۇ ئايىلىمىزغا باشلىق بولغۇدەك، دىگەن گەپلەرنى قىلىشىپ يۈردى. كېيىن ئۇنىڭ ھىچقانداق بىر ئەپىتسەر ئەمەس، بەلكى بۇنىڭدىن كۆپ يىللار ئىلگىرى ئاچارچىلىق بولغاندا بىزنىڭ ئايىلدىن جان بېقىش كويىدا تۆمۈريول تەرەپكە كېتىپ ئىز-دېرەكسىز يوقاپ كەتكەن تاشتانبېكنىڭ ئوغلى ئىكەنلىگى مەلۇم بولدى. ئۇ — تاشتانبېكنىڭ ئوغلى دۈيشەن باللارنى ئوقۇتۇش ئۈچۈن بۇ يەرگە مەكتەپ ئېچىشقا ئەۋەتىلگەندەك قىلاتتى.

ئۇ كەملەردە "مەكتەپ" دەمسىز، "ئوقۇش" دەمسىز، بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭى ئاتالغۇ ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭ مەنىسىنىمۇ ئانچە چۈشەنمەيتتى. بەزىلەر ھەر خىل-ھەر ياڭزا گەپ-سۆزلەرگە ئىشىنەتتى، بەزىلەر بولسا بۇ پۈتۈنلەي خوتۇنلارنىڭ يالغان-ياۋىداق گېپى دەپ قارايتتى. ئەگەر تېزلا يىغىن ئېچىلمىسىغان بولسا، ئۇلار مەكتەپ دىگەن نىمىنى ئاللىقاچان ئۇنتۇپ كەتكەن بولاتتى. تاغامۇ بىر ھازاغىچە غودۇڭشىپ يۈردى: "بۇ يەنە نىمە يىغىن بولغىيتتى، تىرناققا توختىمايدىغان بىرنىمىگىمۇ يىغىن ئېچىۋىرىدىكەن، خەقنى ئىش قىلغۇزمايدۇ!" بىراق ئۇ يەنىلا ئېتىنى توقۇپ، ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىدىغان ئەرلەردەك، ئېتىغا مىنىپ بېرىپ يىغىنغا قاتناشتى. مەنمۇ، خولۇم-خوشنىلىرىمىزنىڭ باللىرىمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باردۇق. ھەسىرەپ-ھۆمىدەپ، ئادەتتە ئاممىۋى يىغىن ئۆتكۈزۈلىدىغان

دۆڭگە كەلگەن ۋاقتىمىزدا، ھىلىقى قارا شىنېلىلىق، تاتىرىپ كەتكەن يىگىت پىيادە كەلگەن ۋە ئاتلىق كەلگەن جىققىنا كىشىلەرنىڭ ئالدىدا گەپ قىلىۋاتقان ئىكەن. بىز ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلىيالماي ئالدىغا راق سۈرۈلدۇق، دەل شۇ چاغدا كورەك جۇۋا كىيگەن بىر چال بىردىنلا ئېسىگە كەلگەندەك ئۇنىڭ گېپىگە لوقما سالدى.

— ھەي يىگىت، — دېدى ئۇ كىسكەچلەپ، — بۇرۇن باللارنى موللىغا ئوقۇشقا بېرەتتى. سېنىڭ داداڭنى بىز ھەممىمىز بىلىمىز، ئۇمۇ بىزگە ئوخشاشلا بىر گاداي، ئېيتقىنا، سەن قاچان موللا بولۇپ قالدىڭ؟

— مەن موللا ئەمەس، ئاقساقال، مەن ئىتتىپاق ئەزاسى، — دەپ جاۋاپ بەردى دۈيشەن ئىتتىكلا، — بۈگۈنكى كۈندە باللارنى موللا ئەمەس، مۇئەللىم ئوقۇتىدۇ. مەن ھەربىي سەپتە بىرنەچچە كۈن ئوقۇغان، ئۇنىڭدىن ئاۋالمۇ بىرنەچچە كۈن مەكتەپتە ئوقۇغان. مەن مانا مۇشۇنداق موللا.

— ھە، بۇ...

— يارايسەن — ماختىغان ئاۋازلار كۆتىرىلدى.

— ئەھۋال مۇنداق: ئىتتىپاق تەشكىلاتى مېنى بالىلىرىڭلارنى ئوقۇتۇشقا ئەۋەتتى. بىراق ئوقۇتۇش ئۈچۈن بىرەر جاي بولۇشى كېرەك. مەن مەكتەپنى ئاشۇ دۆڭدىكى كونا ئات ئېغىلىغا قۇرماقچى بولدۇم، سىلەرنىڭ كۆپرەك ياردەم بېرىشىڭلارنى سورايمەن، ئەلۋەتتە. سىلەرنىڭ بۇنىڭغا نىمە پىكرىڭلار بار، يۇرتداشلار؟

كىشىلەر ئارىسالدا بولۇپ تۇراتتى، گويا ھەممىيلەن ياقا يۇرتتىن كەلگەن بۇ بىرنىمە زادى نىمە قىلاي دەيدۇ؟ دېگەندەك كۆڭلىدە بىرنىملەرنى ئويلىشىپ تۇراتتى. كېيىن ساتىمقۇل دېگەن جىدەلخور

— كىشلەر ئۇنىڭ جاھىللىغىدىن ئۇنىڭغا جىدەلخور دىگەن لەقەم قويۇپ قويغان — ئاخىر جىمجىتلىقنى بۇزدى. ئۇ بايىلا ئىگەرگە جەينىگىنى قويۇپ خەقنىڭ گېپىگە قۇلاق سېلىپ تۇراتتى ۋە توختى-ماي "چىرت، چىرت" قىلىپ چىشىنىڭ ئارىسىدىن تۈكۈرۈپ تۇراتتى.

— توختىغىنا، يىگىت، — دىدى ساتىمقۇل گويا نىمىدۇر بىرنىمىنى چەينەۋاتقاندەك كۆزىنى قىسىپ ئىنجىقلاپ، — ياخشىسى نىمە ئۈچۈن مەكتەپ ئېچىشىمىز كېرەكلىكىنى ئېيتىپ باققىنا.

— نىمە ئۈچۈن دىگىنىڭىز نىمىسى؟ — دىدى دۆيشەن ئالاقىزادە بولۇپ تەمتىرەپ.

— توغرا! — دىگەن ئاۋاز ئاڭلاندى كۆپچىلىك ئىچىدىن.

ھايت-ھۇيت دىگىچە كىشلەر ئۇپۇر-توپۇر بولۇپ گۇدۇڭلىشىپ كەتتى.

— قەدىمدىن تارتىپ ئەمگىكىمىزگە تايىنىپ كۈن كەچۈرۈۋاتىمىز، كەتمەنگە تايىنىپ جان بېقىۋاتىمىز. بىزنىڭ ئۇرۇق-ئەۋلاتلىرىمىزمۇ شۇنداق قىلىدۇ. بىز خەت ئۆگىنىپ نىمە قىلاتتۇق؟ ئەمەلدارلارلا ساۋاتلىق بولسا بولىدۇ، بىز دىگەن ئادەتتىكى پۇقرا تۇرساق. بىزنى ئەخمەق قىلمايلا قوي!

كىشلەر ئاستا-ئاستا جىم بولۇپ قېلىشتى.

— سىلەر ئۆز پەرزەنتلىرىڭلارنىڭ ئوقۇشىغىمۇ قارشى تۇرامسىلەر؟

— ئويلىمىغان يەردىن بېرىلگەن بۇ سوئالدىن نىمە قىلارىنى بىلمەي قالغان دۆيشەن كۆزىنى ئالماستىن ئەتراپتىكىلەرگە قارىغان ھالدا ئۇلاردىن سورىدى.

— ئەگەر بىز قارشى تۇرساق، سەن بىزنى زورلامسەن؟ ئۇنداق دەۋر ئۆتۈپ كەتكەن. بىز ھازىر ئەركىن خەلقمىز، قانداق ئۆتكى-

www.uyghurkitap.com

مز كەلسە، شۇنداق ئۆتىۋېرىمىز!
دۇيشەننىڭ يۈزىدە قان قالمىدى، ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن شىنېلىنىڭ ئىلمىگىنى ئېچىپ، يانچۇغىدىن تۆت پۈكلەنگەن بىر ئالاقىنى ئېلىپ، ئىتتىك ئېچىپ بېشىدىن ئىگىز كۆتەردى:
— بۇ گېپىڭلارچە سىلەر باللار تەلىم-تەربىيە ئېلىشى كېرەك دېيىلگەن، سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ تامغىسى بېسىلغان بۇ ئالاقىغە قارشى چىقماقچىمۇ؟ بىراق، سىلەرگە يەر، سۇ، ئەركىنلىك بەرگەن كىم؟ گەپ قىلىڭلار، كىم سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ قانۇنىغا قارشى تۇرىدۇ، كىم؟ جاۋاپ بېرىڭلار!
ئۇ "جاۋاپ بېرىڭلار" دېگەن بۇ سۆزنى شۇ قەدەر ياڭراق، شۇ قەدەر غەزەپ بىلەن ئېيتتىكى، بۇ ئاۋاز خۇددى ئوقنىڭ ئاۋازىدەك، كۆز تېپچىلىغىنى بۇزدى؛ گويا بىر تال ئوق ئاۋازى جىلغىنى زىلزىلىگە كەلتۈرگەندەك قىسقا ئەكس سادا چىقاردى. ھېچكىم گەپ قىلمىدى. كىشىلەر ئۈن-تىنسىز جىم تۇراتتى.
— بىز كەمبەغەللەر، — دېدى دۇيشەن پەس ئاۋاز بىلەن، — ئۆمرىمىز بويى دەپسەندە قىلىندۇق ۋە خورلاندۇق. زۇلمەت ئىچىدە ياشاپ كەلدۇق. بۈگۈنكى كۈندە سوۋېت ھاكىمىيىتى بىزنى يورۇقلۇقنى كۆرسۇن، ئوقۇسۇن، خەت يېزىشنى ئۆگەنسۇن دەۋاتىدۇ. بۇنىڭ ئۈچۈن باللارنى ئوقۇتۇش كېرەك-دە...
دۇيشەن بىرەر نەرسىنى ئۈمىت قىلىپ گېپىنى توختاتتى. بۇ چاغدا بايىقى كورەك جۇۋا كىيگەن، دۇيشەندىن سەن قاچان موللا بولۇپ قالدىڭ دەپ سورىغان ئادەم چۈشەنگەندەك تەلەپپۇزدا گۇدۇڭلىدى:
— بولىدۇ، ئوقۇتىمەن دېسەڭ ئوقۇت. بىزدە نېمە بار ئىدى... بىز قانۇنغا قارشى تۇرمايمىز.

— بىراق مەن سىلەردىن ياردەم تىلەيمەن. بىز ئاۋۇ دۆڭدىكى ئەسكى ئېغىلنى ياسىشىمىز، دەرياغا بىر كۆۋرۈك سېلىشىمىز كېرەك، مەكتەپكە يەنە ئوتۇن كېرەك...

— تۇرۇپ تۇر، يىگىت، بەك چېچەنلىك قىلىپ كېتىۋاتىسەن!

— دېدى جاھىل ساتىمقۇل دۈيشەننىڭ گېپىنى ئۈزۈپ تاشلاپ.

ئۇ چىشىنىڭ ئارىسىدىن "چىرت" قىلىپ تۈكۈرۈۋېتىپ، ئاللىقانداق بىرنىمىنى چىنەۋاتقاندەك يېڭىۋاشتىن كۆزىنى قىستى.

— سەن پۇتۇن ئايىلدىكىلەرنى يىغىۋېلىپ "مەكتەپ ئاچىمەن!" دەپ داۋراڭ سېلىۋاتىسەن. ئۆزەڭگە قاراپ باققىنا — يا كىيىشكە جۇۋاڭ يوق، يا مىنىشكە ئېتىڭ، تېرىغان ئالىقانچىلىك يېرىڭ يوق، يا قورادا باغلاغلىق بىر ئىتىڭ! سەن زادى قانداق كۈن كەچۈرمەكچىسەن، قېرىندىشىم! باشقىلارنىڭ مېلىنى ئوغرىلاشنىڭ كويىدا بولۇۋاتامسەن يا... بىراق بىزنىڭ بۇ يەردە مال يوق، مېلى بارلار تاققا كىرىپ كەتتى.

دۈيشەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز قاتتىق سۆز بىلەن جاۋاپ بەرمەكچى بولدىيۇ، لېكىن ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ، پەس ئاۋازدا:

— ياخشى-يامان بولسۇن مەن بەرىبىر كۈن كەچۈرىمەن. ماڭا مائاش بېرىدۇ، — دېدى.

— ھە، بايىلا مۇنداق دېسەڭچۇ! — ساتىمقۇل قانائەت ھاسىل قىلىپ، كۆرەڭلىگەن ھالدا ئېگەردە رۇسلىنىپ ئولتۇرۇۋالدى. — ئەمدى ھەممىسى روشەن بولدى. سەن، يىگىت، ئۆزەڭنىڭ ئىشىنى ئۆزەڭ قىلىۋەر، بالىلارنى ئوقۇتۇپ مائاشىڭنى ئېلىۋەر. غەزنىدە پۇل دېگەن جىق. ئۆزىمىزگە كەلسەك، بىزنى تېچ قوي، ھېلىمۇ شۈكۈر، ئۆزىمىزنىڭ ئىشىمىزغا ئۆزىمىز يېتىشەلمەي كېتىۋاتىمىز...

ساتىمقۇل گەپ قىلغاچ ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ ئۆيىگە قايتتى. باشقىلارمۇ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن تىكىۋەتتى. ئۇ يەردە قولىدا ھىلىقى ئالاقىنى تۇتقان ھالدا پەقەت دۈيشەنلا تۇراتتى. بىچارە ھازىر ئۆزىنىڭ نەگە بېرىشىنىمۇ بىلمەيتتى...

دۈيشەنگە ئىچ ئاغرىتىشقا باشلىدىم.

— قارا بۇنى، كۆزدىن يوقالماي بۇ يەردە نىمە ھاڭۋېقىپ تۇرىسەن! — مەن بۇرۇلۇپلا باللارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتىم.

— ئېخ، ئۇلارمۇ ئەگىشىپ يىغىنغا كەلسە سېنىڭمۇ دوراپ كەلگىنىڭنى! — تاغام يېنىمغا كېلىپ ماڭا قاراپ ۋاقىرىغانىغا قەدەر دۈيشەندىن كۆز ئۈزمەي تۇرۇپ كېتىپتىمەن.

ئەتىسى بىز قىزلار دەريا بويىغا سۇغا كەلگەن ۋاقتىمىزدا دۈيشەن بىلەن ئۇچرىشىپ قالدۇق. ئۇ قولىغا گۈرجەك، كەتمەن، پالتا ۋە بىر ئەسكى چىلەك ئالغان ھالدا پىيادە ئۇ قاتقا كېتىۋاتاتتى.

شۇ كۈندىن باشلاپ ھەر كۈنى ئەتىگەندە قاراسوكنا شىنېل كىيگەن دۈيشەنىنىڭ بىر ئۆزىلا دۆڭدىكى تاشلىنىۋېتىلگەن ئېغىلغا بارىدىغان يالغۇز ئاياق يولدا شۇ ئېغىلغا قاراپ كېتەتتى. پەقەت كەچقۇرۇنلا دۆڭدىن چۈشۈپ ئايىلغا قاراپ ماڭاتتى. بىز دائىم ئۇنىڭ چوڭ بىر باغلام شاخ-شۇمبا ۋە پاخال يۈدۈپ كېتىۋاتقانلىغىنى كۆرەتتۇق. كىشىلەر يىراق يەردىن ئۇنى كۆرۈشى بىلەنلا ئورنىدىن تۇرۇپ، قولى بىلەن ئاپتاپنى توساپ تۇرۇپ قارىغىنىچە ھەيران بولۇپ پاراڭ قىلىپ كېتەتتى:

— ھوي، ئاۋۇ بىر دۆۋە نەرسىنى يۈدۈپ كېتىۋاتقان دۈيشەن مۇئەللىممۇ؟

— شۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ پېيىگى ئادرېسى

— ۋاھ، بىچارە. ئۇزايمىدىن مۇئەللىملىكمۇ ئاسان ئالۋاڭ ئەمەس ئوخشايدۇ جۇمۇ.

— سەن ئاسان چاغلىغانمىدىڭ. قارىغىنا، يۇدۇگەن نەرسىسىنىڭ ئېغىرلىغىنى، خۇددى غوجامنىڭ ئۆيىدىكى يىللىقچىغا ئوخشاپ قېپتۇ.

— بىراق ئۇنىڭ گېپىگە قارىساڭ، ناھايىتى ئاسان!

— ھىم، گەپ ئۇنىڭ قولىدا تامغا بېسىلغان بىر ئالاقىنىڭ بولغانلىغىدا: كۈچ ئەنە شۇ ئالاقىدا.

بىر قېتىم بىز ئايىلىنىڭ يۇقۇرىسىدىكى تاغ باغرىدىن تىزەك تېرىپ، قاپلىرىمىزغا لىققىدە قاچىلاپ، قايتىشىمىزدا سەل بۇرۇلۇپ مەكتەپكە باردۇق: مۇئەللىمنىڭ ئۇ يەردە نېمە قىلىۋاتقانلىغىنى كۆرگىمىز كەلگەن ئىدى. بۇ تام ئۆي بۇرۇن چوڭ بىر چارۋا ئىگىسىنىڭ ئېغىلى ئىدى. قىشنىڭ كۈنى باي ھۆل-يېغىندا قالغان قوزىلىغان بايتاللارنى شۇ يەردە قوياتتى. سوۋېت ھاكىمىيىتى قۇرۇلغاندىن كېيىن باي باشقا ياقلارغا قېچىپ كەتكەچكە، ئېغىل ئاشۇ ھالدا قېلىپ قالغان، ئەتراپىنى قوراي، تىكەن بېسىپ كەتكەن بولۇپ، بۇ يەرگە ھېچكىم كەلمەيتتى. ئەمدىلىكتە بولسا، قومۇرۇپ تاشلىغان قوراي-لويلار بىر تەرەپكە بىر دۆۋە-بىر دۆۋە قىلىپ دۆۋىلەپ قويۇلغان بولۇپ، قورا پاكىز سۈپۈرۈلگەن ئىدى. ئۆرۈلگەن، ھۆل-يېغىندا بۇزۇلغان تاملار قايتىدىن ياساپ، سۇۋاپ قويۇلغان ئىدى. ئۆرۈلۈپ يانتۇ بولۇپ قالغان، قاغجىراپ يېرىلىپ كەتكەن، بىرلا گىرەدە ساڭگىلاپ تۇرىدىغان ئىشىك ياساپ قويۇلغان، پۇختا قىلىپ سىلىپ قويۇلغان ئىدى.

بىز قايتىشىكى تىزەكلىرىمىزنى يەرگە قويۇپ، بىر دەم ھاردۇق

ئالماقچى بولدۇق، بۇ چاغدا ئۇستى-بېشى لاي دۈيشەن ئشكنى ئېچپ چقپ كەلدى. ئۇ بزنى كۆرۈپ هەيران بولدى-دە، دەرهال يەنە مۇلايملق بلەن كۈلۈمسرەپ، يۈزدكى تەرنى ئېرتۋەتتى.

— قزلار، نەدن كېلۋاتسلەر؟

بز تېزەك قاچلانغان قاپنڭ يېندا ئولتۇرۇپ، ئالاقزادە بولۇپ بر برمزگە قاراشتۇق. دۈيشەن بزنڭ ئزا تارتپ گەپ قلالمايۋاتقانلغمزنى بلپ، بزگە ئلهام بەرگەندەك نەزەر تاشلدى:

— قاراڭلارچۇ، تېزەك قېپڭلار ئۆزەڭلەردن چوڭ تۇردۇ! باللار، مەيەگە كېلپ قاراپ بېقڭلار، بۇ بەك ياخشى بولدى، سلەر كەل-گۈسدە مەشەدە ئوقۇيسلەر. مەكتۋڭلارنمۇ پۈتتۈرۈپ قويدۇق. باياتن مەن بۇلۇڭغا مەشكە ئوخشاش برنمە سالدم، مورمۇ چقاردم، قاراپ بېقڭلارچۇ! ئەمدى قشتا قالايدغان ئوتۇن تەييارلانسلا بولدۇ. بۇنڭمۇ كارايتى چاغلق، ئەتراپتا شاخ-شۇمە-بلار جقتۇ. ئەمدى يەرگە كۆپرەك پاخال ياتقۇزساقلا ئوقۇش باشلاشقا بولدۇ. هە، قانداق، ئوقۇشنى خالامسلەر؟ مەكتەپكە كېلشنى خالامسلەر؟

دوستلرمنڭ ئچدە چوڭراغى مەن ئدم، شۇڭا مەن جاۋاپ بەردم:

— يەڭگەم ئۇنسا، مەن چوقۇم كېلمەن.

— نمشقا ئۇنمايدكەن، ئەلۋەتتە ئۇنايدۇ. سېنڭ ئېتڭ نمە؟

— ئالتۇناي، — جاۋاپ بەرگەچ كۆيندگمنڭ يرتغدن كۆرۈ-

نوپ تۇرغان تىزىمنى ئالقىنىم بىلەن ياپتىم.
— ئالتۇناي، بۇ ئىسىم ناھايىتى ياخشى ئىكەن. — ئۇ سەل كۆلۈمسىرىدى، بۇ كۆلۈمسىرەش شۇنچە يېقىملىق ئىدىكى، ئىچ-ئىچىڭدىن سۆيىنىپ كېتەتتىڭ. — سەن كىمنىڭ بالىسى؟
مەن جاۋاپ بەرمىدىم، مەن خەقنىڭ ماڭا ئىچ ئاغرىتىشىنى يامان كۆرەتتىم.
— ئۇ يېتىم، ئاغىسىنىڭكىدە تۇرىدۇ. — دوستلىرىم ئۇنىڭغا ئاستاغىنا ئېيتىپ قويدى.
— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، ئالتۇناي، — دېدى دۈيشەن يەنە ماڭا قاراپ كۆلۈمسىرەپ، — باشقا باللارنىمۇ باشلاپ كېلىپ ئوقۇغىن، ماقۇلمۇ؟ سىلەرمۇ، قىزلار، سىلەرمۇ كېلىڭلار.
— ماقۇل، ئاغا.
— سىلەر مېنى مۇئەللىم دەڭلار. مەكتەپنى كۆرۈپ باقامسىلەر؟ كىرىڭلار، قورقماڭلار.
— كىرمەيلى، ئەمدى قايتايلى، قايتىدىغان ۋاقىت بولۇپ قالدى.
— بىز بىرئاز تارتىندۇق.
— بوپتۇ، قايتىڭلار ئەمىسە. كېيىن مەكتەپكە كەلگەن چېغىڭلاردا كۆرەرسىلەر. مەنمۇ كۈن پېتىپ كەتكىچە بىر قېتىم شاخ-شۇمبا ئېپكېلىۋېتەي.
دۈيشەن ئاغامچا بىلەن بىر ئوغاقنى ئېلىپ دالىغا قاراپ كېتىپ قالدى. بىزمۇ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، قاپلىرىمىزنى كۆتىرىپ ئايىلغا قاراپ ئىتتىك-ئىتتىك مېڭىپ كەتتۇق. بۇ چاغدا غىل-پال قىلىپ كاللامغا بىر ئوي كەلدى.
— توختاڭلار، قىزلار، — دېدىم مەن دوستلىرىمغا ئۈنلۈك تۇۋلاپ،

— بىز بۇ تىزەكلەرنى مەكتەپكە تۆكۈپ بېرەيلى، شۇنداق قىلساق، مەكتەپنىڭ قىشلىق يېقىلغۇسى كۆپرەك بولىدۇ.
— ئەمىسە بىز قۇرۇق قول قايتامتۇق؟ پاھ، ئەقلىڭنى سېنىڭ!
— قايتىپ بېرىپ يەنە تەرمەمدۇق.
— ياق، بەك كەچ كىرىپ كېتىدۇ، ئۆيدىكىلەر تىللايدۇ.
قىزلار گېپىمگە كىرمەي ئۇپۇل-تۇپۇل ئۆيلىرىگە قايتىشتى.
شۇ كۈنى ئاشۇ بىر قاپ تىزەكنى تۆكۈپ قويۇپ كېتىشىمگە قانداق كۈچ سەۋەپچى بولغانلىقىنى تاكى ھازىرغىچە بىلمەيمەن. ئاشۇ قىزلار گېپىمگە كىرمىگەنلىكى ئۈچۈن سەل ئاچچىقلىنىپ ئۆز پىكرىمدە چىڭ تۇردۇممۇ، ياكى كىچىككىمدىن تارتىپلا ئىرادەم، ئارزۇيۇم قوپال كىشىلەرنىڭ تىل-ئاھانەتلىرى ۋە مۇشت-تېپىكلىرى ئارقىسىدا دەپنە قىلىپ كېلىنگەنلىكتىن، ئەمىليەتتە مەن تونۇمايدىغان بۇ كىشى-گە — ئۇنىڭ قەلبىمنى ئىسسىتقان كۈلۈمسىرىشىگە، ئۇنىڭ ماڭا بىل-دۈرگەن ئىشەنچىگە، ئۇنىڭ يېقىملىق سۆزلىرىگە ئەمەلىي ھەركىتىم بىلەن جاۋاپ بېرىشنى ئۇشتۇمتۇت ئېسىمگە كەلتۈرۈپ قالغانلىقىم ئۈچۈنمۇ — بۇ ماڭا قاراڭغۇ. مېنىڭ بۈگۈنكى تەقدىرىم، ھەم شاتلىق-خوشاللىق، ھەم ئازاپ-ئوقۇبەت بىلەن تولغان پۈتكۈل تۇرمۇشۇم دەل ئەنە شۇ كۈندىن، ئاشۇ بىر قاپ تىزەكتىن باشلانغانلىقى ماڭا ئېنىق مەلۇم ئىدى ۋە مەن بۇنىڭغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى مەن ئاشۇ كۈنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم قىلچە ئىككىلەنمەستىن، قىلچە قورق-ماستىن قىلمەن دىگەن ئىشىمنى قىلىش قارارىغا كەلدىم ۋە قىلدىم. دوستلىرىم كېتىشكەندىن كېيىن مەن دۈيشەن مەكتىۋىگە قايتىپ بېرىپ، قاپتىكى تىزەكنى ئىشىكنىڭ ئارقىسىغا تۆكۈپ قويۇپ دەرھال دۆڭدىن چۈشتۈم-دە، جىلغىنى بويلاپ يېڭىۋاشتىن تىزەك تېرىشكە

باشلىدىم.

ھەددىدىن تاشقىرى ئېشىپ كەتكەن غەيرىتىمنى ئىشلىتىدىغان يەر تاپالماي قالغاندەك نىشانسىز يۈگۈرەيتتىم، يۈرىكىم گويا ھەممىدىن زور خىزمەت كۆرسەتكەن ئادەمنىڭكىدەك ئىچىمگە پاتماي ئويناقلايتتى. قۇياشمۇ خۇددى مېنىڭ نېمە ئۈچۈن شۇنچىۋالا خوشاللىقتا چۆمگەنلىكىمنى بىلىپ قالغاندەك ئىدى. ھەئە، مەن قۇياشنىڭ نېمە ئۈچۈن مېنىڭ شۇنچە يېنىك قەدەملەر بىلەن، شۇنچە ئەركىن-ئازادە يۈگۈرەۋاتقانلىقىمنى بىلىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتىم. چۈنكى مەن كىچىككىنە بولسىمۇ ياخشى ئىش قىلغان ئىدىم.

قۇياش ئاستا-ئاستا پاتماقتا، لېكىن مەن ئۇنى ماڭا قاراپ تويماي، ۋاقىتنى ھە دەپ ئارقىغا سۈرۈۋاتقاندەك، پېتىپ كەتكۈسى كەلمەيۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. ئۇ مېنىڭ يولۇمنى زىننەتلەپ بەردى: پۇتۇمنىڭ ئاستىدا قىپ-قىزىل، ھال ۋە قوڭۇر رەڭگە بۆلەنگەن، سەل قۇرۇغان كۆز تۈپرىغى ياتماقتا. قۇرۇغان چىغنىڭ ساقلى گويا يەلپۈنۈۋاتقان يالقۇندەك ئەتراپتا ئۇسسۇلغا چۈشكەن. قۇياش ئۈستى-ئۈستىگە ياماق چۈشكەن ئەسكى پاختىلىق چاپىنىمنىڭ كۈمۈش يالتىلغان تۈگمىسىگە ئوتتەك نۇرىنى چاچماقتا. مەن يەنىلا توختىماي ئالغا قاراپ چاپماقتىمەن، ئىچىمدە كەڭ زېمىنغا، ئاسمانغا ۋە كۆز شامىلىغا: "قاراڭلار ماڭا! مەن نېمە دېگەن خوشال! مەن ئوقۇيدىغان بولدۇم، مەكتەپكە بارىدىغان بولدۇم، يەنە كېلىپ باشقىلارنى باشلاپ بارىدىغان بولدۇم!..." دەپ توۋلايتتىم.

شۇ ھالدا قانچىلىك يۈگۈردۈمكىن، كېيىن بىردىنلا تىزەك تېرىشىم كېرەكلىكى ئېسىمگە كەلدى. ئىشمۇ تازا قىزىق بولىدىكەن: ياز بويى بۇ يەردە نۇرغۇن مال ئوتلايتتى، ھەر قەدەمدە

نۇرغۇن تىزەك بولاتتى، لېكىن ئەمدىلىكتە يەر يۈتۈپ كەتكەندەك، تىزەك كۆرۈنمەيتتى. ئېھتىمال، مەن ياخشى قارىمىغاندىمەن؟ مەن. ئۇ ياق - بۇ ياققا يۈگۈرسەممۇ ئۇچرىغان تىزەك يەنىلا ناھايىتى ئاز ئىدى. شۇ چاغدا مەن قاراڭغۇ چۈشكىچە قاپنى تىزەك بىلەن تولدۇرال- مايدىغانلىقىمنى ئويلاپ ئۆلگۈدەك قورقتۇم. چىغلىق ئىچىدە يۈگۈرۈپ يۈرۈپ تەسلىكتە يېرىم قاپ تىزەك تەردىم. بۇ چاغدا كۈن پېتىپ، جىلغىغا تېزلا قاراڭغۇ چۈشكەن ئىدى.

دالىدا ھېچقاچان بۇنچىلىك كەچ قېلىپ باقمىغان ئىدىم. قاراڭغۇ- لۇق پەردىسى ئادەمزات يوق، ھەممە ياق جىمجىتلىققا چۆككەن ئېدىرلىققا يېيىلغان ئىدى. قورقانلىقىمدىن ئۆزەمنى يوقىتىپ قويغان ئۈنتۈپ، قاپنى ئۆشنەمگە ئارتىپ ئايىلغا قاراپ چاپتىم، بەكمۇ قورقۇپ كەتكەنلىكىمدىن ۋاقىرىغىم، يىغلىغىم كېلەتتى. لېكىن، ھەيرانمەنكى، مۇبادا دۇيشەن مۇئەللىم مېنىڭ مۇشۇنداق ئاجىزلىقىمنى كۆرۈپ قالسا نېمە دەر؟ دېگەن ئاچچىق بىر ئوي مېنى توستى. شۇ سەۋەپتىن، خۇددى مۇئەللىم راستلا ئارقامدا ماڭا قاراپ تۇرغان- دەك، ئۆزەمنى تولا ئارغىمغا قارىمايدىغان، يىغلاپ ۋاقىرىمايدىغان قىلىپ تىزگىنلىدىم.

ھەسرەپ - ھۆمدەپ ئۆيگە قايتىپ كەلدىم، ئۈستى - بېشىم تەرلىگەن، چاڭ - توزاڭ ئىدى. ھەسرىگەن پېتىم بوسۇغا ئاتلاپ كىردىم. ئوچاق بېشىدا ئولتۇرغان يەڭگەم ئورنىدىن تۇرۇپ، رۇسلە- نىپ توپ - توغرا ماڭا قاراپ كېلەتتى. ئۇ زالىم ھەم قوپال بىر خوتۇن ئىدى.

— نەگە يوقالدىڭ؟ — ئۇ ئالدىمغا كەلدى. تېخى بىرەر ئېغىز گەپ قىلىپ بولغىچە ئۆشنەمدىن قاپنى يۇلۇپ ئېلىپ بىر چەتكە

تاشلىدى. — كۆن بويى تەرگەن تىزىگىڭ مۇشۇمۇ؟

بايا مېنىڭ دوستلىرىم يوق بىرنىمىلەرنى دەپ بىرمۇنچە چېقىشتۇرغان ئىكەن.

— هۇي قارا مويلۇق هايۋان! سېنى مەكتەپكە بارغۇزغان زادى نىمە؟ نىمىشقا شۇ يەردە، ئاشۇ مەكتەپتە ئۆلمەيسەن! — يەڭگەم كاپپىدا قىلىپ قۇلىغىمدىن تۇتۇۋېلىپ قاتتىق تارتتى. — هە، يىتىم ئوغلاق! بۆرە مەڭگۇ ئىت بولالمايدۇ. خەقنىڭ بالىلىرى نەرسىنى ئۆيىگە توشۇسا، سەن تېخى سىرتقا توشۇيسەن. مەكتەپكە بېرىپ باققىنى قىنى، مەكتەپكە بىر قەدەم يېقىنلاشقىدىغان بولساڭ، پاچىقىڭنى چېقىۋېتىمەن. سەن بۇ مەكتەپنى ياخشى ئېسىڭدە تۇت...

هە دېگەندە، ئاغرىققا چىداپ ئۈن چىقارماي تۇردۇم. كېيىن ئوچاققا خەشەك تاشلاپ، كۆك مۇشۇكۇمنى سىلاپ ئولتۇرغان چېغىمدا، كۆزۈمدىن تارام-تارام ياشلار تۆكۈلدى... هەر قېتىم يىغلىغىنىمدا، مۇشۇكۇم كېلىپ تىزىمغا چىقىپ ئولتۇراتتى. يەڭگەمنىڭ تاياق زەردىسىدىن يىغلىغىنىم يوق، ئۇنىڭ قاغاشلىرىغا ۋە دۇمبالاشلىرىغا ئۆگىنىپ قالغان ئىدىم. پەقەتلا يەڭگەم ئەمدى مېنى ئۆلسىمۇ مەكتەپكە ئەۋەتمەيدۇ، دەپ شۇنىڭغا چىدىماي يىغلىدىم...

شۇنىڭدىن ئىككى كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، ئەتىگەندىلا ئايلىدا ئىتلار هۈرۈپ، ئادەم ئاۋازى ئاڭلىنىپ قالدى. بىلسەك، دۈيشەن ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈپ بالىلارنى ئوقۇشقا يىغىپ يۈرگەن ئىكەن. ئۇ ۋاقىتلاردا بىزنىڭ ئايلىدا كوچا دېگەن نىمىش قىلىدۇ دەيسىز، دەرىزىلىرى كىچىك-تار، كۆننىڭ نۇرى چۈشمەيدىغان قوڭۇر تام ئۆيلەر ئايلىنىڭ ئۇ يەر-بۇ يېرىگە جايلاشقان ئىدى، هەركىم ئۆي سالىمەن دېگەن يېرىگە ئۆي سېلىپ ئولتۇرۇۋېرەتتى. دۈيشەن ۋاراڭ-چۇرۇڭ

قىلىپ يۈرگەن بىر توپ بالا بىلەن بۇ ھويلىدىن ئۇ ھويلىغا ئۆتۈپ يۈرگەن ئىكەن.

بىزنىڭ ئۆيىمىز ئايىلىنىڭ چېتىدە ئىدى. يەڭگەم ئىككىمىز سوقىدا تېرىق ئاقلاۋاتاتتۇق، ئاغام ھويلىدا ئورىغا كۆمۈلگەن بۇغداينى ئېلىۋاتقان ئىدى، بازارغا ئېپبېرىپ ساتماقچى ئىكەن. ئىككىمىز بولساق، خۇددى سوقىدا ئىشلەيدىغان ئىشچىلاردەك، ھە دەپ تېرىق ئاقلاۋاتاتتۇق. مەن مۇئەللىم كېتىپ قالمىغىيدى دەپ پات-پات كۆز قىرىمنى سېلىپ قوياتتىم. يەڭگەمنىڭ مېنى مەكتەپكە ئەۋەتمەيدىغانلىقىغا كۆزۈم يېتىپ تۇرسىمۇ، لېكىن نىمىدىندۇر ئۈمىتۋار بولۇپ، ھېچ بولمىسا مۇئەللىم مېنىڭ مۇشۇ ھويلىدا تۇرىدىغانلىقىمنى بىلىپ قالسىكەن دەپ بىتاقەت بولۇپ كۈتەتتىم. "ئەي خۇدا، كېلىپ قالسىكەن" دەپ خۇدادىن تىلەك تىلەپ تۇراتتىم.

— سالام، يەڭگە، خۇدايىم سىلەرگە مەدەت بەرسۇن! مانا ھەممىمىز سىلەرگە مەدەت بېرىشكە كەلدۇق، قاراڭچۇ، بىز قانچىلىك ئادەم! — دەپ دۈيشەن چاخچاق قىلىپ يەڭگەمدىن ھال سورىدى، ئۇنىڭ ئارقىسىدىن بىر توپ بالا ھويلىغا كىرىپ كەلگەن ئىدى.

يەڭگەم جاۋاپ ئورنىدا خالار-خالىماسلا ھىم، دەپ قويدى، ئاغام بولسا بېشىنىمۇ كۆتەرمەستىن ئورىدا تۇرىۋەردى.

دۈيشەن بۇ ھالغا پىسەنتىمۇ قىلماي، ھويلىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياتقان بىر كۆتەككە كېلىپ ئولتۇرۇپ قولىغا قەغەز-قەلەم ئالدى:

— بۈگۈن مەكتىۋىمىزدە رەسمىي ئوقۇش باشلىنىدۇ. قىزىڭلار نەچچە ياشقا كىردى؟

يەڭگەم جاۋاپمۇ بەرمەي، سوقا دەستىسىنى "گۈرس" قىلىپ ئۇردى-دە، يەنە ئايلاندۇرۇپ-ئايلاندۇرۇپ قويدى. يەڭگەمنىڭ

گەپ قلغۇسى كەلمەي، سەپرايى ئۆرلەپ تۇرغانلغى ئېنق ئىدى. ئەمدى نمە بولاركن، دەپ ئىچمدە قورقۇپ تۇردۇم. دۆيشەن ماڭا بر قاردى ۋە كۆلۈمسرەپ قويدى. مەن خۇددى ئۆتكەن قېتمقدەك، چەكسز يايراپ كەتتم.

— ئالتۇناي، نەچچە ياشقا كرگەنسەن؟ — دەپ سورىدى ئۇ مېنڭدىن.

مەن جاۋاپ بېرشكە جۈرئەت قلالمدم.

— يېشى بلەن نمە ئشڭ بار، تېرگاۋچمۇ نمە سەن؟ — دىدى غەزەپ بلەن يەڭگەم. — ئۇ مەكتەپكە بارمايدۇ. بۇنداق يېتم ئوغلاقلارغا مەكتەپكە بېرشنى نمە قويۇپتۇ، تېخى ئاتا-ئانىسى بار باللارمۇ ئوقۇماي يۈرۈپتۇغۇ. برمۇنچسنى يىغۋاپسەنغۇ، شۇلارنى مەكتەپكە ئېپبېرىپ ئوقۇتۇۋەر، بر بلەن ئشڭ بولمسۇن.

دۆيشەن ئرغىپ ئورندن تۇرۇپ كەتتى:

— بۇ گەپنى ئويلاپ قلىۋاتامسز؟ خوش، يېتم بولسا نمە بوپتۇ؟ ياكى يېتملەر ئوقۇمسۇن دىگەن قانۇن بارمۇ؟

— سېنڭ قانۇن-پانۇنڭ بلەن ئشم يوق، مېنڭمۇ ئۆز ئالدىمغا قانۇنۇم بار، ماڭا ئاقساقاللق قلما!

— برزدە پەقەت برلا قانۇن بار. بۇ قىز سزگە كېرەك بولمسا، بزگە كېرەك. سوۋېت هاكمىيىتىگە كېرەك! بزگە قارشى چىقسڭز، ئوبدان تەربىيە بېرىپ قويىمىز!

— سەن ئۆزەڭ كمسەن، كىم سېنى باشلىق قلىپ قويدى! — دەپ ئىككى قولى بلەن بېلنى تۇتۇپ هەيۋە بلەن ۋاقرىدى يەڭگەم. — بۇنڭغا يىگۈزۈپ-ئىچكۈزۈپ يۈرگەن مەن خوجايىنلىق

قىلامدىمەن ياكى سەرگەردانىنىڭ ئوغلى سەن سەرگەردانمۇ؟!

شۇ پەيتتە بىلگىچە يالڭاچ بولۇۋالغان ئاغام ئورنىدىن چىقمىغان بولسا، بىلمىدىم، ئىشنىڭ ئاقىۋىتى نىمە بولاردىكىن. يەڭگەمنىڭ بۇ ئۆيدە ئاغامنىڭ ئەر كىشى، خوجايىن ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ، ھەر ئىشقا چېپىلىۋالىدىغانلىقىنى ئاغام ياقتۇرمايتتى. شۇنداق پەيتلەردە خوتۇنىنى ئۆلگۈدەك ئۇراتتى. بۇ قېتىممۇ ئۇنىڭ تازا زەردىسى قايىندى.

— ھەي، خوتۇن دەيمەن! — دەپ خوتۇنىنى تىللىغان پېتى ئورنىدىن سەكرەپ چىقتى، — سەن قاچاندىن بېرى بۇ ئۆينىڭ چوڭى بولۇپ قالدىڭ؟! تولا ۋالاقلىما، ئىشىڭنى قىل! ماڭ، تاشتانبېكنىڭ ئوغلى، شالتاي-پالتاي دېيىشىپ ئولتۇرما، ئېلىپ كېتىۋەر قىزنى، ئوقۇتامسەن، چوقۇتامسەن، بىلگىنىڭنى قىل! ماڭ، چىق بۇ يەردىن!

— ھە، مۇنداق دېگىن، بۇنى مەكتەپتە يايرىتىپ قويساڭ، ئۆيدىكى ئىشلارنى كىم قىلىدۇ؟ ھەممىنى يالغۇز مەنلا قىلاتتىممۇ؟ — يەڭگەم غەۋغا كۆتىرىشكە باشلىدى.

لېكىن ئاغام ۋاقىراپ ئۇنى توختاتتى:

— يۇم ئاغزىڭنى، گەپ دېگەن بىر!

ھەر يامانىنىڭ بىر ياخشىسى بار، دېگەندەك، بىرىنچى مەرتەم مەكتەپكە بېرىشىم توغرىسىدىكى ماجرا ئەنە شۇنداق بولغان ئىدى. شۇنىڭدىن بۇيان دۈيشەن ھەر كۈنى ئەتىگەندە ھويلىمۇ-ھويلا يۈرۈپ، بىزنى مەكتەپكە ئېلىپ كېتەتتى.

بىرىنچى كۈنى مەكتەپكە بارغان چېغىمىزدا ئۇ بىزنى يەرگە سېلىنغان پاخال ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر بىرىمىزگە بىردىن دەپتەر، قېرىنداش ۋە كىچىك تاختاي بەردى-دە:

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ــ تاختاينى تىزىڭلارغا قويىساڭلار خەت يېزىشقا ئاسان بولىدۇ، ــ دەپ چۈشەندۈردى.

كېيىن تامغا يېپىشتۇرۇلغان بىر ئورۇسنىڭ سۈرىتىنى كۆرسىتىپ:

ــ بۇ كىشى لېنىن! ــ دېدى.

لېنىننىڭ شۇ سۈرىتى ئۆمۈرۋايەت ئېسىمدە قالدى. كېيىن بۇ سۈرەتنى نىمىشقىدۇر ھېچ يەردە ئۇچراتمىدىم، ئۆزەمچە ئۇنى "دۈيشەنىسمان ئادەم" دەپ يۈرىمەن. لېنىن شۇ سۈرىتىدە بىرئاز چوڭ كېلىپ قالغان كىيىمدە بولۇپ، ساقال ـ بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. ياربدار قولىنى بوينىغا ئېسىۋالغان، باستۇرۇپ كىيگەن كېپكىسى ئاستىدىكى زېرەك كۆزلىرى تەمكىن ھالدا ئالغا قاراپ تۇراتتى. بۇ شەپقەتلىك، مېھرلىك كۆزلەر بىزگە: "باللار، كېلىچىگىمىزنىڭ قانداق پارلاق بولۇشىنى بىلسەڭلار ئىدى!" دەپ تۇرغاندەك ئىدى. ئاشۇ خەيرلىك دەقىقىدە، نەزىرىمدە، ئۇ راستلا كېلىچىگىمىز توغرىسىدا خىيال سۈرۈپ تۇرغاندەك تۇيۇلغان ئىدى.

دۈيشەن بۇ سۈرەتنى ئۇزاقتىن بېرى يېنىدا ساقلاپ كەلگەن بولسا كېرەك، ئۇ سۈرەت ئادەتتىكى تەشۋىقات قەغىزىگە بېسىلغان ئىكەن، كونىراپ، چەتلىرى ئاندا ـ مۇندا يىرتىلىپمۇ قېپتىكەن... مەكتىۋىمىزنىڭ تۆت تېمىدا شۇ سۈرەتتىن باشقا ھېچ نىمە يوق ئىدى.

ــ باللار، مەن سىلەرگە ھەرپ يېزىشنى، ئوقۇشنى ۋە ھىساپنى ئۆگىتىمەن، ــ دىگەن ئىدى شۇ چاغدا دۈيشەن. ــ ئۆزەم نىمىنى بىلسەم، سىلەرگىمۇ شۇلارنى ئۆگىتىمەن...

ئېيتقاندەك، دۈيشەن بىلگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئايىماستىن، سەۋر ـ تاقەت بىلەن ئۆگىتىشكە باشلىدى. ھەر بىرىمىزنىڭ يېنىمىزغا كېلىپ، قەلەم تۇتۇشنى ئۆگىتىپ بولغاندىن كېيىن، بىز ئىشتى-

مگەن گەپلەرنى زور ئشتياق بلەن چۇشەندۇرۇپ، قۇلغمزغا قۇيۇپ باردى.

يېزلغان نەرسنى ئۆزى تەسلكتە هسلاپ ئوقۇيدىغان بۇ چالا ساۋات يگتنڭ شۇنداق هەقىقى ئۇلۇغ ئشقا بەل باغلغانلغنى ئويلسام هازىرمۇ هەيران قالمەن، ئاخر ئۇنڭ قولىدا بىرەر دەرسلك، هەتتا ئاددى ئېلپبەمۇ يوق ئدى-دە! ئاتا-بوۋىلرى، يەتتە پۇشتى ساۋاتسز ئۆتۈپ كەلگەن بالىلارنى ئوقۇتۇش ئاسان گەپمۇ! تەبئكى، دۇيشەننڭ نە ئوقۇتۇش پىروگرامىمىسدىن، نە ئوقۇتۇش ئۇسۇلىدىن خەۋرى بولسا. دۇنيادا بۇنداق نەرسلەرنڭ بارلغنى بلمەيتتى ئۇ.

دۇيشەن بزنى بلگنچە، قولدىن كەلگنچە ئوقۇتتى، ئۆزى لازىملق دەپ هساپلىغان نەرسنى ئوقۇتۇۋەردى. ئۇنڭ ساپ كۆڭلدىن چىققان غەيرەت-شجائتى بهۇدە كەتمىدى، بۇنڭغا ئشەنچم كامل.

ئۇ غايەت زور خزمەت كۆرسەتتى، لېكن بۇ خزمتدىن ئۇنڭ ئۆزى خەۋەرسز ئدى. هە، بۇ غايەت زور تۆهپە ئدى. نىمشقا دىگەندە شۇ زامانلاردا ئايلدىن باشقا جاينى كۆرمىگەن قرغز بالىلرنڭ كۆز ئالدىدا، ئەگەر يېرىق-تۆشۈكلەردىن قارلىق تاغ چوققىلرى كۆرۈنۈپ تۇردىغان شۇ ئۆينى مەكتەپ دەپ ئاتاش مۇمكن بولسا، شۇ مەكتەپتە تۇساتتىن قۇلاق ئشتمگەن، مسلى كۆرۈلمگەن يېڭى دۇنيا نامايان بولدى.

لېنن ياشاپ تۇرغان موسكۋا شەهرى ئەۋلىيا ئاتىدىن، هەتتا تاشكەنتتنمۇ بىرنەچچە هەسسە كاتتلغنى، دۇنيادا تالاس ۋادىسدەك كېلىدىغان چوڭ-چوڭ دېڭزلەرنڭ بارلغنى، بۇ دېڭزلەردە

www.uyghurkitap.com

تاغدەك ـ تاغدەك پاراخوتلار ئۇزۇپ يۈرىدىغانلىقىنى بىز ئەنە شۇ يەردە بىلگەن ئىدۇق. بىلىسەك، بازاردا سېتىلىدىغان كىرسىنلەرمۇ يەر ئاستىدىن قېزىپ چىقىرىلىدىكەن. خەلق بېيىپ، تۇرمۇشىمىز ياخشى-لانغاندا مەكتۈۋىمىز دەرىزىلىرى چوڭ، ئاپپاق بىنادا بولىدىغانلىقىغا، باللارنىڭ پارتىلاردا ئولتۇرۇپ ئوقۇيدىغان بولىدىغانلىقىغا بىز ئەنە شۇ چاغدىلا ئىشەنگەن ئىدۇق.

ئانچە ـ مۇنچە ھەرپ تونۇغاندىن كېيىن، "ئاتا"، "ئانا"نى يېزىشنى بىلمىسەكمۇ، بىرىنچى بولۇپ يازغان سۆزىمىز "لېنىن" بولدى. بىزنىڭ سىياسى ئېلىپبەمىز "باي"، "كەمبەغەل"، "سوۋېت" دىگەن سۆزلەر ئىدى. دۇيشەن "ئىنقلاپ" دىگەن سۆزنى بىر يىلدىن كېيىن ئۆگىتىمەن، دەپ ۋەدە قىلدى.

بىز، بىر تەرەپتىن، دۇيشەنىنىڭ گېپىگە قۇلاق سالاتتۇق، بىر تەرەپتىن، خىيالىمىزدا، ئۇنىڭ بىلەن بىرلىكتە ئۇرۇش مەيدانلىرىدا ئاقلار بىلەن ئۇرۇش قىلغاندەك بولاتتۇق. لېنىن توغرىسىدا دۇيشەن خۇددى ئۇنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدەك ھاياجانلىنىپ گەپ قىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنىڭ تولىسى، ئەلۋەتتە، ئۇلۇغ داھى ھەققىدە خەلق ئاغزىدا داستان بولۇپ يۈرگەن رىۋايەتلەر ئىدى. بۇنىڭغا ھازىر ئەقلىم يېتىپ تۇرۇپتۇ، لېكىن بۇلار شۇ زامانلاردا دۇيشەنىنىڭ شاگىرتلىرى بولغان بىزلەر ئۈچۈن كۈندەك روشەن ھەقىقەتلەر ئىدى.

بىر كۈنى ئاق كۆكۈلۈلۈكلۈك بىلەن:

— مۇئەللىم، لېنىن بىلەن قول ئېلىشىپ كۆرۈشكەنمۇسىز؟ — دەپ سورىغان ئىدۇق، مۇئەللىمىمىز بىر خىل بولۇپ باش چايقىدى: دە:

— ياق، باللار، لېنىن بىلەن يۈز كۆرۈشۈش نېسىپ بولغان ئەمەس، — دەپ بىزنىڭ ئالدىمىزدا خىجالەت بولغاندەك خۇرسىنىپ قويدى.

ھەر ئاينىڭ ئاخىرىدا دۇيشەن ئىش بىلەن يېزىغا پىيادە كېتەتتى ۋە ئىككى-ئۈچ كۈن ئىچىدە قايتىپ كېلەتتى.

شۇنداق كۈنلەردە بىز ئۇنى تولىمۇ سېغىنىپ كېتەتتۇق. بىر تۇققان ئاكامنى كۈتكەندەك، يەڭگەمگە سەزدۈرمەي، تېز-تېز ئارقا ھويلىغا چىقىپ، يايلاقتا ۋە يولغا قاراپ، مۇئەللىمنىڭ خورجۇن كۆتەرگەن قارىسى كۆرۈنەرمىكىن، يۈرىگىمنى ئىللىتقۇچى تەبەسسۇمىنى قاچان كۆرەرمەن، مەرىپەتلىك سۆزلىرىنى قاچان ئاڭلارمەن، دەپ يولغا ئىنتىزار بولۇپ قارايتتىم.

دۇيشەننىڭ شاگىرتلىرى ئىچىدە ھەممىدىن چوڭى مەن ئىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئوقۇشتا باشقىلاردىن ياخشىراق ئىدىم، لېكىن، نەزىرىمدە، باشقا سەۋەبىمۇ يوق ئەمەس ئىدى. مۇئەللىمنىڭ ھەر بىر سۆزى، كۆرسەتكەن ھەر بىر ھەرپى مەن ئۈچۈن تەۋەررۈك ئىدى، مۇئەللىمگە ئىخلاسىم زور ئىدى. شۇ سەۋەپتىن، مېنىڭ ئۈچۈن، دۇنيادا دۇيشەن ئەپەندىم ئۆگەتكەن نەرسىنى بىلىۋېلىشتىنمۇ مۇھىم نەرسە يوق ئىدى. ئۇنىڭ بەرگەن دەپتەرلىرىنى ئاياپ-ئاۋايلاپ تۇتاتتىم، شۇنىڭ ئۈچۈن ئوغاقنىڭ ئۇچى بىلەن يەرگە، كۆمۈر بىلەن ئوچاق بېشىغا، چىۋىق بىلەن قارغا ۋە چاڭ-توزاڭ كۆتىرىلىپ تۇرغان يولغا ھەرپ ۋە سۆزلەرنى يېزىپ ئۆگىنەتتىم. يەنە كېلىپ دۇنيادا مېنىڭ ئۈچۈن دۇيشەندىنمۇ بىلىملىك، دۇيشەندىنمۇ ئەقىللىق كىشى يوق ئىدى.

قىش كىرىپ قالدى.

بىرىنچى قار چۈشكەنچە، دۆڭنىڭ ئېتىگىدە شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان ئېرىقتىن قول تۇتۇشۇپ كېچىپ ئۆتۈپ يۇردۇق. كېيىن ئېرىقنىڭ سۈيى خۇددى پۈتنى كەسكەندەك ئاغرىتىدىغان دەرىجىدە مۇزلاپ، كىچىككىنە باللارنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش تۆكۈلىدىغان دەرىجىگە يەتتى. ئەمدى باللارنى كۆتىرىپ ئۆتكۈزۈشكە توغرا كەلدى. دۈيشەن بىرىسىنى يەلكىسىگە مىندۈرۈپ، ئىككىنچىسىنى قولىدا كۆتىرىپ ئېرىقتىن ئۆتكۈزەتتى.

شۇلارنى ھازىر ئويلاپ، كۆرگەن كۆزۈمگىمۇ ئىشەنگىم كەلمەي قالدى. ئادەملەر شۇ ۋاقىتتا نادانلىقىدىنمۇ ياكى ئەقلى كالتىلىق قىلغانلىقىدىنمۇ، ئەيتاۋۇر، دۈيشەننى زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشەتتى. بولۇپمۇ تاغدا قىشلايدىغان، پەقەت ئۈن تارتىش ئۈچۈنلا كېلىدىغان بايلار تېخىمۇ بەكرەك زاڭلىق قىلىپ كۈلۈشەتتى. ئۈچىسىغا قوي تېرىسىدىن كېلىشكەن جۇۋا، بېشىغا سۆسەر قۇلاقچا كىيىپ، ئاستىدا سېمىز ئاتلىرىنى ئويىنىتىپ، كېچىك يېنىدا بىزگە دۈچكەلگەن ۋاقىتلىرىدا ئۇلار دۈيشەننى مەسخىرە قىلىشاتتى. ئۇلاردىن بىرى ئالدىدا كېتىۋاتقان ھەمراھلىرىدىن بىرىنى قامچىسى بىلەن تۇرتۇپ قويۇپ:

— قارىغىنا، بىرىنى ھاپاش قىلىۋاپتۇ، بىرىنى كۆتىرىۋاپتۇ! — دەپ كۈلۈپ كېتەتتى.

ئىككىنچى بىرى بولسا پۇشقۇرۇپ تۇرغان ئېتىغا ۋاقىراپ تۇرۇپ:

— ھىم، ئىزا تارتقىنىمدىن ئۆلەي دىدىم-دە، بۇنداق ئەمگەكچانلىقىنى بىلگەن بولسام، كىچىك خوتۇنلۇققا ئالاتتىكەنمەن، — دەپ قوشۇپ قوياتتى.

شۇنداق قىلىپ ئۇلار قەستەن لاي چاچرىتىشىپ، قاقاقلاپ

كۆلۈشۈپ ئۆتۈپ كېتىشەتتى.
شۇنداق چاغلاردا بۇ ئادانلارغا غەزىۋىم قايناپ، كۆچۈم يەتسە ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىدىن تۇتۇپ: «مۇئەللىمىمىزنى زاڭلىق قىلىشما! ئۇياتسىز، ئەخمەقلەر!» دەپ يۈزلىرىگە تۈكۈرگۈم كېلەتتى.
بىراق، نارەسىدە قىزنىڭ گېپىگە كىم قۇلاق سالاتتى دەيسىز. ئاچچىق-ئاچچىق كۆز يېشىمنى ئىچىمگە يۇتۇپ قېلىۋېرەتتىم. دۈيشەن بولسا بۇنداق ھاقارەتنى ئاڭلىمىغاندەك، بۇنداق سېسىق گەپلەرگە پەرۋامۇ قىلىپ قويمايتتى. ئەكسىچە بىرەر قىزىق گەپ ياكى چاخچاق بىلەن بىزنى كۈلدۈرۈپ كېتىۋېرەتتى.
كۆۋرۈك سېلىشقا ياغاچ تېپىش ئۈچۈن دۈيشەن ھەرقانچە ھەركەت قىلسىمۇ بولمىدى. بىر كۈنى بىز مەكتەپتىن چىقتۇق، باللارنى ئۆتكۈزۈۋېتىپ، دۈيشەن بىلەن ئېرىق بويىدا قېلىپ قالدىم. ئۆتۈش ئۈچۈن بىز تاش ۋە چىمدىن يول سالماقچى بولدۇق.
راستىنى ئېيتقاندا، ئايلىدىكىلەرنىڭ ئۆزلىرى ئىنساپ قىلسا، شۇ يەرگە ئىككى-ئۈچتىن تاش ئېپكېلىپ تاشلىسا، كۆۋرۈك پۈتۈپ قالاتتى، لېكىن ئۇ زامانلاردا ئوقۇشنىڭ مەنىسىگە ئەقلى يەتمىگەن خالايىق دۈيشەننى ئانچىكى بىر بىكارچى ئەپەندى دەپ بىلىشەتتى. چىدىساڭ ئوقۇت، چىدىمساڭ باللارنى ئۆيلىرىگە قايتۇرۇۋەت-تە، بىزنى تېچ قوي، دىگەندەك، ئات كېچىپ ئۆتىدىغان يەرگە كۆۋرۈك سېلىپ ئۆگەنمىگەن ئادەملەرنىڭ بىزنىڭ مۇشكۈلىمىزنى ئاسان قىلىش ئۇخلاپ چۈشىگىمۇ كىرمەيتتى! لېكىن، مەيلى قانداق بولمىسۇن، بىزنىڭ يۇرتداشلىرىمىز بىر ئويلاپ كۆرسە بولاتتى: نىمە ئۈچۈن باشقىلاردىن ئارتۇق بولسا ئارتۇقكى، لېكىن كەم يېرى

بولمىغان، ئەقلى-ھوشى جايىدا بۇ نەۋقىران يىگىتنىڭ شۇنچە ئازاپ-ئوقۇبەت، خورلۇقلارغا قارىماي، تىرىشىپ-تىرمىشىپ ئۇلارنىڭ بالىلىرىنى ئوقۇتۇپ، ئۇلارغا قولىدىن كېلىشىچە ئىلىم بېرىۋاتقانلىقىنىڭ سەۋەبى نېمە ئىدى؟

بىز شۇ كۈنى ئېرىقتا تاش سىلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا بىرىنچى قار چۈشكەن ئىدى. سۆڭەك-سۆڭەكتىن ئۆتۈپ پۇت-قوللىرىمىزنى قاخشاتقان مۇزدەك سۇدا دۈيشەننىڭ يالىڭاياق بولۇۋېلىپ، چوڭ-چوڭ تاشلارنى كۆتىرىپ يۈرگىنىگە تېخىچە ئەقلىم يەتمەيدۇ. ئېرىقنىڭ ئوتتۇرىسىدا زورغا قەدەم تاشلاپ كېتىۋاتىمەن، ئېرىقنىڭ ئىچىدە قىپ-قىزىل چوقتا دەسسەپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتىم. بىر كەمدە پاچىقىمنىڭ مۇسكۇلى تارتىشىپ چىدىماي كەتتىم، نومۇس كۈچىدىن يا ۋاقىراشنى بىلمەي، يا قەددىمنى رۇسلىيالماي ئاستا سۇغا يىقىلىشقا باشلىدىم. دۈيشەن دەرھال قولىدىكى تاشنى تاشلاپ، يۈگۈرۈپ كېلىپ مېنى كۆتىرىۋالدى-دە، ئېرىق بويىغا ئېپكېلىپ، شىنېلىغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۇ بىر دەم كۆككە قاراپ، كۈيۈشۈپ قالغان پۇتۇمنى ئۇۋۇلايتتى، بىر دەم مۇزلاپ قېتىپ كەتكەن قولۇمنى ئالقىنى بىلەن ئۇۋۇلاپ، ئاغزىغا يېقىن ئېپكېلىپ ئىسسىتىش ئۈچۈن توختىماي ھوداپتتى.

— بولدى. ئالتۇناي، مەشەدە ئولتۇرۇپ ئىسسىنىۋال، — دىدى ئۇ دۇدۇقلاپ، — مەن ئۆزەم پۈتتۈرىمەن...

تاش تۆكۈلۈپ يول پۈتكەندىن كېيىن دۈيشەن ئۆتۈكىنى كىيىپ ئولتۇرۇپ، تىترەك ئولىشىپ كەتكەن ماڭا قاراپ كۈلۈمسىرىدى، بۇ چاغدا مېنىڭ چاچلىرىم پاخپايغان ئىدى، سوغاقتا دىرىلداپ تىترەيتتىم.

— ئىسسىپ قالدىڭمۇ، قىزچاق؟ شىنېلنى يېپىنىۋال، ھەببەللى! — دېدى ئۇ ۋە بىرئازدىن كېيىن، — ئاشۇ چاغدا بۇ يەرگە تىزەك قالدۇرۇپ كەتكەن سەنمىدىڭ، ئالتۇناي؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، — دېدىم مەن.

دۈيشەن ئۆزى بىلەن ئۆزى گەپلەشكەندەك: «ئۆزەممۇ شۇنداق دەپ ئويلىۋىدىم» دېگەندەك مىيىغىدا كۈلۈپ قويدى.

تېخىچە ئېسىمدە، شۇ چاغدا ئىككى يۈزۈم ئوتتەك قىزىپ كەتكەن ئىدى: بۇ ئەرزىمىگەن نەرسىنى مۇئەللىمىم بىلگەن ۋە ئېسىدە ساقلاپ يۈرگەن ئىكەن ـ دە! ئۆزەمنى بەختىيار ھىس قىلدىم، بېشىم ئاسمانغا تاقاشقاندەك بولدى، دۈيشەننىمۇ خوشال بولغىنىمنى بىلدى.

— سادىغاڭ كېتەي، سۆپ ـ سۆزۈك بولسىغىم، — دېدى ئۇ مېنى ئەركىلىتىپ، — شۇنداق دانا قىزسەنكى،... قولۇمدىن كەلسە، سېنى چوڭ شەھەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتسام. قالتىس ئادەم بولۇپ يېتىشەر ئىدىڭ ـ دە!

شۇنداق دېدى ـ دە، دۈيشەن شارتتىدا بۇرۇلۇپ ئېرىق بويىغا باردى.

تاشلار ئۈستىدىن شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان كۆپ ـ كۆك سۇ لېۋىدە ئىككى ئالقىنىنى بېشىنىڭ ئارقىسىغا قويۇپ، كۆكرەك كېرىپ، تاغ ئۈستىدە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاق بۇلۇتلارغا ئۆتكۈر كۆزلىرى بىلەن تىكىلىپ، خىيال سۈرۈپ تۇرغانلىغى تېخىچە كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ.

شۇ چاغدا ئۇ نىمىلەرنى ئويلىغاندۇ؟ خىيالىدا مېنى راستلا چوڭ شەھەرگە ئوقۇشقا ئۇزىتىۋاتامدىكىن؟ مەن بولسام دۈيشەننىڭ شىنېلىغا يۆگىنىۋېلىپ: «ئاھ، دۈيشەن مۇئەللىم مېنىڭ بىر تۇققان

www.uyghurkitap.com

ئاكام بولۇپ قالغان بولسا، بوينىغا ئېسىلىپ ئەركىلەپ قاتتىق-قاتتىق قۇچاقلىسام، كۆزۈمنى يۇمۇۋېلىپ، دۇنيادا بارلىقى شىرىن-شىرىن گەپلەرنى شىۋىرلاپ قۇلىغىغا دىسەم! ئېخ، خۇدايىم، ئۇنى ماڭا بىر تۇققان ئاكا قىلىپ قويساڭ نىمە بولاتتى!“ دەپ تىلىگەن ئىدىم.

شۇ چاغدا بىز مۇئەللىممىزنى ئادەمگەرچىلىگى، ئاق نىيەتلىكلىگى ئۈچۈنمۇ، بىزنىڭ كېلىچىگىمىز توغرىسىدا باش قاتۇرغانلىغى ئۈچۈنمۇ مېھىر قويۇپ، ئىززەت-ھۆرمىتىنى قىلغان بولساق كېرەك. بىزلەر گۇدەك باللار بولساقمۇ، ئويۇمىدا، شۇ ۋاقىتتىلا شۇ ئىشلارغا ئەقلىمىز يېتىپ تۇراتتى. بولمىسا، تىزىمىزغا كەلگۇدەك سۇ كېچىپ، شامالدا نەپىسىمىز بوغۇلۇپ، قارغا كۆمۈلۈپ، شۇنچە ئۇزاق جايغا — دۆڭگە ھەر كۈنى قاتناپ يۈرۈپ ئوقۇشقا بېرىشقا بىزنى كىم مەجبۇر قىلاتتى دەيسىز. مەكتەپكە ئۆز ئىختىيارىمىز بىلەن ھەۋەس قىلىپ باراتتۇق. ئوقۇشۇڭلارغا بارساڭلارچۇ، دەپ ھېچكىم بىزنى ھەيدىمەيتتى. بۇ مۇز ئېغىلدا يۈز-كۆزلىرىمىزنى قىرو بېسىپ، پۇت-قوللىرىمىز سوغدا مۇزلاپ قالسىمۇ چىداپ ئولتۇراتتۇق. پەقەت مەشنىڭ يېنىغا نۆۋەتلىشىپ كېلىپ ئىسسىنىۋالاتتۇق، قالغانلىرىمىز ئۆز ئورنىمىزدا ئولتۇرۇپ، دۈيشەننىڭ دەرسلىرىگە قۇلاق سېلىپ، ئوقۇش بىلەن مەشغۇل بولاتتۇق.

مانا شۇنداق قەھرىتان قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، ئەمدى ئويلىسام بىرىنچى ئاينىڭ ئاخىرلىرى بولسا كېرەك، دۈيشەن ئۆيىمۇ-ئۆي كىرىپ بىزلەرنى يىغدى-دە، مەكتەپكە باشلاپ كەتتى. ئۇ ئۇنچىقماي ماڭماقتا، قاپاقلىرى بۇركۈت قانتىدەك يىغىلغان، رەڭگى ئۆچكەن، يۈزى خۇددى قارا چۆيۈندە قۇيۇلغاندەك ئىدى. بىز

مۇئەللىمىمىزنى ھېچقاچان مۇنداق ھالەتتە كۆرمىگەن ئىدۇق. ئۇنىڭ ئەلپازىغا قاراپ بىزمۇ جىم ماڭدۇق: بىرەر كۆڭۈلسىز ھال يۈز بەرگەنلىكىنى سېزىپ تۇراتتۇق.

ئادەتتە، يولدا قار دۆۋىلىرىگە دۇچكەلگەندە دۇيشەن دائىم ئاۋال ئۆزى يول ئېچىپ ماڭاتتى، ئۇنىڭ كەينىدىن مەن ماڭاتتىم، باشقا باللار مېنىڭ كەينىمدىن ماڭاتتى. بۇ قېتىممۇ دۆڭگە چىقىپ كېتىپ بارىمىز، كېچىسى قار دۆۋىلىنىپ قالغان ئىكەن، دۇيشەن يول ئاچقىلى ئالدىغا ئۆتۈپ كەتتى. بەزىدە ئادەمنىڭ ئارقىسىدىنمۇ ئۇنىڭ ئەلپازىنى، كۆڭلىدىن نىمە گەپلەر ئۆتۈۋاتقانلىقىنى دەرھال سېزىۋالغىلى بولىدۇ. شۇ چاغدىمۇ مۇئەللىمىمىزنىڭ بېشىغا ئېغىر مۇسىبەت چۈشكەنلىكى سېزىلىپ تۇراتتى. نىمىشقا دىگەندە، ئۇ بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېتىپ باراتتى. كۆز ئالدىمدا گاھى قارا، گاھى ئاق دەھشەت سېلىپ تۇرغانلىقى تېخىچە ئېسىمدە: بىز غازدەك تىزىلىپ دۆڭگە چىقىپ كېتىۋاتقىنىمىزدا، قارا شىنېل ئاستىدىن دۇيشەننىڭ مۈكچەيگەن قەددى كۆزگە كۆرۈندى، ئۇنىڭدىن يۇقۇرىسىدا ئاپپاق قار دۆۋىلىرى تۆگە ئوركەشىدەك كۆرۈنۈپ تۇراتتى، شامال قار دۆۋىلىرىنىڭ ئۈستىنى ئۇچۇرۇپ تۇراتتى، ئۇنىڭدىنمۇ يۇقۇرىسىدىراق — سۈتتەك ئاپپاق ئاسماندا بىر قارا بۇلۇت قارا داغدەك كۆزگە چېلىقىپ تۇراتتى.

مەكتەپكە يېتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا دۇيشەن مەشكە ئوتمۇ قالمىدى.

— ھەممىڭلار ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلار، — بۇيرۇدى ئۇ.

ھەممىمىز ئورنىمىزدىن تۇردۇق.

— باش كىيىمىڭلارنى ئېلىڭلار.

www.uyghurkitap.com

بىز ھەممىمىز ئىتائەتمەنلىك بىلەن باش كىيىملىرىمىزنى قولىمىزغا ئالدۇق، ئۇ ئۆزىمۇ ھەربى سەپتىن كىيىپ كەلگەن قولاقچىسىنى ئالدى. بۇنىڭ سەۋىۋىگە ئەقلىمىز يەتمەي تۇرىۋەردۇق. كېيىن مۇئەللىمىمىز بوغۇلغان ئاۋازى بىلەن ئۇزۇپ-ئۇزۇپ گەپ باشلىدى:

— لېنىن ئالەمدىن ئۆتتى. ھازىر پۈتۈن دۇنيادىكى ئادەملەر مانەمدە، سىلەرمۇ ئۆز ئورنۇڭلاردا تۇرۇپ، مانا بۇ سۈرەتكە قاراپ ماتەم تۇتۇڭلار. بۈگۈنكى كۈن ئۆمۈرۋايەت ئېسىڭلاردا قالسۇن.

مەكتۇۋىمىزنىڭ ئىچى خۇددى قارنىڭ ئاستىدا قالغاندەك جىمجىت بولۇپ قالدى. ئىشىك-دەرىزىدىن شامالنىڭ ۋىژىلدىشى، شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن قارنىڭ شىرلاپ پاخال ئۈستىگە چۈشۈشى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

ۋاراڭ-چۇرۇڭ قاپلىغان چوڭ-كىچىك شەھەرلەر جىمىپ، يەرۇ-كۆكنى لەرزىگە كەلتۈرۈپ تۇرغان زاۋۇتلار سۈكۈتكە چۆمگەن، گۈمبۈرلەپ دالا-دەشتلەرنى ياڭرىتىپ تۇرغان پويىزلار كەلگەن يېرىدە توختاپ، پۈتۈن دۇنيا ماتەم لىباسىغا پۈركىنىپ تۇرغان پەيتتە — مانا شۇ ماتەم سائىتىدە، كىچىك ئوقۇغۇچىلاردىن بولغان بىز، دۈيشەننىڭ شاگىرتلىرى، مەكتەپ دەپ ئاتالغان، ھېچكىم بىلمەيدىغان بۇ مۆزدەك ئېغىلدا مۇئەللىمىمىز بىلەن يانمۇ-يان غەمكىن قىياپەتتە سەپ تارتىپ تۇردۇق. لېنىن ئۈچۈن ھەممىدىن كۆپرەك كۆيۈپ-پىشقان، ئەڭ يېقىن بولغان كىشىلەردەك ۋىدالاشتۇق. لېنىن بوۋىمىز بولسا كەگرەك كىيىپ قالغان ئاشۇ ھەربى كىيىمدە، يارىدار بولغان قولى بوينىغا ئېسىلغان ھالدا ئاۋالقىدەكلا تامغا ئېسىلغان يېرىدە روشەن، مۇلايىم كۆزى بىلەن بىزگە قاراپ:

"بالىلار، كېلەچەكلەرنىڭ قانداق گۈزەل، قانداق پارلاق بولىدىغانلىقىنى بىلسەڭلار ئىدى!" دېگەندەك بولاتتى. ئاشۇ جىمجىت دەقىقىدە، نەزىرىمدە، دەرھەقىقەت ئۇ مېنىڭ كېلەچىكىمنى ئويلاپ تۇرغاندەك كۆرۈنۈپ كەتتى كۆزۈمگە.

كېيىن دۈيشەن كۆز ياشلىرىنى قولى بىلەن سۈرتتىدە:

— مەن بۈگۈن يېزىغا ماڭىمەن. كومپارتىيىگە كىرىمەن. ئۈچ كۈندىن كېيىن قايتىپ كېلىمەن، — دېدى.

مۇشۇ ئۈچ كۈن، نەزىرىمدە، تەبىئەتنىڭ ئەڭ ئاچچىق، ئەڭ قايغۇلۇق كۈنلىرى بولدى. دۇنيادىن ئۆتكەن ئۇلۇغ زاتنىڭ ئورنىنى تەبىئەتنىڭ ئاللىقانداق زور كۈچى تولدۇرماقچى بولغاندەك، دەردى-ئەلىمىنى قەھرىتان سوغاققا بېرىپ، گۈرۈلدەپ ئۇشقىرىتىپ، ئۆزىنى ئىشىك-دەرىزە ۋە تاشلارغا ئۇرۇپ تىنچىمايتتى.

بىزنىڭ ئايىل جىمجىتلىققا چۆكتى، يەسلەپ چۈشكەن بۇلۇتلار ئارىسىدا غۇۋا بولۇپ قارىسى كۆرۈنۈپ تۇرغان تاغ-تاشلار ئاستىدا جىمىپ قالدى. بوران-چاپقۇندا قىڭغىيىپ قالغان مورىلاردىن ئۈزۈن-ئۈزۈن تۈتۈن چىقىپ تۇراتتى. ئادەملەر ئۆيدىن چىقماي جىمىپ قېلىشتى. ئەتراپتا بۆرىلەر ھۇۋلاپ قېلىشاتتى. كۈپ-كۈندۈزلىرىمۇ بۆرىلەر قۇتراپ، چوڭ يوللاردا ھۇرۇشۇپ يۈرىدىغان بولۇپ قېلىشتى. كېچىلىرى ئايىلغا يېقىن كېلىپ، چىشلەپ تارتقۇلايدىغان ھېچنىمە تاپالماي، تاڭ ئاتقىچە ھۇۋلاپ چىپىشىپ يۈرۈشىدىغان بولۇپ قېلىشتى.

مۇئەللىمىمىزدىن نېمىگىدۇر بىردىنلا خاۋاتىرلىنىشقا باشلىدىم. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا شىنېلدىن باشقا جۇۋا يوق ئىدى، مۇشۇنداق سوغاقتا ئۇ قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ دەپ ئەنسىرەيتتىم. دۈيشەن كېلىدىغان كۈنى كۆڭلۈم غەشلىكتە ئۆتتى، ئۆزەمنى قويغۇدەك يەر

تاپالماي قالدىم. بىر دەم-بىر دەم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ، قارىسى كۆرۈنەرمىكىن دەپ كۆزۈم تۆت بولۇپ تۇردى. جىمجىت، ئاپپاق قارغا پۈركەنگەن دالىدا، ئادەمزات كۆرۈنمەيدىغان يايلاقتا ئادەم تۇرماق ئادەمنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمەيتتى.

"كەچكە قالماي ئەتىگەنرەك كېلىپ قالسىدى! سادىغاڭ كېتەي مۇئەللىم، بىز سىزنى تولا كۈتۈپ كەتتۇق، ئاڭلىدىڭىزمۇ؟ بەكمۇ كۈتۈپ كەتتۇق!"

لېكىن ئۇنىسىز خىتاۋىمىغا دالىدىن ھېچبىر جاۋاپ بولمىغاندىن كېيىن، يەڭگەمگە چاندۇرماي تۇرۇپ يىغلاپمۇ ئالدىم.

ھە دەپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ-كىرىپ تۇرۇشۇم يەڭگەمنىڭ جېنىغا تېگىپ كەتكەندىن كېيىن:

— ھەي شۇم، ئىشىكنى تېچ قويامسەن، يوق؟ ماڭ يوگۇر، ئۆيگە كىرىپ يېپىڭنى ئىگىرىپ جىم ئولتۇر. باللارنىمۇ تازا مۇزلىتىۋەتتىڭ، ئۆلگۇر. ئەمدى ئۆيدىن چىقىپ باققىنا قېنى! — دەپ قولى بىلەن ھەيۋە قىلىپ، مېنى ئۆيدىن چىقارماي ئولتۇرغۇزۇپ قويىدى.

قاش قارىيىپ قالدى، مۇئەللىمىمىزنىڭ كەلگەن-كەلمىگەنلىكىدىن بىخەۋەر ئولتۇراتتىم. يۈرىكىم ئەنسىز تىپىچەكلەيتتى. بىر دەم-بىر دەم ئۆزەمگە ئۆزەم تەسەللى بېرەمەن: دۆيشەن ئايىلغا قايتىپ كەلگەن بولسا كېرەك، قايتىپ كېلەمەن دىگەن كۈنى قايتىپ كەلمىگەن ئىش بولۇپ باقمىغانغۇ بۇ كەمگىچە. بىر دەم يەنە ئەنسىرەشكە باشلايمەن: بىتاپ بولۇپ قالغان بولسا، مادارى كېتىپ، زورغا قەدەم تاشلاپ كېلىۋاتقاندۇر، بوراندا قېلىپ، يولدىن ئېزىپ كەتسە قانداق قىلارمەن. يىپ ئىگىرمەكچى بولسەمۇ، قولۇم تىترەپ، يىپ ھېلىدىن-ھېلىغا ئۈزۈلۈپ تۇراتتى، بۇنى كۆرگەن يەڭگەمنىڭ ئوغىسى



www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

قايىنايتتى:

— ساڭا نىمە بالا بولدى؟ ياغاچ بولۇپ قالغانمۇ نىمە قولۇڭ! — دەپ ھومىيىپ، ھامان ماڭا لەنەتلىك كۆزى بىلەن قارايتتى. بارا-بارا چىدىيالماي قالدى، — ھەي ئۆلۈم كۆرمىگەن، تۇر ئورنىڭدىن، سايىقال بۇۋىنىڭ تاغىرىنى ئىپپىرىپ بەر، — دىدى.

خوشاللىغىمدىن ئورنۇمدىن ئىرغىپ، تۇرۇپ كىتىپتىمەن. دۆيشەن ئاشۇ سايىقال بۇۋىنىڭ ئۆيىدە تۇراتتى-دە. سايىقال بۇۋى بىلەن قارتاڭباي بوۋامنىڭ ماڭا يىراقراق تۇققانچىلىغى بار ئىدى. ئىلگىرى ئۇلارنىڭكىگە بارغىنىمدا، بەزىدە قونۇپمۇ قالاتتىم. يەڭگەمنىڭ ئىسىگە شۇ نەرسە كەلدىمۇ، يا خۇدانىڭ ماڭا رەھمى كەلدىمۇ، ئىش قىلىپ، تاغارنى قولۇمغا ئىلىپ تۇرغىنىمدا يەڭگەم يەنە:

— تولىمۇ جىنىمغا تىگىپ كەتتىڭ، ماڭ شۇ ياققا! ماقۇل كۆرۈش-سە، سايىقالنىڭكىدە قونۇپ قال، يوقال كۆزۈمدىن...، — دەپ قوشۇپ قويدى.

يۈگۈرۈپ ھويلىغا چىقتىم، شامال باخشى ۋاقىرىغاندەك تۇرۇپ پەسلەيتتى، تۇرۇپ قاتتىق گۈكىرەپ، مۇزدەك قارنى لاۋىلداپ يىنىپ تۇرغان يۈزلىرىمگە ئۇراتتى. تاغارنى قولتۇغۇمغا قىسىۋىلىپ، يىڭىلا دەسسەلگەن ئات تۇۋاقلىرى ئىزى بىلەن ئايىلنىڭ نىرىقى چىتىگە قاراپ غۇيۇلداپ چىپىپ كەتتىم. كاللامدا بىرلا خىيال: "كەلگەنمىكىن، مۇئەللىم كەلگەنمىكىن؟"

ھەسرەپ-ھۆمدەپ يىتىپ باردىم، قارىسام، ئۇ يوق ئىكەن. ئىشىك ئالدىدا نەپىسىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قاراپ تۇرۇپ قالغانلىغىمنى كۆرۈپ سايىقال بۇۋى قورقۇپ كەتتى:

— ساڭا نىمە بولدى؟ نىمانچىلا يۈگۈردۈڭ، تىچلىقمۇ ئۇلار؟

— ھە، تېچلىق. مانا، تاغىرىڭىزنى ئېپكېلىۋېدىم. مەشەدە يېتىپ قالسام مەيلىمۇ؟

— ھە، بالام، يېتىپ قال، چىراغىم... ئۇھ، ساراڭ قىز! يۈرىكىم قېپىدىن چىقىپ كېتەي دەپ قالدى دىسە! ئۆزەڭمۇ كۆزدىن بېرى قاراڭنى كۆرسەتمەي قويدۇڭ. كەل، ئوتقا يېقىن كېلىپ ئولتۇر، ئىسسىنىۋال.

— قازانغا گۆش سال، كەمپىر، قىزىمنى مېھمان قىل. دۆيشەن-نىڭمۇ كېلىدىغان ۋاقتى بولۇپ قالدى.— دەرىزە يېنىدا كونا پىمىسىنى ياماپ ئولتۇرغان قارتاڭباينىڭ ئاۋازى چىقتى.— ئالىقاچان كېلىشى كېرەك ئىدى، ھە، مەيلى، قاراڭغۇ چۈشكىچە كېلىپ قالار. ئۆيگە قايتاشىدا ئاتنىڭ قەدىمىمۇ ئىلدامىلىشىپ قالىدۇ.

بارا-بارا دەرىزىلەر قاراڭغۇلىشىپ، تۈنىمۇ يېتىپ كەلدى. يۈرىكىم پايلاقچىلىق قىلىپ تۇرغاندەك، ئىتلار قاۋىشىپ كەتكەندە، يا قۇلىقىمغا ئادەم تاۋۇشى ئىشىتىلگەندە بىر چۆچۈپ كېتەتتىم. لېكىن دۆيشەندىن دېرەك يوق. ھېلىمۇ ياخشى، سايقال بوۋى بىر مەھەل-لىگىچە ئۇ يەردىن-بۇ يەردىن گەپ قىلىپ، ۋاقىتنىڭ ئۆتكەنلىگىنىمۇ بىلمەي قالدۇق. ئەنە كېلەر-مانا كېلەر، دەپ كۈتۈپ ئولتۇرىۋېرىپ-تىمىز، قارىساق، يېرىم كېچىدىن ئېشىپ كېتىپتۇ، كۈتە-كۈتە ھارغاندىن كېيىن، قارتاڭباي بوۋام:

— قوي ئەمدى، كەمپىر، ئورۇن سال، ياتايلى. بۈگۈن كەلمەيدۇ ئەمدى. كەچ بولۇپ كەتتى. باشلىقلارنىڭ نىمىسى كۆپ دىسەڭ، ئىشى كۆپ بولىدۇ، بىرەر ئىش بىلەن مەلىكە بولۇپ قالغان بولسا كېرەك، بولمىسا ئالىقاچان كېلىپ بولار ئىدى.— دىدى-دە، يېشىنىپ، ئورنىغا كىرىپ يېتىشقا تەييارلاندى.

ماڭا مەشىنىڭ ئارقىسىغا، بىر بۇلۇڭغا ئورۇن سېلىپ بەردى. كۆزۈمگە هېچ ئۇيقۇ كەلمىدى، بوۋاينىڭ يۆتىلى تۇتۇپ، ئۇ يان-بۇ يان ئۆرۈلۈپ، شىۋىرلاپ ئايەت ئوقۇپ ياتتى-دە، بىر مەھەلدىن كېيىن ئەنسىرىگەن ئادەمدەك:

— تاي قانداقراقكىن؟ خەق بىكاردىن-بىكارغا بىر تۇتام ئوت-چۆپ بەرمەيدۇ، سۇلۇنى بولسا پۇلغىمۇ سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، — دەپ غۇدۇڭشىپ قويدى.

قارتاڭباي بوۋام بىرئازدىن كېيىن ئۇخلاپ قالدى. شامالنىڭ ئۇشقۇرتىپ ۋىژىلدىشى كىشىنى تېچ قويمىدى. شامال خۇددى تامدا پايپاسلاپ يۈرگەندەك غۇدۇر-بۇدۇر پەنجىلىرى بىلەن ئۆينىڭ ئۆگزىسىنى سىلىغاندەك قىلىپ، ئەينەكنى چوقىلايتتى. هويلىدا شامال تامغا كېلىپ ئۆزىنى ئۇرۇۋاتقىنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

بوۋاينىڭ گېپى مېنى ئەنسىرىتىپ دەككە-دۈككىگە سېلىپ قويدى. نەزىرىمدە، دۈشەن هازىر يېتىپ كېلىدىغاندەك، تۈرقى خىيالىمدىن نېرى بولماي، كۆز ئالدىمغا كېلىپ تۇرۇۋالدى، يالغۇز ئۆزى دالىدا نىمە ئەھۋالدا قالدىكىن، دېگەن ۋەھىمە يۈرىكىمنى مۇجۇۋەردى. قانچە ئۇزاق ئۇخلىدىمكىن، ئۇشتۇمتۇت نىمىدىنىدۇر بىرنىمىدىن چوچۇپ ئويغىنىپ كەتتىم-دە، شۇ زامات ياستۇقتىن بېشىمنى كۆتەردىم. سوغاق، خۇنۈك هالدا هۇۋلىغان تاۋۇش قەيەرلەردىندۇر چىقىپ هاۋا بوشلۇغىغا تارقالدى، يەنە كېلىپ هاۋادا قەيەرلەردىدۇر توختىماي ئەكس ئېتەتتى. بۆرە ئاۋازى! يالغۇز بىرلا ئەمەس، كۆپلىگەن بۆرىلەرنىڭ ئاۋازى. بۆرىلەر تۈش-تۈشتىن هۇۋلاپ، هۇۋلىغان ئاۋاز شامالغا قوشۇلۇپ كەڭ يايلاقتا تەكرارلىناتتى، گاه نېرىدىن، گاه يېقىندىن ئاڭلىناتتى. بەزىدە خۇددى يېقىنلا بىر

يەردىن، ئايلىنىڭ چىتىدىنلا ئاڭلىناتتى.

ــ بوران ۋىژىلداۋاتىدۇ، يەر يۇتقۇرلار، ــ دىدى موماي شۋىرلاپ.

بوۋاي جىمجىت قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى ۋە ئۇپۇل-توپۇل ئورنىدىن تۇرۇپ كەتتى:

ــ ياق-كەمپىر، بۆرىلەرنىڭ هۇۋلىشى هىچبىر سەۋەپسىز ئەمەس! بىرنىمىنى قوغلىشىپ يۈرگىنى. ئادەمنىمۇ، بىرەر يىلقىنىمۇ ئەيتاۋۇر بىرنىمىنى قورشىۋېلىشقان. ئاڭلىدىڭمۇ؟ خۇدايىم ساقلىسۇن، يەنە بىزنىڭ دۈيشەن بولمىسۇن! ئاخىر ئۇ هىچنىمىگە پىسەنت قىلمايدىغان تەنتەك-تە.

قارتاڭباي قاراڭغۇدا جۇۋىسىنى ئاختۇرۇپ هولۇقۇپ قالدى.

ــ چىرىغىڭنى ياق، كەمپىر، چىرىغىڭنى ياقساڭچۇ! خۇدا خەيرىڭنى بەرسۇن، تېزرەك بول!

تىترەپ-قاخشاپ، بىزمۇ ئالدىراپ ئورنىمىزدىن تۇردۇق، كەمپىر بىلەن چىراقنى تېپىپ ئۆيىنى يورۇتقىچە بۆرىلەرنىڭ قۇتراپ هۇۋلىشى تۇيۇقسىز توختاپ جىم بولۇشۇپ قالدى، گويا كۆچلۈك بىر قول كانىيىدىن چىڭ سىققاندەك.

ــ يېتىشۋالدى، ئۆلگۈرلەر! ــ قارتاڭباي ۋاقىرىۋەتتى-دە، شۇ زاماتلا ھاسىسىنى ئېلىپ ئۆزىنى ئىشىككە ئاتتى، لېكىن دەل شۇ چاغدا ئىتلارنىڭ قاۋىغان ئۈنى ئاڭلاندى. كىمدۇر قارنى غاچىرلىتىپ دەرىزە يېنىدىن ئۆتتى، پۈتىنى قاتتىق قاقتى، تاقەتسىزلىك بىلەن ئىشىكنى ئۇردى.

ئۆيگە بۇلۇتسىمان مۇزدەك بىرنىمە يوپۇرۇلۇپ كىردى. بۇلۇت تارقالغاندىن كېيىن قارىساق، دۈيشەن تۇرۇپتۇ. يۈزىدە قان يوق،

تامدەك تاتىرىپ كەتكەن، ھەسرەپ، دەلدەڭشىپ بوسۇغىدىن ئۆتۈپ، تامغا يېقىن كېلىپ تايىنىپ تۇرۇپ قالدى.

— مىلتىق! — دۆيشەن ھالسىرىغان ھالدا ۋاقىرىدى.

بىز ئۇنىڭ گېپىنى ئۇقمىغاندەك گاڭگىراپ تۇرۇپ قالدۇق. كۆز ئالدىمنى قاراڭغۇلۇق بېسىپ، چال ـ كەمپىرنىڭ:

— قاراقوي، ئاق قوي بېشىڭدىن سەدىقە! باھاۋىدىن ئەۋلىيا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلاپتۇ. سەنمىدىڭ، بوتام؟ — دىگەن گەپلىرىنىڭ قۇلىقىمغا كىرگىنىنى بىلمەن.

— مىلتىق قېنى، مىلتىق، ئاتا! — دىدى دۆيشەن تەكرارلاپ.

— مىلتىق يوق، نىمە بولدۇڭ، نەگە ماڭىسەن؟

چال بىلەن كەمپىر دۆيشەننىڭ پېشىدىن تۇتۇۋالدى.

— سويىل بارمۇ؟

— سويىلنى نىمە قىلىسەن، ھىچ قاياققا بارمايسەن، ئېسىڭ جايىدىمۇ، بالام؟ كىم بىلەن تەڭلەشمەكچىسەن، بىزگە رەھىمىڭ كەلسۇن! — ھەر ئىككىيلەن يالۋۇرۇشقا باشلىدى.

بىردىنلا پۈتۈن ئەزايىم بوشاپ ماغدۇرسىزلىنىپ كەتكەندەك بولدى ـ دە، ئاستاغىنا يوتقانغا كىرىۋالدىم.

— ئۆلگۈرەلمىدىم، ھويلىغا يېتىپ كېلەي دەپ قېلىۋىدىم، قوغلاپ يېتىشۋالدى، — دەپ ئېغىر خورسىنىپ قامچىسىنى بۇلۇڭغا تاشلىدى دۆيشەن. — ئات يولدا كېلىۋاتقان چېغىدىلا مادارىدىن كەتكەن ئىدى، بۆرىلەر قوغلاشتى، ئايىلغا ئاران چېپىپ كەلدىيۇ، گۈپ قىلىپ يىقىلدى، شۇ ھامان ھەممىسى يوپۇرۇلۇپ كېلىپ ئۇنىڭغا ئېسىلىشتى.

— خۇدا سېنى بىر ساقلاپتۇ! ئات كەتكەن بولسا سەدىقە، ئات

www.uyghurkitap.com

يىقىلمىغان بولسا سېنىمۇ ئامان قويۇشمايتتى. ئەۋلىيا باھاۋىدىن قوللاپتۇ سېنى، ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن. ئەمدى يىشىنىپ ئۇنتا يىقىنىراق كەل. كەل، ئۆتۈگۈڭنى تارتىپ قوياي، — دەپ قارتاڭباي بوۋام سۆيۈنگىنىدىن دۈيشەننى قويۇشقا يەر تاپالماي قالدى.

— ھەي، كەمپىر، نىمەڭ بار يەيدىغان، ئىسسىت، چاققان بول.

ئۇلار ئوتقا يىقىن كېلىپ ئولتۇرۇشتى. شۇنىڭدىن كېيىن قارتاڭباي يىنىك نەپەس ئېلىپ، خۇرسىنىپ قويدى:

— ھە، مەيلى، پىشانەڭگە يىزىلغىنى بوپتۇ. ئۆزەڭمۇ نىمە ئانچە كەچ يولغا چىققانسەن؟

— يىزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مەجلىسى ئۇزاققا سوزۇلۇپ كەتتى، كەرىكې. پارتىيىگە كىردىم.

— بۇ ئىشىڭ ياخشى بوپتۇ. شۇنداق بولغاندىن كېيىن ئەتە ئەتىگەندە ماڭساڭ بولماسمىدى؟ ئاخىر سېنى گەجگەڭدىن ئىتتىرىپ، كەت، دىمىگەندۇ؟

— مەن باللارغا بۇگۈن كېلىمەن دەپ قويغان ئىدىم، — دىدى دۈيشەن، — ئەتە ئەتىگەندە دەرس بار.

— قارا، تەنتەكلىكىڭنى! — دىدى قارتاڭباي ئاچچىغىدا تىزىغا ئۇرۇپ، بېشىنى چايقاپ، — تۇۋا، ئاڭلىساڭچۇ كەمپىر، باللارغا ۋەدە بېرىپتىمىش دەيدۇيا! شۇ ماڭقىلارنى دەپ، خۇدا كورسەتمىسۇن، بىرەر پالاكەتكە ئۇچرىساڭ، ئۇ چاغدا نىمە بولاتتى؟ ئۆزەڭ نىمە دەۋاتىسەنۇي، ئويلاپ باققىنا؟

— بۇنى مەن مۇقەددەس بۇرچۇم دەپ بىلىمەن، كەرىكې. بۇگۇ مەيلىغۇ، ھەر دائىم پىيادا بىرىپ، پىيادە كېلەتتىم، بۇ دۆرەم

مېنى شەيتان ئازدۇرۇپ، يالغۇز ئېتىكىمىزدىن ئايرىپ، بۆرىلەرگە خام تالاش قىلىپ بەرگىنىمنى دىمەمسىز...

— بولدى، بۇ گەپنى قىلما، بالام! شۇ قىرچاڭغۇ ئاتنىمۇ تىلىغا ئېلىپ ئولتۇرغىنىڭنى قارا، — دەپ قارتاڭباي كىنايە ئارىلاش سۆزلەپ قويدى. — ئۆمۈر بويى پىشانىمىزگە ئات پۈتۈلگەن ئەمەس بىزلەرنىڭ، ئۇ سېنىڭ ئۇچۇن ئۆرۈملۈك بولسۇن. بۈگۈنكى كۈندە مېنىڭ ئارزۇ ـ ئارمانلىرىم يەردە قالمايدۇ، سوۋېت ھاكىمىيىتىلا بولىدىغان بولسا، سادىغاڭ كېتەي، يەنە ئاتلىق بولۇپ قالىمەن...

— شۇنداق دىسەڭچۇ، چالىم، — دىدى سايىقال كەمپىر يىغلامسىرىغان ئاھاڭدا، — ئات سېنىڭدىن ئايلانسۇن... تامىغىڭنى ئىسسىغىدا ئىچىۋال، بالام...

ئارىنى جىملىق باستى. بىرئازدىن كېيىن قارتاڭباي خىيال سۈرۈپ، تىزەك چوغىنى تاتقىلاپ تۇرۇپ گەپ باشلىدى:

— قارىسام ئەس ـ ھۇشلۇق يىگىت كۆرۈنىسەن. بۇ گۆدەك باللارنى ئوقۇتىمەن دەپ ئۆزەڭنى مىڭ بىر جاپا ـ مۇشەققەتكە دۇچار قىلىپ يۈرىسەن. بۇنىڭدىن باشقا تۈزۈكرەك ئىش تۇگەپ كەتكەنمۇ ساڭا؟ ئۆزەڭنى بۇنچىلىك خورلىمساڭ، ئۇنىڭدىن كۆرە بىرەرسىگە چوپانلىققا يالىلانساڭمۇ ئۈستى ـ بېشىڭ پۈتۈن، قارنىڭ توق بولاتتىغۇ، ئاخىر...

— ئاتا، مېنىڭ ئۇچۇن جان كۆيدۈرۈپ، يۈرىگىڭىزنى ئېچىشتۇرۇپ تۇرۇپسىز، بۇنى بىلىمەن. ئەگەر شۇ ياش باللارمۇ سىزگە ئوخشاش ئوقۇشنىڭ نىمە كېرىگى بار، ئوقۇپ نىمە بولاردۇق، دەپ تۇرۇشسا، ئۇ ھالدا سوۋېت ھاكىمىيىتى ئۇزاق داۋام قىلالماي قالىدىغۇ. ئۆزىڭىز سوۋېت ھاكىمىيىتىنىڭ ئۆمرى ئۇزاق بولسۇن

www.uyghurkitap.com

مۇستەھكەم بولسۇن دەۋاتسىزغۇ! شۇ سەۋەپتىن بالا ئۇقۇتۇشنى ئۆزەم ئۇچۇن خورلۇق دەپ بىلمەيمەن. قولۇمدىن كەلسە، باللارغا كۆپرەك بىلىم بېرەلىسەم، ئارمىنىم قالمايتتى. ئاخىر، لېنىنمۇ ئېيتقانغۇ...

ــ ھە، مەنمۇ بىر گەپ قىلاي، ــ دىدى قارتاڭباي دۆيشەننىڭ گېپىنى بۆلۈپ ۋە بىرئازدىن كېيىن گېپىنى باشلىدى، ــ سەنغۇ قايغۇرۇپ يۈرۈۋاتىسەن. قېنى، كۆز يېشىڭ بىلەن لېنىننى تىرىلدۈرۈ-ۋالالىساڭ ئىدى! قېنى ئەمدى دۇنيادا شۇنداق بىر كۈچ تېپىلسا ئىدى! يا بولمىسا سەن، باشقا ئادەملەردە دەرت قالمىدى، باشقا ئادەملەرنىڭ كۆڭلى سۇنۇق ئەمەس، دەپ ئويلامسەن؟ ئاخىر يۈرەك-باغرىمىز كۆيۈپ كېتىۋاتىدىغۇ! ئىلاجىمىز يوق-تە! ئېتى-قادى باشقا بولسىمۇ، سىياسەتكە توغرا كېلەمدۇ، يوقمۇ، ئۇنىڭغا ئاتاپ كۇنگە بەش ۋاق دۇئا قىلىپ يۈرۈۋاتىمەن. بەزىدە، دۆيشەن بالام، قانچىلىك قايغۇرۇپ كۆز يېشى قىلساقمۇ، بەربىر، پايدىسى يوقلۇغىغا ئەقلىم يېتىپ تۇردىدۇ. مەن قېرى شۇنداق دەپ قويدۇم: لېنىن خەلق قەلبىگە سىڭىپ كەتتى، دۆيشەن، ئەمدى ئۇ قاندىن قانغا، ئاتىدىن بالىغا ئۆتۈپ، ئەبەدى ھايات ياشايدۇ...

ــ تىلىگىڭىزدىن ئايلىناي، ئاتا، ھەق گەپنى ئېيتتىڭىز. ئۇنىڭ ئۆزى دۇنيادىن ئۆتكەن بولسىمۇ، لېكىن بىز لېنىن پەدىسىدە ياشايمىز...

مەن ئۇلارنىڭ پارىڭىغا قولاق سېلىپ، گويا ئۇزاق يەرلەرنى ئاستا ئايلىنىپ كەلگەندەك بولدۇم. دەسلەپتە ھەممە ئىش گويا بىر چۈشتەك بىلىندى. دۆيشەننىڭ ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلگەنلىگىگە ئۆزەمنى ئۇزاققىچە ئىشەندۈرەلمىدىم. بىر مەھەلدىن كېيىن يۈرىگىم

خوشاللىقتا تولۇپ تېشىپ، نەپەسىم بوغۇزىمغا سىغماي كەتتى. مۇشۇ خوشاللىق ئېقىمىدا مەس بولۇپ، ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي ھۆكرەك ئېتىپ يىغلاپ كەتتىم. بەلكىم دۇنيادا مېنىڭدەك خوشال بولغان كىشى بولمىغىيدى. بۇ چاغدا چال-كەمپىرنىڭ كۆلبىسىمۇ، گۆكىرەپ بوران چىقىۋاتقان كېچىمۇ، ئائىلىنىڭ بىر بۇلۇڭىدا قارتاڭ-بابىنىڭ يالغۇز ئېتىنى چىشلەپ-تارتىپ، خام تالاش قىلىۋاتقان بىر توپ ئاچ بۆرىلەرمۇ، ھېچنىمە كۆزۈمگە كۆرۈنمەي قالدى. قەلب، ئىدراك، پۈتۈن ۋۇجۇدۇم ئالەمدەك چەكسىز-پايانسىز، ئاجايىپ بەخت دەرياسىغا غەرق بولغان ئىدى. يىغلىغىنىم ئاڭلىنىپ قالمىسۇن دەپ بېشىمنى يوتقانغا پۈركەپ، ئاغزىمنى قاتتىق يۇمۇپ ياتتىم. لېكىن دۈيشەن:

— بۇ يىغلاۋاتقان كىم؟ — دەپ سوراپ قالدى.

— ھە، ئالتۇناي، بايا قورقۇپ كېتىۋىدى، شۇڭا يىغلاۋاتىدۇ، — دېدى سايقال بۇۋى.

— ئالتۇناي؟ نىمە قىلىپ يۈرۈپتۇ بۇ يەردە؟ — دۈيشەن ئورنىدىن ئىرغىپ تۇردى، بېشىمغا كېلىپ تىزلىنىپ ئولتۇردى-دە، قولى بىلەن مۆرەمنى سىلىدى. — نىمە بولدۇڭ ئالتۇناي؟ نىمىشقا يىغلايسەن؟

مەن يىغامنى توختىتالماي، يۈزۈمنى تام تەرەپكە ئۆرۈپ، تېخىمۇ قاتتىق يىغلاپ كەتتىم.

— ھە، ئاپپاق قىز، نىمىدىن قورقتۇڭ؟ شۇنداقمۇ قورقامدىكەن؟ چوپ-چوڭ بولۇپ تۇرۇپ-ھە،...قېنى...ماڭا بىر قارىغىنا!

مەن دۈيشەننىڭ بويىنىدىن چىڭ قۇچاقلىۋالدىم، كۆز ياشلىرىم بىلەن يۇيۇلغان، ئوتتەك يېنىپ تۇرغان يۈزلىرىمنى ئۇنىڭ يەلكىسىگە قويغان ھالدا ئۆزەمنى تۇتالماي ھۆكرەپ يىغلاۋەردىم!

www.uyghurkitap.com

خوشاللىق مېنى خۇددى قارا كېزىكتەك چىلىك قۇچاقلىۋالغان ئىدى، ئۇنى نېرى قىلىشقا مېنىڭدە مادار يوق ئىدى.

— ۋوي، ۋوي، قورقۇپ جېنى چىقىپ كەتكەنمۇ نىمە. كەمپىر، بۇنىڭغا بىر دەم سىلىپ قويساڭچۇ، كەل، تېزرەك قىمىرلىساڭچۇ، — دەپ قارتاڭبايىمۇ كىگىزدىن تۇردى.

ھەممىسى بىسەرەمجان بولۇپ كېتىشتى.

سايقال بۇۋى ئالدىراپ ئايەتلەرنى ئوقۇپ، گايىدا يۈزۈمگە سۇ پۈركۈپ، گايىدا يەلكەمنى قېقىپ يۈرەتتىيۇ، ئۆزىمۇ ماڭا قوشۇلۇپ يىغلايتتى.

ئۇھ، ئەگەر ئۇلار يۈرىكىم خوشاللىقتا تولۇپ تاشقانلىقتىن ئورنىدىن قوزغىلىپ كەتكەنلىكىنى بىلىشسە ئىدى، — بۇنى تەرىپلەشكە ھالىم يوق ئىدى، راستىنى ئېيتقاندا، ئاجىزلىقىمۇ قىلاتتىم — بەك ياخشى بولاتتى.

قىش داۋانىنىڭ كەينىگە ئۆتۈپ كەتتى. ئاسماندا كۆپ-كۆك باھار بۇلۇتلىرى ئۈزۈشكە باشلىدى. ئىسسىق ھاۋا ئېقىمى مۇز ئېرىگەن، كۆپكەن تۈزلەڭدىن تاغ باغرىغا زىمىنغا باھار يېتىپ كەلگەنلىك خەۋىرىنى ۋە سۈت ھىدىنى ئېلىپ كەلدى. قارلار ئېرىپ، تاغدىكى مۇزلارمۇ ئېرىپ، تاشقىن سۇلار تاغ يەلكىلىرىدىن شىلدىرلاپ ئېقىشقا باشلىدى، سۇلار قوشۇلۇپ، ھەممىنى خاراپ قىلغۇچى ئېقىمغا ئايلىنىپ، يالاپ كېتىلگەن جىلغىلاردا تىنىمسىز شاۋقۇنلارنى پەيدا قىلدى.

ئېھتىمال، بۇ مېنىڭ بىرىنچى ئىللىق ياشلىق باھارىمدۇر. مەيلى قانداق بولمىسۇن، ماڭا بۇ يىلقى باھار ھەرقانداق چاغدىكىدىن

گۈزەل كۆرۈندى. مەكتىۋىمىزنىڭ يېنىدىكى دۆڭدىن تۆت ئەتراپتىكى دالىغا نەزەر تاشلىغىنىمدا، كۆز ئالدىمدا شۇ ھامان باش باھارنىڭ ئىنتايىن يېقىملىق مەنزىرىسى نامايان بولاتتى. كەڭ زېمىن غۇلچىنى كېرىپ، ئۆزىنى توختىتالماي تاغدىن قۇياش نۇرىغا تەلپۈنۈپ، يەڭگىل، خىيالىي تۈتۈن قاپلىغان بىپايان دالا-قىرلارغا غۇيۇلداپ يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقاندەك بولاتتى، ئاللىقەيەرلەردىن ھاۋانى لەرزىگە كەلتۈرۈپ كىشنىگەن يىلقىلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلىنىپ تۇراتتى؛ ئاسماندا كۆمۈش بۇلۇتلارنى ئارىلاپ كىشىلەرگە زوق بېرىپ ئۆتۈۋاتقان تۇرنىلار يەر-كۆككە باھاردىن دېرەك بېرىپ، ئۇزاق سەپەرگە ماڭغاندەك سەپ تارتىپ ئۆتۈشەتتى.

باھار كىرىشى بىلەن بىزلەرگىمۇ جان كىردى. ئويۇن-كۈلكىمىز كۆپىيىپ، مەكتەپتىن ئايلىغىچە بىر بىرىمىزنى قوغلىشىپ، قىيغىتىشىپ باراتتۇق. يەڭگەمنىڭ بۇنىڭغا ئاچچىقى كېلىپ، مېنى تىللايدىغان ھىچقانداق پۇرسەتنى قولدىن بەرمەي تىللايتتى:

— ھەي شۇم، نىمە سەكرەپ-قىيغىتىپ يۈرىسەن. ئولتۇرۇپ قالغان قېرى قىز، يۈرۈشىڭنى قارا، يا قېرى قىزلىقنى بوينۇڭغا ئالماقچىمۇسەن؟ سەن دىمەتلىك قىزلار ئاللىقاچان ئەرگە تېگىپ، قېيىنئانىلىق، قېيىنئاتىلىق بولۇپ نەچچىنى تۇغۇۋەتتى، لېكىن سەن...تاپقان ئىشىڭنى قارا — مەكتىۋىڭ بىلەن قوشمازار بولغۇر! ئالدىرىماي تۇر تېخى، ئەدىۋىڭنى بەرمەيدىغان بولسام...

يەڭگەمنىڭ دوقلىرى ماڭا ئانچە كار قىلمايتتى، ئۇنىڭ قاغىشلىرىنى ئاڭلاۋېرىپ قۇلىقىم پىشىپ قالغان. ئۇ ئاشۇنداق تىل-ئاھانەتتىن باشقىنى بىلمەيتتى. ئىچىنىڭ قارىلىقىدىن قېرى قىز بولۇپ كەتتىڭ دەيتتى، خالاس. مەن پەقەت شۇ يىلى باھاردىلا سەل بوي

www.uyghurkitap.com

تارتىپ قالغان ئىدىم.

— سەن تېخى كىچىك-يۇمران قىزغۇ، — دەيتتى دۇيشەن چاخچاق قىلىپ، — چاچلىرىڭ ئۇتتەك قىزىل!

ئۇنىڭ گېپىگە ئازراقمۇ ئاچچىغىم كەلمەيتتى. ئەلۋەتتە، ئىچىمدە: مەنغۇ يۇمران بىر قىز، لېكىن چېچىم ئۇتتەك قىزىل ئەمەس. چوڭ بولغاندىن كېيىن مەن ھەقىقىي بىر قىز بولۇپ قالىمەن، ئۇ چاغدا مەن يەنىلا مۇشۇ قىلىپتا بولامتىم؟ يەڭگەم كۆرەر شۇ چاغدا مىنىڭ نەقەدەر چىرايلىق بىر قىز بولۇپ قالغانلىغىمنى. دۇيشەن ماڭا كۆزلىرىڭ يۇلتۇزدەك يېنىپ تۇرىدۇ، چىرايىڭ ئىسسىق، دەيدۇغۇ، دەيتتىم.

بىر كۈنى مەكتەپتىن كەلسەم ھويلىمىزدا ئىككى ناتونۇش ئات باغلاقلىق تۇرۇپتۇ. ئىگەر-جابدۇغىغا قارىغاندا، ئىگىلىرى تاغدىن چۈشكەندەك قىلاتتى. ئىلگىرىمۇ كىشىلەر بازارغا بېرىپ قايتقاندا ياكى تۈگمەنگە ئۇن تارتقىلى كەلگەندە ئۆيىمىزگە چۈشۈپ ئۆتەتتى.

بوسۇغىغا قەدەم قويماي تۇرۇپلا يەڭگەمنىڭ قەھ-قەھلەپ كۈلگەن ياسما كۈلكىسىنى ئاڭلىدىم:

— جېيەن بالا، ئۇنچىۋالا پىششىقلىق قىلىۋەرمە، گادايلىشىپ كەتمەيسەن. يەڭگەڭنىڭ قەدرىنى كۆڭلۈڭدىكى كىشى قولۇڭغا چۈشكەندە بىلىسەن! ھى-ھى-ھى!

ھەممەيلەن ھو-ھو-ھو، ھى-ھى-ھى قىلىپ جاۋاپ بېرىشتى. مەن بوسۇغا ئاتلاپ ئۆيگە كىرىشىم بىلەنلا ھەممەيلەن جىم بولۇپ قىلىشتى. تۆردە كىگىزگە سېلىنغان داستىخان يېنىدا يۈزلىرى قىپ-قىزىل، سېمىز بىر ئادەم ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ چوڭ سۆسەر تۇمىغى ئاستىدىن ماڭا يالت قىلىپ قاراپ، تامىغىنى قىرىپ يۆتەلدى، ئاندىن يەسكە قارىدى.

— ھە، كېلىڭ، ئاپپاق قىز، كېلىڭ ئاپپىغىم، كېلىڭ! — قارىسام يەڭگەم جىلمىيىپ، تولىمۇ شىرىن سۆزلۈك بولۇپ قېپتۇ. تاغامىمۇ كىگىزنىڭ بىر چېتىدە يەنە بىرەيلەن بىلەن ئولتۇرۇپتۇ. "تۇز، كوزىر" دەپ قارتا ئويناپ، ھاراق ئىچىپ، غىزا يەپ ئولتۇرۇشۇپتۇ. ھەر ئىككىلىسى كەيپ، قارتا چۈشكەندە باشلىرىنى قىمىرلىتىشاتتى.

كۆك مۇشۇكۈم داستىخانغا يېقىن كەلگەن ئىدى، يۈزى قىزىل ئادەم ئۇنى مۇشتى بىلەن بىرنى ئۇردى، مۇشۇك بىچارە جان ئاچچىـ غىدا مياڭلاپ، بىر بۇلۇڭغا بىرىپ جىم بولۇپ قالدى. يېگەن مۇشتى جېنىدىن ئۆتۈپ كەتتى-دە! قانداق قىلىپ چىقىپ كېتىشىمنى بىلمەي تۇرغىنىمدا، يەڭگەم ماڭا ئەسكەرتتى:

— ئايلىناي بالام، تامغىلىڭ قازاندا، ئېلىپ يېگىن، — دىدى.

ئۆيدىن چىقىپ كەتتىمۇ، كۆڭلۈم غەش بولۇپ قالدى. ئىختىيار- سىز ھوشيارلىنىپ قالدىم.

ئىككى سائەتلەردىن كېيىن مېھمانلار ئاتلىرىغا مىنىپ، تاققا مېڭىپ كېتىشتى. يەڭگەم يەنىلا بۇرۇنقىدەك مېنى تىللاپ قاغاشقا باشلىغان ئىدى، مەن: ھە، بايىقى گەپلىرى مەسلىگىدىن ئېيتقان گەپلىرى ئىكەن-دە، دەپ كۆڭلۈم ئورنىغا چۈشتى.

شۇ ۋەقە بولۇپ ئۇزۇن ئۆتمەي، بىزنىڭكىگە بىر ئىش بىلەن سايىقال بۇۋى كىرىپ كەلدى. ھويلىدا يۈرگىنىمدە ئۇنىڭ: "ۋوي، بۇ نىمە قىلغىنىڭ! ئۇۋالىغا قېلىشتىن قورقمامسەن؟" دەپ كۆڭلى بۇزۇلۇپ گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلاپ قالدىم.

يەڭگەم بىلەن سايىقال بۇۋى ئىككىسى قاتتىق تاكاللىشىپ كېتىشتى، بىر مەھەلدىن كېيىن سايىقال بۇۋى قىزىرىپ-بوزىرىپ ئۆيدىن چىقتى-دە، ماڭا ھەم ئىچ ئاغرىتىپ، ھەم ئاچچىغلىنىپ نەزەر تاشـ

www.uyghurkitap.com

لاپ قويۇپ گەپمۇ قىلماستىن كېتىپ قالدى.

كۆڭلۈم غەلىتە بولۇپ قالدى. نىمىشقا ماڭا ئاچچىقلىنىپ نەزەر تاشلايدىكىن، نىمە يامانلىق قىلغاندىمەن؟

ئەتىسى مەكتەپكە بارسام، دۆيشەنىنىڭ چىرايى تۇتۇق، غەمكىن كۆرۈندى، بىلىندۈرمەسلىككە ھەرقانچە تىرىشسىمۇ ئۇنىڭ نىمە ئۈچۈن ماڭا قارىماي يۈرگىنىنى بايقىدىم. دەرستىن چۈشكەندىن كېيىن بىز ھەممىمىز قىيغىتىشىپ مەكتەپتىن چىققان ئىدۇق، دۆيشەن مېنى چاقىرىپ قالدى:

— توختا، ئالتۇناي، — دىدى مۇئەللىم ئالدىمغا كېلىپ كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ قولىنى مۈرەمگە قويۇپ، — سەن ئۆيگە قايتما، گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ، ئالتۇناي؟

قورقۇپ يۈرىكىم جۇغىدە قىلىپ كەتتى. يەڭگەمنىڭ نىيىتىنى ئەمدى چۈشەندىم.

— ساڭا مەن ئۆزەم مەسئۇل بولىمەن، — دىدى دۆيشەن، — ھازىرچە بىزنىڭكىدە تۇرىسەن، كۆزۈمدىن نېرى بولما، ماقۇلمۇ؟ رەڭگىم ئۆچۈپ كەتكەن بولسا كېرەك، دۆيشەن ئىڭگىمدىن كۆتىرىپ، كۆزۈمگە تىكىلىپ قارىدى ۋە:

— قورقما، ئالتۇناي! — دىدى ئادىتىچە كۈلۈپ قويۇپ، — مەن يېنىڭدا بولغاندا ھېچكىمدىن قورقما. ئوقۇشىڭدىن قالما، ھېچ نىمىنى خىيالىڭغا كەلتۈرمە!... ئۇنداق قىلمىساڭ سېنى قورقۇنچاق دەپ قالىمەن...، — دەپ ئىسىگە بىر نەرسە كەلگەندەك قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى. — ساڭا خېلىدىن بېرى بىر نەرسىنى ئىيتماقچى بولۇپ يۈرۈۋېدىم. ئېسىڭدىمۇ، ئاشۇ قارتاڭباي ئاتا ئەزان ۋاقتى بىلەن تۇرۇۋېلىپ قاياققىدۇر چىقىپ كەتكەن ئىدى. بىر چاغدا قارىسام، ساڭا

دەم سالدۇرىمەن دەپ، بىلەمسەن كىمنى ــ پالچىنى، ھېلىقى جايناق-نىڭ كەمپىرىنى باشلاپ كېلىپتۇ. ــ نېمىگە باشلاپ كەلدىڭىز دېسەم، بىر دەم سېلىپ قويسۇن، ئالتۇنايىنىڭ يۈرىگى قورققىنىدىن قوزغىلىپ كېتىپتۇ، دەيدۇ. ھە، بۇ ئالۋاستىنى يولغا سېلىۋېتىڭ، بۇنىڭغا بەر-گۈدەك نېمە قوي بولسۇن بىزدەك كەمبەغەللەردە، پۇلىمىزمۇ يوق. ئات بېرەيلى دېسەك ئاتىمۇ يوق. بار-يوقى بىر ئاتنى بۆرىلەر يەپ كەتتى، دەپ قوغلىۋەتتىم. سەن ئۇخلاپ ياتقان ئىدىڭ. تايىغىنى قولىغا تۇتقۇزۇپ چىقىرىۋېتىۋىدىم، مېنى ئاپپاق ساقىلىم بىلەن ئۇ ياتقا قالدۇردۇڭ، دەپ قارتاڭباي ئاتا بىر ھەپتىگىچە مەن بىلەن گەپ-لەشمەي يۈردى: نېمىسىنى دەيسەن، كەمپىر بىلەن ئىككىسى مېھرى-ۋان، ئاجايىپ ئادەملەر. يۈر ئەمدى، ئالتۇناي، ئۆيگە كېتىمىز، ــ دەپ دۈيشەن مېنى ئۆزى بىلەن ئېلىپ كەتتى.

مۇئەللىمنى بىكارغا خاپا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن ئۆزەمنى ھەرقانچە بېسىۋېلىپ باقساممۇ، ھە دەپ مېنى ۋەھىمە چىرمىۋالدى. يەڭگەم كېلىپ ئۇرە-ئۇرە ئالدىغا سېلىپ ئېلىپ كەتسە، كىم نېمە دېيەلەيتتى؟ ئۆيگە بارغاندىن كېيىن ئۇلار مېنى ئۆز مەيلىچە دەپ-سەندە قىلسىمۇ ئايىلدىكىلەرنىڭ ھېچقايسىسى كېلىپ ئۇلارنى توساپ قالالمايتتى. بىر پالاكەت باشلاندى دېگەن ۋەھىمە بىلەن كېچىسى كىرپىك قاقماي چىقتىم.

دۈيشەن روھى-ھالىتىمنى ئەلۋەتتە چۈشىنەتتى. غەم باسقان كۆڭلۈمنى كۆتىرىش ئۈچۈن ئىككىنچى كۈنى ئۇ مەكتەپكە ئىككى تۈپ تىرەك كۆچىتى ئېلىپ كېلىپتۇ. ئوقۇش تامام بولغاندىن كېيىن دۈيشەن قولۇمدىن تۇتۇپ، بىر چەتكە ئېلىپ بېرىپ:

ــ ھازىر، ئالتۇناي، ئىككىمىز بىر ئىش قىلىمىز، ــ دېدى-دە،

ماگا سىرلىق كۆلۈمسىرەپ قويدى. — بۇ ئىككى تۈپ تېرەك كۆچىتىنى ساگا ئاتاپ ئېلىپ كەلدىم. بىز ئۇنى مەشەگە تىكىمىز. بۇلار چوڭ بولۇپ بۈك-باراقسان بولغاندا سەنمۇ چوڭ بولۇپ ئادەم بولىسەن، گۈلدەك ئېچىلىسەن. قەلبى پاك، زېھنى ئۆتكۈر قىز سەن، مېنىڭ ھىس قىلىشىمچە، ئوقۇساڭ، بىلىملىك ئادەم بولىسەن. بۇنىڭغا ئىشەنچىم كامىل، مېنى شۇنداق دېگەن ئىدى دەپ قالارسەن، پىشانەڭگە مۇشۇنىڭ پۈتۈلگەنلىگى بىلىنىپ تۇرۇپتۇ. سەن ھازىر خۇددى مۇشۇ كۆچەتكە ئوخشاش يۇمرانسەن. كەل، ئالتۇناي، بۇ كۆچەتلەرنى ئۆز قولىمىز بىلەن مەشەگە تىكەيلى. بەختىڭ ئوقۇشتىن ئېچىلسۇن، چاقناپ تۇرغان كۆزۈڭدىن ئايلىناي...

كۆچەتلەر بويۇم بىلەن تەڭ ياش كۆچەت ئىدى. مەكتۇپمىزدىن سەل نېرىراقتا تىكىپ قويغان ئىدۇق، تاغ ئېتىگىدىن كەلگەن سەلكىن شامال، ئەمدىلا چىققان يوپۇرماقلىرىنى سىلاپ جان كىرگۈزگەندەك بولدى. يوپۇرماقلار شىرىلداپ، شاخ تەۋرىتىپ قويدى.

— مانا كۆردۈڭمۇ، بىر چىرايلىقكى! — دېدى دۈيشەن ئارقىسىغا بىرنەچچە چامدام قايتىپ كۈلگىنىچە، — ئەمدى ئاۋۇ بۇلاقتىن ئېرىق كولاپ كېلىمىز. تېخى كۆرىسەن، تازا سەرۋى قامەت بولۇپ ۋايىغا يەتسۇنكى! مۇشۇ دۆڭدە ئاكا-ئۇكىدەك يانمۇ-يان قەد كۆتىرىپ تۇرىدۇ. ئۆتكەن-كەچكەنلەرنىڭ كۆزىگە چۈشۈپ، ھەممەيلەننىڭ بەھرىنى ئاچىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بارغاندا تۇرمۇشىمۇ باشقىچە بولۇپ كېتىدۇ. ئالتۇناي، بېشىمىز ئامان بولسا، ئۇ ياخشى كۈنلەرمۇ نېسىپ بولار...

تاكى ھازىرغىچە دۈيشەننىڭ ئالىجاناپ پەزىلىتىنىڭ مېنى قانچىلىك تەسىرلەندۈرگەنلىگىنى ئىپادىلەپ بېرىشكە يەتكۈدەك سۆزلەرنىڭ

www.uyghurkitap.com

مىڭدىن بىرىنىمۇ تاپالمايمەن. شۇ چاغدا مەن دۆيشەنگە تىكىلىپ تۇرىۋېرىپتىمەن. ئۇنىڭ ئوچۇق چىراي يۈزلىرىنىڭ، مېھرىۋان، سەمىمى كۆزلىرىنىڭ نىمە دېگەن چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئىلگىرى بىلمەي يۈرگەندەك؛ ئەمگەكچان، ئەپچىل قوللىنى كۆرمىگەندەك، مۇلايىمغىنا كۈلۈمسىرىشىنىڭ شۇنچىۋالا ئوچۇق، شۇنچىۋالا پاك ئىكەنلىكىنى بىلمەي يۈرگەندەك بولۇپ قېپتىمەن. بىر خىل يېڭى ۋە ناتونۇش ھېسسىيات خۇددى ئىسسىق ئېقىمدەك، مەن تېخى بىلمەيدىغان دۇنيادىن غىپپىدە قەلبىمگە ئېقىپ كىردى. دۆيشەننىڭ باغرىغا ئۆزەمنى ئېتىپ: "مۇئەللىم، سىزنىڭ شۇنچىۋالا ياخشىلىق قىلغانلىقىڭىزغا رەھمەت...سىزنى قۇچاقلىغىم، سۆيۈپ قويغۇم كېلىپ كەتتى..." دەۋېتىشكە تاس قالدىم. لېكىن مەن ئۇنداق دېيەلمەيتتىم، بۇنداق گەپلەرنى قىلىشقا ئىزا تارتاتتىم. بىراق شۇ چاغدا...

شۇ چاغدا بىز دۆڭدە تۇراتتۇق، ئۈستىمىزدە كۆپ ـ كۆك ئاسمان، تۆت ئەتراپىمىز كۆكلەپ كەتكەن ئېدىر، لېكىن ھەر ئىككىمىز ئۆز خىيالىمىزنى قىلىپ كېتىپتۇق. ئۇ چاغدا مەن بېشىمغا كېلىپ قالغان بالايى ـ ئاپەت ۋەھىمىسىنى پۈتۈنلەي ئۇنتۇپ كېتىپتىمەن، ئەتە نىمە ۋەقەلەرنىڭ بولۇشىنى، نىمە ئۈچۈن يەڭگەمنىڭ ئىككىنچى كۈنىمۇ مېنى ئىزدەپ كەلمىگەنلىكىنى خىيالىمغا كەلتۈرمەپتىمەن. ئېھتىمال ئۇلار مېنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇ؟ ئېھتىمال ئۆز ئىختىيارىغا قويۇپ بېرەيلى دېيىشكەندۇ؟ كېيىن بىلسەم، دۆيشەن كۆڭلۈمدىن ئۆتۈپ تۇرغان گەپلەرنى بىلىپ يۈرگەن ئىكەن.

ـــ قايغۇرما، ئالتۇناي، بىر ئىلاجىنى قىلارمىز، ـــ دېدى ئۇ ماڭا ئايىلغا يېتىپ كەلگەن چاغدا. ـــ ئىندىنلىققا يېزىغا بارىمەن، سېنىڭ ئەھۋالىڭنى ئۇلارغا دەپ باقاي. سېنى شەھەرگە ئوقۇشقا ئەۋەتىشكە

مۇۋەپپەق بولۇپ قالسا ئەجەپ ئەمەس. شەھەرگە بېرىپ ئوقۇشنى خالامسەن؟

— سىز نىمە دىسىڭىز، مۇئەللىم، شۇنىڭغا ماقۇل بولىمەن. — دەپ جاۋاپ بەردىم.

شەھەرنىڭ زادى قانداق بولىدىغانلىغىنى تەسەۋۋۇر قىلالمىساممۇ، لېكىن دۇيشەننىڭ گەپلىرى مېنى شەھەر تۇرمۇشىغا خوپلا قىزىقتۇرغان ئىدى. مەن گايىدا يۇرت-ماكاندىن ئايرىلىپ، ياقا يۇرتلاردا قېلىپ قېلىشتىن قورقاتتىم، گايىدا دەرھال يولغا چىقىپ كەتمەكچى بولاتتىم — بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، شەھەر دىگەن ئوقۇم كاللامغا مەھكەم ئورنىشىۋالدى.

ئىككىنچى كۈنى مەكتەپتە مەن يەنىلا شەھەرگە بارسام قانداق ئادەملەرنىڭ ئۆيىدە تۇرارمەن دەپ ئويلاپ يۈردۈم. مەن ئۇلار ماقۇل دىسىلا، ئۇلارغا ئوتۇن كەسلەپ، سۇ توشۇپ، كىر-قاتلىرىنى يۇيۇپ بېرەتتىم، ئۇلار نىمە قىل دىسە شۇنى قىلاتتىم، دەپ ئويلايتتىم. مەكتەپتە ئاجايىپ-غارايىپ خىياللارغا بېرىلىپ ئولتۇرغىنىمدا، بىردىنلا مەكتۇپىمىزنىڭ ئەسكى تېمىنىڭ سىرتىدا ئاتنىڭ دۈكۈر-دۈكۈرلىرى ئاڭلىنىپ قالدى، مەن بىردىنلا ئەندىكىپ كەتتىم. ۋەقە شۇنداق ئۇشتۇمتۇت بولدىكى ۋە ئاتلار شۇنچە تېز چاپاتتىكى، گويا هايت-هۇيت دىگىچە مەكتۇپىمىزنى بېسىپ كېتىدىغاندەك ئىدى. بىز دەرھال هۇشيارلىنىپ، جىمجىت بولۇپ قالدۇق.

— باللار، كۆكلۈكلەرنى بۆلمەي ئوقۇشۇڭلارغا قاراڭلار، — دىدى بىزنىڭ هالىتىمىزنى سەزگەن دۇيشەن.

لېكىن شۇ چاغدا ئىشىك "تاراق" قىلىپ ئېچىلدى. بىز يەڭگەمنىڭ ئاچچىق ئىستېهزا بىلەن كۈلۈمسىرەپ تۇرغانلىغىنى كۆردۇق. دۇيشەن

ئىشىك ئالدىغا باردى:

— نىمە ئىشىڭلار بار؟

— بىزنىڭ ئىشىمىز بىلەن سېنىڭ نىمە چاتىغىڭ، كارىڭ بولمىسۇن. مەن قىزىمنى ئەرگە بەرمەكچىمەن. ھەي، يۈزسىز ھارىمى! — يەڭگەم تىللىغاچ ماڭا قاراپ مېڭىۋىدى، دۈيشەن ئۇنىڭ يولىنى توستى.

— بۇلار مەكتەپ قىزلىرى. ئەرگە بېرىدىغان قىز يوق بۇ يەردە! — دېدى دادىل ۋە سالماقلىق بىلەن.

— ئۇنداق بولسا بىز كۆرۈپ باقايلى. ھەي، كېلىڭلار، تۇتۇڭلار ئۇنى، ئەپچىقىڭلار، قانجىق!

يەڭگەم ئات ئۈستىدىكىلەرگە قول شىلتىگەن ئىدى، ئاشۇ كۈنى سۆسەر تۇماق كىيگەن، يۈزى قىپ-قىزىل، سېمىز ئادەم كۆزۈمگە كۆرۈندى. ئۇنىڭ كەينىدىن قوللىرىغا ئۇزۇن-ئۇزۇن كالتەك ئالغان ئىككى ئادەم ئاتتىن چۈشۈپ كېلىشتى.

مۇئەللىمىمىز ئىشىك ئالدىدا تۇرغان يېرىدىن قوزغالمىدى

— سەن، نامۇ-نىشانسىز ياۋا ئىت، بىراۋلارنىڭ قىزىغا ئۆز خوتۇنىڭدەك خوجايىنلىق قىلماقچىمۇسەن تېخى؟ نېرى تۇر!

شۇنىڭدىن كېيىن قىزىل يۈزلۈك خوددى ئېيىقتەك تاشلىنىپ دۈيشەنگە قاراپ ماڭدى.

— سىلەرنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىڭلارغا ھەققىڭلار يوق، بۇ مەكتەپ! — دېدى دۈيشەن ئىشىككە قاتتىق يېپىشىپ.

— دېمىدىممۇ؟ — دەپ چالۋاقاپ سۆزلەپ كەتتى يەڭگەم، — بۇلارنىڭ بىر بالاسى بار. ئۇنى ئۆزى ئاللىقاچان يولدىن تەزدۈرگەن. بۇ قانجۇقنى بىكارغىلا قولغا كىرگۈزۈۋالغان!

— مەكتەپ-پەكتەپ دېگەن نېمەڭ بىلەن مېنىڭ نېمە كارىم! — ھېلىقى قىزىل يۈز قامچىسىنى ئوينىتىپ گۈكىرەشكە باشلىدى.

لېكىن دۈيشەن ئۇنىڭ قامچىسىنى تۇتۇۋېلىپ، قوسىغىغا بىرنى تېپىۋىدى، ھېلىقى بىرنېمە "ۋايجان" دېگىنىچە گۈپ قىلىپ يىقىلدى. كالتەك تۇتۇپ تۇرغانلار شۇ ھامان دۈيشەنگە ئېتىلىشتى. قورقۇپ رەڭگى-روپى ئۆچكەن باللار دات-پەريات كۆتىرىپ يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىشتى. مۇشتلىشىش ۋە كالتەك زەربىدىن مەكتەپ ئىشىكى پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتتى. ماڭا يېپىشىۋالغان باللارنىمۇ سۆرىگىنىمچە مۇشتلىشىۋاتقانلار تەرەپكە ئېتىلىپ باردىم.

— قويۇپ بېرىڭلار، مۇئەللىمىمىزنى ئۇرماڭلار! مانا، كېرەك بولسام، مېنى ئېلىپ كېتىڭلار! — دېدىم.

دۈيشەن بۇ تەرەپكە قارىدى. ئۇنىڭ پۈتۈن بەدىنى قان بولۇپ كەتكەن، تۇرقى دەھشەت ئىدى. غەزەپتىن كۆزلىرىدىن ئوت چاقناپ تۇراتتى. ئۇ يەردىن بىر پارچە تاختاينى قولىغا ئالدى-دە، شىلتاپ تۇرۇپ:

— قېچىڭلار، باللار، ئايىلىغا قېچىڭلار! قاچ، ئالتۇناي! — دەپ توۋلىدى. قاتتىق كۈچ بىلەن توۋلىغانلىقتىن ئاۋازى بوغۇلۇپ قالدى.

دۈيشەننىڭ قولىنى چېقىۋېتىشكەن ئىدى. ئۇ قولىنى كۆكرىگىگە بېسىپ، ئارقىسىغا داجىدى، لېكىن ئۇلار بولسا قان پۇراپ قۇترىغان بۆرىدەك:

— ئۇر! بېشىغا سال! ئۆلتۈر! — دەپ كالتەك بىلەن ئۇنى يەنە راسا دۇمبالاشتى.

غەزەپلەنگەن يەڭگەم بىلەن ھېلىقى قىزىل يۈزلۈك كىشى ئېتىلىپ يېنىمغا كېلىشتى، چېچىمدىن تارتىپ، ھويلىغا سۆرەپ چىقىشتى. بار

كۇچۇم بىلەن ئۇلار نىڭ قولىدىن يۇلقۇنۇپ چىقىشقا تەمشىلىپ تۇر-غان چېغىمدا، كۆزۇم بىردىنلا يىغلاشتىنمۇ قورقۇپ داڭ قېتىپ قالغان باللارغا ۋە تام تۈۋىدە قانغا مىلىنىپ ياتقان دۇيشەنگە چۈشتى.

— مۇئەللىم!

لېكىن دۇيشەننىڭ ماڭا ياردەم بەرگۇدەك مادارى قالمىغان ئىدى. يۇز-كۆزلىرى ۋە كىيىملىرىدىن ساق يېرى قالمىغان. ئۇ ئەبلەخلەر-نىڭ كالتەكلىشى نەتىجىسىدە خۇددى مەس ئادەمدەك سەنتۈرۈلۈپ زورغا ئۆرە بولدى، لىكىلداپ قالغان بېشىنى تىك تۇتۇشقا ھەركەت قىلاتتى، ئاۋۇلار بولسا توختىماي دۇمباللاشاتتى. مېنى يەرگە يىقىتىپ، ئىككى قولۇمنى چۈلۋۇر بىلەن ئارقامغا باغلاشتى. دەل شۇ پەيتتە دۇيشەن يەردە دومىلاپ كەلمەكتە ئىدى.

— مۇئەللىم!

ئۇلار دەرھال ئاغزىمنى قولى بىلەن توساپ، ئۆزەمنى ئىگەرگە ئارتتى.

قىزىل يۇزلۇك ئادەم شاقىلدا ئاتقا مىنىپ، قولى ۋە كۆكرىگى بىلەن مېنى مەھكەم بېسىۋالدى. دۇيشەننى كالتەكلىگەن ھېلىقى ئىككە-سىمۇ ئاتقا مىنىپ مېڭىشتى. يەڭگەم بولسا ئاتنىڭ يېنىدا يۇگۇرۇپ-يورغىلاپ كېتىۋېتىپ:

— ھە، ئەدىۋىڭنى بىدىڭمۇ، جۇۋاينىمەك! ھە، مەن سېنى مانا مۇشۇنداق يولغا سالىمەن! سېنىڭ مۇئەللىمىڭمۇ تۇگەشتى...، — دەپ بېشىمغا مۇشتلايتتى.

لېكىن ئىش شۇنىڭ بىلەن تۇگىگىنى يوق. ئارقىمىزدىن بىردىنلا يۇرەك-باغرىمنى ئېزىدىغان دەھشەتلىك ئاۋاز ئاڭلاندى:

— ئال-تۇن --- ئا --- ي!

ئېسلىپ ياتقان بېشىمنى تەستە كۆتىرىپ قارىسام، قاپ-قارا قانغا مىلىنىپ چالا ئۆلۈك قىلىپ تاشلانغان دۈشمەن ساق قولىغا چوڭ بىر تاشنى ئېلىپ، ئارقىمىزدىن يۈگۈرۈپ كېلىۋېتىپتۇ. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن پۈتۈن سىنىپ بالىلىرى چۇقان سېلىپ-يىغلاپ كېلىشمەكتە.

— توختا، هوي ئىتلار! توختا دەيمەن! قويۇۋېتىڭلار ئۇنى، قويۇۋېتىڭلار دەيمەن! ئالتۇناي! — دەپ سەنتۈرۈلۈپ يۈگۈرۈپ بىرگە يېقىن كېلىپ قالدى.

زوراۋانلار ئاتلىرىنىڭ تىزگىنىنى تارتىشتى، هېلىقى ئىككىسى دۈشمەننىڭ ئەتراپىدا ئايلىنىشقا باشلىدى. دۈشمەن هالاقەت بەرمەسۇن دەپ سۇنغان قولىنىڭ يېڭىنى چىشلىۋېلىپ، ئاتلىقلارغا تاش ئاتتى، لېكىن ئاتقان تېشى تەگمىدى. هېلىقى ئىككىسى دۈشمەننى كالتەك بىلەن بىردىن ئۇرۇپ لايغا يىقىتىۋەتتى. كۆز ئالدىم قاراڭغۇلىشىپ، دات-پەريات كۆتىرىپ يىغلىشىۋاتقان بالىلارنىڭ يەردە ياتقان مۇئەللىمنىڭ يېنىغا يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، دەھشەت باسقان كۆزلىرىنى ئۇنىڭغا تىكىپ توختاپ قېلىشقىنىنى كۆرگەندەكلا بولدۇم، خالاس.

ئۇلارنىڭ مېنى قانداق ئېلىپ كېتىشكەنلىرىنى ئەسلىيەلمەيمەن، قەيەرگە ئېلىپ بېرىشقانلىرىنىمۇ بىلمەيمەن. بىر كىگىز ئۆيدە ئاستا هوشۇمغا كەلدىم. ئەمدىلا چىققان يۇلتۇزلار جىمجىت ۋە غەمكىن هالدا كىگىز ئۆي تۈڭلۈكىدىن مارىشىپ تۇراتتى. يېقىندا بىر يەردە دەريانىڭ شارقىراشلىرى بوش ئاڭلىنىپ تۇراتتى، پادا-پادا قوي-كالا هەيدەپ كېتىۋاتقان مالچىلارنىڭ ئاۋازلىرى ئىشتىلىپ تۇراتتى، كېچە قاراڭغۇ. ئوچاق بېشىدا ئېغىر غەمگە چۆككەن، جۈدەپ قوراي-

دەك، قارىداپ كۆمۈردەك بولۇپ قالغان بىر خوتۇن ئولتۇراتتى. تۆرگە قارىسام...ئاھ، قېنى ئەمدى كۆزۈمنىڭ ئوقى بولسا ئىدى، ئۇنى ئېتىپ ئۆلتۈرسەم!

— ھەي خوتۇن، تۇرغۇز ئاۋۇنى ئورنىدىن! — دەپ ئەمىر قىلدى يۈزى قىزىل سېمىز ئادەم. قارا خوتۇن يېنىمغا كېلىپ، قوۋزاقتەك يىرىك قوللىرى بىلەن بەلكەمدىن سىلكىپ قويدى.

— كۈندىشىڭنى بىر ئامال قىلىپ كۆندۈر، بولمىسا، بەرىبىر، ئۆز بىلگىنىمنى قىلىمەن. ئۇنىڭغا توغرىسىنى ئېيتقىن.

ھىلىقى ئادەم شۇنداق دېدى-دە، كىگىز ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. قارا خوتۇن بولسا مىدىرلاپمۇ قويمىدى، بىر ئېغىز گەپمۇ قىلىپ قويمىدى. گاچىمىكىنيا؟ ئۇنىڭ كۆلگە ئوخشاش بوزارغان سوغاق كۆزلىرىدە ھېچقانداق ھىسسىيات كۆرۈنمەيتتى. كىچىك ۋاقتىدىن باشلاپلا تولا ئۇرۇپ ياردار قىلىنغان، ۋىجدانسىز ئەبلەخلەر قولىغا چىققان نەرسە بىلەن بېشىغا ئۇرۇپ دۆشكەلەنگەن ئىتلارمۇ كىشىلەردىن قاچماي، ئۇمىتسىزلىك بىلەن تەلمۈرۈپ-بېزىرىپ ئۆگىنىپ قالىدۇ. قارا خوتۇننىڭ مۇردىدەك چىرايىغا قاراپ، ئۆزەمنى تىرىك ئەمەس، گۆردە ياتقان ئادەمدەك ھىس قىلدىم. سايدا ئاققان سۇنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمىغاندا ئىدى، مەن راست شۇنداق دەپ ئىشىنەتتىم. سايدا سۇ شارىلداپ ئاقماقتا — توسالغۇسىز، ئۆز مەيلىچە ئاقماقتا...

مىڭ لەنەت سەندەك ئىچى قارا يەڭگەمگە! ئىلاھىم ئۇۋالىمغا قالغىن، قاغىشىم بېشىڭغا چىقسۇن! تۆكۈلگەن كۆز ياشلىرىم، ئاققان قانلىرىم سەل بولۇپ سېنى ئۆز قەھرىگە ئالسۇن!...شۇ كېچىسى، ئۇن بەش يېشىمدا، قىزلىقىمنى يوقاتتى ...مېنى زورلاپ

خوتۇن قىلغان شۇ ھايۋاننىڭ باللىرىدىنمۇ كىچىككۇ مەن...

ئىككى كۈن ئۆتۈپ، ئۈچىنچى كۈنى كېچىدە بۇنداق ياشىغاندىن ئۆلگىنىم ياخشى، مەيلى، ئۆلۈكۈم چۆل-باياۋانلاردا قالسا قالسۇن، قوغلاپ يېتىشۋالسا، مۇئەللىمىم دۈيشەندەك جىنىمنىڭ بىرىچە ئېلىشىپ ئۆلگىنىم ياخشى، دىگەن ئوي بىلەن قاچماقچى بولدۇم.

كىگىز ئۆي ئىچى قاپ-قاراڭغۇ، ئاستا مېڭىپ بېرىپ ئىشىكنى تاپتىم، قولۇم بىلەن سىلاپ قارىسام، ئىشىكنى قىل ئاغامچا بىلەن چىڭ باغلىۋېتىپتۇ، بۇنداق قاراڭغۇدا مەھكەم چىگىۋېتىلگەن ئاغامچا تۈگۈنچەكلىرىنى تېپىپ يېشىش زادىلا مۇمكىن ئەمەس ئىدى. شۇنىڭدىن كېيىن كىگىز ئۆي كېرىگىسىنى كۆتىرىپ، ئاستىدىن سۇغۇرۇلۇپ بىرەر ئىلاجىسىنى قىلىپ چىقىپ كەتمەكچى بولدۇم، بار كۈچۈمنى ئىشقا سېلىپ ئۇرۇنۇپ كۆرسەممۇ ھەممىسى بىكار كەتتى — كىگىز ئۆينى تېشىدىنمۇ ئاغامچا بىلەن يەرگە تارتىپ قاتتىق باغلاپ قويغان ئىكەن، قوزغىتالمىدىم.

بىرەر ئۆتكۈر نەرسە تېپىپ، ئىشىكنى باغلىۋەتكەن ئاغامچىلارنى كېسىشتىن باشقا ئىلاج قالمىدى. قاراڭغۇدا سىلاپ-سىيلاپ يۈرۈپ، بىلەكتەك ياغاچ قوزۇقتىن باشقا ھېچ نەرسە تاپالمىدىم. جان ئاچچىغىمدا شۇ قوزۇق بىلەن كىگىز ئۆينىڭ تېگىنى كولاشقا باشلىدىم. مېڭەمدە پەقەت بىرلا پىكىر ئايلىنىپ يۈرۈيدۇ: يا بۇ يەردىن قېچىپ قۇتىلىمەن، يا بولمىسا بۇنداق ھايات كەچۈرگەندىن ئۆلگىنىم ياخشى، ئاۋۇنىڭ جانغا تېگىدىغان ھەسرەپ-ھۆمدىگەن ئاۋازىنى ۋە خورىگىنى ئاڭلىمىسامىلا بولغىنى، ئىلاھىم يولۇم ئاسان بولسۇن، ئەجىلىم يەتكەن بولسا، مەيلى، بۇ قەيەردىن قۇتۇلۇپ، مۇئەللىمىم دۈيشەندەك ئۆز ئەركىم ئۈچۈن جېنىم بوغۇزۇمدىن چىققىچە ئېلىشىپ



www.uyghurkitap.com

ئۆلەي!

توقال — كىچىك خوتۇن دېگەن سۆز جېنىمغا تېگەتتى. بۇنى ئاشۇ قاراڭغۇ يىللاردا كىم ئويلاپ چىقاردىكىن! جىسمىمۇ، قەلبىمۇ قۇل بولغان ئىككىنچى خوتۇنىدىنمۇ يامان خورلۇققا گىرىپتار بولغان ئادەم زاتى بارمۇ بۇ دۇنيادا!...شور پىشانە ھەدە-سىڭىللار، قەۋرىلىرىڭلاردىن تۇرۇڭلار؛ قوزغىلىڭلار خورلانغان، دەپسەندە قىلىنغان، قەدرى-قىممىتىنى يوقاتقان ئاياللار! قوزغال ئاچ-يالىڭاچ ھەدە-سىڭىللار، جاھالەتلىك ئەسىرىنىڭ قارا كۈچلىرى غال-غال تىترىسۇن! بۇ سىلەرنىڭ ئىچىڭلاردا ئاخىرقى قېتىم ئاشۇنداق قەبىھ تەقدىرگە دۇچار بولغان بىر سىڭلىڭلارنىڭ شىكايىتى!

ئاشۇ كۈنى كېچىدە مېنىڭدە مۇشۇنچىلىك پىكىرنىڭ تۇغۇلغانلىقىنى بىلمەي قېپتىمەن.

جېنىمنىڭ بىرىچە يەرنى تاتىلاپ قېزىۋەردىم. يەر تۆمۈردەك قاتتىق بولۇپ، قېزىش بەك مۇشكۇل ئىدى. تىرناقلىرىم قاناپ كەتتى. كېرىگىنىڭ تېگىدىن بىر قول سىققۇدەك تۆشۈك ئېچىلغاندا تاڭ ئاتتى. ئىتلار قاۋىشىپ، خولۇم-خوشنىلارمۇ ئويغىنىشتى. بىرئازدىن كېيىن يىلقىلار دۈپۈرلىشىپ، قويلار يۆتىلىشىپ-پۇشقۇرۇپ، سۇ ئىچىشكە ماڭدى. يەنە بىرئازدىن كېيىن بىرەيلەن كىگىز ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئاغامچىنى يېشىپ، كىگىزنى كۆتىرىشكە باشلىدى. قارىسام، بۇ ھىلىقى ئۈندىمەس قارا خوتۇن ئىكەن.

دىمەك، كۆچۈش باشلانغان ئىكەن. بۈگۈن ئەزان ۋاقتىدا بۇ يەردىن قوزغىلىپ، داۋان ئېشىپ باشقا قونالغۇ يەرگە كۆچۈپ بېرىپ يازنى شۇ يەردە ئۆتكۈزمەكچى بولۇپ گەپلىشىۋاتقانلىرى تۈنۈگۈن قۇلىقىمغا كىرگەنىدەك قىلىۋىدى. كۆڭلۈم تېخىمۇ بەك پەرىشان

بولدى — ئۇ يەردىن قېچىشىم تېخىمۇ قىيىن ئىدى.

كېرىگىنىڭ ئاستى كولانغان جايدىن ھېچ قىمىرلىماي، يەرگە قاراپ ئولتۇرىۋەردىم. مېنىڭدە يوشۇرىدىغان نىمە بار، نىمە كېرىگى؟...قارا خوتۇن كولانغان يەرنى كۆردىيۇ، كۆرسىمۇ ھېچ ئېتىۋار بەرمەي، ئۈندىمەي ئۆز ئىشىنى قىلىۋەردى. قىسقىسى ئۇنىڭ ھەركىتى بۇلارنىڭ ھېچقايسىسى ئۇنىڭغا ئالاقىسىزدەك، گويا تۇرمۇشتىكى ھېچقانداق نەرسە ئۇنىڭدا ھېچقانداق تەسىر قوزغىيال-مايدىغاندەك ئىدى. ھەتتا ئۇ ئېرىنىمۇ ئويغاتمىدى، ياردەملىشىشكە، نەرسە-كېرەكلەرنى يىغىشتۇرۇشقا چاقىرمىدى. قىزىل يۈزلۈك سېمىز بولسا خۇددى ئېيىقتەك يوتقانغا ۋە جۇۋىسىغا يۆگىنىپ، بولۇشىغا خورەك تارتىپ ئۇخلىماقتا ئىدى.

كىگىز ئۆينىڭ ھەممە كىگىزى چۈشۈرۈلدى، پەقەت كېرىگىلەرلا قالدى، مەن ئۇنىڭ ئىچىدە خۇددى قەپەزگە سولانغان قۇشتەك ئولتۇراتتىم. دەريانىڭ ئۇ قېتىدا ئادەملەر قوتاز ۋە ئاتقا يۈك ئار-تىپ، ئالدىراپ-تېنەپ كۆچۈش تەرەددۇتىنى قىلىشىپ يۈرۈپتۇ. كېيىن قەيەردىندۇر بىر يەردىن ئۈچ ئاتلىق چىقىپ كەلدى-دە، يۈك ئارتىۋاتقانلارنىڭ يېنىغا كېلىپ نىمىدۇر بىرنىمىلەرنى سورىغاندىن كېيىن توپمۇ-توغرا بىز تەرەپكە قاراپ كېلىشتى. دەسلەپتە چاپسان بولۇڭلار دەپ ھەيدەكچىلىك قىلىپ يۈرگەن ئادەملەر بولسا كېرەك دەپ ئويلاپتىكەنمەن، كېيىن سەپسېلىپ قاراپ، كۆزۈمگىمۇ ئىشەنمەي كەتتىم — دۈيشەن بىلەن ياقىسىغا قىزىل تاقىغان ئىككى ساقچى توپ-توغرا بىز تەرەپكە كەلمەكتە ئىدى.

ئورنۇمدىن تۇراي دىسەم ھالىم يوق، ۋاقىراي دىسەم ئاۋازىم... شۇنداق سۆيۈنۈپ كەتتىمكى، خەيرىيەت، مۇئەللىمىم تىرىك ئىكەن!

لېكىن، ئۇھ! يۈرىگىم جاراھەتلەنگەن، نامۇسىم پەيمال قىلىنغان...
جېنىم ھەلقۇمىمغا كېلىپ تىقىلىپ قالغاندەك، قولىغىم پۈتۈپ،
ئەزايى بەدىنىم بوشىشىپ كەتتى...
يۈز - كۆزلىرى بېنىت بىلەن باغلانغان، چەپ قولىنى بويىنىغا
ئېسىۋالغان دۈشمەن ئاتتىن سەكرەپ چۈشۈپ، ئىشكنى پۇتى بىلەن
بىر تېپىپ، شىددەت بىلەن كىگىز ئۆيگە كىردى - دە، يۈزى
قىزىل ئادەمنىڭ ئۈستىدىكى يوتقانىنى يۇلۇپ ئېلىپ ئىرغىتىپ
تاشلىدى.
— تۇر ئورنۇڭدىن! — دېدى غەزەپ بىلەن.
قىزىل يۈزلۈك ئادەم بېشىنى كۆتىرىپ، كۆزىنى بىر ئۇۋۇلىدى،
دۈشمەنگە تاشلانماقچى بولغان ئىدى، ساقچىلارنىڭ ئوقلانغان تاپان-
چىلىرىنى كۆرۈپ جىم بولۇپ قالدى. دۈشمەن بىر قولى بىلەن
ئۇنىڭ ياقىسىدىن تارتىپ، ئۆزىگە يېقىن كەلتۈرۈپ، كۆزىگە تىكىلىپ
قارىدى. غەزەپتىن دۈشمەننىڭ لەۋلىرىنىڭ قېنى قاچقان ئىدى:
— تۇر، ئەبلەخ! قېنى، يۈر، باردىغان يېرىڭگە ئېلىپ بارد-
مىز! — دېدى.
ھېلىقى نەرسە ئىنتائەتمەنلىك بىلەن ئورنىدىن قوزغالدى، لېكىن
دۈشمەن يېڭىۋاشتىن ئۇنىڭ يەلكىسىدىن تارتىپ ئۆزىگە قارىتىپ،
بوغۇق ئاۋاز بىلەن توۋلىدى:
— سەن ئۇنى گىيادەك ئاياق - ئاستى قىلدىم، رەسۋايى ئالەم
قىلدىم، دەپ خىيال قىلغاندۇرسەن؟ بىلىپ قوي، لەنىتى، سېنىڭ
زامانىڭ ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىر زامان بىزنىڭكى، سېنىڭ كۈنۈڭ
تۈگەيدۇ ئەمدى!...
قىزىل يۈزلۈك ئادەم ئۆتۈكىنى كىيدى، دۈشمەنلەر ئۇنىڭ ئىككى

قولىنى ئارقىسىغا قىلىپ باغلاشتى، ساقچىلار ئۇنى ئاتقا ئارتتى، بىرى ئاتنى يېتىلەپ، بىرى ھەيدەپ ئېلىپ مېڭىشتى. مەن دۈيشەن-نىڭ ئېتىغا مىندىم، ئۇ يېنىمدا پىيادە ماڭدى.

بىز يولغا چۈشكەن چاغدا، ئارقىمىزدىن يۈرەك-باغرىمىزنى ئېزىدىغان دەھشەتلىك ۋاقىرىغان ئاۋاز ئاڭلاندى. قارا خوتۇن ئارقىمىزدىن يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ ئەقلىدىن ئازغاندەك يۈگۈرۈپ ئېرىنىڭ يېنىغا كېلىپ، ئېرىنىڭ سۆسەر تۇمىقىنى تاش بىلەن ئۇرۇپ چۈشۈردى:

— قېنىمنى سۈدەك ئىچتىڭ، قانخور! بېشىمغا نىمە كۈنلەرنى سالمىدىڭ جۇۋاينىمەك! مېنىڭ قولۇمدىن ئەمدى ئۆلۈگۈڭ قۇتۇلمىسا، تىرىگىڭ قۇتۇلمايدۇ! — دەپ ۋاقىرىغىنىنى ئاڭلىغىنىمدا، يۈرەك-باغرىم ئېزىلىپ كەتتى.

قىرىق يىلدىن بۇيان ئېغىز ئاچماي، ئېرىنىڭ كۆزىگە تىك قارىيالماي يۈرگەن بۇ بىچارىنىڭ يۈرىگىدە يىغىلىپ قالغان دەرت-ئەلەملەر بۈگۈن ھەممە توغانلارنى بۇزۇپ چىقىپ، سەلدەك يوپۇرۇ-لۇپ ئاققاندەك بولدى. ئۇنىڭ چىقىرىغان ئاۋازى ئېگىز-ئېگىز يارلارغا ئۇرۇلۇپ جىلغىدا ئەكس سادا پەيدا قىلغاندەك بولدى. گاھ ئۇ تەرەپكە، گاھ بۇ تەرەپكە يۈگۈرۈپ ئۆتۈپ، تېزەك بىلەن بولامدۇ، تاش ياكى چالما بىلەن بولامدۇ، ئىش قىلىپ قولغا چىققانلىكى نەرسە بىلەن قورقۇپ تۈگۈلۈۋالغان ئېرىنى ئۇراتتى، توختىماي تىللاپ قاغايتتى:

— يۈرگەن يولۇڭدا ئوت-چۆپ ئۈنمىسۇن، ئىلاھىم، ئۆلۈگىڭ كۆمۈلمەي دالىدا قالسۇن، قاغا-قۇزغۇنلار كۆزۈڭنى چوقۇلسۇن. قاراڭغى ئىككىنچى كۆرمەي، ئۆل، ئۆل، ھارام ئۆل ياۋۇز! — ئۇ

بىر مەھەل ئاشۇنداق قاغىغاندىن كېيىن بىردىنلا ئاۋاز چىقارماي، كېيىن يەنە ۋاقىراپ-ۋاقىراپ، شامالدا چۇۋۇلۇپ كەتكەن چاچلىرىدىن قاچقاندەك كۆزى چۈشكەن تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى.

شۇ ۋەقە ئۈستىگە يېتىپ كەلگەن خولۇم-خوشنىلىرى ئات چاپتۇرۇپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كېتىشتى.

قاتتىق قارا باسقاندەك، مىڭەم غوڭۇلداپ كەتتى. ئات ئۈستىدە بېشىمنى سىلىپ، غەشلىك ئىچىدە كېتىۋاتىمەن. دۈيشەن ئاتنى يېتىلەپ ئالدىمدا ماڭماقتا. ئۇمۇ بېنت بىلەن باغلانغان بېشىنى سىلىپ، ئۈن-تىنسىز ماڭماقتا.

خېلى ماڭغاندىن كېيىن كاساپەت جىلغا كۆرۈنمەي قالدى. ساقچىلار خېلى ئۇزاپ كەتكەن ئىدى، شۇ چاغدىلا دۈيشەن ئاتنى توختىتىپ، دەرت-ئەلەملىك كۆزى بىلەن بىرىنچى مەرتەم ماڭا تىك قارىدى.

— ئالتۇناي، كەچۈر مېنى، سېنى بۇ كۈلپەتلەردىن ساقلاپ قالالمىدىم، — دېدى. قولۇمدىن تۇتۇپ قاتتىق بىر خۇرسىنىۋالدى. — سەن كەچۈرگىنىڭ بىلەن، ئالتۇناي، مەن ئۆزەمنى مەڭگۈ كەچۈرەلمەيمەن...

مەن ئاتنىڭ يايلىغا ئېڭىشكىنىمچە قاتتىق يىغلاپ كەتتىم. ئىچىمنى يىغا بىلەن بوشىتىۋالغىچە، دۈيشەن يېنىمدا ئۈن-تىن چىقارماي چېچىمنى سىلاپ تۇردى.

— قوي، ئالتۇناي، ئۆزەڭنى بىهۇدە قىينىما، — دېدى ئۇ ئاخىر. — گېپىمگە قۇلاق سال، ئالتۇناي، ئۆتكەن كۈنى يېزىغا بارغىنىمدا ئوقۇشۇڭ توغرىسىدا سۆزلىشىپ كەلدىم. شەھەرگە ئەۋەتىپ ئوقۇتىمىز، دېيىشتى. ئاڭلاۋاتامسەن؟ يۈر، ئەمدى كەتتۇق.

www.uyghurkitap.com

ئېدىر ئارىلاپ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇرغان تىنىق ئۆستەڭ بويىغا كەلگىنىمىزدە، دۆيشەن مېھرىۋانلىق بىلەن ماڭا قاراپ:

— ئاتتىن چۈشۈپ يۇيۇنۇۋالساڭچۇ! — دېدى. كېيىن يانچۇغىدىن بىر توقاچ سوپۇن ئېلىپ ماڭا ئۇزاتتى. — مەن نېرىراق بېرىپ ئاتنى بېقىپ تۇراي، يېشىنىپ سۇغا چۈشۈپ يۇيۇنۇۋال. يۈز بەرگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى ئۇنتۇپ قال، مەڭگۈ خىيالىڭغا كەلتۈرمە ئەمدى. سۇغا چۆمۈلۈپ يۇيۇنۇۋالغاندىن كېيىن يېنىكلەپ قالىسەن. ماقۇلمۇ؟

خوپ دېگەندەك بېشىمنى لىڭشىتتىم. دۆيشەن نېرى كېتىپ كۆرۈنمەي قالغان ئىدى، يېشىندىم، ئەندىكىپ-ئەندىكىپ سۇغا چۈشتۈم. ئاق، كۆك، يېشىل، قىزىل تاشلار سۇ تېگىدە ماڭا كۆز تاشلاپ قاراپ تۇرۇشاتتى. كۆپ-كۆك سۇ دولقۇنى توپۇغۇمغا كېلىپ ئۇرۇلۇپ، نىملەرنىدۇر دەپ پىچىرلىدى. ئوچۇملاپ سۇ ئېلىپ كۆكرەكلىرىمگە چاچتىم. بەدىنىمدىن مۇزدەك سۇ ئېقىپ چۈشكەنلىكىنى كۆرۈپ شۇنچە كۈندىن بۇيان بىرىنچى قېتىم ئىختىيارسىز كۈلۈۋەتتىم، كۈلكە دېگەن نېمە دېگەن ياخشى-ھە! يەنە بىر دەم ئۈستۈمگە سۇ چاچتىم-دە، بېرىپ سۇنىڭ چوڭقۇر يېرىگە ئۆزەمنى ئاتتىم. سۇ ئېقىمى مېنى ھىلىدىن-ھىلىغا سۇنىڭ تېيىز يېرىگە ئېپكېلىپ قوياتتى، مەن يېڭىۋاشتىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ھەدەپ ئۆزەمنى قاينام بولۇپ كۆپۈكلىنىپ تۇرغان ئېقىمغا ئاتاتتىم.

— سۇ جان، شۇ كۈنلەرنىڭ ھەممە شالتاق، ئىپلاسلىرىنى يۇيۇپ كەت! مېنى ئۆزەڭدەك پاك-پاكىز قىلغىن! — دەپ شىۋىرلاپ، ئۆزەمچە كۈلمەنۇ، نېمىگە كۈلۈۋاتقىنىمنى بىلمەيمەن...

ئاھ، نېمە ئۈچۈن ئادەمزات باسقان ئىزلار ئۆمۈر بويى ئۇلار ئۈچۈن قىممەتلىك، ئۇنتۇغۇسىز جايلاردا ئۆچمەي تۇرمايدۇ؟ ئەگەر

مەن دۈيشەن بىلەن تاغدىن كەلگەن ئىزلىرىمىزنى تاپالسام، چوقۇم دۇم يېتىپ تۇرۇپ مۇئەللىمىم باسقان ئىزلارنى سۆيگەن بولاتتىم. بۇ يوللار مەن ئۈچۈن ھەممە يوللاردىن ئەزىز. ماڭا يېڭى ھايات بېغىشلىغان، يېڭى ئۈمىت-ئارزۇلار ھەدىيە قىلغان، يورۇق دۇنياغا چىقارغان شۇ كۈن، شۇ چىغىر يول! شۇ يول خەيرلىك بولسۇن... شۇ كۈندىكى قۇياشقا مىڭ رەھمەت، شۇ كۈندىكى تۇپراققا ئاپىرىن...

ئىككى كۈندىن كېيىن مېنى دۈيشەن ۋوگزالغا ئېلىپ كەلدى.

شۇ ۋەقە يۈز بەرگەندىن كېيىن ئايلىدا قېلىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمىدى. يېڭى يەردە يېڭىچە تۇرمۇش كەچۈرۈشۈم كېرەك ئىدى. بۇ قارارىم ئايلىدىكىلەرگىمۇ ياقتى. سايىقال بۇۋى بىلەن قارتاڭباي ئاتام مېنى ئۇزىتىپ كەلدى. ئۇلار كۆزلىرىگە ياش ئېلىپ، يولۇمغا ئاتىغان تۈگۈن، خالتىلىرىنى كۆتىرىپ، باللاردەك چاپقۇلاپ يۈرۈشەتتى. مېنىڭ بىلەن خوشلىشىشقا باشقا خوشنىلىرىمىزمۇ، ھەتتا جىدەلخور ساتىمقۇلمۇ يېتىپ كېلىشتى.

— خەير ئەمدى، بالام، خۇدا سېنى ئۆز پاناھىدا ساقلىسۇن، — دېدى ئۇ، — پېشانەڭ يورۇق بولسۇن. قورقما، دېدىل بول. دۈيشەنىنىڭ تەلىمى بويىچە ياشىساڭ... بەرىكە تاپىسەن.

مەكتۈۋىمىزدىكى باللار بىرىچكا ھارۋىنىڭ ئارقىسىدىن خېلى يەرگىچە يۈگۈرۈشۈپ كېلىپ، ئۇزاققىچە قول سىلكىپ خەيرلىشىپ تۇرۇشتى...

مېنى بىرنەچچە يېتىم بالىغا قوشۇپ تاشكەنتكە — دارىلئىتامغا ئەۋەتىشتى. ۋوگزالدا بىزنى كالتا خۇرۇم چاپان كىيگەن بىر رۇس ئايال كۈتۈۋالدى.

www.uyghurkitap.com

كېيىنكى ۋاقىتلاردا مەن جىلغىغا جايلاشقان، ئېرەك كۆلەڭگىسى بىلەن قاپلانغان بۇ ۋوگزالدىن بىرنەچچە قېتىم ئۆتتۈم. يۈرىگىمنىڭ يېرىمىنى بىر ئۆمۈر مۇشۇ يەردە قالدۇرۇپ كەتكەن بولسام كېرەك...

ئەتىياز كەچلىرىنىڭ بىرى ئىدى، گىرىمسەن، ئۆزگىرىشچان ئاسمان پەردىسى ئاستىغا غەمكىن، يىغا ئارىلاشقان بىر خىل ھىسسىيات يوشۇرۇنغان ئىدى، گويا گۈگۈم ۋاقتىمۇ بىزنىڭ جۇدالىق زارىمىزنى چۈشىنىپ تۇرغاندەك قىلاتتى. دۆيشەن ئۆزىنىڭ نەقەدەر پەرىشان بولۇپ تۇرغانلىقىنى بىلىندۇرمەسلىككە تىرىشىسىمۇ، لېكىن مەن ئوخشاش بىر خىل ھىسسىياتتا ئاللىقانداق ئىسسىق بىرنىمىنىڭ بوغۇزىمغا قاپلىشىپ تۇرۇۋاتقانلىقىنى بىلەتتىم. دۆيشەن كۆزۈمنىڭ ئىچىگە قاراپ، قولى بىلەن چاچلىرىمنى، يۈزلىرىمنى ھەتتا كۆينەگىمنىڭ ھەر بىر تۈگمىسىنى دىگۈدەك سىلايتتى.

— سىېنى ئۆمۈرۋايەت يېنىمدىن بىر قەدەممۇ ئايرىماسمەن دىگەن ئىدىم، ئالتۇناي، — دىدى ئۇ، — لېكىن ساڭا دەخلى يەتكۈزۈشكە ھەققىم يوق. سەن ئوقۇشۇڭ كېرەك ـ تە. ئۆزەمنىڭ سەۋىيەممۇ ناھايىتى تۆۋەن. بارغىن، شۇنداق قىلغىنىڭ دۇرۇس... ئېھتىمال سەن ھەقىقى ئوقۇتقۇچى بولۇپ يېتىشەرسەن، ئۇ چاغدا، بىزنىڭ مەكتىۋىمىزنى ئەسلىگەن ۋاقتلىرىڭدا راسا كۈلەرسەن تېخى... ماقۇل، تىلىگىڭگە يەتكەيسەن...

شۇ ئارىدا جىلغىنى ياڭرىتىپ پاراۋوزنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى، پويىز چىراقلىرىمۇ كۆرۈنۈپ قالدى. ۋوگزالدىكى ئادەملەر يۈكلىرىنى كۆتىرىپ قىمىرلاپ قېلىشتى.

— ئەنە، ئەمدى سەن مېڭىپ كېتىسەن! — دىدى دۆيشەن قولۇمنى مەھكەم قىسىپ تىترىگەن ئاۋاز بىلەن، — بەختلىك بول،

ئالتۇناي! ئەڭ مۇھىمى ئوقۇش پەيدا بول، ئوقۇش...

بىرەر جاۋاپقىمۇ تىلىم بارمىدى، كۆز ياشلىرىم مېنى بوغۇپ قويغان ئىدى.

— يىغلىما ئالتۇناي، — دىدى دۈيشەن كۆز ياشلىرىمنى سۈرتۈپ بىردىنلا، — ئىككىمىز تىككەن بىر جۈپ تېرەكنى ياخشى چوڭ قىلدەمەن. ئامان بولساڭ، چوڭ ئادەم بولۇپ كەلگەن چېغىڭدا، بوي تارتىپ چىرايلىق بولۇپ كەتكىنىنى كۆرىسەن تېخى.

شۇ پەيتتە پويىزمۇ يېتىپ كەلدى، شاراق-شۇرۇق قىلىپ ۋاگونلار بىر بىرىگە ئۇرۇلۇپ ئاستا توختىدى.

— خەير ئەمدى، خوشلىشايلى! — دىدى دۈيشەن مېنى قۇچاقلاپ چېكىلىرىمدىن قاتتىق سۆيۈپ. — ئامان-ئېسەن بول، ئاق يول بولسۇن ساڭا، خەير، قەدىرلىگىم... ھېچنېمىدىن قورقىما، دادىل بول!

مەن بىر سەكرەپ پويىز پەلەمپىيىدىن چىقتىم-دە، ئارقامغا بۇرۇلۇپ قارىدىم. سۇنغان قولىنى بويىنىغا ئېسىۋالغان دۈيشەنىنىڭ بىلىنمەس كۆز يېشى ئارىلاش ماڭا تەلمۈرۈپ قاراپ قالغىنىنى ھېچ كۆز ئالدىمدىن كەتمەيدۇ. كېيىن ماڭا قاراپ تەلپۈنگەن ئىدى، شۇ چاغدا پويىز ئورنىدىن قوزغىلىپ مېڭىپ كەتتى.

— خەير، ئالتۇناي! خەير، چىراغىم! — دەپ توۋلىدى ئۇ.

— خەير، مۇئەللىم، خەير، ئەزىز ئۇستازىم!

دۈيشەن ۋاگون بىلەن يانمۇ-يان يۈگۈرۈپ كېلىۋەردى، كېيىن ئارقىدا قالدى، بىر ۋاقىت ئۆزىنى يەنە شىددەت بىلەن ئالغا تاشلاپ:

— ئالتۇ-نا-ي! — دەپ توۋلىۋەتتى.

ئۇ ماڭا مۇھىم بىر گەپنى ئېيتالماي قالغىنىغا ئۆكۈنۈپ قالغاندەك ۋاقىرىدى، كېيىن ۋاقتى ئۆتكەنلىگىنى ھىس قىلغاندەك توختىدى... يۈرىگىنىڭ ئەڭ چوڭقۇر يېرىدىن چىققان بۇ ئاۋاز ھازىرغىچە قۇلىغىمدىن كەتمەيدۇ...

پويىز تونېلدىن چىقىپ، تۈز يولغا چۈشتى ـ دە، تېزلەپ، مېنى قازاقىستان قىر ـ داللىرىدىن يېڭى ھاياتقا قاراپ ئېلىپ كەتتى...

خەير، مۇئەللىمىم؛ خەير، بىرىنچى مەكتىۋىم؛ خەير، باللىق چاغلىرىم؛ خەير، يەر ئاستىدا كۆزى ئېچىلماي قالغان تىنىق بۇلاقتا ئوخشاش پىنھان ساپ مۇھەببىتىم...

ھە، دۈيشەن ئارزۇ قىلىپ بىزلەرگە تەسۋىرلەپ بەرگەن چوڭ شەھەردە، دەرىزىلىرى چوڭ ـ چوڭ مەكتەپلەردە ئوقۇدۇم. ئىشچى ـ دىخان تېز پۈتتۈرۈش ئوتتۇرا مەكتىۋىنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مېنى موسكۋاغا ــ داشۆگە ئەۋەتتى.

ئەنە شۇ ئۇزاق ئوقۇش يىللىرىدا كۆپلىگەن جاپا ـ مۇشەققەتلەرگە يولۇقتۇم، نۇرغۇن قېتىم ئۆمىتسىزلىككە چۈشتۈم، چوڭقۇر پەننى بىلىملەرنى ھەقىقەتەن ئىگەللىيەلمەيدىكەنمەن دىگەن ھىسسىياتلارغىمۇ كەلدىم، لېكىن ھەر قېتىم ئەڭ قىيىن دەقىقىلەردە، ئۆزەمنىڭ بىرىنچى مۇئەللىمىگە بەرگەن ۋەدەمنى ئەستە تۇتتۇم، ئۆزەمنىڭ ئارقىغا قايتىشىغا يول قويمىدىم. كىشىلەر بىر ئوقۇپلا مىڭىسىگە قۇيۇۋالغان نەرسىلەرنى مەن غايەت زور مۇشەققەتلەرنى يېڭىپ ئاندىن چۈشىنىۋالاتتىم. نىمىشقا دىگەندە، ماڭا ھەممە دەرسلەرنى باشتىن باشلاشقا توغرا كەلدى.

ئىشچى ـ دىخان تېز پۈتتۈرۈش ئوتتۇرا مەكتىۋىدە ئوقۇپ يۈرگەن ۋاقتىمدا، مۇئەللىمىگە خەت يېزىپ، ئۇنىڭغا مۇھەببەت ئىزھار

www.uyghurkitap.com

قىلىپ، سىزنى كۈتىمەن، دىگەن ئىدىم. ئۇنىڭدىن ماڭا خەت كەلمىدى. شۇنىڭدىن كېيىن ئوتتۇرىمىزدىكى ئالاقە ئۈزۈلۈپ قالدى. ئۇ ئوقۇشۇمغا دەخلى قىلماسلىق ئۈچۈن، مەندىنمۇ، ئۆز ھالاۋىتىدىنمۇ ۋازكەچكەندەك قىلاتتى. بەلكىم، بۇ قىلغان ئىشى توغرىدۇر... ئېھتىمال، باشقا سەۋەبى باردۇر؟ شۇ چاغدا قانچىلىك قان يۇتمىدىم، بېشىمغا نى-نى خىياللار كەلمىدى دەيسىز...

بىرىنچى دىسسېرتاتسىيەمنى موسكۋادا ياقلىدىم. مېنىڭ ئۈچۈن بۇ زور غەلىبە ئىدى. ئەنە شۇ يىللىرى ئۆزەم ئوقۇشۇمنىڭ ھەلەكچىلىكىدە ئايىلغا بېرىشنىڭ ھېچ ئىلاجىنى قىلالمىدىم. شۇ ئارىلىقتا ئۇرۇش باشلىنىپ قالدى. شۇ يىلى كەچ كۈزدە، بىز موسكۋادىن فرۇنزېغا تارقاقلاشتۇرۇلدۇق، مەن مۇئەللىمىم مېنىڭ بىلەن خوشلاشقان ئاشۇ ۋوگزالدا پويىزدىن چۈشتۈم. تەلىيىمگە دەرھال بىزنىڭ ئايىل ئارقىلىق دۆلەت دىخانچىلىق مەيدانىغا بارىدىغان بىر ھارۋىغىمۇ ئۇچراپ قالدىم.

ئاھ، ئەزىز يۇرتۇم، سېنى ئېغىر ئۇرۇش يىللىرىدا يوقلاشقا توغرا كېلىپ قالدى! يۇرتۇمنىڭ ئاۋاتلىشىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ يايراپ كەتتىم. يېڭى-يېڭى مەھەللىلەر پەيدا بوپتۇ، يېڭى-يېڭى كوچىلار سېلىنىپتۇ، يېڭى كۆۋرۈكلەر بىنا بوپتۇ...لېكىن ئۇرۇش دىلنى غەش قىلىپ تۇرۇپتۇ-دە.

ئايىلغا يېقىنلاشقانسېرى يۈرىكىم قىنىغا پاتماي تېپىرلاپ كەتتى.

يىراقتىنلا يېڭى-يېڭى ناتونۇش كوچىلار، ئۆي ۋە باغلارغا كۆز تاشلاپ كەلمەكتىمەن، كېيىن بىزنىڭ مەكتەپ جايلاشقان دۆڭگە كۆزۈم چۈشتى-دە، يۈرىكىم "قات" قىلىپ كەتتى — دۆڭدە يوغان ئىككى تېرەك يانمۇ-يان قەد كۆتىرىپ، شامالدا چايقىلىپ

www.uyghurkitap.com

تۇرۇپتۇ. مەن ئۆمۈر بويى "مۇئەللىم" دەپ ئاتاپ كەلگەن ئاشۇ كىشىنىڭ ئىسمىنى بىرىنچى قېتىم تىلغا ئالدىم:

— دۈيشەن! — دەپ شىۋىرلاپ قويدۇم. — دۈيشەن، قىلغان ھەممە ياخشىلىقلىرىڭغا رەھمەت! سەن ئۇنتۇماپسەن، دىمەك، ئويلاپ يۈرۈپسەن... ئاپىرىن سەندەك ساداقەتلىك زاتقا! بۇ تېرەكلەر ساڭا نەقەدەر ئوخشايدۇ-ھە!...

ھارۋىكەش بالا كۆز ياشلىرىمنى كۆرۈپ:

— نىمە بولدى سىزگە ھەدە؟ — دەپ سورىدى.

— ھە، ھىچ نىمە! بۇ كولخوزدا بىرەر كىشىنى تونۇمسەن؟

— تونۇمامدىغان! ھەممىسى ئۆز ئادەملىرىمىز.

— دۈيشەننى بىلەمسەن، مۇئەللىم بار ئىدىغۇ!

— دۈيشەن دەمسىز؟ ئۇ ئارمىيىگە كەتكەنىغۇ. ئۆزەم ئۇنى مۇشۇ ھارۋىدا ھەربى كومىتېتقا ئېپبېرىپ قويغان ئىدىم.

ئايىلغا بۇرۇلۇش ۋاقتىدا بالىدىن ھارۋاڭنى توختات، دەپ ئىلتىماس قىلدىم، ھارۋىدىن چۈشتۈم. يەرگە چۈشۈپ ئويلىنىپ تۇرۇپ قالدىم. شۇ ئېغىر كۈنلەردە تونۇش ئىزدەپ، مېنى تونۇمىسىلەر، مەن پالانچى بولىمەن، دەپ ئۆيمۇ-ئۆي يۈرۈشىنى ئۆزەمگە ئەپ كۆرمىدىم. دۈيشەن بولسا ئارمىيىدە ئىكەن. بۇنىڭدىن باشقا ئىللا-بىللا يەڭگەم بىلەن تاغام بار يەرگە بارماسمەن، دەپ قەسەم ئىچكەن ئىدىم. ئەلۋەتتە، كىشىلەرنىڭ نۇرغۇن گۇناسىنى كەچۈرۈش مۇمكىن، لېكىن ئۇلارنىڭكىدەك ياۋۇزلۇقنى ھىچقانداق ئىنسان كەچۈرمەس، دەپ ئويلايمەن. شۇ سەۋەپتىن، ئايىلغا كىرىدىغان يولدىن چەتلەپ، دۆڭدىكى تېرەككە قاراپ كەتتىم.

ئېخ، تېرەكلەر، تېرەكلەر! سىلەرنىڭ كۆپ-كۆك يومران

كۆچەت چىغىڭلاردىن ھازىرغىچە قانچىلىك سۇ ئىقىپ ئۆتتى-ھە! سىلەرنى تىككەن ۋە پەرۋىش قىلغان كىشىنىڭ خىياللىرى، بىشارەتلىرى قالماي ئەمەلگە ئاشتى. سىلەر نىمىشقا مۇنچىۋالا غەمكىن شىرىقلايسىلەر، بېشىڭلارغا نىمە كۈلپەت چۈشتى؟ يا قىش يېقىنلىشىپ قالدى. ئىزغىرىن شاماللار يوپۇرماقلىرىڭىزنى تۆكۈۋې-تىدىغان بولدى دەپ، شۇنىڭ تەشۋىشىنى قىلىۋاتامسىلەر؟ يا بولمىسا خەلقنىڭ غەم-غۇسسىسى، قايغۇ-ئەلىمى شاخلىرىڭلارنى شىرقىرىتىۋاتامدۇ؟

ھە، تېخى قىشمۇ كېلىدۇ، سوغاقمۇ بولىدۇ، بىۋاش ئىزغىرىن بورانلارمۇ بولىدۇ، لېكىن باھارمۇ كېلىدۇ...

كۆزدىكى يوپۇرماقلارنىڭ شىلدىرلىشىغا دۆڭدە تۇرۇپ ئۇزاق ۋاقىت قۇلاق سالدىم. تېرەكلەرنىڭ يېنىدىن ئۆتكەن ئېرىقلارنى كىمدۇر يېقىندا تازىلاپ قويۇپتۇ: يەردە ئاياق، كەتمەن ئىزلىرى ناھايىتى ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ. ئېرىقتا لىققمۇ-لىق تىنىق سۇ، چۈشكەن ساپ-سېرىق يوپۇرماقلار سۇ يۈزىدە قالقىپ يۈرۈپتۇ.

دۆڭدىن مەكتەپنىڭ سىرلانغان تۈنۈكە ئۆگزىسى كۆرۈنۈپ تۇرات-تى، ئىلگىرىكى مەكتىۋىمىزدىن نامۇ-نىشانمۇ قالماپتۇ.

دۆڭدىن چۈشۈپ، يولدا ئۇچراتقان بىرىنچىكا ھارۋىغا چۈشۈپ ۋوگزالغا قايتتىم.

ئۇرۇش تۈگەپ، غەلىبە كۈنلىرىمۇ يېتىپ كەلدى. خەلق ئازاپ-ئوقۇبەتتىن قۇتۇلۇپ، شىرىن-شېكەر كۈنلەرگە يېتىشتى: باللار دادىلىرىنىڭ ھەربى سودكىسىنى ئېسىپ مەكتەپكە بېرىشاتتى؛ ئەرلەر قايتىپ كېلىپ يېڭىۋاشتىن ئەمگەككە قاتناشتى؛ تۇل قالغان خوتۇنلار

يىغلا ـ يىغلا ئۆزلىرىنىڭ تۇللۇق تەقدىرىگە تەن بېرىشتى؛ ئۇرۇق ـ تۇققان، ئاكا ـ ئۇكىلىرىنى، ئەرلىرىنى ئۈمىت بىلەن زارىقىپ كۈتكەنـ لەرمۇ كۆپ بولدى. ئاخىر، ھەممەيلەن بىردەك قايتالـمايتتى ـ دە.

مەنمۇ دۈيشەننىڭ نە ھالدا ئىكەنلىكىنى بىلەلمەي داغدا يۈردۈم. بىزنىڭ ئايىلدىن شەھەرگە كېلىپ ـ كېتىپ يۈرگەنلەر، دۈيشەن دېرەك- سىز يوقاپ كەتتى، ئايىل سوۋېتىگە شۇنداق ئۇقتۇرۇش كېپتۇ ئىمىش، دېيىشتى.

— كىم بىلسۇن، بەلكىم قۇربان بولغاندۇر. — دەپ پىچىرلىشاتتى ئۇلار، — دېرەكسىز يوقاپ كەتكىنىگىمۇ خېلى ۋاقىت بولۇپ قالدى ـ دە.

"بۇنداقتىزە مۇئەللىمىم قايتىپ كەلمەيدىكەن ـ دە، — دەپ ئويلايتتىم بەزىدە مەن. — مۇشۇ ۋوگزالدا ئۇنتۇماس بولۇپ خەيرلەشكىنىمىزدىن بۇيان دىدار كۆرۈشۈش نېسىپ بولمىدى ـ دە..."

ئۆتمۈشۈمنى دائىم ئەسلەپ يۈرۈپتىمەنۇ، قەلبىمدە شۇنچىۋالا ئازاپ ـ ئوقۇبەتلەرنىڭ يىغىلىپ قالغانلىقىنى ئويلاپ باقماپتىمەن.

قىرىق ئالتىنچى يىلى كەچ كۈزدە تومىسكى داشۆسىگە لېكسىيە ئوقۇشقا ماڭدىم. سىبىرىيىگە بىرىنچى مەرتەم قەدەم قويۇشۇم ئىدى. مۇشۇ قىش ئالدى ۋاقىتلىرىدا سىبىرىيە قاتتىق سوغاق ۋە سۈرلۈك ئىدى. قەدىمي ئورمان خۇددى قاپ ـ قارا تامدەك دەرىزىدىن ئۆتۈپ تۇراتتى. ئورمان ئارىلىقىدىكى بوش يەرلەردە مورىسىدىن ئاق تۈتۈن پۈرقىراپ چىقىپ تۇرغان، تاللىرى قارا قىشلاقلار كۆزگە تاشلىنىپ تۇراتتى. مۇز قاتقان داللارغا بىرىنچى قار چۈشكەنۇ، ھاۋادا قاغىلار توپ ـ توپ بولۇپ قاقىلداپ پەرۋاز قىلىپ يۈرۈپتۇ. ئاسماننىڭ قاپىغى تۈرۈلگەن.

www.uyghurkitap.com

پويىزدا ۋاقتىم چاغ كېتىپ بارىمەن. ۋاگونىمىزدىكى ھەمرالاردىن بىرى — ئۇرۇش مەيدانىدىن كەلگەن قولتۇق تاياقلىق مېيىپ يىگىت ھەربى تۇرمۇشتىن قىزىق-قىزىق ۋەقەلەر ۋە لەتىپىلەرنى ئېيتىپ كۈلدۈرگىنى كۈلدۈرگەن. ئاجايىپ-غارايىپ گەپلەرگە شۇنداق ئۇستىكى، ئۇنىڭ ساددا لەتىپىلىرى ۋە زەرەرسىز چاقچاقلىرىدىن مەن دائىم چىن ھەقىقەتنى ھىس قىلاتتىم. ۋاگوندىكىلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنى ياخشى كۆرۈپ قېلىشتى. نوۋوسىبىرسكىدىن ئۆتكىنىمىزدە پويىزىمىز بىر بېكەتتە بىر مىنۇت تۇرۇپ قالدى. مەن دەرىزە يېنىدا ھىلىقى يىگىتنىڭ شوخلۇغىغا قاراپ كۈلۈپ تۇرغان ئىدىم.

پويىز ئاستا قوزغىلىپ، بارا-بارا تېزلەشتى: بېكەتتىكى يالغۇز ئۆي دەرىزە ئالدىدىن شارتلا قىلىپ ئۆتۈپ كەتكەندەك بولدى. پويىز ئاچالغا چۈشكەن چاغدا، دەرىزىدىن شارتلا قىلىپ ئارقامغا داجىدىمۇ، يېڭىۋاشتىن يەنە دەرىزىگە ئۆزەمنى ئاتتىم. ئۇنى، دۆيشەننى كۆرۈپ قالدىم! ئۇ بوتكا يېنىدا قولىدا بايراق تۇتۇپ تۇراتتى.

— توختىتىڭلار! — دەپ پۈتۈن ۋاگوننى ياڭرىتىپ ۋاقىرىدىمۇ، نىمە قىلىشىمنى بىلمەي، ئۆزەمنى ۋاگون ئىشىگى تەرەپكە ئاتتىم. دەل شۇ چاغدا، جىددى توختىتىش تۇتقۇسىغا كۆزۈم چۈشتى-دە، شارتتىدە تارتتىم.

ۋاگونلار بىر-بىرىگە ئۇرۇلۇپ، پويىز بىردىنلا تورمۇزلاندى، يەنە شۇنداق شىددەت بىلەن ئارقىسىغا يېنىۋىدى، يۈك-تاق جازىسىدىكى نەرسىلەر گۈلدۈر-غالاپ قىلىپ دومىلاپ چۈشتى، ئىدىش-تاۋاقلار تاراقشىپ يەرلەرگە چۈشتى، باللار بىلەن خوتۇن كىشىنىڭ يىغىسى ئاڭلاندى. كىمدۇر ۋەھىمىدىن ئاۋازى بوغۇلۇپ:

— پويىز ئادەمنى بېسىپ كېتىپتۇ! — دەپ ۋاقىرىۋەتتى.
مەن بوسۇغىغا كېلىپ قالغان ئىدىم، مەن پويىز ئاستىدىكى يەرگە قارىماستىن سەكرىدىم-دە، مىڭ گەزلىك هاڭغا چۈشۈپ كەتكەندەك بولدۇم. ئارقىدىنلا مەن يەنە هېچنېمىگە قارىماي، هېچنېمىنى ئۇقماي ئاچالچىنىڭ هوجرىسىغا قاراپ يۈگۈردۈم — دۈيشەنگە قاراپ يۈگۈردۈم. ئارقامدىن پويىز خادىمىنىڭ پۈشتىكى ئاڭلاندى، يولۇچىلار ۋاگوندىن ئارقا-ئارقىدىن سەكرەپ چۈشۈپ مېنى قوغلاپ كەلمەكتە ئىدى.
مەن پويىزنى ياقىلاپ دەم ئالماي يۈگۈرەتتىم، دۈيشەنمۇ ماڭا قاراپ يۈگۈرۈپ كەلمەكتە ئىدى.
— دۈيشەن، مۇئەللىم، — دەپ توۋلىغان پېتىم ئۇنىڭغا ئۆزەمنى ئاتتىم.
ئاچالچى چۆچۈپ توختاپ، هەيران بولغان هالدا كۆزۈمگە تىكىلىپ قارايتتى. دۈيشەننىڭ ئۆزى، يۈز-كۆزلىرى قويۇپ قويغاندەك شۇ، ئىلگىرى بۇرۇت قويۇپ يۈرۈش ئادىتى يوق ئىدى، ئۆزىمۇ سەل قېرىپ قېپتۇ.
— سىزگە نىمە بولدى، سىڭلىم، نىمە گەپ؟ — دەپ مېهرىۋانلىق بىلەن سورىدى ئۇ قازاق تىلىدا. — يېڭىلىشقاندەك قىلىسىز. ئاچالچى جانگازىن بولىمەن، ئىسمىم بېينوۋ.
— بېينوۋ؟
ئەلەم، ئازاب ۋە ئىزا سەۋەبىدىن ئۈنلۈك ۋاقىراپ تاشلىماي، ئاغزىمنى يۇمۇۋالدىم. مەن نىمە قىلىپ قويدۇم؟ يۈزۈمنى قولۇم بىلەن يېپىپ، بېشىمنى تۆۋەن قىلدىم. بۇ كۈنگە قالغاندىن كۆرە يەر يۇتسا بولماسمىدى مېنى؟ ئاچالچىدىن ئۆزرە، يولۇچىلاردىن

www.uyghurkitap.com

كەچـۈرۈم سورىـشىم كېرەك ئىـدى، مەن بولـسام خۇددى بۇتـتەك قېتىپ تۇرۇپ قېپتىمەن. يۈگۈرۈپ كەلگەن يولۇچىلارمۇ نىمە سەۋەپ- تىندۇر جىم تۇرۇشاتتى. مەن ئەيىپلەشـنى ۋە تىللاشنى كۈتەتـتىم. لېكىن كۆپچىلىك بىر ئېغىـزمۇ گەپ قىلمىـدى. مۇشۇ قورقۇنچـلۇق جىمجىتـلىق ئىچىدە بىر ئايالـنىڭ خىتىلـداپ گەپ قىلـغان ئاۋازى ئاڭلاندى:

— بىچارىنىڭ كۆزىگە ئېرى يا ئۇكىسىغا ئوخشاش كۆرۈنگەن - دە. ئادەملەرگە جان كىردى.

— راست، بۇنـداق ئىشلار بولىـدۇ، — دىـدى بىرەيـلەن پەس ئاۋازدا.

— نىمە ئىشـلار بولمىـدى دەيىسـلەر، ئۇرۇش مەزگىلىـدە بىز كۆرمىگەن نىمە كۈنلەر قالـدى؟ — دىـدى ئۈنى پۈتۈپ قالـغان بىر ئايال جاۋاۋەن.

ئاچالچى قوللىرىنى يۈزۈمدىن ئالدى:

— قېنى يۈرۈڭ، ۋاگوننىڭىزغا ئېپىبېرىپ قوياي، سوغاقـتا قالدى- ڭىز، — دىدى. شۇنداق دەپ قولتۇقلىۋالدى، يەنە بىر ئەپتىسەرمۇ كېلىپ ئىككىنچى تەرىپىمدىن قولتۇقلىدى.

— يۈرۈڭ، قىز، ھىچقىسى يوق، خاپا بولماڭ، — دىدى.

ئادەملەر يول بېرىشتى، مېنى خۇددى دەپىنە مۇراسىمىدىكىـدەك ئىككى تەرىپىمدىن قولتۇقلاپ مېڭىشتى. بىز ئاسـتا قەدەم تاشـلاپ ئالدىدا ماڭدۇق، قالغانلار ئارقىمىزدىن كېلىشەتتى. ئۇ ياق - بۇ ياقتىن يۈگۈرۈپ كېلىشىۋاتقان يولۇچىـلارمۇ بىزگە قوشۇلۇپ كېلىـشەتـتى. كىمدۇر بىرى تىنۋت شالىنى ئۇستۈمگە ئارتىپ قويدى. ھىلىقى قول- تۇق تاياقلىق ھەمرايىمىز يېنىمىزدا ماڭماقتا. ئۇ سەل ئالدىغا ئۆتۈپ

www.uyghurkitap.com

يۈزۈمگە بىر قارىۋالدى. بۇ خۇش چاخچاق، گەپچى، سەربۇلان ۋە باتۇر يىگىت نىمە ئۈچۈندۇر بۇ چاغدا تۇمغىنى ئېلىپ، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، خۇددى يىغلامسىرىغاندەك كېتىپ باراتتى. مەنمۇ يىغلاپ ماڭماقتىمەن. پويىزنى ياقىلاپ سۈكۈتتە ماڭماقتىمىز، تېلېگىراف سىملىرىنىڭ ھۇشتەك چېلىشلىرى قۇلىقىمغا خۇددى ماتەم مۇزىكىسىدەك ئاڭلىناتتى. "يوق، ئەمدى ئۇنى كۆرۈش ماڭا نېسىپ بولمايدۇ".

پويىز باشلىغى ۋاگون يېنىدا بىزنى توسىۋالدى. ئۇ بىگىز قولىنى شىلتاپ، سوتقا تارتىش، جەرىمانە قويۇش ھەققىدە ۋاقىراپ سۆزلەمەكتە ئىدى. لېكىن مەن ئۇنىڭ گەپلىرىگە جاۋاپمۇ بەرمىدىم. مېنىڭ ئۈچۈن ھەممىسى بەرىبىر ئىدى. ئۇ خاتىرىنى قولۇمغا تۇتقۇزۇپ، قول قويدۇرۇۋالماقچى بولدى. مېنىڭدە قەلەم تۇتقۇدەكمۇ مادار يوق ئىدى.

شۇ پەيتتە، ھېلىقى ھەمرايىمىز ئۇنىڭ قولىدىن خاتىرىنى يۇلۇپ ئېلىپ، قولتۇق تايىغىغا تايىنىپ ئۇنىڭ ئالدىغا قىستاپ بېرىپ يۈزىگە قاراپ ۋاقىرىدى:

— تېچ قويساڭچۇ ئۇنى! مانا مەن قول قويىمەن، تۇتقىنى تارتقان مانا مەن، ئۆزەم جاۋاپكار!...

كېچىككەن پويىز سىبىرىيە داللىرىنى بويلاپ، رۇس چېگرىلىرىنى بويلاپ غۇيۇلداپ بارماقتا. ھەمرىيىم تۈن قاراڭغۇسىدا گىتارىنى مۇڭلاتماقتا. مەن بولسام كۆڭلۈمدە رۇس تۇل خوتۇنلىرىنىڭ مۇڭلۇق ناخشىلىرىغا ئوخشاش بۇرۇنقى ئۇرۇش جاراھەتلىرىنىڭ مۇڭلۇق ئاۋازىنى ئۆزەم بىلەن بىللە ئېلىپ ماڭماقتىمەن.

يىللار ئاققان سۇدەك ئۆتمەكتە. ئۆتكەن ئىشلار قايتمايدۇ.

كەلگۈسىدىكى چوڭ-كىچىك ئىشلار خەقنى ئۈزلۈكسىز تۈردە چىللىماقتا. يېشىم بىر يەرگە بېرىپ قالغاندا ئەرگە چىقتىم. ياخشى ئادەمگە ئۇچراپتىمەن. ئۆي تۇتتۇق، باللىق بولدۇق، ناھايىتى ئىناق ئۆتىمىز. ھازىر مەن پەلسەپە دوكتورىمەن، پات-پات كوماندىروپكىغا چىقىپ تۇرىمەن. ناھايىتى كۆپ مەملىكەتلەردە بولدۇم... پەقەت بىزنىڭ ئايلىغا قايتا كېلىپ باقمىدىم. بۇنىڭ ئۆزىگە يارىشا ئانچە-مۇنچە سەۋەپلىرى بار ئىدى، ئەلۋەتتە، لېكىن ئۆزەمنى ئاپپاق قىلىپ كۆرسىتىش نىيىتىم يوق. ئۇرۇق-تۇققان، يۇرتداشلىرىم بىلەن بولغان باردى-كەلدىنىڭ ئۈزۈلۈپ قېلىشى ياخشى ئەمەس، بۇنىڭدا ئۆزەمنى گۇناكار دەپ ھېساپلايمەن. لېكىن، پېشانەمگە پۈتۈلگىنى شۇ ئوخشايدۇ. مەن ئۆتمۈشنى ئۇنتۇپ قالغىنىم يوق، ياق، ئۇنتۇپ قالمايمەن، پەقەت ئۇنىڭدىن قانداقتۇر يىراقلىشىپ قالدىم، خالاس.

تاغلاردا شۇنداق بۇلاقلار بولىدۇكى، يېڭى يول ئېچىلسا، بۇ بۇلاقلارغا ئېپپارىدىغان چىغىر يوللار ئەستىن چىقىپ كېتىدۇ، ئۇسسىغاندا يولدىن بۇرۇلۇپ بارىدىغان يولۇچىلار بارغانسېرى ئازىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن بۇ بۇلاقلارنى يالپۇز ياكى لويلا بېسىپ كېتىدۇ. كېيىن بارا-بارا يولۇچىلارنىڭ كۆزىگە كۆرۈنمەيمۇ قالىدۇ. ئوت-ئاتەش ئىسسىق كۈنلەردە ئاندا-ساندا بىرەر ئادەمنىڭ ئېسىگە كېلىپ، ئۇسسۇلۇق تەشناسىنى قاندۇرۇش ئۈچۈن يولدىن بۇرۇلۇپ بۇلاق بېشىغا بارسا بارار. يولۇچى كېلىدۇ-دە، ئوت بېسىپ كەتكەن بۇلاقنى ئىزدەپ تاپىدۇ. گىيالارنى ئاۋايلاپ ئاچىدۇ-دە، ھەيران قېلىپ "ئاھ!" دەپ تاشلايدۇ: ئاللىقاچانلاردىن بۇيان ھېچكىم لايلاتمىغان مۇزدەك بۇلاق سۈيىنىڭ تىنىقلىغى ۋە چوڭقۇرلۇغىنى كۆرۈپ ھەي-

www.uyghurkitap.com

ران قالدۇ، بۇلاقتا ئۇ ئۆزىنىمۇ، قۇياشنىمۇ، ئاسمانىنىمۇ، تاغ ـ تاشلارنىمۇ كۆرىدۇ...كۆرىدۇ ـ دە، شۇنداق جايلارنى بىلمەسلىك گۇنا، يار ـ بۇرادەرلەرنىمۇ بۇنىڭدىن خەۋەردار قىلىش كېرەك دەپ كۆڭلىدىن ئۆتكۈزۈپ قويىدۇ. شۇنداق دەپ ئويلايدۇ ـ دە، ئىككىنچى مەرتەم بۇ يەرگە كەلگىچە ئۆزىمۇ ئېسىدىن چىقىرىپ قويىدۇ.

بەزىدە هاياتتىمۇ شۇنداق بولىدىكەن، شۇنىڭ ئۈچۈنىمۇ بۇنىڭ نامى هايات بولسا كېرەك...

بۇنداق بۇلاقلار يېقىندا بىزنىڭ ئايلغا بېرىپ كەلگەندىن كېيىن ئېسىمگە چۈشۈپ قالدى.

سىز شۇ چاغدا مېنى نىمە سەۋەپتىن بىردىنلا كۇركۇرەۋدىن كېتىپ قالدىكىن دەپ هەيران بولغاندۇرسىز؟ هازىر سىزگە ئېيتىپ ئولتۇرغان دەرتلىرىمنى شۇ چاغدا كىشلەرگە ئېيتسام بولماسمىدى؟ ياق، شۇ چاغدا كۆڭلۈم قاتتىق بۇزۇلۇپ، نومۇس كۈچى ئۈستۈن كەلدى، ئۆزەمدىن ئۆزەم ئىزا تارتىپ كەتتىم، شۇ سەۋەپتىن دەرهال كېتىپ قالدىم. دۈيشەن بىلەن دىدارلىششقا، كۆزىگە تىك بېقىپ قاراشقا يۈزۈم چىدىمايدىغانلىقى ئۆزەمگە ئايان. ئۆزەمنى بېسىپ، دولقۇنلاۋاتقان يۈرىگىمنى تىنجىتىشىم كېرەك ئىدى، ئوي ـ پىكرىمنى تەرتىپكە سېلىپ، ئايلداشلىرىمغىلا ئەمەس، يەنە باشقا كۆپتىن ـ كۆپ دوستلىرىمغا ئېيتماقچى بولغان گەپلىرىمنى ئوبدان ئويلاپ، بىر قارارغا كېلىشىم زۆرۈر ئىدى.

ئۆزەمنى گۇناكار هىس قىلغانلىغىمنىڭ يەنە بىر سەۋەۋى، بۇنچە-لىك ئىززەت ـ هۆرمەت ماڭا ئەمەس، باشقا بىر زاتقا مەنسۇپ بولۇشى كېرەك ئىدى، يېڭى مەكتەپتە ئوقۇش باشلاش مۇراسىمىدا مېنى

ئەمەس. باشقا بىر زاتنى تۆرگە چىقىرىش لازىم ئىدى. بۇنىڭغا ھەممىدىن ئاۋال بىرىنچى مۇئەللىمىمىز، بىزنىڭ ئايىلىنىڭ بىرىنچى كوممۇنىستى دۈيشەن بوۋاي مۇناسىپ ئىدى. ھالبۇكى بۇنىڭ ئەكسى بولدى — بىز ھەممىمىز تۆكمە-تۆكمە قىلىپ تولدۇرۇلغان داستىخاندا مېھمان بولۇپ ئولتۇردۇق، بۇ بىباھا ئادەم شۇ ئۇلۇغ بايرام كۈنىمۇ پوچتىچىلىقنى قويماي، بىر زامانلاردا شۇ مەكتەپتە ئوقۇپ ئادەم بولغان ئوقۇغۇچىلارنىڭ ئەۋەتكەن تەبرىك تېلېگراممىلىرىنى مەكتەپنىڭ ئىچىلىش ۋاقتىغا يەتكۈزۈش ئالدىراشچىلىقىدا يۈردى.

بۇ بىرەر قېتىم سادىر بولۇپ قالىدىغان ۋەقە ئەمەس. بۇنداق ھادىسىلەرنى مەن كۆپ كۆرگەنمەن. شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ ئۆز-ئۆزەمگە سوئال بېرىمەن: ئاددى كىشىلەرنى لېنىنغا ئوخشاش ئەستايىدىل ئىززەت-ھۆرمەت قىلىش ئادىتىمىزنى، ئەجەبا، قاچان يوقىتىپ قويدۇق؟...خۇداغا شۈكۈر، ھازىر بۇ نەرسىلەر ھەققىدە رىياكارلىق، تىل ياغلىمىلىق قىلماي توپ-توغرىلا گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدۇق. بۇ جەھەتتىمۇ لېنىنغا خېلى يېقىنلاشتۇق، بۇ ناھايىتى ياخشى.

ئۆز زامانىسىدە دۈيشەننىڭ قانداق مۇئەللىملىك قىلغانلىقىدىن ياشلار بىخەۋەر. چوڭلارنىڭ تولىسى دۇنيادىن ئۆتتى. دۈيشەننىڭ شاگىرتلىرىدىن بىرمۇنچىسى ئۇرۇشتا قەھرىمانلارچە قۇربان بولۇپ كەتتى، ئۇلار ھەقىقى سۆۋېت جەڭچىلىرى ئىدى.

مۇئەللىم دۈيشەننىڭ قىسسىسىنى ياشلارغا يەتكۈزۈشنى ۋەزىپەم دەپ بىلىمەن. ھەرقانداق كىشى مېنىڭ ئورنۇمدا بولسىمۇ شۇنداق قىلىدۇ، بۇ تۇرغان گەپ. لېكىن، ئەپسۇسكى، ئايىلىدىن ئالاقەم ئۈزۈلۈپ قالغان ئىدى، دۈيشەندىنمۇ خەۋەر ئالالماي، بارا-بارا

www.uyghurkitap.com

ئۇنىڭ سىماسى خاتىرەمدە مۇزېيلاردا ساقلىنىدىغان قىممەتلىك يادىكارلىقتەك بولۇپ قالدى.

مەن يەنىلا بۇ يەرگە مۇئەللىمنى يوقلىغىلى، يالۋۇرۇپ گۈنايسە-نى كەچۈرۈشنى سورىغىلى كېلىمەن.

موسكۋادىن قايتىشىمدا كۆركۆلەۋگە چۈشۈپ ئۆتىمەن، ئۇ يەردە-كى يۇرتداشلارغا ھېلىقى مەكتەپكە "دۈيشەن مەكتىۋى" دەپ نام قويۇش تەكلىۋىنى بېرىمەن. بۇ مەكتەپكە ھازىر پوچتىچىلىق قىلىپ يۈرگەن شۇ ئاددىي كولخوزچىنىڭ نامىنى قويساق دەيمەن. سىزنىڭمۇ، ئايىلداش دوستۇم، مېنىڭ بۇ تەكلىۋىمنى قۇۋۋەتلىشىڭىزنى ئۈمىد قىلىمەن. ئىلتىماسىمنى يەردە قالدۇرماسسىز.

موسكۋادا ھازىر كېچە سائەت ئىككى. مېھمانخانا بالكونىغا چىقىپ، ئاسماندىكى يۇلتۇزلاردەك پارقىراپ تۇرغان بىپايان موسكۋا چىراق-لىرىنى تاماشا قىلىپ، ئايىلغا بارسام، مۇئەللىمىم بىلەن كۆرۈشۈپ، ئاپپاق ساقاللىرىغا سۆيسەم، دەپ خىيال سۈرۈپ تۇرۇپتىمەن.

دەرىزىلەرنى كەڭ ئېچىپ قويدۇم، ئۆيگە ئارامبەخش يېڭى ھاۋا ئېقىپ كىردى. يورۇپ كېلىۋاتقان كۆكۈش تاڭ نۇرىدا، باشلاپ قويغان رەسىم لايىھىسىگە سەپسېلىپ قارىدىم. بۇنداق رەسىملەر كۆپ، بىرنەچچە قېتىم ھەممىسىنى يېڭىدىن باشلىغان ۋاقتىم كۆپ بولغان، لېكىن مۇكەممەل بىر رەسىم ھەققىدە گەپ قىلىشقا تېخى ئەتتىگەن. ئاساسلىق نەرسىنى تېخى تاپالمىدىم....سەھەردىكى جىمجىتلىق ئىچىدە خىيال سۈرۈپ قەدەم تاشلاپ يۈرمەكتىمەن. ھەر قېتىم ئەنە شۇنداق كەيپىياتتا بولىمەن. ھەر قېتىم رەسىمىم تېخى خىيال پەردىسىدىن چىقمىغان، دەپ ئۆزەمنى قاتتىق

ئىشەندۈرىمەن.

مەيلى قانداق بولمىسۇن، تېخى پۈتمىگەن بۇ رەسىم ئۈستىدە سىلەر بىلەن گەپلىشىش نىيىتىم بار. سىلەر بىلەن مەسلىھەتلەشمەكچىمەن. بۇ رەسىم بىزنىڭ ئائىلىنىڭ بىرىنچى مۇئەللىمى، تۇنجى كوممۇنىست دۆيشەن ئاقساقالغا بېغىشلىنىدۇ، بۇنى ئەلۋەتتە قىياس قىلالايسىلەر.

لېكىن مۇرەككەپ ھايات، مۇقەددەس كۆرەشنى، تۆرلۈك-تۈمەن تەقدىر ۋە ئىنسانلىق ھېسسىياتنى بوياقلار بىلەن ئىپادىلەپ بېرىش قولۇمدىن كېلەرمىكىن، بۇ تەرىپىنى تېخى ئۆزەمچە تەسەۋۋۇر قىلالماي تۇرۇۋاتىمەن. لېمۇ-لىپ سۇ قۇيۇلغان بۇ چىنىنى داۋالغۇتماي، بىر تامچىسىنىمۇ زايە قىلماي سىز زامانداشلىرىمغا يەتكۈزۈشنىڭ چارىسى قانداق بولاركىن؟ نىيىتىمنى سىلەرگە يەتكۈزۈش بىلەن بىللە ئۇنى ھەممىمىزنىڭ ئىجادىيىتىگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن نېمە قىلسام بولاركىن؟

بۇ رەسىمنى سىزماسلىققا ئىلاجىم يوق، لېكىن شۇنچە ئوي-خىياللار، غەم-ئەندىشىلەر مېنى قاتتىق ئوراپ ئالغان-دە! بەزىدە ئويلاپ ئولتۇرۇپ، بۇ نىيىتىمنى ئىشقا ئاشۇرۇش قولۇمدىن كەلمەس، دىگەن ئۈمىتسىزلىك مېنى يېڭىپ كەتكەندەك بولىدۇ. بەزىدە بولسا نەدىنمۇ تەقدىر قولۇمغا رەسسام قەلىمىنى تۇتقازدى، دەپ يەنە بىر ئويغا كېلىمەن. قانداق ئازاپ، قانداق نادامەتلىك كۆنلەرگە قالدىم ئۆزەم! بەزىدە بىلەكلىرىمگە ماغدۇر كىرىپ، ئۆزەمنى تاغنىمۇ تالقان قىلىۋېتىدىغاندەك كۆچلۈك سېزىمەن. شۇنداق چاغلاردا مەن يەنە: ياخشى كۆزەت، ياخشى ئۆگەن، ياخشى تاللا، دەپ ئۆزەمگە غەيرەت بېرىمەن.

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

دۈيشەن بىلەن ئالتۇنايىنىڭ قوش تېرىگىنى سىزغىن، سەن بۇ قوش تېرەك قىسسىسىنى بىلمەسسەڭمۇ، ياشلىغىڭدا ئۇ ساڭا بىر مۇنچە هوزۇر بېغىشلىغانغۇ! ئاپتاپتا كۆيۈپ كەتكەن يالىڭاياق بىر ئوغۇل بالىنىڭ رەسىمىنى سىزغىن، ئۇ بالا تېرەككە چىقىپ، شاختا ئولتۇرۇپ، سىرى نامەلۇم ئۇزاق-ئۇزاقلارغا زوق بىلەن نەزەر تاشلاپ تۇرسۇن.

ياكى بىر رەسىم سىزىپ، ئۇنىڭغا "بىرىنچى مۇئەللىم" دەپ نام قوي. بۇنىڭدا دۈيشەن بالىلارنى كۆتىرىپ سۇدىن ئۆتكۈزۈپ تۇرغان بولسۇنۇ، قىزىل تۇلكە تۇماق كىيگەن، سېمىز ئويناقى ئات مىنگەن ئەخمەقلەر ئۇنىڭ يېنىدىن زاڭلىق قىلىپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بولسۇن...

ياكى بولمىسا مۇئەللىمنىڭ ئالتۇناينى شەھەرگە ئوقۇشقا ئۇزىتىپ تۇرغانلىغىنى سىزغىن. ئۇنىڭ ئەڭ ئاخىرىدا نىمە دەپ ۋاقىرىغانلىغى ئېسىڭدىمۇ؟ شۇ پەيتنى شۇنداق كېلىشتۇرۈپ سىزغىنكى، رەسىمنىڭ ئالتۇناينىڭ قۇلىغىدىن كەتمىگەن دۈيشەننىڭ ئاۋازىغا ئوخشاش هەر بىر كىشىنىڭ يۈرىگىدىن ئەكس سادا تاپسۇن.

ئۆزەمگە ئۆزەم شۇنداق دەيمەن. مەن ئۆزەمگە ئۆزەم بىر مۇنچە گەپلەرنى قىلغان، لېكىن ئۇلارنىڭ هەممىسى روياپقا چىقىشۇرمەيدۇ-دە... سىزىدىغان رەسىمىمنىڭ قانداق چىقىشىغا هازىرمۇ كۆزۈم يەتمەيدۇ، لېكىن بىر نەرسىگە قاتتىق ئىشىنىمەن: مەن ئىزدىنىمەن.

# يەر ئانا

دادا، مەن سىنىڭ قەۋرەڭنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنىمۇ بىلمەيمەن، مۇشۇ ئەسىرىمنى، دادا، تۆرەقۇل ئايتىماتوۋ، ساڭا بېغىشلايمەن.

ئانا، سەن بىز تۆتىمىزنى چوڭ قىلىپ قاتارغا قوشتۇڭ. سىنىڭ ئۇزاق ئۆمۈر كۆرۈشۈڭنى تىلەپ، مۇشۇ ئەسىرىمنى، ئانا، ناغىما ئايتماتوۋا، ساڭا بېغىشلايمەن.

## 1

ئۇ پاكىز يۇيۇلغان ئاق كۆينەكنى ئۈستىگە تەكشى شىرىلغان شىرىق چاپىنىنى كىيىپ، ئېگىزلىكتىكى يالغۇز ئاياق يولدا ئاستا كەلمەكتە. ئەتراپتا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. ياز ئاللىقاچان ئۆتۈپ كەتكەن، دالىدا كىشىلەرنىڭ تاۋۇشىمۇ، ئايىل يوللىرىدا چاڭ توزۇتۇپ كېتىۋاتقان ئاپتوموبىللارمۇ، يىراقلاردا ئىشلەۋاتقان كومباينلارمۇ كۆرۈنمەيتتى، ئېگىزدا ئوتلاش ئۈچۈن مالمۇ كەلمىگەن ئىدى.

غۇۋا كۆرۈنگەن چوڭ يول تەرەپتە، كۈز دالاسى يىراق-يىراقلارغا سوزۇلغان بولۇپ، چېتىگە كۆز يەتمەيتتى. ئاسماندا كۆلرەڭ بۇلۇتلار ئاستا لەيلەشەتتى. يېنىككىنە كۆتىرىلگەن شامال دالىدا ئاستا ئۆزەتتى، قىياقلارنى ۋە قوراي بېشىنى دەريا بويىغا قاراپ ئاستاغىنا

www.uyghurkitap.com

ئۇچۇراتتى. ئازراق نەم ئوتلار ئەتىگەنلىك سوغاق هاۋادا يېقىملىق هىدىنى چاچاتتى. زىرائەتلەر يىغىۋېلىنغاندىن كېيىنكى دالا ئارام ئالماقتا. هاۋا تۇتۇق بولىدىغان چاغلار پات ئارىدا يېتىپ كېلىشىۋ، يامغۇر يېغىپ، دالىنى دەسلەپكى قار قاپلايدۇ، قار-شۇۋرغانلىق كۈنلەر بولىدۇ. بۇ يەر ۋاقتىنچە جىمجىتلىققا چۆمگەن.

ئۇنى خاتىرجەم قويۇڭلار. ئەنە، ئۇ مۇشۇ يەردە توختىدى، نۇرى كەتكەن كۆزى بىلەن ئەتراپقا سەپسالدى.

— ئامانمۇسەن، خاسىيەتلىك دالام؟ — دىدى ئۇ پەس ئاۋازدا.

— ئامانچىلىق. كەلدىڭمۇ، تولغاناي؟ بۇلتۇرقىدىنمۇ قېرىپ كېتىپسەنغۇ؟ چېچىڭ سۈتتەك ئاق، قولۇڭدا تاياق.

— شۇ، قېرىدىم. ئارىدا يەنە بىر يىل ئۆتۈپ كەتتى. سەندىنمۇ، دالام، يەنە بىر قېتىم هوسۇل ئالدۇقۇ. بۈگۈن ئەسلىمە ئەسلەيدىغان كۈن.

— بىلىمەن. كېلىدىغانلىغىڭنى بىلىپ تۇرغان ئىدىم، تولغاناي. بىراق، بۇ قېتىم سەن نەۋرەڭنىمۇ باشلاپ كېلىدىغان بولغان ئەمەسمىدىڭ؟

— هە-ئە. بىراق، بۇ دۆرەممۇ يالغۇز كەلدىم.

— دېمەك، سەن ئۇنىڭغا تېخىچە هېچنىمە دېمىگەن ئوخشىمامسەن، تولغاناي؟

— ياق، ئېيتىشقا ئاغزىم بارمىدى.

— بەرىبىر، ئەتىمۇ، كەچىمۇ، ئەيتاۋۇر بىر كۈنى ئۇ ئاخىر ئاڭلايدىغۇ، تولغاناي. ئەل ئىچىدە ئاغزى بوش بىر بەندە يوق دەمسەن؟

— بۇغۇ راست. ئەتىمۇ، ئۆگۈنىمۇ، ئاخىر بىر كۈنى ئۇنىڭ

ئاڭلايدىغانلىقى سۆزسىز. ياخشى-يامانىنى چۈشەنگۈدەك بولۇپمۇ قالدى ئۆزى. بىراق ئۇ ماڭا تېخىچە سەبى بالا بولۇپ كۆرۈنىدۇ. قورقىمەن، ئاغزىمدىن چىقىرىشقا قورقىمەن.

— بىراق ئادەم ھەقىقى ئەھۋالنى بىلىشى كېرەكقۇ، تولغاناي.

— بىلىمەن، بىراق ئۇنىڭغا قانداق ئېيتىمەن؟ چۈنكى مەن بىلىدىغان ئۇ ئىش، قەدىرلىك دالام، سەن بىلىدىغان ئۇ ئىش، ھەممەيلەن بىلىدىغان ئۇ ئىش، پەقەت ئۇنىڭغىلا نامەلۇم. ئەگەر ئۇ بىلسە، نىمىلەرنى ئويلاپ كېتەر؟ ئۇ بۇ ئىشقا قانداق قارار؟ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە كۆزى يېتەرمۇ؟ قانداق قىلغان بىلەنمۇ ئۇ تېخى بىر بالىدە. شۇڭا مەن قانداق قىلغاندا بالىنىڭ يۈرىگىنى يارا قىلماي، بەلكى مەڭگۈ تۇرمۇشقا يۈزلىنىدىغان قىلالارمەن، قانداق قىلسام بولار؟ دەپ ئويلايمەن. ئۇھ، ۋەقە بىر-ئىككى ئېغىز گەپ بىلەنلا چۈشەندۈرگىلى بولىدىغان ئاددى ۋەقە بولسا ئىدى، ھىكايە-چۆچەك ئېيتقاندەكلا سۆزلەپ ئىشنى تۈگىتەتتىم. يېقىننىڭ بۇياغى ئالمادىس ئۇشتۇمتۇت ئۆلۈپ قالسام قانداق قىلارمەن، دەپ ئويلايدىغان بولۇپ قالدىم. قىشتا، بىر كۈنى ئاغرىپ يېتىپ قېلىۋىدىم، ئەمدى تۈگەشكەن ئوخشايمەن دەپ قالدىم. مەنغۇ ئۆلۈمدىن قورقمايمەن — ئۆلۈم نۆۋىتى كەلسە، ئۇنىڭغا قارشىلىق كۆرسىتىپمۇ ئولتۇرمايمەن — مەن كۈنۈم توشۇپ، كۆزۈم يۇمۇلسا، ئېيتىدىغان ۋەسىيەتىمنى ئېيتالماي، ئۆزەم بىلەن گۆرگە ئېلىپ كېتىپ قالارمەنمۇ، دەپ ئەندىشە قىلىمەن، ئەلۋەتتە، ئۇمۇ مېنىڭ نىمە ئۈچۈن ھامان ئازابلىنىپ يۈرىدىغانلىقىمنى بىلمەيدۇ...دۇرۇس، ئۇنىڭ ماڭا ئىچى ئاغرىيدۇ، ھەتتا مەكتەپكە بېرىشتىنمۇ قالدى، يېنىمدىن زادىلا سىلجىمايدۇ، خۇددى ئانىسىنىڭ ئۆزى. "موما! موما! سىز ئىچەمسەن؟

دورا ئىچەمسەن؟ ئۇستۇڭگە يەنە بىر نەرسە يېپىپ قويايمۇ، موما؟“
دەپ سوراپلا تۇردىۇ. شۇنداق ھالەتتىمۇ تىلىم بارمىدى، جۇرئەت
قىلالمىدىم. بايقۇشۇم، ئىچىدە ھېچ كىرى يوق، ساددا دىل، بارەسىدە
گۇدەك تۇرسا، ھېچ نەرسىدىن گۇمان قىلمىسا، ئۇنىڭغا نىمىمۇ دىيە-
لەيتتىم. ئۇنداق قىلىپمۇ، بۇنداق قىلىپمۇ پىكىرلىرىمنى تارازىسغا
سېلىپ كۆرەتتىم. قانچىلىك ئويلىماي، بەرىبىر بىر پىكىرگە كېلىپ
توختايتتىم: بولغان ۋەقەنى، تۇرمۇشنى بالا توغرا چۈشەنسۇن
دەپ، مەن ئۇنىڭغا يالغۇزلا ئۆز تەقدىرىم توغرىسىدا ئەمەس،
ئۇنىڭ تەقدىرى ھەققىدىلا ئەمەس، بەلكى نۇرغۇن كىشلەر ھەققىدە
ۋە نۇرغۇن كىشلەرنىڭ تەقدىرى ھەققىدە، شۇنداقلا ئۆزەم ھەققىدە،
زامانىمىز ھەققىدە شۇنداقلا سەن، ساخاۋەتلىك دالام ھەققىدە،
ھەرقايسىمىزنىڭ تۇرمۇشى ھەققىدە، ھەتتا ئۇ مىنىپ مەكتەپكە بارغان،
ئازراقمۇ گۇمانىنى قوزغىمىغان ئاشۇ ۋەلسىپىت ھەققىدە سۆزلەپ
بېرىشىم كېرەك. ئېھتىمال، شۇنداق قىلغاندىلا توغرا قىلغان بولار-
مەن، چۈنكى تۇرمۇش ھەممىمىزنى بىر تۇگۈنگە چېتىپ، خېمىردەك
كىرىشتۇرۇپ قويغان، ھېچىمىزنى يوشۇرۇپمۇ، قوشۇپمۇ بولمايدۇ.
لېكىن بۇ ئىشنى ھەتتا ھەرقانداق چوڭ ئادەممۇ چۈشىنىپ كېتەل-
مەيدۇ. بەرداشلىق بېرىش، ئۇنى قەلبىدىن چۈشىنىش كېرەك...
شۇڭا بىر پىكىرگە كېلەلمەيۋاتىمەن-دە...بۇ مېنىڭ ۋەزىپەم ئىكەن-
لىگىنى بىلىمەن، كۆزۈمنىڭ ئوچۇغىدا شۇ قەرزىمدىن قۇتۇلسام،
ئۆلسەممۇ ئارمانسىز كېتەتتىم...

— تولغاناي، قېنى بېرىراق كەل، مانا ماۋۇ تاشقا ئولتۇر، پۇتۇڭ
ئاغرىيدىغۇ سېنىڭ. ئولتۇر، بىرلىكتە ئويلاپ كۆرەيلۇق. بىرىنچى
مەرتەم بۇ يەرگە كەلگىنىڭ ئېسىڭدىمۇ، تولغاناي؟

— ئۇنىڭدىن بېرى كۆپ ۋاقىتلار ئۆتۈپ كەتتىغۇ، ئەسلىيەلمەيمەن.
— سەن شۇ ۋاقىتلارنى ئەسلەشكە بىر ھەركەت قىلىپ كۆرگىنە، تولغاناي. قېنى، بېشىدىن ئەسلىگىنە.

## 2

غوۋا ئېسىمدە: كىچىكىمدە، ئۇما ۋاقىتىدا، ئاتا-ئانام يېتىلەپ ئېپكېلىپ، سايىدا، قۇرۇق ئوت-چۆپ ئۈستىدە ئولتۇرغۇزۇپ قوياتتى-دە، يىغلىمىسۇن دەپ قولۇمغا بىر بۇردا نان تۇتقۇزۇپ قوياتتى. كېيىن، سەل چوڭ بولۇپ قالغان ۋاقتىمدا، زىرائەتلەرگە قاراش ئۈچۈن بۇ يەرگە ئۆزەم كېلەتتىم. ئەتىيازدا، كىشىلەر ئۇلاق-لىرىنى تاققا ھەيدەپ مېڭىشاتتى. ئۇ چاغدا مەن بىر پاخما چاچ قىز ئىدىم، توختىماي چېپىپ يۈرەتتىم. ئۇھ، باللىقەي، غەم-غۇسسە دىگەننى بىلمەي، ئۆز مەيلىچە يۈرىدىغان ۋاقىتلار-دە! ھېلىمۇ ئېسىمدە، چارۋىدارلار ئاشۇ تۆۋەن تەرەپتىكى سېرىق تۈزلەڭلىكتىن چاڭ-توزاڭ كۆتىرىپ مېڭىشاتتى. بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى خۇددى تۈرنىدەك قاتار تىزىلىشىپ يايلاۋغا، سالقىن ئېدىرلارغا ئالدىراپ مېڭىشاتتى. شۇ چاغدىكى ياشلىق چاغلىرىم-ھە! ئۇيۇر-ئۇيۇرى بىلەن دۈپۈرلىشىپ كىشنەشكەن ئاتلار زور ھەيۋەت، دەبدىبە بىلەن چاڭ-توزاڭ كۆتىرىپ كېلەتتى، ئەگەر ئاتلارنىڭ ئىچىدە قالسىڭىز، كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە بولغان ئارىلىقتا سىزنى چەيلەپ خېمىر قىلىۋېتەتتى، كۆتىرىلگەن چاڭ-توزاڭ بىر چاقى-رىمچە كېلەتتى. لېكىن مەن بۇغدايلىقنىڭ ئىچىدىن سەكرەپ چىقىپ، يىلقىلارنى ئۈركىتىۋېتەتتىم. ئاتلار ئۈركۈپ يان تەرەپكە قاچسا،

www.uyghurkitap.com

مالچىلار:

— ھەي، يەردىن چىققان ئالۋاستى، خەپ سېنى! — دەپ، ئۆزۈن تايىغىنى شىلتاپ مېنى قوغلىۋېتىشەتتى. مەن مۆكۈۋالاتتىم - دە، ئېرىق بىلەن قېچىپ كېتەتتىم.

نۇرغۇنلىغان قوي قويرۇقلىرىنى چايقاپ - لەپپەڭشىتىپ، تۇياقلىرى بىلەن مۆلدۈر ياققاندەك ئاۋاز چىقىرىپ بۇ يولدىن ئۆتۈشەتتى. ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئۇنى پۈتكەن، كۈندە كۆيۈپ قارىدىغان مالچىلار مېڭىشاتتى. ئۇنىڭ ئارقىدىن باي چارۋىچىلارنىڭ يۈك - تاق ئارتقان تۆگە كارۋىنى — ئىگىرىدىگە قىمىز تۇلۇملىرىنى ئېسىۋالغان تۆگىچىلەرنىڭ يېتىلىشى بىلەن ئۆتەتتى. يورغا ئاتلارنى مىنىپ، قىپ - قىزىل چوغدەك كىيىنگەن، ناخشا ئېيتىپ، ئىر - ئىرلاپ ماڭغان قىز - جۇۋانلارنى كۆرگىنىمدە، ھەيران بولۇپ، زوقلىنىپ قاراپ قالاتتىم. خېلى يەرگىچە ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ باراتتىم. "مەنمۇ شۇنداق رومال ئوراپ، شۇنداق كۆينەك كىيسەم" دەپ ئارزۇ قىلاتتىم، تاكى ئۇلار كۆزگە كۆرۈنمەي قالغىچە خىيال ئىچىدە قاراپ تۇراتتىم. مەن ئۇ چاغدا قانداق بىر قىز ئىدىم؟ ياللانما دىخاننىڭ يالىڭاياق قىزى ئىدىم. بوۋام قەرزدار بولۇپ قېلىپ، خەققە يىللىقچى بولغىنىدىن باشلاپ بىز ياللانما دىخان بولۇپ قالغان ئىدۇق. مەن تاۋار - دۇردۇنىدىن كىيىم كىيىپ باقمىغان بولسامۇ، چىرايلىق بىر قىز بولۇپ يېتىشكەن ئىدىم. مەن ئۆز كۆلەڭگەمگە قاراشقا ئامراق ئىدىم. كېتىۋېتىپ ئۆز كۆلەڭگەمگە قارايتتىم... راستىنى ئېيتقاندا، مەن تولىمۇ چىرايلىق ئىدىم. ئون ئالتە - ئون يەتتە ياش ۋاقتلىرىمدا، ئوما كۈنلىرىنىڭ بىرىدە مەن سۇۋانقۇل بىلەن ئۇچراشقان ئەمەسمىدىم. شۇ يىلى ئۇ ئۇستۇن تالاستىن يالىنىپ كەلگەن

ئىدى. ھازىر كۆزۈمنى يۇمسام سۇۋانقۇلنىڭ شۇ ۋاقىتتىكى قىياپىتى كۆز ئالدىمغا كېلىدۇ. ياشقىنا، ئون سەككىز ـ ئون توققۇز ياشلاردىكى يىگىت ئىدى... ئۇستىگە كۆينەك كىيمەي، يالىڭاچ بەدىنىگە كونى- رىغان بىر پاختىلىق چاپىنىنى ئارتىۋالغان. كۈننىڭ تەپتىدە، ئىسلى- غاندەك قاپ ـ قارا بولۇپ كەتكەن؛ پېشانىسى مىسقا ئوخشايتتى ۋە پارقىراپ تۇراتتى؛ قارىماققا جۇدەڭگۈ، ئاۋاق كۆرۈنگىنى بىلەن، كۆكرىكى مىختا، ئىككى قولى گويا تۆمۈردەك ئىدى. ئۇمۇ بىر ئىشلەمچى ئىدى — بۇنداق ئادەمنى تاپماق ئاسان ئەمەس ئىدى. ئۇ ئوما ئورۇشقا ئۇستا ئىدى، ئوغىسىنىڭ شارتىلداۋاتقانلىقىنى ۋە ئورۇپ يىقىتىلغان بۇغداينىڭ شار ـ شار قىلىپ يەرگە قويۇلغانلىقىنىلا ئاڭلاپ قالاتتى كىشى. شۇنداق كىشىلەر بولىدۇكى، ئۇلار ئىش قىلىۋاتقىنىدا قارىساڭ قارىغىڭ كېلىدۇ. سۇۋانقۇل ئەنە شۇنداقلار- دىن ئىدى. مەنمۇ ئەڭ ئۇستا ئورىمچىلاردىن ھېسابلىناتتىم، لېكىن ھامان ئۇنىڭ كەينىدە قالاتتىم. سۇۋانقۇل سول تارتىپ مېڭىپ خېلى ئۇزاپ كېتەتتى ـ دە، ئاندىن ئارقىسىغا قاراپ بېقىپ، يېنىپ كېلىپ ماڭا ياردەملىشەتتى. بۇ قىلىغى ماڭا ئەلەم بولاتتى ـ دە، ئاچچىقلاپ ئۇنى ھەيدىۋېتەتتىم.

— سىزنى بىراۋ ياردەمگە چاقىردىمۇ؟ قالتىس كىشىدەك! كېتىڭ بۇ يەردىن، ئۆزەم ئورۇپ تۈگىتەلەيمەن!

لېكىن ئۇ ئاچچىقلانماي، مىيىغىدا كۈلۈپ قويۇپلا ئۈندىمەي ئۆز ئىشىنى قىلاتتى. نېمە ئۈچۈن ئاچچىقلىناتتىمكىن، قاپاقۋاشلىق قىلىپ!

بىز ئىشقا ھەممىدىن بۇرۇن كېلەتتۇق. تاڭ ئەمدىلا يورۇشقا باشلىغاندا، كۆپچىلىك تېخى تاتلىق ئۇيقۇدا ۋاقىتىدا، بىز ئېتىز

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يېڭى ئادرېسى

بېشىغا كېلىپ بولغان بولاتتۇق. سۇۋانقۇل ھامان ئايلىنىڭ سىرتىدىكى ئاشۇ چىغىر يولدا مېنى كۈتۈپ تۇرغان بولاتتى.

— كەلدىڭىزمۇ؟ — دەيتتى ئۇ ماڭا.

— مەن سىزنى كېتىپ قالدىمىكىن دەپ قېپتىمەن، — دەيتتىم مەن دائىم ئۇنىڭغا، گەرچە مېنىڭسىز ئۇنىڭ ھېچنەگە بارمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرساممۇ.

شۇنداق قىلىپ، بىز بىللە ماڭاتتۇق.

كۈن قىزاردى، ئەڭ ئىگىز قارلىق چوققىدىن ئالدى بىلەن ئالتۇن نۇر چېچىلدى، يايلاق تەرەپتىن كەلگەن شامال كۆپ-كۆك دەريا سۈيىنى يەلپۈپ تەۋرىتەتتى. ئاشۇ ياز كۈنلىرىدىكى شەپەق بىزنىڭ مۇھەببىتىمىزنىڭ شولىسى بولۇپ قالدى. بىز بىللە كېلىۋاتقاندا دۇنيا باشقىچە كۆرۈنۈپ، چۆچەكلەردىكىدەك سېزىلەتتى. دەسسەلگەن، ھەيدەلگەن كۈلرەڭ ئېتىزلارمۇ دۇنيادا ئەڭ چىرايلىق بولۇپ كۆرۈنەتتى. سەھەر ئويغانغان بىر تورغاي بىز بىلەن بىرلىكتە شەپەقنى كۈتۈۋالاتتى. تورغاي ئۇچۇپ ئىگىز كۆتىرىلىپ، خۇددى چېكىتتەك كۆكتە ئېسىلىپ تۇراتتى ۋە خۇددى ئادەمنىڭ يۈرىكىدەك تىترەيتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى نەقەدەر نازۇك، نەقەدەر كىشى دىلىنى دولقۇنلاندۇرىدىغان قوشاقلارنى ئەسلىتەتتى-ھە!...

"ئەنە، بىزنىڭ تورغىيىمىز سايرىدى!" دەپ قوياتتى سۇۋانقۇل.

قىزىق، تورغاينىمۇ ئۆزىمىزنىڭ قىلىۋالغان ئىكەنمىز.

ھە، ئاشۇ كېچىنى دەمسەن؟ بەلكى، تەبىئەتتە، مەڭگۈ ئۇنداق كېچە بولماس. ئاي يورۇقىدا ئوما ئورۇيمىز دەپ سۇۋانقۇل ئىككىمىز قېلىپ قالغان ئەمەسمىدۇق. شۇ ئۇپۇقنىڭ ئارقىسىدىن غايەت

زور، سۆزۈك كۆمۈش رەڭ ئاي كۆتىرىلگەندە، يۇلتۇزلارمۇ بىرىنىڭ كەينىدىن بىرى پۈتۈنلەي كۆز ئېچىشقان ئىدى. مەن ئۇلارنى سۇۋانقۇل ئىككىمىزگە قاراۋاتقاندەك ھېس قىلغان ئىدىم. سۇۋانقۇلنىڭ چاپىنىنى ئاستىمىزغا سېلىپ ئېتىز بېشىدا ياتقان ۋاقتىمىزدا ئېرىقنىڭ قىرى بېشىمىزغا قويۇلغان ياستۇق بولغان ئىدى. يەنە كېلىپ ئۇ بىز ئۈچۈن ھەممىدىن يۇمشاق ياستۇق بولغان ئىدى. بىزنىڭ بىرىنچى كېچىمىز ئەنە شۇ بولدى. ئەنە شۇ كۈندىن باشلاپ بىز ئۆمۈرۋايەتلىك قوشۇلدۇق... سۇۋانقۇل شىقىراپ ئاغرىغان، چۆيۈندەك ئېغىر قولى بىلەن مەڭزىمنى، چېكەمنى ۋە چاچلىرىمنى سىلايتتى، ئۇنىڭ ئالقىنىنى ئارقىلىق مەن ھەتتا ئۇنىڭ يۈرىكىنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇۋاتقانلىقىنى، خوشاللىقتا چۆمگەنلىكىنى ئاڭلايتتىم. شۇ چاغدا مەن ئۇنىڭغا ئەركىلەپ:

— سۇۋان، سىز قانداق ئويلاۋاتىسىز، بىز بەختلىك بولىمىزمۇ؟ — دىسەم، ئۇ:

— يەر-سۇ ئەلگە تەڭ بولسا، بىزنىڭمۇ دىخانچىلىق قىلىدىغان يېرىمىز بولسا، بىزمۇ ئەل قاتارى يەر ھەيدەپ، ئۇرۇق چېچىپ، ئۆز ئاشلىغىمىزنى ئۆزىمىز يىغساق — بىزنىڭ بەختىمىز شۇ. بىزگە بۇنىڭدىن ئارتۇغىنىڭ نىمە كېرىگى بار، تولغان. بىر دىخاننىڭ بەختى ئۇنىڭ ئۆزى تېرىيالايدىغان ۋە تېرىغىنىنى ئالالايدىغانلىغىدا، — دەپ جاۋاپ بەرگەن ئىدى.

ئۇنىڭ بۇ سۆزلىرىگە نىمە ئۈچۈندۇر ئىنتايىن خوشاللىنىپ كېتىپ، ئۇنىڭ بوينىدىن مەھكەم قۇچاقلىغىنىمچە شامالدا يېرىلىپ كەتكەن ئىسسىق لەۋلىرىگە ئۇزاققىچە سۆيدۈم. بىر مەھەلدىن كېيىن بىز ئېرىقتا سۇغا چۆمۈلۈپ، سۇ چېچىشىپ ئوينىدۇق. سۇ سالقىن بولۇپ

جانغا راھەت بىغىشلايتتى، ئۇنىڭدىن تاغ شامىلىنىڭ ھىدى كېلەتتى. كېيىن بىز قولغا ـ قول تۇتۇشۇپ ئۇزاققىچە يۇلتۇزلارغا قاراپ ياتتۇق. شۇ كېچىسى ئاسماندا يۇلتۇزلار تولىمۇ كۆپ ئىدى.

يەر، سەنىمۇ شۇ چاغدا، ئايدىڭ كېچىدە سالقىنلاپ، بىزگە قوشۇلۇپ يايراپ ياتتىڭ. پۈتكۈل يايلاق جىمجىتلىققا چۆككەن. ئېرىقتىكى سۇ شىلدىرلاپ ئېقىپ تۇراتتى. ئېچىلىپ كەتكەن شىرالجىن ھەسەلدەك خۇش پۇراق تارقىتىپ ئادەمنى مەس قىلاتتى. قاياقتىندۇر بىر يەردىن ئىسسىق شامال ئەمەن ھىدىنى ئېپكېلىپ ئۇراتتى، شۇنىڭ بىلەن ئېتىزدا بۇغداي باشاقلىرى تەۋرىنىپ ئاستا پىچىرلىشاتتى. بۇنداق كېچىلەرنى ئىنسان ئۆز ھاياتىدا ئېھتىمال بىرەر قېتىم يولۇقتۇرار. يېرىم كېچىدە، دەل شۇ يېرىم كېچە ۋاقتىدا، يۇلتۇزلار توپىغا قارىسام، سامانچىنىڭ يولى ئۇ باشتىن بۇ باشقىچە يېيىلىپ ياتقان پەيت ئىكەن. سۇۋانقۇلنىڭ ئېيتقانلىرى ئېسىمگە چۈشكەندە، ئاسماننىڭ مۇشۇ كۆمۈش يولى بىلەن قانداقتۇر بىر دېخان يىگىت چوڭ بىر قۇچاق سامان كۆتىرىپ ئۆتكەندە، ئۇنىڭ ماڭغان يولىدا بۇغداي ۋە سامانلار چېچىلىپ قالغان ئىكەن. ئارزۇيىمىزغا يەتسەك، مېنىڭ سۇۋانقۇلۇممۇ شۇنداق سامان كۆتەرگەن دېخان بولسا، خامانىڭ يۈزىدىن يىغىپ ئالغان سامىنىدىن قۇچاق تولدۇرۇپ يولغا چۈشكىنىدە، خۇددى ئاشۇنىڭغا ئوخشاش ئىز قالدۇرۇپ ماڭسا، دەپ ئويلاپ ياتتىم. مەن ئاشۇنداق خىيال سۈرۈپ ياتتىم، ئاسماندىكى يۇلتۇزلارمۇ مېنىڭ بىلەن بىللە ئاشۇنداق خىيال سۈردى. مەن بىردىنلا يەنە، بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەمەلگە ئاشتى، دەپ ئويلىدىم. ئانا يېرىم، بىرىنچى مەرتەم ساڭا ئىنسان تىلى بىلەن گەپ قىلدىم: ”يەر، جان ئانا قىلغان يەر، بىزنى كۆتىرىپ تۇرغان يەر، سەن

بىزگە بەخت ئاتا قىلمىساڭ، نىمىگە يەر بولۇپ ئاتىلىسەن؟ بىز نىمە ئۈچۈن دۇنياغا كەلگەنمىز! بىز سىنىڭ بالىلىرىڭ بولىمىز، يەر، تىلەكداش بولغىن، ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزغا يەتكۈزگىن!“ — ئاشۇ كۈنى كېچىدە مەن ئاشۇنداق دىگەن ئىدىم.

ئەتىگەندە ئويغىنىپ قارىسام، سۇۋانقۇلۇم يېنىمدا يوق، قاچان تۇرۇپ كەتكىنىنى بىلمەيمەن، خېلى بۇرۇنلا تۇرۇپ ئوما ئورۇشقا چۈشۈپ كەتكەن بولسا كېرەك. تۆت ئەتراپقا بۇغدايلارنى ئورۇپ دۆۋە-دۆۋە قىلىۋېتىپتۇ. مەن قاتتىق خىجالەت بولدۇم، ئەتىگىنى ئۇنىڭ بىلەن بىر دەم بىللە ئوما ئورۇغان بولسام نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى-ھە...

— سۇۋانقۇل، نىمىشقا مىنى ئويغاتمىدىڭىز؟

ئاۋازىمنى ئاڭلاپ ئۇ ماڭا بۇرۇلۇپ قارىدى؛ ئۇنىڭ شۇ كۈنى ئەتىگەندىكى قىياپىتى ئىنىق ئېسىمدە تۇرۇپتۇ: كۆينەكسىز قاپ-قارا ۋە ساغلام بەدىنىدىكى تەرلەر پارقىراپ تۇراتتى. ئۇ نىمە ئۈچۈندۇر خوشال ۋە ئەجەپلەنگەن ھالدا، خۇددى مىنى تونۇيالماي قالغاندەك ماڭا قاراپ تۇراتتى، ئۇ ئالقىنى بىلەن يۈزىنى بىر سىپىدى-دە، كۈلۈمسىرىدى:

— جىقراق ئۇخلىۋالسۇن دىۋىدىم.

— ئەمىسە ئۆزىڭىزچۇ؟

— ھازىر مەن ئىككى كىشىلىك ئىشلەۋاتىمەن-دە.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ ناھايىتى خىجىل بولدۇم، ھەتتا يىغلىۋېتىشكە تاس-تاماس قالدىم، گەرچە روھىم كۆتىرەڭگۈ بولسىمۇ.

— ئەمىسە تونۇگۈن دىگەن گېپىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ — دىدىم مەن كايىپ. — شۇمۇ تەڭ شىرىكلىك بوپتىمۇ؟ ھەرقانداق

ئىشنى تەڭ قىلىمىز دېمىگەنمىدىڭىز؟

سۇۋانـقۇل ئوغىغـىنى تاشـلاپ، يۈگۈرۈپ كەلـدى ـ دە، مېنى كۆتىرىۋېلىپ، سۆيۈپ كەتتى:

ــ ھازىردىن باشلاپ ھەرقانداق ئىشنى تەڭ قىلـىمىز ــ خۇددى بىر ئادەمدەك. كۆزۈڭدىن ئايلىناي، قەدىرلىگىم، تورغىيىم!...

ئۇ مېنى تازا بېرىلىپ ئەركىلەتكىنىچە بىرمۇنچە گەپلەرنى قىلدى، مېنى تورغىيىم دېگەندىن باشـقا يەنە بىرمۇنچە چىرايلىق ئىـسىملار بىلەن ئەركىلەتتى، مەن بولسام بويىنىغا گىرە سېلىپ ئىككى پۇتۇمنى ساڭگىلىتىپ تۇرۇپ تازا كۈلگەن ئىدىم. مېـنى تورغىيىم دېگىنىـگە ئۆزەمنى توختىتىۋالالماي كۈلۈپ كەتتىم، چۈنكى كىچىك باللارنىلا ئەركىلىتىپ تورغىيىم دەيدىغانلار بولىدۇ ـ دە، لېكىـن بۇ گەپـلەرنى ئاڭلاپ خوشاللىقتا چۆمدۈم!

قۇياش ئەمدىلا كۆتىرىلىپ چىراي ئاچقان ئىدى. سۇۋانقۇل مېنى يەرگە قويـدى ـ دە، قۇچاقـلاپ تۇرۇپ بىردىـنلا قـۇياشـقا قاراپ ۋاقىرىدى:

ــ ھەي، قۇياش، قارا بۇنىڭغا، بۇ مـېنىڭ جانانىم بولىدۇ! مانا، مانا كۆرۈۋال، كۆرۈملۈكىگىنى بەر، ئۆتكۈر نۇرۇڭ بىلەن سۆيۈنچەڭنى ئايىما!

بۇ گەپنى راستىن ئېيتىۋاتقانلىقىنى ياكى چاخچاق قىلىپ ئېيتىـۋاتقانلىقىنى بىلمەيتتىم، بىراق، بىردىنلا كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ ھۆكـرەپ يىغلاپ كەتتىم. ھەددىـدىن ئوشۇق خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىـمدىن ئاخىرىسى يىغىغا ئايلىنىپ كېتىپتۇ...

قىزىق، مانا ئەمدى ئويلىسام، نىمىشقا يىغلىغانلىقىمنى بىلمەيمەن، راستلا قاپاقۋاش ئىكەنمەن. بىراق ئۇ باشقىچە ياش ئىدى، ئىنـسان

ھاياتىمدا بىرلا قېتىم بولىدىغان ياش ئىدى. بىز ئارزۇ قىلغان تۇر-
مۇشقا يەتمىدۇقمۇ؟ يەتتۇق. سۇۋانقۇل ئىككىمىز بۇنداق تۇرمۇشنى
ئۆز قولىمىز بىلەن قۇرۇپ چىقتۇق، بىز تازا تىرىشتۇق، قىشىن-
يېزىن قولىمىزدىن كەتمەن، ئوغاق چۈشمىدى. جىق تەر تۆكتۇق.
سان-ساناقسىز ئەمگەك سەرپ قىلدۇق. يېڭى دەۋرگە ئېرىشىپ قورا-
جايلىق بولدۇق، بىرقانچە مال قىلدۇق. ئادەمدەك ياشاشقا باشلىدۇق.
ھەممىدىن مۇھىمى تىلىگىمىزگە يېتىپ، ئۈچ پەرزەنتلىك بولدۇق.
ئارقا-ئارقىدىن ئۈچ ئوغۇل كۆردۇق، خۇددى ئەتەي تاللىۋالغاندەك.
ھازىر بەزىدە ئويلاپ ئولتۇرۇپ خىيالىمغا شۇنداق مۇدھىش پىكىر-
لەر كېلىدۇ: نىمە ئۈچۈن خەققە ئوخشاش ئۈچ-تۆت يىلدا بىرنى
تۇغماي، بىر يېرىم يىلدا بىرنى تۇغدىمكىنە، ئۈچ-تۆت يىلدا بىرنى
تۇققان بولسامۇ بۇنداق پالاكەت يۈز بەرمەيتتىمكىن تاڭ. تۇغۇلمى-
غان بولسىغۇ تېخىمۇ ياخشى بولاتتى. ئۇ، شورۇڭ قۇرغۇرلار...
سادىغاڭ كېتەي باللىرىم! يۈرىگىم قىسىلىپ ئۆلەي دىگەنلىگىمدىن
قىلىۋاتقان گېپىمغۇ بۇ! كەچۈرۈڭلار ئاناڭلىنى! قانداق قىلاي
ئەمدى...

ئۇ ئۈچىنىڭ تۇنجى قېتىم بۇ يەرگە كەلگەن ھالىتى ھازىرغىچە
ئېسىمدە. ئۇ دەل سۇۋانقۇلنىڭ بىرىنچى تىراكتورنى بۇ يەرگە ھەي-
دەپ كەلگەن كۈنى ئىدى. شۇ يىلى كۈز ۋە قىشتا سۇۋانقۇل دەر-
يانىڭ ئۇ قېتىغا — ئۇ يەردىكى تىراكتورچىلار كۇرسىغا بېرىپ ئۆگەن-
گەن ئىدى. بىز ئۇ چاغدا تىراكتورنىڭ قانداق نىمە ئىكەنلىگىنى
بىلمەيتتۇق. سۇۋانقۇل ھەر قېتىم ئۇ يەرگە بېرىپ كەچ قالغان چېغىدا
— ئارىلىقى ناھايىتى يىراق ئىدى — ھەم ئەنسىرەيتتىم، ھەم ئۇنىڭغا
ئىچىم ئاغرىيتتى.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرېسى

ــ نەدىكى بىر بولمىغۇر ئىشلارنى قىلىپ يۈرىسىز؟ ئۇنىڭدىن كۆرە ئەترەت باشلىقى بولۇپ يۈرگەنلىكىڭىز ياخشى ئەمەسمىدى؟ ــ دەپ ئەيىپلىگەن ئىدىم ئۇنى.

شۇنداق دىسەممۇ ئادەتتىكىدەك كۈلۈمسىرەپلا:

ــ ئوھوي، كايىما، تولغان. ئالدىرىما، ئەتىياز كېلىپ قالدى، ۋاقتى كەلگەندە بىلىسەن. سەل تەخىر قىلىپ تۇرغىن...، ــ دىگەن ئىدى.

بۇنداق غودۇڭشىغىنىم بىلەن يامان خىيالدا ئەمەس ئىدىم ــ ئۆزەمنىڭ باللارغا قاراپ، ھەم ئۆيدە، ھەم كولخوزدا ئىشلىشىم ھەقىقەتەن ئاسان ئەمەس ئىدى. لېكىن ئاچچىغىم دەرھال ياندى: ئۇنىڭ قوسىغى ئاچ، يولدا توڭۇپ ــ ھېرىپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئۇنى قىستىشىم ــ ھەقىقەتەن قاملاشمىغان ئىش ئىدى.

ــ بولدى، كېلىپ ئىسسىنىۋېلىڭ، تامىقىڭىز ئابايىلا سوۋۇپ كەتتى، ــ دەيتتىم مەن غودۇڭشىپ كەچۈرگەن قىياپەتتە.

سوۋۋانقۇلنىڭ ئويناپ يۈرمەيدىغانلىقى ماڭا روشەن ئىدى. ئائىلىدا كۇرسقا بېرىپ ئوقۇش ئۇچۇن بىرەر ساۋاتلىق ئادەم چىقمىغان چاغدا، سوۋۋانقۇل ئۆزى: "مانا مەن بارىمەن، ساۋادىمنى چىقىرىپ ئۆگىنىمەن، مېنىڭ ئەترەت باشلىقلىق ۋەزىپەمنى ئېلىۋېتىڭلار" دەپ چىققان ئىدى.

ئۇغۇ پىدائى بولۇپ چىقتى، لېكىن كېيىنكى كۈنلەردە تولىمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتى. تېخىچە ئېسىمدە ــ قىزىق ئىش، ئۇ چاغدا باللار ئاتىسىغا مۇئەللىم بولاتتى. ئۇ چاغلاردا قاسىم بىلەن مايسالېك مەكتەپكە قاتناپ ئوقۇيتتى. دادىسىغا شۇ باللار مۇئەللىملىك قىلاتتى. ھەر كۈنى كەچتە ئۆيىمىز ئىسمى جىسمىغا لايىق مەكتەپكە ئايلى.

ناتتى. ئۇ چاغدا ئۆيىمىزدە شىرە يوق ئىدى. سۇۋانقۇل يەرگە
باغرىنى يېقىپ دەپتەرگە خەت يازاتتى، ئۈچ ئوغۇل ئۈچ تەرەپتىن
ئۈگىتىپ، دادا، مۇنداق يېزىلىدۇ، قېرىنداشنى مۇنداق تۇتۇپ، قولـ
ـىڭىزنى تىترەتمەڭ، توغرا يېزىڭ، مايماق چىقىپ كەتتى، دەپ چۇۋۇر-
لىشىپ كېتەتتى. سۇۋانقۇل بولسا كەتمەن چاپقاندىن بەتتەر تەرگە
چۆمۈپ كېتەتتى. بەزىدە ئاكا-ئۇكا ئۈچەيلەن توساتتىنلا تالىشىپ،
ئۆزىنىڭ ھەممىدىن بەكرەك بىلىملىك ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلىماقچى
بولۇشاتتى. باشقا ئىشتا بولسىغۇ دادىسى ئۇلارغا جىم بولۇڭلا دەپ
ۋاقىرايتتى، لېكىن ئۆگىنىش ۋاقتىدا، خۇددى ھەقىقى مۇئەللىمنىڭ
گېپىگە قۇلاق سالغاندەك باللىرىنىڭ گېپىگە ئىخلاس بىلەن قۇلاق
سالاتتى. ھەر بىر ھەرىپنى يېزىپ بولغىچە، خەت يازماي بەلكى خۇددى
دان ئايرىش ماشىنىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇپ دان تۆكۈپ بىرىۋاتقان
ئىشچىدەك ھېرىپ، تەرلەپ-پىشىپ كېتەتتى. بۇ بىرنەچچىسى
بىر يەرگە يىغىلىۋېلىپ، خۇددى ئايەت ئوقۇغاندەك چۇۋۇرلىشىپ
كېتەتتى. ئۇلارغا قاراپ مېنىڭ كۈلگۈم كېلەتتى.
— قويساڭلارچۇ، باللار، داداڭلارنىڭ جېنىغا تەگمەي، موللا
قىلماقچىمۇ سىلەر ئۇنى؟ سۇۋانقۇل، جېنىڭىزنى مۇنداق قىينىماي،
يا موللىلىقنى، يا تىراكتورچىلىقنى ئۆگەنسىڭىزچۇ، — دىسەم، ئۇ
ھىچكىمگە قارىماي، بېشىنى چايقاپ، چوڭقۇر خۇرسىنىپ
ئاچچىغلىناتتى:
— قارا سېنى، نىمە ئىش ئىكەن بۇ، مەسخىرە قىلىۋەرمە!
قىسقىسى، ھەم كۈلكىلىك، ھەم ئېچىنارلىق ئىدى. لېكىن
شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ سۇۋانقۇل ئاخىرى مەقسىدىگە يەتتى.
ئەمدىلا قار كېتىپ، ھاۋا ئەمدىلا توختىغان باش ئەتىياز كۈنلىرى-

نىڭ بىرىدە، ئايىلىنىڭ سىرتىدا بىر يەردىن ئۇشتۇمتۇت تاراقلىغان ۋە گۈكىرىگەن بىر ئاۋاز كەلدى. ئۈركۈگەن ئاتلار مەھەللىدە ئۆلە-تىرىلىشىگە باقماي چېپىشاتتى. مەن هويلىدىن يۈگۈرۈپ تالاغا چىقتىم. كۆكتاتلىقنىڭ سىرتىدا بىر تىراكتۇر گۈرۈلدەپ كېلىۋېتىپتۇ. بۇ قارا نەرسىنىڭ تۇرخۇنىدىن ئىس چىقىپ تۇراتتى. هايت-هۇيت دىگىچە ئارىلىقتا مەھەللىگە كىرىپ كەلدى، پۈتۈن ئايىلدىكىلەر يۈگۈرۈشۈپ چىقىپ، تىراكتۇرنىڭ چۆرىسىگە ئولاشتى. بەزىلەر ئاتلىق، بەزىلەر پىيادە چۇۋۇرلىشىپ يۈرەتتى. خۇددى بازاردىكىدەك. ئادەملەرگە قوشۇلۇپ مەنمۇ يۈگۈرۈپ يېتىپ باردىم. قارىسام، ئۇچلا ئوغلۇم بىر بىرىنى مەھكەم تۇتۇپ، تىراكتۇر ھەيدەۋاتقان دادىسىنىڭ يېنىدا تۇرۇشاتتى. تۇرقىغا قارىسىڭىز، دۇشمەننى يەر بىلەن يەكسان قىلغان قەھرىمانلاردەك، كۆزى چىراقتەك چاقناپ، يۈزىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. چەكسىز خۇرسەن بولۇپ، گىدىيىپ، ماختىنىپ كېلىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇلار شۇ كۈنى ئەتىگەنلا كۆرۈك تەرەپكە چېپىپ كېتىشكەن ئىدى، ماشىنا نىمىگە بارىدىغانلىغىنى دىمىگەن، بارغىلى قويمايدۇ، دەپ ئويلىغان بولسا كېرەك. ئۇلارنىڭ ئاشۇنداق ئويلىغىنىنىڭمۇ يولى بار، مەن ئالمادىس بىرەر ئىش يۈز بېرىپ قالسىچۇ، دەپ ئەنسىرەيتتىم-دە، شۇ سەۋەپتىن مەن بالىلارغا قاراپ ۋاقىرىدىم:

— قاسىم، مايسالىيك، جاينىاق، خەپ سىلەرنى! چۇشۇڭلار! — لېكىن تىراكتۇر موتورىنىڭ ئاۋازى ئىچىدە ئۆزەمنىڭ ئاۋازىنى ئۆزەممۇ ئاڭلىيالماي قالدىم.

سىراق مېنى چۇشەنگەن سۈۋانقۇل: خاتىرجەم بول. چاتاق يوق، دىگەندەك ماڭا قاراپ مىيىغىدا كۈلۈپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

ئۇمۇ خۇشاللىقى ئىچىگە سىغماي، يايراپ كەلمەكتە ئىدى. ئۇ تېخىمۇ ياش كۆرۈنەتتى. دۇرۇس، سۇۋانقۇل شۇ چاغدا ياشلا، قارا بۇرۇت يىگىت ئىدى، يارامլىق چەۋەنداز ئىدى. ھە، خۇدايا توۋا، باللارنىڭ ئۆز دادىسىغا شۇنچىمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى شۇ چاغدا سەزگىسىمچۇ تېخى. تۆتىلىسى ئاكا-ئۇكىلاردەك. بولۇپمۇ قاسىم بىلەن مايسالىبېك گەۋدىلىك، مۇسكۇللىرى چىڭ، قارامتۇل — سۇۋانقۇلنىڭ ئۆزىلا ئىدى. كەنجەم، جايناغىم بولسا، ماڭا ئوخشاشراق: ئاق پىشماق، قارىكۆز، قارىقاش، مۇلايىم ئىدى.

تىراكتور ئايىلدا توختىماستىن دالىغا چىقىپ كەتتى. ھەممىمىز بىردەك يۈگۈرۈپ ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قالماي ماڭدۇق. ھەممىدىن بەك قىزىقتۇرغىنى تىراكتورنىڭ يەر ھەيدىشى ئىدى. تىراكتورنىڭ ئۈچ قاتار چىشى يەر باغرىنى يېرىپ، چىملارنى كېسىپ-قومۇرۇپ ماڭغاندا، ھەممەيلەن چۇقىرىشىپ، "بەللى، بەللى!" دېيىشىپ كەتتى، ئاتلىقلار ئۈركۈپ خارتىلداپ تۇرغان ئاتلىرىغا قامچا ئۇرۇپ، ئۇنىڭ كەينىدىن بىللە يۈرۈشكە باشلىدى، پىيادىلەر توپ-توپ بولۇپ، تىلىنغان ئېرىقچىغا چۈشۈپ ماڭماقتا. نىمە بولۇپ كۆپچىلىكتىن ئايرىلىپ قالغانلىقىمنى بىلمەيمەن، بىر چاغدا قارىسام، ئۆزەم يالغۇز قېپتىمەن. ئۆزەمنىڭ يالغۇز ئارقىدا قالغانلىقىمنى بىلىپ، ماڭالماي تۇرۇپ قالدىم. تىراكتور بارغانسېرى ئۇزاقلاپ كېتىۋېتىپتۇ. بىراق بۇ چاغدا، يەر يۈزىدە مەنچىلىك بەختلىك كىشى بولمىغاندۇر! نىمىگە مۇنچىۋالا خۇشال بولۇپ كەتكەنلىكىمنى — سۇۋانقۇلنىڭ بىرىنچى تىراكتورنى بىزنىڭ ئايىلىغا ھەيدەپ كەلگەنلىكىگىمۇ ياكى شۇ كۈنى ئوغلىمىزنىڭ چوڭ بولغانلىقىنى، يەنە كېلىپ دادىسىغا تولىمۇ ئوخشايدىغانلىقىنى كۆرگەنلىكىمگىمۇ — بۇنى ئېيتىپ بېرەلمەيمەن. ئۇلارنىڭ

ئارقىسىدىن قاراپ تۇرۇپ يىغلاپ كېتىپتىمەن. مەن پەس ئاۋازدا: ”قاتارلىشىپ تۇرغان بوي ـ بەستىڭلاردىن ئايلىناي، باللىرىم! ئاتاڭلاردەك ئادەم بولساڭلار مەن ھەممىدىن بەختلىك بولاتتىم، ئىلاھىم ئاتاڭلاردىن مەڭگۈ ئايرىلمىغايسىلەر!...“ دەپ تەكرارلايتتىم.

بۇ مەن دۇنياغا كەلگەندىن بۇيان تېتىغان ئانىلىق لەززىتىنىڭ ئەڭ شىرىن ۋاقتى ئىدى. ھەرقانداق ئىش مېنىڭ قولۇمدىن قېچىپ قۇتۇلالمايتتى، مەن ئەزەلدىن ئىشقا ئامراق ئىدىم. ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تېنى تازا بولسا، تۆت ئەزايى ساق بولسا، ئىش قىلىشتىنمۇ ياخشى نەرسە بارمۇ؟

يىللار ئۆتتۈۋەردى. بىرگە ئۆسكەن تېرەكلەردەك، ئوغۇللىرىم يىگىت بولۇپ، ھەر بىرى ئۆز يولىنى تېپىشتى. قاسىم دادىسىغا تارتتىمۇ، تىراكتور ھەيدەيمەن دەپ يۈرۈپ تىراكتورچى بولدى، كېيىن كومبايىن ھەيدەشنى ئۆگەندى. بىر يىلى يازدا دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ــ تاغ باغرىدىكى ”قايىندى“ كولخوزىغا بېرىپ كومبايىنچى بولدى، بىر يىلدىن كېيىن بىزنىڭ ئايىلغا قايتىپ كېلىپ كومبايىنچىلىق قىلدى. ئانىغا بالىلىرىنىڭ ھەممىسى ئوخشاشلا ئەزىز، ئەلۋەتتە. شۇنداق بولسىمۇ ئوتتۇرانچى ئوغلۇم مايسالبېك بىلەن كۆپرەك پەخىرلىنەتتىم. ئېھتىمال، سىڭنىغانلىقىمدىندۇر، ئۈۋىسىدىن بالدۇر ئۇچۇرما بولغان قۇشنىڭ بالىسىدەك، مايسالبېكىم ئۆيىدىن بالدۇر چىقىپ كەتكەن ئەمەسمىدى. ئۇ كىچىك ۋاقتىدىن تارتىپلا مەكتەپتە ئەلاچى بولۇپ ئوقۇيتتى، كىتابقا بەك ئامراق ئىدى، ئوقۇشقا كەلگەندە غىزاسىنىمۇ ئۇنتۇپ قالاتتى. شۇنداق قىلىپ ئۇ ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن مۇئەللىم بولۇش ئۈچۈن ھايال قىلماي شەھەرگە ئوقۇشقا كەتكەن ئىدى.

كەنجى ئوغلۇم جايناق بولسا ھەر بىر جەھەتتىن ياخشى، چىرايلىق يىگىت بولۇپ يېتىشتى. بىراق يامىنى زادىلا ئۆيدە تۇرمايتتى. كومسومول سېكرېتارىمەن دەپ ھەر كۈنى ئالدىراپ يۈرەتتى، بىر دەم چوڭ يىغىندا، بىر دەم گۇرۇپپا يىغىنلىرىدا بولاتتى. گايىدا تام گېزىتى چىقىرىمىز دەپ كەتسە، گايىدا ئۇ ياكى بۇ ئىش بىلەن چىقىپ كېتەتتى. كېچىسىمۇ، كۈندۈزىمۇ ئۇنى كۆرەلمەي جىلە بولاتتىم.

— ھەي شالىلاق، گارمۇنىڭنى، ئورۇن-كۆرپەڭنى ئېلىپ بىر يولىلا كولخوز ئىدارىسىگە كۆچۈپ كەتسەڭچۇ، — دېگەن ئىدىم بىر نەچچە قېتىم ئۇنىڭغا، — ساڭا ئۆيىمىزمۇ، ئاتا-ئاناڭمۇ كېرەكگى يوق ئوخشايدۇ.

سۇۋانقۇل بولسا ئوغلىنى ياقلاپ چىقاتتى. مەن بىرمۇنچە قوساق كۆپۈكى قىلغاندىن كېيىن ئۇ مۇنداقلا بىر-ئىككى ئېغىز سۆز قىلىپ قوياتتى:

— كۆڭلۈڭنى بۇزما، ئانىسى. كۆپچىلىكنىڭ ئىچىدە چىنىقسۇن. بىكار تەلەتلىك قىلىپ يۈرگەن بولسا، ئۆزەملا ئۇنىڭ تىزگىنىنى تارتىپ قوياتتىم.

ئۇ چاغدا سۇۋانقۇل يەنىلا بۇرۇنقى ئەترەت باشلىقلىقىنى قىلىشقا ئۆتكەن ۋە تىراكتۇر ھەيدەشكە ياشلار ئالماشتۇرۇلغان ئىدى.

كۆپ ئۆتمەي كېلىنلىكمۇ بولدۇق، قاسىم "قايىندى"دا ئىشلەپ يۈرگەندە بىر بىرىگە كۆڭلى چۈشۈپ قالغان بولسا كېرەك، ئالمانىنى شۇ ياقتىن ئېلىپ كەلدى. ئۇلارنىڭ قانداق تونۇشقانلىقىنى سوراپ ئولتۇرمىدىم، ئالمان تولىمۇ ياش، قارامۇتۇق يېزا قىزى ئىدى. ئۇنى كۆرۈپلا ناھايىتى خۇشال بولۇپ كەتتىم. چۈنكى ئۇ ھەم چىرايلىق،

ھەم ئەقىللىق ئىدى. كېيىن نىمە ئۈچۈندۇر ئۇنىڭغا تېزلا ئامراق بولۇپ قالدىم، ئۇ مېنىڭ دىتىمغا بەكمۇ يارىغان ئىدى. ئېھتىمال بۇ مېنىڭ بىر قىزىم بولىسىدى، دەپ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەنلىكىمدىن بولىسا كېرەك. بىراق، شۇ سەۋەپتىنىلا ئەمەس، ئۇ ھەقىقەتەن چىچەن، چاققان، پاكىز ئىدى. مەن ئۇنى ئۆز قىزىمدەك ياخشى كۆرەتتىم. نۇرغۇن ئانىلار كېلىنلىرى بىلەن ياخشى ئۆتەلمەيدۇ، ھالبۇكى مېنىڭ تەلىيىم بار ئىكەن؛ ئۆيدە مۇشۇنداق بىر كېلىنىمنىڭ بولغىنى ئەڭ زور بەخت ئىدى. شۇنىمۇ ئېيتقاچ كېتەي، مەن بۇنى ھەقىقەتەن ناھايىتى زور بەخت دەپ ھىساپلايمەن، ئادەم بېشىغا دۆلەت قۇشى قونغاندا يازدا بىردىنلا يېغىپ كەتكەن يامغۇرنىڭ ئادەم بېشىغا چۈشكىنىدەك ئەمەس، بەلكى ئاستا-ئاستا ئۇنىڭ يېنىغا كېلىدىكەن، بۇ بەخت قۇشىمۇ بۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇشقا قانداق مۇئامىلە قىلىدىغانلىقىنى، ئۆز ئەتراپىدىكى كىشىلەرگە قانداق مۇناسىۋەتتە بولىدىغانلىقىنى كۈزىتىدىكەن. ئاز-ئازدىن توپلىنىپ، بىر بىرىنى تولۇقلاپ، بىز دەۋاتقان بەختنى پەيدا قىلىدىكەن.

ئالمان كەلگەن يىلى بىز ئۇنتۇلماس بىر يازغا توغرا كەلدۇق. زىرائەتلەر تولىمۇ بالدۇر پىشىپ بەردى. سايدىكى تاشقىنىمۇ ھەر يىلدىكىدىن بالدۇر باشلاندى. ئوما باشلىنىشتىن بىرنەچچە كۈن ئاۋال تاغدا قاتتىق يامغۇر ياغدى. ھەتتاكى يىراقتىنلا تاغ چوققىلىرىدىكى قارنىڭ كەمپىتتەك ئاستا-ئاستا ئېرىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگىلى بولاتتى. قاينام-تاشقىن بولۇپ شارقىراپ ئېقىۋاتقان دەريا تېشىپ كەتكەن يەرلەردە دولقۇنلىنىپ، ساپ-سېرىق ماغزاپ ھاسىل قىلغان ئىدى، تاغدىن دوملاپ ئېقىپ كەلگەن پۈتۈن-پۈتۈن قاردغايلار بىر بىرىگە ئۇرۇلۇپ، سۇنۇپ پاچاق-پاچاق بولۇپ كەتكەن

ئىدى. بولۇپمۇ بىرىنچى كېچىسى دەريانىڭ سۈيى ياردا كېچىچە گۆكىرەپ شاۋقۇن كۆتىرىپ بىزنى قورقۇتقان ئىدى. ئەتىگىنى بېرىپ قارىساق، بۇرۇنقى بىرمۇنچە ئارالچىلار بىر كېچىدىلا ھېچ ئىزناسى قالماي يوقاپ كېتىپتۇ، خۇددى بۇ يەردە ھېچقاچان بۇنداق ئارال بولمىغاندەك.

ھاۋا ئوت-ئاتەش ئىسسىق ئىدى. بۇغدايلار تەپ-تەكشى ئۆسكەن ئىدى. ئاستى تېخى كۆك تۇرغىنى بىلەن ئۈستى سارغىيىپ بولغان ئىدى. شۇ يىلى يازدا پىشىپ قالغان زىرائەتلەر ئۇپۇقتا تۇتىشىپ، چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلغان دولقۇن ھاسىل قىلغان ئىدى. تېخى ئوما باشلانمىغان بولسىمۇ، لېكىن بىز كومباينىنىڭ ئۆتۈشىگە ئاسان بولسۇن ئۈچۈن مال قوراسىنى بويلاپ ئوراپ چوڭ بىر يول ئاچقان ئىدۇق. بۇ ئىشتا مەن ئالىمان بىلەن بېقىن سول ئىشلىسەم، بەزى ئايالالار مېنى ئەيىپلەشتى:

— كېلىنىڭ بىلەن بەسلەشمەي، ئۆيۈڭدە راھەت كۆرۈپ ئولتۇرساڭچۇ، ئۆزەڭنى ئايىغىن.

لېكىن مەن ئۇلاردىن باشقىچە پىكىردە ئىدىم. ئۆيدە ئولتۇرۇش قانداقمۇ ئۆزنى ئايىغانلىق بولسۇن... مەن ئۆيدە ئولتۇرۇشنى خالىمايمەن، مەن ئوما ئورۇشنى ياخشى كۆرىمەن.

كېلىنىم ئىككىمىز بىردەك ئوما ئوراپ يۈردۇق. شۇ كۈنلەردىكى خاتىرىلەر ھېچقاچان ئېسىمدىن چىقمايدۇ. قىردىكى بۇغداي باشاقلىرى ئارىسىدا پورەك بولۇپ ئېچىلغىلىۋاتقان بىر تۈپ ياۋا مولۇخىيا بار ئىكەن. مولۇخىيا بۇغداي باشاقلىرى ئارىسىدا تىككىدە تۇراتتى، شاخلىرىدا ئاق ۋە ھال رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەن ئىدى، ئوغاقنىڭ تېگىشى بىلەن تەڭ بۇغداي باشاقلىرىغا قوشۇلۇپ

www.uyghurkitap.com

ئۇمۇ يىقىلدى. قارىسام، ئالىمان بىر دەستە مولۇخىيانى ئېلىپ، مېنىڭدىن يوشۇرۇنچە نەگىدۇ بىر ياقىقا كەتتى. مەن كۆزۈمنىڭ قۇيرۇغىدا قاراپ، بۇ گۈلدەستىنى نەگە ئاپىرىدىغاندۇ؟ دەپ ئويلىدىم. قاراپ تۇرسام ئۇ كومبايىننىڭ يېنىغا بېرىپ، گۈلدەستىنى كومبايىننىڭ پەلەمپىيىگە قويدى-دە، يەنە غىپپىدە قايتىپ كەلدى. ئۇ كومبايىن ئاللىقاچان تەخ قىلىپ يولدا توختىتىپ قويۇلغان ئىدى، ئۇمىنىڭ باشلىنىشىنىلا كۈتۈپ تۇراتتى. ئالىمان گۈلدەستىنى كومبايىننىڭ يېنىغا ئېلىپ بارغىنىدا ئۇنىڭ يېنىدا ھېچكىم يوق ئىدى، قاسىم نەگە كەتكەنتىكىن.

ئىزا تارتىپ قالمىسۇن دەپ، ھېچنىمنى كۆرمىگەندەك بولۇۋالدىم. ئالىمان ئۇ چاغدا تولىمۇ ئىزا تارتاتتى. ئالىماننىڭ بۇ ئىشىغا ئىچ-ئىچىمدىن خوشال بولۇپ كەتتىم: دېمەك، ئۇ مېنىڭ قاسىمنى ياخشى كۆرىدىكەن. بۇنىسى تولىمۇ ياخشى، رەھمەت ساڭا، ياخشى كېلىنىم، چىن دىلىمدىن رەھمەت ساڭا، ئالىمان. ئالىماننىڭ قىياپىتى ھېلىمۇ كۆز ئالدىمدا: بېشىدا قىزىل رومال، ئۇچىسىدا ئاق كۆينەك، قولىدا مولۇخىيا، يۈزى مېغىزدەك. شەھلا كۆزلىرى چاقنىغان. ياشلىق نېمە دېگەن ياخشى-ھە! ئېح ئالىمان، مەڭگۇ ئۇنتۇلماس كېلىنىم! ئۇ گۈلگە بەكمۇ ئامراق ئىدى، خۇددى كىچىك قىزلاردەك. ئەتىيازدا قار ئاستىدىن بولسىمۇ يېڭى ئېچىلغان چېچەكلەرنى تېرىپ كېلەتتى...ئېح ئالىمانىم!...

ئىككىنچى كۈنى ئوما باشلاندى. يازدا، دىخانچىلىق ئالدىراش بولىدىغان بىرىنچى كۈندە دائىم بايرام كۈنلىرىدەك بولۇپ كېتەتتى، شۇنداق كۈنلەردە غەم چىراي بىرمۇ كىشىنى كۆرۈپ باققان ئەمەسمەن. ھېچكىم بۈگۈنكى بايرامنى ئېلان قىلىپ ئولتۇرمايتتى، لېكىن

ئۇ كىشىلەرنىڭ قەلبىدە ياشايتتى، تەقى-تۇرقىدا، ئاۋازىدا ۋە كۆز-
لىرىدە ئىپادىسىنى تاپاتتى...ھەتتا بىرىچكىلارنىڭ تاراقلىغان چاقلىرى
ۋە ئاتلارنىڭ مېڭىشلىرىدىنمۇ بۇ بايرامنى ھىس قىلغىلى بولاتتى.
راستىنى ئېيتقاندا، ئومىنىڭ بىرىنچى كۈنى ھېچكىم رەسمىي ئىش
قىلمايتتى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا بىر دەم-بىر دەم قىزىقچىلىق-چاخ-
چاق كۆتىرىلەتتى، كىشىلەر خوشال ئوينىشاتتى. ئاشۇ كۈنىمۇ ئاۋال-
قىدەكلا بولدى، كىشىلەر ئوتتۇرىسىدا پاراڭ، ۋاراڭ-چۇرۇڭ كۆتى-
رىلدى. خوشال ئاۋازلار بۇ يەردە كۆتىرىلسە، ئىككىنچى بىر يەردە
ئۇنىڭغا ئاۋاز قوشۇپ تۇۋلىشاتتى. بىزدەك ئوغاق بىلەن ئومىغا
چۈشكەنلەر ھەممىدىن بەكرەك خوشال ئىدۇق، چۈنكى بۇ توپىنىڭ
ئىچىدە قىز-جۇۋانلار ھەممىدىن كۆپ ئىدى. بۇلار ھېچنىمىدىن
قورقمايدىغانلار ئىدى. قاسىم ماشىنا-تىراكتور ئىستانسىسىدىن مۇكا-
پاتقا بېرىلگەن ۋەلسىپىتنى مىنىپ، ئەتىگەندە كومبايىننىڭ يېنىغا كېلە-
ۋاتقان ئىدى، بىر توپ شوخ قىز-جۇۋانلار ئۇنى يولدا توسۇۋالدى.

— ھەي كومبايىنچى، چۈش ۋەلسىپىتىڭدىن، نىمىشقا بىز ئايال
ئومىچىلارنى كۆرۈپ تۇرۇپ سالام بەرمەي كىتىۋالىسەن؟ ھەي،
بىزگە تازىم قىل، خوتۇنۇڭغا تازىم قىل!

تۇش-تۇشتىن قەتئىي تۇردە ئاشۇنداق تەلەپ قويۇشتى، كۆپچە-
لىك قاسىمنى ھەر تەرەپتىن تارتىشىپ، ئالىمانىغا كەچۈرۈم سوراپ
تازىم قىلغۇزدى. قاسىم ئۇلار دىگەندەك قىلدى-دە:

— ئەپۇ قىلىڭلار، قەدىرلىك ئومىچىلار! مەن خاتالىشىپتىمەن.
ھازىردىن باشلاپ مەن سىلەرگە يىراقتىنلا سالام بېرىپ ئۆتىمەن، —
دىدى.

قاسىم شۇنىڭ بىلەنمۇ قىز-جۇۋانلارنىڭ قورشاۋىدىن چىقىپ

كېتەلمىدى.

— ئەمدى، — دېدى ئۇلار، — سەن بىزنى ۋەلسىپىتىڭگە مىندۈرۈپ، خۇددى شەھەردىكى قىزلاردەك، سەير قىلدۇرسەن، شامالدەك ئىتتىك ماڭىسەن!

ئۇلار تالىشىپ-ئىتتىرىشىپ، بىر بىرىنى ۋەلسىپىتكە كۆتىرىپ مىندۈرۈپ، ۋەلسىپىتنىڭ ئارقىسىدىن قىيا-چىيا كۆتىرىپ يۈگۈرۈشۈپ دالىنى بېشىغا كىيىشتى. جىم تۇرۇشىغۇ بىر گەپ، ئىتتىرىشىپ، چىقىرىشىپ جىم تۇرمايتتى.

قاسىم تولا كۈلۈپ يىقىلغىلى تاس قالدى.

— بولدى، بولدى، ئويۇن دېگەن بىر، قويۇۋېتىڭلار مېنى، چاتاقچىلار! — دەپ يالۋۇراتتى قاسىم.

لېكىن ئۇلار قويۇپ بەرمەيتتى. قاسىم بىرەيلەننى ئايلاندۇرۇپ كەلسە، ئىككىنچى بىر قىز ۋەلسىپىتنى تۇتۇۋېلىپ قويۇپ بەرمەيتتى.

ئاخىر، قاسىم تېرىكىپ قالدى:

— نېمە بولدۇڭلار، ساراڭ بولۇپ قالدىڭلارمۇ، بولدى ئەمدى! شەبنەم قوروپ كېتەي دەپ قالدى، مەن كومبايىنىنى ھەيدەيمەن دېسەم سىلەر چاتاق قىلىۋاتىسىلەر! سىلەر ئوما ئورۇغىلى كەلدىڭلارمۇ، ئوينىغىلىمۇ؟ بولدى قىلىڭلار ئەمدى!

ھاي-ھاي، شۇ كۈندىكى تىنىق ئاسمان، شۇ كۈندىكى قۇياشنىڭ پارلىشى، شۇ كۈندىكى ئەلنىڭ كۈلكىسى!

ئومىچىلار ئىشقا كىرىشىپ كەتتى، سان-ساناقسىز ئوغاقلار كۈن نۇرىدا يالت-يۇلت پارقىرايتتى، ئوت-ئاتەش ئىسسىق ئەۋجىگە يەتكەن، پۈتۈن دالىنى تومۇزغىنىڭ چىرىلدىغان ئاۋازى قاپلىغان. تېخى

www.uyghurkitap.com

ئادەتلەنمىگەن ۋاقتىڭدا ئىشتا ھامان ھارىسەن، لېكىن ئەتىگەندىكى خوشاللىق كەيپىيات مېنىڭدىن زادىلا كەتمىسگەن ئىدى. روھىم شاتلىنىپ، مەيىن شامالدىن لەززەت ئالغاندەك راھەتلىنەتتىم. شۇ كۈنى مەن كۆرگەن، ئاڭلىغان خوشاللىقلارنىڭ ھەممىسى مەن ئۈچۈن، مېنىڭ بەختىم ئۈچۈن ئاتا قىلىنغاندەك تۇيۇلدى. گويا بۇلارنىڭ ھەممىسى گۈزەللىككە ۋە تەسۋىرلەپ بەرگۈسىز خوشاللىققا چۆمۈلگەن ئىدى. بىرەيلەن بۇغداي دولقۇنلىرى ئارىسىدا گاھ كۆرۈنۈپ، گاھ كۆرۈنمەي قاياققىدۇر ئات چاپتۇرۇپ كېتىپ باراتتى، سۇۋانقۇلمۇ يا؟ ئوغاقلارنىڭ شارتىلدىغان ئاۋازى، يېقىلىۋاتقان بۇغدايلارنىڭ ئاۋازى، كىشىلەرنىڭ پارىڭى ۋە كۈلكە-چاقچاقلىرى كىشىگە خوشاللىق بېغىشلايتتى. قاسىمنىڭ كومباينى يېقىنلا بىر يەردە گۈكىرەيتتى، ئۇنىڭ ئاۋازى باشقا ھەممە ئاۋازنى بېسىپ چۈشەتتى. قاسىم كومبا-يىننى ھەيدەپ كېتىۋېتىپ، ساندۇققا چۈشۈۋاتقان بۇغدايدىن پات-پات بىر ئوچۇم ئېلىپ بۇرنىغا ئېپكېلىپ پۇراپ باقاتتى. بۇنى كۆرۈپ بۇ پىشقان بۇغداينىڭ ئىلمان ۋە سۈتلۈك ھىدىنى مەن پۇراۋاتقاندەك بولاتتىم ۋە بۇ پۇراقتا مەس بولۇپ كېتەتتىم. كومباين بىزنىڭ ئالدىمىزدا توختىغان چاغدا، خۇددى ئېگىز تاغ چوققىسىدىن ئاڭلانغان-دەك قاسىمنىڭ ئاۋازى ئاڭلاندى:

— ھەي ھارۋىكەش، چاپسان بول! چاپسان!

ئالىمان بولسا دەرھال قولىغا ئايران كوزىسىنى ئالدى.

— يۈگۈرەي، — دېدى ئۇ، — ئايراننى ئېپبېرىپ بېرەي!

ئالىمان كومباينغا قاراپ يۈگۈردى، ئۇ ھىلىلا كومباين ماڭغان ئىگىزدا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. سەرۋى قامەت بۇ قىز ياشلىق جۇشقۇنىغا تولغان بولۇپ، بېشىغا قىزىل رومال، ئۇچىسىغا ئاق

كۆينەك كىيگەن ئىدى، قولىغا ئالغىنى ئايران كوزىسى ئەمەس، گويا گۈزەل دىلبەرنىڭ ناخشىسى ئىدى، سۆيگەن يارىغا پۈتۈنلەي بېرىلگەنلىكى ئۇنىڭ ھەممە ھەركىتىدىن سېزىلىپ تۇراتتى. “سۇۋادقۇلمۇ ئازراق ئايران ئىچۋالغان بولسا قانداق ياخشى بولاتتى-ھە!” دەپ ئويلىدىم مەن ئىختىيارسىزلا يان-يېنىمغا قاراپ. لېكىن بۇ قانداقمۇ مۇمكىن بولسۇن. ئوما باشلانغاندىن كېيىن ئەترەت باشلىقىغا تىنىم بولامتى، ئەتىدىن-كەچكىچە ئاتتىن چۈشمەي دالا ئايلىنىپ يۈرگىنى يۈرگەن.

كەچقۇرۇنلۇقى كولخوزنىڭ ئىتتىز پونكىتى ئومچىلارغا ئاتاپ ياققان يېڭى بۇغداي نېنىمۇ تەييار بولدى. يېڭى نانغا بىرىنچى بولۇپ ئومچىلارنىڭ ئاغزى تېگىشى ئىلگىرىدىن قالغان ئادەت ئەمەسمۇ. بۇ ئۇننى بالدۇرراق تەييارلىغان. بىر ھەپتىدىن بۇرۇنلا بىز ئىتتىزنىڭ چۆرىلىرىدىكى پىشقان بۇغداينى ئورۇۋالغان ئىدۇق، بۇ نان ئەنە شۇ بۇغداينىڭ ئۇنىدا قىلىنغان. مەن ئۆمرۈمدە يېڭى بۇغداي ئۇنىدا قىلىنغان بىرىنچى نانغا كۆپ قېتىم ئېغىز تەككۈزدۈم، ھالبۇكى ھەر قېتىم بىرىنچى ناندىن بىرەر بۇردىسىنى ئاغزىمغا ئېپكەلگىنىمدە، مەن بىر خىل مۇقەددەس مۇراسىم ئۆتكۈزۈلۈۋاتقاندەك ھېس قىلاتتىم. بۇ نان سەل قارا بولسىمۇ ۋە خېمىرى يۇمشاقراق يۇغۇرۇلۇپ ئانچە كۆپمىگەن بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ ئاجايىپ تاتلىق ھىدىغا: ئاپتاپ، سامان، ئىس سىڭگەن تاتلىق ھىدىغا دۇنيادا ھېچقانداق نەرسىمۇ تەڭ كېلەلمەيتتى.

قوسىغى ئاچقان ئومچى قىز-جۇۋانلار ئىتتىز پونكىتىغا قايتىپ، ئېرىق بويىدىكى ئوتلۇققا كېلىپ دەم ئېلىش ئۈچۈن يانپاشلاشقانلىرىدا، قۇياش ئۇپۇققا باش قويغان ئىدى، ئۇ ئۇزاق-ئۇزاقلاردىكى

بۇغدايلىقتا نۇر چېچىپ تۇراتتى. بۇ كۈنكى ئاخشام يارقىن ۋە ئۇزاقتا سوزۇلىدىغاندەك تۇيۇلاتتى. بىز چېدىرغا يېقىن بىر يەردىكى ئوتلۇقتىن ئورۇن ئالدۇق. دۇرۇس، بۇ چاغدا سوۋانقول تېخى كەلمىگەن ئىدى، بىراق ئۇمۇ تېزلا يېتىپ كېلەتتى، جايناق بولسا، بۇرۇنقى ئادىتى بويىچە، يەنە يوق، ئاكىسىنىڭ ۋەلىسپىتىنى مىنىپ، قىزىل ئۆيگە جەدۋەل چاپلىغىلى بارىمەن، دەپ كەتكەن ئىدى.

ئالمان رومىلىنى يەرگە يېيىپ، ئۆيدىن ئېپكەلگەن ئالمىلارنى تۆكتى-دە، ئىسسىق ناننى قويۇپ چىنىلەرگە ئېچىتما قۇيدى. كومبا-يىننى توختىتىپ، ئېرىقتىكى سۇدا قولىنى يۇيۇپ كەلگەندىن كېيىن قاسىمۇ داستىخاننىڭ يېنىدا ئولتۇرۇپ، ئالدىرىماستىن ناننى ئۇشتىدى.

— تېخى ئىسسىقكەن، — دىدى ئۇ، — ئال ئاپا، يېڭى بۇغداينىڭ نېنىنى بىرىنچى بولۇپ تېتىپ كۆر.

بىسمىللا، دەپ ناندىن بىر بۇردا ئالدىمۇ چايناۋېتىپ ئاللىقانداق بىر يېڭى تەم، يېڭى ھىدىنى سەزدىم. ئۇ ھىد كومبايىنچىنىڭ قولىنىڭ ھىدى — يېڭى بۇغداينىڭ، قىزىق تۆمۈرنىڭ ۋە بېنزىنىنىڭ ھىدى ئىدى. يەنە بىرنەچچە بۇردا نان ئېلىۋىدىم، ئۇنىڭدىنمۇ ئاشۇنداق بېنزىن ھىدى كېلىپ تۇراتتى، بىراق ئۆمرۈمدە شۇنچە مەزىلىك نان يېمىگەن ئىدىم، چۈنكى ئۇ ناننى كومبايىنچى ئوغلۇم ئۇشتۇغان. بۇ — خەلقنىڭ نېنى، ئۇنى خەلق تېرىغان، ئۇلار بولسا ھازىر ئوغلۇم بىلەن بىللە ئېتىز پونكىتىدا ئولتۇرۇپتۇ. بۇ — مۇقەددەس نان! مەن مۇشۇ ئوغلۇم ئۈچۈن چەكسىز ئىپتىخارلىقتا چۆمدۈم، لېكىن بۇ توغرىلىق ھېچكىم بىلمەيتتى. بۇ چاغدا مەن يەنە ئانا بەخ-تىنىڭ مەنبەسى خەلق بەختىدە ئىكەنلىكىنى. بۇ خۇددى تۆمۈر بىلەن

غولنىڭ مۇناسىۋىتىدەك مۇناسىۋەت ئىكەنلىكىنى، خەلق تەلەپلىك بولمىسا، ئانا تەلەپلىك بولالمايدىغانلىقىنى ئويلىدىم. تاكى ھازىر-غىچە، مەيلى قانچىلىك كۆڭۈل ئاغرىقى تارتماي ۋە جىددى ئۆزگى-رىپ تۇرغان تۇرمۇش ماڭا قانداق مۇناسىۋەتتە بولغان بولمىسۇن، مەن بۇ ئېتىقادىمدىن قايتمىدىم. خەلققە ھاياتلىق كېرەك، ماڭىمۇ ھاياتلىق كېرەك...

شۇ كۈنى كەچتە سۇۋانقۇل ئۇزاققىچە كەلمىدى، ئۇنىڭ ۋاقتى يوق ئىدى. قاراڭغۇلۇق پەردىسى يېيىلدى. ياشلار يار بويىغا بېرىپ گۈلخان يېقىشتى، ئىر-ئىرلاشقا چۈشتى. شۇ نۇرغۇن ئاۋازلار ئىچىدىن جايناغىمنىڭ ئاۋازىنى تونۇدۇم... كۆپچىلىك ئىچىدە ئۇ گارمۇن چېلىپ باشلاپ بېرىۋاتاتتى. "ئاۋازىڭدىن ئۆرگىلەي بالام، ياشلىقىڭدا سايرا. تەڭتۇشلەر بىلەن جۈر بولۇپ ئېيتىلغان ئىر كۆڭۈلنى ئېچىپ، ئادەملەرنى بىر بىرىگە يېقىنلاشتۇرىدۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە شۇ ئىرلارنى ئاڭلىغىنىڭدا، بۈگۈنكى ياز كېچىسىنى ۋە سېنىڭ بىلەن بىللە ئىرلاشقانلارنى ئەسلەيسەن" دەپ ئولتۇردۇم ئىچىمدە. شۇنىڭ-دىن كېيىن مەن يەنە ئوغۇللىرىمنى ئەسلەپ كەتتىم، ئادەمنىڭ ئائىلىق تەبىئىتى شۇنداق بولسا كېرەك. قاسىمنى ئەسلەپ كەتتىم، خۇداغا شۈكۈر، ئۇ ئۆز ئالدىغا تۇرمۇش كەچۈرۈشكە باشلىدى. ئەتىيازدا ئالىمان ئىككىسى ئۆي ئايرىپ چىقىپ، سىرتتا ئۆي سېلىپ، ئۆي بىساتلىرىنى سېتىۋالغان ئىدى. ئەمدى ئۇلار ئاشۇ يەردە ئاۋۇپ گۈللىنىدۇ. قاسىمدىن ئانچە غەم قىلمايتتىم، چۈنكى ئىشتا ئۇ خۇددى دادىسىغا ئوخشاش ھېرىش-چارچاشنى بىلمەيتتى. شۇ چاغدا كەچ بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ، ئازراق قالغان بىر يەردىكى بۇغدايىنى ئورۇپ ئېلىۋېلىش ئۈچۈن تراكتور بىلەن كومبايىنىنىڭ ئالدى چىرى-

غىنى يېقىپ قويۇپ ئايلاندۇرۇپ يۈرەتتى. ئالمانمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ئىدى. ئۇما ۋاقتىدا بىر مىنۇت بولسىمۇ بىللە بولۇش ئۇلار ئۈچۈن غەنىمەت ئىدى.

مايسالىيېكنى ئەسلەپ، سېغىنىپ قالدىم. ئۆتكەن ھەپتىدە ئۇنىڭدىن بىر پارچە خەت كېلىشۋىدى. خېتىدە بۇ يىل يازلىق كانىكۇل ۋاقتىدا بارالمايمەن، مەكتەپتىن مېنى باللارنى باشلاپ ئىسسىق كۆلگە — پىئونېرلار لاگېرىغا بېرىشنى تاپشۇردى، دەپتۇ. مەيلى، بۇنىڭغا نىمە ئىلاج، شۇ كەسىپنى تاللىغان ئىكەن، قەيەردە بولسىمۇ ئامان بولسۇن، دەپ ئويلىدىم.

سۇۋانقۇل ناھايىتى كەچ قايتىپ كېلىپ، غىزاسىنى يېگەندىن كېيىن بىز بىرلىكتە ئۆيگە قايتتۇق. ئەتىگەندە ئۆي ئىشلىرىغا قارىشىم كېرەك ئىدى. كەچتە ماللارغا قاراپ قويۇشنى خوشنام ئايشەگە تاپشۇرغان ئىدىم. بىچارە ئايشەگە قىيىن ئىدى، ئاياللار كېسىلىگە گىرىپتار بولۇپ، بېلى ئاغرىيدىغان بولۇپ قالغاچقا، بۇ ئايال كولخوزدا بىر كۈن ئىشلىسە، ئىككى كۈن دەم ئالاتتى، ئۇنىڭ بېكتاش ئىسمىلىك بىرلا كىچىك ئوغلى بار ئىدى.

ئۆيگە قايتقان ۋاقتىمىزدا ئاللىقاچان كەچ بولۇپ كەتكەن ئىدى. مەيىن شامال يۈزىمىزنى سىيپايتتى. ئاي شولىسىدا چايقالغان بۇغداي باشاقلىرى مەۋج ئۇراتتى. ئۈزەڭگە ۋە ئۇلاڭلار پىشقان گۈل - چېچەكلەرگە تېگىپ كەتسىلا ھاۋاغا بىر خىل خۇش پۇراق ھىد تارايتتى - دە، بۇ پۇراققا قاراپ، ئېچىلغان گۈلنىڭ شىرالجىنىنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى بىلگىلى بولاتتى. شۇ كۈنى كەچتە ئىنتايىن تونۇش بىر خىل تۇيغۇ بولغان ئىدى. كۆڭلۈم بۇزۇلۇشقا باشلىدى. سۇۋانقۇل ئىككىمىز بىر ئاتقا مىنگەن ئىدۇق، مەن ئۇنىڭ ئارقىسىغا مىنگەشكەن ئىدىم.

سۇۋانقۇل دائىم مېنى ئالدىغا سىنگىن دەيتتى، مەن بولسام ئارقىسىغا سىنگىشىۋېلىپ، ئارقىسىدا بەلبىغىدىن تۇتۇپ مېڭىشنى ياخشى كۆرەتتىم. سۇۋانقۇلنىڭ ئات ئۈستىدىمۇ ئېزىلىپ، گەپ قىلماي ئولتۇرۇشى — كۆن بويى ئالدىراپ يۈرۈپ چارچاپ كەتكەن — ياكى ئۆگدەپ قېلىپ، بىردىنلا سىلكىنىپ، ئۆكچىسى بىلەن ئاتنىڭ بېقىنىنى تۈرتۈپ ئاتنى تېزلىتىشى مەن ئۈچۈن تولىمۇ قىممەتلىك ئىدى. ئۇنىڭ سەل مۈكچەيگەن گەۋدىسىنى كۆرۈپ ئىچىم ئاغرىپ، بېشىنى سىلاپ ئىچىمدە ئويلاندىم: "بىز قېرىپتۇق، سۇۋان. قېرىساق قېرىمامدۇق. ۋاقىت ئالغا كېتىۋاتقان تۇرسا. بىراق بىز ئۆمرىمىزنى بىھۇدە زايا قىلمىدۇق. ھەممىدىن مۇھىمى شۇ. بىراق مەن تېخى يېقىندىلا ياش ئىدۇق، دەپ ھىساپلايمەن. بۇنى قارا، قانچە ۋاقىتلار ئۆتۈپ كېتىپتۇ. ھايات بەرىبىر يەنىلا ناھايىتى مەنىلىك - تە. ياق. قېرىدۇق دېيىشكە تېخى ئەتىگەن. ئىشلار تېخى ئالدىمىزدىغۇ. مەن مەڭگۈ سېنىڭ بىلەن بىللە بولۇشنى خالايمەن..."

مەن رۇسلىنىپ، بېشىمنى كۆتىرىپ ئاسمانغا قارىۋىدىم، نىمە ئۈچۈندۇر يۈرىكىم "شۇر - ر" قىلىپ كەتتى: پايانسىز ئاسماندا، سامانچى ماڭغان يول، خۇددى كۆمۈش بەلباغدەك، چاقناپ تۇرغان يۇلتۇزلار توپى ئىچىدە چەكسىز ئۇزاققا سوزۇلغان ئىكەن. شۇ سەۋەپتىن مېنىڭدە يەنە، ئېھتىمال، راست سامان توشۇغۇچى بىر ئادەم ھازىرلا ئۇنچىسى ئايرىۋېلىنغان بىر قۇچاق سامانىنى كۆتىرىپ ئاشۇ يەردىن ئۆتكەندە چېچىلىپ قالغان سامان بولسا كېرەك، دىگەن تۇيغۇ تۇغۇلدى. پايانسىز ئاسماندا ساپ - سېرىق سامان، مەڭگەن ۋە توپانلار ھەتتا شامال ئويىنىتىۋاتقاندەك مىدىرلايتتى. ھەتتا توپان بىلەن بىللە چېچىلغان ئۇنچىلەرمۇ كۆرۈنۈپ تۇرغاندەك قىلاتتى. "ۋاي، تۇۋا!"

www.uyghurkitap.com

دەپ ياقامنى تۇتـتۇم. ئاشۇ بىرىنچى كېچە، بىزنىڭ مۇھەببىتىمىز، ياشلىق دەۋرىمىز شۇنىڭدەك كاللامغا كەلگەن ئاشۇ كۆچلۈك دىخاننىڭ سىماسى كۆز ئالدىمغا كەلدى. ئويلاپ قارىسام، ئاشۇ چاغدىكى ئارزۇ-ئارمانلىرىمىزنىڭ ھەممىسى روياپقا چىقتى ئەمەسمۇ؟ ھەئە، يەر-سۇ ئەلنىڭ بولۇپ، كۆپچىلىك قاتارىدا بىزمۇ قوش ھەيدىدۇق، دىخانچىلىق قىلىپ، ئۆزىمىزنىڭ ئاشلىغىنى ئۆزىمىز ئېلىپ تىلىگەنمىزگە يەتتۇق، يەنى بىرىنچى كېچىسى ئارزۇ قىلغانلىرىمىزغا يەتتۇق. ئۇ چاغدا بىز يېڭى دەۋرنىڭ يېتىپ كېلىدىغانلىغىنى، بىر خىل يېڭى تۇرمۇشنىڭ باشلىنىدىغانلىغىنى بىلمەيتتۇق، ئەلۋەتتە. لېكىن بىر ئاددى ئىنساننىڭ ئادەتتىكى غايىسى، ئەھۋالىدىن قارىغاندا، ھامان دەۋرنىڭ ئارزۇسى بىلەن، ياخشى نىيەت ۋە ھەقىقانىيەت بىلەن تېپىشىپ قالىدىكەن. مۇشۇنداق بىر قاتار خىياللار بىلەن بولۇپ كېتىپ، ئاتىنىڭ ئۇستىدە ئۇن-تىنسىز ئولتۇرۇپ كېتىپتىمەن. سوۋانقۇل ئارقىسىغا قاراپ:

— ئۇخلاپ قالدىڭمۇ، تولغاناي؟ ھاردىڭ. ئاز قالدۇق، ھازىرلا يېتىپ بارىمىز. ھېرىپ مېنىڭمۇ ھېچبىر ماجالىم قالمىدى، — دېدى ۋە بىر دەم جىم بولۇپ قالغاندىن كېيىن يەنە سورىدى، — بۇرۇلۇپ يېڭى مەھەللە بىلەن كەتسەك قانداق؟

— ماقۇل، ئايلىنىپ ئۆتەيلى، — دېدىم مەن ماقۇللاپ.

يېڭى مەھەللە ئايىلغا تۇتاش بوش بىر يەرگە چۈشكەن ئىدى. كوچا تېخى قۇرۇلمىغان ئىدى. بۇ يەردىن بۇ يىل ئەتىيازدىلا ياشلارغا ئۆي-جاي ۋە باغ-ۋاران لىق يەر ئاجرىتىپ بېرىلگەن بولۇپ، بەزى يەرلەرگە تام سېلىپ قويۇلغان ئىدى. قاسىم بىلەن ئالىمانىمۇ ئۆي سېلىشقا بۇ يەردىن بىر ئۇلۇش يەر ئالغان ئىدى. بىز يولدىن

بۇرۇلۇپ قۇرۇلۇش ئەھۋالىنى كۆرۈپ ئۆتكەچ ماگايلى دىگەن. ئۇما ۋاقتىدا، كۈندۈزلىرى بىر مىنۇتمۇ بوش ۋاقىت چىقمايتتى، بۇنداق چاغلاردا ھەركىم ئۆز ئىشىنى قىلىۋىلىشقا كىتىشكە بولمايتتى، قاسىم، ئالىمان ۋە جايناق ئۈچى ئەتىيازدىن باشلاپ نۇرغۇن كىسەك قۇيغان بولۇپ، قۇرۇپ كەتكەن كىسەكلەر تىزىپ قويۇلغان ئىدى. ئۇل چىقىرىشقا ئىرىقچا كولاپمۇ قويۇلغان، ئۆتكەن يەكشەنبە كۈنى ئۇلار دەريادىن بىرمۇنچە تاشمۇ ئىپكىلىپ قويۇشقان ئىدى. ھىلىمۇ كەلگۈندىن بۇرۇن ئىپكىلىۋىلىشقىنى بۇ تاشلارنى. ئەنە، تاشلار ھويلىدا دۆۋىلەگلىك تۇرۇپتۇ. سۇۋانقۇل ياشلارنىڭ ئىشىدىن ناھايىتى مەمنۇن بولدى.

— يامان ئەمەس، ئۇل قۇرۇلۇپتۇ. تاش بەخۇدۇك يىتىدۇ، ھەتتا ئىشىپ قىلىشىمۇ مۇمكىن، — دىدى سۇۋانقۇل. — ئۇما ئاياقلىشىشى بىلەنلا تامنى قوپۇرۇپ، ئۈستىنى يىپىۋالساقلا، قالغان ئۇششاق-چۈششەك ئىشلىرىنى كىلەر يىلى ئەتىيازدا پۈتتۈرۈۋالىمىز. بەرىبىر قىشىچە پۈتتۈرگىلى بولمايدۇ. قانداق دەيسەن، بولامدۇ، بولمامدۇ، تولغاناي؟

— توغرا، — دىدىم مەن جاۋابەن، — ئۈستىنى يىپىۋالساقلا، قالغىنىغا ئۈلگۈرىمىز. — جايناق ئىسىمگە چۈشۈپ كۈلدۈم. — جايناغىمىز چاپقىلاپ يۈرۈيدۇ، ئۇ مەجلىستە قارار بولدى: كوچىغا كومسومول كوچىسى دەپ نام بىرىلىدىغان بولدى دەيدۇ. يەڭگىسى ئالىمان چاقچاق قىلىپ: ھەي كىچىك بالا، خۇددى نەسىردىن ئەپەندىنىڭ تۇغۇلمىغان بالىغا ئات قويغىنىدەك ئىش قىلىپ يۈرگىنىڭنى سىنىڭ. سەنچۇ، ئالدى بىلەن خوتۇن ئال، ئۆي سال، كوچا سال، ئاندىن ئات قويساڭمۇ ئۈلگۈرىسەن، دىسە، جايناق رەددىيە بىرىپ: سەنچۇ،

سەن، ھېچنېمىنى بىلمەيدىكەنسەن، دەپ تالىشىپ كېتىدۇ.

ئۇ چاغدا سۇۋانقۇل بېشىنى چايقاپ، مىيىغىدا كۇلۇپ قويۇپ مۇنداق دىگەن ئىدى:

— توغرا، ئۇ كىچىگىدىنىلا ئاشۇنداق ھەممە ئىشتا ئالدىراڭغۇ بولۇپ چوڭ بولدى. بىراق كوچىنىڭ نامى توغرىلىق ئويلىغىنى توغرا بوپتۇ. مانا بۇ قۇرۇلۇۋاتقان ئۆيلەرنىڭ ھەممىسى ياشلارنىڭكى-دە، ھەممىسى ئۆسۈپ كېلىۋاتقان ياش ئەۋلاتلارنىڭكى. بىزدە تەرەققىيات تېز بولۇۋاتىدۇ، ئادەم تېز كۆپىيىۋاتقانلىقى ئۈچۈن ئايلىغا پاتماي قېلىۋاتىدۇ، يېڭى كوچىلارنى سالمىساق ۋە كېڭەيتمىسەك بولمايدۇ. بۇ ياخشى ئىش. راستىنى ئېيتقاندا، كوچا قۇرۇلۇپ بولغاندا، قاراپ تۇر، ئوغلىمىزنىڭ ئېيتقىنى چوقۇم ئىشقا ئاشىدۇ...

بىزنىڭ ئەنە شۇ تەرىقىدە پاراڭ قىلىپ تۇرغان ۋاقتىمىز، كېيىن بىلسەم، ھەممە كېچىلەر ئىچىدە ئەڭ قاباھەتلىك كېچىگە توغرا كەلگەن ئىكەن...

### 3

— بېشىڭنى كۆتەر، تولغاناي، ئۆزەڭنى تۇت.

— ماقۇل. بۇنىڭدىن باشقا مەن نىمە قىلالايتتىم؟ مەن چامامنىڭ يېتىشىچە تىرىشىمەن. ئېسىڭدىمۇ سادىغاڭ كېتەي يەر ئانا، ئاشۇ كۈندىكى ۋەقە؟

— ئېسىمدە...مەن ھېچنىمىنى ئۇنتۇمايمەن، تولغاناي. يورۇق دۇنيا بىنا بولغاندىن بۇيان ئۆتكەن-كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى يادىمدا. كىتاپقا سىغمىغان، ئادەملەر ئۇنتۇغان تارىخنىڭ ھەممىسى

مىنىڭ يادىمدا. سىنىڭ بىشىڭدىن كەچۈرگەنلىرىڭمۇ، تولغاناي، مىنىڭ يادىمدا. سۆزلەپ بەر، سۆزلە، تولغاناي، بۈگۈن قۇلىقىم سىنىڭدە.

## 4

ئەتىسى تاڭ سەھەردە، تېخى كۈن چىقماستىلا ئىشقا چۈشۈپ كەتتۇق. شۇ كۈنى بىز دەريا بويىدىكى يارلىقتا تېرىلغان بۇغدايلىقتا ئورمىغا چۈشتۇق. بۇ يەر بەك تار بولغاچقا كومباين ئايلىنالمايتتى، بىراق بۇغداينىڭ پىشىشى ھامان ئېتىز ياقىسىدىن باشلىناتتى. بىزمۇ بىر-بىرلەپ ئۇزۇنىسىغا تىزىلىپ ئورىساقلا ئاندىن ئورىيالايتتۇق، ھەر بىرىمىز ئىككى باغلامدىن بۇغداي ئوروپ تۇرۇشىمىزغا، ئۇشتۇمتۇت، دەريانىڭ ئۇ قېتىدىن بولۇشىغا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقان بىرەيلەنگە كۆزىمىز چۈشتى. ئۇ زالىچىپ دىگەن ئايلىنىڭ بويىدىكى بىر-نەچچە ھويلىدىن ئېتىلىپ چىقىپ، ئارقىدا قۇيرۇققا ئوخشاش چاڭ-توپا قالدۇرۇپ ئۇتتۇر كەلمەكتە، ئۇ خۇددى بىراۋ قوغلاپ كېلىۋاتقاندەك چاتقال-قوراي ۋە قومۇشلۇقتىن چېپىپ كېلەتتى. ئات ئۇ ئادەمنى توپ-توغرا دەريا بويىدىكى قۇرام تاشلىققا ئېلىپ كەلمەكتە. ئۇ ئادەممۇ سەل ئېگىشىپمۇ قويماستىن توغرىدىن-توغرا قۇرام تاشتىن دەريا بويىغا سەكرەش ئۈچۈن ئېتىنى دېۋىتەتتى. بىز ھەيران بولۇپ بېشىمىزنى كۆتىرىپ: پاھ، نىمە ئانچە ئالدىراش، نىمىشقا دەريانىڭ تۆۋەيندە ئىككى چاقىرىمچە كېلىدىغان يەردىكى كۆۋرۈكتىن ئۆتمەيدىكىنە؟ دىيىشىپ قالدۇق. ئاتلىق كىشى رۇس يىگىتكە ئوخشايتتى. ئۇ دەريا بويىغا كېلىش بىلەن تەڭلا جىرەن ئايغىرىنى قامچىلاپ

سۇغا سالغاندا، ھەممىمىز ھەيران بولۇپ قېتىپ قالدۇق: دەرياغا سۇ كەلگەن چاغدا بۇ يەردىن ھېچكىم ئۆتەلمەيتتى، ئات تۇگۇل تۆگىنىمۇ ئېقىتىپ كۆكۈم-تالقان قىلىۋېتىدىغان تاشقىن دەريا شاۋقۇن كۆتىرىپ تۇرغان يەردە جېنىدىن تويغان كىم بولغىيدى؟

— ھاي، نەگە بارىسەن، توختا، توختات ئېتىڭنى! — بىز چۇقان كۆتىرىشتۇق.

ئۇ بىزگە قاراپ، ئىككى قولىنى پۇلاڭلىتىپ ۋاقىراپ باقتى، لېكىن دەريانىڭ شاۋقۇنى ئۇنىڭ گېپىنى ئاڭلاتمايتتى، پەقەت: "ھا-ھا-ھا-ھا..." — دېگەندەكلا ئاڭلىناتتى. بىز ھېچنېمىنى ئۇقالمىدۇق. بۇ چاغدا ئۇ جەرەن ئايغىرنى توختىماي قامچىلايتتى، ئات ئالدى پۇتىنى ئىگىز كۆتەردى-دە، بىردىنلا ئېقىمغا چۈشتى. كۆپۈك چىقىرىپ دولقۇنلاۋاتقان سۇ كۆز ئېچىپ-يۇمغىچە ئارىلىقتا ئاتلىقنى ئۆز قوينىغا ئالدى. دولقۇنلار ئىچىدە جەرەن ئايغىرنىڭ بېشىلا غۇۋا كۆرۈنەتتى، ئايغىر قۇلىقىنى دىڭ تۇتۇپ، چىشىنى چىڭ چىشلىگەن ئىدى. ھىلىقى يىگىت بولسا ئاتنىڭ يايلىغا چىڭ ئېسىلغان ئىدى. يىگىتنىڭ دەريادا ئېقىپ كەتكەن شەپكىسى دولقۇندا ھە دەپ پىرقىرايتتى. بىز بولساق بۇ قاتتا ھە دەپ ئۇ ياق-بۇ ياققا چېپىشاتتۇق. ئاتلىق يىگىت ئېقىم كۈچىدىن پايدىلىنىپ، باتۇرلۇق بىلەن قىيپاش ئۈزۈپ كەلمەكتە. ئۇ دەريانىڭ ئېقىمى بىلەن خېلى ئۇزاقلاپ كەتتى ۋە ئاخىرى تۈگمەننىڭ تۆۋەنىدىن قىرغاققا چىقتى. پەقەت ئەنە شۇ چاغدىلا ھەممىمىز ئۇھ! دەپ يېنىك نەپەس ئالدۇق. بەزىلەر ئۇنىڭ باتۇرلۇغىغا ئاپىرىن ئوقۇپ: يارايدۇ!، دېيىشسە، بەزىلەر: بۇنىڭدا چوقۇم بىر سەۋەپ بار، بىلىپ بېقىش كېرەك، دېيىشەتتى، بەزىلەر بولسا: بۇ مەس ھارامزادىنىڭ قىلىغىنى، سىلەر تېخى ئۇنى دورىماق-

www.uyghurkitap.com

چىمۇ! دەيتتى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆپچىلىك جىمىپ قالدى. ئىشقا مېڭىش كېرەك ئىدى. "بۇمۇ توغرا گەپ، — دەپ ئويلىدىم مەن، — كاللىسى سەگەك ئادەم بۇنداق تەۋەككۇلچىلىك قىلاتتىمۇ."

قاسىمنىڭ كومبايىنى بىردىنلا توختىدى-دە، جىمىپ قالدى، ھالبۇكى ئۇ بۇگۈن تۈگمەننىڭ ئەتراپىدىكى بىر ئېتىز يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئوروپ بولۇشى كېرەك ئىدى. — كومبايىننىڭ توختىغىنىغا ئانچە دىققەتتىمۇ بولمىدىم، ئېھتىمال تاسمىسى چىقىپ كەتكەندۇ، ئېھتىمال زەنجىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەندۇ، ئىش ئۈستىدە كومبايىندىن ئۇنداق ياكى بۇنداق چاتاقلار چىقىپ قېلىشى مۇمكىنغۇ. ئالىمان ماڭا يېقىنلا بىر يەردە ئوما ئوروۋاتاتتى، ئۇ "ئاپا!" دەپ جېنىنىڭ بېرىچە ۋاقىراپ تاشلىدى.

چۆچۈپ پۈتۈن بەدىنىم شۈركۈنۈپ كەتتى. قارىسام قولىدىكى ئوغىقى چۈشۈپ كەتكەن، چىرايى تامدەك تاتارغان ھالدا تۇراتتى.

— نېمە بولدى؟ ئىلان چېقىۋالدىمۇ؟ — مەن ئۇنىڭغا قاراپ ئۆزەمنى ئاتتىم.

ئۇ ئۈن چىقارماي، چۆچۈگەن كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ بىر ياققا قاراپ تۇراتتى، ئۇ قاراپ تۇرغان تەرەپكە قاراپ مەنمۇ چۆچۈپ كەتتىم. كومبايىن تەرەپتىن كىمدۇ بىرسىنىڭ تووۋلىغان ئاۋازى كەلدى، بىرمۇنچەيلەن تۈش-تۈشتىن بۇغدايلىقتا كومبايىن تەرەپكە قاراپ چېپىپ كېتىپ باراتتى. بەزىلەر ئاتلىق چېپىپ كېتىپ باراتتى، يەنە بەزىلەر بىرىچكىدا ئۆرە تۇرغان پېتى ئاتلارنى بولۇشىچە قامچىلاپ شۇ تەرەپكە كېتىپ باراتتى.

— نېمە ئىش بولدىكىنە، ئاپا! — دېگەن پېتى ئالىمان ھېچنىمىگە

قارىماستىن شۇ تەرەپكە يۈگۈردى. بەزىلەرنىڭ گېپى ئادەمنى تېخىمۇ خاۋاتىرسىزلەندۈرەتتى:

— چوقۇم بىرسى كومبايىنىنىڭ چىشىغا ئىلىنىپ مېيىپ بولغان ئوخشايدۇ! يا بولمىسا تۇرۇبىنىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى! يۈرۈڭلار، بېرىپ باقايلى!

شۇنداق قىلىپ ئوما ئورۇۋاتقان ئاياللارنىڭ ھەممىسى ئالمانىنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈشۈپ كەتتى.

— خۇدا ئۆزەڭ ساقلا، خۇدا ئۆزەڭ ساقلا! — دىگىنىمچە يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ قولۇمنى كۆتىرىپ دۇئا قىلاتتىم؛ ئېرىقتىن ئاتلاپ ئۆتىمەن دەپ يىقىلىپ چۈشتۈم، ئورنۇمدىن قوپۇپ يەنە يۈگۈردۈم. پاھ، بۇغدايلىقتا خۇددى ئۈچقاندەك يۈگۈرۈپتىمەن دىسە! خەققە توختاپ تۇرۇڭلار دەپ توۋلاي دىسەممۇ ئۈنۈم پۈتۈپ قېپتۇ، ئۈنۈم چىقمايتتى.

ئاخىرى يېتىپ باردىم، توپلانغان ئادەملەر چۇرۇلدىشىپ تۇراتتى، ئۇلارنىڭ ھېچقايسىسىنىڭ گېپىنى ئېنىق ئاڭلاپ بولمايتتى، پەرق ئېتىپمۇ بولمايتتى. مەن توپنىڭ ئىچىگە ئۆزەمنى ئېتىپ ”نېرى تۇرۇڭلار، مېنى كىرگۈزۈۋېتىڭلار“ دەپ ۋاقىرىدىم. كىشىلەر ماڭا يول بەردى، قارىسام قاسىم بىلەن ئالمان ئىككىسى كومبايىنىنىڭ يېنىدا تۇرۇپتۇ، بۇ چاغدا مەن قوللىرىم تىترەپ، قارغۇ ئادەمدەك ئۆزەمنى ئوغلۇمغا ئاتتىم. قاسىم ئالدىمغا ئېتىلىپ كېلىپ مېنى تۇتۇۋالدى.

— ئورۇش باشلىنىپتۇ، ئاپا!

ماڭا بۇ ئاۋاز خۇددى يىراق بىر يەردىن كەلگەندەك ئاڭلاندى.

— ئورۇش؟ ئورۇش دەۋاتامسەن؟ — يەنە سورىدىم مەن ئۇنىڭغا قاراپ، گويا ئۇنىڭ گېپىنى چۈشەنمىگەندەك.

ــ ھەئە، ئاپا، ئۇرۇش باشلىنىپتۇ، ــ دېدى قاسىم.

لېكىن مەن بۇ گەپنىڭ مەنىسىنى يەنە ئانچە چۈشەنمەيتتىم.

ــ قانداق ئۇرۇش؟ نىمە ئۈچۈن ئۇرۇش؟ ئۇرۇش دېۋاتا-سەن؟ ــ مەن يۈرەكنى سىقىدىغان، قورقۇنچلۇق بۇ سۆزنى يەنە تەكرارلىدىم ۋە ئوچۇق ھاۋادا گۈلدۈرماما چاقنىغاندەك بۇ شۇم خەۋەردىن قورقۇپ مىشلداپ يىغلاپ تاشلىدىم.

ياش مەڭزىمنى بويلاپ تاراملاپ چۈشمەكتە ئىدى، ئاياللار ماڭا قاراپ ھۆڭرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ــ جىم بولۇڭلار! ھەي ئاياللار، جىمىڭلار! ــ دېدى توپ ئىچىدىكى بىر ئەركىشى.

خۇددى ھېلىقى كىشى ئۇنداق ئىش يوق، دېمىسىدى دېگەندەك، ئاياللار بىردىنلا جىم بولۇپ قېلىشتى. لېكىن ئۇ كىشى ھېچنىمە دېمىدى. باشقىلارمۇ بىرەر ئېغىز گەپ قىلمىدى. دالىدا چوڭقۇر جىمجىتلىق ھۆكۈم سۈرەتتى، پەقەت دەريا دولقۇنىنىڭ گۈلدۈر-لىگەن، شارقىرىغان ئاۋازىلا ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىمدۇر بىرەيلەن چوڭقۇر بىر ئۇھ تارتىپ، سەل مىدىرلاپ قويدى. بۇنىڭ بىلەن كۆپچىلىكتە يەنە جىددىيلىك پەيدا بولدى، بىراق يەنىلا ھېچكىم بىرەر ئېغىز گەپ قىلمايتتى. دالا يەنە شۇنداق جىمىپ كەتتىكى، ھەتتا ئىسسىق ھاۋانىڭ پىژىلدىشى گويا بىر پاشىنىڭ قۇلاق تۈۋىدە غىڭىلدىغىنىدەك ئاڭلىنىپ تۇراتتى. ئەنە شۇ چاغدا قاسىم ئەتراپ-تىكىلەرگە قاراپ چىقىپ، خۇددى ئۆزىگە ئۆزى گەپ قىلغاندەك مۇجمەل ھالدا پىچىرلىدى:

ــ ئەمدى ھوسۇلنى تېزرەك يىغىۋالايلى، بولمىسا قار ئاستىدا قالىدۇ.ــ ئۇ جىمىپ قالدى، ئاندىن كېيىن بىردىنلا بېشىنى كۆتىرىپ،

شوپۇرغا تاپىلىدى. — نېمىگە قاراپ تۇرىسەن؟ موتورنى ھەركەتلەندۈرگىن! ھەممەيلەن كۆزۈڭلەرنى پارقىرىتىپ نېمىگە قاراپ تۇرىسىلە؟ ئەمدى بىز تېززەك ھوسۇل يىغىمساق، ناھايىتى چوڭ قىيىنچىلىققا قالىمىز! قېنى، ئىشقا كىرىشەيلى!...

كىشىلەر ئاستا ھەركەتكە كەلدى. زالىپچىپىدىن كەلگەن ھىلىقى رۇس يىگىتكە مانا ئەمدىلا دىققەت قىپتىمەن. ئۇ يەنىلا شۇ چىلىق-چىلىق ھۆل بولۇپ كەتكەن كىيىمى بىلەن جىرەن ئايغىرنىڭ يۇگەن بېغىدىن تۇتۇپ تۇراتتى. كىشىلەر قوزغىلىشقا باشلىغان چاغدىلا ئېسىگە كەلگەندەك بولغان ئاشۇ خەتچى قوڭۇر چاچلىق بېشىنى ئاستا كۆتىرىپ، ئاتنىڭ تۆشىپېغىنى چىڭىتتى. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ئىنتايىن ياش بالا ئىكەنلىكىنى، ئالاھەزەل مېنىڭ جايناغىم بىلەن تەڭتۇش ئىكەنلىكىنى، بىراق جايناققا قارىغاندا ئىگىز ۋە گەۋدىلىك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. ئۇنىڭ بىر تۇتام ھۆل چېچى پېشانىسىگە چاپلىشىپ قالغان ئىدى؛ كالپۇكى بىلەن مەڭزىدە بىرنەچچە يەر يېرىلىپ كەتكەن ئىدى. ئۇنىڭ باللارنىڭكىدەك كۆزى ناھايىتى ئازاپ ئىچىدە كۈزىتىپ تۇراتتى، بۇنداق قاراشنى مەن ياخشى چۈشىنىمەن: ئۇ ياشلىق دەۋرىدىن ئەمدىلا ئايرىلغان، ئۇ ئەمدىلا چوڭ ئادەم بولغان، بۇمۇ پەقەت بۈگۈن ئەتىگەندىلا بولغان، خالاس. ئۇ ئېغىر بىر نەپەس ئالدى-دە، ئېتىغا مىنىشكە جابدۇنۇپ تۇرۇپ، بىزنىڭ ئايلىدىكى بىر يىگىتكە دىدى:

— ھەي، دوستۇم، دەرھال ئاتلىنىپ رەئىس بىلەن ئەترەت باشلىغىنى تېپىپ، دەرھال رايكومىغا بارسۇن دەيدۇ دەپ قويغىن. مەن ھازىرلا مېڭىشىم كېرەك، مەن يەنە ئىككى كولخوزغا بارىمەن. — ئۇ گەپ قىلغاچ ئېتىغا مىندى-دە، يۇگەن بېغىنى تارتىپ قويدى.

www.uyghurkitap.com

لېكىن خەۋەر يەتكۈزۈپ قويۇشنى تاپىلىغان ھېلىقى يىگىت ئۇنى تۇستى:

ــ توختاپ تۇر، شەپكەڭنى سۇ ئېقىتىپ كەتتى. مەن مېنىڭ قالپىغىمنى كىيىۋال. بۈگۈن بەك ئىسسىق كۈن بولدى، بېشىڭغا ئىسسىق ئۆتۈپ كەتمىسۇن.

جىرەن ئايغىر ئاھۇدەك سەكرەپ يولغا چۈشۈپ، ئارقىسىدىن قويۇق چاڭ كۆتىرىپ چىپىپ كۆزدىن غايىپ بولغىچە كۆز ئۈزمەي قارىشىپ تۇردۇق، ئاتىنىڭ تۇيىغىدىنمۇ ئەنسىز، قايغۇلۇق ئاۋاز كېلەتتى. يول بويىدا قارىشىپ تۇرغانلارنىڭ ئۇزايىدىن ھەركىم ئۆزىنىڭ غېمىدە ئىكەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى، كومباين بىلەن تىراكتۇرنىڭ موتورلىرى بىردىنلا ئوت ئېلىپ تەڭلا گۈرۈلدىگەن چاغدا ئۇلار چۆچۈپ، بىر بىرىگە يالت قىلىپ قاراپ قويۇشتى.

ئەنە شۇ مىنۇتتىن باشلاپ يېڭى تۇرمۇش ــ ئۇرۇش تۇرمۇشى باشلاندى...

گۈمبۈرلىگەن توپ ـ زەمبىرەك ئاۋازى ئاڭلانمايتتى، لېكىن يۈرىكىمىزنىڭ گۈپۈلدەپ سوقۇشى ۋە كىشىلەرنىڭ قىچقىرىشلىرى دائىم ئېنىق ئاڭلىنىپ تۇراتتى. كىشىلەر ئىچىدە شۇنچە يىل ياشىغىنىمغا قارىماي، مۇنچىۋالا ئىسسىقنى كۆرمەپتىكەنمەن، خۇددى ئوت ـ ئاتەشنىڭ ئۆزى ئىدى. تاشقا تۆكۈرسىڭىز، تۆكۈرۈكىڭىز دەرھال دومىلاپ چۈشەتتى. زىرائەتلەرمۇ ناھايىتى تېزلا ــ ئۈچ ـ تۆت كۈن ئىچىدىلا پىشىپ كەتتى: بىپايان زېمىندىكى ئاشلىق ھەم قۇرۇپ، ھەم سارغىيىپ دەرھال ئورۇۋېلىشنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئاشلىق نىمە دىگەن ئوخشىغان ـ ھە! ئوما بەك ئالدىراش ئۆتكەچكە، ئىسراپ بولۇپ كەتكەن ئاشلىققا قاراپ ئىچىم سىيرىلەتتى. قانچىلىك نەرسە چەيلىنىپ

كەتتى، قانچىلىك نەرسە چېچىلىپ كەتتى-ھە. ئوما بەك تېز بولدى، ھەتتا بۇغدايلارنى باغلاشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي، ئارا بىلەن توپ-توغرا خارۋىلارغا بېسىپ، ئىتتىك دان ئايرىش ماشىنىسىغا، خامانلارغا يەتكۈزەتتۇق، يول بويى چېچىلىپ ياتقان باشاقلار، ۋاھ! بۇمۇ مەيلى، ئەلگە قاراپ ئادەمنىڭ يۈرىكى ئېچىشاتتى-دە. ئەسكەرلىككە چاقىرىلغانلار ھەر كۈنى دىگۈدەك مېڭىپ تۇراتتى، قالغانلار تېخىمۇ ئالدىراش بولۇپ كېتەتتى. كۈن-تۈن دىمەي، ئوت-ئاتەش ئىسسىقتا دالىدا، خاماندا ھوسۇل يىغىش، خامان تېپىش، ئاشلىق توشۇش يولىدا ھاردىم-تالدىم دىمەي ئىشلەيتتى. ئەرلەر بارغانسېرى ئازىيىپ بېرىۋاتقاچقا، ئىش كۈندىن-كۈنگە ئېغىرلاشماقتا ۋە كۆپەيمەكتە ئىدى. بىچارە بالام قاسىم تۈگىمىگەن ئىشنىڭ ھەممىسىنى تۈگەتىدىغاندەك، كۈن-تۈن كومبايىندىن چۈشمەيتتى، ماۋۇ ئېتىزنى تۈگەتسە، ئاۋۇ ئېتىزغا ئۆتۈپ، چاڭ-توزاڭ ئىچىدە توختىماي ئىشلەيتتى. ھەر كۈنى ئىسسىق شامالغا قارىماي كومبايىن كابىنكىسىدا، خۇددى پەرۋاز قىلىش ئالدىدا تۇرغان بۈركۈتتەك، ئالدى تەرەپتىن كۆز ئۈزمەي، يەنە قانچىلىك قالدىكىن، بۈگۈن قانچىلىك يەرنىڭ بۇغدىيىنى ئېلىپ بولارمەن، دىگەندەك ئالغا ئىنتىلەتتى. شۇ كۈنلەردە ئۇ قاپ-قارا بولۇپ كۆيۈپ كەتكەن ئىدى. قارىسىڭىز ئىچىڭىز ئاغرىيتتى. لەۋلىرى يېرىلغان، جاغلىرى ئىچىگە كىرىپ كەتكەن، ساقال-بۇرۇتلىرى ئۆسۈپ كەتكەن ئىدى. ”مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ، بالام، ئىسسىق ئۆتۈپ كېتىپ، كومبايىندىن يىقىلىپ چۈشەرسەنمىكىن“ دەپ ئويلاپ كېتەتتىم، لېكىن ئاغزىمدىن چىقىرالمايتتىم. كۆزىدىن چىقىپ تۇرغان غەزەپ ئوچقۇنلىرىدىن ۋاقتى كەلمىگىچە زادىلا توختىمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

www.uyghurkitap.com

ئاشۇ ۋاقىت ئاخىر كەلدى. بىر قېتىم، ئالىمان كومبايىننىڭ ئالدىغا بېرىپلا سالپىيىپ قايتىپ كەلدى.

— چاقىرىق قەغىزى ئېلىپتۇ، — دىدى ئۇ ئاستاغىنا.

— قاچان ئېلىپتۇ؟

— باياتىن. يېزا سوۋېتىنىڭ خەتچىسى ئېپكېلىپتۇ.

باشقا نۇرغۇن كىشىلەرگە ئوخشاش، ئۇچىرەت بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى قاسىمغا كېلىدىغانلىغىنى بىلەتتىم. لېكىن بۇ گەپنى ئاڭلاش بىلەنلا پۈتۈم ماغدۇرسىزلىنىپ، ھارغان قول-بىلەكلىرىم ئاغرىپ كەتتى-دە، قولۇمدىكى ئوغاق يەرگە چۈشۈپ كېتىپ، ئۆزەم يەرگە ئولتۇرۇپ قالدىم.

— ئەمىسە ئۇنىڭ يەنىلا ئۇ يەردە يۈرگىنى نىمىسى، يۈك-تاقلىرىنى جايلىشى كېرەكقۇ، — دىدىم مەن تىترەپ گەپكە قولاشماي تۇرغان لەۋلىرىمنى تەسلىكتە ئىدارە قىلىپ.

— كەچقۇرۇنلۇققا قايتاي دەيدۇ. مەن كەتتىم، ئاپا، دادامغا سىز ئېيتىپ قويارسىز. بۈگۈن كۈن بويى كىچىگىنى كۆرمىدىم. نەگە كەتتىكىن ئۇ؟...

— سەن قايتقىن، ئالىمان، قايتقىن. خېمىر تۇتۇپ قويغىن. مەنمۇ ھېلى قايتىمەن، — دىدىم مەن ئالىمانغا.

ئالىمان كەتكەندىن كېيىنمۇ ئۇزاققىچە ئورنۇمدىن تۇرالماي، ئېڭىزدا ئولتۇرۇپ قالدىم. ھەتتا بېشىمدىن سىيرىلىپ چۈشۈپ كەتكەن رومىلىمنى ئېلىشقىمۇ كۈچۈم يەتمىدى. يەرگە قارىسام، چۈمۈلىلەر يول سېلىپ، بىرى-بىرى چېپىشىپ، دان توشۇپ، سامان سۆرەپ چىمىرلاپ يۈرۈشكەن ئىكەن. بۇ چۈمۈلىلەر ھەرقانداق بولسىمۇ ئۆزلىرىدىن تۆۋەن تۇرمايدىغان، مۇشۇ تۇرقۇم ھەتتا ئۆزلىرىگە — ئاشۇ

ئەڭ كىچىك جاپاكەش ئەمگەكچىلەرگە ھەۋەس بىلەن قاراپ تۇرغانۇ لېكىن غەم-غۇسسىگە پاتقان بىر ئەمگەكچىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغانلىغىنى قانداقمۇ قىياس قىلالىسۇن. چوڭلار ھېچنىمىدىن بىخەۋەر ئۆز ئىش-ئوقىتى بىلەن بولۇۋاتىدۇ. ئەگەر ئۇرۇش پارتلىمىغان بولسا، مەن مۇشۇ چوڭلارنىڭ تۇرمۇشىغا ھەۋەس قىلاتتىممۇ، گەپ قىلسا ئادەمنىڭ يۈزى چىملدايدۇ...

شۇ چاغدا جايناق ھارۋىسىنى ھەيدەپ يېتىپ كەلدى. شۇ كەملەردە ئۇ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقى ھارۋا ئەترىتىدە ۋوگزالغا ئاشلىق توشۇپ يۈرەتتى. ئاكىسىنىڭ ئەسكەرلىككە كېتىدىغانلىغىنى ئاڭلاپ كەلگەن بولسا كېرەك، ھارۋىسىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، چۈشۈپ كەتكەن رومىلىمىنى بېشىمغا سىلىپ قويدى.

— كېتەيلۇق، ئاپا، — دىدى ئۇ ۋە مېنى يۆلىدى.

مەن ئۈن-تىنسىز ھارۋىغا چىقىپ ئۆيگە قايتتىم. يېقىنقى كۈنلەر-دىن بۇيان جايناق تونۇغۇسىز دەرىجىدە ئۆزگەرگەن ئىدى. ئۇنىڭغا قاراپ نىمە ئۈچۈندۇر ھىلىقى خەتچى رۇس يىگىتى ئېنىق يادىمغا كەلدى. بۇنىڭ بالىلارنىڭكىدەك كۆزىدىمۇ ئاشۇ يىگىتنىكىدەك ئۈيچانلىق سېزىلىپ تۇراتتى. مۇشۇ كۈنلەردە ئۇمۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق دەۋرى بىلەن خوشلىشىپتۇ. شۇ كەملەردە نۇرغۇن كىشىلەر ئۆزلىرىنىڭ ياشلىق دەۋرى بىلەن خوشلاشقان ئەمەسمىدى... جايناق توغرىلىق خىيال سۈرۈپ كېتىۋېتىپ ئۇزاقتىن بىرى خەۋەر ئالالمىغان مايسالىيې-كىمنى ئەسلەپ كەتتىم. "ئۇ ئۇ يەردە قانداق تۇرۇۋاتقاندۇ؟ ئەسكەر-لىككە چاقىرىلغانمىدۇ؟ نىمىشقا خەت كەلمەيدىغاندۇ؟ ئىككى ئىلىك بولسىمۇ خەت يېزىۋەتسە بولماسمىدى؟ ئاتا-ئانىسى ئېسىگە كەلمەي-دىغانغا ئوخشايدۇ، يىراقتا يۈرۈپ مېھرى ئۈزۈلدىمىكىن؟ بۇ كۈنلەردە

كىم ئوقۇيتتى، ئۆيگە قايتىپ كەلگەن بولسا ئەجەپ ياخشى بولاتتى-ھە، ھازىر نەدىكىن ئۆزى؟“ — دەپ ئويلاپ، ھارۋىسىدا كېتىۋېتىپ كۆڭلۈم بۇزۇلۇپ جايناقتىن سورىدىم:

— ھە، جايناق، سەن ۋوگزالغا قاتناۋاتىسەن، قانداق، ئۇرۇشنىڭ توختايدىغان سىياقى باردەكمۇ؟

— يوق، ئاپا، — دىدى جايناق جاۋاۋەن، — تېزلا ئاخىرلىشىدىغاندەك ئەمەس، ھازىرچە ئەھۋال ئېغىر. نېمىسلار باستۇرۇپ كېلىۋېتىپتۇ. بىزنىڭكىلەر ئەمدى ئۇلارنى قەيەردىدۇ توساپ تازا بىر ئەدىۋىنى بەرسە ئىدى، بىز بىرئاز ئوڭشىلىۋالاتتۇق. مېنىڭچە بىز ئۇلارنى تېز ئارىدا توساپ قالالايمىز. — ئۇ ئۇندىسەمەي، ئاتلىرىنى "چۇۋ“ دەپ قامچىلايتتى، بىر ھازادىن كېيىن ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ ماڭا بىر قارىدى-دە، گېپىنى داۋاملاشتۇردى. — قورقۇۋاتامسەن، ئاپا؟ بەك قورقۇپ كەتتىڭ، ھە؟ بىراق سەن قورقماسلىق كېرەكلىگىنى ئويلىمىدىڭ، ئاپا، ئويلاپ باق، ئەنسىرىمە. قاراپ تۇر، ھەممە ئىش ئوڭشىلىپ كېتىدۇ.

ۋاھ، سېنى، سادىغاڭ كېتەي، ئىچى ئاغرىپ مېنى بەزلىيدا تېخى. بىراق، راست ئويلىماي مۇمكىنمۇ؟ كۆزۈمنى كور، قۇلىقىمنى پاڭ قىلىۋالسامۇ ئويلىماي چىداپ تۇرۇش مۇمكىن ئەمەس-تە.

ئۆيگە كەلسەك، ئالمان خېمىرمۇ يۇغۇرماستىن يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. تازا جۇدۇنۇم تۇتتى: "پاھ سېنى، ھەممە خەق باشقىلارنىڭ كېلىنى سېنىڭ كېلىنىڭگە يەتمەيدۇ، دېيىشىدۇ، ئويلاپ كۆردۇڭمۇ، سېنىڭ ئېرىڭلا ئەمەس، ھەممە ئۆيلەردىن كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن ئەسكەرلىككە كېتىۋاتىدۇغۇ. مۇبادا مەن خەقنىڭ بىزار بولۇشىغا قارىماي، ھېچ ئىش قىلماي ئەتىدىن-كەچكىچە مىشىلداپ يۇرسەم قانداق

بولدۇ، بۇنىڭدىن كېيىنكى كۈنىمىز قانداق ئۆتىدۇ؟" دەيمىكىن دەپ نەمشىلىپ، يەنە ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم، ئۇنى ئەيىپلەپ ئولتۇرمىدىم. ئۇ تېخى ياش ئىدى، ئىچىم ئاغرىدى. بۇنداق ئىچ ئاغرىتىشمۇ ھاجەت ئەمەس بولغىيدى، بۇنىڭدىن كېيىن ئۇنىڭغا يېنىكرەك بولسۇن ئۈچۈن يا ھە دېگەندىلا ئۇنىڭ يۈرىگىدىكى جاراھەتلەرنى پاكىزلىۋېتىشىم كېرەكمىدىكىن. مەن قانداق قىلىشىم لازىملىقىنى بىلمەي قالدىم-دە، ھېچنىمە دېمىدىم.

قاسىم كۈن ئولتۇراي دېگەندىلا قايتىپ كەلدى. قاسىم بوسۇغا ئاتلاپ كىرىشى بىلەنلا ئالىمان يېقىۋاتقان ئوتنى تاشلاپ يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنىڭ بوينىغا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى.

— مەن ئۆيدە قالمايمەن، سېنىڭدىن ئايرىلىپ قالمايمەن، سەن بولمىساڭ ياشىيالمايمەن!

— ھەممە ئەزايىم چاك-توپا، ئالىمان. توختاپ تۇر، سوپۇن، لۆڭگىلىرىڭنى ئېپكەل، دەريا بويىغا بېرىپ يۇيۇنۇپ كېلەي، — دېدى قاسىم خوتۇنىنىڭ ئىككى قولىنى بوينىدىن ئاجرىتىپ.

ئالىمان بېشىنى بۇراپ ماڭا بىر كۆز تاشلىدى، مەن ئۇنىڭ كۆڭلىنى چۈشەندىم-دە. قۇرۇق چېلەكتىن بىرنى ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزدۇم:

— بىر چېلەك سۇ ئالغاچ كەلگىن.

شۇ كۈنى ئۇ ئىككىسى دەريا بويىدىن ناھايىتى كەچ قايتتى، ئۇلار كەلگەن چاغدا ئايمۇ بېشىمىزغا كېلىپ قالغان ئىدى. جايناقنىڭ ياردىمىدە ئۆي ئىشلىرىنى مەن ئۆزەم نېرى-بېرى قىلدىم. يېرىم كېچە مەزگىلدە سۇۋانقۇلمۇ قايتىپ كەلدى. مەن ئۇنى زادى نەگە كەتكەندۇر، دەپ ئۆيدە بەك كۈتۈپ كەتكەن ئىدىم. بايا ئۇ كۈندۈز-

دىلا تاققا ئاتلىق كېتىپ، ئاتلارنىڭ ئىچىدىن بىرىنىڭ ھىلىقى سامان يورغىنى تۇتۇپ كېپتۇ. ئۇ ئاجايىپ يورغا بولۇپ، ئارقا پۇتىنىڭ تىزىدىن تۆۋىنى ئاق، پۇتلىرى قاتتىق ئىدى. قاسىم كومپايىسىن ھەيدەشكە چىققان ۋاقتىدىلا ئۇنىڭغا ئاتاپ سېتىۋالغان ئىدۇق. ئايىل-دىكىلەرنىڭ ھەممىسى بۇ ئاتنىڭ ياخشى ئات ئىكەنلىكىنى بىلەتتى، قىز-جۇۋانلارمۇ تېخى بۇ ئاتنى قوشاقتا قېتىۋالغان ئىدى:

ئاستىڭدا سامان يورغا،
چاپتۇرىسەن يول-يولغا.

ئوغلى ئەسكەرلىككە كېتىۋاتقاندا، بىر كۈن بولسىمۇ يورغىسىنى مىنىۋالسۇن، دېگەن بولسا كېرەك دادىسى.

ئەتىسى ئەزان ۋاقتى بىلەن پۈتۈن ئائىلىمىز بويىچە ھەربىي كومىسسارىياتقا قاراپ ماڭدۇق. ئالمان ئىككىمىز جايىناقنىڭ ھارۋىسىغا چۈشتۇق. قاسىم دادىسى بىلەن ئۆز ئاتلىرىغا مىندى. بۇ ئومۇمى سەپەرۋەرلىك ۋاقتى ئىدى. ھەر تەرەپتىن قوشۇلۇپ كېلىۋاتقان ھارۋىلار، ئادەملەر سان-ساناقسىز ئىدى، ئالدى جىلغىدا بولسا، ئىككىنچى بېشىغا كۆز يەتمەيتتى. رايون مەركىزىگە توپلانغان ئادەم-لەر كوچىغا سىغمايتتى. بۇلارنىڭ ئىچىدە ئاتلىقلار، ھارۋىلىقلار، بوۋايلار، مومايلار، باللار بار ئىدى. ھەر بىرى ئۆز يېقىنىنى قورشاپ، يېنىدىن نېرى كەتمەيتتى. بەزىلەر مىشىلداپ يىغلايتتى، بەزىلەر سەل-پەل مەس ئىدى. ”كۆپ يىغلىسا كۆپ بولار“ دېگەن گەپ راست ئىكەن. مانا بۇ يەرگە توپلانغان سانجاق-سانجاق كىشىلەر توپى ئىچىدە جەڭگە ئاتلانغان نۇرغۇن غەيرەتلىك باتۇرلار، ناھايىتى تەمكىن ئات مىنىش ماھىرلىرى بار ئىدى، ئۇلار تەمكىن-قەتئىي پوزىتسىيىدە گايىدا سۆزلەپ قوياتتى، ھەتتا چاخچاق قىلىپ

كىشىلەرنى كۈلدۈرەتتى، گارمۇنغا كەلتۈرۈپ توختىماي ناخشا ئېيتاتتى، ئۇسسۇل ئوينايتتى. ئۇلار بىر دەم قىرغىزچە ئىر-ئىرلىسا، بىر دەم رۇسچە ناخشا ئېيتاتتى، بەزىدە ھەممەيلەن بىرلىكتە "كاتيۇشا" دىگەن ناخشىنى ئېيتاتتۇق. ئۇ چاغدا مەن بۇ ناخشىنى بىلەتتىم.

ھەربى كومىسسارىياتنىڭ كەڭ ھويلىسىغا ئەسكەرلىككە ئېلىنغان مۇنچىۋالا كۆپ كىشى پاتمايتتى. شۇ سەۋەپتىن ئۇلارنى كوچىغا ئېلىپ چىقىپ سەپكە تۇرغۇزۇپ، يوقلىما قىلىشقا باشلىدى. كىشىلەر بىردىنلا جىمجىت بولۇپ قېلىشتى. پات ئارىدا بېرىپ جەڭگە قاتنىشىدىغان بۇ كىشىلەرگە قاراپ كۆزۈمگە لىققىدە ياش كەلدى-دە، بىر خىل ئىسسىق ئېقىم كېلىپ كانىيىمغا قاپلاندى. بىر بىرىدىن قېلىشمايدىغان بۇ باتۇر، ساغلام يىگىتلەرنىڭ ھەممىسى بىر بىرىگە شۇنداق ئوخشايتتىكى، ھەممىسى بىر قېلىپتىن چىققاندەك ياخشى تاللانغان ئىدى. بۇلار بىرقانچە يىل بولسىمۇ ئۇزۇنىراق ئۆمۈر كۆرۈشى، كۆپرەك خىزمەت قىلىشى كېرەك ئىدىغۇ. يوقلىمىدا، ھەر-كىم ئۆز ئىسمى چاقىرىلغان ۋاقىتدا "بار" دەپ توۋلاپ بىز تەرەپكە قاراپ قوياتتى. "سوۋانقۇلوۋ قاسىم" دەپ توۋلىغاندا، يۈرىگىم "شۇر" قىلىپ، نەپىسىم ئىچىمگە چۈشۈپ كەتتى، ئاچچىق ئىسسىق ئېقىم يەنە بىر قېتىم كۆزۈمگە ئۇرۇلدى. قاسىم "بار" دەپ جاۋاپ بەردى. ئالىمان مېنىڭ قولۇمنى چىڭگىدە قىسىپ، ئاستاغىنا "ئاپا" دەپ قويدى. مېنىڭدە نىمە چارە بار ئىدى دەيسىز، ماڭا ئايانكى، تىرىك تۇرۇپ مۇنداق ئايرىلىش ئۇنىڭغا قىيىن ۋە قورقۇنچلۇق ئىدى، لېكىن كىممۇ خەلقنى تاشلاپ ئۆزى بىر يەرگە مۆكۈۋالىدۇ دەيسىز، يەنە كېلىپ مۇشۇ ئېغىر كۈنلەردە. ئېخ، مېنىڭ ئالىمانىم، ئالىمانىمەي، بۇ ئۇرۇشنىڭ ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى، مەملىكەت بويىچە

www.uyghurkitap.com

يۇقۇرىدىن تۆۋەنگىچە ھەممىنىڭ بىردەك ئېھتىياجى ئىكەنلىكىنى ئۇ بىلەتتى. بىراق مەن مۇشۇ ئۆمرۈمدە ئۆز ئېرىنى بۇنىڭدەك ياخشى كۆرگەن جۇۋانلارنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن.

شۇ كۈنى ئايىلغا قايتىپ كەلگەندىن كېيىنلا ئۇلارنىڭ يەنە يىگىرمە تۆت سائەتتىن كېيىن يولغا چىقىدىغانلىقىنى بىلدۇق. قاسىم بىزنى قايتىپ كېتىڭلا دەپ تۇرۇۋالدى، بۇ يەردە قىينىلىپ تۇرغانىڭ زۆرۈرىيىتى يوق، بىزنىڭ كولخوز چوڭ يولغا يېقىن بولغاچقا شۇ يەردىن ئۆتىدىغان چاغدا خوشلاشساق بولىدى، دەپ تۇرۇۋالدى قاسىم. بىز ماقۇل دەپ، ئالمانىڭ مىنىپ كېلىشكە سۇۋانقۇلنىڭ ئېتىنى قالدۇرۇپ، هارۋا بىلەن قايتتۇق. جايناقمۇ رايوندا قالدى، ئۇنىڭغا هارۋىسى بىلەن ئەسكەرلەرنى ۋوگزالغا توشۇش بۇيرۇلغان ئىدى.

كېچىدە قوپ-قورۇق ئۆيگە كىرىپلا، ئۆزەمنى تۇتۇۋالالماي هۆكۈرەپ يىغلاپ كەتتىم. سۇۋانقۇل چاي قايىنىتىپ، ماڭا قېنىق بىر چىنە چاي قۇيۇپ بەردى-دە، ئىچىۋېتىشكە زورلىدى، ئاندىن كېيىن يېنىمدا ئولتۇرۇپ ماڭا تەسەللى بېرىشكە باشلىدى:

— تولغاناي، بىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمىزنى سەن بىلەمسەنغۇ؟ مانا شۇ ئەل، مانا شۇ يۇرت بىزنى ئادەم قىلدى. شۇنداق ئىكەن، باشقا كەلگەن بەخت-سائادەت بىلەن جاپا-مۇشەققەتنىڭ ھەممىسىنى ئەل-يۇرت بىلەن تەڭ تارتايلۇق. كۆڭلىمىز بەك ياخشى ئۆتتۇۋاتاتتى، شۇڭا كۆپچىلىك رازى ئىدى، لېكىن بۈگۈنكى كۈنلۈكتە ھەر بىر كىشى ئۆزىنىڭ بېشىنىلا ئويلاپ، ئۆزىنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ھەممىدىن زارلانسا بولامدۇ؟ ياق، ئۇنداق قىلساق بەك چاكىنا ئادەم بولۇپ قالىمىز. ئەتە ئۆزەڭنى تۇتۇۋال، يىغلىساڭ بولمايدۇ. ئەگەر

ئالىمان ئايرىلىشقا چىدىماي يىغلاپ كەتسە، ئۇ باشقا گەپ، چۈنكى ئۇ ئۆز ئۆمرىدە بىز كۆرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىنىمۇ كۆرمىگەن. لېكىن سەنچۇ — سەن بولساڭ ئانا. بۇنى ئېسىڭدە تۇتقىن. بىلىپ قويغىن، ئۇرۇش شۇنداق كۈچىيىۋەرسە، مەنمۇ كېتىمەن. مايسالىبېكنىڭمۇ يېشى توشۇپ قېلىۋاتىدۇ. كېرەك بولسا ھەممىمىز كېتىمىز. مانا شۇنىڭغا، تولغاناي، ھازىردىن باشلاپ ئۆزەڭنى چېنىقتۇرۇپ، كۆنۈپ تۇر...

ئەتىسى چۈشتىن كېيىن قوشۇن يولغا چىققان ئىكەن. قاسىم بىلەن ئالىمان ئاتلىرىغا مىنىپ قوشۇننىڭ ئالدىدا ئىتتىك كېلىۋاتاتتى. قاسىم رۇخسەت سوراپ، ئۇرۇق-تۇققان، ئەل-ئاغىنىلىرى بىلەن خوشلىشىشقا ئۆيگە كەلدى. ئالىماننىڭ ئىششىپ كەتكەن قاپاقلىرىغا ۋە قىزارغان كۆزلىرىگە قارىغاندا، ئۇنىڭ يول بويى يىغلاپ كەلگەنلىكى ئېنىق ئىدى. قاسىم ناھايىتى قەيسەر قىياپەتتە ئۆزىنى تۇتۇۋالغىنى بىلەن، ئۇنىڭغىمۇ يېنىك ئەمەس ئىدى. ئالىماننىڭ ئازاپلىنىشىدىن قورقۇپ ئۇنىڭغا يېنىكلىك بېرىش ئۈچۈنمۇ ياكى ھەقىقەتەن شۇنداق گەپ بولدىمۇ، ئەيتاۋۇر، قاسىم ئاتتىن چۈشۈشى بىلەنلا: سىلەر ۋوگزالغىچە ئۇزىتىمىز دەپ ئاۋارە بولماڭلار، بەلكىم مەن قايتىپ كېلەرمەن — تىراكتورچىلار بىلەن كومباينچىلارنى ۋاقىتىنچە ئەسكەرلىككە ئالمايدىكەن، يۇقۇرىنىڭ بۇيرۇغى ئۇلگۇرۇپ كېلىپ قالسا، ۋوگزالدىنلا قايتىپ كېلەمدىمەن تېخى، دېدى. بۇنى شۇ چاغدا قىياس قىلالماپتىمەن. مانا ئەمدىلا بىلدىم، بۇ ئۇنىڭ ئالىماننى ئايىغىنى، بىزنى ئايىغىنى ئىكەن. ۋوگزالغا بېرىش ئۈچۈن ئاتلىق بىر كۈن دىگۈدەك يول مېڭىش كېرەك ئىدى، قايتقاندا قانداق قىلغۇلۇق — بىلىش كېرەككى، يول تۈگىمەس يولغا ئايلىنىپ

www.uyghurkitap.com

كېتەتتى، تۆكۈشكە ئۈنچىۋالا ياش بولمايتتى-دە. بىراق، شۇ چاغدا مەن قاسىمنىڭ گېپىگە ئىشىنىپتىمەن؛ ئۈمىت ھەمىشە ئادەم بىلەن بىللە ئىكەن. لېكىن بىز قاسىمنى چوڭ يولغىچە ئۆزىتىپ كەلگەن ۋاقتىمىزدا، ئىشەنچىم سەل تەۋرىنىپ قالدى.

ئېتىزدا ھوسۇل يىغىۋاتقانلارنىڭ ھەممىسى چوڭ يولغا يۈگۈرۈپ كېلىپ قاسىم بىلەن خوشلاشتى. يۈگۈرۈپ كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە ئوما ئورۇۋاتقان ئاياللار، ھارۋا ھەيدىگۈچىلەر، خاماندا دان ئايرىۋاتقانلار بار ئىدى، كومباينىمۇ يېقىنلا بىر يەردە پەيدا بولدى. قاسىمنىڭ بىرقانچە ياردەمچىسى كومباينىنى بىر چەتكە توختىتىپ قويۇپ يۈگۈرۈپ كېلىشتى.

تۆمۈرچى ئۇستام ئالدىنقى سەپكە ئاتلانغان چېغىدىمۇ سەندەل ۋە بولقىسى بىلەن خوشلىشىدىكەن ئىمىش. مېنىڭ قاسىمىم بولسا ماھىر ئىدى، ئۆز ئىشى بويىچە ئۇستا ئىدى. كومباين توختىغاندىن كېيىن قاسىم بىرقانچە ئايلىدىشى بىلەن سۆزلىشىۋېتىپ چوڭ يول تەرەپكە كۆز تاشلىدى. بۇ چاغدا، ئۇزۇندىن-ئۇزۇنغا سوزۇلغان ھارۋىلىق، ئاتلىق قوشۇننىڭ ئالدىدىكى قىزىل بايراق كۆتەرگەنلەر يولنىڭ دوقمۇشىدا كۆرۈندى.

— دادا، تۇتۇپ تۇرۇڭە! — قاسىم سامان يورغىسىنىڭ چۇلۋۇرىنى دادىسىغا بېرىپ، ئۆزى كومباين تەرەپكە ماڭدى. ئۇ كومباينىنى بىر ئايلىنىپ چىقتى، ئۇ يەر-بۇ يېرىنى تۇتۇپ كۆرەتتى. ئۇ بىردىنلا كومباينغا سەكرەپ چىقىپ: ”ھەيدە ئىشانقۇل! بايىقىدەك ھەيدەۋەر!“ دەپ تراكتورچىغا توۋلىدى.

تراكتورنىڭ موتورى ئەمدىلا ئوتتۇرا سۈرئەتتە ئايلىنىپلا گۈرۈلدەپ مېڭىپ كەتتى، كومباينمۇ گۈكىرەپ، زەنجىرلىرى شاراقلاپ،

دان ئايرىش ماشىنىسى سامان رەڭ شامال چىقىرىشقا باشلىدى،
مېڭىپ كېتىۋېتىپ، باستۇرمىسى بىلەن بۇغدايلارنى پاراسلىتىپ
ئۇراتتى. قاسىم بېشىنى كۆتىرىپ، ئىسسىق شامالغا قاراپ كۈلۈمسى-
رەپ، كۆكرىگىنى كېرىپ تۇراتتى، گويا ھەممىنى ئىسىدىن چىقار-
غاندەك. ئۇ تىراكتۇرچىغا تووۋلاپ بىرنىمىلەرنى دىگەنىدىن كېيىن
بىر بىرىگە باش لىڭشىتىشتى-دە، قورۇقىنىڭ بېشىدا يۆنۈلۈشىنى
ئۆزگەرتىپ، يەنە ھەيدەپ كېتىشتى. كومبايىن خۇددى يايلاقتىكى
ئۇچار قاناتتەك ئېتىزدا توختىماي ئۇچماقتا ئىدى. بۇ چاغدا ھەممە-
مىز ئۇرۇشنى ئەستىن چىقىرىپ قويۇپتۇق. كىشىلەر قارىشىپ
تۇراتتى، كۆزلىرى بەختىيارلىق نۇرىغا تولغان ئىدى، لېكىن كىشى-
لەرنىڭ ئىچىدە ھەممىدىن بەك ئېپتىخارلىنىپ تۇرغىنى ئالىمان ئىدى.
ئۇ ئاستاغىنا كومبايىنغا قاراپ ماڭدى، ئاستا كۈلۈپ كېتىۋاتاتتى.
كومبايىن توختىدى. چىرايىمىزنى يەنە غەم باستى. ھەممىدىن بەك
ھىلىقى خوشنىمىز ئايشەنىڭ بالىسى، شۇ چاغدا ئون ئۈچ-ئون
تۆتلەرگە كىرگەن بېكتاش — شۇ كەملەردە كومبايىندا سامان تارتات-
تى — ئاناڭ ئايلانسۇن، كومبايىننىڭ ئۈستىدە تۇرۇپ قاسىم بىلەن
قۇچاقلىشىپ خەيرلەشكىنىنى دىمەمسىز، ئۇ يىغلاپ تۇرۇپ قاسىمنى
سۆيەتتى. مەن كالپۇكىمنى چىشلەپ تۇرۇۋالدىم، ئۇن سېلىپ يىغلىغىم
كېلىپ كەتتى، لېكىن سۇۋانقۇلنىڭ ئاخشامقى گەپلىرىنى ئەسلەپ،
ئۆزەمنى تۇتۇۋالدىم. قاسىم بېكتاشنى كۆتىرىۋېلىپ، يۈز-كۆزىگە
سۆيۈپ، بىرنىمىلەرنى دەپ شىۋىرلاپ، رولنىڭ ئالدىغا قويدى-دە،
كومبايىن پەلەمپەيدىن چۈشتى. بىز ئۇنى قاتمۇ-قات قورشىۋالدۇق.
ئۇ مۇشۇ يەردە ئۆزىنىڭ ياردەمچىلىرى بىلەن قول ئېلىشىپ خوش-
لاشتى. كومبايىن شوپۇرى ۋە تىراكتۇر شوپۇرى بىلەن خوشلاشتى.

تېزرەك بولۇش كېرەك ئىدى. بولدا قوشۇن يېتىپ كېلىپ قالدى، بىز بىلەن قاتارلاشتى.

بىز قاسىمنى مانا مۇشۇ تەرىقىدە ئۇزاتتۇق. ئەمدى ئاتلىنىش پەيتى كەلگەندە، ئالىمانىمەي، ساڭا ئايان بولغانمىدى، چوڭ-كىچىك ئادەملەردىن تارتىنماي، نىمىگە شۇنچىلىك بوزلاپ ئېسىلدىڭ؟ ئالمانىنىڭ چىرايىدا قان يوق، پەقەت كۆزىلا چاقناپ تۇراتتى. بىز ئۇنى ئاران ئاجراتتۇق. لېكىن ئۇ جان-جەھلى بىلەن يۇلقۇنۇپ يەنە ئېرىگە ئېتىلدى. خۇددى كىچىك بالىدەك، قاسىمنىڭ قولىنى تۇتۇۋېلىپ، ئاتقا مىنگۈزمەي يالۋۇراتتى:

— ئالدىرىما! تۇرۇپ تۇر! يەنە بىرئاز تۇرغىن!

قاسىم ئۇنى توختىماي سۆيەتتى:

— خەير ئەمدى، ئالىمان، مەن قايتىپ كېلىمەن، كۆرسەڭغۇ، ئەتىلا بوشاپ كېلىمەن، يىغلىما مۇنچە، مەن كېلىمەن، كۈتكىن مېنى! ماڭا ئىشەنگىن!

شۇ چاغدا سۈۋانقۇل كېلىنىگە نەسىھەت قىلدى:

— بولمىسا، بالام، ئاۋۇ يول بويىغىچە ئۇزىتىپ كەل. بىز مۇشۇ يەردە قالايلى. دوستلىرى ئۇزاپ كەتمىسۇن، — سۈۋانقۇل ئوغلىنىڭ قولىنى ئاستا تارتتى ۋە پىچىرلىدى. — مېنىڭ كۆزۈمگە قارىغىنا.

ئىككىسى بىر بىرىنىڭ كۆزىگە قاراشتى.

— چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى سۈۋانقۇل.

— چۈشەندىم، دادا، — جاۋاپ بەردى قاسىم.

— بولمىسا، ئاتلان، خۇدايىمغا ئامانەت!

سۈۋانقۇل ئېتىغا مىنىپ، ئارقىسىغا قارىماستىن خامان تەرەپكە چېپىپ كەتتى.

قاسىم مېنىڭ بىلەن خوشلاشقاندا:
ــ مۇبادا مايسالىيكتىن خەت كېلىپ قالسا، ماڭا ئادرېسىنى ئەۋەتىپ بېرىڭ، ــ دېدى.
قاسىم بىلەن ئالىمان ئاتنى تىزگىنىدىن يېتەكلەپ، قول تۇتۇشۇپ چوڭ يولغا چىققىچە ئارقىسىدىن قاراپ تۇردۇم. قوشۇن چوڭ يولدا ئۇزاققا كەتتى ۋە بارا-بارا كۆرۈنمەي قالدى. ھە دېگەندە ئالىمان ئاتنىڭ ئۇزەڭگىسىدىن تۇتۇۋېلىپ يۈگۈردى، كېيىن قاسىم ئېگەردىن ئىگىشىپ تۇرۇپ ئالىماننى ئاخىرقى قېتىم سۆيدى-دە، ئېتىنى ئۇچ-قاندەك چاپتۇرۇپ كېتىپ قالدى. ئالىمان بولسا ئات تۇياقلىرىدىن كۆتىرىلگەن توپا-چاڭ ئىچىدە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتاتتى. مەن بېرىپ، ئۇنى ئۆيگە قايتۇرۇپ كەلدىم.
ئەتىسى كەچقۇرۇن يايداق سامان يورغىنى جايناق ھارۋىسىنىڭ ئارقىسىغا باغلاپ، ۋوگزالدىن ئېلىپ كەلدى.

## 5

ئۇزاقلاردا قىرغىن بولۇپ، قان تۆكۈلۈۋاتقاندا، بىزنىڭ ئېلىشى-ۋاتقىنىمىز ئىش بولدى. قاسىمنىڭ ئېيتقىنى توغرا چىقتى: ئىشقا قانچىلىك بېرىلىپ كىرىشسەكمۇ، لېكىن ئۆرۈپ تۆكمەتەلمىگەن زىرا-ئەتلەر ۋە خاماندىكى ئاشلىقلارنىڭ ھەممىسى قېلىن قاردا قېلىپ تۈگلاپ كەتتى. ياغيۇلار قار ئاستىدا قېلىپ، كولاپ ئېلىشقا ئۇلگۇ-رەلمىدۇق. ئەركەكلەر ھەر كۈنى مېڭىپ تۇراتتى، بىر-بىرلەپ ئۇرۇش ئالدىنقى سېپىگە ئاتلىناتتى. قالغانلىرىمىز ئەتىدىن-كەچكىچە كول-خوزدا ئىككى گەپنىڭ بىرى بولسا ئۇرۇش توغرىلىق گەپلىشەتتۇق ــ

ئالدىنقى سەپتە قانداق بولۇۋاتقاندۇر، قانداق ئىشلار يۈز بەردىكىن، دىيىشەتتۇق، شۇ كەملەردە پوچتىكەش ھەممىدىن ئەزىز ئادەم بولۇپ كەتكەن ئىدى.

قاسىمنى ئۇزىتىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن مايسالىبىكتىن كەلگەن خەتنى تاپشۇرۇۋالدۇق. ئۇ خېتىدە: ئۆز ساۋاقداشلىرىم بىلەن ھەربى سەپكە چاقىرىلدىم، ھازىرچە شەھەرنىڭ ئۆزىدە تۇرۇۋاتىمىز، سىلەر بىلەن يۈز كۆرۈشۈپ خوشلىشالماي قالغىنىمغا ئېچىنىمەن، بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلىپتۇ، غەلىبە بىلەن قايتساق دەپ تىلەپ تۇرۇۋپتىمىز، دەپتۇ. ئىككىنچى خېتىدە: نوۋوسىبىرسكى دىگەن شەھەردىمەن، ئەپتەسەرلەر مەكتۇۋگە ئوقۇشقا ئەۋەتىلدىم، دەپ يېزىپتۇ ۋە سۈرىتىنىمۇ قوشۇپ ئەۋەتىپتۇ. شۇنچە يارىشىملىق سۈرىتىدىن ئايلىناي: ھەربىچە فورما، قويۇق چاچلىرى ئارقىسىغا تارالغان، قاپىقىدىن سەل خىيالچانلىقى بىلىنىپ تۇراتتى. چۈشۈمدىمۇ مۇشۇ سۈرىتىدىكىدەك كۆرۈنەتتى. ئالىمان مايسالىبىكنى بىر قېتىملا كۆرگەن ئىدى. كۆكلەمدە، قاسىم ئۆيلەنگەندە، ئۇ ئىككى كۈنلۈكلا رۇخسەت سوراپ كەلگەن ئىكەن.

— بىزنىڭ مايسالىبىككە ئوخشاش چىرايلىق يىگىت بارمىدۇ، ئاپا، — دىدى ئالىمان سۈرەتكە قاراپ. — ئاشۇ قېتىم چىمىلدىقنىڭ ئارقىسىدىن ياخشى بايقىمىغان ئىكەنمەن، تىكىلىپ قاراشقا ئىزا تارتقان ئىدىم. ئەمدى ئامان-ئېسەن قايتىپ كېلىپ، ئۆزىدەك بىلىملىك، ئۆزىدەك چىرايلىق قىز ئالسا، تازا يارىشاتتى-دە، ھە ئاپا.

مەن ئۇنىڭ بۇ پىكرىگە تامامەن قوشۇلدۇم، يەنە كېلىپ شۇنداق كۈنلەرنىڭ كېلىشىنى خىيال قىلىشقا باشلىدىم. قىش كىرگەندە كۆڭلۈم بىرئاز ئىمىن تاپتى، چۈنكى ئىككى ئوغلۇمدىن ئۈزلۈكسىز

خەت كېلىپ تۇراتتى. دەل شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە، قاسىمدىن ئالدىنقى سەپكە ماڭدۇق، دېگەن مەزمۇندا خەت كەلدى. ئەمدى قانداق بولاركىن، دېگەن ئوي-خىيال شۇنىڭدىن كېيىن مېنى چۇلغۇۋالدى. بىلىندۈرمىگىنىم بىلەن بەك قورقاتتىم. شۇ ئارىدا سوۋانقۇلنىمۇ قايتا-قايتا ھەربىي كومىسسارىياتقا چاقىرىپ ئۇقتۇرۇش كەلدى. بىر دەم ئۇنى ھەربىي كومىسسارىياتقا چاقىرىشاتتى، بىر دەم ھەربىي كومىسسارىياتقا كېلىپ ئۆزەڭنى روبىخەتكە ئال، دەيتتى، بىر دەم كېلىپ قايتىدىن روبىخەتكە ئال، دەيتتى — ھەر كۈنى دېگۈدەك مۇشۇنداق بولاتتى. بىر تەرەپتىن ئەترەت باشلىقلىق تەشۋىشىدىن ئۇنىڭغا تىنىم يوق ئىدى، يەنە بىر تەرەپتىن ھەربىي كومىسسارىياتنىڭ ئىشى بىلەن چېپىپ يۈرۈپ، ئارام ئالماي قاتتىق ھاردى. مەن سوۋانقۇلنىمۇ ئەسكەرلىككە چاقىرار، دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، چۈنكى كولخوزدا باشلىق بولمىسا بولمايتتى. لېكىن، ئۇنى ئاخىر ئەسكەرلىككە چاقىرىشتى. مەن بۇ خەۋەرنى خاماندا توڭلاپ قالغان ئاشلىقنى بىر تەرەپ قىلىۋاتقىنىمىزدا ئاڭلىدىم. بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپلا قولۇمدىكى ئارىنى مەڭگەنگە سانچىپ قويۇپ، يۈزۈمنى مۇزدەك ئارا دەستىسىگە يېقىپ تۇرۇپ قالدىم، پىكرىم شۇنچە قالايمىقانلىشىپ كەتتىكى، بىر يەرگە يىغىۋالالماي كەتتىم. قانداق قىلغۇلۇق؟ بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ھايات كەچۈرەرمىز؟ ئىككى ئوغلۇم فرونتتا كەتكەن، ئەمدىلىكتە ئېرىممۇ كەتسە...

شۇ ئارىدا سوۋانقۇلمۇ ئات چاپتۇرۇپ كېلىپ قالدى-دە، ئۈندىمەستىن ئاتتىن چۈشۈپ يېنىمغا كەلدى:

— يۈر ئۆيگە، تەييارلىق كۆرەيلى، — دېدى ئۇ.

ئاتقا مىنگىشىپ ماڭايلى، دېسەم، ياق، ئاتنى سەن مىنگىن،

www.uyghurkitap.com

مەن يېنىڭدا پىيادە ماڭاي، گەپلىشىپ ماڭايلى، دىدى. بۇنداق پەيتلەردە ئادەم گەپلىشىپ مېڭىشقا گەپمۇ تاپالماي قالىدىغان ئوخشايدۇ، قىلىدىغان گەپنىڭ ھەممىسى ئىچىمىزدە قېلىپ، جىمجىت كېلىۋەردۇق. مەن ئاتلىق، سۇۋانقۇل پىيادە. قارا بۇلۇتلار ئاسمانىنى قاپلاپ، سارى يايىق تەرەپتىن ئۇرغان مۇزدەك شامال قارنى ئۇچۇرۇپ، بورانغا ئايلاندۇرغۇدەك بولۇپ، گاھ كۈچىيىپ، گاھ پەسىيىپ تۇراتتى. ئەتراپىمغا قارىسام، كەڭ دالا غەمگە چۆكۈپ، يالىڭاچ، ئۈنسىز شۈمشىيىپ تۇرغان ئىكەن. ئادەمزات كۆرۈنمەيتتى، ماڭا ھىچقانداق ئاۋاز ئاڭلانمايتتى.

سۇۋانقۇل كەينى-كەينىدىن تاماكا چېكەتتى. بىر چاغدا قولۇمدىن تۇتۇپ، سورىدى:

— مۇزلاپ كەتتىڭمۇ؟

مەن گەپ قىلمىدىم. ئۇ بىرنىمە دىمەكچى بولدىيۇ، يەنە جىم بولۇپ قالدى. ئېھتىمال: "قارىغىنا، باللىرىمىز ئۇرۇشتا، مانا ئەمدى مەنمۇ ئۇرۇشقا كېتىۋاتىمەن. ئۇ يەردە ئەھۋال نىمە بولىدۇ، قايتىپ كېلەلەمدىمەن، يوقمۇ، ئېھتىمال ئەمدى ۋىدالىشارمىز... شۇنچە يىل ئىسسىق-سوغىقىمىزغا چىدىشىپ بىللە ياشدۇق — رازى بول، تەقدىر شۇ ئىكەن، قانداق قىلىمىز، ئامان-ئېسەنلىكنى تىلەيلى" دىمەكچى بولدىمۇ كىم بىلىدۇ. ئەيتاۋۇر، بېشىنى كۆتىرىپ، يۈزۈمگە تىكىلىپ قاراپ، چىشىنى چىڭ چىشلەپ، گەپ-سۆز قىلماستىن قاراپ تۇراتتى. ساغۇچ ساقال-بۇرۇتلىرىغا ئەمدىلا ئاق كىرىشكە باشلىغانلىغىنى مۇشۇ يەردە سېزىپ ھەيران بولدۇم.

سۇۋانقۇل ئىككىمىزنىڭ مۇشۇ دالىدا قوشۇلۇپ، يىگىرمە ئىككى يىل ئەمگەكىمىز بىلەن، ھالال پىشانە تېرىمىز بىلەن ئۆمۈر سۈرگە-

نىمىز — پەرزەنتلىك بولغىنىمىز، دىخانچىلىق قىلغىنىمىز بىر-بىرلەپ
كۆز ئالدىمىدىن ئۆتتى. بىز نەقەدەر ياش ئىدۇق-ھە! مەن
ھېچقاچان مۇنداق ئايرىلارمىز دەپ ئويلىمىغان — پەقەت ئويلاپ
باقمىغان ئىكەنمەن، كىم بىلىدۇ بۇنىسى ئاخىرقى ۋىدالىشىشىمۇ
تېخى. يازدا، ئوما ئورۇشقا چۇشكەن بىرىنچى ئاخشىمى، ئىككىمىز-
نىڭ ئاتقا مىنگىشىپ مۇشۇ يەردىن ئۆتكىنىمىزنى ئەسلەپ، ئايىلىغا
كىرىپ كېلىشتە ياشلارنىڭ يېڭى كوچىسى باشلانغان پېتىچە قېلىپ
قالغانلىغىنى، قاسىم بىلەن ئالىماننىڭ چار بېغىدا دۆۋىلىنىپ ياتقان
كېسەك بىلەن تاشلارنى كۆرۈپ، ئاتنىڭ يايلىنى قوچاقلاپ ئۆكسۈپ-
ئۆكسۈپ يىغلىۋەتتىم. ئۇزاق يىغلىدىم. سوۋانقۇلنىڭ زېھنى غايەت
ئۆتكۈر ئىدى. ئۇ ئۇندىمەستىن يېنىمدا ئۇزاق تۇردى.

— يىغلىساڭ، ھازىر يىغلىۋال، تولغان، پۈتۈن دەردىڭنى
چىقىرىپ يىغلىۋال، بۇ يەردە ھېچكىم يوق، بىراق بۇنىڭدىن
كېيىن ئەلنىڭ كۆزى ئالدىدا يىغلاپ يۈرمىگىن، — دىدى سوۋان-
قۇل. — سەن، تولغان، ئالىمان بىلەن جايناقىلا باش بولۇپ
قالماي، مېنىڭ ئورنۇمىغا ئەترەت باشلىغىمۇ بولۇپ قالىسەن، بۇ
ئىشقا سەندىن بۆلەك لاياقەتلىك ھېچكىم قالمىدى.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۆز يېشىم تېخىمۇ يامغۇر بولۇپ ئاقتى:

— شۇنداق پەيتتە بولمىغۇر سۆزۈڭنى قوي، سوۋانقۇل، كېرىگى
يوق، باشلىقلىقنى نىمە قىلىمەن؟ بۇ گەپلىرىڭنى ئاڭلاشنىمۇ
خالىمايمەن!

شۇنداق دىسەممۇ، لېكىن كەچقۇرۇن مېنى كولخوز باشقارمىسىغا
چاقىرىپ قېلىشتى. فۇرونتتىن قولى يارىدار بولۇپ كەلگەن يېڭى
رەئىسىمىز ئۇسەنباي مېنى كۈتۈپ ئولتۇرغان ئىكەن، سوۋانقۇل،

يەنە ئىككى ـ ئۈچ ئاقساقال كىشىلىرىمىزمۇ مېنى كۈتۈپ ئولتۇرۇشۇپتۇ.

ــ تولغاناي يەڭگە، نىمە بولسىمۇ بىلىڭىزنى مەھكەم باغلاپ، كۆپچىلىكنىڭ تاپشۇرۇغىنى زىممىڭىزگە ئالىسىز. ئايال كىشى بولسىڭىزمۇ يەر ـ سۇنىڭ تىلىنى، ئەل ـ جامائەتنى سىزدىن ياخشىراق بىلىدىغان ئادەم يوق. سوۋخوزنىڭ ياخشى باشلىقىنى چىشىمىزنى چىشلەپ تۇرۇپ ئالدىنقى سەپكە ئۆزۈتۈۋاتقان ۋاقتىمىزدا ئۇنىڭ ئىشەنگەن ئادىمى ــ سىزگە بىزمۇ ئىشىنىمىز. ئامالىمىز يوق ـ دە. ئەتىدىن باشلاپ ئىشنى ئۆتكۈزۈۋېلىڭ، تولغاناي يەڭگە، ــ دەپ توغرىدىن ـ توغرىلا ئېيتتى ئۇسەنباي. باشقا ئاقساقاللارمۇ شۇنداق دەپ مەسلىھەت ـ نەسىھەت قىلىشتى. قىسقىسى، مېنى قايىل قىلىشتى، باشلىق بولۇشقا ماقۇل بولدۇم. قانداقمۇ ماقۇل بولماسلىغىم مۇمكىن؟ ئۆزىمىزنىڭ قانداق كۈنلەرنى باشتىن كەچۈرۈۋاتقانلىغىمىزنى بىلمەيتتىممۇ؟ شۇنداق قىلغىنىممۇ بىر تەرەپتىن ناھايىتى توغرا بوپتىكەن ــ سوۋخوزلۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىلتىماسى شۇ ئەمەسمىدى: تاكى ماڭغىچە كۆپچىلىكنىڭ غېمىنى يىگەن بىچارەمەي، كىچىككىنە قوش ھەيدەشكە ھازىردىن باشلاپلا تەييارلىق كۆرۈۋېرگىن، ئات ـ ئۇلاقنى يەم ـ خەشەككە تويغاز، ئۇلاغ ـ بويۇنتۇرۇقلارنى توغرىلاپ، رېمونت قىلدۇرۇپ قوي، پالانچىنىڭ بالا ـ چاقىلىرىغا قىيىن بولدى، ئاۋۇ خوشنىلار تېخىمۇ قېرى ـ چۈرى، كۆز ـ قۇلاق بولۇپ يۈر، ئۇنى ئۇنداق قىل، بۇنى بۇنداق قىل دەپ گەپ قىلىپ چىقتى... ئۇھ، قەدىردانىم، جان ـ جىگىرىم...

تاشقىرىدا، تاڭ ئاتقىچە تىنماي شامال گۈكىرەپ، قار يېغىپ چىقتى. ئىشىك ـ تۈڭلۈكلەردىن توختىماي شامال ئۇشقۇرتاتتى.

سوۋخوزلىنىمۇ چوڭ يولغىچە ئۇزىتىپ قويدۇق، ئۇ ئۆزى بىلەن



www.uyghurkitap.com

تەڭتۇش بىرقانچە كىشى بىلەن جايناقنىڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپ، قار ـ شۇۋرغانغا قارىماي، قار تۇمانلىرى ئىچىدە ئاستا ـ ئاستا كۆزدىن غايىپ بولدى. شۇ كۈنكى سوغاقنىڭ قاتتىقلىغىچۇ، ئوھوي، ئىزغىرىن شامال يۈزنى پىچاق بىلەن تىلغاپ ـ تىلغاپ تاشلىغاندەك قىلاتتى دىسە.

ـــ شۇ كۈنى سەن سۇۋانقۇلنى ئۈزىتىپ قويۇپ قايتىپ كېلىۋاتقىنىڭدا، قايتا ـ قايتا ئارقاڭغا قاراپ، دەسلەپتە ئىچىڭدە، كېيىن ئۈن سېلىپ قاتتىق يىغلىغان ئىدىڭ، تولغاناي.

ـــ ھەئە، يەر ئانام، شۇ كۈندىن باشلاپ، رەئىسىمىز ئۇسەنباي ئېيتقاندەك، بەلنى مەھكەم باغلاپ، ئاتقا مىنىپ باشلىقلىق ۋەزىپەسىنى ئۆتەشكە كىرىشتىم. ھازىرقى ۋاقىتتىغۇ باشلىق بولماق ئاسان ئەمەس، ھەركىم قىلىپ كېتەۋېرەلمەيدۇ، ئۇ چاغلاردا باشلىق بولۇش تېخىمۇ مۇشكۇل ئىدى. ئىشقا ياراملىق ئەركەكلەردىن ھېچكىم قالمىغان، ھەممىسى ئۇرۇشقا كەتكەن ئىدى، قالغانلارنىڭ ھەممىسى ئاقساق ـ چولاقلار، قىز ـ جۇۋانلار، كىچىك باللار، قېرى ـ چۈرىلەر ئىدى. لېكىن كولخوزدا ھارۋىلارنىڭ چاقى يوق، خامۇت ـ بويۇنتۇرۇقلار ئىشتىن چىققان، ئاغامچىلار ئۈزۈلگەن، تۆمۈرچىلىك دۇكىنىدا قالاشقا كۆمۈرمۇ يوق ئىدى، ئوتنى ئۆچۈرۈپ قويماسلىق ئۈچۈن ساي بويىدىكى جىغان ـ چاتقاللارنى يېقىپ تۇردۇق. لېكىن ئەلنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ئېغىرلىشىپ بارماقتا ئىدى، ئاچارچىلىق ھەر بىر ئائىلىگە ۋەھىمە سالماقتا ئىدى. شۇنداقتىمۇ بارلىق تىرىشچانلىقلارنى كۆرسىتىپ، كولخوز ئىگىلىگىنى توختىتىپ قويماي، بارلىق كۈچىمىز بىلەن ئۇنى ئىلگىرى سۈردۇق. ھازىر ئويلىسام، كولخوز ئىشى يولىدا گايى

كىشىلەرگە ياخشى گەپ قىپتىمەن، گايى كىشىلەرگە يامان گەپ قىپتىمەن، ئۇنداق قىلمىغان بولسام، ئۇلار چىچىمنى يۇلۇپ قولۇمغا تۇتقۇزۇپ قويغان بولاتتى. ئۇ چاغلاردا نىمە كۈنلەرنى كۆرمەسلىك دەيسىز... لېكىن تاكى ھازىرغىچە مەن خەلقىمىزگە تازىم قىلىمەن، چۈنكى ئاشۇنداق كۈنلەردىمۇ خەلقىمىز يىمىرىلمىدى، يەنىلا ئۆم بىر كوللىكتىپ بولۇپ ساقلىنىپ قالدى. شۇ چاغدىكى قىز-جۇۋانلار ھازىر كەمپىر-موماي بولۇپ كەتتى، شۇ چاغدىكى باللار بەش-ئالتە بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى بولۇپ كەتتى، ئېھتىمال ئۇلار ئاشۇ كۈنلەرنى ئۇنتۇپ كەتكەندۇر، لېكىن مەن ئۇلارنى كۆرسەملا، ئۇلارنىڭ شۇ كەملەردىكى قىياپىتىنى كۆز ئالدىمغا كەلتۈرەلەيمەن، ئۇلارنىڭ ئاچ-يالىڭاچلىقى، جۇدەڭگۇ ھالىتى كۆز ئالدىمدا گەۋدىلىنىدۇ. ئۇ چاغدا ئۇلارنىڭ كولخوزدا ئالامەت كۆچەپ ئىشلەيدىغانلىغى، غەلىبىگە قانچىلىك تەشنالىغى، قانچىلىك ئۆكسۈپ-ئۆكسۈپ يىغلاشقانلىقلىرى ۋە شۇنداق بولۇشىغا قارىماي قانچىلىك تىرىشچانلىق كۆرسەتكەنلىكلىرى خۇددى تاشقا تامغا باسقاندەك كۆڭلۈمدە بار. ئۇلار ئورۇنلىغان ئىشلىرىنىڭ ئۆلمەس ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتى. مەن ئۆزەممۇ قانداق ئەھۋالدا ئىدىم، شۇنداق بولسىمۇ، يىقىلىپ-سۈرۈلۈپ يۈرۈپ ئەترەت باشلىغى بولغىنىمغا ھىچقاچان ئۆكۈنمەيمەن. ئەزان ۋاقتى بىلەن كولخوز قوراسىغا يېتىپ بېرىپ، ھەر بىر كىشىنى ئىشقا چاقىرىپ قوياتتىم، شۇنىڭدىن كېيىن كۈن بويى ئاتتىن چۈشمەي، بىر دەم ئۇ يەرنى ئارىلاپ، بىر دەم بۇ يەرگە كېلىپ تۇراتتىم، گايىدا دالىغا تەكشۈرۈشكە كېتەتتىم، گايىدا تاققا چىقىپ ئىشلارنى كۆزدىن كەچۈرەتتىم. ھەر كۈنى كەچقۇرۇن ۋاقتى بىلەن تاكى تۈن يېرىمىغىچە كولخوز باشقارمىسىدا

ئىشلارنى نېرى-بېرى قىلاتتىم، مۇشۇنداق ھالەتتە، ۋاقىت بىلىنمەيلا ئۆتۈپ كېتەتتى. ئازاپتىن قۇتۇلدۇرغان ئىش ئېھتىمال مۇشۇدۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، بەزى كىشىلەر گايىدا خاپىچىلىقتا ياكى ئاچچىغىدا گېپىمگە قۇلاق سالماي مېنى سۆككەندىمۇ زادىلا ئاغرىنمىدىم. ياق، ھەر قېتىم شۇنداق پەيتلەردە ئالىمان بىلەن جايناقتا تىنىم بەرمەي، كۈن-تۈن دىمەي ئىشقا ھەيدەۋەردىم، بۇنداق قىلغانلىقىمغىمۇ ئۆكۈنمەيمەن، ئۇلار مېنىڭ ئۆز باللىرىم ئەمەسمۇ. بولمىسا، نەدە بولمىغۇر ئوي-خىياللارغا بېرىلىپ، قورقۇپ باش كۆتىرەلمەي قالغان بولاتتۇق — ئويلاپ كۆرۈڭچۇ، بىر ئۆيدىن ئۈچ كىشى ئۇرۇشقا كەتسە، ئويلانماي بولاتتىمۇ؟

ئىككىنچى ئايغا بارغاندا قاسىمدىن ئالىقانچىلىكمۇ خەت كەلمەي قويدى. ئالىمان بىلەن كۆرۈشۈپ قېلىشتىن قاچىدىغان بولۇپ قالدىم، قاسىم توغرىلىق گەپ چىقىپ قالمىسۇن دەيتتىم، گەپ قىلمىغان تەقدىردىمۇ قورقۇنچلۇق تۇيۇلاتتى. گەپ بولۇپ قالغان تەقدىردىمۇ خىزمەت توغرىلىق، ئۆي ئىشلىرى توغرىلىق گەپ قىلىشقا تىرىشاتتىم. خۇددى كىچىك باللاردەك، ئۇ ئىش توغرىلىق ئېغىز ئاچمايتتۇق.

قىش كۈنلىرىنىڭ بىرىدە، قاق سەھەردە تۆمۈرچىلىك دۇكىنىغا ھە-ھۇ دېيىشىشكە كەلدىم. ئۇلار ئىشقا سىلىنىۋاتقان ئاتلارنى تاقىلاۋاتقان ئىكەن. بىردىنلا رەئىس ئۇسەنباينىڭ قولىغا ئالىقانچىلىك بىر پارچە قەغەزنى ئالغان ھالدا ئات چاپتۇرۇپ كېلىۋاتقانلىقىغا كۆزۈم چۈشۈپ قالدى. ماڭۇ سىزگە كەلگەن جىددى تېلېگىراما ئىكەن، دىدى ئۇ ماڭا. يۈرىگىم قارتتىدا قىلىپ قالدى. تاڭلىداپ سەندەلگە ئۇرۇلغان بولقا خۇددى مېنىڭ مەيدەمگە ئۇرۇلغاندەك

www.uyghurkitap.com

بولۇپ كەتتى. چىرايىمدا قان قالمىغان بولسا كېرەك.

— ۋوي، تولغاناي يەڭگەمەي، قورقماڭ، ياماللىقىنىڭ يۈزى قۇرۇپ كەتسۇن، — دەپ توۋلىدى رەئىس. — بۇ تېلېگراممىنى مايسالىېكتىن كېپتۇ، نوۋوسىبىرسكىدىن ئەۋەتىپتۇ، بىر ىراق كېلىڭ، قورقماڭ! — ئۇ ئاتتىن ئىڭىشىپ قەغەزنى ماڭا بەردى. — سىزچۇ، — دىدى ئۇ يەنە، — ھازىر توختىماي ۋوگزالغا مېڭىڭ، ئوغلىڭىز كېلىۋېتىپتۇ، سىزنى كۆرۈۋۈالسام، كۆرۈشۈۋالساق دەپتۇ. ئاتلارغا يەم-خەشەك سالدۇرۇپ، ھارۋىنى تەييىنلىتىپ قويدۇم. تولغاناي، يەڭگە، كېچىكمەي مېڭىڭلار!

خوشاللىغىمدىن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتتىم! نىمە قىلىشىمنى بىلمەي، دۇكاندا نېرى-بېرى يۈگۈرۈپ، ئۇ يەردىن چىقتىم.

— قويۇڭ بۇلارنى، بىز ئۆزىمىز قىلىمىز، — دىيىشتى تۆمۈر-چىلەر، — ۋوگزالغا تېزرەك مېڭىڭ، كېچىكىپ قالماڭ.

مەن ماقۇل دەپ ئۆيگە يۈگۈردۇم. لېكىن مەن نىمە قىلىشىمنى بىلمەيتتىم. كاللامدا مايسالىېك مېنى ۋوگزالغا كەلسۇن دەپتۇ، مايسالىېك مېنىڭ بىلەن كۆرۈشۈۋالسۇن دەپتۇ، دىگەن بىرلا ئوي بار ئىدى. سېنى كۈتۈۋالمىغاندا كىمنى كۈتۈۋالىمەن، ئايلىنىپ كېتەي ئوغلۇم، تەلپۈنۈپ ئۇچقان قۇشتەك پىيادە يۈگۈرۈپ بارار-مەن — دەپ، ئۆزەم بىلەن ئۆزەم گەپلىشىپ، كوچىدا يۈگۈرگىنىمچە تەرلەپ پىشىپ مېڭىۋەردىم.

ئاھ، ئېسىم قۇرغۇر، شۇ چاغدا مەن ئوغلۇمنىڭ پويىزغا ئولتۇرۇپ قاياقتىن قاياققا كېتىۋاتقانلىغىنى زادىلا ئويلاپ باقماپتىمەن دىسە.

ئالدىراپ ئۆيگە كەلدىم-دە، مايسالىېكىم دوستلىرى بىلەن بىللە ئېغىز تەگسۇن دەپ بوغۇرساق، قۇيماق سېلىپ، گۆش

پىشۇردۇم، شۇ كۈنىلا ئالىمان ئىككىمىز ھارۋىغا چۈشۈپ مېڭىپ كەتتۇق. ئەسلىدە مەن جايناقنى ئېلىپ بارماقچى ئىدىم، جايناقنىڭ ئۆزى ئۇنىمىدى.

— ياق ئاپا، — دېدى ئۇ، — يەڭگەم بارسۇن، مەن ئۆيدە قالاي. مېنىڭ بارغىنىمدىن يەڭگەمنىڭ بارغىنى تۈزۈك.

تولىمۇ توغرا ئىش قىلغان ئىكەن كەنجى ئوغلۇم. كىچىك بالا بولغىنى بىلەن جايناغىمنىڭ ئەقلى-ھوشى جايىدا ئىدى. ئۇ يەڭگىسىنىڭ قانداق دىمىقىپ، غەم چېكىپ يۈرگەنلىكىنى سېزىپ يۈرگەن ئىكەن. جايناقنىڭ ئۆزى ئوت-چۆپ قوراسىغا بېرىپ شۇ بەردە ئىشلەۋاتقان يەڭگىسىنى چاقىرىپ كەلدى. كېلىنىمنىڭ بۇنچە-ۋالا خوشال بولغانلىغىنى كۆرمىگىلى ئۇزاق بوپتىكەن. خۇددى كىچىك بالىدەك سۆيۈنۈپ، مېنىڭدىن بەتتەررەك ئالدىراپ، مېنى نوختىماي سۆيلەيتتى:

— بولۇڭ ئاپا، كېچىكىپ قالمايلى. ماۋۇ سىزنىڭ جۇۋىڭىز، ماۋۇسى تىۋەت شالىڭىز.

ئۇ يول ئۈستىدىمۇ ئالدىراپ ئولتۇرالماي كەتتى:

— ھارۋاڭنى تېزرەك ھەيدە، تېزرەك بول! — دەيتتى ئۇ ھارۋىكەشنى سۆيلەپ ۋە بەزىدە ھارۋىكەشنىڭ قامچىسىنى تارتىۋېلىپ، ئۆزى توۋلاپ ئاتقا قامچا سالاتتى.

ھارۋا تۈپ-تۈز ئاق قار، كۆك مۇز ئۈستىدە يېنىك ئىلگىرىلەيتتى، ئاتلار روھلىنىپ چاپاتتى، ھارۋىنىڭ قاراماي سۈركەلگەن ئوقى يۇمشاقىنا تاراقلايتتى. يول بويى بىر تەكشى قار يېغىپ تۇردى. ھاۋا بەكمۇ سوغاق ئەمەس ئىدى. ئاپپاق قار ئالىماننىڭ روملىغا، ياڭلاي چېچىغا، ياقىسىغا قونۇپ، ئۇنىڭ نۇرلىنىپ تۇرغان قاپ-قارا

كۆزلىرىنى، نۇر تېمىپ تۇرغان قىپ-قىزىل يۈزىنى ۋە ئاپپاق چىشلىرىنى تېخىمۇ گۈزەل كۆرسىتىپ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇۋاتقان-دەك ئىدى. بىر كىشىنى ياش ۋاقتىدا قانداق پەدەزلىسەڭمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتىدۇ — ھەتتا قار ئۇچقۇنلىرىمۇ كىشىنى شۇنچە گۈزەل تۈسكە كىرگۈزىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە، تاكى يېتىپ بارغىچە ئاغزى بىر دەممۇ بىسلىمىدى كېلىنىمنىڭ. بىر دەم: "مايسالىبېك پويىزدىن چۈشكەندە، سىز ئۈندىمەي تۇرۇڭ، ئاپا، مېنى تونۇمىدىكىن!" دەيتتى. يەنە بىرئاز ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن: "ياق، ئاپا، مەن ئارقىسىدىن بېرىپ، مۇئەللىم بالىنىڭ كۆزىنى توسۇۋالسام، قانداق قىلاركىن، ۋويى، بۇ كىم ئۆزى چاخچاق قىلىۋاتقان، دەپ، چۆچۈپ كېتەرمىكىن" دەپ كۈلۈپ كېتەتتى. ئېخ، ئالىمانىمەي، ئالىمانىم، ئۇھ، كېلىنىمەي، ئېرىنى سېنىڭدەك ياخشى كۆرگەن ئايال بولغانمىكىن؟ مېنى ئۇنىڭ مۇنچىۋالا خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىنىڭ سەۋەبىنى بىلمەيدۇ دەمسىلە؟ ئۇچۇ، ئۇنىڭ ئۆزىمۇ بۇنى ئاشكارىلاپ قويىدى. ئۇ بىردىنلا جىم بولۇپ كەتتى، كۆلكىسىنىمۇ توختاتتى، پەس ئاۋاز بىلەن گۈدۈڭلاپ:

— مايسالىبېك قاسىمغا بەك ئوخشايدىكەن-ھە؟ — دەپ قويدى.

مەن ئاڭلىمىغان بولۇۋالدىم. بىر ھازاغىچە جىمىپ كەتكەندىن كېيىن: "ھەيدە ئاتلارنى، ھەيدە تېزرەك!" دەپ يەنە ھارۋىكەشنىڭ قولىدىن بوجىنى ئېلىپ، قامچىنى قارسىلداتقىلى تۇردى.

شۇنداق قىلىپ، ۋوگزالغا كۈن پېتىش ۋاقتىدا يېتىپ كەلدۇق. ھارۋا توختاش بىلەنلا ئالىمان ئىككىمىز مايسالىبېك ھازىرلا كېلىپ قالىدىغاندەك يولدا يۈگۈرۈشكە باشلىدۇق. ۋوگزالدا بىرمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى. بىز تۆت ئەتراپىمىزغا قاراپ، خۇددى يىتىم بالىدەك،

نەگە بىرىشمىزنى بىلمەي مەيۇس ھالدا تۇرۇپ قالدۇق. قانداق قىلىش كېرەك — بىز ھېچنىمىنى بىلەلمىدۇق. شامال يەردىكى قارلارنى ئۇچۇرۇپ رېلىس ۋە رېلىس ئاستىدىكى ياغاچلار ئارىسىدا ئۇسۇلغا سالاتتى. بىر پاراۋۇز ئاستاغىنا ئالدى-ئارقىغا مېڭىپ، قىرو بېسىپ مۇزلاپ ياتقان ۋاگوننى غىچىرلىتىپ ئۇ ياق-بۇ ياققا ئىتتىرەتتى. سىم تاناپتا بوران ئۇششۇراتتى.

سوراپ باقىدىغان ئادەممۇ بولمىغاچقا پويىزنىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى، قايسى تەرەپتىن كېلىدىغانلىقىنى بىلمەي تۇرىۋېرىپتىمىز. دەل شۇ چاغدا يىراقتىن پاراۋۇز گۇدۇكىنىڭ ئاۋازى كەلدى-دە، پويىزنىڭ ئۆزىمۇ كۆرۈندى.

— ئاپا، ئەنە كېلىۋاتىدۇ! — دېدى ئالمان.

تىزىم تىترەپ، يۈرىكىم ئاغزىمغا تىقىلىپ قالدى. پويىز ئۇچقاندەك تېزلىكتە يېقىنلىششقا باشلىدى. پاراۋۇز قار تۇمانى ئىچىدە ئۆتۈپ كەتتى ۋە توختىدى. بىز ۋاگونلارنى بويلاپ يۈگۈرۈشكە باشلىدۇق. ۋاگونلار يولۇچىلارغا لىق تولغان ئىكەن. خوتۇن-باللارمۇ بار، لېكىن تولىسى ئەسكەر ئىدى. ئۇلارنىڭ كىم ئىكەنلىگىنى، نەگە كېتىۋاتقانلىغىنى خۇدا بىلمىسە، مەن نەدىن بىلەي. بىز ھەر بىر ۋاگون ئالدىدا توختاپ سورايتتۇق:

— سۇۋانقۇل مايسالىبېك مۇشۇ ۋاگوندىمۇ؟ سۇۋانقۇل مايسالىبېك مۇشۇ ۋاگوندا بارمۇ؟

بەزىلەر بىلمەيدىكەنمەن دەپ جاۋاپ بېرەتتى، بەزىلەر ئۈندىمەيتتى، بەزىلەر مىيىغىدا كۈلۈپلا قوياتتى. بىز ئالدىراپ سۈرۈشتۈرۈپ يۈرگەن ۋاقتىمىزدا پويىز ئورنىدىن سەل قوزغىلىپ، بىردىنلا مېڭىپ كەتتى. بايا، پويىز بۇ بېكەتتە بار-يوقى ئۈچ مىنۇتلا توختاي-

دىكەن. بىز تاۋۇزىمىز قولتۇغىمىزدىن چۈشۈپ كەتكەندەك تۇرۇپلا قالدۇق. بۇ چاغدا ئۇچىسىغا كالتا قارا جۇۋا، پۇتىغا پىما كىيگەن بىر قېرى رۇس تۆمۈريول ئىشچىسى بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدى. مەن ئۇنى پويىزنى كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن ۋوگزالدىن چىقىپ كەلگەن ۋاقتىدا كۆرگەن ئىدىم. ئۇ كېلىپ بىزنى نېمىنى كۈتۈپ تۇرىسىلەر دەپ سورىدى. مەن ئەھۋالنى ئېيتىپ، مايسالىبېكتىن كەلگەن تېلېگراممىنى كۆرسەتتىم. ئۇ كۆزەينىكىنى تارتىپ، ئاغزىنى بىر ھازا مىتىلداتقاندىن كېيىن دېدى:

— ئوغلىڭىز ھەربىي پويىزدا ئىكەن. لېكىن ئۇ قايسى قېتىملىق ھەربىي پويىزغا چۈشۈپ بۇ يەردىن قاچان ئۆتىدىغانلىقىنى دېمەپتۇ. ئەگەر پويىز كېچىكمىسە، ئۇ پويىز بۈگۈن كېچىدە ياكى ئەتە كېلىدۇ. كىم بىلىدۇ ئۇ پويىز ئۆتۈپ كەتتىمۇ تېخى. ھازىر ھەر كۈنى بۇ يەردىن ئۇ ياق-بۇ ياققا ئۆتۈپ تۇرىدىغان پويىز ھەددى ھېساپسىز، ھەربىي پويىزلارنىڭ بەزىسى ھەتتا توختاپمۇ قويماستىن، كەلگەن پېتى غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىدۇ.

بىزنىڭ بېشىمىز چۈشۈپ كەتتى.

— ئېخ، ئۇرۇش، ئۇرۇش! — دېدى بۇ تۆمۈريول ئىشچىسى ئېچىنىپ، — ھەممىنى قاقشاتتىڭغۇ. بولدى. ئەمدى بۇ شامال ئېغىزىدا تۇرۇپ نېمە قىلىسىلەر؟ ۋوگزال كۈتۈشخانىسىغا كىرىپ ئولتۇرۇڭلار. پويىز كېلىش ئالدىدا چىقىپ كۈتۈۋالىسىلەر.

ۋوگزالدىكى كۈتۈشخانىنىڭ قۇرۇق ئورۇندۇقلىرىدا ئونچە كىشى سوزۇلۇپ ياتقان ئىكەن. ئۇرۇشنىڭ دەسلەپكى كۈنلىرىدىن باشلاپلا ھەرقايسى ئۆز يېرىدىن بېشىنى ئېلىپ چىقىپ، يول ئازاۋىنى تارتقان يولۇچىلار بۇ يەردە ئۆز ئۆيىدىكىدەك جايلىشىپ،

ئۇخلىغىنى بىخىرامان ئۇخلاپ، گەپلەشكىنى گەپلىشىپ ئولتۇراتتى، بەزىلىرى تۆمۈر كۈرۈشكىدا پۈلەپ، چاي ئىچىپ ئولتۇراتتى، بىر يىگىت گىتار چېلىپ، ئىچىدە ئاستا ناخشا ئېيتىۋاتاتتى. كىرسىن لامپىسىنىڭ پىلىگى قاپ-قارا ئىس بولۇپ كەتكەن لامپا شىشىسىنىڭ ئىچىدە لىپىلداپ، ئىس چىقىرىپ غۇۋا يورۇپ تۇراتتى. ئالىمان ئىككىمىز غۇۋا يورۇقتا كۈتۈشخانىنىڭ ئىچىدىكى ئەھۋالغا كۆز يۈگۈرۈتۈپ چىقتۇق-دە، ئۇزۇن بىر بەندىڭنىڭ بىر بېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇق. ئۇزاق ئۆتمەي، تاراقلىغان پويىز ئاۋازى كەلدى، بىز ئالمان-تالمان ئىشىككە قاراپ يۈگۈردۇق. قاراڭغۇدا بوران ئالدىمىزدىن بىردىنلا يۈزىمىزگە تەگدى، خۇددى پۈتىمىزدىن ۋە پېشىمىزدىن تارتقاندەك بولدى. بۇ يۈك پويىزى ئىدى. ۋاگونلاردا ئەسكەر كۆرۈنمەيتتى، شۇنداق بولسىمۇ بىز پويىزغا ئەگىشىپ يۈگۈرۈپ كېتىۋېتىپ توۋلايتتۇق:

— سۇۋانقۇل مايسالىبېك بارمۇ؟

— بۇ يەردە سۇۋانقۇل مايسالىبېك دېگەن كىشى بارمۇ؟

جاۋاپ بەرگەن ئادەم يوق، ئادەم تولغۇل ئادەمىنىڭ سايىسىمۇ يوق ئىدى. بىز كۈتۈشخانىغا كەلسەك، ھەممەيلەن ئۇخلاپ كېتىپتۇ.

— ئاپا، سىز بىر دەم يانپاشلىۋېلىڭ، پويىزنى مەن كۈتۈپ تۇراي، — دىدى ئالىمان.

كۆزۈمنى سەل-پەل يۇمۇۋېلىش ئۈچۈن كېلىنىمنىڭ مۈرىسىگە بېشىمنى قويدۇم، لېكىن ئەدىمۇ ئۇيقۇ كەلسۇن! قانداقمۇ كۆز يۇمغىلى بولسۇن! چۈنكى كېلىش ئالدىدا تۇرغان پويىزنى قولغىلا ئەمەس، قەلبىڭ ۋە زېھنىڭمۇ سېزىپ تۇراتتى، ھەتتا پۈتۈگىنىڭ

ئاستىدا، يىراق بىر يەردە نىمدۇر بىر نەرسە سەل ـ پەل مىدىرلىغاندەك بولاتتى ـ دە، پويىزنى كۈتۈۋالىدىغان ئىش يادىڭغا يېتىپ كۆزۈڭگە زادىلا ئۇيقۇ كەلمەيتتى. قايسى تەرەپتىن پويىز كەلسۇن، دەرھال ئورنىمىزدىن تۇرۇپ، خۇرجۇننى ئېلىپ يۈگۈرەتتۇق.

ھەربىر پويىز ئۆتۈپ تۇراتتى، لېكىن بۇلارنىڭ ھېچقايسىسىدا مايسالبېك تۇرماق ئۇنىڭ سايىسىمۇ كۆرۈنمىدى. يېرىم كېچىدە ئولتۇرغان يېرىمىز مىدىرلىغاندەك بولۇۋىدى، پويىز كۈتۈۋالىدىغان ئىش يادىمىزغا يەتتى ـ دە، يەنە تالاغا يۈگۈردۇق. بۇ چاغدا جىلغىنىڭ ئىككى بېشىدىن تەڭلا پويىزنىڭ گۈدۈگى ئاڭلاندى، ھايت ـ ھۇيت دېگىچە ئىككى تەرەپتىن پويىز كىرىپ كەلدى. مەن ئالاقزادە بولۇپ، ئىككى يولنىڭ ئوتتۇرىسىدا نېمە قىلىشىمنى بىلمەي يۈگۈرۈشكە باشلىدىم. ئىككىلا پويىز قولاق ـ مېڭىنى يارغۇدەك گۈدۈك بېرىپ كەلمەكتە، ئاۋاز بارغانسېرى ئۇنلۇك ئاڭلانماقتا، ئۇلار بۇ يەردە بىر بىرى بىلەن ئۇچراشتى ـ دە، توختاپمۇ قويماستىن تېخىمۇ كۈچەپ تېز سۈرئەت بىلەن ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كەتتى. ۋاگونلار غاچۇر ـ غۇچۇر قىلاتتى، سوغاق شامال ئۇشقۇرتۇپ، بىزنى قار قۇيۇنى ئىچىدە ھە دەپ ۋاگونلارنىڭ تېگىگە ئىتتىرەتتى.

ئالىمان: ”ئاپا!“ دەپ توۋلىغان پېتى مېنى تۇتۇۋېلىپ، يول چىرىغىنىڭ تۈۋرۈكىگە يۆلەپ، قويۇۋەتمەي چىڭ بېسىپ تۇرۇۋالدى.

چاقماق تېزلىكىدە ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىزنىڭ دەرىزىسىگە كۆز ئۈزمەي قاراپ تۇراتتىم: مۇبادا مەن مايسالبېكنى كۆرۈپ قالسامچۇ، مۇبادا ئوغلۇم ۋاگوندا ئولتۇرغان بولۇپ مەن كۆرمەي قالسامچۇ؟ رېلىسلار ئۇچقاندەك ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىز چاقلىرىنىڭ ئاستىدا نالە قىلاتتى، خۇددى ئوغلۇمدىن ئەنسىرەپ نالە قىلىۋاتقان

يۈرىگىمدەك نالە قىلاتتى. ئىككى پويىز ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن پويىزنىڭ قۇيرۇغىدا قويۇق قار قۇيۇنى قالدى. بىز بولساق يول چېرىغى يېنىدا ئۆزاققىچە بىر بىرىمىزگە چاپلىشىپ تۇرۇپ قالدۇق.

تاڭ ئاتقىچە ئالىمان ئىككىمىز بىر پەس ئولتۇرۇپمۇ باقمىدۇق، بىر دەم-بىر دەم ھەربى پويىزنى بويلاپ يۈگۈرەيتتۇق. تاڭ ئېتىش ئالدىدا شۇۋىرغان توختىدى، كۆنۈپىتىش تەرەپتىن بىز زادىلا كۆرۈپ باقمىغان بىر خىل پويىز ۋوگزالىغا يېقىنلاشتى: بۇ پويىز ۋاگونلىرىنىڭ ھەممىسى كۆيۈپ كەتكەن، ئۈستى تېشىلىپ، ماكچىيىپ كەتكەن، ئىشىك-دەرىزىلىرى ۋەيران بولۇپ كەتكەن ئىدى. بۇ پويىزدا بىرمۇ تىرىك ئادەم كۆرۈنمەيتتى. قۇپ-قۇرۇق ۋاگونلار خۇددى گۆرگە ئوخشاش جىمجىت ئىدى. ئىس، كۆيگەن تۆمۈر، سېسىق تاختاي ۋە سىرنىڭ ھىدى دىماققا ئۇرۇلاتتى.

بىز تۇنۇگۈن ئۇچراتقان ھېلىقى كالتا جۇۋىلىق تۆمۈريول ئىشچىسى قولىغا پەنەر ئالغان ھالدا يېنىمىزغا كەلدى.

ئالىمان پەس ئاۋاز بىلەن ئۇنىڭدىن سورىدى:

— بۇ پويىزغا نېمە بولغان؟

— بومباردىمان قىلىنغان، — پەس ئاۋازدا جاۋاپ بەردى ئۇ.

— بۇ ۋاگونلارنى نەگە ئېپكېتىپ بارىدۇ؟

— رېمونت قىلغىلى، — تۆمۈريول خىزمەتچىسى يەنىلا پەس ئاۋازدا جاۋاپ بەردى.

ئۇلارنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ، بۇ پويىزدا كىملەر يۈرۈپ، قەيەردە بومبا ئاستىدا قالغاندۇر، ئىس-تۈتەك، قىيا-چىيا ئىچىدە، ئوت يالقۇنلىرى ئىچىدە كىملەر ھاياتىدىن ئايرىلدىكىن، كىملەر پۇت-قولىدىن ئايرىلىپ، كىملەر ئۆمۈرۋايەتلىك قارغۇ، پاك بولۇپ

قالدىكىن، ئۇرۇشنىڭ شاملى بۇ بولسا، ئۆزىچۇ، ئۆزى قانچىلىك مۇدھىش نەرسە ـ ھە، دەپ خىيال سۈرۈپ كەتتىم.

ۋەيران بولغان بۇ پويىز ۋوگزالىدا ئۇزاق تۇردى، ئاندىن كېيىن ئاستا قوزغىلىپ تاقىراق ـ تۇقۇرۇق قىلىپ مېڭىپ كەتتى. مەن تولىمۇ قايغۇرغان ھالدا پويىزنى ئۇزىتىپ قالدىم: مۇشۇ تۇرقۇم مايسالىبېكمۇ ئېھتىمال مۇشۇ پويىز پاچاقلانغان تەرەپكە، قان مەيدانىغا كېتىۋاتقاندۇ؟ قاسىم ھازىر قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ سوۋۇنقۇلچۇ؟ ئۇ خېتىدە ريازان شەھىرىگە يېقىن يەردە مەشق قىلىپ تۇرۇۋاتىمىز، دەپتىكەن. ئۇ يەر ئالدىنقى سەپكە ئانچە يىراق ئەمەس ئوخشايدۇ...

تاڭ ئاتتى. قايتىش كېرەك ئىدى ـــ ئاتنىڭ ئوت ـ چۆپ، يەم ـ خەشىگى تۈگىگەن. ناۋادا مايسالىبېكىم ئۆتۈپ كەتمىگەن بولسا قانداق قىلىمىز؟ شۇنچە ئۇزۇن ساقلىدۇق، ئەمدى كېتىپ قالساق، ئۆمۈر ـ ۋايەت ئارماندا قالمامدۇق؟ ئالىمان ئىككىمىز ھەرقانچە ئويلاپمۇ ھېچبىر قارارغا كېلەلمىدۇق. لېكىن قايتىپ كېتىشكە بەربىر كۆڭلىمىز ئۇنىمايتتى.

شامال توختىماي، تۈنۈگۈنكىدەك سوغاق، شۇۋۇرغان بولۇپ تۇراتتى. خەقلەرنىڭ ۋوگزالنى شامال ئۆتەڭ دىگىنى راست ئىكەن. بىر چاغدا ھاۋا ئېچىلىپ، بۇلۇتلار يېرىلىپ قۇياش يۈزىنى كۆرسەتتى. "ئاھ خۇدايىمەي، شۇ قۇياشتەك بولۇپ، ئوغلۇم يالت قىلىپ كۆزۈمگە كۆرۈنۈپ قالسا ـ ھە! ئازراقلا بولسىمۇ كۆرۈنسە، نىمە دىگەن ياخشى بولاتتى ـ ھە!..." دەپ ئويلاپ كەتتىم.

دەل شۇ چاغدا، كۈنچىقىش تەرەپتىن پويىزنىڭ ھەيۋەتلىك ئاۋازى ئىشتىلدى ۋە ئارقىدىنلا پويىزنىڭ گۈدۈك ئاۋازى ئاڭلاندى. پۈتۈمنىڭ ئاستىدىكى يەر سىلكىنىپ كەتتى، رېلىسلارمۇ تاقىراقلاپ

كەتتى. قىزىل چاقلىق قاپ-قارا پاراۋۇز گۇرۇلدەپ، قاپ-قارا ئىس چىقىرىپ، ئاپپاق ھورنى پۇرقۇپ، ئوتخانىسىدا لاۋۇلداپ ئوت كۆيۈۋاتقان ھالدا ئالدىمىزدىن ئۆتۈپ كەتتى. پاراۋۇزنىڭ ئارقىسىدىكى تۈز سۇپىلىق ۋاگونلارغا بىر-بىرىنىت بىلەن يېپىلغان تانكا، زەمبىرەكلەر تىزىلغان بولۇپ، جۇۋا كىيگەن، قولىغا مىلتىق ئالغان، مۇھاپىزەتچى خادىملار تانكا ۋە زەمبىرەكلەرنىڭ ئىككى يېنىدا تۇرۇشاتتى، ئىسسىق ۋاگونلارنىڭ قىيا ئېچىلغان ئىشىكلىرى ئارىلىغىدا تۇرغان جەڭچىلەر يالت-يۇلت قىلىپلا ئۆتۈپ كېتەتتى، جەڭچىلەرنىڭ چىرايى، شىنېلى، ناخشا ۋە گەپلىرى، گارمون ۋە بالالايكا ئاۋازىمۇ كۆزنى ئېچىپ-يۇمغىچە ئارىلىقتا غايىپ بولاتتى. ئۇچقاندەك تېز ئۆتۈپ كېتىۋاتقان پويىزدىن كۆزۈمنى ئالماي دىققەت بىلەن قاراپ تۇردۇم. دەل شۇ چاغدا قولىغا قىزىل بايراق ئالغان بىر تۆمۈريول خادىمى ئالدىمىزغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، قولىغىمىزغا ۋاقىردى:

— پويىز توختىمايدۇ! پويىز توختىمايدۇ! نېرى تۇرۇڭلا! نېرى تۇرۇڭلا! — دەپ ئىتتەردى ئۇ بىزنى.

بۇ چاغدا يېنىمىزدىن توۋلىغان بىر ئاۋاز كەلدى:

— ئا-پا- - -پا! ئا-لە- -مان!

مايسالېبك! ئەنە شۇ، جېنىم بالامەي، ۋاي خۇدا!! ئۇ بىزنىڭ يېنىمىزدىن، بېقىنىمىزدىنلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كەتتى. ئۇ پۈتۈن بەدىنىنى ۋاگوندىن چىقىرىپ، بىر قولىدا ئىشىك تۇتقۇچىنى تۇتۇپ، ئىككىنچى قولىدا قۇلاقچىسىنى پۇلاڭلىتىپ، ئۈنلۈك ۋاقىراپ بىز بىلەن خوشلاشتى. شۇ چاغدا ”مايسالېبك!“ دەپ توۋلاپ قالغانلىغىمنىلا بىلىمەن. ئاشۇ قىسقىغىنا دەقىقىدە، مايسالېبكنىڭ قەددى-

قامتى ئېنىق كۆرۈندى: شامال چېچىنى ئۇچۇرۇپ، شىنېلىنىڭ ئېتەكلىرىنى لەپىلدىتىپ، خۇددى ئۇچۇشقا تەييارلىنىپ تۇرغان قۇشتەك قىلىۋەتكەن ئىدى، يۈزىدىن ۋە كۆزىدىن خۇشاللىقمۇ، ئۆكۈنۈشمۇ، ئۇچرىششمۇ، ئايرىلىشمۇ بىلىنىپ تۇراتتى. ۋىژىلداپ چىقىپ تۇرغان شامال ئۇنىڭ ئاۋازىنى ئېلىپ قاچتى. مەن ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان پويىزنى قوغلاپ، ئۇنىڭ چىرايىغا كۆز ئۈزمەي قارايتتىم. پويىزنىڭ ئاخىرقى بىر ۋاگونىمۇ تاقىراقلاپ ئۆتۈپ كەتتى، مەن بولسام يەنىلا توختىماي يۈگۈرەيتتىم، يۈگۈرە-يۈگۈرە يىقىلىپ چۈشتۈم. ئاھ، شۇ چاغدا بوزلاپ، قاخشاپ يىغلىغىنىمچۇ! ئوق يېغىپ تۇرغان مەيدانغا كېتىۋاتقان ئوغلۇمنى ئەمەس، ئەكسىچە مۇزدەك رېلىسنى چىڭ قۇچاقلاپ ئۇنىڭ بىلەن خوشلاشتىم. پويىز چاقىنىڭ ئاۋازى بارغانسېرى يىراقلاپ كەتتى ۋە ئاخىرى ئەتراپ جىمىلىققا چۆمدى.

ھازىرمۇ گايىدا ئاشۇ ھەربى پويىزلار قۇلىقىمنىڭ يېنىدىن مىڭەمنى ئىككىگە بۆلۈپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندەك بىلىنىدۇ.

ئالىمان يۈزى ياش بىلەن يۇيۇلغان ھالدا يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئىگىشىپ مېنى يۆلەپ تۇرغۇزماقچى بولدى، لېكىن ئۇنىڭ ھەسرەپ، ئىككى قولى تىترەپ، مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇشقا ھالى يەتمىدى. دەل شۇ چاغدا، بىر رۇس ئاچالچى ئايال يېنىمىزغا يېتىپ كەلدى-دە «ئاپا!» دەپ توۋلىغىنىچە ماگا ئېسىلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇ ئىككىسى مېنى يۆلەپ تۇرغۇزۇپ، قولتۇقلاپ يول بويىغا ئېلىپ كەلدى، بىز ۋوگزالغا قاراپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، ئالىمان ماگا ئەسكەرچە بىر قۇلاقچىنى تەڭلىدى:

— ئاپا، مەڭ ماۋۇنى، — دېدى ئۇ، — بۇنى مايسالىيېك تاشلاپ

بەردى.

بايا، مەن پويىزنى قوغلاپ يۈگۈرگەن ۋاقتىمدا مايسالىقىم قۇلاقچىسىنى ماڭا تاشلاپ بېرىپتىكەن.

— توغرا ئېيتىسەن، تولغاناي، ھارۋىدا كېلىۋېتىپ، قۇلاقچىنى كۆكسۈڭگە بېسىپ كەلمىگەنمىدىڭ.

— ھە، شۇ قۇلاقچا ھازىرمۇ ئۆيدە قوزۇقتا ئىلىقلىق تۇرۇپتۇ. پېشانىسىدە قىزىل يۇلتۇزى بار، ئادەتتە ئەسكەرلەر كىيىدىغان قۇلاقچا. بەزىدە قولۇمغا ئېلىپ پۇراپ كېتىمەن، ئۇنىڭدىن ھېلىمۇ ئوغلۇمنىڭ ھىدى كېلىپ تۇرىدۇ.

## 6

— ئېيتقىنا قەدىرلىك دالام. ئۆز ئوغلىنى غىل-پال قىلىپ بىرلا كۆرۈۋېلىش ئۈچۈن ئانا بولغان ئادەم شۇنچە ئازاپ تارتسا، شۇنچە قىينالسا بولامدۇ؟

— بىلمەيمەن، تولغاناي. سەن شۇ چاغدا يولۇقتۇرغان ئاشۇنداق ئۇرۇش دۇنيادا تېخى بولۇپ باقمىغان-دە.

— ئۇنداق بولسا، مەن ئۆز ئوغلىنى ئاشۇنداق ئارزۇلاپ كۈتكەن ئەڭ ئاخىرقى بىر ئانا بولۇپ قالاي. ئىلاھىم ھېچقانداق بىر ئادەمنى ماڭا ئوخشاش رىلىسنى قۇچاقلاتمىسۇن، بېشىنى رېلىسقا ئۇرغۇزمىسۇن.

— ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىڭدە، يىراقتىن قارىغاندا، سەن ھەقىقەتەن ئوغلى بىلەن كۆرۈشمەي قايتقان ئادەمدەك بولۇپ قېپتىكەنسەن. خۇددى ئۇزاق كېسەللىكتىن تۇرغاندەك، چىرايىڭ سامانىدەك سار-

غايغان، كۆزلۈرۈك ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن ئىكەن.

— ئەڭ ياخشىسى بىرەر ئاي كېزىك بولۇپ يېتىپ قالسامچۇ.

— تولغاناي، ۋاي بايقۇش تولغانايىم، سۇمبۇل چاچلىرىڭغا كۈمۈش قىرو چۈشۈرۈپ كەتكەن شۇ كۈنلەر ئەمەسمىدى؟ ئۇنىڭدىن ئاۋال سېنىڭ چېچىڭ ھەم ئۇزۇن، ھەم بىلەكتەك توم ئىدى... شۇنىڭدىن كېيىن جىمغۇر، خاپىچان بولۇپ كەتتىڭ. ھەر دائىم چىشىڭنى چىڭ چىشلەپ، بۇ يەرگە جىمغىنا كېلىپ، جىمغىنا كېتەتتىڭ. سېنىڭ كۆزۈڭدىن روھى-كەيپىياتىڭنىڭ بارغانسېرى سۇسلاپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇراتتىم.

— ھە، ئانا يېرىم، نىممۇ دەيتتىم. ئۇرۇشنىڭ كېسىرى ماڭىلا تەككەن بولسا مەيلى ئىدى، ئۇرۇشنىڭ كېسىرى تەگمىگەن بىرمۇ ئائىلە، بىرمۇ ئادەم قالمىغان ئىدىغۇ. مۇدھىش خەۋەر — قارا خەت كەلگەندە، ئايلدا بىر كۈن ئىچىدە ئىككى-ئۈچ ئائىلىدە بىرلا ۋاقىتتا يىغا-زارە كۆتىرىلەتتى. ئۇ چاغلاردا كىشىنىڭ قېنى قايناپ، ئىنتىقام ئېلىش غەزىۋى كىشلەرنىڭ كۆزىنى غۇۋالاشتۇرۇپ، قەلبىنى ئۆرتەيتتى. شۇنىڭغا ئېتىخارلىنىمەنكى، دەل ئاشۇنداق ئېغىر كۈنلەردە ئەترەت باشلىقلىقىنى ئۈستۈمگە ئالدىم، ئۆزەمنىڭ ھەم باشقىلارنىڭ دەردىنى ۋە بەختسىزلىكىنى باتۇرلۇق بىلەن ئىچىمگە يۇتۇپ، بارلىق بالايى-ئاپەتلەردە، ئاچارچىلىق، قەھرىتان سوغاقتا خەلق بىلەن بىللە بولدۇم. شۇ سەۋەپتىن بەرداشلىق بېرەلىدىم، باشقىلارنى دەپ بەرداشلىق بېرەلىدىم، ئۇ بولمىغاندا، كۆڭلۈم سوۋۇپ، مۇدرەپ كەتكەن، ئۇرۇش توپىلاڭلىرى ئىچىدە كۈكۈم-تالقان بولۇپ كەتكەن بولاتتىم. قىلىچنى يالىڭاچلاپ كەلگەن ياۋغا قارشى زەربە بېرىشنىڭ بىردىن-بىر يولى قارشىلىق كۆرسە-

تىشتە، كۆرەشتە، يېڭىشتە، ياكى بولمىسا ئۆلسەكمۇ تىز پۈكمەسلىكتە ئىكەنلىگىنى مەن شۇ چاغدا بىلگەن ئىدىم. دەل شۇنداق بولغانلىغى ئۈچۈن، قەدىرلىك دالام، مەن ئاتقا مىنىپ بۇ يەرگە كېلەتتىم ھەمدە ساڭا ھالاقىت بەرمەي، جىمغىنا ساڭا سالام بېرىپ قايتاتتىم.

## 7

بىر كۈنى قاسىمدىن خەت كەلدى. مەن خەتنى ئالدىم-دە، ئاتقا مىنىپ، يەرنىڭ ئىگىز-پەسلىگىگە قارىماستىن ئاتنى بولۇشىچە چاپتۇرۇپ، ئېرىق ۋە دۆڭلەردىن سەكرىتىپ ئۆتۈپ، يەرگە قىغ چېچىۋاتقان ئالىمان بىلەن جايناقنىڭ قېشىغا كەلدىم، مەن ئات چاپتۇرۇپ كېتىۋېتىپ ئۇلارغا ئۈنلۈك توۋلىدىم:

— خۇش خەۋەر! خۇش خەۋەر!

سۈيۈنچى ئالماي بولاتتىمۇ! ئۇدا ئىككى ئاي بىر ئىلىكمۇ خەت كەلمەي، نېمە بولغانلىغىنى بىلمەي كەتكەن ئەمەسمىدۇق. ئۇ خېتىدە: موسكۋا ئەتراپىدا ئىككى قېتىم ئۇرۇشقا قاتنىشىپ ساق-سالامەت قايتىپ كەلدىم. نېمىسلارنىڭ چىشىنى چېقىپ تاشلىدۇق. ئەمدى ئالغا سىلجىيالماي توختاپ قالدى، بىزنىڭ پولكنى دەم ئالدۇرۇپ رەتكە سالماقچى، دەپتۇ.

ئالىماننىڭ شۇ چاغدىكى خۇشاللىغىنى دېسىڭىزچۇ! ئۇ ھارۋىدىن سەكرەپ چۈشۈپ، جايناق بىلەن بىللە ماڭا قاراپ يۈگۈردى ۋە جايناقتىن ئۆتۈپ كەتتى.

— جېنىم ئاپا، ئاغزىڭىزغا ماي! — دېدى ئۇ تىترەپ تۇرغان ئىككى قولى بىلەن قاسىمدىن كەلگەن خەتنى ئېلىپ. ئۇ خۇشاللىغىدا

ھەسرەپ خەتنى ئوقۇيالماي كەتتى. ”ئامان! ئامان ـ ئېسەن!“ دەيتتى ئۇ تەكرارلاپ.

بۇ چاغدا بىرمۇنچە قىز ـ جۇۋانلارمۇ يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئالماننى قورشىۋالدى.

ــ قېنى، ئوقۇغىنا، ئالمان، ئېرىڭ نىمە دەپتۇ؟ ــ دېيىشەتتى ئۇلار، ــ بىزنىڭكىلەرنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلەرمىكىن.

ــ ھازىر، ئايلىنايلار، ھازىر! ــ دېدىيۇ، يەنە ئوقۇيالمىدى. جايناق ئۆپكىسىنى باسالماي قالدى.

ــ ماڭا بەرگىنە، يەڭگە، كۆپچىلىككە ئوقۇپ بېرەيلى، ــ ئۇ خەتنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى.

ئالمان زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ، چاڭگاللاپ قار ئېلىپ پېشانىسىگە قويدى. جايناق خەتنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، يۈزىدىكى ئېرىگەن قارنى سۈرتۈۋېتىشنىمۇ ئۇنتۇپ، نىمە قىلىشنى بىلمەي، ھاياجان ئىچىدە تۇرۇپ قالدى ـ دە.

ــ يۈرۈڭلار، ئەمدى ئىشلەيلى، ــ دېدى ۋە قار كېچىپ مېڭىپ كەتتى.

ئۇ كېتىۋېتىپ، ئەتراپىغا ئاستاغىنا قارىدى. نىملەرنى ئويلاۋاتقانلىغىنى كىم بىلسۇن، يازدا، شۇ دالىدا ئوما ئورغان ۋاقتلىرىدا، قاسىمغا كومزەك بىلەن سۇ ئېلىپ كېتىۋاتقان ۋاقتلىرىنى ئويلىغاندۇ، ئېھتىمال قاسىمنىڭ مۇشۇ يەردە كومبايىن بىلەن خوشلاشقان ۋاقتلىرىنى ئەسلىگەندۇ. مېنىڭچە، ئالمان ئۆزى ئۈچۈن ئەڭ قەدىرلىك، ئۇنتۇماس نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى قايتا ئەسلىدى. گويا سامان يورغىنى يورغىلىتىپ چوڭ يولدا كېتىۋاتقان قاسىمنى ۋە ئۆزى قاسىمنىڭ ئارقىسىدىن قانداق يۈگۈرگەنلىگىنى ئويلىغاندەك چوڭ

يول تەرەپكە ئۇزاق قاراپ كەتتى.

جايناق ئۇنىڭ بىلەن قاتار كېتىۋېتىپ ھە دەپ ئۇنىڭغا چاخچاق قىلاتتى:

— ھەي يەڭگە، ئەس-ھوشىڭىزنى يوقاتقان ئوخشايسىز. ھالىڭىز شۇنچىلىك ئىكەن، نىمە قىلاتتىڭىز خەتكە قول ئۇزىتىپ. ئەمدى پۈتۈن ئائىلىدىكىلەر سىزنى شاڭخو قىلىدىغان بولدى. خەتنىمۇ ئوقۇيالماي كەتكىنىڭىزچۇ سىزنىڭ! ھە، ئەمدى مەن قاسىم ئاكامغا خەت يېزىپ، يەڭگەمنى خەت ئوقۇش ئۈچۈن ساۋادىنى چىقارسۇن دەپ بىرىنچى سىنىپقا ئوقۇشقا بېرىدىغان بولدۇق دەيمەن!

ئالىمان ئۇنى چاخچاق قىلىپ مۇشتلاپ، ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتكەندىن كېيىن مەنمۇ ئىختىيارسىز كۈلۈپ كەتتىم. ئۇلار ھارۋا تەرەپكە كېتىشتى.

مەن كېتىۋېتىپ خىيال سۈرۈپ كەتتىم: ئەلۋەتتە، ئۆز خەلقىنى مېنىڭ ئوغلۇمدەك ئەزىمەتلەر قوغدىمىسا، كىم قوغدايتتى؟ پەقەت ئۇلار ھايات، غەلىبە بىلەن قايتىپ كەلسىلا رازى بولاتتىم. باشقىسىنىڭ ھەممىسىگە بىز چىدايتتۇق، قۇرۇپ ئۇستىخان بولۇپ قالساقمۇ، غەلىبە كۈنىگىچە ھايات تۇرساقلا بولاتتى. خۇدايىم، بالدۇرراق يەڭسەك، بالدۇرراق غەلىبە قازانساق ئىكەن! بۇ مېنىڭلا ئارزۇيۇم ئەمەس، پۈتۈن خەلقنىڭ ئارزۇسى ۋە ئۈمىدىغۇ، مۇشۇ مەقسەتتە ھەممىنى قۇربان قىلىشقا، ھەممىنى تۆھپە قىلىپ بېرىشكە تەييارمىزغۇ!

ئۆيدە يالغۇز قالغان كەنجەم، جايناغىم، ئۇن سەككىزگە كىرمەيلا ئەسكەرلىككە كەتكەندە. مەيلى، باشقا كەلگەننى كۆز كۆرەر، دەپ چىشىمنى چىشىمغا چىشلەپ، گەپ قىلماي، چىدىغان ئىدىم.

قىشنىڭ ئاخىرلىرىدا جايناقنى ئۆز تەگتۇشلىرى قاتارىدا ھەربى كومىسسارىياتقا چاقىرىشقا باشلىغاندا، ئۇلارنى ئانچىكىم بىر ئەسكەرلەر سۇپىتىدە مەشق قىلدۇرۇپ يۇرسە كېرەك، دەپ ئويلىغان ئىدىم. ئۇنى ئەسكەرلىككە ئالار دىگەن خىيالمۇ كۆڭلۈمگە كەلمىگەن ئىدى. ئىككى مەرتەم رايونغا بېرىپ، ئون كۈنچە تۇرۇپ كەلدى. كېيىنكى قېتىمدا ئۇ بېرىپ ئەتىسلا قايتىپ كەلدى.

— نىمە، ساڭا جاۋاپ بېرىشتىمۇ، تېزلا قايتىپ كېپسەنغۇ؟ — دەپ سورىدىم مەن گۇمانسىراپ.

— ياق، ئاپا، — دىدى جايناق، — ئەتە يەنە كېتىمەن. ئۆيۈڭ-لەرگە بېرىپ كۆرۈپ كېلىڭلار دەپ بىر كۈن قويۇۋەتتى، بۇ دۆرەم ئۇ يەردە ئۇزاقراق تۇرىدىكەنمىز، سەن مېنىڭدىن ئەنسىرىمە.

مەن ئۇنىڭ گېپىگە تولۇق ئىشىنىپ، نېرى-بېرىسىنى ئويلاپ ئولتۇرماپتىمەن. لېكىن ئۇنىڭ شۇ كۈنىدىكى ھەركىتى خۇددى يىراق بىر يەرگە كېتىدىغان ئادەمنىڭكىدەك غەلىتە ئىدى. ئەتىگەندە ئۇ قولىغا بولقا بىلەن مىخ ئېلىپ، ئۇ يەر-بۇ يەرلەرگە قاراپ، مىخلايدىغىنىنى مىخلاپ، توكۇلدىتىپ ئۇرىدىغىنىنى ئۇرۇپ چىقتى. كېيىن قارىسام، ئۇ بىرمۇنچە ئوتۇن يېرىپ قويۇپتۇ، قىغلارنى ئېرىق ئارقا ھويلىغا ئېپچىقىۋېتىپتۇ، ئېغىلنىڭ ئۇستىنىمۇ ياساپ، ئوت-چۆپلەرنىمۇ قۇرۇتۇپ قويۇپتۇ. كەچتە كەلسەم، ھويلىنى سېرىپ-سۇپۇرۇپ بولۇپ، ئۆرۈلگەن ئوقۇرنى ياساۋېتىپتىكەن. دادىسى ئۆيدىكى ۋاقتىدا ئۆزى ئات بېقىشقا ئامراق ئىدى، بۇ ئوقۇر شۇنىڭغا كېرەك بولىدۇ دەپ ئويلىغان ئوخشايدۇ.

— نىمە قىلىپ يۇرگىنىڭ بۇ جېنىم بالام، ياز چىققاندا قىلساڭمۇ ئولگۇرەتتىڭغۇ، — دىدىم مەن ئۇنىڭغا.

— ۋاقىت بار چاغدا پۈتتۈرۈۋەتكىنىم ياخشى، ئاپا. كېيىن چولام تەگمەيدۇ، — دېدى ئۇ.

مەن شۇ چاغدا ئازراق كاللا ئىشلىتىپ باقماپتىمەن، ھېچنىمە خىيالىمغا كەلمەپتۇ. بايا ئۇ كوممۇنىستىك ياشلار ئىتتىپاقىنىڭ چاقىرىقىغا ئاۋاز قوشۇپ، ئالدىنقى سەپكە بېرىشقا پىدائىي بولغان ئىكەن. بۇنى بىز جايناق مېڭىپ كەتكەندىن كېيىن بىلدۇق. ئۇ ۋوگزالىدىن ھارۋىكەش بىر تونۇشى ئارقىلىق بىزگە بىر خەت ئەۋەتىپتۇ. ھەي ھاماقەت بىچارە بالامەي، توغرىسىنى ئېيتىپ، خوشلىشىپ كەتسەڭ، يىغلاپ قاخشىساممۇ چۈشىنەر ئىدىمغۇ. ئۇ ئالىمان ئىككى مىزگە يازغان خېتىدە، خوشلاشماي كەتكىنىم ئۈچۈن مېنى كەچۈرۈڭلار، سىلەرنى بىراقلا بىلسۇن، شۇنداق بولغاندا يېنىڭ بولار، ئۆز ئىختىيارىم بىلەن كەتكەنلىكىمنى بىلگەندىن كېيىن قوشۇلار، دەپ مۇشۇنداق قىلدىم، دەپتۇ. كىم بىلىدۇ. ئۇنىڭ مۇشۇنداق قىلغىنىمۇ توغرا بولغاندۇ. ئەلۋەتتە، ماڭا يۈزمۇ-يۈز ئېيتسا، ئۇنىڭچە ئازاپلىق ئىدى، ئېھتىمال ئۇ مېنىڭ ھۆكىرەپ يىغلىۋېتىشىمدىن، كەتمىسەڭ دەپ ئېسىلىۋېلىشىمدىن ئەنسىرىگەندۇ...

لېكىن، مۇشۇ ئوغلۇمدىن مەڭگۈلۈككە ئايرىلىپ ئۇزاق يىللار ئۆتكەندىن كېيىنكى بۈگۈنكى كۈندىمۇ، خۇددى يەر ئانام بىلەن مۇڭداشقىنىمدەك، يەنە ئۇنىڭ بىلەن مۇڭدىشىمەن.

ئاڭلا جايناغىم! ۋىجدانىڭ سېنى ئازاپلىمىسۇن، مەن خاپا بولمايمەن، خاپا بولمىدىم. مەن سېنى شۇ چاغدىلا كەچۈرگەن ئىدىم، جايناق، كەنجەم، تايچېقىم، چاخچاقچى بالام! سەن نىمىشقا خوشلاشمايلا كەتكەنلىكىڭنى بىلمىدى دەمسەن؟ سەن بالىلىق قىلىپ، ئۆزۈڭنىڭ نىمە ئىكەنلىكىڭنى، ئۆلۈمنىڭ نىمە ئىكەنلىكىنى چۈشەنمەي

كېتىۋەردى دەپ ئويلىدى، دەمسەن؟ نىمە دەپ ياشلىغىنى، كېلىچەكتىكى تۇرمۇشىنى تاشلاپ كەتكەندۇ، دەپ قالدى دەمسەن؟ سېنىڭ خۇشچاخچاقلىغىڭنى كۆرۈپ، سېنىڭ ئىنسانغا بولغان تاغدەك مېھرى-مۇھەببىتىڭنى ھەركىم چۈشىنۋەرمەيدۇ. سەن ئاشۇ مېھرى-مۇھەببىتىڭ ئارقىسىدا، بىز كۆرۈۋاتقان ئازاپ-ئوقۇبەتلەرگە قاراپ چىداپ تۇرالمىدىڭ، شۇ سەۋەپتىن كەتتىڭ. سەن ئىنسانلارنىڭ يەنىلا ئىنسانچە ھايات كەچۈرۈشىنى قىزغىن ئۈمىت قىلاتتىڭ، ئۇرۇش كىشىلەرنىڭ جانلىق-جۇشقۇنلۇق كىشىلىك قەلبىنى ۋەيران قىلمىسۇن، ئۇرۇش كىشىلەرنىڭ مېھرى-شەپقىتىنى ۋە ھىسداشلىق تۇيغۇسىنى بەربات قىلمىسۇن، دەيتتىڭ. مۇشۇ مەقسەتتە، سەن قولۇڭدىن كېلىدىغانلىكى ئىشنى قىلدىڭ. ئادەمنىڭ بۇ دۇنيادا قالدۇر-دىغىنى ياخشىلىق ئىكەن-دە، قالغىنى پۈتۈنلەي ئىزسىز قېلىۋېرىدى-كەن. سەن قىلىپ كەتكەن ياخشى ئىشلار مەڭگۈ ئۆچمەيدۇ. ئەمدى، ئۇرۇشتا يۈرۈپ، ئاللىقەيەردە نامۇ-نىشانسىز قۇربان بولدۇڭ. يازغان خېتىڭدە پاراشوتچى بولۇپ، ئۈچ قېتىم دۈشمەن ئارقا سېپىگە تاشلانغانلىغىڭنى ئېيتقان ئىكەنسەن. قىرىق تۆتىنچى يىلى قايسى بىر قاراڭغۇ كېچىدە پارتىزانلارغا ياردەملىشىش ئۈچۈن ئايروپىلاندىن پاراشوت بىلەن سەكرەپسەنۇ، شۇنىڭدىن كېيىن نامۇ-نىشانسىز غايىپ بولۇپ كەتتىڭ. ئېھتىمال جەڭدە يۈرۈپ قۇربان بولغاندۇرسەن، ئېھتىمال ئوق تەككەندۇر، ئېھتىمال ئەسىرلىككە چۈشۈپ قالغاندۇرسەن، كىم بىلىدۇ ساسلىقتا چۈشۈپ پېتىپ كەتتىڭمۇ — ھەقىقى ئەھۋالىنى بىلىدىغان ئادەم چىقمىدى. مۇبادا بۇ ئالەمدە تىرىك بولغان بولساڭ، شۇنچە يىللاردىن بۇيان بىر ئېلىك خەت يېزىپ بولسىمۇ خەۋەر بېرەتتىڭغۇ. لېكىن، جايناغىم، سەن بەك ئەتىگەن كېتىپ

قالدىڭ. سەن كەتكەن ۋاقتىڭدا تېخى ئون سەككىزگە تولمىغان بىر بالا ئىدىڭ، ياش كېتىپ ئەلىنىڭ ئېسىدىمۇ ئانچە قالمىغانسەن. لېكىن مەن سېنى ئەسلەيمەن، ھەر قېتىم سېنىڭ ئالدىنقى سەپكە قانداق كەتكەنلىكىڭنى، بۇ ئىشنى ماڭا مېنى ياخشى كۆرگەنلىكىڭدىن، مېنى ئايىغانلىقىڭدىن ئېيتماي كەتكەنلىكىڭنى ئېنىق ئەسلەيمەن. شۇ كەملەردە ۋوگزالغا ھارۋاڭ بىلەن قاتناپ يۈرگەن ۋاقىتلىرىڭدا، ئالدىنقى سەپتىن چېكىنىپ كەلگەن تۆت بالىلىق بىر ئانىنى ئۇچرىتىپ، كالتا جۇۋاڭنى ئۇنىڭ يالىڭاچ چوڭ ئوغلىغا بېرىپ، ئۆزەڭ مۇزلاپ-كۆكىرىپ قايتىپ كېپتىكەنسەن. ئۇ بالا ھازىر چوڭلا ئادەم بولۇپ كەتكەندۇ، شۇ ۋاقىتتا كالتا جۇۋىسىنى بەرگەن بالا نەدە يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئويلاپمۇ قالىدىغاندۇ، چۈنكى ھازىر سەن ئۇنىڭدىن كۆپ ياشسەن، ئۇ بالا بولسا سېنىڭدىن كۆپ چوڭ بولۇپ كەتتى. لېكىن سەن ئۇنىڭغا ئۇستاز بولغان-دە. شۇنى بىلىش كېرەككى، ياخشى ئىش دىگەن قولۇڭنى سوزۇپلا ئېلىۋالىدىغان يولدا ياتقان نەرسە ئەمەس. ياخشى ئىش دىگەننى بىر ئادەم ئىككىنچى بىر ئادەمدىن ئۆگىنىدۇ. جايناق بېرىپ كەتكەن جۇۋا يىرتىلىپ، پۈتۈنلەي يوق بولۇپ كېتەر، ئۇ دىگەن تىلىغا ئېلىپ ئولتۇرۇشقا ئەرزىمەيدىغان نەرسە، بىراق گەپ ئۇ يەردە ئەمەس، شۇ كىچىككىنە بالىنىڭ قەلبىدە بىراۋ قىلغان ياخشىلىق ئۇچقۇنلىرى ساقلىنىپ قالسا، ئادەم بولغاندىن كېيىن بىراۋغا ياخشىلىق قىلىش مەجبۇرىيەت ئىكەنلىكىنى ياش ۋاقتىدىلا چۈشىنىۋالسا، جايناغىمنىڭ قىلغان ساۋاپلىق ئىشى شۇ بولۇپ قالىدۇ.

ئېخ، ئەمدى نىمىسىنى دەي. ئۇرۇش كۆرمىگىلىغان ئادەملەرنى ۋەيران قىلىپ تاشلىدىغۇ. ئەگەر ئۇرۇش بولماي، جايناغىم ئامان

بولغان بولسا، قانداق چىرايلىق بالا بولغان بولاتتى!
ئوغلۇم، سېنىڭ تېخى ئون گۈلۈڭنىڭ بىرى ئېچىلمىغان ئىدى. تۇرمۇشنى ئەمدىلا باشلىغان ئىدىڭ، سەن ياخشى كۆرگەن قىزنىمۇ بىلمەي كەتتىمغۇ جېنىم بالام...
يۈرىگىمدە يېنىپ تۇرغان ئاخىرقى بىر تال شاممۇ ئۆچتى.
— تولغاناي، سەۋرى قىل، يۈرىگىڭنىڭ ھەر بىر سوقۇشىنى غەنىمەت بىل. بوينۇڭدىكى قەرزىڭنى ئۇنتۇدۇڭمۇ؟
— ياق، سىرداش دالام، ئۇنتۇمايمەن. ئۇنتۇمىغانلىقىم ئۈچۈن ھوزۇرۇڭغا كېلىپ تۇرۇۋېتىمەنغۇ. شۇ قەرزىم بولمىغاندا، بۇ كەمگىچە تىرىك يۈرگەن بولامتىم، يۈرىكىم ئاللىقاچان غەلۋىر بولۇپ كەتكەنغۇ. ئېسىڭدىمۇ يەر ئانا، ئاشۇ مۇدھىش كۈنلەر؟
— ئېسىمدە تولغاناي، ھەممىسى ئېسىمدە.
— باش ئەتىياز كۈنلىرى ئىدى. بايچېچەك ئېچىلغان كۆكلەم كۈنلىرى دالاغا ئەمدىلا قوش چىقارغان ۋاقىتلار ئەمەسمىدى! كۈن تەگمىگەن كامارلاردا قۇرۇت-قوڭغۇزلار ھىلىمۇ راھەتلىنىپ ئۇخلاۋاتقان كۈنلەر بولسىمۇ، مەيىن شامال چىقىپ، يەرلەر سىلكىنىپ، كۈنسېرى مايسىلار بىخ سۈرۈپ، باھار يېقىنلاشماقتا ئىدى.
شۇ كۈنى يەرگە ئەمدىلا قوش سالغان ئىدۇق. مەن ئېتىزغا مىنىپ، تىراكتورنىڭ ئارقىسىدا قالغان چۆنەكلەر ئىچىدە كېتىۋاتاتتىم، ئاغدۇرۇلغان يەرلەردىن يېقىملىق ھىد دىماققا ئۇرۇلاتتى، شۇ ۋاقىتتا مەن سۈۋانقۇل بىلەن قاسىمدىن خەت-خەۋەر كەلمىگىلى ئەجەپ ئۇزاق بولۇپ كەتتىيا، دەپ ئويلاپ كېتىۋاتاتتىم.
شۇ چاغدا بوۋايلاردىن بىرسى ھېچ ئىشى يوقتەك ئالدىرىماي ئېتىنى دىۋىتىپ يېنىمغا كەلدى.



www.uyghurkitap.com

— ھە، ئاقساقال، كېلىپ قېپسىز، ئىشنىڭ بېشىدىن بىر پاتىھە بېرىڭ ئەمسە! — دېدىم مەن ئۇ كىشىگە.

— دىخان بوۋام، خىزىر نەزەر قىلسۇن، خامان بەرىكەتلىك بولسۇن، ھوزۇرىنى ئەل كۆرسۇن! — دەپ دۇئا قىلىپ ئاپپاق ساقىلىنى سىپىدى ئۇ كىشى، — رايوندىن كەلگەن بىر باشلىق سىنى كەلسۇن دەپ چاقىرتىۋاتىدۇ، قېنى، يۈرگىن.

— ماقۇل، ھازىر ماڭايلى، ئاقساقال.

مەن ئېتىمغا مىندىم، قوشچىلارنىڭ ئالدىغا بېرىپ ئىشنى تاپىلاپ، كەچتە تەكشۈرگىلى كېلىدىغانلىقىمنى ئېيتىپ، ئايىلغا قاراپ يول ئالدىم. خىيالىمدا ھېچنىمە يوق، رايوندىن كۈنىگە باشلىقلار كېلىپ تۇرىدۇ، بولۇپمۇ قوش چىقارغاندىن كېيىن رايوندىن تۇرلۇك ۋەكىللەر ئۇشتۇمتۇت ئايىلغا كېلىپ قالاتتى ئەمەسمۇ. بىز ھېچبىر ئالدىرىماستىن ئۇنىڭدىن-بۇنىڭدىن گەپ قىلىپ، تۇرمۇشىمىز توغرىلىق سۆزلىشىپ ماڭدۇق. ئۇ كىشى گەپ ئارىسىدا بىردىنلا ناھايىتى ئېھتىياتچانلىق بىلەن سۆز قىستۇرۇپ:

— رەھمەت ساڭا، تولغاناي! شۇنداق مۇشكۇل كۈنلەردە ئەتىدىن-كەچكىچە ئاتتىن چۈشمەي چېپىپ يۈرۈپ ئەل ئۈچۈن خىزمەت قىلىپ كەلدىڭ. سەن بىر ئايال بولساڭمۇ، لېكىن سەن بىزنىڭ باشلىقىمىز. مۇشۇنداق ئىشلەۋەرگىن، تولغاناي، ئاتتا تېخىمۇ پۇختا ئولتۇر. كۆپچىلىك سېنىڭ يۆلەنچۈگۈڭ بولسا، سەن بىزنىڭ تۈۋرۈكىمىز سەن، دۇرۇس، ساڭا يېنىڭ ئەمەسلىكىنى بىزمۇ بىلىمىز. بىر ئادەمنىڭ تەقدىرى خۇددى ئىگىز-پەس يولغا ئوخشايدىكەن: بىر دەم يۇقۇرىغا ئۆرلەيدىكەن، بىر دەم پەسكە چۈشىدىكەن، بىر دەم ئۆتكىلى بولمايدىغان چوڭقۇر ھاڭغا

كېلىپ قالىدىكەن. ئەل بىلەن كۆتەرگەن يۇك يەردە قالماپتۇ، دەيدۇ، بىزنىڭ كوللىكتىپ تۇرمۇشىمىزدا ئەھۋال ئەنە شۇنداق... — دېدى.

بىز كوچىغا كەلدۇق، ھويلىنىڭ ئۆپچۆرىسىدە بىر توپ ئادەمنى كۆرگەندەك بولدۇم، تامدىن قاراۋاتقان باشلىرىنى كۆرگەندەك بولدۇم، لېكىن بۇنىڭ سەۋەبىنى سەزمەپتىمەن. ئاقساقال بىردىنلا بوجىنى تارتتى-دە، چۆچۈگەندەك ئىتتىك كۆزىنى قاچۇرۇپ:

— ئاتتىن چۈش، تولغاناي، ئاتتىن چۈشىدىغان ۋاقتىڭ كەلدى، — دېدى.

مەن بىر نەرسىدىن گۇمانلىنىپ ئاقساقالغا قارىدىم. ئۇنىڭ ئۆزىمۇ ئاتتىن چۈشۈپ، مېنى قولتۇقلاشقا تەييارلىنىپ يەنە تەكرارلىدى:

— ئاتتىن چۈشىدىغان ۋاقتىڭ بولدى، تولغاناي.

شۇ چاغدىمۇ نىمە ئىش يۈز بەرگەنلىكىنى چۈشەنمەپتىمەن، بىراق بىر خىل قورقۇنچلۇق تۇيغۇ مېنى مەھكەم تۇتۇۋالدى، قورقىنىمدىن چىرايىمدا قان قالماپتۇ، مەن ئاستا ئاتتىن چۈشتۇم-دە، ئالىماننىڭ ئۈچ ئايال بىلەن ئۆي تەرەپكە كېتىۋاتقانلىغىنى كۆردۈم. ئالىمان شۇ كۈنى ئىبرىق چېپىغىدا ئىشلىگەن ئىدى. ئۇ مۆرىسىگە ئىلىپ كۆتىرىپ كېلىۋاتقان كەتمەننى بىر ئايال شارتتىدا ئالدى. شۇ چاغدىلا ھەممىسىگە چۈشەندىم.

— بۇ نىمە قىلغىنىڭلار، ۋاي خۇدا، شورۇم قۇرۇسۇن! — دەپ كوچىنى بېشىمغا كىيىپ تولدىم.

دەل شۇ چاغدا خوشنىمىز ئايشەنىڭ ئۆيىدىن ئايالار چىقىپ كېلىپ قوللىرىمنى مەھكەم تۇتۇشتى:

— قەيسەر بول، تولغاناي، لاچىنىمىز سۇۋانقۇل بىلەن قاسىمدىن جۇدا بولدۇق.

بۇ چاغدا ئالمانىنىڭ "ئاپا!" دەپ بىر توۋلىشى بىلەنلا كۆپچىلىكنىڭ تەڭلا يىغلاشقىنىنى ئاڭلىدىم:

— ئاھ باغرىم، ۋاي قېرىنداشىم!

مەنلا ئەمەس، كوچا-كويلار، هويلا-ئاراملار، دەل-دەرەخلەر چايقىلىپ ئىگىلىپ، يەر-كۆكنى بۇزغان يىغا-زارىدىن قۇلىقىم پۈتۈپ، گاراڭ ئادەمدەك هېچ نەرسىنى ئىشىتمەيتتىم، ئاللىقانداق بىر مۇدهىش جىملىق ئىچىدە، تۇرۇپ كۆز ئالدىمدىن ئاق بۇلۇتلار ئۆتسە، تۇرۇپ ئۆمسىلە، ئۈن-تىنسىز ئادەملەرنىڭ چىرايى ئۆتەتتى، يا ئۆلۈك، يا تىرىك ئىكەنلىكىمنى سەزمەي، ئارقامغا قايرىلغان قوللىرىمنى بوشىتىۋېلىشقا ئۇرۇناتتىم. قولۇمنى كىمنىڭ تۇتۇۋالغانلىقىنى، ئىشىك يېنىدا دات-پەرياد كۆتىرىۋاتقان ئادەملەرنىڭ كىم ئىكەنلىكىنى بىلمەيتتىم. ماڭا بىرلا ئېنىق كۆرۈنۈپ تۇرغىنى ئالمان ئىدى. يۈزى تاتىلانغان، كۆينىكى يىرتىلغان، چاچلىرى چۇۋۇلغان ئالمان نىمىلەردىندۇر زار قاخشاپ، چىقىراپ، ئىككى يېنىدىن ئېسىلغانلارغا بوي بەرمەي، هامان مەن تەرەپكە تەلپۈنەتتى. ئالمانىنىڭ يېنىغا تېزرەك يەتسەم دېگەن خىيال بىلەن مەنمۇ ئۇنىڭغا ئىنتىلىۋەردىم، بىراق هېچ ئىلگىرىلىيەلمەيتتىم. ئاخىر كېلىپ بىر بىرىمىز بىلەن گىرەلەشكىچە ماڭا ناھايىتى ئۇزاق ۋاقىت ئۆتۈپ كەتكەندەك تۇيۇلدى. بىر هازادىن كېيىن ئالمان يېتىپ كەلگەندە پۈتۈپ قالغان قۇلىقىم ئېچىلىپ كەتكەندەك بولدى:

— قۇياشىمىز ئۆچتى، ئاپا! ئەمدى بەختسىز تۇل بولۇپ قالدۇق، ئاپا! ئاھ، دەهشەتلىك كۈنلەرەي، دەهشەت، دەهشەت!

ھەئە، بىز تۇل بولۇپ قالدۇق. كېيىن ئىككىمىز — بىر جۇپ تۇل خوتۇن بىر بىرىمىز بىلەن قۇچاقلىشىپ، بېشىمىزغا چۈشكەن بۇ قارا كۈنلەر ئۈچۈن يىغلىشىپ، بىر بىرىمىزنىڭ مۇرىسىنى ھۆل قىلىشتۇق...

بىراق، ئالىمان ئىككىمىزگە ھازا تۇتۇپ قانغىچە يىغلىۋېلىش پۇرسىتىمۇ بولمىدى. خەۋەر كېلىپ يەتتە كۈن ئۆتۈپ، يەتتىسىنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن كولخوز ئەزالىرى بىزگە نەسىھەت قىلدى:

— بىر يىلغىچە ھازا تۇتساڭلارمۇ ئازلىق قىلىدۇ، ئىلاج قانچە؛ ئاخىرى خەيرلىك بولسۇن، مايسالىبېگنىڭ بىلەن جايناغىنىڭ (ئۇ چاغدا جايناق ھايات بولۇپ، ھەپتىسىگە بىر دىگۈدەك خەت كېلىپ تۇراتتى) ئامان-ئېسەن قايتىپ كەلسۇن، ياز يارىشىملىق دىگەندەك، تىرىكچىلىك قىلىڭلار، قوش ھەيدەش ۋاقتىدا بىردەك ئىشقا كىرىشىڭلار، قۇربان بولغانلار ئۈچۈن دۈشمەندىن ئىنتىقام ئالغىنىمىز شۇ بولسۇن! — دىدى كۆپچىلىك.

كېيىنىم بىلەن مەسلىھەتلەشتۇق، كۆپچىلىكنىڭ پىكىرىگە ماقۇل بولدۇق.

ئەتىگىنى ئىشقا ماڭايلى دەپ تۇرغىنىمىزدا، كولخوز رەئىسى ئۇسەنباي ئىككى پارچە قەغەزنى كۆتىرىپ كىپتۇ، ئۆلۈم خەۋىرى يەتكۈزۈلگەن قەغەز ئىكەن، ياخشى ساقلاپ قويۇڭلار، دىدى. قارىساق، قاسىمنىڭ ئۆلۈمى توغرىسىدىكى ئۇقتۇرۇش قەغىزى بۇنىڭدىن يېرىم ئاي بۇرۇن كەلگەن ئىكەن، موسكۋا شەھىرىدىكى ھۇجۇمدا، ئورېخوۋكا دىگەن يېزىدا قۇربان بولۇپتۇ. ئەمدى ئۇقتۇرايلى، دەپ تۇرغىنىدا، سۇۋانقۇل توغرىلىقمۇ خەت كېلىپ قېپتۇ. ئۇمۇ ئېلىس شەھىرى يېنىدىكى كەڭ كۆلەملىك بىر ھۇجۇمدا قۇربان

بولۇپتۇ. راستىنى ئېيتقاندا، بارغان ئايىلداشلاردىن بىرىمۇ ئامان قالماپتۇ. ئۇ ئىككىسى بىر كۈن ئىچىدە قازا تېپىپتۇ. بولدىلا، نىمىسىنى دەي. بىلىمىنى مەھكەم باغلاپ، يەنە ئەترەت باشلىغى بولۇپ ئىشلىدىم.

ئۇنداق قىلماي، شىكايەت قىلىپ، تەقدىردىن يامانلاپ، سۈۋۈپ-بوشاپ كەتسەم، ئالىمان نىمە بولۇپ كېتەتتى؟ ئۇ شۇنداق ئازاپلاندىكى، مەن بەكمۇ قورقتۇم. مېنىڭ بېشىمغا كەلگىنى ئۇنىڭكىدىن ئاز ئەمەس ئىدى، مەن بىراقلا ئېرىمدىن ۋە ئوغلۇمدىن ئايرىلىپ قالدىم. زىيان ماڭا قوشلاپ كەلدى، بىراق مېنىڭ ئورنۇم ئوخشىمايتتى. قانداقلا بولمىسۇن مەن سۇۋانقۇل بىلەن ئۇزاق يىل بىللە ياشىدىم. ھەر خىل-ھەر ياڭزا نەرسىلەرنىمۇ كۆردۇق، تۇرمۇشنىڭ ئاچچىق-چۈچۈكىنى تېتىدۇق — جاپا-مۇشەققەتلىك يىللارنىمۇ، بەختىيار كۈنلەرنىمۇ باشتىن كەچۈردۇق. ئۆي تۇتۇپ، بالا-چاقىلىق بولدۇق، مۇرىگە مۆرە تىرەپ ئەمگەك قىلدۇق. ئۇرۇش بولمىغان بولسا، بىللە قېرىپ، ئۆمۈر بويى بىللە ئۆتەر ئىدۇق. ئالىمان بىلەن قاسىم بولسا ئەمدىلا قوشۇلۇپ، ياشلىقنىڭ ئەڭ شىرىن پەيتىدە، مۇھەببەتنىڭ ئەڭ قايناق ۋاقتىدا، تۇرمۇشنىڭ تۈزۈككىنە لەززىتىنى كۆرمەي تۇرۇپ ئايرىلدى ئەمەسمۇ، ئۇرۇشنىڭ پالتىسى ئۇلارنى ياش ۋاقتىدىلا ئىككى ياققا يىقىتتى ئەمەسمۇ. ئەلۋەتتە، ئالىمان ياش ئىدى، يۈرىگىگە چۈشكەن جاراھەت كەلگۈسىدە ئۆز ئۆزىدىن ساقىيىپمۇ كېتەتتى. دۇنيادا ئادەم قالماي كەتكىنى يوق، بەلكى ئۇمۇ ئۆزىگە لايىق بىرىنى تاپار ۋە ئۇنى ياخشى كۆرۈپمۇ قالار ئىدى. شۇنداق بولسا، تۇرمۇشنى يېڭىدىن باشلاپ، يېڭى ئۆمىتكە تولاتتى. باشقا ئەسكەرلەرنىڭ خوتۇنلىرىمۇ شۇنداق قىلدىغۇ.

ئۇرۇش ئاياقلىششى بىلەنلا ئۇلار ئەرگە تېگىپ كېتىشتى. بەزىلىرىنىڭ تەككىنى تازا لايىغىدا بولدى، بەزىلىرىنىڭ ئانچە لايىغىدا بولمىدى. بىراق ئۇلار تۇل بولۇپ قالماي، بالىلىرىغا ئانا، ئەرلىرىگە خوتۇن بولدى. بىرمۇنچىسى ئۆز بەختىگە ئېرىشتى. لېكىن كىشلەر بىر بىرىگە ئوخشىمايدىكەن. گايىلىرى ئازاپىنى تېزلا ئۇنتۇپ، يېڭى بىر يولنى تاللىدى، بەزىلىرى بولسا، ئازاپ ئىچىدە ئۆمتسىزلىنىپ، تېڭىرقاپ، ئۆتكەن ئىشلار ئەسلىمىسىدىن زادىلا قۇتۇلۇپ چىقالمىدى. ئالىمان ئەنە شۇنداق، ئۇ بېشىغا چۈشكەن بەختسىزلىككە كۆنەلمىدى، بۇرۇنقى ئىشلارنى ئۇنتۇپ كېتەلمىدى. بۇ يەردە مېنىڭمۇ چوڭ، كەچۈرگۈسىز ئەيىۋىم بار. ھە، بۇنىڭغا كەلگەندە بوشلۇق قىلدىم، ئۆزەمنىڭ كۆڭلى يۇمشاقلىغىنى تۇگمتەلمدىم...

ئەتىيازدا ئەتىردىمىز ئالدىمىزدىكى باش ئېرىقنىڭ چېپىغىغا چۈشتى. مەنمۇ شۇ يەردە ئىدىم. بىر كۈنى كۈن پېتىشنىڭ ئالدىدا ئىشنى بالدۇرلا تۈگىتىپ قويدۇق-دە، كۆپچىلىك ئۆيلىرىگە قايتىشتى. مېنىڭ قوشچىلارنى يوقلاپ ئۆتكۈم كېلىپ، ئالىمانغا مېنى كۈتمەي كېتىۋېرىشنى ئېيتىپ قويدۇم. قوشچىلارنىڭ كەيپسى ئانچە يىراق ئەمەس ئىدى. كەلسەم ئۇلار كەچلىك غىزاسىنى يەۋېتىپتىكەن. بىر دەم پاراڭلاشقاندىن كېيىن، ئەمدى قايتاي دەپ يۇتۇمنى ئۈزەڭگىگە سېلىۋاتقىنىمدا ئالىماننى كۆرۈپ قالدىم. ئۇ ئۆيگە قايتماستىن شۇ يەردە يالغۇز قېپتۇ. گۈل تېرىپ يۈرگەن ئىكەن. گۈلنى ياخشى كۆرەتتى ئەمەسمۇ. ئاھ، شور پېشانە ئالىمان، گۈل سۆيگەن، گۈلدەك بولغان كېلىنىم! ئۇ قولىدىكى ئون تالچە قىزغالداقنى ئەركىلەپ سىلاپ، يۈزىگە يېقىپ، قانداقتۇر بىر خىل چوڭقۇر ئويغا چۆمگەندەك تۇراتتى. ئۇ ئاشۇ گۈللەرنى ئۆيگە ئېلىپ قايتماقچى

بولسا كېرەك. ئۇنى شۇ ھالەتتە كۆرۈپ، چېكەمگە ئىسسىق تەر يۈگۈردى. شۇ چاغدا ئۇنىڭ بىر چاغلاردا ئۇما ئۇرۇپ يۈرۈپ، مال قوراسى يېنىدا گۈلخەيرى تەرگەنلىكى ئېسىمگە چۈشتى. شۇ چاغدا ئۇ بېشىغا قىزىل ياغلىق چىگىپ، قولىغا ئاپپاق گۈلخەيرى تۇتۇپ تۇرغان ئەمەسمىدى، ھازىر بولسا بېشىغا قارا رومال ئارتىپ، قولىغا قىزىل گۈل ئالغان ئىدى، پەرق شۇنىڭدىلا ئىدى. بۇ ھالنى كۆرۈپ يۈرىگىم پىچاق بىلەن تىلغاندەك بولۇپ كەتتى! ئالمان بۇ چاغدا خىيالىغا چۆمگەن بېشىنى كۆتەردى-دە، ئەتراپىغا بىر نەزەر تاشلاپ قويۇپ، ئاندىن كېيىن ئاسمانغا تىكىلىپ، بىردىنىلا، بۇنى كىمگە بېرىمەن، دىگەندەك، كەچۈرگىن، يەر ئانام، سېنىڭ يۈزۈڭگە ئۇرغاندەك، ئاچچىغى بىلەن قولىدىكى گۈلنى تىتىپ-تىتىپ ئاتتى-دە، سەل جىمغاندىن كېيىن ئالىقىنى بىلەن يۈزىنى ئېتىپ، شۇ پېتىچە دۈم يىقىلدى، ئۇنىڭ غولى، بەدىنى توختىماي سىلكىنەتتى. مەيلى، يىغلىۋالسۇن، دەپ مەن ئۆزەمنى كەپىنىڭ ئارقىسىغا ئالدىم. شۇ مەھەل ئالمان يەنە ئىرغىپ تۇردى-دە، چوڭ يول تەرەپكە يۈگۈرۈپ كەتتى. مەن چۆچۈپ، ئاتقا مىندىم-دە، دەرھال ئۇنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ كەتتىم. مەن كېلىنىمنىڭ ئالمان-تالمان ئورنىدىن تۇرۇپلا يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن، بېشىغا قارا ياغلىق چىگىپ، قىزىل تۇس ئالغان يەردە يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلىقىدىن بەكمۇ قورققان ئىدىم.

— ئالمان، توختا! نىمە بولدى ساڭا؟ توختا، ئالمان! -دەپ توۋلىدىم مەن، لېكىن ئۇ توختىمىدى.

مەن بۇرۇن سامان يورغا يورغىلاپ ماڭغان چوڭ يولنىڭ بويىغا كەلگەندىلا ئۇنىڭغا يېتىشىۋالدىم.

www.uyghurkitap.com

— ئاپا! سىز ماڭا ھېچنېمە دېمەڭ. ئاپا، ھېچكەپ قىلماڭ ماڭا، گەپ قىلماڭ! — دەپ ئالىمان غولچىنى ئېچىپ يۈگۈرۈپ كەلدى-دە، ئاتىنىڭ يايلىغا چاڭگال سېلىپ، بېشىنى تىزىمغا قويۇپ ھۆكىرەپ يىغلاپ كەتتى. مەن نىمىمۇ دەيتتىم، يىغىسى بېسىلغىچە قاراپ تۇردۇم. بىر ھازادىن كېيىن بېشىنى كۆتىرىپ ماڭا قارىدى. ئاھ، شۇ چاغدىكى ئەھۋالىنى-يەي، ئۇنىڭ يۈزىدىن ئىسسىق ياش ئېقىپ، كۆزلىرى ئىششىپ كەتكەن ئىدى.

— قاراڭ ئاپا، — دېدى ئۇ خورسىنىپ، — قۇياش شۇنداق پارقىراپ تۇرسا، دالا شۇنداق گۈزەل تۇرسا، پايانسىز ئاسمان شۇنداق كۈلۈپ تۇرسا، قاسىم كەلمەيدۇ-ھە؟ ئەمدى ھېچقاچان كەلمەيدۇ-ھە؟

— ياق، كەلمەيدۇ، — دېدىم مەن.

ئالىمان چوڭقۇر خورسىنىۋالدى.

— كەچۈرۈڭ ئاپا، — دېدى ئۇ. — قاسىمنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ بېرىپ، بىللە ئۆلەي دېگەن ئىدىم.

شۇ چاغدا مەنمۇ ئۆزەمنى تۇتالماي يىغلىۋەتتىم، بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلالماي قالدىم. ئەگەر مەن سەگەك ئانا بولغان بولسام، يىراقنى كۆرەلەيدىغان ئانا بولغان بولسام، شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ يۈزىگە قارىماي تۇرۇپ: "بۇ سېنىڭ نېمە قىلغىنىڭ، سەن سەبىي بالىمۇ؟ بۇنىڭدىن كېيىن ساڭا ھايات كېرەك ئەمەسمۇ؟ ساڭا ئوخشاش تۇل كېلىنلەر ئازمۇ، ساڭا جىق دەرت-ئەلەملەر كېلىدۇ تېخى. سەۋرى قىل، مېنىڭ گېپىم ساڭا قانچىلىك غەيرى تۇيۇلمىسۇن، بولدى، ئەمدى ئاستا-ئاستا قاسىمنى ئۇنتۇغىن. ھەرقانچە قىلساڭمۇ بولار ئىش بولدى. سەنمۇ كۆڭۈلدىكىدەك بىر كىشىنى تاپىسەن — چوقۇم شۇنداق بولىدۇ. ئۆزەڭنى تۇتۇۋالالمىساڭ، تېخىمۇ تۈگەشكىنىڭ.

ئۆزەڭنى ئايا، سەن تېخى ياش، ئۇبدان ياشىشىڭ كېرەك“ دىمەي-
مەنمۇ. ئەمما شۇنداق دىيەلمىگەن ئىدىم، ھەقىقەت بولسىمۇ سوغاق
گەپ يامان ئىكەن، شۇنداق دىيەلمىگىنىمگە ھازىرغىچە ئۆكۈنىمەن.
كېيىنمۇ نەچچە مەرتەم كېزى كەلگەندە تىلىمنىڭ ئۇچىدا تۇرسىمۇ
تارتىنىپ ئېيتالمىدىم. قارشىلىق كۆرسىتىشكە بولمايدىغان بىر خىل
كۈچ مېنى توساپ تۇراتتى. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئالىمانىڭ ئۆزىمۇ
مېنىڭ مۇنداق گەپلىرىمنى ئاڭلاشنى خالىمايتتى. قىسقىسى گەپنىڭمۇ
تۆمۈردەك قىزىق پەيتى بولىدىكەن، پەيتى ئۆتسە، ئاستا-ئاستا
سوۋۇپ، ئاستا-ئاستا قېتىپ، ئېيتىش ئاستا-ئاستا قىيىنلىشىپ، كونا
دەرت-ئەلەم زورىيىپ كېتىدىكەن، ئۇنىڭدىن قۇتۇلماقمۇ تەس
بولۇپ كېتىدىكەن. بۇ گەپنى مانا ئەمدى، زامان تېچلىنىپ، ئارىدىن
ئۇزاق ۋاقىتلار ئۆتكەندىن كېيىن ئېيتىۋاتىمەن. ئۇ چاغلاردا بولسا
كۈن بويى كولخوزنىڭ پۈتمەس-تۈگىمەس ئىشلىرى بىلەن بەنت
بولۇپ، ھېچقانداق ئىشنى ياخشىراق، پۇختىراق ئويلىيالمايتتۇق.
بارلىق ئۈمىت، پۈتكۈل ئوي-خىيالىمىز بىرلا — تېزرەك غەلىبە
قازانساقكەن، ئۇرۇش پاتراق تۈگىسىكەن دىگەندىنلا ئىبارەت ئىدى،
قالغان ئوي-پىكىرنىڭ ھەممىسىنى ئارقىغا تاشلىغانمىز. ئۇ چاغلاردا
مەن ئۇرۇش تۈگىسىلا ھەممە ئىش ئۆز ئۆزىدىن يولغا چۈشۈپ
كېتىدۇ، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بابا ئىش تامامەن ئۇنداقمۇ
ئەمەسكەن...

## 8

يەر ئانام، ئېيتقىنا، سۇۋانقۇلغا، قاسىمغا ئوخشاش ئەزىمەتلەر

قۇربان بولغان چاغدا يەر-ئاسماننىڭ رەڭگى ئۆزگىرىپ، تاغلار ئۆرۈلۈپ، كۆللەر قۇرۇپ كەتسە بولماسمىدى! سۇۋانقۇل بىلەن قاسىم ئاتا-بالا ئىككىسى بۈيۈك دىخانلاردىن ئىدى! قەدىمدىن تارتىپ دۇنيانى مۇشۇنداق كىشىلەر تىرەپ تۇرغان ئەمەسمىدى: ئەلنى تويغۇزغانلارمۇ شۇلار، دۈشمەن كەلگەندە قولىغا قورال ئېلىپ، ۋەتەننى قوغداپ قان تۆككەنلەرمۇ شۇلار. ئۇرۇش بولمىغان بولسا، سۇۋانقۇل بىلەن قاسىملار يەنە قانچىلىغان ئىشلارنى قىلاتتى-ھە! ئۆزلىرىنىڭ ئەمگەك مېۋىسىنى قانچىلىغان كىشىگە تەقدىم قىلاتتى-ھە! قانچىلىك يەر تېرىپ، قانچىلىك ئاشلىق ئالاتتى-ھە! ئەمگىكى بىلەن باشقىلارنىڭ مىڭلارچە رەھمەت-ھەشقاللىسىغا ئېرىشكەن بولارنىڭ ئۆزلىرى يەنە قانچىلىك خوشال-خورام تۇرمۇش كەچۈرەتتى-ھە! ئېيتقىنا ماڭا، يەر ئانا، ئېيتقىنا ماڭا ھەقىقەتنى: كىشىلەر ئۇرۇش قىلماي ياشىسا بولمامدۇ؟

— قىيىن سوئال بەردىڭغۇ، تولغاناي. مەن بىلگىنىمدىن بېرى، ئادەم ئادەم بولۇپ يارىتىلغاندىن بېرى ئۇرۇشقىنى ئۇرۇشقان. بەزى ئۇرۇشلاردا مۇتلەق قىرىلىپ، نامۇ-نىشانسىز كەتكەن ئەللەرمۇ بولغان، كۆلى كۆككە سورۇلۇپ، تىرىك جان قالماي، خانىۋەيران بولغان شەھەرلەرمۇ بولغان. نەچچە ئەسىرلەر ئادەمزات ئىزىغا زار بولۇپ، قۇپ-قۇرۇق ياتقان ۋاقىتلىرىممۇ بولغان. ھەر قېتىم ئۇرۇش چىققاندا، گەپ ئۇقىدىغانلارغا: ”ئۇرۇشماڭلار، قان تۆكمەڭلار!“ دەپ كەلدىم. ھازىرمۇ ئېيتىدىغان سۆزۈم شۇ: ”ھەي ئادەملەر، دۇنيانىڭ ھەممە يېرىدە ياشىغۇچى ئادەملەر، سىلەرگە نىمە كېرەك، يەرمۇ؟ مانا مەن يەر، بىچارە ئادەم بالىسىغا يېتىمەن، مېنى تالىشىشىڭلارنىڭ كېرىگى يوق، ماڭا ئىناقلىق كېرەك! ئەمگەك كېرەك! ھەيدەپ

www.uyghurkitap.com

ئازراق ئۇرۇق چاچساڭلار، سىلەرگە دۆۋە-دۆۋە ئاشلىق بېرىمەن. جىرىم تىكىپ قويساڭلار، چىنار قىلىپ بېرىمەن. باغ قىلىپ قويساڭلار، مېۋە بېرىمەن. مال باقساڭلار، ئوتلاق بولۇپ بېرىمەن. ئۆي سالساڭلار، تام بولۇپ بېرىمەن. ئۇرۇق-ئەۋلاتلىرىڭلار كۆپەيسە، سىلەرگە چىرايلىق قورا-جاي بولۇپ بېرىمەن. مەن تۈگمەيمەن، مەن خەسىس ئەمەسمەن، مەن پۈتمەس-تۈگمەس كانمەن، مەن ھەممىڭلارغا تەڭ يېتىمەن!" دەيمەن. سەن ئەمدى، تولغاناي، ئادەم بالىسىنىڭ ئۇرۇش قىلماي تىنچ ياشىشى مۇمكىن ئەمەسمۇ، دەپ سوراۋاتىسەن. بۇ مېنىڭدىن ئەمەس، سىلەردىن — ئادەمزاتتىن، ئىرادە ۋە ئەقىل-ئىدرىكىڭلاردىن.

— ئويلاپ باققىنا، قەدىردان دالام، سېنىڭ ئەڭ جەسۇر ئەمگەكچىلىرىڭ، ئەڭ مۇنەۋۋەر ئۇستىلىرىڭنىڭ ھەممىسى ئۇرۇشتا قىرىلىپ تۈگىدىغۇ! مەن بولسام بۇنداق ئىشنى ياقتۇرمايمەن، جان-تېنىم بىلەن ياقتۇرمايمەن! كىشىلەر ئۇرۇشنىڭ يوللىرىنى توسۇۋېتەلەيدۇ ۋە توساپ تاشلىشى كېرەك.

— مېنى ئۇرۇشنىڭ زەخمىتىنى تارتمايدۇ دەمسەن، تولغاناي؟ ياق، مەن قاتتىق ئازاپلىنىمەن. مەن بۇ دىخانلارنى بەكمۇ سېغىنىمەن، بالىلىرىمنى — بۇ دىخانلارنى مەڭگۈ ياد ئېتىمەن، لېكىن مەن سۇۋانقۇل، قاسىم، جايناقنى ۋە قۇربان بولۇپ كەتكەن بارلىق جەڭچىلەرنى مەڭگۈ قايتۇرۇپ كېلەلمەيمەن. يەر ۋاقتىدا ھەيدەلمەي، زىرائەتلەر ۋاقتىدا سۇغۇرۇلماي، خامان ۋاقتىدا ئېلىنماي قالغان چاغلاردا، مەن ئۇلارنى: "كېلىڭلار، پالۋان بىلەن دىخانلىرىم، كېلىڭلار، بالىلىرىم، تېزرەك تۇرۇپ كېلىڭلار، قۇرۇپ كېتىۋاتىمەن!" دەپ چاقىرىمەن. شۇ چاغدا كەتمىنىنى كۆتىرىپ سۇۋانقۇل كەلسە،

قاسىم كومبايىنىنى ھەيدەپ ئومىغا چۈشسە، خامانغا ھارۋىسىنى ھەيدەپ جايىناق كەلسە قانداق ياخشى ئىدى-ھە! بىراق جاۋاپ يوق...

— سەنمۇ ماڭا ئوخشاش باغرى قان-زەرداپ بىلەن تولغانلاردىن ئىكەنسەن، غەمخور دالام، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش سېغىنىدىكەنسەن، سەنمۇ ماڭا ئوخشاش يوقلايدىكەنسەن. رەھمەت ساڭا، جان-جىگىرىم يەر!

## 9

ئۇرۇشنىڭ ئۈچىنچى ۋە تۆتىنچى يىلىغا بارغاندا كىشىلەر ھەم شاتلاندى، ھەم قايغۇردى: دۈشمەننى قەدەممۇ-قەدەم چېكىندۇردۇق، بۇنىڭغا ئىچ-ئىچىمىزدىن خوشال بولاتتۇق، لېكىن تۇرمۇشىمىز بارغانسېرى ئوساللىشىپ بارماقتا ئىدى. كۆزدىغۇ بىر ئامالىنى قىلاتتۇق: كىشىلەر ئېتىزلاردا باش تېرەتتى، كۆكتاتلىقىدىن ئاز-تولا ياكيۇ ئالاتتى، لېكىن قىشنىڭ ئوتتۇرىلىرىدىن باشلاپ ئاچار-چىلىق بولۇشقا باشلىدى. بولۇپمۇ ئەتىيازدا ۋە يازنىڭ سېرىقتال ۋاقتىدا ئەھۋال خېلى ئېغىرلاشتى. بەزىلەر كۈننى ئاران-ئاران ئۆتكۈزەتتى، يەيدىغىنى ئوت-چۆپلەرنىڭ يىلتىزى ۋە كۆك ئوت، ئىچىدىغىنى ئانچە-مۇنچە سۈت ئارىلاشتۇرۇلغان قايناقسۇ ئىدى. ئالىمان ئىككىمىز ئىشقا چىقاتتۇق، پېشىمىزدىن تارتىدىغان بالا يوق ئىدى. بالا بولۇپ پېشىمىزدىن تارتىسىچۇ! بالىلىق ئائىلىلەردە قوساقلىرى پومپايغان، يۈزلىرى ئىششىغان بالىلار ساڭا قاراپ، بىر بۇردا نان بەرسەڭ دەپ ئۈن-تىنسىز قولىنى سۇنغىنىدا، چىداپ

تۇرالماي كېتەتتىڭ. ئەگەر كىشىلەر ماڭا: "سەنمۇ ئالدىنقى سەپكە بېرىپ جەڭ قىلىپ ئۆلسەڭ، ئۇرۇش ئاخىرلىشاتتى. باللارنىڭ قوسغى توياتتى" دىسە، مەن قىلچە شۈبھىلەنمەستىن ئالدىنقى سەپكە ئاتلىناتتىم.

مەن ئېچىرقاپ تۇرغان باللارنىڭ كۆزىنى كورمىسەملا، شۇكۇر قىلاتتىم. بىر كۈنى مەن بۇ ئويۇمنى ئالىمانغا ئېيتسام، ئۇ ماڭا قاراپ قويۇپ جاۋاپ بەردى:

— مەنمۇ شۇنداق قىلغان بولاتتىم. ھەممىدىن يامىنى باللار نىمە ئۈچۈن ئاچلىققا چىداشلىق بېرىش كېرەكلىكىنى بىلمەيدۇ-دە. چوڭلارغۇ ئۆزىگە تەسەللى بېرىپ، ئاچارچىلىقنىڭ سەۋەپلىرىنى چۈشىنىپ، بۇ كۈنلەرنىڭ ھامان ئۆتۈپ كېتىدىغانلىغىنى بىلىدۇ. باللار بۇنى بىلمەيدۇ-دە. ئۇلارنىڭ دادىلىرى ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگىچە، ئۇلارنى ئاشلىق بىلەن تەمىنلىشىمىز لازىم. سىز بىلەن مەن مۇشۇ ئىش ئۈچۈنلا بۇ دۇنيادا قالغانمىز، ئاپا. ئۇنداق بولمىغاندا تىرىك يۈرۈشنىڭ نىمە ئەھمىيتى بولسۇن...

ھەممە ئىش بىر پۈتۈن ھالدا ئۇرۇشقىلا مەنسۇپ بولۇپ كەتتى: ھايات دەمسىز، ئەمگەك دەمسىز، ئىرادە دەمسىز، ھەتتا باللارنىڭ تامىغى — ھەممىسى تاكى ئاخىرقى بىر بۇردا نانغىچە پۈتۈنلەي ئۇرۇشنىڭ بالاخور قارنىغا كىرىپ كەتتى. لېكىن ئۇرۇشقا ھېچنىمەسىنى ئاتىغۇسى كەلمەيدىغان كىشىلەرمۇ بولدى، بۇنداق كىشىلەرنىچۇ، يوشۇرۇشنىڭ نىمە ھاجىتى بار. ئۇلار ھەتتا نېنىمىزدىن بىر پارچىنى ئېلىپ كەتتى.

بىر مەھەل مەن تېڭىرقاپ قالدىم. بۇ ۋەقە قىرىق ئۈچىنچى يىلى قىش پەسلىنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا، ئوتتۇرىلىرى بولمىسا ئاخىرلىرىدا

يۈز بەرگەن ئىدى. ئىش قىلىپ كەڭ دالىدا تاپ ـ تاقىر يەرلەر قارىيىپ قالغان بولسىمۇ، لېكىن دەرىزىلەردە كېچىسى مۇز توڭلاپ قالاتتى.

تۈنىنىڭ قايسى ۋاقتىلىرىكىن ـــ كۆپچىلىك ئاللىقاچان ئۇيقۇغا كەتكەن ـــ كىمدۇر بىرى ئۇشتۇمتۇت دەرىزىنى چېقىۋەتكىدەك قاتتىق چەكتى.

ـــ تولغاناي! تۇر ئورنىڭدىن! ئويغان!

بىر چۆچۈپ كەتتۇق، ئالىمان ئىككىمىز سەكرەپ ئورنىمىزدىن تۇرۇپ كەتتۇق.

ـــ ئاپا! ـــ دېدى ئالىمان قاراڭغۇدا بىر خىل غەلىتە ھادىسىنى كۆرگەندەك پەس ئاۋاز بىلەن.

ئېھ! ئالۋۇندەك دائىم خىيالىدىن كەتمەيدىغان ئۈمىت شۇ چاغدا مېنىڭ قەلبىمگىمۇ بىر ئۇچقۇن تاشلاپ، مېنى ھەم چۆچۈتكەن، ھەم خوشال قىلغان ئىدى: "بىزنىڭ ئۆيىدىن كەتكەنلەردىن بىرەرسى قايتىپ كەلدىمۇ ـ نېمە؟" دېگەن ئوي خىيالىمغا كەلمەسمۇ! شۇنىڭ بىلەن يۈزۈمنى دەرىزىگە ياقتىم:

ـــ كىمسەن! سەن كىم؟

ـــ بۇ ياققا چىق، تولغاناي! چاققانراق بول، ئاتخانىغا ئوغرى كىرىپتۇ! ـــ دېگەن جاۋاپ كەلدى دەرىزە سىرتىدىن.

ئالىمان چىراق يېقىۋاتقاندا مەن ئىشتىك ئۆتۈكۈمنى كېيىپ، چاپىنىمنى يېپىنچاقلاپ سىرتقا ئۆزەمنى ئاتتىم. يۈگۈرۈپ ئاتخانىغا كەلسەك، كولخوز رەئىسى بىلەن يەنە بىر نەچچەيلەن شۇ يەردە ئىكەن. بايا بىرنەچچە ئوغرى ھېلىقى سامان يورغا بىلەن قوشۇپ يەنە ئىككى ئاتنى (بىز سامان يورغىنى كولخوزغا تاپشۇرۇۋەتكەن

ئىدۇق) ئوغرىلاپ كېتىپتۇ. بۇلار ئەترىدىمىزدە يەر ھەيدەش ئۈچۈن تەييارلانغان ئەڭ ياخشى ئاتلار ئىدى. ئاتباقارنىڭ ئېيتىشىچە، يېرىم كېچىدە ئاتلارغا ئوت سېلىش ئۈچۈن ئاتخانىغا كەلگەندە ئاتخانا قاپ-قاراڭغۇ تۇرۇپتۇ، چىراقلارمۇ ئۆچۈپ قېپتۇ. ئۇ چىراقنى شامال ئۆچۈرۈپ قويغان ئوخشايدۇ دەپ ئويلاپ چىراق يېقىشقا ئالدىرىماپتۇ، سەپسېلىپ قارىسا چەتتىكى ئۈچ ئوقۇردا ئات يوق تۇرغۇدەك.

ئۇ چاغلاردا قوشقا سالىدىغان ئۈچ ئاتنىڭ يوقىلىشى ئون تىراكتورنىڭ يوقالغىنىغا باراۋەر ئىدى. چوڭقۇرراق قىلىپ ئېيتقاندا، بۇ ھادىسە ئالدىنقى سەپتىكى ھەر بىر جەڭچىنىڭ قولىدىن بىر بۇردىدىن ناننى تارتىۋالغانغا باراۋەر ئەمەسمىدى. ھەممىمىز ئاتلىنىپ، بەزىلەر ئوقلانغان مىلتىقلىرىنى ئېلىپ قوغلاپ كەتتۇق. بۇ ئوغرىلارغا يېتىشىۋالىدىغان بولساق ئۇلارغا ھەرگىز ئىچ ئاغرىتمايتتۇق. خۇدا ھەققى ئۇلارنى ساق قويمايتتۇق!

ئايلىنىڭ سىرتىغا چىقىپ بىرنەچچەيلەن بىر گۇرۇپپا بولۇپ ھەر تەرەپكە قاراپ ئىزدەپ ماڭدۇق. مېنىڭ مىنگىنىم نەسىللىك ئايغىر ئىدى، چاپىمەن دەپ تۇراتتى. مەن تىزگىنىنى قويۇۋەتتىم. جانىۋار، قامچا تەككۈزمەي، چوڭ يولدىن ئۆتۈپ، مېنى تاغ تەرەپكە ئېلىپ ماڭدى. يەنە ئىككىيلەن ئارقامدىن ماڭدى. بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن ئارقامغا قارىسام ئۇلار باشقا تەرەپكە كېتىپ قالغانمۇ، كۆرۈنمەي قالدى. بۇنداق چاغلاردا ئېزىپ كېتىش ھەيران قالارلىق ئىش ئەمەس ئىدى، چۈنكى ئاي چىققان بولسىمۇ، لېكىن ئۇنىڭ غۇۋا نۇرىدا يىگىرمە قەدەم نېرىدىكى نەرسە قاپ-قاراڭغۇ بولۇپ كۆرۈنەتتى. لېكىن ئۇ چاغدا مەن بۇنى ئويلىماي، قانداق قىلىپ

ئوغرىلارغا يېتىشۋالارمەن دىگەننىلا ئويلايتتىم! ئەپسۇسكى، ئاتنىڭ مېنى قەيەرگە ئېلىپ كەلگەنلىگىگە دىققەت قىلماپتىمەن، ئات بىردىنلا توختىدى، قارىسام ئالدىمدا چوڭقۇر يار — تاغ ئىتىكىگە كېلىپ قېپتىمەن. قارىيىپ كۆرۈنگەن دۆڭلەرنىڭ ئۈستىدە تولۇن ئاي ئاستا مىدىرلاپ، يۇلتۇزلار جىمىرلاپ، ئاسمان پارقىراپ تۇراتتى. تۆت ئەتراپتا ھېچقانداق چىراق يورۇغى كۆرۈنمەيتتى. ئاستا چىقىپ تۇرغان شامال يەرنى يالاپ، قۇرۇپ قاخشال بولۇپ قالغان قورايلارنىڭ قەددىنى پۈكۈپ، ئاستا پۈشتەك چالاتتى. قەدىمىي قەۋرىستانلىقتا مۆشۈك ياپىلاقلارنىڭ ئۈنى ئاڭلىنىپ تۇراتتى.

مەن ئاتنى دېۋىتىپ يارلىققا چۈشتۈم، ئەتىراپ جىمجىت. بىر تۈلكە ئۈركۈپ، چىغ تۈۋىدىن چىقتى-دە، ئاينىڭ غۇۋا يورۇغىدا كۆلرەڭ بولۇپ چېپىپ كەتتى.

مەن ئايلىغا قايتتىم. يارلىقنى بويلاپ كېلىۋېتىپ ئېسىمگە چۈشتى: جېكشەنقۇل دىگەن بىرەيلەن ئەسكەرلىكتىن قېچىپ كېتىپتۇ ئىمىش، يېنىدا ئىككى ھەمرىيىمۇ بار ئىكەن، ئۇلار سارىق يايىقتىن كېتىپتۇ ئىمىش ۋە تاغدا يوشۇرۇنۇپ يۈرەر ئىمىش. دىگەن گەپلەر تارالغاندا، مەن ئۇنىڭغا ئانچە ئىشەنمىگەن ئىدىم. ئادەملەر ئۇرۇشتا ئوت ئىچىدە جان ئېلىپ، جان بېرىپ كۈرەش قىلىۋاتسا، قانداق قىلىپ ئۇلار بۇ يەردە ئۆز بېشىنى ئېلىپ قېچىپ، يوشۇرۇنۇپ يۈرسۇن؟ بۇنداق يۈزى قارىلار بولماس، دەپ ئويلاپتىكەنمەن. بىراق مەن بىردىنلا بۇنىڭدىن شۈبھىلىنىپ قالدىم. ئايلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى بەش قولدەك بىلىمىز. ئۇلاردىن ئات ئوغرىلىغۇدەكلەر چىقمايدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئات دىگەن ياقىغا قىستۇرۇپ قويسا بولغۇدەك بىر تال يىڭنە ئەمەس. يەنە كېلىپ بىر يولىلا ئۈچ ئاتنى ئوغرىلاپ كەتكەن تۇرسا.



www.uyghurkitap.com

ئەھۋالدىن قارىغاندا بۇ ئوغرىلار باشقا بىر ياقتىن كەلگەن بولسا كېرەك. بۇ ئوغرىلار چوقۇم ئاچ بۆرىلەردەك تاغ ئارىلىرىدا ياكى يايلاقتا چېپىپ يۈرگەن بىرنېمىلەر. ئەگەر جېكشەنقۇل راست ئەسكەرلىكتىن قېچىپ كەلگەن بولسا، بۇنى شۇ قىلغان، دەپ ئويلىدىم مەن. لېكىن ئېنىق بىرنېمە دېيەلمەيتتىم. چۈنكى ئوغرىنى كۆز بىلەن كۆرگىنىم، قول بىلەن تۇتۇۋالغىنىم يوق.

بۇ ئۈچ ئات قوش چىشلىق سوقىغا قېتىلىدىغان ئاتلار ئىدى. ئامالسىزلىقتىن، سوقىنى رېمونت قىلىپ، تۆت غۇنانىنى كۆندۈرۈپ، سوقىغا قاتتۇق. بىچارە، نېمە ئامالىمىز بار. ئۇرۇق چاچىدىغان ۋاقىت كېلىپ قالغان تۇرسا، ھېچقانداق ئىشنى كۈتۈپ تۇرۇشقا بولمايتتى-دە، ئوغرى ئۇ ياقتا تۇرسۇن، خۇدانىمۇ ئۇنتۇپ كېتىدىغان ۋاقىت باشلاندى. ھاياتىمدا ئەڭ مۇشەققەتلىك كۆكلەم شۇ چاغدا بولدى. ئەلدە نېمە بولاتتى — ئەلدە گۇنا يوق. ئىشلىسەك دەيدۇ، يەنە كېلىپ غەيرەت بىلەن ئىشلەيدۇ، لېكىن قوساقتا بىرنېمە بولمىغاچقا ھېچقانچە ئىش قىلالمايتتى. بۇرۇن كىشىلەر بىر كۈندە پۈتتۈرىدىغان ئىشنى بىر ھەپتىدە ئاران پۈتتۈرەتتى. ئىشقا دەخلى يەتكىلى، تېرىقچىلىق ۋاقتى ئۇزىراپ كەتكىلى تۇردى. ئۇنىڭ ئۈستىگە كولخوزدا ئۇرۇقلۇقمۇ يېتىشمەيتتى. ساڭدا بار-يوقىنى سېرىپ-سۈپۈرۈپ، ھەر بىر دانىنى بىر تالدىن تېرىۋېلىپ، ئەترەتنىڭ پىلانىنى تەسلىكتە ئورۇنلىدۇق.

شۇ كۈنلەردە تۇرمۇشىمىز توغرىلىق بەك باش قاتۇردۇم. ئەمگەك كۈنىگە ھېچ نەرسە ئالالمىسا، يېيىشكە نېنى بولمىسا، نېمە قىلغۇلۇق، سەرگەردان بولۇپ ياقا يۇرتلارغا چىقىپ كېتىش كېرەكمۇ؟ ياق، بۇنداق بولسا ھەممە ئىش تۈگەيدۇ. لېكىن قانداق ياشاش

www.uyghurkitap.com

كېرەك؟ كۆپ بولسا كۈزگىچە چىدارمىز، مۈشكۈل قىشنىمۇ چىقىرالمىز، لېكىن شۇنىڭدىن كېيىن كېلىدىغىنى ئەتىيازغۇ، ئۇ چاغدا يەنىلا يېرىم ئاچ-يېرىم توق ئۆتىدىغان، كۈندىن-كۈنگە ئاجىزلاپ كېتىۋاتقان كىشىلەرنى ئىشقا چىقىشقا زورلىماي ئىلاج يوق-تە. ئىشلىمىسە بولمايدۇ-دە.

مەن ئۇ يان ئۆيلاپ-بۇ يان ئۆيلاپ، كېچىلىرى كۆزۈم ئۇيقۇغا بارماي، ئاخىر بىردىنلا كاللامغا بىر خىيال كەلدى: ئايلىنىڭ سىرتىدا بىكار ياتقان كىچىكرەك بىر پارچە يەرنى تولۇق ھەيدەپ تېرىۋەتسەك، چىققان ئاشلىقنى ئائىلىلەر بويىچە بۆلۈپ بەرسەك، دەپ ئويلىدىم. مەن كولخوز رەئىسى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بۇ پىكرىمنى رايونغا قەدەر ئېيتتىم، چۈشەندۈردۈم، دۆلەتنىڭ پىلانىنى چوقۇم ئورۇنلايمىز، بۇنىسى پىلانىنىڭ سىرتىدا بولىدۇ، كۆپچىلىك كۈچ چىقىرىدۇ، مەھسۇلات پۈتۈنلەي ھەرقايسى ئائىلىلەرگە ئەمگەك كۈنگە قاراپ تەقسىم قىلىپ بېرىلىدۇ، مۇشۇ يول بىلەن كۆپچىلىكنىڭ قىيىن ئۆتكەلدىن ئۆتۈۋېلىشىغا ياردەم بەرمەكچىمىز، دىدىم. ئۈستەل يېنىدا ئولتۇرغان بىرەيلەن ئوپۇل-توپۇل مېنى ئەيىپلەپ كەتتى: ”ھە، سىز ستالىننىڭ كولخوز نىزامنامىسىنى بۇزماقچىمۇ؟“

— كۆتەر بۇنداق نىزامنامىگىنى! ئەگەر بىز ئاچلىقتىن ئۆلەر ھالەتكە يەتسەك، سىلەرنى كىم باقىدۇ! — دىدىم مەن ئاچچىغىمغا چىدىماي.

— بىلەمسىز، — دىدى ئۇ، — نىمىشقا ماكار موزاينى قوغلىمايدۇ؟

— بىلىمەن. ئەگەر ئۇ ئاشۇ سەۋەپتىن يېنىكلەپ قالىدىغان بولسا، سىلەر شۇنداق قىلىۋېرىڭلار. بىراق سىلەر باشتىن ئوبدانراق ئويلاپ بېقىڭلار، بىز ئىشقا يارىماي قالساق، كىم ئالدىنقى سەپتىكى

جەڭچىلەرگە نان يەتكۈزۈپ بېرىدۇ؟

كۆپچىلىك غۇلغۇلا قىلىشىپ، بىر هازادىن كېيىن ئۇپۇر-تۇپۇر بولۇپ رايونلۇق ئىجرائىيە كومىتېتقا باردۇق. قىسقىسى ئۇلار تەستىقلەشتى ۋە شەخسلەر ئۆزلىرى مەسئۇل بولىدۇ، دېدى. گەپ كىمنىڭ مەسئۇل بولىدىغانلىقىدا ئەمەس، بەلكى ئۇرۇقلۇقتا بولۇپ قالدى. كولخوز قۇپ-قۇرۇق بولۇپ قالغان، ھەممە ئۇرۇقلۇق چېچىلىپ بولغان ئىدى. ئۇ يان ئويلاپ-بۇ يان ئويلاپ، ئاخىرى ئەترەت بويىچە قېرى-چۈرى، چوڭ-كىچىك ھەممىنى يىغىپ يىغىن ئاچتىم. بۇ يىغىن يىغىن بولماي، ئائىلە كېڭەشىدەك بىر نىمە بولدى.

— قېنى، ئويلاپ كۆرۈڭلار، قانداق قىلساق بولار؟ — دېدىم مەن. — چېچىلغان ئۇرۇقلۇقتىن ئۈمىت كۈتمەڭلار. سىلەرگە مەلۇم، ئۇنىڭ ھەممىسى ئالدىنقى سەپ ئۈچۈن تېرىلغان، قالدىغىنىمۇ ئۇرۇقلۇققا ئېلىپ قويۇلىدۇ. ئەگەر ئۇرۇقلۇق تاپالىساق، ئاشلىق تېرىپ، ئالغان ھوسۇلنى كۆپ بالىلىق ئائىلىلەرگە، قېرى-چۈرى، يېتىم-يېسىرلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىمىز. ماڭا ئىشىنىڭلار، بۇ يۈكنى مەن چوقۇم ئۈستۈمگە ئالىمەن. ھەر بىرىڭلارنىڭ ئاستىدىكى ۋە ئوراڭلارنىڭ تېگىدىكى ئاشۇ كىچىككىنە قىممەتلىك ئاشلىغىڭلارنى ئۇرۇقلۇققا بەرسەڭلارلا بولىدى، گەپ مانا مۇشۇ يەردە. مېنىڭدىن رەنجىمەڭلار — ئاغزىمىزدا چايناپ تۇرغان ناندىن ئازراق بولسىمۇ تېجەيلى، ئاچ قالساقمۇ چىدايلى — بىز سۈت، قېتىق ئىچىپ بولسىمۇ ئوما ۋاقتىغا ئۇلىشىۋالساقلا، بىز يەرگە چاچقان ھەر بىر تال ئۇرۇق بىزنى مول ئاشلىق بىلەن مۇكاپاتلايدۇ. غەيرەت قىلىڭلار، تۇققانلىرىم، چىشىڭلارنى چىڭ چىشلەپ ئۆتۈڭلار، ئۆزەڭلار ئۈچۈن،

بالا ـ ۋاقىلىرىڭلار ئۆچـۈن باتۇرلۇق بىلەن بۇ ئىشـنى ئۈستۈڭلەرگە ئېلىڭلار، ئاياپ ئولتۇرماڭلار. ئانىلىق ھۆرمىتى بىلەن مېنىڭ گېپىمگە ئىشىنىڭلار. ۋاقىتنى غەنىمەت بىلىپ ئۇرۇق چېچىۋالايلى، كۆپچىلىك ماڭا ياردەم بېرىڭلار...

ئادەملەر يىغىـندا خوپ دېگـىنى بىلەن ئىـش باشلانـغاندا بەك قىيىن بولدى، قورقۇنچـلۇق بولدى دېـسەممۇ بولىدۇ. كۆپ بالىلىق ئانىلار ئۆيۈمـگە كېلىـپ دۇنيادىـكى ھەمـمە نەرسىنى ـــ ئۇرۇشنى، مۇنداق مۇشكۈل ھاياتـنى، بالـىلارنى، كولـخوزنى ۋە مېنى تىللاپ قاغاشقانلىرىدا ناھايـىتى قورقۇنچـلۇق ھـىس قىلـدىم. كىـشىلەرگە ناھايىتى قىيىن ئـىدى، شۇنـداق بولـسىمۇ ھەر بىر ئادەم قولـىدىن كېلىشىچە بەردى: بەزىلەر يېرىم پۇت، بەزىلەر بىر چاڭگال بولسىمۇ بەردى. خەقنىڭ ئەڭ ئاخىرقـى ئازغىنا ئاشلىقـىنى بېرىۋاتقانلىقىنى بىلىپ تۇرسامۇ ئېلىۋەردىم. كۆپچىلىكنىڭ بەرگەن ئاشلىقىنى يىغىپ تاغارغا سېلىۋەردـىم. ھارۋا بىلەن ئۆيمۇ ـ ئـۆي يۈرۈپ، بەزىلەرگە ياخشى گەپ قىلىپ، بەزـلەرگە يالۋۇرۇپ، بەزـىلەرگە يامان گەپ قىلىپ ھەتتا ئېيتىشىپ بولسىمۇ يىغدىم. پەقەت بىرلا ئىشتىن كۆڭلۈم ئىمىن ئىدى: كـۆزدە خەق ماڭـا رەھـمەت ئېيـتىدۇ، كـۆزدە بىر چاڭگال ئۇرۇقلۇق بىزگە بىر پۇت ئاشلىق بېرىدۇ.

خوشنام بىچارە ئايشە بىلەن ئېيتىشقان ئاشۇ ھالەتنى ئۆمۈرۋايەت ئەستىن چىقارمايمەن. ئېرىـدىن ۋاقىـتسىز بالـدۇر ئايرىلىپ (ئېرى زامانباي ئۇرۇشتىن ئىلگىرىلا قازا قىلىپ كەتـكەن)، غـەم ـ غۇسسە ئىچىدە قالغان ئايشە كېسەلـچان ئـىدى. سەل ـ پەل ياخـشى بولۇپ قالغان ۋاقىتلىرىدا ئىشـلەپ يالغـۇز ئوغـلى بېكـتاشنى بېـقىپ چوڭ قىلغان ئىدى. ئەمدىلىكتە ئۇ ئۆزىنىڭ كۆكتاتلىقىدا يېنىك ئىشلارنى

ئاران قىلاتتى. بىرلا سىيرى بار ئىدى، ئايشە مۇشۇ سىيرگە يۆلىنىپ ئوغلىنى بېقىپ چوڭ قىلغان. ھازىر بېكتاش كولخوزدا خېلى ياخشى ئىشلەيتتى. ئاشۇ كۈنى ئۇرۇقلۇق يىغىدىغان ھارۋىنى مەن بېكتاشقا ھەيدەتكۈزگەن ئىدىم. ئۇلارنىڭ ئۆيىنىڭ توغرىسىغا كەلگەندە مەن ئۇنىڭدىن سورىدىم:

— بېكتاش، سىلەرنىڭكىدە ئازراق بىرنىمە بارمۇ؟

— ئازراق بار، — دېدى يىگىت سەل دىلىغۇل بولۇپ، — مەشىنىڭ ئارقىسىدا، تۈۋرىدا.

— يۈگۈر، ئەمسە كىرىپ ئېچىق، — دېدىم مەن.

— ياق، تولىغاناي ئاپا، ئۆزىڭىز بېرىپ ئېلىڭ، — دېدى ئۇ يالۋۇرۇپ.

شۇ كۈنلەردە ئايشە ئۆيدە ئاغرىپ ياتاتتى. ئۆيگە كىرسەم، بېلىگە تۈۋت شالنى ئىسسىق ئوراپ كىگىزدە ئولتۇرغان ئىكەن.

— ئەل قاتارى بېرىدىغىنىڭنى بەرگىن، ئايشە، — دېدىم مەن.

— بار - يوقى ئاشۇ، — دېدى ئۇ تۈۋرىنى كۆرسىتىپ.

— قانچىلىك بار. سەن بەرسەڭ كۆرۈملۈككە بەرمەيسەن. ئۇرۇقلۇق قىلىمىز، يەرنى ھەيدەپ تەييار قىلىپ قويدۇق، ئۇرۇق چاچساقلا بولىدى. ۋاقتىنى ئۆتكۈزمە، ئايشە، — دېدىم مەن سۆيلەپ.

ئايشە كالپۇكىنى چىشلەپ، ئۈندىمەستىن بېشىنى سېلىپ ئولتۇراتتى. لەنىتى يوقچىلىغەي، ئادەمنى قانداق خارلايدۇ!

— ئايشە، ئويلاپ كۆرگىن، مۇشۇ ئون كۈن، ئون بەش كۈننى بىرنىمە قىلىپ ئاسانراق ئۆتكۈزەرسەن، لېكىن ئالدىمىزدا قىش بار، كېلەر يىلى ئەتىياز بار، بۇنى ئويلىماق كېرەك. بالاڭ ئۈچۈن سېنىڭدىن

تىلەيمەن، ئايشە. قارىغىنا ئەنە كوچىدا ھارۋىدا كۆمۈلۈپ ئۆلتۈرۈپتۇ.

ئايشە بېشىنى كۆتىرىپ يالغۇزغان قىياپەتتە ماڭا قارىدى.

— ئەگەر ئۇرۇقلۇق بولسا، مەن سېنىڭدىن ئايايتتىمۇ، تولغاناي. ئۆزەڭ كۆرۈپ تۇرۇپسەنغۇ، مەن مۇشۇنداق يېرىمجاندمەن، خوشنامسەنغۇ ئاخىر...

كۆڭلۈم ئېرىپ بوشىشىپ كەتتىم، بىراق كۆڭۈلچەكلىكنى شۇ زاماتلا ئىرغىتىپ تاشلىدىم.

— ھازىر مەن سېنىڭ خوشنالىڭ ئەمەس، ئەترەت باشلىقى مەن! — دىدىم مەن قىلچە يۈز-خاتىر قىلىپ ئولتۇرماي، — مەن خەلق نامىدىن سېنىڭ مۇشۇ كىچىككىنە ئاشلىقىڭنى ئېلىپ كېتىمەن! — مەن ئورنۇمدىن تۇرۇپ توۋرىنى قولۇمغا ئالدىم.

ئايشە ئۈندىمەستىن بېشىنى ئىككىنچى تەرەپكە بۇرىدى.

توۋرىدا ئالتە-يەتتە كىلوگىرامچە بۇغداي بار ئىكەن. ئېلىپ ماڭاي دەپ ئويلىدىمىيۇ، جۈرئەت قىلالمىدىم. يېرىمىسىنى بىر چولڭ تاۋاققا تۆكۈپ قويدۇم.

— قارا ئايشە، مەن يېرىمىنى ئالدىم. خاپا بولمىغىن، — دىدىم مەن ئۇنىڭغا.

ئۇ بېشىنى بۇراپ ماڭا قارىدى. قارىسام كۆز يېشى مەڭزىنى بويلاپ ئېقىۋاتقاندەك كېرىپتۇ. شۇ چاغدا ئاشۇ ئازغىنا بۇغداينى تاشلاپ كېتىۋەرسەم بولماسمىدى. ئۇرۇقلۇق يىغىش ئاقىۋىتىنىڭ بۇنداق بولۇشىنى كىم بىلىپتۇ. توۋرىنى ئالدىم-دە، ئۆيدىن ئوقتەك ئېتىلىپ چىقىپ كەتتىم.

ئىككى تاغار ئاشلىق يىغىپتۇق. بىز بۇ ئاشلىقنى تاسقاپ،

ئادالاپ، بىر-بىرلەپ دىگۈدەك تاللاپ چىقتۇق. ھەيدەپ قويغان يەرگە ئۆزەم بىللە ئېپبېرىشىپ بەردىم. شۇ كۈنى مەن بىر كۈن توختاپ تۇرسامۇ بوپتىكەن. تېرىلىپ بولمىغان يەنە بىر پارچە يەر بار ئىدى ئەمەسمۇ، لېكىن مەن ئالدىراپ كېتىپتىمەن، بۇ يەرنىمۇ دەرھال تېرىۋېتەيلى دەپتىمەن. تاڭ غۇۋا يورۇشى بىلەنلا قول بىلەن ئۇرۇق چاچايلى دەپتىمەن. ئۇرۇقمۇ، يەرمۇ تەق قىلىپ قويۇلغان، ھەممىسى كۆڭۈلدىكىدەك بولغان ئەمەسمىدى.

ئاخشىمى ئىشتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىنمۇ نىمە ئۈچۈندۇر كۆڭلۈم دەككە-دۈككە بولۇپ ئولتۇرالمىدىم. كۈندۈزى بېكتاش بىلەن يەنە بىر يىگىت تىرنىنى ھارۋا بىلەن ئېتىز بېشىغا ئېپبېرىپ قويغان ئىدى. قانداقلا بولمىسۇن، بالا دىگەن بالا-دە. ئۇلار مەن تاپىلىغان ئىشنى قىلغانمىدۇ، دەپ خاتىرجەم بولالمىغان ئىدىم. شۇ سەۋەپتىن ئالمانغا دىدىم:

— مەن بالىلارنىڭ قېشىغا بېرىپ كېلەي. نىمە قىلىۋاتىدىكىن ئۇلار.

مەن ئاتلىنىپ مېڭىپ كەتتىم.

گۈگۈم چۈشۈپ قالغان ۋاقىت ئىدى، ئايلىنىڭ سىرتىغا چىققاندىن كېيىن مەن ئاتنى چېپىشقا قويۇۋەتتىم. ئېتىز بېشىغا كېلىپ قارىسام، بىرنەچچە ئۆكۈز قوشقا قېتىلغىنى بويىچە، ھەيدەپ قويۇلغان يەردە تۇرۇپتۇ، يېنىدا ھېچكىم يوق. نىمىشقا شۇ كەمگىچە ئۆكۈزلەرنى قوشتىن چىقارمىدىكىنە، دەپ قوشچى بالىدىن خاپا بولدۇم. بۇ جۇۋاينىمەكلەر نەلەردە يۈرىدىغاندۇ، دەپ ئاچچىقلانغان ھالدا بېكتاشنى ئىزدىدىم، تىرنا ئېلىپ كەلگەن ھارۋىنىڭمۇ ئۆرۈلۈپ ياتقىنىنى كۆرۈپ ئەرۋايىم قىرىق گەز ئۇچتى. بۇ يەردىمۇ ئادەم كۆرۈنمەيتتى.

— ھەي، باللار، سلەر نەدە؟ — دەپ توۋلىدىم مەن.

ئادەم زاتى يوقتەك ھىچكىم جاۋاپ بەرمىدى. ئۇلار بىرەر بالا-قازاغا ئۇچرىدىمىكىنە؟ ئۇلار نەگە كەتتىكىنە؟ مىنىڭ تىنىم شۇۋلۇپ كۆنۈپ كەتتى. ئاتنى دىۋىتىپ كەپىنىڭ يىنىغا كىلىپ ئاتتىن چۈشتۇم-دە، سەرەڭگە يىقىپ قارىدىم. قارىسام باللار كەپىدە پۇت-قولى باغلانغان، ئاغزىغا ئەسكى لاتا تىقىلغان، كىيىملىرى يىرتىلغان، ئەزايى-بەدىنى قان بولغان ھالدا يىتىپتۇ. ئۇلارنى خەقنىڭ ئۇرۇپ كەتكىنى ئىنىق ئىدى. مەن دەرھال بىكتاشىنىڭ ئاغزىدىكى لاتىنى ئالدىم:

— ئۇرۇقلۇقچۇ؟ ئۇرۇقلۇق قىنى؟ — قاتتىق توۋلىغانلىغىمدىن ئاۋازىممۇ ئۆزگىرىپ كىتىپتۇ.

— ئۇلار بۇلاپ كەتتى! بىزنى قاتتىق ئۇردى! — دىدى ئۇ ئۈنى پۈتكەن ھالدا ۋە بۇلاڭچىلار قىچىپ كەتكەن تەرەپنى بىشى بىلەن كۆرسەتتى.

كىيىنكى ئىشلار ئىسىمدە يوق. مەن ئۆمرۈمدە ھىچقاچان شۇ ئاخشامقىدەك ئات چاپتۇرمىغان بولسام كىرەك. پىچاق سۆڭەككە يەتكەندە ئادەم ھىچ نەرسىگە قارىمايدىكەن. كىچە بولسا نىمە ئىدى — گورىستاندەك قاپ-قاراڭغۇ بولسىمۇ كارىم نىمە. ئۆيۈمگە ئوغرى كىرىپ قۇرۇقداپ قويسىمۇ ياكى ئۆيگە ئوت كەتسىمۇ ھىچبىر ئاغرىنماس ئىدىم. ئەگەر كۆز كۆنلىرى بولۇپ خاماندىن ئون تاغار بۇغدايىنى ئوغرىلاپ كەتسىمۇ ئۇندىمەس ئىدىم: چاشقانلارمۇ دائىم ئاشلىق ئوغرىلىشىدۇغۇ. ئەمما بىزنىڭ كەلگۈسىمىز مۇشۇ ئۇرۇقلۇقتا ئىدى، مۇشۇ ئۇرۇقلۇقتىن ئىلىنغان ھوسۇلدا ئىدى. ئىخ، ئۆزەمنى چىمداپ ئۆلتۈرەيمۇ!



www.uyghurkitap.com

ئەنە شۇ سەۋەپتىن مەن بۇلاكچىلارنى قوغلاپ كەتتىم، كۆپ ئۆتمەي ئالدىمدا بۇلاكچىلارنىڭ ئارىسى كۆرۈندى. ئاتلارنىڭ تاشقا تەككەن تاقىسىدىن چىققان ئۇچقۇنلار كۆرۈندى. بىرنەچچە بۇلاكچى بۇغداي قاچىلانغان تاغارنى ئىگەرگە ئېلىپ تاقىقا قاراپ قېچىپ كېتىۋاتقان ئىكەن.

ئۇلارنى كۆرۈپ ۋاقىراشقا، يالۋۇرۇشقا باشلىدىم:

— بۇغدايىنى قويۇپ كېتىڭلار، بۇ دېگەن ئۇرۇقلۇق! قويۇپ كېتىڭلار ئۇرۇقلۇقنى! توختاڭلار!

ئۇلار ئارقىسىغا قاراپمۇ قويماستىن چىپىپ كېتىپ باراتتى، ئاردىلىق تېزلىكتە قىسقىراپ بارماقتا، مەن ئۇلارنىڭ ئىچىدە ئەڭ چېتىدە كېتىۋاتقان بىرەيلەن مىنگەن ئاتنىڭ ئارقىسىدىن تونۇدۇم، يۇرۇشىدىن، ئارقا ئالا تۇيىغىدىن تونۇدۇم — بىزنىڭ سامان يورغا ئىكەن.

مەن قاتتىق ۋاقىرىدىم:

— توختا! مەن سېنى تونۇدۇم! سەن جېكشەنقۇلسەن! ئەمدى سەن قۇتۇلالمايسەن! توختا!

ئۇ ھەقىقەتەن جېكشەنقۇل ئىكەن. ئۇ يېنىدىكى ئادەمدىن ئايرىلىپ، ئاتنى بۇراپ ماڭا قاراپ ماڭدى. قاراڭغۇدا ئوت چاقنىغاندەك بولۇپ گۇمبۇرلەپ ئاۋاز چىقتى. ئېتىم مۆڭكۈپ كېتىپ ئۈستىدىن دومبىدەك ئۇچۇپ چۈشتۈم. ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇنىڭ ملتىق ئاۋازى ئىكەنلىكىنى بىلدىم، مەن تېخى ئېتىم پۇتلىشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ دەپتىمەن.

ھۇشۇمغا كەلگەندىن كېيىن دۈمبەمنىڭ بىلىنەر-بىلىنمەس ئاغرىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلدىم. بېشىمدىن قان ئېقىپ تۇراتتى، ئاققان قان خۇددى مۇزدەك بولۇپ گەجگەمگە ئېقىپ چۈشكەن ئىدى.

يېنىمدىكى ئات پۇشقۇرۇپ، ئورنىدىن تۇرۇشقا تىرىشىپ جان تالىشىۋاتقان ئىكەن. ئۇنىڭ كۆكسىدىن ئۆلۈش ئالدىدىكى تىنىق چىقاتتى. شۇنىڭدىن كېيىن ئاتنىڭ بېشى يەرگە جاققىدا چۈشتى-دە، جىمىپ قالدى. ئەتراپ جىمجىت، پۈتۈن ھايات توختاپ قالغاندەك: مەن مىدىر قىلماستىن ياتتىم، ئورنۇمدىن تۇرغۇدەك دەرمان يوق ئىدى. شۇ بويىچە كۆزۈم يۇمۇلۇپ كەتسە، ئۆلسەم دىدىم. مەن ئۈچۈن ھاياتنىڭ ئەھمىيىتى قالمىغان ئىدى. مەن ئۆزەمنى قانداق يوقىتىشنى ئويلىدىم. ئەتراپتا چوڭقۇر بىر ھاڭ بولسا، چوققىغا چىقىپ، ئۆزەمنى بېشىمچە ئاتسام، دەپ ئويلىدىم. ئەلگە ئەمدى نىمە دەيمەن، قايسى يۈزۈم بىلەن قارايمەن؟ كۆزۈمگە ياش تولۇپ، ئاسمانغا قارىسام، نۇرسىز، خىرە سامان يولى قاق ئۈستۈمدە، خۇددى ئايشەنىڭ كۆزلىرىدىن ئاققان ياشتەك بوزىرىپ، سارغىيىپ تۇرغان ئىكەن. تىترىگەن لەۋلىرىمنى چىشلەپ، ئەل ئۈچۈن، يۇرت ئۈچۈن سوراپ، تىلەپ، ئايشەلەرنى يىغلىتىپ تارتىۋالغان ئۇرۇقلۇغۇمنى بۇلاپ كەتكەن قاچقۇنلارنى قاغاپ كەتتىم:

— ئىلاھىم، قان تۆككەن كىشىلەرنىڭ ئۇۋالى تۇتسۇن سىلەرنى! ئۇرۇشنىڭ ئۇۋالىغا كېتەرسەن، جېكشەنقۇل! بۇنداق ياشىغىچە ئۆلسەك بولمامدۇ؟

شۇنداق قىلىپ مادارىم كەتكىچە ئۇلارنى تازا قاغىدىم.

مەن ئۇزاققىچە شۇ ھالەتتە ياتتىم، بىر ۋاقىتلاردىن كېيىن كىمدۇر بىرسىنىڭ ئاياق تاۋۇشى ئاڭلاندى.

— تولغان ئاپا! تولغان ئاپا!

مېنىڭ ئىسمىمنى ئاتاپ چاقىرىۋاتاتتى. يىغلامسىرىغان بۇ تاۋۇشتىن تونۇدۇم — بېكتاش. مەن ئاۋاز چىقاردىم. بېكتاش ھەسە-

رەپ-ھۆمدەپ ئالدىمغا يېتىپ كەلدى-دە، يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ ئاستاغىنا بېشىمنى كۆتەردى.

— تولغان ئاپا، نېمە بولدىڭىز، ياردار بولۇپ قالدىڭىزمۇ، تولغان ئاپا؟ — بېكتاش يىغلىۋەتتى.

— ساق-سالامەتمەن، بېلىم سەل تۇرغۇزمايۋاتىدۇ، تۈزۈلۈپ قالارمەن، — دىدىم مەن ئۇنىڭغا تەسەللى بېرىپ، — قارىغىنا، ئات ئوق تېگىپ ئۆلدى، بېكتاش. — مەن يەنە بىر ئېغىز گەپ قوشۇپ قويدۇم. — بىراق گۆشىنى ئۆي-ئۆيلەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرەيلى.

— باللار، بېرى كېلىڭلار. تولغان ئاپام بۇ يەردىكەن، ئامان-ئېسەن ئىكەن! — دەپ توۋلىدى بېكتاش.

باللار مېنى هارۋا بىلەن ئۆيگە يەتكۈزۈپ قويدى. ئۆيدە ئىككى-ئۈچ كۈن ياتتىم، بېلىمنىڭ ئاغرىقى ياخشى بولمىدى. مانا هازىرمۇ هاۋا بۇزۇلسىلا بېلىم ئاغرىيدۇ. شۇ كۈنلەردە نۇرغۇن كىشى مېنى يوقلاپ كەلدى، هال سورىدى. ئەلگە رەھمەت، رازىمەن. شۇ چاغدا ھېچكىم ھېچنىمە دېمىدى ماڭا. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈم تولا يېرىم بولدى. قىلغان ئەمگىكىمىز بىكارغا كەتتى، ھەيدەپ تەييار قىلىپ قويۇلغان يەرمۇ تېرىلمىدى. باللارنى يىغلىتىپ-قاخشىتىپ قولىدىن تارتىۋالغان ئاشۇ ئۇرۇقلۇق بۇلاڭچىلارنىڭ غەنىمىتىگە ئايلىنىپ كەتتى، مانا بۇلارنى ئويلىغانسېرى يۈرىكىم ئېچىشىپ، كۆزلىرىم غۇۋالىشاتتى.

www.uyghurkitap.com

## 10

— كېپىكىڭ توغرا، تولغاناي. سەنلا ئەمەس، مەنمۇ سەزدىم بۇنى، شۇدىگەر قىلىپ تەييارلانغان، لېكىن تېرىلماي ئاق تاشلانغان ئاشۇ يەر بەدىنىمدىكى ئاغزى ئېچىلىپ قالغان جاراھەتتەك قىچىشىپ، ياز بويى ئاق تۇرمىدىمۇ. يەر شۇدىگەر قىلىپ تەييارلىنىپ ئۇرۇق چېچىلمىسا، بۇ مەن ئۈچۈن ئەڭ زور جاراھەت ئەمەسمۇ، تولغاناي. ئۇرۇش بولۇپ كەتكەنلىكتىن قانچىلىك يەر گىيا ئۈنمەي تاقىر قالدى - ھە! ئۇرۇش قوزغىغۇچىلار مېنىڭ ئەڭ ئەشەددى دۈشمىنىم.

— توغرا دەيسەن، يەر ئانام. ئوغلۇم مايسالبېكمۇ خېتىدە شۇنداق دىمەيمدى؟ ئېسىڭدىمۇ ئانا يەر، مايسالبېكنىڭ خېتى؟

— ئېسىمدە، تولغاناي.

— توغرا، ئىككىلىمىزنىڭ ئېسىدە. بۈگۈن ئەسلەيدىغان كۈنۈم ئەمەسمۇ، يەر ئانام. بىز بۈگۈنمۇ ئۆتكەن - كەچكەنلەرنىڭ ھەممىسىنى ئەسلىدۇق.

— ھەممىنى ئەسلىدۇق، تولغاناي. مايسالبېك سېنىڭ ئوغلۇڭلا بولۇپ قالماستىن مېنىڭمۇ ئوغلۇم — يەرنىڭمۇ ئوغلى. قېنى، ئۇنىڭ خېتىنى يەنە بىر قېتىم ئوقۇپ بەرگىنە ماڭا، تولغاناي.

## 11

مەن شۇ چاغدا ئۆيدە ئاغرىپ ياتقىنىمدا، ئايىلداشلىرىم ھال - ئەھۋال سوراپ، ھەممىيەلەن ئىلىلىق سۆزلەرنى ئېيتىپ، تۇرلۇك

خەۋەرلەردىن، ئىش-كۈشلەردىن، ھاۋا رايىدىن گەپ قىلىپ، يۈز بەرگەن ۋەقەدىن گەپ ئاچمىغانلىقىدا باشقا سەۋەپ بار ئىكەن ئەمەسمۇ. بۇنى مەن كېيىن بىلدىم. لېكىن ئۇلار مېنى نىملەرنىڭ كۈتۈۋاتقانلىقىنى بىلەتتى-دە.

بىر قېتىم خوشنام ئايشە قۇيماق سېلىپ مېنى يوقلاپ كىردى. ئۆيگە بوسۇغا ئاتلاپ كىرگەندە، ئاشۇ كۈنى قىلغان قىلمىشىمغا قاتتىق ئىزا تارتىپ كەتتىم. سۆز تاپالماي، تىلىم گەپكە كەلمەي ئولتۇرۇپ كەتتىم.

— تولغاناي، سەن خىيالىڭغا ھېچ نەرسىنى كەلتۈرمە، — دېدى ئايشە، — مېنىڭ كۆڭلى بوشلۇغۇمنى كەچۈرگىن. مەن ئاداۋەت ساقلىمايمەن. سەندەك ئايال ئۈچۈن كېرەك بولسا جېنىمنىمۇ ئايىمايمەن، كېرەك بولسا يالغۇز ئوغلۇم بېكتاشنىمۇ بېرىمەن. بۇنىڭسىزمۇ ئۇ ئىككى ئۆينىڭ ئوتتۇرىسىدىكى بالا بولۇپ قالدى. سېنى مېنىڭدىن ئارتۇق كۆردۇ. بۇنىڭغا مەن ناھايىتى خوشال. ئەھۋالىدىن قارىغاندا ئۇ ئەقىللىق ئادەم بولىدىغان ئوخشايدۇ...

— رەھمەت ئېيتقانلىرىڭغا، ئايشە، — دېدىم مەنمۇ.

ئەتىسى سەل ياخشى بولۇپ قالغاندەك بولۇپ، ئۆيدە نېرى-بېرى قىمىرلاپ، ھويلىغا چىقتىم. بىراق ھارغىنلىق ھېس قىلىپ، دەرىزىنىڭ تۈۋىگە كىگىز سېلىپ، ئاپتاپ سىنىپ ئولتۇردۇم. ئالمىنىنى ئىشقا چىقىۋەر، دېسەم، رەئىسمىز بۈگۈنمۇ ئاپاڭغا قاراشقىن، دەپ رۇخسەت بەردى، دېدى. ئوچاققا ئوت يېقىپ، كىر-قات يۇدى.

شۇ يىلى ئەتىيازدا، سوۋانقۇل شۇ زامانلاردا ئۆز قولى بىلەن تىككەن ئاشۇ قېرى ئالما دەرىخى كۆچىگە كېلىپ قايتىدىن ياشار-

غاندەك ھۆپپىدە چىچەكلەپ كەتكەن ئىدى. باغدا بولسا رەڭگا-رەڭ گۈللەر ئېچىلىپ كەتكەندە ھاۋا ئالامەت تازا بولۇپ، نەزەر دائىرىمىز كېڭىيىپ كېتەتتىغۇ، مەن ئەنە شۇ يەردە ئولتۇرۇپ ئەتراپىدىكى نەرسىلەردىن لەززەت ئالدىم، بۇ چاغدا پوچتىكەش تېمىر چال كىرىپ كەلدى.

— ئامانمۇسەن، تولغاناي، — دېدى ئۇ، — سالامەتلىكىڭ قانداقراق؟

لېكىن ئۇ ئادەتتىكىدىن باشقىچە، ئالدىرىغاندەك تەمتىرەپ، ئوڭايسىزلىنىپ، يەڭگىل يۆتىلىپ، ئۆتكەن ھەپتە شامالداپ قالغان ئىدىم، قارىمامسەن يۆتەل تۇتۇپ كېتىۋاتقىنىنى، ئەجەپ قىينىدى-دە ئادەمنى، دېدى ۋە ئانچىكىم يادىغا كېلىپ قالغاندەكلا:

— ساڭا بىراۋدىن خەت كەلگەندەك تۇراتتى، — دەپ سومكىسىدىن بىر پارچە خەتنى ئالدى.

مەن ئۇنىڭ مۇنداق سوغاق قىلىغىغا ھەتتا خاپا بولدۇم:

— نىمىشقا تېزرەك دېمەيسىز؟ كىمدىن كەپتۇ ئۇ خەت؟

— مايسالىبېكتىن كەلگەن چېغى، — دەپ غودۇرىدى ئۇ.

خوشال بولۇپ كەتكەنلىكىمدىن بۇ خەتنىڭ ئادەتتىكى ئۈچ بۇرجەكلىك خەت ئەمەس، بەلكى قاتتىق ئاق كونۋېرتقا سېلىنىپ، كونۋېرتقا باسما بىلەن ئادرېس بېسىلغانلىقىغا دىققەتمۇ قىلماپتىمەن. بۇ چاغدا، ئالدىنقى سەپتىن يارىدار بولۇپ قايتقان بېكتۇرسۇن دېگەن ئاقساق خوشنىمىز قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ كىرىپ كەلدى. مەن ئۇنىڭ ئاران تەسلىكتە مېڭىپ كىرىپ كەلگەنلىكىگە قاراپ يارىدار بولغان پۇتى يامان بولۇپ كەتكەن چېغى دەپ ئويلاپ قالدىم. ئۇ ئادەتتە بەزىدە بىزنىڭكىگە كېلىپ پاراڭلىشىپ چىقىپ كېتەتتى.

بېكتۇرسۇن سالاملاشقاندىن كېيىن، ئوھۇ، مايسالىپېكتىن كەلگەن خەتقۇ، دەپ كونۋېرتنى قولىغا ئالدى.

— قولۇڭ نىمىشقا تىترەيدۇ؟ تايىغىڭغا تايىنىپ تۇرماي بىرىراق كېلىپ ئولتۇرۇپ ئوقۇپ بەرگىنە، — دېدىم مەن ئاڭا.

ئۇ كىگىزنىڭ چېتىگە ئولتۇرۇۋېتىپ، ۋاي پۇتۇم، دەپ رەڭگى كۆكىرىپ، پىشانىسىدىن تەر چىقىپ كەتتى. ئۇ تىترەپ تۇرغان قولى بىلەن كونۋېرتنى ئېچىپ، خەتنى ئوقۇشقا باشلىدى. ئاھ ئوبدان بالام، خېتىڭنىڭ بېشىدىنلا ھەممىنى بىلدىم.

”ئاپا، ئاق سۈتىڭىزدىن ئايلىناي، ئاپا! — دەپ باشلاپتۇ خېتىنى.

— مەن سىزنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىگىڭىزنى بىلمىسەم، بۇ خەتنى يازمايتتىم. سىزنىڭ ئەقىللىق ئىكەنلىگىڭىزگە، غەيرىتىڭىزگە، سىزنىڭ كۈچ-قۇدرىتىڭىزگە ئىشىنىپ بۇ گەپلەرنى يېزىۋاتىمەن. شۇنداق بولسىمۇ نىمە دەپ چۈشەندۈرۈشكە، نىمە دەپ ئېيتىشقا سۆز تاپالماي، ئاللىقانداق ئاق قەغەزنى قارا سىيا بىلەن بوياپ ئولتۇرۇپتىمەن.

ئاخىرى مېنىڭ قىلغان ئىشىمنى توغرا دەپ بىلەرسىز، مەن بۇنىڭغا ئۆزەمگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىمەن. ھە، ئاپا، سۆزسىز مېنى توغرا دەرسىز... شۇنداق بولسىمۇ، چۈشىنىسىزمۇ يۈرىگىڭىزنىڭ تېگىدە ماڭا تېخى قويۇلمىغان سوئال قالار: 'بالام، قانداق قىلىپ ئۆز ئۆمرۆڭدىن ئۆزەڭ كەچتىڭ؟ ئادەمگە بىرلا قېتىم نېسىپ بولىدىغان بۇ يورۇق دۇنيا بىلەن ئۆزەڭ ۋىدالىشىپ كېتىۋەردىڭ؟ مەن سېنى نىمە ئۈچۈن تۇغۇپ، نىمە ئۈچۈن ئۆستۈردۈم؟' ھەئە، ئاپا، سىز ئاپامسىز، بۇنداق سوئال قويۇشقا ھەقلىقسىز. سىزنىڭ بۇ سوئالىڭىزغا كېيىن تارىخ جاۋاپ بېرەر. ئەمدى مەن دىمەكچى-

مەنكى، ئۇرۇشنى بىز تىلىمىدۇق، بۇ كۆپچىلىكنىڭ بېشىغا، ھەممىمىز-نىڭ بېشىغا كەلگەن قىرغىن، غايەت زور ئاپەت. بىز ئۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلماي تۇرالمايمىز. بۇ ياللاۋۇزنى بىتچىت قىلىپ تاشلاش ۋە يەر بىلەن يەكسان قىلىپ تاشلاش ئۈچۈن ئىسسىق قېنىمىزنى تۆكمەي، ئەزىز جېنىمىزنى بەرمەي تۇرالمايمىز. شۇنداق قىلمىساق، بىزنىڭ ئادەم دىگەن نامىمىز ئۆچىدۇ. مەن ئۇرۇشتا يۇرۇپ مەرت-لىك كۆرستەي دەپ ھىچقاچان ئارزۇ قىلمىغان ئىدىم، مەن ئۆزەمنى ئەڭ پەخىرلىك، ئەڭ ئالىجاناپ ئىشقا — مۇئەللىملىككە بېغىشلىغان ئىدىم. زامان شۇنداق كەلدى. باللارنى ئوقۇتۇش ئورنىغا قولۇمغا قورال ئېلىپ جەڭچى بولدۇم. بۇ مېنىڭ ئەيىۋىم ئەمەس.

"مانا ھازىر مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ياشلارغا مېنىڭ بىرىنچى ۋە ئەڭ ئاخىرقى ۋەسىيىتىم شۇ، ئۇلارغا بېرىپ كەتكەن بىلىمىمۇ شۇ. بۇنىڭغا مەن تۇرمۇشتىن ئالغان ھەممە بىلىمىمنى، ۋۇجۇدۇمنى قوشتۇم.

"بىر سائەتتىن كېيىن مەن ۋەتىنىم تاپشۇرغان ئىشقا بېرىپ، قايتىپ كەلمەيمەن. مەن ئۇ يەرگە ھۇجۇمغا ئۆتكەن نۇرغۇن يولداش-لىرىمنىڭ ھاياتىنى قوغداش ئۈچۈن بارىمەن. مېنىڭ ئۇ يەرگە بېرىشىم خەلق ئۈچۈن، غالىبىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەتتە بار بولغان بارلىق گۈزەل نەرسىلەر ئۈچۈن.

"بۇ ئاخىرقى خېتىم، ئاخىرقى ۋەسىيىتىم. ئاپا! مىڭلارچە قېتىم ئاپا دىسەممۇ قەدىرىڭىزگە يېتەلەمتىم، چۈشىنىڭ: بۇ ئاددى ئۆلۈم ئەمەس، بۇ ئاسانلا جاندىن كېچىش ئەمەس، كەچۈرۈڭ ئاپا، تۇرمۇشنىڭ ئۆزى ماڭا مۇشۇنداق قىلىشنى ئۆگەتتى. بۇنى مەن ئۆزەمنىڭ ئىرادەم ۋە ئېتىقادىم بويىچە قىلىۋاتىمەن. ۋەتىنىم

شۇ ئىشنى ماڭا ئىشىنىپ تاپشۇرغانلىقى ئۈچۈن، كىشىلەر ئالدىدىكى ئالىجاناپ مەسئۇلىيىتىمنى ئادا قىلىدىغانلىقىم ئۈچۈن پەخىرلىنىمەن.

”يىغلىماڭ، ئاپا، ھېچقانداق كىشى يىغلىمىسۇن. بۇنداق ھالغا دۈچكەلگەندە ھېچقانداق كىشى يىغلىماسلىقى كېرەك.

”كەچۈرۈڭ، ئاپا، ئەلۋىدا.

”ئەلۋىدا ئەزىز تاغ — ئالاتاۋ! سىلەر ماڭا نېمە دېگەن قەدىرلىك ـ ھە!

سىزنىڭ مۇئەللىم ئوغلىڭىز — لېيتېنانت مايسالبېك سۇۋانقۇلوۋ.

ئالدىنقى سەپ. 1943 ـ يىل 9 ـ مارت. كېچە سائەت 12.“

قايغۇ ـ ئەلەمدىن ئېغىرلاشقان بېشىمنى زورغا كۆتىرىپ قارىسام ھويلىغا خالايىق توپلىنىپ كېتىپتۇ. ھېچقايسىسى ئۈندىمەي، بېشىنى سېلىپ، سۈكۈتتە تۇرغان ئىكەن. ھېچكىم تاۋۇش چىقىرىپ يىغلىغىنى يوق. مايسالبېك ھېچكىم يىغلىمىسۇن دېگەن ئەمەسمۇ. ئاياللار مېنى قولتۇغۇمدىن يۆلەپ ئاران تۇرغۇزۇشتى. ئورنۇمدىن تۇرغان چېغىمدا، چېچەكلەپ كەتكەن ئالمىغا شامال تېگىپ، ئۇچۇپ چۈشكەن ئاپپاق چېچەكلىرى يۈز ـ كۆزۈمگە ئۇرۇلۇپ، يۇمشاققىنا سىلاپ ئۆتتى. مۇشۇ چېچەكلەپ كەتكەن ئالمىنىڭ نېرىدىكى تەرىپى، ئايىلنىڭ يۇقۇرىسى، يىراقتىكى تاغنىڭ ئۈستى ئۇچى ـ چېكى يوق ئاسمان ئىدى. دۇنيانىڭ مۇنچىلىك كەڭ ئىكەنلىگىنى كۆرۈپ، ئالەمنىڭ مۇنچىلىك ئىكەنلىگىنى سەزگىنىمدە، بوزلاپ، توۋلاپ يىغلىغىم كەلدى. بىراق بۇنىڭغا يول قويماي، ئوغلۇمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىرادىسىنى — يىغلىماڭ ئاپا، دېگەن تەلىۋىنى ئىجرا قىلدىم، لېۋىمنى چىشلەپ تۇردۇم. ئالمانىڭ باياتىن قانداق تۇرغانلىغىنى بىلمەيمەن. مەن ئۇنىڭ ئىككى قولىنى بېسىپ، ئاستا ماڭا قاراپ كېلىۋاتـ

قانلىغىنى كۆردۈم. ئۇ مېنىڭ يېنىمغا كېلىپ، كۆزۈمگە قارىدى-دە، بۇرۇلۇپ، ئالىقانلىرى بىلەن يۈزىنى توساپ كېتىپ قالدى.

شۇنداق قىلىپ مەن ئىككىنچى ئوغلۇمدىنمۇ ئايرىلىپ قالدىم. ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغىنى بىرلا قولاقچا بولۇپ قالدى.

## 12

— بىراق ئۇنىڭ ماڭا قالدۇرغىنى ئۇنىڭ نامى، تولغىناي. مەن ئۇنىڭ ۋەتىنى. ئۇنىڭ سۆزلىرىنى خەلققە قالدۇردۇق، تولغىناي. خەلق ئۇنىڭ تۇققانلىرىغۇ!

— ھەئە، يەر ئانام، مايسالىبېكنىڭ نامى ئۆچمىدى. بىزنىڭ كولخوزىمىزمۇ ئۇنىڭ نامى بىلەن ئاتالدى. ئۇنىڭ ئالدىنقى سەپتىكى دوستلىرى ئۇنىڭ خېتىنى ئۆزلىرىنىڭ خېتى بىلەن بىللە ئايىل سۆۋېتىغە يوللاپ بەرگەن ئىكەن. ئۇ خەتتە مايسالىبېكنىڭ جەڭچى دوستلىرى ئۇنىڭ كۆرسەتكەن مەرتلىكى ھەققىدە يېزىپ، ھەممىمىزنىڭ كۆڭلىمىزنى كۆتىرىپ، سىزنىڭ ئوغلىڭىزنى ھېچقاچان ئۇنتۇمايمىز، ۋەتىنىمىز ئۇنىڭ بىلەن پەخىرلىنىدۇ ۋە ئۇنى مەڭگۈ ئەسلەيدۇ، دەپتۇ. ئۇلار خېتىدە: ئارمىيىمىز ھۇجۇمغا ئۆتۈشتىن ئاۋال مايسالىبېك دۈشمەننىڭ ئوق-دورا ئىسكىلاتىغا بۆسۈپ كىرىپ پارتلىتىۋىدى، ئەتراپتىكى توقايلارمۇ قالماي كۆيۈپ، ئالدىنقى سەپتىكى جەڭچىلىرىمىزگە چوڭ يول ئېچىلدى، دەپتۇ. مەن قەھرىمانلارغا، ئوغلۇم مايسالىبېككە باش ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈرىمەن، مايسالىبېكنىڭ شان-شەرىپى بىلەن پەخىرلىنىمەن. بىراق ھەرقانداق نەرسە، ھەرقانداق شان-شەرەپ ھايات ئادەمنىڭ ئورنىنى تولدۇ-

رالمايدۇ. ئادەملەر ھەرقانداق بىر ئانىدىن سوراپ كۆرسۇن، قايسى بىر ئانا بۇنداق شان-شەرەپكە ئىنتىلمەيدۇ. ئانىلار ھايات كەچۈرۈش ئۈچۈن، زىمىندىكى ئادەتتىكى بەخت-سائادەت ئۈچۈن پەرزەنت كۆرىدۇغۇ...

— توغرا ئېيتىسەن، تولغاناي. غەلىبە يېتىپ كەلگەن ئاشۇ باھارنى، سىلەرنى، كىشىلەر ئالدىنقى سەپتىن غەلىبە-نۇسرەت بىلەن قايتىپ كەلگەن جەڭچىلەرنى كۈتۈۋالغان ئاشۇ كۈننى مەڭگۈ ئەستە تۇتىمەن، لېكىن تاكى ھازىرغىچە، تولغاناي، دۇنيادا زادى خوشاللىق كۆپ بولدىمۇ ياكى غەم-قايغۇ كۆپ بولدىمۇ، دىگەننى ئوچۇق ئېيتىپ بېرەلمەيمەن.

## 13

شۇ كۈنى بىزگە كولخوزنىڭ قوشى بىلەن ئۆز كۆكتاتلىغىمىزنى ھەيدىۋېلىش نۆۋىتى كەلگەن ئىدى. يەرنى ھەيدەپ بولۇپ تۇرۇشىمىزغا كوچىدىن ئۇيۇل-تويۇل يېگۈرگەن ئاۋاز ۋە شاۋقۇنلار كۆتىرىلدى. نىمە ئىش بولدىكىن، بېرىپ ئۇقۇپ كېلەي، دەپ كەتكەن ئالىمان كۆزنى يۇمۇپ-ئاچقىچە ئارىلىقتا يېنىپ كەلدى.

— ئاپا، تېزرەك يىغىشتۇرۇڭ، — دىدى ئۇ مېنى سۆيلەپ، — كىشىلەر جەڭچىلەرنى كۈتۈۋېلىشقا كەتتى.

قوشنىمۇ، قوشقا قېتىلغان ئۆكۈزنىمۇ شۇ جايىدا قالدۇرۇپ ماڭدۇق. ھاي-ھاي، پۈتكۈل ئايىل — ئاتلىقلار، پىيادىلەر، مۈكچىيىپ قالغان بوۋاي-مومايلار، شوخ باللار، قولتۇق تاياقلىق يارىدارلار — مەلۇم جايغا قاراپ يۈگۈرۈپ كېتىشىۋاتاتتى. يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقانلار

www.uyghurkitap.com

ئىككىنچى بىرىگە بىر ئۆتكۈنچى (زالىپچىپىلىك بىرەيلەن ئىمىش) ئىككى ھەربى پويىز ۋوگزالغا كېلىپ توختىدى، نۇرغۇن ئەسكەرلەر قايتىپ كەلدى، ھەرقايسى ئايىللاردىن كەتكەن يىگىتلەردىن بار، ئۇلار يولغا چىقتى، كېلىپ قېلىشى مۇمكىن، دىگەن ئىمىش. راستمۇ-يالغانمۇ ھېچكىم سوراپ قويمايتتى. كىشلەر بۇنىڭ راست بولۇشىنى ئۈمىت قىلاتتى، بۇ، كىشلەر تولا كۈتۈپ كۆزى تېشىلەي دىگەن كۈن بولغاچقا، ھېچكىم بۇنىڭدىن قىلچە گۇمانلانمايتتى.

بىز ئايىلىنىڭ ئاغزىغا — ئۇرۇشتىن ئاۋال كوچا قىلىپ سېلىنىشقا باشلىغان يەرگە كېلىپ يىغىلىشتۇق. ئاتلىقلار ئاتتىن چۈشمىدى. پىيادىلەر ئېرىق قىرىغا چىقىپ تۇرۇشتى، كەپسىز باللار پۈتىمىگەن تاملارغا، بەزى باللار دەرەخلەرگە چىقىپ تۇرۇشتى. ئەنە كېلىدۇ، مانا كېلىدۇ، دىگەنچە كۆرگەن چۈشىمىزنى، ئايان بولغان نەرسىلەرنى سۆزلەپ، يولدىن تاش تېرىپ كېلىپ قومۇلاق سېلىپ، قومۇلاقنى ياخشىلىقىقا ئاتاپ سۆزلەپ، چوڭ يولدىن كۆزىمىزنى ئالماي كۈتۈپ ئولتۇردۇق. ھازىر ئويلاپ، دۇنيادىكى ئادەم بالىسىنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بىر مەقسەت-بىر نىيەتتە بىرىگە بىرى ياخشىلىقنى راۋا كۆرۈپ، ئۆز ئوغۇل باللىرىنى، ئاكا-ئۇكىلىرىنى، دادىلىرىنى ۋە ئەرلىرىنى بىز كۈتكەندەك ۋە ياخشى كۆرگەندەك كۈتسە ۋە ياخشى كۆرسە، بۇ زىمىندا ئېھتىمال ئۇرۇشمۇ بولماس ئىدى، دەيمەن.

يىغلىغانلارنىڭ تولىسى نەپسىنى ئىچىگە يۇتۇپ، تىرىق قىلىپ قويماستىن بېشىنى ئىچىگە سېلىپ، ئۆز ئىچىدە ئۆز ئىشىنى ئويلىشىپ تۇراتتى. كىشلەر تەقدىرىنىڭ ھۆكۈمىنى كۈتمەكتە. كىم كېلىپ، كىم كەلمەيدۇ، دىگەن سوئال ھەركىمنىڭ خىيالىدا بار ئىدى. تۇرمۇش ۋە كەلگۈسى تەقدىر تامامەن شۇنىڭغا باغلىق ئىدى-دە.

بۇ چاغدا دەرەخلەرنىڭ ئۇچىغا چىقىۋالغان بالىلاردىن بىرى: "كېلىۋاتىدۇ!" دەپ ۋاقىراپ كەتتى. ھەممەيلەن بىردىنلا شۈك بولۇپ كەتتى-دە، قوبۇزنىڭ چىڭ تارتىلغان تارىسىغا قول تەككەندەك ھەممىمىز بىر ئاۋازدىن "كېلىۋېتىپتۇ!" دېيىشىپ كەتتۇق. ئارقىدىن يەنە جىم تۇرۇپ كۈتۈش باشلاندى، يەنە سۈكۈنات باشلاندى. سۈكۈنات بولغاندىمۇ كارامەت سۈكۈنات. لېكىن ئانچە ئۆتمەيلا كۆپچىلىك گويا ھۇشىغا كەلگەندەك: "قېنى؟ قەيەرگە يېتىپ كەلدى؟ قەيەردە؟" دەپ سورىشىپ كەتتى. كۆپچىلىك ئوتتۇرىسىدا يەنە جىمجىتلىق باشلاندى. ئالدىمىزدىكى يولدا بىر ئات ھارۋىسى كۆرۈندى. يولنى بويلاپ كېلىۋاتقان ھارۋا ئايىلغا بۇرۇلىدىغان ئاچالغا كېلىپ توختىدى-دە، ئۈستىدىن بىر ئەسكەر سەكرەپ چۈشتى. ئۇ ئەسكەر شىنېلى بىلەن خالتىسىنى ئېلىپ، ھارۋىكەش بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىن بىزگە قاراپ ماڭدى. بىزنىڭ ئارىمىزدا ھېچكىم ھېچنېمە دېگىنى يوق، قارىشىپ تۇرغانلارنىڭ ھەممىسى ئۈندىمەي، شۈك تۇرۇپ، يەلكىسىگە شىنېلى بىلەن خالتىسىنى ئارتىقان بىرلا ئەسكەر كېلىۋاتقان يولغا ھەيرانلىق بىلەن قاراپ تۇرۇشتى. ھېلىقى ئەسكەر بارغانسېرى بىزگە يېقىنلىشىپ كەلمەكتە، لېكىن بىزنىڭ ئىچىمىزدە بىرمۇ كىشى ئورنىدىن قوزغالغىنى يوق. ئادەملەرنىڭ ئاقارغان يۈزلىرىدە قانداقتۇر بىر نەرسە كۈتۈۋاتقاندەك ئۈمىت ئۇچقۇنلىرى سېزىلىپ تۇراتتى. چۈنكى بىزنىڭ كۈتكىنىمىز يالغۇز بىر ئەسكەر ئەمەس، بەلكى ناھايىتى جىق ئەسكەر ئىدى، بىز مەلۇم مۆجىزىنى كۈتكەندەك ئىدۇق، لېكىن كۆزىمىزگە ئىشەنمەي قالدۇق.

ئەسكەر بىزگە يېقىنلىشىپ كېلىۋەردى، كېيىن ئۇمۇ ئايىلنىڭ

چېتىدە ئۈندىمەستىن شۈك تۇرغان بىر توپ ئادەمنى كۆرۈپ، كۆڭلى ئاللىبىرنىمىلەرنى تۇيدىمۇ، چۆچۈپ تۇرۇپ قالدى. بۇ نىمە بولغىنى، بۇ نىمە بولغىنى ئىكەنا، بۇلار نىمە ئۈچۈن جىمغىنا قارىشىپ تۇرىدۇ، دىگەن ئوي بىلەن، ھىلىقى ئەسكەر بۇرۇلۇپ ئارقىسىغا قارىدى. لېكىن يولدا ئۆزىدىن باشقا ھېچكىم يوقلۇغىنى كۆرۈپ، يەنە بىزگە قاراپ مېڭىۋەردى-دە، يەنە توختاپ، يەنە قايرىلىپ ئارقىسىغا قارىدى. ئۇ شۇ ھالدا يېقىن كېلىۋەرگەندە، بىزنىڭ ئالدىمىزدا تۇرغان يالىڭاياق كىچىك بىر قىز بىردىنلا: ”بۇ مېنىڭ ئاكام! ئاشىرالى ئاكام! ئاشىرالى ئاكام كېلىۋاتىدۇ!“ دىگىنىچە بېشىدىكى ياغلىغىنى يۇلۇپ ئېلىپ، ئەسكەرگە قاراپ يۈگۈرۈپ كەتتى. ئۇنىڭ ئاۋازى بىزنى خۇددى زەمبىرەك ئاۋازىدەك ئويغىتىۋەتتى. قانداق تونۇغانلىغىنى كىم بىلسۇن. ئۇنىڭ ئارقىسىدىن باللارمۇ، قىزلارمۇ يۈگۈرۈشۈپ كەتتى.

— راست شۇ، ئاشىرالى! دەل ئۆزى! — دىگەن ئاۋازلار كۆتىرىلدى، شۇنىڭ بىلەن ھەممىمىز — چال-كەمپىرلەرمۇ، قىز-جۇۋانلارمۇ چۇۋۇرلىشىپ ئەسكەر تەرەپكە ماڭدۇق.

بۇ چاغدا قانداقتۇر قۇدرەتلىك بىر كۈچ بىزنى چىڭ تۇتۇۋالدى، شۇنداقلا قاناتلاندۇرۇپ ئۇچۇرتقاندەك بولدى. غۇلچىمىزنى كېرىپ ئەسكەرگە قاراپ يۈگۈرگىنىمىزدە، بىز ئۆزىمىز بىلەن قوشۇپ پۈتۈن ھاياتىمىزنى، باشتىن كەچۈرگەن كۈنلىرىمىزنى، ئازاپ-ئوقۇبەتلىرىمىزنى، كۆز يۇممىغان تۈنلىرىمىزنى، ئاقارغان چاچلىرىمىزنى، كۈنىدىن كۈنگە قېرىپ كېتىۋاتقان قىزلىرىمىزنى، يېتىم-يېسىرلارنى ۋە تۇل خوتۇنلارنى، دەريادەك ئاققان كۆز ياشلىرىمىزنى، غەيرىتىمىزنى، جاسارىتىمىزنى غەلىبە بىلەن قايتقان جەڭچىمىزگە ئېلىپ

بېرىۋاتقان ئىدۇق. ئالدىدىكى قارشى ئالغىلى چىققان كۆپچىلىكنى كۆرۈپ، ئەسكەرمۇ بىزگە قاراپ يۈگۈردى.

كۆپچىلىك يۈگۈرۈپ كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا، مەن گويا گۈلدۈرلەپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان ھەربىي پويىزنى كۆرگەندەك، شامال يۈزۈمگە ئۇرۇلغاندەك، "ئاپ...ا! ئا...لىمان!" دىگەن ئاۋازنى ئاڭلىغاندەك، پويىز چاقىنىڭ ئاۋازى قۇلغىمدا گۈلدۈرلەپ ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك بولدۇم.

ئاتلىقلار ئەسكەرنىڭ قېشىغا ئالدى بىلەن يېتىپ باردى، ئۇلار چېپىپ كېتىۋېتىپ ئەسكەرنىڭ شىنېلىنى ۋە خالتىسىنى تۇتۇۋالدى ۋە ئىككى تەرەپتىن ئۇنىڭ بىلىكىدىن تۇتۇۋالدى.

ئاھ، غالىبىيەتەي! ئارزۇ قىلىپ كۈتكەن، كۈرەش قىلىپ ئېرىشكەن غالىبىيىتىمىزەي! ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، غەلىبە! كەچۈرگىن بىزنىڭ يىغلىغانلىرىمىزنى، كەچۈرگىن كېلىنىم ئالىمانىنى. ئامان قايتقان ئاشىرالىنىڭ كۆكرىكىگە بېشىنى قويۇپ: "قەيەردە مېنىڭ قاسىمىم؟ قەيەردە؟" دەپ تىترەپ توۋلغانلىغىنى كەچۈرگىن. ھەممىمىزنى كەچۈرگىن، غەلىبە! بىز سېنى دەپ قانچىلىغان ئەزىمەتلىرىمىزدىن ئايرىلدۇق. "باشقىلار قېنى؟ پالانچى قەيەردە؟ پوستانچى قېنى؟ قالغانلىرى قەيەردە؟ ئۇلار قاچان كېلىدۇ؟" دەپ سورىشىپ كەتكىنىمىزنى كەچۈرگىن. سوئاللارنىڭ ئىچىدە قېلىپ، كۆز يېشىنى توختىتالماي: "كەتكەنلەرنىڭ ھەممىسى كېلىدۇ، قەدىردانلىرىم، ھەممىسى كېلىدۇ، ئەتە كېلىدۇ، يېقىندا كېلىشىدۇ" دەپ جاۋاپ بەرگەن ئاشىرالىنى كەچۈرگىن. كەچۈرگىن بىزنى، غەلىبە، كەچۈرگىن. ئاشىرالىنى قۇچاقلاپ، سۆيۈپ، جايىناقىنى، مايسالىيكىنى، قاسىمنى، سۇۋانقۇلنى ئەسلەپ كەتكەن مېنى كەچۈرگىن، غەلىبە...

بىز قايتىپ كېلىۋېتىپ گەپ قىلىشمىدۇق. ئالىمان يەنىلا ئاۋالقىدەك تۇرۇپ-تۇرۇپ بىردىنلا يىغلىۋالاتتى، گويا نەپسى قىسىلىپ تۇرغاندەك چوڭقۇر خورسىناتتى. چىرايى غەمكىن، ئىككى كۆزى پۇتىنىڭ ئۇچىدا، بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، ئاللىنىمىلەر ئۈستىدە قاتتىق ئويغا چۆمگەن ئىدى. بۇنىڭدىن تۈرلۈك مەيۈسلۈكنىڭ ئۇنى تىزگىنلەپ تۇرغانلىقىنى سەزدىم. ھەئە، ئالىمان قاتتىق قىينالماقتا ئىدى. ئۇنىڭ چىرايىدىن، غەمكىن قارىشىدىن ۋە چىڭ يۇمۇلغان كالپۇكلىرىدىن بۇنى كۆرۈپ تۇرۇۋېتىمەن. مەن ئۇنىڭ ئىچىنى چۈشىنىمەن.
"بولدى، ياخشى كېلىنىم، ئەمدى ئايرىلىش ۋاقتى كەلدى. قاسىمدىن ئۈزۈل-كېسىل ئۈمىت ئۈزدۈڭغۇ ئەمدى، — دەپ ئويلىنىپ كەلمەكتىمەن. — نىمە ئامالىمىز بار؟ ئۆلگەن كىشىنىڭ ئارقىسىدىن ئۆلۈشنىڭ نىمە ھاجىتى؟ سەنمۇ ئۆمۈرۋايەت تۇل بولۇپ ئولتۇرما. ھەممىسى تۈگىسۇن. كەت ئەمدى. ئىلاجىمىز يوق، سەن كېتىسەن، ئەلۋەتتە. ھېچقىسى يوق، مەن خاپا بولمايمەن. سەنمۇ ئامالسىزلىقتىن كېتىسەن، ھەرگىز بەگۋاشلىقىڭدىن بولۇۋاتقىنى يوق. تەقدىر شۇنداق ئىكەن. ئېخ، تەقدىر، تەقدىر... ئالىمان، سېنىڭدىن ئايرىلغىم كەلمەيدۇ! مەن سېنى ئۆز قىزىمدىن چارە كۆرەتتىم. كېتىسەن ئەمدى، مەن ساڭا ئۆز قىزىمغا پاتىھە بەرگەندەك پاتىھە بېرىمەن، بەختىڭ ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن. سەن ياشىشىڭ كېرەك، سەن تېخى ياش، چىرايلىق، ساڭا لايىق چىقىدۇ. ياخشى بىر لايىققا ئۇچرىساڭ ئىدىڭ. بولغۇسى لايىقنى قاسىمغا ئوخشىتارمىدىڭ؟ بۇنى ھېچكىم بىلمەيدۇ. مەنمۇ ساڭا ياردەم بېرەلمەيمەن. سەن كەتكەندىن كېيىن ئاندا-مۇندا مېنى ئەسلەپ قويساڭلا، مەن شۇنىڭغا رازىمەن. بالام، سەندىن باشقا كىمىم بار. سەن كەتسەڭ، بىر ئۆيدە يالغۇز قالىمەن.

ئۇيلىسام بەكمۇ قورقۇنچلۇق. قىرىپ ھالىمدىن كەتكەندە، ماڭا تەسەللى بېرىدىغان ئادەم يوق. مەن نەۋرە كۆرۈشكە ئۈلگۈرەلمىدىم-دە. بىراق، سەن ئۈچۈن ئېيتقاندا كەتكىنىڭ ياخشى. مېنىڭدىن غەم يېمە. مەندەك بىر قېرى ئۈچۈن ياشلىقىڭنى نابۇت قىلما. مېنىڭ دەۋرىم ئۆتتى. لېكىن سەن تېخى ياشايسەن. سەن بىر قارارغا كېلىش بىلەنلا ماڭا ئېيتقىن. قايسى كۈنى كەتسەڭ، ئىختىيارىڭ. خاتىرجەم كېتىۋەر. مەن سېنى مەڭگۈ ئەسلەيمەن، سېنى سۆيىمەن، رەھمەت ساڭا...“

مەن ئۇيلاپ كېتىۋېتىپ بۇ گەپلەرنى دىمەكچى بولدۇم. ئالىمان كۆڭلۈمنى چۈشەنگەندەك بولدى. كىشىلەرنىڭ قەلبى بىر بىرىگە ئايان بولۇپ كەتكەن چاغدا، ئانچە-مۇنچە ئىما-ئىشارىنىمۇ چۈشىنىشىدۇ. لېكىن ئۇنىڭ ئېيتقىنى مېنىڭ كۈتكىنىمدىن باشقىچە بولۇپ چىقتى.

بىز تاشلىنىپ قالغان كوچىدىن ئۆتتۇق. مەنمۇ ئۆزەمگە ئىش تېپىپ تۇرىدىغان ئادەم، ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ ئالىمان بىلەن قاسىم سالماقچى بولغان ئۆينىڭ ئۇلىغا قاراپتىمەن: ھويلا بەش يىلدىن ئاۋالقىدەكلا تۇراتتى، توشۇپ قويغان تاشلار يەنىلا شۇ ئورنىدا تۇراتتى، كېسەكلەر ئاللىقاچان چېقىلىپ پارچە-پارچە بولۇپ كەتكەن. ئۇرۇش باشلانغان كۈندىن باشلاپلا، پۈتمىگەن كوچا خارابىگە ئايلانغان ئىدى. ھەر يازدا ھويلا ئارامنى قېرىقىز ۋە لويلا كۆكات بېسىپ كېتەتتى. تاملار ئولتۇرۇشۇپ كەتكەن، ئۆرۈلگەن بولۇپ، ئۆي ئورنىنى ھەتتا تىكەن بېسىپ كەتكەن ئىكەن، تىكەنلەر كامادەك تۇرغان دەرىزىلەردىن مارىشىپ تۇرۇپتۇ. كۈزدە بۇ يەردە پەقەت باغلاپ قويۇلغان موزايلارلا ئوتلىشاتتى، ھۆپۆپلەر كۈشۈلدىشىپ يۈرەتتى. چۆل-

www.uyghurkitap.com

لىشىپ كەتكەن قەۋرىستانلىقتا ھوزۇرلىنىپ يۇرۇشكە ئامراق بۇ قۇشلار قەدىمىي قەۋرىستانلىقـقا ئوخـشاپ قالـغان مۇشۇ خارابىلىقتا ئاپتاپقا قاخلىنىپ، جىمجىـت باھار ئىسسىغىدا پەس ئاۋازدا ”كۇش-كۇش“ قىلىشاتتى.

— ياپىرىم! — چۆللىشىپ كەتكەن بۇ مەنزىرىـگە قاراپ ھەيران بولدۇم. — ئۆي-جاي سىلىپ، بۇ يەردە ماكانلىشىمىز، دىگەنلىرىمىز قەيەردە قالدى؟ بىچارە قاسىمغىمۇ بۇ يەردە ئۆزىنىڭ تۇنجى ئۆيىنى سىلىشقا بۇيرۇمىدى-دە!

مەن ئاشۇلارنى ئويلاپ، كۆڭـلۇم غەش بولۇپ كېـلىۋاتقىنىمدا، ئالىمان مىنى قولتۇقلاپ، ماڭا ئىچ ئاغرىتىپ كۈلۈمسىرىدى:

— ئاپا، — دىدى ئۇ، — نـىمە ئانچە قايـغۇرىسىز؟ ياكى يورۇق دۇنيادىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزدىڭىزمۇ؟ ئۇنداق قىلماڭ، ئاپا، بوشاشماڭ. سىز مىنىڭ ناھايىتى غەيرەتلىك ئاپامـغۇ؟ سىز مىـنىڭ... — ئالىمان بىرنىمە دىيىشـكە تەمشەلـدىيۇ، پىكرىـنى ئۆزگەرتتـىمۇ، بىردىنلا كۈلۈمسىرىـدى. — سىز مىـنىڭ ئاپـپاق ئاپام. بىز مەشەدە بىر دەم ئولتۇرۇپ گەپلىشەيلىچۇ، ئاپا.

”ھە، ئۇ ئەمدى دەيدىغان بولـدى، كىتـىمەن دەپ ئېيتـىدىغان بولدى“ دىگەن ئوي ۋۇجۇدۇمنى كۆيدۈرۈۋەتتى.

— ماقۇل، مەشەدە ئولتۇرۇپ بىر دەم گەپلىشەيلى.

قىپىنئانا-كېلىـن ئىككـىمىز ئۆزىمىزنىڭ تەقدىرىنى ۋە بۇنىڭدىن كىيىـن قانـداق ياشايدىغانلىغـىمىزنى بەلگـىلىۋېـلىش ئۈچۈن يول بويىدىكى دۆڭلۈككە كىلىپ ئولتۇردۇق.

ئالىمان بېشىنى سىلىپ ئولتۇرۇپ بىر ئۇھ تارتـتى-دە، سۆزلەپ كەتتى:

— ھە، ئاپا، كاساپەت ئۇرۇش ئاخىرلاشتى ئەمدى. بۇنىڭدىن كېيىن قانداق تۇرمۇش كەچۈرىمىز دېگەن ئويىڭىزمۇ باردۇر. — ئالىمان جىم بولۇپ كەتتى، مەنمۇ جىم ئولتۇردۇم. ئالىمان كۆزىنى ماڭا تىكىپ جىددى ھالدا چىرايىمغا قارىدى. — قايغۇرماڭ، ئاپا، — دېدى ئۇ غەمكىن ھالدا سەل كۈلۈمسىرەپ، — بىزدە ئەقەللىسى ئازراق بولسىمۇ، كىچىككىنە، زەررىچە بولسىمۇ بەخت قالمىدى دەمسىز؟ تۆتەيلەندىن بىرىمۇ قايتمايدۇ دەمسىز؟ ياق، ھەرگىز ئۇن-داق ئەمەس. توختاڭ، ئاپا، گەپ ئارىلىماي تۇرۇڭ. ئاڭلاڭچۇ مېنىڭ گېپىمنى. راستىنى ئېيتقاندا، سىزنى بەزلەۋاتقىنىم يوق، ئۆزەمنىمۇ ئالداۋاتقىنىم يوق، ماڭا ئىشىنىڭ، ئاپا، كۆڭلۈمگە ئايان بولۇپ تۇرىدۇ: جايناق قايتىپ كېلىدۇ. نامۇ-نىشانسىز كەتتى، دېگىنى ئۇ تېخى ھايات دېگەن گەپ. ئۇنىڭ قۇربان بولغانلىغىنى ھېچكىم كۆرگىنى يوق. ئېھتىمال ئەسىرلىككە چۈشۈپ قالغاندۇ، ئېھتىمال پارتىزانلار بىلەن ئورماندا يۈرگەندۇ، ئەيتاۋۇر بىر كۈنى بولمىسا بىر كۈنى ئۇشتۇمتۇت كېلىپ قالىدۇ. بىر يەردە قاتتىق يارىدار بولۇپ، بۇنى بىزگە ئۇقتۇرالمايۋاتامدۇ تېخى. ھەممىسى ئېھتىمال. قاراپ تۇرۇڭ، ئۇ خۇددى قار ئۇچقۇنلىرى ئۈستىمىزگە چۈشكەندەك بىردىنلا كېلىپ قالىدۇ. كۈتەيلى، ئاپا، بالدۇر ئۈمىتسىزلىنىپ كەت-مەيلى. بۇنداق ئەھۋال بولغانغۇ — سىزمۇ ئاڭلىغان ئىدىڭىز — ئىز-دېرەكسىز يوقىلىپ كەتكەن كىشىلەر ھايات بولۇپلا قالماستىن، ئۆلۈمى توغرىلىق خەۋەر كەلگەن كىشىلەردىن ھاياتلىرىمۇ بار ئىكەنغۇ. ئېيتايلۇق، خوشنا ئايىللاردا ياكى سارى يايىقتىمۇ قازاقلار ئىچىدە شۇنداق ئىشلار بولدى، ئۆزىڭىز بىلىپ تۇرۇپسىزغۇ، ھازى-سىنى ئېچىپ، نەزىر-چىراق ئۆتكۈزۈپ بولغاندىن كېيىنمۇ ئۆلدى

دىيىلگەنلەردىن يەنە قايتىپ كەلگەنلىرى بولدى. ئۇ، سىزنىڭ جانىباق ئامان-ئېسەن، تېز ئارىدا قايتىپ كېلىدۇ، بۇنى يۈرىگىم سېزىپ تۇرۇپتۇ. تۆتەيلەندىن بىرىمۇ قايتمايدىغان ئىش بولماسلىغى كېرەك، بىز كۈتەيلى، ئاپا، ئۇزاق كۈتتۇق، يەنە كۈتەيلى. مەن توغرىلىق سىز غەم قىلماڭ، بۇرۇن سىزنىڭ كېلىنىڭىز بولغان بولسام، ئەمدى مەن سىزنىڭ ئوغلىڭىز مەن، ھەممە ئوغلىڭىز ئورنىدا ئوغۇل بولىمەن...قاسىمنىڭ ئەرۋاھى گۇۋا، سىزنى يالغۇز تاشلاپ كەتمەيمەن، ئاپا...

ئالىمان گېپىنى تۈگىتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇزاققىچە ئۈندىمەي ئولتۇردۇق. مايىنىڭ ئوتتۇرىلىرى ئىدى. بىزدىن ناھايىتى يىراق ئۇپۇقتا خۇددى قارا ئىسقا ئوخشاش قارا بۇلۇتلار يىغىلدى، ئۇ يەردە گۈلدۈرماما گۈمبۈرلىمەكتە. ئۇ يەردىن يامغۇرنىڭ سالقىن شامىلى كەلدى. شۇ يەردە قاتتىق يامغۇر ياغماقتا. قۇياش شولىسىغا پۈركەنگەن يامغۇر تامچىلىرى سىماپتەك پارقىراپ گاھ تاقتا، گاھ سايىغا كۆچۈپ، گويا ئالەم يۈزىنى يۇپۇۋاتقاندەك ئىدى. شۇ يىراقتىكى يامغۇرنىڭ سالقىن نەپىسىنى شامال ھەيدەپ، لىپ-لىپ قىلىپ جىنىمغا ئارام بېرەتتى. مەن ئالىمانغا ھېچنېمە دېمىدىم. بىراق مېنىڭ ئۈنىڭغا دەيدىغان گەپلىرىم شۇ پارقىرىغان يامغۇردەك ساپ سۆزلەر ئىدى.

دۇرۇس، يامغۇر ياغىدۇ، زىرائەت ئۆسىدۇ، خەلق تۇرمۇش كەچۈرىدۇ، مەنمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ياشايمەن. بۇنداق دىگىنىم ئالىماننىڭ مېنى ئاياپ، ھۆرمەتلىگىنى، سېنى تاشلاپ كەتمەيمەن دىگىنى ئۈچۈنلا ئەمەس، ياق، مەن باشقا بىر ئىش ئۈچۈن خوشالمەن. ئۇرۇش ئادەمنى رەھىمسىز، پەس، ئاچكۆز ۋە پۈچەك قىلىۋې-

تىدۇ، دەپ كىم دەيدۇ؟ ياق، ئۇرۇش، قىرىق يىل قىرغىن كەلتۈرسەڭمۇ، قانچىلىغان كىشىنىڭ ئەجىلىنى يەتكۈزۈپ، دەسسەپ-چەيلەپ، بۇلاڭ-تالاڭ قىلساڭمۇ، بۇزۇپ يەر بىلەن يەكسان قىلساڭمۇ، بەرىبىر، ئادەمنىڭ ئىرادىسىنى تەۋرىتەلمەيسەن، ئادەمنى بوي سۇندۇرالمايسەن.

مېنىڭ ئالمانىم بولسا چىن ئادەم-دە! قاراڭغۇ كېچىدە پاراشوتقا ئېسىلىپ، دۈشمەنلەرنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئايروپىلاندىن سەكرەپ چۈشكەن جايناق خەۋەرسىز، دېرەكسىز يوقاپ كەتتى، دىگىنىگە قارىماي، ئۇ ئۆلمىدى، ئۇ ئامان-ئېسەن، ئۇ سۆزسىز قايتىپ كېلىدۇ، دەپ ئىشەنگىنى، تىلىگىنى كىم ئۇچۇن؟ دۇنيا ئۇنچىلىك ئادالەتسىز ئەمەس، دەپ قەتئىي ئىشىنىشى كىم ئۇچۇن؟ ئالمانىنىڭ چىن قەلبىدىن ئېيتقان سۆزلىرىگە مەنمۇ ئىشىنىپ، راستلا جايناق تىرىكمىكىن، ئۇنداق بولسا قايتىپ كەلسىمۇ ئەجەپ ئەمەس، دەپ ياش بالىلاردەك ئۈمىتۋار بولۇپ قالدىم-دە، ئۇنىڭ ئىشەنچىنى بۇزمىدىم. مەن ئالمانىنىڭ جىملىقىنى بۇزىدىغان مۇشۇ كۈننى ئۇزاقتىن بېرى خىيال قىلىپ كەلگەن ئىدىم. ئۇ ئالدى بىلەن كۆكتاتلىقنى تېخى ھەيدەپ بولالمىغانلىغىمىزنى ئېسىگە كەلتۈردى.

— ئاپا. يەرنى تېخى ھەيدەپ بولمىدۇققۇ. — دېدى ئۇ مېنى سۆيلەشكە باشلاپ. — ئاپا، تېزرەك بولايلى. يەر قۇرۇپ قالمىسۇن!

كۆكتاتلىققا كېلىپ قارىساق، ئۆكۈز قوشنى سۆرەپ ئاللىقەيەرگە بېرىپ ئوت يەپ تۇرۇپتۇ. ئالمان ئۇلارنى قايتۇرۇپ كېلىپ يەنە يەر ھەيدەشكە باشلىدى. قىزىق-تە، بىر ئادەمنىڭ تەلۋى قانچىلىك-ھە! بەزىدە بىر ئېغىز ياخشى گەپمۇ ئادەمنى ئۆلۈمدىن ھاياتقا قايتۇرىدۇ. ئالمانىنىڭ ئەھۋالى ئەنە شۇنداق ئىدى. مەن

شۇنداق تۇيغۇغا كېلىپ قالدىمۇيا؟ بىراق ئۇ بىردىنلا ئۇرۇشتىن ئاۋالقى ئالىمانغا ئايلىنىپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىلىپ-يايرىغىنى، ھەر بىر سۆزى، ھەر بىر كۈلكىسى ۋە ھەر بىر ھەرىكىتى — ھەممىسى بۇرۇنقىغا ئوخشاپ قالدى. ئىمچىسىنى قىر بېشىغا تاشلاپ، كۆينىكى-نىڭ پېشىنى قىستۇرۇپ، يېڭىنى تۈرۈپ، ياغلىغىنى ئارقىسىغاراق تارتىپ قويۇپ، چاققانلىق بىلەن ئۆكۈزلەرنى ھەيدەشكە باشلىدى.

— ئاق باش ئۆكۈز، ئوش-كە، تاپ-تاپ! چولاق قۇيرۇق، ئوش-كە، تاپ-تاپ! — دەپ تووۋلايتتى ئۇ قامچىسىنى قارسىلدىتىپ.

ئۇھ، ئالىمانىمەي، بۇ سېنىڭ روھىڭنى چۈشۈرمە، ئىش قىل، ياشا، دېگىنىڭغۇ. ئۇ كېتىۋېتىپ ئارقىسىغا بۇرۇلۇپ كۈلۈپ تۇرۇپ ماڭا دېدى:

— ئاپا، قوشنىڭ بېشىنى يېنىكرەك بېسىڭ، بولمىسا تاشلار ئۈستىگە چىقىپ قالىدۇ. كۈچىڭىزنى ئاياڭ جۇمۇ!

ئىككى-ئۈچ قېتىم ئايلاندۇرساقلا ھەيدەپ بولاتتۇق، لېكىن يامغۇر يېتىپ كەلدى. بۇ شاۋقۇنلۇق، لېكىن خۇشاللىنارلىق يامغۇر ئىدى. دەسلەپتە تاراسلاپ ئۆكۈزنىڭ دۈمبىسىگە بىرنەچچە تال يامغۇر چۈشۈپ يەنە ئاستىلاپ قالدى ۋە ئارقىدىنلا چۆمۈچ بىلەن قۇيغاندەك ۋە چاۋاك چالغاندەك تاراسلاپ قۇيۇۋەتتى. بىر دەمنىڭ ئىچىدىلا ئايلىدىكىلەرنىڭ ھەممىسىنى ئالاقزادە قىلىۋەتتى. مېكىيانلار غۇ-غۇلشىپ، قاناتلىرىنى كېرىپ، چۈجىلىرىنى قانىتى ئاستىغا ئېلىپ يۈگرەلاشقا باشلىدى. قىز-جۇۋانلار يايغان كىر-قاتلىرىنى ئۇيپۇل-توپۇل يىغىپ ئۆيلىرىگە يۈگۈرۈشتى. باللار كوچىدا يۈگۈرۈشۈپ، قوغلىشىپ:

”يامغۇر، يامغۇر ئۆتۈپ كەت،
قارا سۇدىن كېچىپ كەت“ —

دەپ ناخشا ئېيتىشقىلى تۇردى.

— ئۇستى - بېشىمىز ھۆل بولۇپ كېتىدىغان بولدى! يوگورەيلۇق، يامغۇر ئۆتۈپ كەتكەندىن كېيىن بىر گەپ بولار! — دېدىم مەن ئالىمانغا.

— ھېچقىسى يوق، ئاپا، سۇسلىشىپ قالمايلى! — دېدى ئالىمان كىچىك قىزلاردەك يامغۇردا كولوپ ۋە ئۆكۈزلەرنى تېخىمۇ ئىتتىك ھەيدەشكە باشلىدى.

مەنمۇ كېلىنىمنىڭ بۇ ئىشىدىن خوشال بولدۇم. ”پېئىل - ئېتىۋا - رىڭدىن ئايلانسۇن ئاپاڭ، يامغۇردەك پارقىرىغان يۈزۈڭدىن ئايلىناي، يامغۇردەك شوخلىغىڭدىن ئۆرگىلەي! قانداق بەختلىك ئايال ئىدىڭ! ئېخ، دۇنيا، دۇنيا، دۇنيا شۇنداق ئىكەن!“ دەپ يۈرىگىم شاتلىنىپ، ئالىماننىڭ چىرايىغا قاراپ تويماي كەتتىم. كېيىن بىلسەم، ئۇنىڭ بۇ ئىشلىرى يەنىلا ماڭا بېغىشلانغان ئىكەن، ئۇ مېنىڭ كۆڭلۈمنى كۆتەرمەكچى بولغان ئىكەن. ئۇ مېنى ئۇرۇشنى ۋە ئازاپ - ئوقۇبەت - لەرنى ئۇنتۇپ، تېخىمۇ خوشال ھايات كەچۈرسۇن، دەپ شۇنداق قىلغان ئىكەن. ئالىمان ھە دەپ ئالقىنىنى ۋە يۈزىنى يامغۇرغا تۇتۇپ:

— قاراڭ ئاپا، نېمە دېگەن ياخشى يامغۇر - ھە! قارىڭە بۇنىڭغا، نېمە دېگەن پاكىز يامغۇر سۈيى - ھە! بۇ يىل چوقۇم مول ھوسۇل ئالىمىز. ئوش، ئوش، تاپ - تاپ، ياغە يامغۇر، بەرىكەڭنى تۆكۈ - ۋەر، تۆكۈۋەر! — دەپ قامچىسى بىلەن ئۆكۈزلەرنى، يامغۇرنى ئۇراتتى. شۇ چاغدا ئۇ ئۆزىنىڭ نەقەدەر گۈزەل ئىكەنلىكىنى، ھۆل بولۇپ كەتكەن كۆينەكلىرى بەدىنىگە چاپلىشىپ، قامىتىنىڭ قانچىلىك

خۇشپىچىم بولۇپ كەتكەنلىكىنى، كۆزلىرىنىڭ قانچىلىك چاقناپ كەتكەنلىكىنى سەزمىگەن بولسا كېرەك. ئېخ قاغىش تەككۈر ئۇرۇش، ۋەھشى ئۇرۇش!

شارىلداپ ياققان يامغۇر شالاڭلاپ يىراقلارغا كەتكەندە، ئالمانمۇ تېزلا ئۆتۈپ كېتىدىكەن-دە، دېگەن خىيال بىلەن، ئۇزاپ كېتىۋاتقان يامغۇرنىڭ ئارقىسىدىن مۆڭلىنىپ تىكىلىپ، يىراقلارغا كۆز تىكىپ، يامغۇرنىڭ بېسىلىپ قېلىۋاتقان كۆيىگە قۇلاق سېلىپ، قاتتىق خورسىندى. ئۇ قاسىمنى ئېسىگە ئالدىمۇ ياكى باشقىنى، ماڭا بىر قارىدى-دە، يەنە كۆلۈمسىرىدى.

— مۇشۇ يامغۇرنىڭ نېمىدىن پايدىلىنىپ كۆممە قوناق تېرىۋالايلى! — دېدى ئۇ ۋە يۈگۈرگەن پېتى ئۆيگە ماڭدى.

ئالمان ئۆتنىلگەن كۆممە قوناق ئۇرۇغىنى ئېلىپ كەلدى.

— ئاپا، مۇشۇ تېرىلغان كۆممە قوناق پىشقىچە جايىناق قايتىپ كەلسىدى! — دەپ ئۇچۇمىدىكى ئۇرۇقنى يەرگە چاچتى.

مەن شۇ كۈننى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. بۇلۇت ئارىسىدىن يالت قىلىپ كۈن چىقىپ، ھازىرلا كۆتىرىلگەن قىپ-قىزىل چوغدەك ئاپتاپ تەككەندە، ئالمانىم يامغۇردىن كېيىن نەم بولغان قارا تۇپراقنى يالڭاياق ھالدا بىسىپ، ھەر قەدەمدە ئالتۇن سىپىۋاتقاندەك ئۇرۇق چېچىپ، بۇ خاسىيەتلىك ئەمگەكنى ياخشى نىيەت، ياخشى ئۈمىتكە بېغىشلاپ، كۆممە قوناق ئەمەس، ياخشىلىق ئۇرۇغى، ئۈمىت ئۇرۇغى چېچىپ يۈرگەندەك ئىدى.

— قاراڭ ئاپا، — دېدى ئۇ ماڭا، — مېنىڭ بۇ گەپلىرىم چوقۇم توغرا چىقىدۇ. مەن تېخى جايىناقتا ئۆز قولۇم بىلەن كۆك-ۋاش پۇچىلاپ بېرىمەن. ئېسىڭىزدىمىكىن، ئۇ دائىم مېنىڭ بىلەن

بىلەن كۆكۋاش تالىشىپ ئۇرۇشاتتى. بىر قېتىم ئىسسىق كۆكۋاشنى ئېلىپ قاچىمەن دەپ قويىنىغا سېلىۋالغاندا، ئىسسىق كۆكۋاش ئۇنىڭ قوسىغىنى كۆيدۈرۈپ قويغان ئىدى! ئۇھ، ئۇھ، دەپ قوسىغىنى تۇتۇپ سەكرەپ، دەل بىر چېلەك سۇنى مەيدىسىگە قۇيۇۋەتسىمۇ، ياردەملەشمەك تۈگۈل تازا كۈلگەن ئىدىم، "خوپ بولدى، خوپ بولدى!" دەپ كەتكەن ئىدىم. ئېسىڭىزدىمۇ، شۇلار، ئاپا؟

ئۇ مۇشۇ قىزىق ئىشنى ئەسلەپ كۈلۈپ كەتتى.

مۇشۇ ئىشى ئۈچۈنمۇ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتىمەن.

## 14

— شۇنداق، تولغاناي، سىلەر جايناقنى ئۇزاق ساقلىدىڭلار.

— ھەئە، ئۇزاق ساقلىدۇق، يەر ئانام. كومىمە قوناق بىر قېتىم ئەمەس، ئىككى قېتىم، ئۈچ قېتىم پىشتى. لېكىن جايناق قايتىپ كەلمىدى. ئۇ توغرىلىق ئازراق خەۋەرمۇ بولمىدى. ئېسىڭدە بولسا كېرەك، مەن كۆز ياشلىرىمنى دەريادەك ئېقىتىپ قانچە-قانچە قېتىم سېنىڭ ئالدىڭغا كەلگەن ئىدىم، دەرتلىرىمنى تۆككەن ئىدىم...

— ھەئە، كېلىپ تۇراتتىڭ، تولغاناي. دۇرۇس، سەن مېنىڭ يېنىمغا تالاي قېتىم كەلگەنسەن. يىغلاپ، مېنىڭدىن: كېلىنىمنى قانداق قىلاي، ئۇنىڭ ياشلىقىنى نابۇت قىلىۋەتمەي، دەپ تولا سورىغانسەن. بىراق، مەن ساڭا ياردەملىشەلمەيمەن-دە، تولغاناي. ھازىر بۇنىڭغا كۆپ يىللار ئۆتۈپ كەتتى، ھېلىمۇ ساڭا جاۋاپ بېرەلمەيمەن.

## 15

تۇرمۇش ئۆز قانۇنىيىتى بويىچە ئىلگىرىلىدى، كولخوز ئۆز ئىزىغا چۈشتى، تۇرمۇش سەل ئاسانلاشتى. ئۇرۇش داغلىرىمۇ پەيدىن-پەي يوقىلىشقا باشلىدى.

ئالىمان ئىككىمىز ئاۋالقىدەكلا كولخوزدا ئىشلەپ يۈردۇق. ييگىتلەر ئالدىنقى سەپتىن قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، ئەترەت باشلىقلىغىنى دەرھال ئۇلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردىم.

— سىلەر يوق چاغدا ئۈچ يىل ئىشلەپ تۇردۇم، ئەمدى قىيردىم، ييگىتلەر، ئەمدى ئىشنى ئۆز قولۇڭلارغا ئېلىڭلار، — دىدىم، — مەن سىلەرگە يەنىلا ياردەملىشىمەن.

شۇ زامانلاردىكى ياشلار ھىلىمۇ مىنى "ئەترەت باشلىغى" دىيىشىدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا ئۇلار ھىلىمۇ مىنى ھۆرمەتلىشىدىغان ئوخشايدۇ...

تۇرمۇش ئىزىغا چۈشكىنى بىلەن ئالىمان ئىككىمىز يەنىلا خاتىرجەم بولالمىدۇق. بۇنى ھىچكىم سەزمىگىنى بىلەن، مۇشۇ ۋەجىدىن كۆڭلىمىزدە دائىم ئازاپلىناتتۇق، دائىم بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىناتتۇق. مۇنداق قارىساڭ، ھەركىم ئۆزىچە پىكىر قىلىپ، ھەر بىرىمىز ئۆز كۆڭلىمىزگە ئۆزىمىز كۆل تارتىشىمىز، ئۆز تۇرمۇشىمىزنى ئۆزىمىز قۇرۇشىمىز كېرەك ئىدى، توغرا يولىمۇ شۇ ئىدى. بىراق بىز ئۇنداق قىلمىدۇق. ئەگەر مىنىڭ كېلىنىم ئالىمان بولماي باشقا بىرەيلەن بولغان بولسا، ئەگەر ئالىمان ماڭا بۇنچىلىك يېقىن بولمىغان بولسا، ئاغزىمنى خورىتىپ ئولتۇرمايلا، يۈزىگىلا: ئۇزاق كۈتۈشنىڭ ئورنى

يوق، بالدۇرراق بىر ئەر تېپىپ كەتكىن، دەۋېرەتتىم. لېكىن ئۇنىڭغا، كېلىنىم ئالىمانغا بۇنداق گەپ قىلىش قارارىغا كېلەلمىدىم. سۆزلەرىمنى قانچىلىك ئەگىتىپ، سىلىقلاپ ئېيتاي، بەرىبىر ئاشۇ قوپال، دەھشەتلىك مەنىلا چىقاتتى-دە. ئۇنى كېتىشكە زورلاشقا ھەققىم يوق ئىدى. بىر كۈنى ئۇنىڭ بىرنەچچە تۇققىنى قايىندادىن كېلىپ ئۆتەشىدە بىزنىڭكىگە چۈشتى. مېنىڭدىن ئۆتمىسۇن، دەپ، مەن ئالىماندىن مىڭ مەرتە رازىمەن، دەپ ئۇلارغا كۆڭلۈمدىكىنى زورىغا چۈشەندۇردۇم. لېكىن ئالىمان ئۇلارنىڭ ئالدىدا تارتىنىپ ئولتۇرمىدى، مېنى خەقنىڭ ئالدىدا ۋە ئۆزىنىڭ ئالدىدا تازا ئىزا تارتقۇزۇۋەتتى. مېنىڭ بىلەن كارىڭلار بولمىسۇن، كېتەمدىمەن، كەتمەمدىمەن، ئۆزەم بىلىمەن، سىلەر ئارىلاشماڭلار، دىدى. گەپ قىلمىسام بوپتىكەن، دەپ ئەپسۇسلىنىپ كەتتىم. مېنىڭ ئىزا تارتىپ كەتكەنلىگىمنى بىلىپ، ئالىمان، ئاپپاق قىزىم، بىلىپ تۇرسىمۇ بۇ ھەقتە ماڭا گويا ھېچقانداق گەپ-سۆز بولۇپ ئۆتمىگەندەك زادىلا ئېغىز ئاچمىدى. مەن ئىچ-ئىچىمدىن مىننەتدار بولدۇم. شۇ تەرىزدە بىر بىرىمىزنى ئاياپ، بىر بىرىمىزنى قىيالماي، جايناق كېلىپ قالارمىكىن، دەپ ئۈمىت قىلىپ ئالدىنىپ يۈرۈپ، ئەڭ ئاخىرى ئۇنىڭدىنمۇ ئۈمىتنى ئۈزۈپ، يىل-ئايلارنى ئۆتكۈزدۇق...

بۇ ئىشنىڭ قانداق سادىر بولغانلىغىنى ئۆزەممۇ بىلمەيمەن. بىزنىڭ ئايىل يول ئۈستىدە ئەمەسمۇ، يايلاۋغا مال ھەيدىگەنلەر ھەر يىلى بۇ يەردىن ئۆتۈپ تۇراتتى. بەزىدە مالچىلار بۇ يەردە بىرنەچچە كۈن تۇرۇپ، ئۆزىمۇ دەم ئېلىپ، ماللارنىمۇ ئوتلىتىپ ئۆتەتتى.

قىرىق ئالتىنچى يىلى كۈزدە خوشنا ئايىللىق بىر قويچى قويلىرىنى ھەيدەپ دەريا ساھىلىدا ئوتلىتىپ يۈردى. ئەسكەرلىكتىن كەلگەن

يەگىتكە ئوخشايدۇ، بوز شىنىللىق، جۇۋىسىنى بۆكتىرىپ، مىلتىغىنى يەلكىسىگە ئېسىپ، بۇ يەرلەردە ئايلىنىپ يۈرگىنىدە، چېپىپ يۈرسە يۈرمەمدۇ، يولدا ئات مىنىپ، چېپىپ يۈرگەنلەر ئازمۇ، ھەركىمنىڭ ئۆز ئىشى بار ـ دە، دەپ ئۇنىڭغا ئانچە ئېتىۋار بەرمەپتىكەنمەن.

شۇ يىلى كۈزدە ئايىلدا پات ـ پات توي بولۇپ تۇراتتى. كىمدۇر بىرسى ئوغلىنى ئۆيلەش مۇناسىۋىتى بىلەن ئوغلاق بەرگەن ئىكەن. ھىلىقى قويچى چاققان يىگىت ئىكەن. تويغا مەنمۇ، ئالىمانمۇ بارماقچى بولغان. ئالىمان جابدۇنۇۋاتقاندا بىرەيلەن كوچىدىن ئات چاپتۇرۇپ كەلدى ـ دە، گۈپ قىلىپ ئىشىككە يىقىلغاندەك بولدى. قاراپ باقاي دەپ يۈگۈرۈپ چىقسام، ھىلىقى قويچى ئىكەن، ئوغلاقنى ئېلىپ كېلىپ بىزنىڭ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا تاشلاپتۇ. ئويناقلاپ تۇرغان ئېتىنىڭ ئۈستىدە ئادەمنىڭ دىققىتىنى تارتىپ تۇراتتى، قامچىسىنى چىشلىگەن، يېڭىنى تۈرۈۋالغان. ئوغلاق تارتىشتا غالىپ كەلگەن كىشى ئوغلاقنى خالىغان بىر كىشىنىڭ قوراسىغا ئېپكېلىپ تاشلايدۇغۇ. مەن نىمە ئۈچۈنكىن ھودۇقۇپ، نىمە دېيىشىمنى بىلمەي قېپتىمەن.

ــ ھوي، بۇ نىمەڭ، بالام؟ ــ دەۋېتىپتىمەن مەن.

ــ ئۆيدە كىم بار؟ ــ دەپ سورىدى ئۇ.

ــ كىم كېرەك ئىدى؟ ــ دىدىم مەن.

ــ قولۇمدىن چۈشۈپ كەتتى، ــ دىدى ئۇ ۋە ئىگىشىپ ئوغلاقنى ئېلىپ، ئېتىنىڭ بېشىنى بۇراپ، كوچا بويلاپ يۇقۇرىغا چېپىپ كەتتى. بۇ چاغدا ئارقىسىدىن قوغلاپ كەلگەنلەرمۇ ئۇنىڭغا يېتىشۋالاي دەپ قالدى، بولغان ئەھۋال شۇ. شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئۇنى كۆرمىدىم. شۇ چاغدىلا مەن ئۇنى رەنجىتىپ قويغانلىقىمنى سەزدىم. خەق ئوغلاق تاشلىغان ئىكەن، سەن ئۇنى كۈتۈۋېلىشىڭ كېرەك ـ تە ــ

ئادىتىمىز شۇ ئەمەسمۇ. يا راستلا ئۇغلاق قولىدىن چۈشۈپ كەتتىمى-
كىن؟ لېكىن قولىدىن چۈشۈپ كەتكەن بولسا، نېمىشقا كوچىغا چۈشۈپ
كەتمەي دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چۈشىدۇ؟ — دېگەن ئويلاردىمۇ بولدۇم.
ئالىمان بېشىغا گۈللۈك رومىلىنى چىگىپ، شايى كۆينىكىنى كىيىپ
ئۆيدىن چىقىپ كەلدى. تويغا بارماقچى بولۇپ تۇرغان ئىدۇق.
مېنى كۆرگەندە ئالىمان يەرگە قاراپ قىزىرىپ كەتتى.
— يۈرمەمدۇق، ئاپا، — دېدى ئۇ ئاستاغىنا.
بايىقى قويچىنىڭ نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى ئەمدىلا چۈشەندىم.
ئىككى-ئۈچ كۈندىن بېرى ئالىمان سۇ ئېپكېلىمەن دەپ ئېرىقتىكى
سۇنى قويۇپ، ھەر كەچلىكى دەرياغا سۇغا كېتەتتى ۋە ناھايىتى كەچ
قايتاتتى. كۆڭلۈم بىر قىسما بولۇپ قالدى...بۇ قىزغانغانلىقىمدىن
ئەمەس، بەلكى، ئېھتىمال، قىزغانغاندۇرمەن، لېكىن گەپ بۇ يەردە
ئەمەس ئىدى. گەرچە دۇئا-تىلاۋىتىمدە ئالىماننىڭ ئۇزاققىچە تۇل
ئولتۇرۇپ كەتمەسلىكىنى، بالدۇرراق ئەرگە تېگىپ كېتىشىنى، مۇشۇن-
داق بىر بەختكە ئېرىشىشىنى تىلىگەن بولسامۇ، لېكىن مانا ئەمدى
بىردىنلا قورقۇشقا باشلىدىم. گويا تۇل كېلىنىمنى ئەمەس، بەلكى
ئۆز قىزىمنى ئەرگە بېرىۋاتقاندەك، ئالىماننى يېڭىلىشىمىسكەن، چۈش-
كەن جاي ياخشى بولمىسكەن، دەپ قاتتىق قايغۇرۇپ، يۈرىكىم پارە-
پارە بولۇشقا باشلىدى. تويىدىمۇ، قايتىپ كېلىۋاتقان يولدىمۇ ۋە ھەتتا
ئۆيگە كەلگەندىمۇ بۇ ئويلاردىن خالاس بولالمىدىم.
"ئۇنى ياخشى چۈشىنەمسەن، ئالىمان؟ ئۇ قانداق يىگىت ئىكەن؟
ئالدىراپ كەتمە، ئالىمان، مېنىڭ ئاپپاق قىزىم، ئالدىنىپ قالما.
ئادەمنى ياخشى چۈشىنىش كېرەك" دەپ ئىچىمدە پىچىرلاپ چىقتىم.
نېمە بولسىمۇ ياشلارغا توسالغۇ بولۇپ قالماي، ئالىماننى ئىزا تارتقۇ-

www.uyghurkitap.com

زۇپ قويماي، ئۆز ئىختىيارى ئۆزىدە ئىكەنلىكىنى، مېنىڭ ئۇنىڭغا ھېچقانداق قارشىلىقىم يوق ئىكەنلىكىنى قانداق قىلىپ بىلدۈرسەم بولىدىكىن، دەپ قىينالدىم. ھېچنېمىنى سەزمىگەن كىشىدەك بولۇپ، كۈندىكىدەك سۆزلەپ، كۈندىكىدەك كۈلۈپ يۈرسەممۇ ئالىمان مېنىڭدىكى ئۆزگىرىشنى سەزگەن ئىكەن.

كەچقۇرۇن سۇ ئېپكەلگىلى بارىمەن دەپ چېلەكلەرنى ئېپچىقىپ كەتكەندە، يەلكەمدىن ئېغىر بىر يۈك چۈشكەندەك بولدى. بوپتۇ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشسۇن، دەپ ئويلىدىم. لېكىن ئۇ ناھايىتى تېزلا قايتىپ كەلدى. سۇنى دەريا بويىغا بېرىپ ئەمەس، ئېرىقتىن ئېپكېلىپتۇ.

— ئاپا، — دىدى ئۇ سۇنى يەرگە قويۇپ، — مەن سۇ ئىسسىتاي، بېشىڭىزنى يۇيۇۋېلىڭ.

— ھېچقىسى يوق، — دىدىم مەن، — قىزىم، ئەتە يۇۋالارمەن، بىر يەرگە بارىدىغان ئىشىڭ بولسا...

لېكىن ئۇ مېنىڭ سۆزۈمنى بۆلۈۋەتتى:

— ئەتە ئىشقا چىقىمىز، ۋاقىت يوقىقۇ. سىز يۇيۇۋېلىڭ، ئاپا، مەن چېچىڭىزنى تاراپ قوياي.

ئالىمان بىر قازان سۇ ئىسسىتىپ، باش يۇيۇشنى بىلمەيدىغان بىر كىچىك قىزنىڭ بېشىنى يۇيۇپ قويىدىغاندەك تەرەددۇت قىلىپ كەتتى. ئالدى بىلەن مېنى قېتىق بىلەن يۇيۇشقا زورلىدى، كەينىدىن ئەتىر سوپۇن بىلەن يۇيۇندۇرۇپ بولۇپ چايقاتتى، يەنە سوپۇنلاپ يۇيۇندۇرۇپ، سۇنى ئىسسىق قىلىپ تەڭشەپ، چايقاش ئۈچۈن بېشىمغا قۇيۇپ بەردى. باشقا ۋاقىتتا بولسا، بالام، قويغىن، ئۆزەم يۇيۇۋالىمەن، دەيتتىم، لېكىن بۇ دۆرەم گەپ قىلالماي قالدىم. ”ئاپلا، بۇ قانداق

بولدى، مېنى دەپ ئىككى ئارىلىقتا ۋەدە قىلغان يېرىگە بارالماي قالدىغۇ“ دىگەن ئويغا كەلدىم. لېكىن ئالىمان بۇنىڭدىن ناھايىتى مەمنۇندەك تۇراتتى، پەقەت بېشىمنى تاراۋاتقان ۋاقىتىدىلا سەل كۆڭلى يېرىم بولغاندەك بولۇپ:

— ئاپا، ياشلىقىڭىزدا چېچىڭىز ئەجەپ قويۇق بولغان بولسا كېرەك! — دەپ ماڭلىيىمنى، چېچىمنى ئەركىلىتىپ سىلاپ، يۈزلىرىمگە، بويىنۇمغا قوللىرىنى ئۈزاقىچە تەككۈزۈپ تۇردى. ”مېنىڭ بىلەن خوشلىشىۋاتىدىغۇ“ دەپ ئويلاپ، كۆزۈمگە كەلگەن ياشلارنى يوشۇرۇپ، ئۆزەمنى ئاران تۇتۇپ تۇردۇم. كېيىن ئۇ چېچىمنى ئۆرۈپ قويدى، ساندۇغىدىن ئۆزىنىڭ ئەتىرىسىنى ئېلىپ چىقتى. ئەتىرىنى ئۇنىڭغا قاسىم ئېلىپ بەرگەن، ئالىمان ئۇنى ساقلاپ كېلىۋاتاتتى.

— ئالىمان، ۋوي بالام، نىمە قىلغىنىڭ بۇ؟ ماڭا ئۇنىڭ نىمە كېرىگى بار؟ قېرىغاندا ئۇيات ئەمەسمۇ! — دەپ دەرھال قولۇم بىلەن توستۇم.

لېكىن ئالىمان گېپىمنى ئاڭلاپمۇ قويماستىن پىخىلداپ كۈلۈپ، خوشال بولۇپ يۈزۈمگە، بويىنۇمغا، چاچلىرىمغا بىرمۇنچە ئەتىر چېچىۋەتتى، ئاخىرى قۇتىدىكى ئەتىرنى بىراقلا تۆكتى. ئاندىن كېيىن ئۇ مېنى قۇچاقلاپ، تازا سىنچىلاپ قاراپ چىقتى.

— مانا قانداق گۈزەل، ياپ-ياش بولۇپ قالدىڭىز، — دەپ راسا سۆيۈنۈپ كەتتى.

مەنمۇ خوشال بولۇپ كۈلۈپ كەتتىم. چايدىن كېيىن ئالىمان:

— ئورنىڭىزنى راسلاپ بېرەي ئاپا، ياتايلى، — دىدى.

شۇ كېچىسى ئىككىمىز ئۇخلىمىدۇق. ئالىمان ئۆزىچە خىيال سۈرۈپ

www.uyghurkitap.com

ياتتىمۇ، گاي ـ گايىدا قاتتىق خورسىنىپ قوياتتى. مەن بولسام، كۆزۈمنى يۇمساممۇ ئالمىنىنىڭ بۇگۈن قىلغانلىرىنى ئويلاپ، باشتىن كەچۈرگەن ئىشلار كۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ تۇردى. بىر كەملەرگىچە ئالمىنىنىڭ ئاشۇ ۋاقتتا گۈلخەيرىنى كومباينىنىڭ سۇپىسىغا ئېپكىلىپ قويغانلىقىنى ئەسلەپ ياتتىم. ئۇ قولىدىكى بىر دەستە گۈلخەيرىنى كومباينىنىڭ سۇپىسىغا قويۇپلا سەكرەپ ـ تاقلاپ قايتىپ كەلگەن ئەمەسمىدى. بىر كەمگىچە، قاسىم ئەسكەرلىككە ماڭىدىغان چاغدا ئۇنى ئاتقا مىنگۈزمەي، بوينىغا مەھكەم ئېسىلىپ يىغلاپ، كىچىك بالىدەك قولىدىن تارتىپ تۇرۇۋالغانلىقىنى ئەسلەپ ياتتىم. يەنە بىر كەمگىچە، ھارۋىنى ئىتتىك ھەيدەپ، ئالدىراپ ۋوگزالغا كېتىۋاتقان ۋاقتىمىزدا ياققان ئاپپاق قار ئالمىنىنىڭ رومىلىغا، ماڭلاي چاچلىرىغا، ياقىسىغا چۈشۈپ، ھۆسنىگە ھۆسن قوشۇپ، تولىمۇ گۈزەل قىلىپ كۆرسەتكىنىنى ئەسلەپ ياتتىم. بىر ھازا غىچە، غۇلچىسىنى كەڭ كېرىپ: ئا ــ پ...ا! تۇل بولۇپ قالدۇققۇ، بەختسىز تۇل بولۇپ قالدۇققۇ!" دەپ تۇۋلىغىنىچە ماڭا قاراپ ئېتىلىپ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ ياتقاندەك بولدۇم. بىر ھازا غىچە، بېشىغا قارا ياغلىق سېلىپ، قىزغالداققا تولغان كەڭ دالىدا چوڭ يولغا قاراپ چېپىپ كېتىۋاتقانلىقىنى كۆرگەندەك بولۇپ ياتتىم. بىزنى چەمبەرچەس باغلىغان ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى سەگەكلىك بىلەن بىر مەرتەم ئەسلەپ، يەنە بىردىنلا ھېلىقى ئوغلاقچى قويچى بىلەن قوي ھەيدىشىپ، ئەگىشىپ كېتىۋاتقان ھالىتى كۆز ئالدىمغا كەلدى. "مېنى كەچۈرۈڭ، ئاپا، مەن كەتتىم. مېنىڭدىن ئۆتكەن بولسا ئەپۇ قىلىڭ. خەير، ئاپا!" دىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك، ئۇنىڭغا ئەگىشىپ، يار ياقىلاپ: "خەير، چىراغىم! خەير، گۈل سۆيگەن كېلىنىم، خەير، پېشانەمگە سىغمىغان

يۇلتۇزۇم! ئامان بول، بەختىڭ ئېچىلسۇن، ئالمانىم!...ھوي، يىگىت، بالامنى خار قىلما، كېلىنىمنى ياخشى ئاسرىغىن. ئۇنداق قىلمىساڭ سېنى قاغايمەن، قاغىشىمغا كېتىسەن" دەپ توۋلىغاندەك بولدۇم. كۆزۈمگە ياش تولۇپ، ئىسسىققىنا بولۇپ، يۈزلىرىمدىن دومىلاپ ياستۇققا تېمىپ ياتتى. يىغلىغانلىغىمنى ئالمان بىلىپ قالمىسۇن دەپ ئىلاجىنىڭ بېرىچە ئۆزەمنى بېسىپ ياتتىم.

ئەتىسى ئىشتىن چۈشكەندىن كېيىن ئالمان ھېچنەگە بارمىدى. كەچتىمۇ ئۆيدە بولدى. شۇنىڭدىن كېيىن ھېلىقى قويچى يىگىت قويلىرىنى نەگە ئېپكەتتىكىن، كۆرۈنمەيلا قويدى. ئالمان ئەنە شۇ سەۋەپتىن كۆڭلى يېرىم بولۇپ، جىمىپ كەتكەندەك قىلاتتى.

"مېنى ئاياپ ئولتۇرما، كۆڭلۈڭ بولسا، شۇنىڭ بىلەن كېتىۋەر، — دەپ ئويلايتتىم مەن ئىچىمدە ئالمانغا ئېچىنىپ، — ئېخ بىچارە، شور پىشانە! سەن نىمىشقا مۇشۇنداق مىجەزلىك بولۇپ تۆرەلگەنسەن؟"

كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بۇلارنىڭ ھەممىسى ئەستىن چىقىپ كەتكەندەك بولدى.

شۇنىڭدىن كېيىن باش ئەتىيازدا بايىقى قويچى يىگىت يەنە پەيدا بولدى. قويىنى بېقىپ سايدا يۈرگەنلىگىنى بايقاپ قالدىم. شۇ كۈنلىرى ئالمان كەچ كىرىشى بىلەنلا كېتىپ، ئەل ياتقۇ مەزگىلىگىچە سىرتتا يۈرەتتى. مەن ھېچنىمە دېمەيتتىم. ئۆز تەقدىرىنى ئۇنىڭ ئۆزى بەلگىلىشى كېرەك ئىدى.

بىر كۈنى ئالماننى تۈن يېرىمىغىچە كۈتتۈم. پۈتۈن ئايىلدىكىلەر ئۇيقۇغا كەتكەن بولسىمۇ، مەن نىمە ئۈچۈندۇر چىراق ئۆچۈرمەي، نىمىنىدۇر گۇمان قىلىپ، نىمىدىندۇر قورقۇپ، دېرىزىگە تىكىلىپ، شىترلىغان تاۋۇشقا قۇلاق سېلىپ، كۆز يۇممای ياتتىم. ئايدىڭ

www.uyghurkitap.com

بولۇپ، ئۇ يەر-بۇ يەردە بۇلۇتلار ئۈزۈپ يۈرسىمۇ باھار ھاۋاسى تىنچ ئىدى. بىر ئۆيدە يالغۇز ئۆزەم بولغاچقا توڭغاندەك بولۇپ جۇۋامغا ئوراندىم. كۆزۈم ئىلىنىپ كېتىپتۇ. قورقۇپ كۆزۈمنى ئاچسام، ئالمان بوسۇغىدا تۇرۇپتۇ. كۆينىگىنىڭ تۆگمىسى ئۈزۈلگەن، ياقىسى يىرتىلغان، مەيدىسى ئوچۇق بولۇپ، چاچلىرى پاخپايغان، كۆزى خۇنۇك ئىدى. ئالماننىڭ مەس بولغانلىقىنى ئۆمرۈمدە بىرىنچى قېتىم كۆرۈشۈم ئىدى. نىمە دېيىشىمنى بىلمەي، ئورنۇمدىن تۇرۇشقىمۇ ھالىم يەتمىدى. ئالمان بوسۇغىدىن ئاران ئاتلاپ كىردى-دە، يىقىلىپ كېتەي دەپ بىرىپ تاممەشكە يۆلىنىپ قالدى. كېيىن تاممەشنى تۇتۇپ تۇرۇپ بېشىنى چايقىدى. پۈتۈن ئەزايى بەدىنىمگە تىترەك ئولاشتى.

— ھە! — دەپ بېشىنى كۆتىرىپ سورىدى ئۇ. — نىمگە قارايسىز؟ نىمگە قارايسىز ماڭا؟ ھە، مەن مەسمەن. ھە، مەن مەسمەن. ھە، مەن ھاراق ئىچتىم. ئىچمەي نىمە قىلىمەن؟ مەن ئىچمىسەم كىم ئىچىدۇ؟ مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن ھاراق ئىچمەي كىم ئىچىدۇ؟ نىمىشقا ئۈندىمەيسىز؟

مەن ئۈندىيەلمىدىم. نىمە دىگەن قورقۇنچلۇق-ھە، كېلىنىم نە ھالغا يەتكەن-ھە! ئالمان يەنىلا شۇ قېلىپىدا تاممەشكە يۆلىنىپ تۇراتتى. ئۇ بېشىنى سىلىپ بىردىنلا پەس ئاۋازدا دىدى:

— ئاپا، سىز ھېچنىمىنى بىلمەيسىز. لېكىن مەن...مەن...مەن بۇگۈن...قاسىم ئەسكەرلىككە كېتىدىغان كۈنى كەچقۇرۇن دەريا بويىغا بارمىدۇقمۇ. ئەنە شۇ يەردە...، — ئۇ گېپىنى تۈگەتمەيلا چېچىنى ئىككى قوللاپ چاڭگاللىدى ۋە يۈزىچە يەرگە يىقىلدى-دە، بېشىنى يەرگە ئۇرۇپ ھۆكرەپ يىغلاشقا باشلىدى.

ئورنۇمىدىن ئىرغىپ تۇرۇپ، قۇشتەك ئۇچۇپ يېنىغا باردىم. بېشىنى كۆتىرىپ كۆكرىكىمگە باسىتىم:

— يىغلىما ئالىمان، يىغلىما. نىمە بولىدى ساڭا، قېنى ئېيتقىنا! خاپا بولدۇڭمۇ؟ يا بىرسى سېنى بوزەك ئەتتىمۇ؟ ئېيتقىنا ماڭا! ماڭا خاپا بولدۇڭمۇيا؟ خاپا بولغان بولساڭ ئېيتقىن، كۆڭلۇڭدىكى گەپلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى ئېيت...

— ياق، ياق، ئاپا، جېنىم ئاپا! — ئالىمان قانداقتۇر ئەلەملىك كۆز ياشلىرىنى تۆكۈپ بوغۇلۇپ يىغلايتتى. — بىچارە ئاپا، يالغۇزۇم ئاپا! ھېچنىمىنى بىلمەيسىز ــ دە،... بىلگەندىمۇ قولىڭىزدىن نىمە كېلەتتى. ئوھ، ئاپا، جېنىم ئاپا، ئوھ ئاپا!

ئۇ ئۆزىگە خاس دەرت ــ ئەلىمىنى تارتىپ، خورسىنىپ ــ خورسىنىپ يىغلاۋەردى، ئۇزاق يىغلاپ، كېيىن بىرئاز تىنىچىدى ــ دە، مېنى قۇچاقلاپ ئۇخلاپ قالدى. لېكىن ئۇيقۇلۇقتىمۇ ئاھ تارتىپ چىقتى. مەن ئۇنىڭ بېشىدا تاڭ ئاتقىچە ئولتۇردۇم، كاللامدا تۇرلۇك ــ تۇمەن خىيال: نىمە بولغاندۇ كېلىنىمگە؟ قانداق قىلدۇق ئەمدى؟ مەن ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق سۆزلەشمەكچى بولدۇم. لېكىن ئەتىگىنى ئۇ ماڭا گەپ قىلمىدى. گەپ قىلمىسىمۇ ئىزا تارتىپ ماڭا قارسىيالمىدى. كۆزى بىلەنلا تونۇگۈنكى ئىشنى ئاغزىڭىزغا ئالماڭ، دەپ يالۋۇرغاندەك بولدى، پەقەت ئەتىگەندە ئىشقا چىقىش ۋاقتىدا بوسۇغىدا ماڭا ئاستاغىنا:

— مېنى كەچۈرۈڭ ئاپا، — دىدى.

مەنمۇ ئۇنىڭغا ھېچنىمە دىمىدىم.

شۇنىڭدىن كېيىن ئۈچ ئاي ئۆتۈپ كەتتى. يازغا كەلگەندە قاچ-قۇن جېكشەنقۇل ۋەقەسى ئۇستىدە تەكشۈرۈش ئېلىپ بېرىلدى.

ئۇرۇشتىن كېيىن ئۇ ئاشكارا يۈرەلمەي، ھەر كۈنى كەچلىكى ئۆيىگە كېلىپ يۈرگەن ئىكەن. بىراق چەتتە يۈرگەندىمۇ تىنچ يۈرمەي، قازاقىستاننىڭ بىر يېرىدە يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، ئېلىپساتارلىق قىلىپ، مال ئوغرىلاپ قولغا چۈشۈپتۇ. سوراقتا ئۇنىڭ بۇرۇنقى قىلمىشلىرى ئېچىلىپ قېلىپ، بىزنىڭ ئايىلغا يۈزلەشتۈرۈشكە ئېلىپ كېلىشكەن ئىكەن. ئايىل سوۋېتىنىڭ خەتچىسى مېنىمۇ گۇۋا بولسۇن دەپ چاقىرىپ كېپتۇ. كوچىدا كېتىۋاتسام ئالىمان كەتمىنىنى كۆتىرىپ ئىشتىن كېلىۋاتقان ئىكەن. ھارغان، روھسىزلانغان ھالدا كۆپچىلىك-تىن ئايرىلىپراق كېتىۋېتىپتۇ. شۇ يىلى يازدا ئۇنىڭ يۈزىنى داغ بېسىپ كەتكەن ئىدى. يۈرىكىم ئېچىشىپ كەتتى. ئۆيگە بېرىپ يالغۇز ئولتۇرمىسۇن، دېگەن خىيال بىلەن ئۇنىڭغا دېدىم:

— يۈر بالام، باشقارمىغا بىللە بارايلى.

ئالىمان ماڭا:

— بولدى ئاپا، ئۇ يەردە نىمە بار ماڭا. بېشىم ئاغرىپ تۇرىدۇ، ئۆيگە باراي، — دېدى.

— مەيلىڭ ئەمىسە، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا، — دەم ئېلىپ يېتىپ تۇر. سىيىرنى مەن ئۆزەم ساغىمەن.

ئايىل سوۋېتىنىڭ يېنىدا ھەممە تەرىپى يېپىلغان بىر ماشىنا تۇرۇپتۇ. گۇۋالىققا چاقىرىلغان ۋە ئىشتىن قايتىپ بۇ يەرگە كەلگەن بىر توپ كىشىلەر پەلەمپەيدە تۇرۇپتۇ. جېكشەنقۇلىنى كۆرمىگىنىمگە يەتتە-سەككىز يىل بولغان ئىدى. ئۇزايىدىن يامان تۇرمۇش ئۇنىڭغا ياققان چېغى، تولۇپ، سەمىرىپ كېتىپتۇ. دەرىزىنىڭ ئالدىغا قويۇپ بەرگەن بىر بەلدىڭدە كۆزلىرى قىسىلىپ، ئالىيىپ ئولتۇرغان ئىكەن. ئۇ تېخى بىر كىشىنىڭ گېپىگە يامان گەپ بىلەن جاۋاپ بېرىۋاتاتتى:



www.uyghurkitap.com

— سەن مېنى ئوغرى دېدىڭ، تۇتۇۋالغان يېرىڭ بارمۇ؟ مېنى ئۆز كۆزۈڭلار بىلەن كۆردۈڭلارمۇ؟ ياق! شۇنداق ئىكەن، ھېچبىر ئاساسسىزلا تۆھمەت قىلساڭلار بولمايدۇ. مىڭ گەپ قىلساڭلارمۇ ھەممىسى قۇرۇق گەپ. دەلىل كېرەك، دەلىل!

بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ قېنىم قايناپ كەتتى-دە، بىردىنلا دەرىزىنى ئېچىپ ئالدىغا ئىنتىلىپ ۋاقىردىم:

— پوق يىمە، ئەبلەخ! دەلىل-ئىسپات دەيدا تېخى، دەلىل-ئىسپات دىگەن مانا مەن!

— ئاپا، مەيگە كېلىپ سۆزلەڭ، — دىدى ئورنىدىن تۇرۇپ تېرگاۋچى.

مەن كىرىپ باردىم-دە، ھەممىسىنى ئېيتىپ بەردىم:

— ھە، بىز سېنى قولىمىز بىلەن تۇتۇۋالغىنىمىز يوق، ئارقاڭدىن قوغلاپ تۇتۇپ كېلىشكە ۋاقتىمىزمۇ يەتمىگەن. بىز ئۇ چاغلاردا تىرنىغىمىز بىلەن دىگۇدەك يەر ھەيدەپ، ئالدىنقى سەپكە ئاشلىق يەتكۈزۈپ بېرىش بىلەن بەنت ئىدۇق. ئۇ چاغلاردا باشاق تېرىش بىلەن باللىرىمىزنى باقاتتۇق. سەن بولساڭ ئۇ چاغدا قوشقا قېتىلغان ئاتلارنى ھەيدەپ كېتىپ، باللارنىڭ ئاغزىدىن تارتىۋېلىپ تۇرۇپ يىققان ئۇرۇقلۇق ئاشلىغىمىزنى بۇلاپ كەتكەنىتىڭ. دىمەك، سەن دۈشمەنسەن. مەن سېنى ئارقاڭدىن قوغلاپ، ”توختا! مەن سېنى تونۇيمەن، جېكشەنقۇل، توختا!“ دەپ توۋلىسام، سەن ئارقاڭغا بۇرۇلۇپ كېلىپ ماڭا ئوق ئاتقان ئىدىڭ. ساڭا لازىم دەلىل-ئىسپات ئەنە شۇ!

مەن سۆزدىن توختىۋىدىم، تېرگاۋچى ماڭا:

— رەھمەت سىزگە، ئاپا. ئىشىڭىز تۈگىدى، ئۆيىڭىزگە قايتىسىڭىز

بولىدۇ، — دېدى.

ئايىل سۈۋېتىدىن چىقسام، جېكشەنقۇلنىڭ خوتۇنى ئوپۇل-توپۇل ئالدىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، خۇددى ساراڭدەك ماڭا توۋلاپ كەتتى:

— ئۆلۈگۈڭنى كۆرەي، جەددال! ۋىجدانىم ساپ دەپ نىمە ياخشىلىق كۆردۈڭ. ئەنە، ساپ ۋىجدانىڭ ئۆزەڭنى قاتتىق جازالىدى. كېلىنىڭنىڭ قوسىغىدىكىنى نىمە دەيسەن؟ خوپ بولدى! بۇمۇ ئاز تېخى ساڭا، تېخى كۆرگۈلۈگۈڭنى كۆرىسەن. كېلىنىڭ كۆز ئالدىڭدا تۇرۇپ ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغان تۇرۇقلۇق، يەنە نىمە ۋىجدان ساڭا! شەرمەندىلەر!

كىشىلەر ئۇ خوتۇننى مېنىڭ ئالدىمدىن يۇلقۇشلاپ يۇرۇپ بىر بۇلۇڭغا ئېپبېرىپ قويدى، گەپ قىلغۇزمىدى، لېكىن مەن كۆپچىلىككە:

— قويۇۋېتىڭلار، تەگمەڭلار ئۇنىڭغا! — دېدىم-دە، ئۈندىمەستىن كېتىپ قالدىم.

يولدىكى توپا قىزىقمۇ ياكى ئىزا-ئاھانەت تاپىنىمنى كۆيدۈردىمۇ، ھە دېگەندىلا يۈگۈرۈپ دېگۈدەك ماڭدىم. كېيىن ئاران-ئاران قەدەم تاشلاپ، تۈرلۈك-تۈمەن خىياللارغا بېرىلدىم. بۇنداق بولۇشىنى ئويلىمىغان ئىدىم، بىراق قىياس قىلىشىم كېرەك ئىدى. كېيىنكى كۈنلەردە ئالىمان قانداقتۇر ئۆزىنى كىشىلەردىن چەتكە تارتقاندەك، مىجەزىمۇ ئۆزگىرىپ، بىگانە ئادەمدەك بولۇپ يۈرگەن بولسا كېرەك، دەپ ئويلايتتىم. مەن تېخى بۇنى ھىلىقى قويچى يىگىت بىلەن كېلىشەلمەي قالغانلىقتىن بولسا كېرەك، دەپ ئويلاپتىمەن. ئەتىيازدا ئۇ تاققا چىقىپ كەتكەنچە كۆرۈنمەي قويغان ئەمەسمىدى. ئۇرۇشۇپ قالغان بولسا ئازاپلىنىپ يۈرگەن ئوخشايدۇ، دەپتىمەن. بايا، ئىش پۈتۈنلەي باشقىچە ئىكەن. ئەپسۇس، ئەپسۇس... لېكىن بۇنداق

بولۇشىنى كىم بىلىپتۇ؟ مەن نېمە قىلارىمنى بىلمەي كەتتىم. ئىككىنچى كۈنى ئايشە مېنى ئۆيىگە چاقىردى.

— جېكشەنقۇلنىڭ خوتۇنى كېچىدە ئايىلدىن كۆچۈپ كەتتى، — دېدى ئۇ چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ.

مەن ئويلىنىپ قالدىم. بۇ ئىشنىڭ مېنىڭ بىلەن نېمە ئالاقىسى بار؟ كۆچكىسى كەلگەن بولسا كۆچۈۋەرسۇن - دە. ھەركىمنىڭ ئۆز ئىختىيارى ئۆزىدە، دەپ ئويلىدىم. كېيىن، ئىككى - ئۈچ يىلدىن كېيىنلا، كىشىلەر شۇ كۈنى كەچتە جېكشەنقۇلنىڭ خوتۇنىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ، يۈك - تاق، نەرسە - كېرەكلىرىنى ھارۋىغا بېسىپ: "نەگە بارساڭ شۇ يەرگە بار. بىزنىڭ ئايىلدا ساڭا ئورۇن يوق" دېگەنلىكىنى ئۇقتۇم. شۇنىڭدىن كېيىن بىزنىڭ ئالمانىنىڭ ئىشى توغرىسىدىكى ھېچ-كىم ئېغىز ئېچىپ قويمىدى. ئېھتىمال، بەزى كىشىلەر ئالمانىنىڭ ئۆزىگە بىر نېمە دېگەندۇر، بەزىلەر ئېھتىمال كۆڭلىدە ئالمانىغا ئىچ ئاغرىتقاندۇر، ئۇنى ئەيىپلىگەندۇر، لېكىن ھېچكىم ماڭا دارىتىپ باقمىدى. شۇ سەۋەپتىن مەن كىشىلەرگە ئەڭ زور رەھمەت - تەشەك-كۈرۈمنى بىلدۈرىمەن. شۇنچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى، لېكىن كۆپچى-لىك مېنى ئاۋالقىدەكلا ھۆرمەتلەپ كېلىۋاتىدۇ.

ئالمانىنىڭ ئېغىر ئاياق بولۇپ قالغانلىقىنى بىلگىنىمدىن كېيىن ئىككىمىزنىڭ مۇناسىۋىتىدە قىلچە ئۆزگىرىش بولمىدى. ئاۋالقىدەكلا ئىشلەپ، ياشاپ، ھەممە ئىشتا ئاۋالقىدەكلا مەسلىھەتلىشىپ كەلدۇق. ئانىلىق يوللىرى ئۈستىدە ئالمان زادىلا گەپ قىلمايتتى. بىر قارارغا كېلەلمىدىمۇ ياكى ۋاقتى كەلگەندە بىراقلا ئېيتاي دېدىمۇ، بۇنى بىلمىدىم. ئۇنىڭ ھۆرمىتىنى قىلىپ، مەنمۇ زادىلا ئېغىز ئاچمىدىم. ئاساسلىغى ئالمانىنى مەن ئىچىمدە ئەيىپلىمىدىم. ئۇنى ئەيىپلەشكە

هەقلىق ئەمەس ئىدىم، چۈنكى ئۇ ئالدىمدا چوڭ بولــدى، ھەممىنى كۆرۈپ كەلدىم، بىلىمەن، مەلۇم مەنىدىن ئېيتقاندا ئەيسپۇ مېنىڭدىنمۇ بار. شۇ سەۋەپتىن مەن ئۆزەمگە: "ئەگەر ئالىماندا گۇنا بار دېسەم، ئۇ مېنىڭمۇ گۇنايىم بولىدۇ، ئەگەر ئۇ تۇغسا، دېسەمەك، ئۇ بالا مې-نىڭمۇ بالام بولىدۇ، بارلىق ئىزا-ئاھانەتنى، بارلىق يۈكنى ۋە دەرت-ئەلەمنى مانا مەن تارتىمەن" دەيتــتىم. مەنــىمۇ ئالــىمانغا ئوخــشاش قارايتــتىم، گەپ ئېچىشقا مەجــبۇر بولىدىــغان، يەنە كېلــىپ ئۇزاق ھۆكۈم سۈرگەن شۇ جىمجىتلىقنى ئۆزئارا كەچۈرىدىغان بىر كۈننىڭ ھامان كېلىدىغانلىقىنى بىلەتتىم. لېكىن بولىدىغان بۇنــداق پاراڭــنى بىز بۈگۈندىن ئەتىگە، ئەتىدىن ئۆگۈنلۈككە قالدۇرۇپ كېلىۋەردۇق. بىر قېتىم مەن بەرىبىر ئاغزىمدىن چىقىرىپ سالدىم.

يازنىڭ ئاخىرقى ۋاقىتلىرى ئىدى، ئالىماننىڭ ئېغىر ئاياق بولغى-نىغا بەش-ئالــتە ئاي بولۇپ قالــغان ئىــدى، بىر كۈنى ئەتــىگەندە سېيىرنى پادىغا قېتىۋېتىشكە كەلدىم. پادىچى ئاۋازى قوڭــغۇراقــتەك چىقىدىغان، ئون ئىككى، ئون ئۈچ ياشلاردــكى يېــتىم بالا ئىــدى. شۇ كۈنى ئۇ كوچىنىڭ نېرىقى بېشىدىن ئاللىنىملەرنى دەپ كېلىۋېتىپ-تىكەن. پادا بىزنىڭ قورانىڭ ئالدىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتــقان چاغدا، پادىچى بالا سېيىرلارنى "ھوش-ھوش"لاپ كېلىۋېتىپ:

— تولغان ئاپا، تولغان ئاپا، سۆيۈنچى بېرىڭ! جورابېك ئاكام-نىڭ كېلىنى تۇغدى، سۆيۈنچى بېرىڭ! — دېدى.

— ھە، ئايلىناي، قاچان؟

— تاڭ سەھەردە.

— ئوغۇلمۇ، قىزمۇ؟

— قىز. ئېتىنى تورغاي قويىــمىز دېيىشــتى، تولــغان ئاپا. تاڭ

سەھەردە تۇغۇلغان، تورغايغا ئوخشايدۇ، دېيىشتى!

— بەكمۇ ياخشى بوپتۇ، بالام. ئۆمرىنى بەرسۇن، — دېدىم، — خۇش خەۋەر يەتكۈزگىنىڭ ئۈچۈن رەھمەت.

بىراۋنىڭ يورۇق دۇنياغا كەلگەنلىكىگە ئۆزىچە خوشال بولۇپ، شۇ زور خوشاللىقنى ھەممىگە خەۋەر قىلىپ يۈرگەن پادىچى بالىنىڭ سۆزى مېھرىمنى قوزغىۋەتتى. مەن رازىمەنلىك بىلەن ئۆيگە قايتتىم. ئەنە شۇ دەقىقىدە كېچە-كۈندۈز يۈرىكىمنى كۆيدۈرۈپ كېلىۋاتقان ئىشنى قانداقلارچە ئۇنتۇپ قالدىمكىن، بوسۇغىدىلا تۇۋلاپ كېتىپتىمەن:

— ئالمان، سۈيۈنچى! جورابېكنىڭ كېلىنى تۇغۇپتۇ. ئاڭلىدىڭمۇ؟ قىز تۇغۇپتۇ. ئاي-كۈنى توشۇپ قېلىۋىدى، بىچارە، ئامان-ئېسەن...، — دەپ كېلىۋېتىپ، ئالماننى كۆرۈش بىلەنلا گەپنىڭ ئاخىرىنى دېيەلمەي، موم چىشلىۋالغاندەك بولۇپ قالدىم.

ئالمان ئۆينىڭ تېمىغا يۆلىنىپ، كالپۇگىنى قاتتىق چىشلەپ مۇڭلىنىپ تۇرغان ئىكەن. شۇ پەيتتە ئۇنىڭ كاللىسىغا نىمە خىياللار كەلگەندۇ؟ "مەن تۇققاندا ھېچكىم بۇنچىلىك خوشال بولۇپ خۇش خەۋەر يەتكۈزمەيدۇ" دېگەن ئويغا كەلگەن بولسا كېرەك. ئۆزەمنىڭ گېپىدىن ئۆزەم خىجىل بولۇپ، يۈزۈم قىزىرىپ، نىمە قىلىشىمنى بىلمەي، گەپ قىلالماي قالدىم، ئۇچاقنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردۇم-دە، ھېچبىر زۆرۈرىيىتى بولمىسىمۇ ئۇچاققا تېزەك سېلىشقا باشلىدىم. يۈزۈمنىڭ قىزارغىنىنى تارقالغاندىن كېيىن قارىسام، ئالمان يەنىلا شۇ ھالدا مۇڭلىنىپ تۇرۇپتۇ. ئىچىم ئاغرىپ ناھايىتى ئازابلاندىم. زورغا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، ئۇنىڭ يېنىغا كەلدىم.

— نىمە بولدۇڭ بالام، مىجەزىڭ يوقمۇ؟ — دېدىم مەن.

www.uyghurkitap.com

— ياق، ئاپا، — دىدى ئۇ.

— بىرەر يېرىڭ ئاغرىسا، ئۆيگە كىرىپ ياتساڭچۇ، قىينالماي.

— قىينىلىۋاتقىنىم يوق. تاماكا يوپۇرماقلىرىنى يىپقا تىزىشىنىڭ نىمە قىينىلىدىغان ئېغىرلىغى بولسۇن، ئاپا! — دىدى-دە، ئىشقا ماڭدى.

شۇ چاغدا ئەمدى ئۇچۇغىنى ئېيتاي، كەينىگە سوزماي، تارتىنما، يېڭىدىن دۇنياغا كۆز ئاچقانلارنىڭ ھىچقايسىسىدا گۇنا يوق، دىمەك، سېنىڭ بالاڭ مېنىڭ نەۋرەم بولىدۇ؛ مەن ئۆز بالامغا قارىغاندەك قارايمەن، دەپ ئېيتاي. ئۇنىڭغا بۇنى بىلدۈرەي. كۆڭلۈڭنى ئېچىپ، خوشال-خورام يۈرگىن، مەرتلىك بىلەن تۇرمۇش كەچۈرگىن، سەن ئانا بولۇشقا ھەقلىقسەن، توغرا مۇئامىلە قىل، دەپ ئېيتاي دىگەن ئويغا كەلدىم.

ئەنە شۇنداق ئويلار بىلەن ئۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگۈرۈپ دەرۋازا ئالدىغا چىقىپ ئۇنى قىچقاردىم:

— ئالىمان، توختاپ تۇر، دەيدىغان بىر گېپىم بار ئىدى، توختا!

لېكىن ئالىمان ئاڭلىمىغانغا سېلىپ، كەينىگە قاراپمۇ قويماي كېتىپ قالدى.

مەن كۈن بويى مۇڭلىنىپ يۈردۈم، ئىچىمدە: "بولمايدۇ، بۇنداق كېتىۋېرىشكە بولمايدۇ. ئاخشاملىقتا چوقۇم ئېيتاي. ئېيتسام ئۇمۇ، مەنمۇ يەڭگىللىشىپ قالىمىز" دەپ ئويلىدىم. لېكىن مېنىڭ بۇ پىكرىم ئەمەلگە ئاشمىدى. كەچقۇرۇن ئىشتىن قايتىپ كەلسەم، ئالىمان ئۆيدە يوق ئىدى. مەن كۈتتۇم. ئەنە كېلىپ قالار، مانا كېلىپ قالار دەپ ئولتۇرغانىنىڭ ئۈستىگە ۋەھىمە كېلىپ قوشۇلدى. بىرەر پالاكەت يۈز بەرمىگەندۇ؟ ئەجەپ شۇنچە كەچ بولۇپ كەتكىچە كەل-

مەيدىيا؟ دەپ ئويلاپ، چىقىپ ئىزدەپ باقماقچى بولدۇم، دەرۋازىدىن چىقىپ تۇرۇشۇمغا بېكتاش يولۇقتى. ئۇ بىر قۇچاق ئوتۇنى كۆتىرىپ قاشادىن كىردى-دە، ئۈندىمەستىن ئوقۇرغا سالدى، ئەنە شۇ چاغدىلا ئۇ تۆۋەن ئاۋاز بىلەن گەپ قىلدى:

— تولغان ئاپا، يەڭگەم ماڭا: مېنى ئاپام ئىزدىمىسۇن، دەپ قويۇپ كەتتى. قايىندىدىكى تۇققانلىرىمنىڭكىگە كەتتىم، — دىدى.

بوغۇن-بوغۇنلىرىم بوشىشىپ، بوسۇغىغا ئولتۇرۇپلا قالدىم.

— قاچان كەتتى؟

— چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن. ئىككى-ئۈچ سائەتتىن ئىلگىرى. يولدا كېتىۋاتقان بىر ماشىنىغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۆز يېغىمدا ئۆزەم قورۇلۇۋاتقاندەك بەك ئازاپلىنىپ كەتتىم، ئەجەل يېتىپ كەلگەندەك قاتتىق ئۈمىتسىزلەندىم. شۇنداق تۇرسام، سادىغاڭ كېتەي بېكتاش:

— كابىنكىغا چۈشۈپ كەتتى ئاپا، قورقماڭ. كابىنكا دىگەندە ناھايىتى راھەتلىنىپ ئولتۇرىدۇ، — دەپ ماڭا تەسەللى بەردى.

”ئىھ، بېكتاش، بېكتاش، ئەگەر گەپ بۇنداق ئاددى بولىدىغان بولسا مەيلىغۇ!“ دەپ ئويلىدىم مەن ئىچىمدە. لېكىن مەن ئۇنىڭ سەمىمى تەسەللى بەرگىنىگە ناھايىتى رەھمەت ئېيتىمەن. ئۇ شۇ چاغلاردا ئۆسۈپ ئادەم بولۇپ قالغان ئىدى. كولخوزدا هارۋا هەيدەيتتى. ئۇنىڭغا قاراپ هەيران قالدىم. ئادەم دىگەن نىمە دىگەن تېز ئۆسىدۇ-ھە، مانا چوپ-چوڭلا ئادەم بولۇپ قىپتۇ، ئىگىز، بەستلىك بولۇپ، باسقان قەدىمىمۇ، ئاۋازىمۇ چوڭ بىر يىگىتكە ئوخشىغان، چىرايى مۇلايىم، يېقىملىق. ئۇنى كىچىكىدىنلا باخشى كۆرەتتىم، مانا مۇشۇنداق ئازاپلىنىپ ئولتۇرغىنىمدا ئۇ ماڭا تەسەللى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ يىگانە ئادرىسى

بېرىۋاتىدۇ، نىمە دىگەن ياخشى-ھە. ئېرىقتىن سۇ ئېپكېلىپ. ساماۋارغا ئوت ياقتى، ئىشىكنىڭ ئالدىغا سۇ سەپتى.

— دەھلىزنى سىپىرىپ-سۈپۈرۈپ سالىقىن قىلىپ قوياي. ئاپام سىزنىڭ چېپىشمىزنى سېغىنىپ قالدىم دەيدۇ. ھازىر كېلىدۇ، — دەپ ئالمىنىڭ ئاستىغا كىگىز سېلىپ، ساماۋار قويدى.

ئالىمان كەتكەندىن كېيىنكى كۈنلىرىم قۇرۇسۇن. پۈتۈنلەي يالغۇز قالدىم. ئالىمان كېتىشتىن ئاۋال مەن ئۆزەمنى قانداقمۇ يالغۇز ھىس قىلاي! ئەسلىدە ھەقىقى يالغۇزچىلىقنى زادىلا بىلمەيدىكەنمەن. ئۈچ-تۆت كۈن چىداپ، نېرىسىغا چىدىيالماي قالدىم. ئۆي ئۆي بولماي كەتتى، تۇرمۇش تۇرمۇش بولماي كەتتى. سەرسان-سەرگەردان بولۇپ باشىنى ئېلىپ بىر ياقلارغا كېتەي، بۇ تازا ۋاقتى، دەپمۇ ئويلىدىم. لېكىن مەن ئالىمان ئۇ يەردە قانداق قىلىۋاتقاندۇ؟ دەپ ئويلىغىنىمدا يۈرىگىم پارە-پارە بولاتتى. قايىندىدىكى تۇققانلىرى ئوشۇق گەپ قىلماي كۈتۈۋالغان بولسىغۇ مەيلى، مۇبادا ئۇلار ئالىمانغا تەئەددى قىلسا، ئۇ قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلار: بۇرۇن سەن بىزنىڭ گېپىمىزگە كىرمىدىڭ، بۇ سىلەرنىڭ ئىشىڭلار ئەمەس، مەن قانداق قىلىدىغانلىقىمنى ئۆزەم بىلىمەن، سىلەر ئارىلاشماڭلار، دىدىڭ، ئەمدى تويغىچە ھاقارەت ئىشىتىپ، ماكان ئىزدەپ بىزنىڭ يېنىمىزغا كەلدىڭمۇ، مانا ئەمدى بىز ساڭا كېرەك بولۇپ قېپتۇق-دە، دىيىشى مۇمكىن. ئۇلار ئالىمانغا شۇنداق دىيىشى مۇمكىن، ئەلۋەتتە شۇنداق دەيدۇ. ئۇلار شۇنداق دىگەن بولسا، ئالىمان ئۇ يەردە قىسىلماي تۇرالايتتىمۇ؟ ئۇ ۋىجدانلىق بىر ئايال تۇرسا، بۇنداق ئەيىپلىسە چىداپ تۇرالايتتىمۇ؟ ئاھ، خۇدا، ئۇ ھەتتا ئۆلۈۋېلىشى مۇمكىن. ئاھ، ئالىمان، ئالىمانىم، سەن مېنىڭ يېنىمدا

بولغان بولساڭ، بارلىق ئاھانەتنى ئۈستۈمگە ئېلىپ، ھېچقانداق كىشىنىڭ سېنى بوزەك قىلىشىغا يول قويمايتتىمغۇ!

مەن جىق ئويلاپ كەتتىم، ئۇ تەرىپىنىمۇ ئويلىدىم، بۇ تەرىپىنىمۇ ئويلىدىم. "ياق، مۇنداق كېتىۋەرسە بولمايدۇ، — دەپ ئۆزەمگە ئۆزەم گەپ قىلىپ كەتتىم، — نىمە بولسىمۇ باراي، ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرەي، نەسىھەت قىلاي، گېپىمگە كىرىپ قايتىپ كېلىشىمۇ مۇمكىن. شۇنداق قىلسىكەن، خۇدايا، شۇنداق قىلسا، زور بەختقۇ بۇ! ياق، بولدى ئاپا، مەشەدە قالاي، دىسىمۇ نىمە دەيتتىم. پاتىھە بېرىپ، قانغىدەك يىغلىۋېلىپ قايتىپ كېلەرمەن." شۇ قارارغا كەلدىم-دە، تەييارلىنىپ ئىككىنچى كۈنى يولغا چىقماقچى بولدۇم. مەن ئۆيىنى، سىيىرنى ئايشەگە تاپشۇردۇم. بېكتاش يولدا ئۆتۈپ كېتىۋاتقان بىر ماشىنىنى توستى، ماشىنىغا چۈشۈپ قايىندىغا قاراپ ماڭدىم.

ئايىل سىرتىغا چىقىپ، ئايىل يولىدا كېتىۋاتقان ئىدۇق، ئېگىزلىق ئىچىدىكى چىغىر يول بىلەن كېلىۋاتقان بىر ئايالغا كۆزۈم چۈشتى. مەن دەرھال تونۇدۇم: ئالىمان! سادىغاڭ كېتەي، گۆھەردەك كېلىنىم! مەن مۈشتۈمۈم بىلەن كابىنكىنى جان-جەھلىم بىلەن ئۇرۇشقا باشلىدىم:

— توختات! توختا! ماشىناڭنى توختات دەيمەن!

ئۇچقاندەك كېتىۋاتقان ماشىنا ئالغا ئېتىلىپ بېرىپ توختىدى. مەن ماشىنىدىن خورجۇنۇمنى ئېلىپ ئالدىراپ-تېنەپ چۈشتۈم. شۇ چاغدا كۆتىرىلگەن قويۇق چاڭ-توزاڭ ئىچىدە كۆزۈمگە ھېچنىمە كۆرۈنمەي قالدى. باياتىن كۆرگىنىم ئوڭۇممۇ، چۈشۈممۇ، دەپ تەئەججۈپ ئىچىدە تۇرۇپ قالدىم. چاڭ-توزاڭ ماشىنىنىڭ مېڭىشىغا ئەگىشىپ تارىلىپ بېسىلغاندا مەن ئۇنى يەنە كۆردۈم.

— ئالىمان! — دەپ قاتتىق توۋلىدىم مەن.

ئۇنىڭ ئالدىغا قانداق يېتىپ بارغانلىغىمنى بىلمەيمەن. ئالىمان ئىككىمىز قۇچاقلىشىپ، سۆيۈشۈپ، يىغلىشىپ كۆرۈشتۇق. تازا سىغ-نىپ كەتكەن ئىكەنمىز. ئىككىلىمىزلا مۇشۇ بىرنەچچە كۈنلۈك سىغ-نىشىمىزنى ئىپادىلەشكە گەپ تاپالماي قالدۇق. مەن ئۇنىڭ يۈز-كۆزىنى سىلايتتىم ۋە بىر گەپنى تەكرارلايتتىم:

— كەلدىڭمۇ، كەلدىڭمۇ بالام، ئاپاڭنىڭ قېشىغا قايتىپ كەلدىڭمۇ؟

— ھەئە، كەلدىم! ئالدىڭىزغا قايتىپ كەلدىم، ئاپا! قايتىپ كەلدىم! — دەيتتى ئالىمانمۇ تەكرارلاپ.

دەل بىز قۇچاقلىشىپ تۇرغان شۇ پەيتتە، ئالىماننىڭ قوسىغىدىكى بالىسى قوزغىلىپ "بىلىق-بىلىق" قىلىپ ئىككى-ئۈچ مەرتەم تېپىپ قويدى. ئىككىلىمىزلا بۇنى سەزدۇق. ئالىمان ئىككى ئالقىنى بىلەن قوسىغىنى تۇتۇپ، ئاستا سىلاپ ماڭا قارىدى. ئۇنىڭ شۇ قارىشى پۈتۈن ۋۇجۇدۇمنى ۋەيران قىلىۋەتتى. قانداقتۇر بىر دەقىقىلىق ۋاقىت ئىچىدە ھاياتنىڭ ئەڭ بەختلىك، ئەڭ لەززەتلىك تەملىرىنى تېتىپ تۇرغاندەك ئالىماننىڭ نۇرلۇق يۈزلىرى مېھرىمنى ئۆزىگە تارتىپ، كىرپىكلىرىگە ئىلىنىپ تۇرغان مونچاق-مونچاق ياش تامچىلىرى يۈزلىرىگە دومىلاپ چۈشتى. ئاھ، مۇقەددەس ئانىلىغەي! گويا كۆز ياشلىرى ھاياتتىكى ھەممە ئازاپ-ئوقۇبەتلەرنى يۇيۇپ كېتىۋاتقان-دەك! "كۆزۈڭدىن ئايلىناي، بېقىشلىرىڭدىن ئايلىناي!" دەپ يۈز-كۆزىنى سىلاپ، يېلىنىپ-يالۋۇرۇپ، بوغۇلۇپ يىغلىۋەتتىم.

— ھەممىدىن ئەزىز، ھەممىدىن سۆيۈملۈك، ھەممىدىن مېھرىۋان قىزىم! ئەجەپ ئەنسىرەتتىڭا مېنى!

— يىغلىماڭ ئاپا، يىغلىماڭ. ئەخمەق قىزىڭىزنى كەچۈرۈڭ.

ئىككىنچى سىزدىن ئايرىلمايمەن، — دەپ مېنى بەزلىدى ئالىمان. — سىناپ باققان ئىدىم، سىزنى تاشلاپ كېتەلمەيدىكەنمەن، چىدىمىدىم.

سىردىشىشنىڭ ئەڭ ياخشى پەيتى دەپ ھېساپلاپ، مەن گەپ ئاچتىم:

— نىمىشقا كېتىپ قالدىڭ، بالام، خاپا بولۇپ قالدىڭمۇ؟

ئالىمان ئۇندىمەي تۇرۇپ قالدى-دە، كەينىدىن بىر ئۇھ تارتىپ گەپ قىلدى:

— سورىماڭ، ئاپا، سوراپ نىمە قىلىسىز. مەندىن ھېچنىمىنى سورىماڭ، مەنمۇ سىزگە ھېچنىمە دىمەي. مېنى قىينىماڭ ئاپا، مۇشۇمۇ يېتەرلىك! — دىدى ئۇ.

ئۇ سۆزلىشىشتىن ئۆزىنى چەتكە ئالدى. ھەر قېتىم شۇنداق قىلاتتى. بۇنداق قىلسا ئۇنىڭغا تېخىمۇ قىيىن بولىدىغانلىغىنى ئۇ نىمە ئۈچۈن بىلمەيدىكىنە! بار گەپنىڭ ھەممىسىنى دىسە، ئۆزىگىمۇ، ماڭىمۇ يەڭگىلرەك بولماسمىدى.

ئېسىڭىزدىمۇ، يەر ئانام، شۇ يىلى كۈز ئۇزاققا سوزۇلۇپ، كۈز يامغۇرى كۆپ ياغمىدىمۇ. توختىماي كەتكەن شۇ يامغۇرلۇق كۈنلەردە كۆپچىلىگىمىز ئۆيدىن چىقماي ئولتۇرۇپ كەتمىدۇقمۇ. كۈز كۈنلىرىدەك ئالىماننىڭمۇ قاپىغى ئېچىلماي، گەپلەشمەيدىغان، كۈلمەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۆزىچە تەشۋىشلىنىپ ئولتۇرغىنى ئولتۇرغان. چامامدا ئاي-كۈنىمۇ يېقىنلىشىپ قالغان ئىدى. غەم يېسىپ قالمىسۇن، دەپ قولۇمدىن كېلىشىچە ئەركىلىتىپ، چاخچاق قىلىپ ئۇنى-بۇنى قىلغان بولىمەن، بىراق ھېچبىر نەتىجە بەرمەيتتى. ياش بالا بولغاچقا قىيىن ئىكەن. بىچارە بالام غەمدىن بېشىنى كۆتىرەلمەي قالدى. مەنلا ئەمەس، باشقىلارمۇ ئۇنى بۇ غەمدىن قۇتۇلدۇرۇشقا ئۇرۇنۇپ

www.uyghurkitap.com

كۆرۈپتۇ، لېكىن قانداق قىلساق بولاتتىكىن؟ بىر كۈنى بىكتاش بىرگە سامان ئېپكېلىپ بەردى. ئۇ ئاپام يەنە ئاغرىپ قالدى دېۋىدى، مەن ئۇنى يوقلاپ چىقاي دەپ كىردىم. ئايشە قىزىپ، يۆتىلىپ يېتىپتۇ. مەن ئۇنىڭغا بىرنەچچە ئېغىز گەپ قىلدىم.

— ئۆزەڭدىنمۇ ئۆتتى، — دېدىم مەن، — ئۆزەڭ يېرىم جان ئادەم تۇرۇپ، ياخشىراق ئاسرانماي، ھاۋانىڭ شۇنچىۋالا ئوساللىغىغا قارىماي ئايىل قىدىرىپ يۈردۈڭ، بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ...

ئۇ خىجىل بولغاندەك ئاستاغىنا كۈلۈپ قويۇپ ئۈندىمىدى. چۈنكى بۇنىڭدىن ئىككى-ئۈچ كۈن بۇرۇن ئۈچ-تۆت ئايال بىرلىشىپ بىكتاشنىڭ ھارۋىسىغا چۈشۈپ نېرىقى ئايىلغا تويغا بېرىپ كېلىشكەن ئىدى.

— ئىسسىقراق ئورنىپ يات، ياخشى بولۇپ كېتىسەن، — دەپ ئورنۇمدىن قوپسام، ئايشە مېنى توستى.

— توختاپ تۇرغىنا تولغاناي، — دېدى ئۇ، — خاپا بولمساڭ ئېيتىدىغان بىر ئېغىز گېپىم بار ئىدى.

— ئېيتقىن، — دېدىم مەن بوسۇغىدىن قايتىپ كېلىپ.

— بىز ئاۋۇ ئايىلغا تويغا بارمىدۇق. ئۇ يەردە مېنىڭ ئۇرۇق-تۇققانلىرىم يوق، بۇنى سەنمۇ بىلىسەن. سېنىڭدىن يوشۇرۇپ بىر ئىش قىلغان ئىدىم. تولغاناي، كەچۈرگىن، — دېدى. — بىز ھېلىقى قويچى بالىنى تېپىپ ئوتتۇرىغا ئالدۇق. ئالىماننىڭ ئاي-كۈنى يېقىنلىشىپ تۇرۇپتۇ، ئۇنىڭ ئۇۋال-ساۋاۋىنى كىم كۆتىرىدۇ، دېسەڭ، بەربىر ھېچنىمە چىقمىدى. ئۇنىڭ خوتۇنى بار ئىكەن، ئىككىنچىدىن، ۋىجدانسىز بىرنىمىكەن. مەن ئۇنى كۆرمىدىم، بىلمەيمەن، دەپ تېنىۋېلىپ تۇرىدۇ. خوتۇنىمۇ شاللاق بىرنىمىكەن، ئەھۋالىنى سېزىپ

قىلىپ، بىزنى بىردىنلا تىللاپ رەسۋا قىلدى ۋە قوغلاپ چىقاردى.
قايتىپ كېلىۋاتقان چېغىمىزدا يول بويى يامغۇر يېغىپ، كەچقۇرۇنقى سوغاق تېگىپ ئاغرىپ قالدىم. بۇنىسىغۇ مەيلىغۇ، ئالىمان ئەمدى قانداق قىلىدۇ؟ — دەپ ئايشە يۈزىنى توساپ يىغلاپ كەتتى.
— يىغلىما، ئايشە، — دېدىم مەن، — مەنلا بولسام ئالىمان خورلۇق تارتمايدۇ. — مەن گېپىمنى شۇنىڭ بىلەن تۈگىتىپ چىقىپ كەتتىم. باشقا نىمىمۇ دەيتتىم.
مۇشكۈل كۈنلەر ئاستا-ئاستا ئۆتۈپ، بوشىنىدىغان ۋاقتىمۇ كېلىپ قالدى، شۇ ۋەجدىن ئالىمانغا دائىم دىققەت قىلىپ يۈردۈم. ئۇ ھويلىغا چىقسا، مەنمۇ چىقاتتىم، بىر قەدەممۇ نېرى بولمايتتىم. تولغاق تۇتۇپ قالمىسۇن، دەيمەن-دە، بولمىسا مېنىڭ باشقا نىمىمۇ ئىشىم بولسۇن.
بىر كۈنى ئۇ ئىسسىق كىيىنىپ، ياغلىغىنى ئارتىپ ئىشىك ئالدىغا چىقىپ كېتىۋاتاتتى.
— قىزىم، نەگە ماڭدىڭ؟ — دېدىم ئۇنىڭغا.
— دەريا بويىغا، — دېدى ئۇ.
— ۋاي بوتىچىغىم، كۈن مۇنداق نەم تۇرسا، نىمىگىمۇ بارارسەن ئۇ يەرگە، ئۆيدە ئولتۇرساڭچۇ، بارمىغىن.
— ياق، بارىمەن.
— مەيلىڭ، مەنمۇ بىللە باراي، يالغۇز ئەۋەتمەيمەن.
ئۇ ماڭا شۇنداق تىكىلىپ قارىدىكى، جان-جەھلى چىقىپ، كۆزىدىن بىرى ئاچچىقلىنىپ يۈرگىنىنىڭ دەردىنى مېنىڭدىن ئالدى:
— نىمە ئۈچۈن ماڭا ئەگىشىپ، قەدەممۇ-قەدەم پايلاپ قالدىڭىز؟ نىمىڭىز بار مەندە؟ مېنى ئۆز ھالىمغا قويساڭىزچۇ! ئۆلىدۇ دەمسىز،

www.uyghurkitap.com

هە؟ ئۆلمەيمەن، ئۆلمەيمەن! — دېدى - دە، ئىشىكنى تاققىدا يېپىپ چىقىپ كەتتى.

يۈرىگىم جىغىدە قىلىپ قالدى. سۆزى ئېغىر تەگدى، قاتتىق خاپا بولدۇم. شۇنداق بولسىمۇ كۆڭلۈم تىنچىمىدى. ئىككى - ئۈچ مەرتەم ئىشىك ئالدىغا چىقىپ قارىدىم. دەريا بويىغا كەتكىنىچە كۆرۈنمەيتتى.

كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان ئۇششاق يامغۇر يېغىپ تۇراتتى، شامال ئۇچۇرۇپ كەلگەن سوغاق ھاۋادەك بىلىنەتتى. شامال كۆلرەك بولۇتلارنى سۈرەپ - ھەيدەپ تۇرماقتا. دەل - دەرەخلەرنىڭ تېنى، پۇتاقلىرى سوغاقتا قارىيىپ كېتىپتۇ. ئەتراپتا ئادەم كۆرۈنمەيتتى، ھەممەيلەن ئۆي - ئۆيلىرىگە كىرىپ كەتكەن، جىمجىتلىق. يۈزگە چۈمبەل تارتقاندەك، تاغ چوققىلىرى خىرە - شىرە كۆرۈنۈپ تۇرۇپتۇ.

خېلى كۈتتۈم. يامان كۆرسە كۆرسۇن، ئارقىسىدىن باراي، تولغاق تۇتۇپ زەي يەردە يېتىپ قالمىسۇن، دەپ كۆكتاتلىقنىڭ باغرىغا يېتىپ بارغىنىمدا ئالىمان كۆرۈندى. بېشىنى سىلىپ، ئېغىر قەدەم تاشلاپ كېلىۋېتىپتۇ. ئارقامغا دەرھال قايتتىم - دە، چاي قاينىتىپ، تۇخۇم پوشكىلى سالدىم. ساقلاپ قويغان ئالمىدىن تاللاپ، قىزىللىرىنى كىگىز ئۈستىگە سالغان داستىخانغا قويدۇم. ئالىمان ئۆيگە كىرىپ، داستىخاننى كۆرۈپ ئۈندىمەي مۆكلىنىپ كولۇمسىرىدى.

— بالام، توڭۇپ كەتكەنسەن؟ ئەمدى ئولتۇرۇپ چاي ئىچكىن، پوشكال يېگىن، — دېدىم مەن ئۇنىڭغا.

— كۆڭلۈم ھېچنىمە تارتماي تۇرىدۇ، ئاپا. ئالمىدىن بىرنى بېرىڭگە، شۇنى يەي، — دېدى ئالىمان.

— نىمە بولدى ئالىمان ساڭا؟ ياكى بىرەر يېرىڭ ئاغرىۋاتامدۇ؟ —

مەن تىك-تىڭلاشقا باشلىدىم.

— سورىماڭ، ئاپا. كۆڭلۈم بۆلەكچىلا بولۇپ تۇرىدۇ. ئۆزەمگە خاپىمەن. سىزنى باشقا بىر ئىش ئۈچۈن سىلكىشلىگىنىم يوق. ئەڭ ياخشىسى مېنى ئۆز ھالىمغا قويۇڭ، — دىدى ئۇ جاۋاپ ئورنىغا قول شىلتاپ قويۇپ.

يەنە كەچ بولۇپ، تۈن پەردىسى يېپىلدى. يوتقانغا كىرىپ ياتقىنىمدا، مېنىڭ سۆزۈممۇ ئۇنىڭغا ياقماي قېپتىغۇ، دەپ ئىچىمدە ئۆكۈنۈپ يېتىپ ئۇخلاپ قېپتىمەن. باشقا ۋاقىتتا ئۇزاق تۈن بويى پات-پات ئويغىنىپ، ئالىمان تەرەپكە قاراپ قوياتتىم. بۇ كېچە نىمە بالا بولۇپ تاشتەك قېتىپ ئۇخلاپ قالغانلىغىمنى بىلمەي قېپتىمەن. ئەگەر بۇنداقلىغىنى بىلگەن بولسام، ھېلىغۇ بىر كېچە ئىكەن، ئون كېچە كىرپىك قاقماسلىققىمۇ رازى ئىدىمغۇ...

تۈنىنىڭ قايسى ۋاقتى ئىكەنلىگىنى بىلمەيمەن، بىردىن ئويغىنىپ كەتتىم-دە، ئالىمانغا قارىدىم. ئالىمان يوق. ئۇيقۇچىلىقتا دەرھال پەم قىلالماپتىمەن. تالاغا چىققاندۇر، دەپ بىرئاز كۈتتۈم، يەنە كۈتتۈم. يوق. كىچىككىنە سادامۇ يوق. ئىرغىپ تۇردۇم-دە، ئالىماننىڭ ئورنىنى سىلىدىم. يوتقاننىڭ ئىچى قولۇمغا مۇزدەك بىلىندى. كۆڭلۈم ئېغىپ، دەرھال چالا-پۇچۇق كىيىندىم-دە، ھويلىغا چىقتىم. بۇلۇڭ-پۇشقاقلارنى ئىزدەپ، ئۇ يەردىن كۆكتاتلىققا كىردىم، ئاندىن كېيىن كوچىغا چىقتىم. ئۇنى قىچقىرىشقا باشلىدىم.

— ئالىمان! ئالىمان!

ئالىمان جاۋاپ قايتۇرمىدى. پەقەت ئايلىدىكى — ھويلا-ھويلىدىكى ئىتلار ھاۋشىپ قاۋاشقا باشلىدى. ئەزايى-بەدىنىم بوشىشىپ كەتتى. كەتكەن ئىكەن-دە، بۇ قاراڭغۇ كېچىدە نەگە كەتكەندۇ؟ ئەمدى

www.uyghurkitap.com

قانداق قىلدىم؟ ئىزدەيمۇ؟ ئۆيگە چېپىپ كەلدىم-دە، دەھلىزدىكى پەنەرنى يېقىپ، بۇلۇڭ-پۇشقاقلارغا بىرىپ ئىزدەشكە باشلىدىم. ئىشىك ئالدىغا كېلىشىمگە سامانخانىدا ئاللىكىمنىڭدۇ ئىڭرىغان ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالدىم. ھويلىدىن ئۆتۈپ سامانخانىغا كىردىم-دە، ئەھۋالنى كۆرۈپ ھەيرانلىقتا پەنەر قولۇمدىن چۈشۈپ كەتكىلى تاس قالدى. سامانلىق ئۈستىگە ئۇڭدىسىغا چۈشكەن ئالىمان تۇغالماي قىينىلىۋاتقان ئىكەن،

— بۇ نىمە قىلغىنىڭ؟ نىمىشقا دىمەيسەن؟ — دىگىنىمچە ئۇنىڭغا ئۆزەمنى ئاتتىم.

ئۇنى قولتۇقلاپ كۆتىرەي دەپ تېقىمىغا قولۇمنى تەككۈزگىنىمدە، قانغا چىلىنىۋالغاندەك بولۇپ كەتكەن چاپان-كۆينەكلەر بىلىنگىمگە تەگدى. ئالىماننىڭ تېنى ئوتتەك قىزىق ئىدى، ئۇ نەپەس ئالالماي خىقىراپ:

— ئۆلدۈم! ئۆلدۈم! — دەپ يېتىپتۇ.

ئۇزايىدىن تولغاق يىگىلى ئۇزاق ۋاقىت بولغاندەك ئىدى.

— خۇدا ساقلىسۇن! خۇداغا ئامانەت! — بۇنداق ۋاقىتتا ئۇنىڭ ئۆزى تۇغالمايتتى، پەقەت دوختۇرلا ئۇنى قۇتقۇزۇپ قېلىشى مۇمكىن ئىدى.

مەن ئۇنى تاشلاپ قويۇپ ئايشەنىڭ ئۆيىگە يۈگۈردۈم، كېلىپ ئۇنىڭ دەرىزىسىنى تازا قاتتىق ئۇردۇم:

— تۇرۇڭلا! تېز ئورنۇڭلاردىن تۇرۇڭلا! بېكتاش، ھارۋاڭنى قات! ئالىماننىڭ ئەھۋالى يامان! تېز بول، بوتام!

ئۇلارنى ئويغىتىپ قويۇپ كېلىپ ئالىمانغا سۇ ئىچكۈزدۈم. بەزگەكتەك تىترەپ. چىشى چىشىغا تەگمەي ئاران ئىچتى. ئاغىچە

تۆشەكتە كېسەل ياتقان ئايشە چىچىپ كەلدى. ئالىماننىڭ ئەپتىنى كۆرۈپ، بۆزدەك ئاقىرىپ، تىترەپ:

— ئايلىناي، ئالىمان، ئالىمان، چىداپ تۇر. بۇ نىمە بولغىنى-ھە؟ ئالىمان، بالام، چىداپ تۇر، خۇدا، خۇدا! — دەپ نالە قىلىپ كەتتى. — بىز سېنى ھازىرلا دوختۇرخانىغا ئېلىپ بارىمىز!

ھېلىمۇ شۇ كۈنى بېكتاش ناھايىتى كەچ قايتقاچقا، ئاتلارنى ماخۇغا ئاپىرىۋەتمەي، ئۆزلىرىنىڭ ئوقۇرىغا باغلاپ، ھارۋىنى ھويلىغا قويۇپ قويغان ئىكەن. ئۇ ھايال قىلمايلا ھارۋىسىنى قېتىپ ئېلىپ كەلدى. ھارۋىغا تۆشەك سېلىپ، ياستۇق قويۇپ، قاراڭغۇدا تىمىسقىلاپ يۈرۈپ ئۈچىمىز ئالىماننى ئەستە كۆتىرىپ كېلىپ ياتقۇزدۇق. شۇنىڭ بىلەن دوختۇرخانىغا تېزلا مېڭىپ كەتتۇق.

ئۇھ، شۇ چاغدىكى يول ئازاۋىيەي، ئۇھ، شۇ كۈنىدىكى قاراڭغۇ تۈنەي... ئۇ چاغدا پەقەت زالىچىپىدىلا بىر دوختۇرخانا بار ئىدى، دەريانىڭ ئۇ قېتىغا ئۆتۈش ئۈچۈن پەس تەرەپتىكى كۆۋرۈكتىن — يىراق بىر يەردىن ئۆتۈپ ئايلىنىپ كېلىشكە توغرا كېلەتتى.

ئايلىدىن چىقىپ تۇرۇشىمىزغا يەنە تولغاق تۇتۇشقا باشلىدى، قاتتىق تولۋلاپ-چىقىراپ، ئۈستى-بېشىدىكى نەرسىلەرنى قويماي ئېچىپ، يىرتىپ تاشلىدى.

— ھە، تولغاناي، شۇ قاراڭغۇ، ئىزغىرىن تۈندە قىشنىڭ كېلىشىنى كۈتۈپ، سوغاقتىن تىترەپ ياتقان ئىدىم، ئادەمنىڭ قاتتىق چىقىرىغان ئاۋازىدىن چۆچۈپ قوزغالدىم. شۇ سىلەركەنسىلەرغۇ.

— ھە، ئانا يېرىم، مەن شۇ چاغدا نىمە قىلىشىمنى بىلمەي، تەمتىرەپ قالدىم. بېكتاش ھارۋىنى تېزرەك ھەيدىسە، ئالىمان چىدىيالماي تولۋلايتتى، ئاستاراق ھەيدىسە، سەۋرى قىلىپ بولمايتتى:

قان توختىماي كېتىۋەردى، چاتاق بولىدىغان بولدىغۇ، دەپ مېنىڭ-دىمۇ جان قالمىدى. ئالىماننىڭ بېشىنى تىزىمغا قويۇپ، بويىنىدىن قۇچاقلاپ ئولتۇردۇم. گاھ يوتقىنىنى يېپىپ، قىمداپ قويىمەن، گاھ پەنەرنى يۈزىگە تۇتۇپ قارايمەن، بەزلەيمەن. بىكتاشمۇ قايتا-قايتا تەسەللى بېرەتتى:

— چىداپ تۇر، يەڭگە، هازىرلا يېتىپ بارىمىز، كۆۋرۈككە كېلىپ قالدۇق.

كۆۋرۈككە يېتىپ بېرىشقا تېخى خېلى بار ئىدى. تېزرەك ھەيدىسە ئالىمان سىلكىنىپ چىدىيالمايتتى. بۇ چاغدا يامغۇر تېخىمۇ كۈچەيپ يېغىشقا باشلىدى. ھەممە ئىش بىراقلا يوپۇرۇلۇپ كەلگەندەك ئىدى — بەش قولنى پەرق ئەتكىلى بولمايدىغان قاراڭغۇ، ئىزغىرىن شامال، مۇزدەك يامغۇر، ئوڭغۇل-دوڭغۇل يەر. بىر ۋاقىت ئىنجىقلاپ ياتقان ئالىمان قايتىدىن تولغىنىپ، ۋاقىراپ چىقىراشقا باشلىدى ۋە بىردىنلا ئۈنى ئىچىگە چۈشۈپ كەتتى.

— ئالىمان! ئالىمان! قانداقراق، بالام؟ — مەن چۆچۈپ، چوغدەك يۈزلىرىنى سىپاپ، پەنەرنى يۈزىگە تۇتتۇم. قىزىپ ئوتتەك بولۇپ كەتكەن، جان تالاشقان، قىينالغان كۆزلىرى بىلەن ماڭا ئايانچلىق ھالدا تەلمۈرۈپ:

— توختاڭلار! مەن بولالمىدىم! توختاڭلار! — دېدى. ئۇنىڭ قارىداپ يېرىلغان كالپۇكلىرى تىترەيتتى، ئۇ ھەسرەشكە باشلىدى.

بىز هارۋىنى توختاتتۇق.

— بېشىمنى سەل كۆتىرىڭلا، — دېدى ئۇ، — نەپەس يەتمەيۋاتقاندەك قىلىدۇ. — ئۇ يىغلاشقا باشلىدى. ئۇ دەرت-ئەلەمنى ئىچىگە يۇتۇپ ئالاق-جالاق بولۇپ سۆزلەيتتى: — ئاپا، جانجانىم... يۇرد-

گىم ئوت بولۇپ كۆيۈۋاتىدۇ، ماغدۇرۇم قالمىدى... ئۆلىدىغان بولدۇم... خاسىيىتىڭىزدىن ئايلىناي ئاناجانىم، ئۇ دۇنيا ـ بۇ دۇنيا رازىمەن سىزدىن. قاسىم هايات بولغان بولسا مەن شۇنداق بولار- مىدىم... ئا ـ ئا ـ ئا، قاسىمەي، مەن بولالمىدىم... كەچۈرۈڭلار... كەچۈرۈڭ جىنىم ئاپا....

باغرىم ئېزىلىپ يالۋۇردۇم:

— چىداپ تۇر، بالام. چىدىغىن، يەنە بىر دەم چىدىغىن! كۆۋرۈككە ئاز قالدۇق، چىدا، سەن ئۆلمەيسەن!

ئۇ يەنە هالسىراپ، ماغدۇرسىزلىنىپ كەتتى. چىشىنى مەهكەم چىشلىگىنىچە هوشىدىن كەتتى، قالغان ئاخىرقى كۈچى بىلەن سىلكىنىشكە باشلىدى.

— بېكتاش، قولتۇغىدىن يۇقۇرى كۆتەر، تېز بول! — دېدىم مەن. — خۇدا هەققى، ئۇيالما!

باياتىن بېرى يىغلاپ ئولتۇرغان بېكتاش ئىرغىپ تۇرۇپ، ئالىماننى كۆتەرگەندە، مەن بالىنى تۇتتۇم. بۇ چاغدا مەن بىردىنلا غۇيۇلداپ ئۆتۈپ كېتىۋاتقان هەربىي پويىزنىڭ ئاۋازىنى. پويىز چاقلىرىنىڭ گۈلدۈرلىگەن ئاۋازىنى ئاڭلىغاندەك بولدۇم؛ شامال "ئا...پ...ا! ئال...مان!" دېگەن ئاۋازنى قۇلىقىمغا يەتكۈزگەندەك بولدى. دەر- هال يورۇقلۇقتا كۆز ئاچقان بوۋاقنىڭ "ئىڭگە" قىلىپ يىغلىغان ئاۋازى قۇلىقىمغا كىردى. ئۇھ، هاياتەي، نىمىشقا مۇنچىۋالا رەهىمسىز، نىمىشقا مۇنچىۋالا خۇنۇكدۇرسەن! بالىغۇ چۈشتى، ئالىماننىڭ جىنىمۇ چىقىشقا باشلىدى! ئەمدىلا يەرگە چۈشكەن قىپ ـ قىزىل، هۆل بالىنى ئېتىگىمگە يۆگىدىم، ئالىمان، ئانا بولغان ئالىمان بولسا، بېكتاشنىڭ قولىدا بېشىنى ئارقىغا تاشلاپ، پۈتى پىلەكتەك بولۇپ

يېتىپتۇ.

— ۋوي، ئالىمان! — دەپ ۋاقىراپ تومۇرنى تۇتۇپ كۆرسەم، جان يوق، چىقىپ بوپتۇ.

بىر ۋاقىتنىڭ ئىچىدە بىرسىنى ئۈزىتىپ، بىرسىنى كۈتىۋالدىم. بىر ۋاقىتنىڭ ئۆزىدە بىرى ئۆلۈپ، بىرى تۇغۇلغاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆردۈم!

ئارقىغا قايتىپ كېلىۋاتقان ۋاقتىمىزدا تاڭ يورىدى. بوزارغان ئاسماننىڭ يۈزى زەڭگەر تۈسكە كىرىپ، خىرە يورۇقتا يۇمشاققىنا ئاپپاق قار لەپىلدەپ يېغىپ تۇراتتى. تۆت ئەتراپتا نە بىرەر جان كۆرۈنمەيتتى، نە بىرەر تاۋۇش ئاڭلانمايتتى. دۇنيا بىر تەكشى سۈكۈناتقا چۆمگەن ئىدى. تەبىئەتنىڭ مۇشۇ ھارغىن ھالىتىنى بۇزۇپ، يالغۇز بىزنىڭ ھارۋىمىز كېلىۋاتاتتى. بېكتاش ھارۋىدا ئولتۇرغان يېرىدە بېشىنى تۆۋەن سېلىپ، يول بويى يىغلاپ كەلدى. ئاتلار ئاران بېسىپ، پايلىغا، قۇيرۇغىغا قار چاپلىشىپ، ھارۋىنى تارتالماي چارچاپ، ئاران مېڭىشاتتى. بالىنى چاپىنىمغا ئوراپ، مەن ھارۋىنىڭ يېنىدا پىيادە ماڭدىم. ماڭا يەردىكى ئاق قار قاپ-قارا بولۇپ كۆرۈندى.

## 16

شۇنداق قىلىپ ئۇرۇش ئادەملەرگە ئاخىرقى قېتىم ئۆزىنى يەنە بىر قېتىم ئەسلەتتى. شۇ كۈنى ئەتىگەندە مەن باسقان يول ئۆمرۈمدە ئەڭ مۇشكۈل يول بولدى، بۇنداق ياشىغاندىن كۆرە ئۆلگىنىم تۈزۈك دەپ ئويلىدىم... شۇنداق كېلىۋاتقىنىمدا، چاپىنىمغا يۆگەلگەن



www.uyghurkitap.com

بالا، تىرىك جان ـ دە، بىر قىمىرلاپ، بىر ئاۋاز چىقىرىپ، بىر ئىڭرەپ يىغلاپ تۇراتتى. مەن ئۇنى باغرىمىغا بېسىپ كېتىۋېتىپ: "سەن يەرگە چۈشۈپلا بەختسىز بولۇپ قالدىڭ، سەن "ئىڭگە" دىگەن بىرىنچى تاۋۇشىڭ بىلەنلا ئاناڭ بىلەن ۋىدالاشتىڭ!" دەپتىم. بىردىنلا قەيەردىندۇ بىر يەردىن: "ئۆمۈر پۈتۈنلەي ۋەيران بولۇپ كەتمەيتتىغۇ، ئارقىسىدىن كىچىككىنە تىرىك جان قېپتىغۇ" دىگەن پىكىر كەلدى. لېكىن مەن يەنە شۇ زاماتلا: "ئانىسىنىڭ ئوغۇز سۈتىنىمۇ ئەممىگەن تۇرسا، قانچىلىك ياشايتتى! ياق، ئۇنىڭ ئۆمرى ئۇزاققا بارمايدۇ" دەپ ئويلىدىم. مەن بۇ بوۋاقنىڭ ساق قېلىشىنى تىلەپ: "خۇدايا، ئەمدى شۇ نارەسىدىنىڭ ئۆمرىنى بەر! ئۆلۈپ قالمىسۇن. ئېھتىمال تىرىك قالار! ئەجەل ئوتىدىن ساق قالار..." دەيتتىم. شۇنداق ھەر خىل پىكىرلەر بىلەن ئېلىشىپ يۈرۈپ تاڭ ئاتقاندا ئايىلغا يېتىپ كەلدۇق.

يۇمشاق قار ئۇچقۇنلىرى بىرىنى بىرى قوغلىشىپ ھاۋادا ئايلىنىپ ئويناپ تۇراتتى. ئايىلغا كىرىپ كېلىشتىكى ھىلىقى يېگى كوچا دىگىنىمىز كۆزۈمگە ئاللىقانداق سوغاق، قاغجىراق كۆرۈندى. ئۆي ـ جاي سېلىپ، باغ قىلىپ، ئاز ـ پاز چارۋا مال قىلىمىز دىگەنلەرنىڭ بۇنىڭدىن يەتتە يىل بۇرۇن باشلىغان ئىشلىرى ئىلگىرى باسماي، ئارقىغا كېتىپ، ئەمگەكلىرىنىڭ ئىزىلا قالغان ئىدى. جىمجىت كوچىدا قار ئۇچقۇنلىماقتا، سان ـ ساناقسىز قار دۆۋىلىرى خارابىغا ئايلانغاندىن كېيىن قوراي بېسىپ كەتكەن يەرلەرنى پۈركەپ قويغان ئىدى. قاسىملارنىڭ چار بېغىغا قارىسام، ئالمان ئىككىسىنىڭ ئارزۇ ـ تىلەك ـ لىرىگە ئورنىتىلغان ھەيكەلدەك دۆۋىلەنگەن تاشلار، ئاللىقاچان لاي ـ توپىغا ئايلىنىپ كەتكەن كېسەكلەر يۈرەك ـ باغرىمنى ئېزىپ

تاشلىدى.

ئاھ، جېنىم بالىلىرىم، ئارزۇيىڭلارغا يېتەلمەي قالدىڭلارەي، دەپ ھارۋىدا مەڭگۈلۈككە كۆز يۇمۇپ ياتقان ئالمانىنىڭ يۈزىگە قارىسام، يۈزى ئاپپاق بولۇپ، دۇنيانىڭ ھەممە ياخشى-يامىنىغا رازى بولغاندەك يېتىپتۇ. يۈزىگە چۈشكەن قار ئېرىمەپتۇ. ھارۋىنىڭ مېڭىشى بىلەن بېشى ئىككى ياققا تەۋرىنىپ تۇراتتى.

ئايىل ئاغزىدىكى بىرنەچچە ئۆينىڭ ئالدىغا كەلگەندە بېكتاش ھارۋىدىن چۈشۈپ، ئۆمرىدە بىرىنچى قېتىم يىغلاپ كۆپچىلىككە ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى. كىشىلەر ئارقا-ئارقىدىن يۈگۈرۈپ چىقىپ، بىزنى يىغا-زارە بىلەن ئارىغا ئالدى. ئايشە يۈگۈرۈپ چىقىپ، ھۆڭگىرەك ئېتىپ يىغلاپ پۈتۈن كوچىنى تەۋرىتىۋەتتى ۋە قولۇمدىن بوۋاقنى ئېلىپ ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.

ئەتىسى ئالمانىنى يەرلىككە قويدۇق. ئادەت بويىچە ئايال كىشى تۇپراق بېشىغا بارمايتتى، لېكىن مەن باردىم، ھېچكىم ماڭا بىرنىمە دېمىدى، ئۆيۈمدە ئەركىشى بولمىسا، مەن ئادىتىمىز دەپ قانداقمۇ تۇپراق بېشىغا بارماي. ئالمانىنى ئۆز قولۇم بىلەن يەرلىككە قويدۇم ۋە بىرىنچى كەتمەن تۇپىنى ئۆزەم تاشلىدىم. شۇ كۈنىمۇ قاتتىق قار يېغىپ تۇراتتى. تۇپراق بىر دەمدىلا كۆتىرىلدى ۋە تېزلا ئاپپاق دۆڭگە ئايلىنىپ قالدى.

ئەتىيازدا ئالمانىنىڭ قەۋرىسىگە بېرىپ گۈل تېرىپ قويدۇم. ھەر يىلى ئەتىيازدا گۈل تېرىپ قوياتتىم. چۈنكى ئۇ گۈلگە ئامراق ئەمەسمىدى.

ھايات يەنە داۋاملىشىۋەردى. دەسلەپكى كۈنلەردە جورابېكنىڭ كېلىنى جانبولاتنى ئەمگۈزگەن بولسا، كېيىن مەن ئۇنى ئۆشكە

سۇتى بىلەن باقتىم. ئۇ ئىككىمىز كۆرمىگەن ئازاپ قالمىدى، بۇنى نىمە قىلاي سۆزلەپ... قىسقىسى تۇز-نېسىۋىسى بار ئىكەن، ئامان قالدى. شۇ سەۋەپتىن مەن تەقدىر ئىلاھىغىمۇ رەھمەت ئېيتىمەن. مانا ھازىر ئۇن ئىككى ياشقا كىرىپ قالدى. ھە، شۇ چاغدىكى دوختۇر يىگىت ئەمدى كاتتا كىشى بولۇپ قالمىدىمۇ. ھەر قېتىم يولۇققاندا سوراپ قويىدۇ:

— قانداق ئاپا، ئوغلىڭىز چوڭ بولۇپ قالدىمۇ؟

— خۇداغا شۈكۈر، بەيگىچى يىگىت بولۇپ قالدى!

شۇنداق دىسەم ئۇ ماڭا كۈلۈمسىرەپ قارايدۇ:

— ياخشى بوپتۇ، ئاپا، ئادەم بولدۇ ئۇ.

ھىلىقى دوختۇر مېنىڭ بىلەن جانبولاتنى بۇرۇنلا تونۇۋالغان. ئۇ چاغدا جانبولات ئەمدى بىر يېرىم ياشقا كىرگەن ئىدى. تەبىئى ئۇنىڭ تېنى ئاجىز ئىدى. بىر قېتىم ئۇ قاتتىق زۇكام بولۇپ مېنى تازا قورقۇتقان. كالپۇكلىرى كۆكىرىپ، كۆزىنى ئاچماي، جېنى تۇمشۇغىغا كېلىپ قالغاندەك بولۇپ قالدى، ئۇنى كۆتەرگەن پېتىم دوختۇرخانىغا يۈگۈردۈم. ئۇمۇ شۇنداق بىر كېچە ئىدى، يەنە كېلىپ قىش بولۇشىغا قارىماي دەريانى كېچىپ ئۆتتۈم. دوختۇر ئوقۇش پۈتتۈرگىنىگە ئۇزاق بولمىغان بىر يىگىتتەك قىلاتتى. ئۇ مېنىڭ ھۆل كىيىم بىلەن تىترەپ تۇرغىنىمنى كۆرۈپ چۆچۈپ كەتتى:

— ساراڭ بولۇپ قالدىڭىزمۇ، كىم سىزنى دەريانى كېچىپ ئۆت دىدى؟ بالىنىڭ ئاتا-ئانىسى نەدە؟ — دىدى ئۇ.

— مەن ئۇنىڭ ھەم ئاتىسى، ھەم ئانىسى، بالام. بۇنى ئامان ساقلاپ قال. بۇ ئۆلۈپ قالسا مېنى تىرىكلا كۆمۈۋەت. مەنمۇ ھايات قالالمايمەن، — دىدىم مەن ئۇنىڭغا يالۋۇرۇپ.

دوختۇر يىگىت كىچىچە بالىنىڭ يېنىدىن كەتمىدى. ھەر ئىككى سائەتتە بىر ئۇكۇل سالاتتى. ماشىمۇ قۇرۇق كىيىم بەردى، تورا ئىچكۈزدى، لېكىن ئەتىگىنى مەنمۇ ئاغىرىپ قالدىم، قىزىپ قان تۈكۈردۈم، قىزىغىم ئۆرلەپ، ھېچنىمىنى بىلمەي ياتاتتىم. ھىلىقى دوختۇرنىڭ يېنىمغا كېلىپ، قولىنى پېشانەمگە قويۇپ:

— ئاپا، ئوغلىڭىز ياخشى بولۇپ قالدى. بوشاشماڭ، كېسەلگە بوي بەرمەڭ! — دەپ غەيرەت بەرگەنلىكى غۇۋا ئېسىمدە.

— ئۇ ياخشى بولۇپ قالغان بولسا، مەن بوي بەرمەيمەن! — دەپ پىچىرلاپتىمەن مەن.

نەۋرەم ھايات قالغانلىقتىنمىكىن، مەنمۇ ھايات قالدىم.

شۇ يىلى يازدا قىزىق بىر ئىش بولدى. كانىكول ۋاقتىدا ئۇ كوچىدا يۈگۈرۈپ ئويناپ يۈرەتتى، كېيىن ئۇنىڭ قاسىمنىڭ ۋەلسىپىتىنى ھويلىغا سۆرەپ چىقىپ كېتىپ بارغانلىغىنى كۆردۈم. بۇ بۇنىڭدىن يىگىرمە يىل ئاۋال قاسىم ئىنىلىغا ئېسىپ قويغان ھىلىقى ۋەلسىپىت ئىدى. ئۇ ۋەلسىپىتنى ھويلىغا ئېپچىقىپ ئالمان-تالمان ئوڭشىغىلى تۇردى. ئىبىخ، مەن ھېچنىمە دىمىدىم، كىچىك بالا-دە. مەن تېخى ئۇنداق، بۇنداق قىلىپ بېقىپ تاشلاپ قويارمىكىن دەپتىمەن. داتلىشىپ كەتكەن، زەنجىرلىرى ئۈزۈلۈپ كەتكەن بىر نىمە تۇرسا، ياسىغۇدەك نىمىسى بار، دەپ ئويلاپتىمەن. ئۇنىڭ دوستلىرىمۇ كېلىپ كۆرۈپ كۈلۈشۈپ كەتتى. بۇ ئەسكى بىرنىمىنى، دەپ زاڭلىق قىلىشتى. لېكىن جانبولات قىلىمەن دىگىنىنى قىلىدىغان بالا بولغاچ پۇشۇلداپ، پۈتۈن زېھنى بىلەن ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. بىر كەمدە قارىسام بېكىتاشىمۇ ياردەملىشىۋېتىپتۇ، ئۇ بولمىغان بولسا بىر نىمە قىلالامتىكىنتاڭ. بېكىتاشىمۇ بۇ ئىشقا جان-جەھلى بىلەن

بىرىلىپ كېتىپتۇ، خۇددى بالىلاردەك. بېكتاش ئاللىقاچان بالىلىق بولۇپ كەتكەن ئىدى. ئۇ جانبولاتقا ئامراق ئىدى، ئەگەر بىرەر ئىش بولسا، ئۇ مەكتەپكە بېرىپ مۇئەللىملەر بىلەن كۆرۈشەتتى. ئۇ ئايشە هايات چېغىدىلا ئۆيلەنگەن ئىدى. ئالىمان دۇنيادىن ئۆتۈپ ئۈچ - تۆت يىلدىن كېيىن ئايشەمۇ ئالەمدىن ئۆتكەن ئىدى. جان - جىگەر دوستۇم ئايشە ئۆلگەندە، ۋاھ، مېنىڭ يىغلىغىنىمنى! ئىككىمىز نىمە كۈنلەرنى كۆرمىگەن - ھە! بېكتاش ياخشى ئادەم بولدى. ئەقىللىق، چاققان ئادەم بولۇپ يېتىشتى. ئۈچ بالىسى بار، خوتۇنىنىڭ ئىسمى تۇرسۇن، مېنىڭ ياخشى خوشنام. بېكتاش بولسا ئۇزاقتىن بېرى كومبايىن هەيدەپ كېلىۋاتىدۇ.

بىر قېتىم جانبولات ۋەلسىپىتنى يېتىلەپ كىرىپ كەلدى، ۋەلسىپىت پارقىراپ تۇراتتى، مايلانغان، جانبولاتنىڭ ئۈستى بېشمۇ ماي.

— موما، — دىدى ئۇ، — قارىغىنا، دادامنىڭ ۋەلسىپىتى قانداق بولۇپ قېپتۇ!

قولۇم كۆيۈشۈپ كەتتى: ئاشۇ بىر ئېغىز گەپتىن هەم خوشال بولۇپ كەتتىم، هەم كۆڭلۇم بۇزۇلدى. لېكىن جانبولات كۆرەڭلەشكە باشلىدى.

— مىنىشنى ئۈگەندىم، — دىدى ئۇ، — قارىڭە!

ئۇ ۋەلسىپىتنىڭ ئىگىرىگە بويى يەتمەي، بىر تەرەپكە قىيسىيىپ يېپىشىپ، لەپپەڭلەپ. گاھ بۇ تەرەپكە ئېغىپ، گاھ ئۇ تەرەپكە ئېغىپ هەيدىگەندە، يىقىلىپ كېتەرمىكىن دەپ قورقۇپ:

— چۈش! ۋاي شورۇم، يىقىلىسەن — دىسەم، يەنىمۇ قاتتىقراق هەيدەپ كوچىغا چىقىپ، بېرىپ ۋەلسىپىتى بىلەن بىللە يىقىلدى،

www.uyghurkitap.com

خېلى قاتتىق يىقىلدى. مەن يۈگۈرۈپ بېرىپ ئۇنى يۆلەپ تۇرۇپ تىللىدىم:

— ئۆرگىلەي، نەدىكى ئىشنى تاپتىڭ، ئۆلسەڭغۇ بۇنداق قىلساڭ! ئىككىنچى مىنمەيسەن ئەمدى!

— ئەمدى يىقىلمايمەن موما، — دېدى ئۇ، — بايا مەن سىناپ باقتىم، مەن تېخى ۋەلسىپتتىن يىقىلىپ باقمىغان.

مەن كۈلۈپ كەتتىم. قارىسام بېكتاش شادلىق ئىشكىنىڭ يېنىدا ئادەتتىكى بىر ئىشتەك قاراپ تۇرۇپتۇ. ئۇ ئۈندىمىدى، مەنمۇ ئۈندىمىدىم. بىراق بىز بىر-بىرىمىزنى چۈشەندۇق.

ئارىدىن كۆپ ئۆتمەي زىرائەتلەر پىشتى، ئورما باشلاندى. بىر كۈنى كەچتە بېكتاش كېلىپ:

— جانبولاتنى كومبايندا ئۆزەمگە ياردەمچى قىلىۋالاي دەيمەن، — دېدى.

— يارىسا ياردەمچى قىلىۋال، — دېدىم مەن.

ماقۇل بولۇشۇمغۇ ماقۇل بولدۇم، ئىككى كۈن ئۆتمەي ئۇنى كۆرگىلى باردىم. ئۇ تېخى بالا-دە. ئورما ئورۇش ئۇنىڭغا ئېغىر كېلەر، بەلكىم.

مېنىڭ جانبولاتىم كومبايندا سامان توشۇپ يۈرگەن ئىكەن، مېنى كۆرۈپلا خۇددى تاغنىڭ چوققىسىدا تۇرۇپ تۇۋلىغاندەك تۇۋلاپ كەتتى:

— موما، موما! مەن بۇ يەردە!

رولدا مەغرۇرانە ئولتۇرغان بېكتاش ماڭا قاراپ قولىنى پۇلاڭلىتىپ، بېشىنى لىڭشىتىپ قويدى.

مەن ئېرىقنىڭ بويىدا تالنىڭ سايىسىدا ئولتۇرۇپ كەچكىچە ئۇلارنىڭ ئىشىنى كۆردۈم. يولنى چاڭ-توزاڭ قىلغان ماشىنىلار

بىرىنىڭ ئارقىدىن بىرى بوغداينى خامانغا توشۇپ تۇردى.

قاش قارايغاندا كومبايىنچىلار دەم ئالغىلى كېلىشتى. بېكتاشنىڭ يېنىدا مەغرۇرلىنىپ كېلىۋاتقان جانبولات خېلىغىچە گەپ قىلالماي، يېرىمىغىچە يالىڭاچلىنىپ پۇخۇلدىتىپ سۇدا يۇيۇنىدى-دە، ئېلىپ كەلگەن تۇگۈنچىگىمنى كۆرۈپ:

— موما، ئالما ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ؟ — دەپ سۈيۈنۈپ كەتتى.

— ئېلىپ كەلدىم، — دېدىم مەن.

ئۇ مېنىڭ يېنىمغا يۈگۈرۈپ كېلىپ، ئەركىلەپ، مېنى قۇچاقلاپ سۆيۈپ كەتتى.

بېكتاش پىخىلداپ كۈلۈپ كەتتى:

— باياتىن بېرى شۇنداق قىلساڭ بولماسمىدى. مەيلى، بۈگۈنچە ئەركىلىۋال موماڭغا، — دېدى ئۇ.

كۆچمە ئۆينىڭ يېنىدىكى ئوتلۇقتا ئولتۇرۇپ كەچلىك غىزا يېدۇق. ھېلىلا يېقىلغان ئىسسىق نان ئىكەن. جانبولات چوڭ ئادەملەردەك ئوشتۇپ:

— ئېلىڭ، موما! — دېدى.

بىسمىللا دەپ بىر بۇردا نان ئېلىپ ئاغزىمغا سالغىنىمدا قاسىمنىڭ قولىنىڭ ھىدىدەك كومبايىنچىنىڭ مايلىق قولىنىڭ ھىدى، تۆمۈر ۋە پىشقان بوغداينىڭ ھىدى كېلىپ تۇردى. ھە، ھەئە، بۇرۇنقىدەكلا ھىد! ئاغزىمدىكى ناننى كۆز ياشلىرىم بىلەن قوشۇپ يۇتۇۋەتتىم. "نان ئۆلمەيدىكەن-دە! — دېدىم ئىچىمدە. — ئاڭلىدىڭمۇ بوتام قاسىم! ھايات ئۆلمەيدىكەن، ئەمگەكمۇ ئۆلمەيدىكەن!"

— مېھمان بولۇپ كېپسىز، ئاپا. بۈگۈن مۇشۇ ئېتىزدا بىز بىلەن بىللە قونۇپ قېلىڭ، — دەپ كەتكۈزگىلى قويمىدى بېكتاش.

www.uyghurkitap.com

سامان ئۈستىگە تۆشەك سېلىپ بەردى. شۇ كېچىسى ئاسمانغا قاراپ ياتسام، سامان يولى يېڭىلا ھاسىل بولغاندەك، كىمدۇر بىرى ھازىرلا چوڭ بىر قوچاق سامان كۆتىرىپ ئۆتكەندەك، يەلپۈنۈپ تۇرغان ئۇششاق سامانلار شامال تەككەندەك چېچىلىپ، تاۋلىنىپ تۇراتتى. گويا ئاسمان-پەلەكتە ئاشۇ سامان يولىنى بويلاپ بارغانسېرى يىراقلىشىپ كېتىۋاتقان ھەربى پويىزنىڭ "شاق-شۇق" ئاۋازى يۈرىگىمنى زىرقىرىتىپ، ئۇزاق ۋاقىت ئاڭلىنىپ تۇرغاندەك بولدى. رېلىسلارغا تەككەن چاقلىرى مېنى تەۋرەتكەندەك، كۆزۈم ئىلىنىپ، بۈگۈنكى تۈندە دۇنياغا يەنە بىر دىخان كەلدىغۇ، ئۆمرىنى بەرسۇن. چاچقان ئۇرۇغى يۇلتۇزلاردەك ھىساپسىز بولسۇن، دەپ سامان يولىغا تىكىلىپ ئۇخلاپ قېپتىمەن.

خىرە-شىرە تاڭ ۋاقتىدا ئورنۇمدىن تۇرۇپ، كومبايىنچىلارغا ھالاقىت بەرمەي دەپ ئايىلغا قايتتىم.

ئۇزاقتىن بېرى بۇنداق سۈزۈك گۈزەل تاڭنى كۆرمىگەن ئىدىم. ئۇزاقتىن بېرى تورغاينىڭ بۇنداق سايرىغىنىنى ئىشىتمىگەن ئىدىم. چېكى يوق، چېگىرىسى يوق كۆپ-كۆك سۈزۈك ئاسمانغا ئاشىق بولغان بوز تورغاي، ئادەمنىڭ ئاسمانغا ئۇچۇپ چىققان يۈرىگىدەك، تىنىم تاپماي، قانات قېقىپ پىرىلداپ، شۇنداق نازۇك، شۇنداق دولقۇنلۇق كۈيلەرنى تارتىپ، كىشىنى ئۆزىگە مەھلىيا قىلاتتى، پۈتكۈل دالىنى ناخشىغا بۆلەيتتى. "قارىغىنا، بىزنىڭ تورغاي سايراۋاتىدۇ!" دىگەن ئىدى بىر زامانلاردا سۈۋانقۇل. قىزىق، بىزنىڭمۇ تورغىيىمىز بولغان. سەنمۇ ئۆلمەيدىكەنسەن، تورغىيىم!

# 17

— ئاھ، قۇتلۇق دالام، سىنىڭ ھازىر دەم ئېلىپ ياتقان پەيتىڭ.

بۇ يەردە ئۇما ئورۇۋاتقانلارنىڭ ئاۋازى ئاڭلانمايدۇ، بۇغداي توشۇپ يولنى چاڭ-توزاڭ قىلىۋېتىدىغان ماشىنىلارمۇ يوق، يېقىن ئەتراپتا كومباينلارمۇ كۆرۈنمەيدۇ، ماللارمۇ تېخى تاغدىن چۈشكىنى يوق. كىشىلەرگە بۇيرۇغان نېسىۋىلىرىنى ئۆزلىرىگە بەردىڭ، مانا ئەمدى تۇغۇتتىن كېيىن دەم ئېلىپ ياتقان ئايالللاردەك، ئەتىيازلىق تېرىلغۇغىچە دەم ئېلىپ ياتىسەن. بۇ يەردە ئىككىمىزلا — سىنىڭ بىلەن مەنلا بارمىز، باشقا ھېچكىم يوق. يەر ئانام، مەن ساڭا بۈگۈن پۈتۈن كەچمىشلىرىمنى سۆزلەپ بەردىم. مېنىڭ پۈتكۈل ھاياتىمنى سەن بىلىسەن. بۈگۈن ئالەمدىن ئۆتكەنلەر ئۈچۈن ئەسلەپ دۇئا قىلىدىغان كۈنۈم، بۈگۈن مەن سۇۋانقۇل، قاسىم، مايسالبېك، جايناق ۋە ئالىمانىڭ روھىغا ئېھتىرام بىلدۈرىمەن. مەن ئۇلارنى ئۆلگىچە ئۇنتۇمايمەن. مۆرىتى كەلسىلا، بۇلارنى قويماي جانبولاتقا ئېيتىپ بېرىمەن. ئەگەر ئۇ ئەقىللىق ۋە ۋىجدانلىق بولۇپ تۇغۇلغان بولسا، بۇ ئىشلارنى چوقۇم چۈشىنىدۇ. لېكىن باشقىلارچۇ، قۇياش ئاستىدا ياشىغان بارلىق ئادەملەرگە ئېيتىدىغان سۆزۈم، ئېيتىدىغان گېپىم بار. ئۇنى قانداق ئېيتىمەن، قانداق قىلىپ ھەممەيلەننىڭ كۆڭلىدىكىنى بىلىمەن؟

— ئەي، ئاسماندا پارقىراپ تۇرغان قۇياش، يەر يۈزىدە يۈرۈپ سەن ئېيتقىن!

— ئەي، كۆچۈپ يۈرىدىغان بۇلۇتلار، يامغۇر بولۇپ يېغىپ،

ھەر بىر تامچاڭ بىلەن سەن يەتكۈز!

— يەر، بارچە ئادەم بالىسىنى تويغۇزغان يەر، سەن، سەن ئېيتقىن، جېنىم باغلانغان يەر!

— ياق، تولغاناي، سەن ئېيتقىن. سەن — ئىنسانسەن. سەن ھەممىمىزدىن بۈيۈك، ھەممىمىزدىن زېرەك بولۇپ يارىتىلغان جانسەن، سەن ئېيتقىن، سەن — ئىنسان!..

## 18

— قايتتىڭمۇ، تولغاناي؟

— ھەئە، قايتتىم. خەير، ئامان بول. ئۆلمىسەم يەنە كېلەرمەن، يەر ئانام.

www.uyghurkitap.com

本书根据外国文学出版社1980年 第1版北京第 1 次印刷版本翻译出版。

بۇ كىتاپ چەتئەل ئەدەبىياتى نەشرىياتى تەرىپىدىن 1980 ـ يىلى نەشر قىلىنغان 1 ـ نەشرى بېيجىڭ 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.

ئايتماتوۋ ئەسەرلىرىدىن تاللانما

(پوۋېستلار)

تەرجىمە قىلغۇچىلار: نۇرمۇھەممەت دۆلەتى، ھەلىمە مۇھەممەت
تەرجىمىنىڭ مەسئۇل مۇھەررىرى: ئابدۇللا ئابلىز
مەسئۇل كوررېكتور: رىشىت ۋاھىدى
مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىندى
شىنخۇا كىتابخانىسى تەرىپىدىن تارقىتىلدى
مىللەتلەر باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى

1984 ـ يىل 12 ـ ئايدا 1 ـ قېتىم نەشر قىلىندى
1984 ـ يىل 12 ـ ئايدا بېيجىڭدا 1 ـ قېتىم بېسىلدى
قاتتىق مۇقاۋىلىقىنىڭ باھاسى: 1.80 يۈەن
ئاددى مۇقاۋىلىقىنىڭ باھاسى: 0.94 يۈەن

www.uyghurkitap.com

**艾特玛托夫小说选**
（维吾尔文）
努尔穆罕默德，海丽玛译
阿不都拉　　校订
责任校对：热西提瓦依提
民族出版社出版　新华书店发行
民族印刷厂印刷
开本：850×1168毫米1/32　印张：17
1984年12月第1版
1984年12月北京第1次印刷
精装本印数：001—3,500册定价：1.80元
平装本印数：0001—5,500册　定价：0.94元
书号：M10049(4)182

书号 M10049 (4) 182
定价 0.94元